# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

مۇئەللىپ

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

2 ـ جىلد (1178 ـ ھەدىستىن 2451 ـ ھەدىسقىچە)

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**

**2009**

تەشكىللىگۇچى: دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر)
مۆمىنجان سىدىق

مۇھەررىرى: سابىرجان

بەتچىك: ئا. روزى توختى

# بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ــ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە تۇتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** ـ بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر ـ بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاستە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** ـ سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان ”پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى“ بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** ـ ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ، يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر

تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسقىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** - ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ** - ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** - سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ. (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ”دېدى... ئېيتتى...“ دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ”دېيىلدى... ئېيتىلدى...“ دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاستە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** - سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** - سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** - سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** - بىر - بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** - ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** - بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** ـ بىرەر تابىئىنگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** ـ سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشىۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. اللە تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2009 ـ يىل

## مەسجىدلەر

1178 - عن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ قال: عِنْدَ قَوْلِ الناسِ فِيهِ حِينَ بَنَى مَسْجِدَ الرسُولِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنكُمْ أَكْثَرْتُمْ وَإِني سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ بَنَى مَسْجِدًا قَالَ بُكَيْرٌ حَسِبْتُ أَنهُ قَالَ يَبْتَغِي بِهِ وَجْهَ اللهِ بَنَى اللهُ لَهُ مِثْلَهُ فِي الْجَنةِ.

1178 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىنى كېڭەيتىپ سالماقچى بولدۇم. بەزى كىشىلەر بۇنىڭغا قارشى گەپ ـ سۆزلەرنى قىلغانىدى، مەن مۇنداق دېدىم: سىلەر بۇ توغرىدا تولىمۇ جىق گەپ قىلدىڭلار (يەنى مېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمغا قارشى چىقتىڭلار)، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

«كىمكى الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ مەسجىد بىنا قىلسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بىنا قىلىپ بېرىدۇ».

(بۇخارى: 450)

1179 - وفي رواية: بَنَى اللهُ لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنة.

1179 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «الله تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر قەسىر بىنا قىلىپ بېرىدۇ» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 533)

1180 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ يَزِيدَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ بَنَى لِلهِ مَسْجِدًا فَإِن اللهَ يَبْنِي لَهُ بَيْتًا أَوْسَعَ مِنْهُ فِي الْجَنةِ.

1180 ـ ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ يەر يۈزىدە مەسجىد بىنا قىلغان كىشىگە الله تائالا جەننەتتە (ئۇ بىنا قىلغان) مەسجىدتىن ئازادىراق ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 27065)

1181 - عَنْ أَبِي ذَر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "مَنْ بَنَى لِلهِ مَسْجِدًا، وَلَوْ قَدْرَ مَفْحَصِ قَطَاةٍ بَنَى اللهُ لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنةِ".

1181 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىرغاۋۇلنىڭ ئۇۋىسىچىلىك بولسىمۇ بىر مەسجىد بىنا قىلسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ»[2].

(«ئەلسەغىر»؛ بەززار)

1182 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ بَنَى مَسْجِدًا لِلهِ كَمَفْحَصِ قَطَاةٍ أَوْ أَصْغَرَ بَنَى اللهُ لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنةِ.

1182 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله تائالا ئۈچۈن قىرغاۋۇلنىڭ ئۇۋىسىچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكرەك بولسىمۇ بىر مەسجىد بىنا قىلسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ»[3].

(ئىبنى ماجە: 738)

---

[1] ھەيسەمى (1947): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (1938): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (603): سەھىھ ـ دېگەن.

1183 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ بَنَى لِلهِ بَيْتًا يُعْبَدُ اللهُ فِيهِ، مِنْ مَالٍ حَلالٍ بَنَى اللهُ لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنةِ".

1183 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھالال پۇل سەرپ قىلىپ، الله تائالاغا ئىبادەت قىلىنىدىغان بىر ئۆي بىنا قىلسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ»①.

(«ئەلئەۋسەت»؛ بەززار)

1184 - وسط بضعف وزاد: "مِنْ دُرٍ وَيَاقُوتٍ".

1184 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «جەننەتتە ياقۇتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن ئىبارە قوشۇپ بايان قىلىنغان.

(«ئەلئەۋسەت»)

1185 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "وَمَنْ حَفَرَ قَبْرًا يَرَاهُ اللهُ بَنَى اللهُ لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنةِ، وَإِنْ مَاتَ مِنْ يَوْمِهِ غُفِرَ لَهُ".

1185 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قەبرە كولىسا، الله تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى شۇ كۈنى ئۆلسە، گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»②.

(«ئەلئەۋسەت»)

① ھەيسەمى (1940): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇلايمان ئىبنى داۋۇد يەمامى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (1945): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىمران ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىرى بار. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىسمى ئىمران ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بولۇپ، ئىمام بۇخارى تارىخ كىتابىدا شۇنداق دەپ ئاتىغان. بۇ ئىنىقلاشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. ئىبنى مەئىنمۇ ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىراق ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئابدۇللاھ دەپ ئاتىغان، ـ دېگەن.

1186 - وزاد في الكبير: "فَمَنْ بَنَى لِلهِ مَسْجِدًا بَنَى اللهُ لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنةِ"، قَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللهِ، وَهَذِهِ الْمَسَاجِدُ الِتي تُبْنَى فِي الطريقِ؟ قَالَ: "نَعَمْ، وَإِخْرَاجُ الْقُمَامَةِ مِنْهَا مُهُورُ حُورِ الْعِينِ".

1186 ـ تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە: «كىمكى اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر مەسجىد بىنا قىلسا، الله جەننەتتە ئۇنىڭغا بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن ھەدىسكە مۇنۇ ئىبارىلەر قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! يول ئۈستىگە سېلىنغان مەسجىدلەرمۇ شۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— شۇنداق، مەسجىدلەردىن ئەخلەت - چاۋارلارنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىشمۇ شەھلا كۆزلۈك ھۆر - پەرىلەرنىڭ مەھرى ھەققى ھېسابلىنىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 2521)

1187 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ فَنَزَلَ أَعْلَى الْمَدِينَةِ فِي حَي يُقَالُ لَهُمْ بَنُو عَمْرِو بْنِ عَوْفٍ فَأَقَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهِمْ أَرْبَعَ عَشْرَةَ لَيْلَةً ثُم أَرْسَلَ إِلَى بَنِي النجارِ فَجَاءُوا مُتَقَلدِي السيُوفِ كَأَني أَنْظُرُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى رَاحِلَتِهِ وَأَبُو بَكْرٍ رِدْفُهُ وَمَلأُ بَنِي النجارِ حَوْلَهُ حَتى أَلْقَى بِفِنَاءِ أَبِي أَيوبَ وَكَانَ يُحِب أَنْ يُصَليَ حَيْثُ أَدْرَكَتْهُ الصلَاةُ وَيُصَلي فِي مَرَابِضِ الْغَنَمِ وَأَنهُ أَمَرَ بِبِنَاءِ الْمَسْجِدِ فَأَرْسَلَ إِلَى مَلَإٍ مِنْ بَنِي النجارِ فَقَالَ يَا بَنِي النجارِ ثَامِنُونِي بِحَائِطِكُمْ هَذَا قَالُوا لَا وَاللهِ لَا نَطْلُبُ ثَمَنَهُ إِلا إِلَى اللهِ فَقَالَ أَنَسٌ فَكَانَ فِيهِ مَا أَقُولُ لَكُمْ قُبُورُ الْمُشْرِكِينَ وَفِيهِ خَرِبٌ وَفِيهِ نَخْلٌ فَأَمَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقُبُورِ الْمُشْرِكِينَ فَنُبِشَتْ ثُم

[1] ھەيسەمى (1949): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نامەلۇم كىشىلەر بار، - دېگەن.

بِالْخَرِبِ فَسُوِيَتْ وَبِالنخْلِ فَقُطِعَ فَصَفوا النخْلَ قِبْلَةَ الْمَسْجِدِ وَجَعَلُوا عِضَادَتَيْهِ الْحِجَـارَةَ وَجَعَلُوا يَنْقُلُونَ الصخْرَ وَهُمْ يَرْتَجِزُونَ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَهُمْ وَهُوَ يَقُولُ اللهُم لَا خَيْرَ إِلا خَيْرُ الْآخِرَهْ فَاغْفِرْ لِلْأَنصَارِ وَالْمُهَاجِرَهْ.

1187 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى بەنۇ ئەمىر ئىبنى ئەۋف دېگەن مەھەللىگە چۈشۈپ، ئۇ يەردە ئون تۆت كۈن تۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە تۇغقان كېلىدىغان بەنۇ نەججار قەبىلىسىگە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قارشى ئېلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن قىلىچلىرىنى ئاسقان ھالدا ئالدىغا چىقتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: قارىسام، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلىغىغا مىنگەشكەن، بەنۇ نەججار ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىغان ھالدا ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە، شۇ يەردە ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى، قويلار يېتىپ قوپقان يەرلەردىمۇ ناماز ئوقۇۋېرەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا مەسجىد سالماقچى بولۇپ، بەنۇ نەججار قەبىلىسىگە بېغىنىڭ ئورنىنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار: "اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ يەرگە پۇل ئالمايمىز، اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بېرىۋېتىمىز" دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ قەبرىسى، ئېگىز ـ پەس يەرلەر ۋە خورما دەرەخلىرى بار بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىنى يۆتكىۋېتىپ، خورمىنى قومۇرۇۋېتىشكە ۋە ئېگىز ـ پەس يەرلەرنى تۈزلەشكە بۇيرىدى. قومۇرۇۋېتىلگەن خورمىلار مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىگە رەتلىك سېلىندى، مەسجىدنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنى تاش بىلەن ئېتىلدى. ساھابىلەر بىر تەرەپتىن قۇرام تاشلارنى يۆتكىسە، يەنە بىر تەرەپتىن (كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن) قوشاق ئېيتىشاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن تاش ـ كېسەك يۆتكەۋېتىپ مۇنداق دەيتتى:

كۆزلەيمىز رەببىمىزدىن ئاخىرەتنىڭ ساۋابىن،
مۇھاجىر، ئەنسارىلارغا رەھىم-شەپقەت ئەيلىگىن.

(بۇخارى: 428)

1188 - وفي رواية: وَجَعَلُوا يَنقُلُونَ الصخْرَ وَهُمْ يَرْتَجِزُونَ.

1188 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇلار بىر تەرەپتىن قۇرام تاشلارنى يۆتكىسە، يەنە بىر تەرەپتىن (كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن) قوشاق ئېيتىشاتتى، ـ دېيىلگەن[1].

(نەسائى: 702)

1189 ـ عن أبي سعيد قال: كانَ رسولُ الله صلى الله عليه وسلم يَنقُلُ اللَّبِنَ معهم ويقول:

هذا الحِمالُ لا حِمالُ خيبر هذا أبر ربنا وأطْهَرُ

ولقيه رجل وهو يَنقُلُ التراب، فقال: يا رسول الله، ناولني لَبِنَتك أحملها عنك، فقال: اذهبْ، فخذْ غير هذا، فلستَ بأفقرَ مني إلى الله، قال: وجاء رجل كان يُحسِن عَجْنَ الطين، وكان من حَضْرموت، فقال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: رحم الله امرءا أحسن صنعته، وقال له: الزم أنت هذا الشغل، فإني أراك تُحسِنه».

1189 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن كېسەك يۆتكەۋېتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى مانا بۇ كېسەكلەردۇر،
ھەرگىزمۇ خەيبەردىن (تىجارەت ئۈچۈن) كەلتۈرۈلگەن خورمىلار ئەمەستۇر،
مانا بۇ رەببىمىزنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ پاك ۋە ئەڭ مەقبۇل ئەمەلدۇر.

بىرەيلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

[1] ئەلبانى (678): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قولۇڭدىكى كېسەكنى ماڭا بەرگىن، مەن يۆتكەي، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ماڭ، سەن بېرىپ باشقىنى كۆتۈرگىن. مەن الله تائالاغا سەندىن بەكرەك موھتاج، ـ دېدى.

ھەزرىمەۋتتىن بىر ئۇستا لايچى كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ الله تائالا كەسىپنى پىششىق بىلگەن ئادەمگە رەھىم قىلسۇن. سەن كەسىپنى پىششىق بىلىدىكەنسەن، شۇڭا سەن بۇ كەسىپنى تاشلىما! ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1190 ـ عن أبي سعيد الخدري -رضي الله عنه- قال: «كان سَقْفُ المسجد من جريد النخيل، فأمر عُمَرُ في خلافته ببناء المسجد وقال: أكِن الناسَ من المطر، وإيـاك أن تُحَمر أو تُصَفر فتفتن الناس».

1190 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مەسجىدنىڭ ئۆگزىسى خورمىنىڭ قوۋزاقلىرى بىلەن يېپىلغان ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن، مەسجىدنى قايتا ياساش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە (بىناكارغا) مۇنداق دېدى: "ئىنسانلارنى يامغۇردىن ساقلايدىغان بولسىلا بولدى، ھەرگىز قىزىل ياكى سېرىق رەڭدە بويىما، بولمىسا ئىنسانلارنىڭ (نامازدا) زېھنىنىڭ چېچىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىسەن".

(رەزىن رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس ئەينى ئىبارە بىلەن بۇخارىدىمۇ زىكرى قىلىنغان)

1191 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ وَسُئِلَ عَنْ الْحِيطَانِ تُلْقَى فِيهَا الْعَذِرَاتُ فَقَالَ إِذَا سُـقِيَتْ مِرَارًا فَصَلوا فِيهَا يَرْفَعُهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ.

1191 ـ بىرەيلەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گەندىسى بىلەن ئوغۇتلانغان باغۇ ـ بوستانلاردا ناماز ئوقۇش

توغرۇلۇق سوئال سورىغانىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:
ـ بىر قانچە قېتىم سۈغۇرۇلغان بولسا، ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى ۋە بۇ سۆزنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلدى[1].

(ئىبنى ماجە: 744)

1192 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ أن الْمَسْجِدَ كَانَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَبْنِيًا بِاللبِنِ وَسَقْفُهُ الْجَرِيدُ وَعُمُدُهُ خَشَبُ النخْلِ فَلَمْ يَزِدْ فِيهِ أَبُو بَكْرٍ شَيْئًا وَزَادَ فِيهِ عُمَرُ وَبَنَاهُ عَلَى بُنْيَانِهِ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِاللبِنِ وَالْجَرِيدِ وَأَعَادَ عُمُدَهُ خَشَبًا ثُم غَيرَهُ عُثْمَانُ فَزَادَ فِيهِ زِيَادَةً كَثِيرَةً وَبَنَى جِدَارَهُ بِالْحِجَارَةِ الْمَنْقُوشَةِ وَالْقَصةِ وَجَعَلَ عُمُدَهُ مِنْ حِجَارَةٍ مَنْقُوشَةٍ وَسَقَفَهُ بِالساجِ.

1192 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مەسجىد پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كېسەك بىلەن سېلىنىپ، تۈۋرۈكلىرى خورما ياغاچلىرىدىن قىلىنغان، ئۆگزىسى خورمىنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرى بىلەن يېپىلغانىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا يەنە شۇ پېتى قالدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ئازراق كېڭەيتىلدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكىدەكلا تاملىرى يەنە كېسەك بىلەن، ئۆگزىسى خورما شاخلىرى بىلەن ۋە تۈۋرۈكلىرى ياغاچتىن قىلىپ سېلىندى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا مەسجىدنىڭ ئورنى خېلى كۆپ كېڭەيتىلىپ، تاملىرى نەقىشلەنگەن تاش ۋە گەج بىلەن قوپۇرۇلدى، تۈۋرۈكلىرى نەقىشلەنگەن تاشتىن قىلىندى، ئۆگزىسى تاختايلىق قىلىپ يېپىلدى.

(بۇخارى: 446)

---

[1] ئەلبانى (160): زەئىپ، ـ دېگەن.

1193 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنَّ مَسْجِدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَتْ سَوَارِيهِ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ جُذُوعِ النَّخْلِ أَعْلَاهُ مُظَلَّلٌ بِجَرِيدِ النَّخْلِ ثُمَّ إِنَّهَا نَخِرَتْ فِي خِلَافَةِ أَبِي بَكْرٍ فَبَنَاهَا بِجُذُوعِ النَّخْلِ وَبِجَرِيدِ النَّخْلِ ثُمَّ إِنَّهَا نَخِرَتْ فِي خِلَافَةِ عُثْمَانَ فَبَنَاهَا بِالْآجُرِّ فَلَمْ تَزَلْ ثَابِتَةً حَتَّى الْآنَ.

1193 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ مەسجىدىنىڭ تۈۋرۈكلىرى خورما ياغاچلىرىدىن بولۇپ، ئۈگزىسى خورما شاخلىرى بىلەن يېپىلغانىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىگە كەلگەندە، خورما شاخلىرى ۋە ياغاچلىرى چىرىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ خورما شاخلىرى ۋە ياغاچلىرىنى يېڭىلىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىگە كەلگەندە، يەنە چىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى خىش ـ كېسەك بىلەن قايتا سالدۇردى. شۇندىن ئېتىبارەن تا ھازىرغىچە شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 452)

1194 - وله: مُطِرْنَا ذَاتَ لَيْلَةٍ فَأَصْبَحَتْ الْأَرْضُ مُبْتَلَّةً فَجَعَلَ الرَّجُلُ يَأْتِي بِالْحَصَى فِي ثَوْبِهِ فَيَبْسُطُهُ تَحْتَهُ فَلَمَّا قَضَى رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الصَّلَاةَ قَالَ مَا أَحْسَنَ هَذَا.

1194 ـ ئەبۇ داۋۇدنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: بىر كېچىسى كۆپ يامغۇر يېغىپ يەر- زېمىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، كىشىلەر (مەسجىدتە) ئۇششاق تاشلارنى ئېلىپ كېلىپ ئاستىغا يېيىپ ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: «بۇ بەكمۇ ياخشى ئىش بولدى» دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 458)

---

[1] ئەلبانى (84): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (86): زەئىپ، ـ دېگەن.

1195 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَبو بَدْرٍ أُرَاهُ قَدْ رَفَعَهُ إِلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْحَصَاةَ لَتُنَاشِدُ الذِي يُخْرِجُهَا مِنْ الْمَسْجِدِ.

1195 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مەسجىدتىكى ئۇششاق تاشلارمۇ (ئۈزلىرىنى) سىرتقا ئەچىقىۋەتمەكچى بولغان كىشىدىن ئۈزلىرىنى سىرتقا ئەچىقىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ كېتىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 460)

1196 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الْأَكْوَعِ قَالَ كَانَ بَيْنَ مِنْبَرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبَيْنَ الْحَائِطِ كَقَدْرِ مَمَر الشاةِ.

1196 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرى بىلەن مەسجىد تېمىنىڭ ئارىسىدا بىر قوي ئۆتەلىگۇدەك بوش ئورۇن بار ئىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1082)

1197 - عَنْ سَلَمَةَ وَهُوَ ابْنُ الْأَكْوَعِ أَنهُ كَانَ يَتَحَرى مَوْضِعَ مَكَانِ الْمُصْحَفِ يُسَبحُ فِيهِ وَذَكَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَتَحَرى ذَلِكَ الْمَكَانَ وَكَانَ بَيْنَ الْمِنْبَرِ وَالْقِبْلَةِ قَدْرُ مَمَر الشاةِ.

1197ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ نەپلە نامازنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىتىدىكى) قۇرئان قويۇلىدىغان يەردە ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ نەپلە نامازنى شۇ ئورۇندا ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت

[①] ئەلبانى (87): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (959): سەھىھ ـ دېگەن.

بەرگەنىكەن. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىتىدىكى) مۇنبەر بىلەن قىبلىنىڭ (يەنى تامنىڭ) ئارىسىدا بىر قوي ئۆتەلىگۇدەك بوشلۇق بار ئىدى.

(مۇسلىم: 509)

1198 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ كَانَ بَيْنَ مُصَلى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبَيْنَ الْجِدَارِ مَمَر الشاةِ.

1198 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرىدىغان جاي بىلەن قىبلە تامنىڭ ئارىسىدا بىر قوي ئۆتەلىگۇدەك بوشلۇق بار ئىدى.

(بۇخارى: 496)

1199 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "الصلاةُ فِي الْمَسْجِدِ الْجَامِعِ تَعْدِلُ الْفَرِيضَة حَجةً مَبْرُورَةً، وَالنافِلَة كَحَجةٍ مُتقَبلَةٍ، وَفُضلَتِ الصلاةُ فِي الْمَسْجِدِ الْجَامِعِ عَلَى مَا سِوَاهُ مِنَ الْمَسَاجِدِ بِخَمْسِمِائَةِ صَلاةٍ".

1199 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جامەدە ئوقۇلغان پەرز ناماز (نىڭ ساۋابى) تەلەپكە لايىق ئادا قىلىنغان ھەج (نىڭ ساۋابىغا) تەڭ كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئوقۇلغان نەپلە ناماز (نىڭ ساۋابى)، مەقبۇل بولغان ھەجگە تەڭ كېلىدۇ. جامەدە ئوقۇلغان ناماز (نىڭ ساۋابى) مەسجىدلەردە ئوقۇلغان ناماز (نىڭ ساۋابى) دىن بەش يۈز دەرىجە ئارتۇق بولىدۇ[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

1200 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهُ كَانَ يَقُولُ مَنْ

① ھەيسەمى (2185): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نۇھ ئىبنى زەكۋان ئىسملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، - دېگەن.

صَلى فِي مَسْجِدٍ جَمَاعَةً أَرْبعِينَ لَيْلَةً لَا تَفُوتُه الركْعَةُ الْأُولَى مِنْ صَلَاةِ الْعِشَاءِ كَتَبَ اللهُ لَهُ بِهَا عِتْقًا مِنْ النارِ.

1200 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى خۇپتەن نامىزىنى 40 كۈن جامائەت بىلەن مەسجىدتە ئوقۇسا ۋە ھەر كۈنى بىرىنچى رەكئەتتىگە ئۈلگۈرسە، الله تائالا ئۇ كىشىنى (جەھەننەم) ئوتىدىن ئازاد قىلىدۇ»[①].

(ئىبنى ماجە: 798)

1201 ـ عَنْ أنس بْنِ مَالِكٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم رَأى نُخَامَةً فِي الْقِبْلَةِ فَشَق ذَلِكَ عَلَيْهِ حَتى رُئِيَ فِي وَجْهِهِ فَقَامَ فَحَكهُ بِيَدِهِ فَقَالَ إِن أَحَدَكُمْ إِذَا قَامَ فِي صَلَاتِهِ فَإِنهُ يُنَاجِي رَبهُ أَوْ إِن رَبهُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ فَلَا يَبْزُقَن أَحَدُكُمْ قِبَلَ قِبْلَتِهِ وَلَكِنْ عَنْ يَسَارِهِ أَوْ تَحْتَ قَدَمَيْهِ ثُم أَخَذَ طَرَفَ رِدَائِهِ فَبَصَقَ فِيهِ ثُم رَد بَعْضَهُ عَلَى بَعْضٍ فَقَالَ أَوْ يَفْعَلُ هَكَذَا.

1201 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىبلە تەرەپتە تۇرغان ماڭقىنى كۆرۈپ، بەكمۇ ئاچچىقلاندى، ھەتتا ئاچچىقى چىرايىغا چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز قولى بىلەن ماڭقىنى تاتىلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن: «بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، رەببى اللهقا مۇناجات قىلىدۇ (ياكى: الله ئۇنىڭ بىلەن قىبلىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرگىز قىبلە تەرەپكە تۈكۈرمىسۇن، سول تەرىپىگە ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن» دېدى. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يەكتىكىنىڭ بىر پېشىگە تۈكۈرۈپ، تۈكۈرۈلگەن پېشىنى يەنە بىر پېشىگە سۈركىدى ـ دە: «ياكى مۇنداق قىلسۇن» دېدى.

(بۇخارى: 405)

1202 - وللنسائي: فَغَضِبَ حَتى احْمَر وَجْهُهُ فَقَامَتْ امْرَأَةٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فَحَكتْهَا

[①] ئەلبانى (650): ھەسەن، ـ دېگەن.

وَجَعَلَتْ مَكَانَهَا خَلُوقًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَحْسَنَ هَذَا.

1202 ـ نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، چىرايى قىزىرىپ كەتتى. ئەنسارىلاردىن بىر ئايال قوپۇپ ئۇ يەرنى تازىلىۋېتىپ، پۇراقلىق بىر نەرسە سۈركەپ قويدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «بەكمۇ ياخشى قىلدىڭ» دېدى[1].

(نەسائى: 728)

1203 - ولأبي داود عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي نحوه وفيه: أَيَسُر أَحَدَكُمْ أَنْ يَبْصَقَ فِي وَجْهِهِ إِن أَحَدَكُمْ إِذَا اسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ فَإِنمَا يَسْتَقْبِلُ رَبهُ عَز وَجَل وَالْمَلَكُ عَنْ يَمِينِهِ.

1203 ـ ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن يۇقىرىدىكى رىۋايەت ئۈز ئەينى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «بىرىڭلار ئۆزىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈلۈشنى ياقتۇرامدۇ؟ كىمكى قىبلىگە ئالدىنى قىلسا، ئۇ رەببىگە ئالدىنى قىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پەرىشتە بولىدۇ» دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 480)

1204 - وزاد الطبراني في الكبير بضعف عن أبي أمامة: وقرينه عن يساره.

1204 ـ تەبەرانى ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن: دوستى (شەيتان) سول تەرىپىدە تۇرىدۇ. ـ دېگەن ئىبارىنى ئارتۇق رىۋايەت قىلغان[3].

(«ئەلكەبىر»: 7808)

[1] ئەلبانى (703): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (455): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2009): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زەھر بىلەن ئەلى ئىبنى يەزىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، ـ دېگەن.

1205 - عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْبُصَاقُ فِي الْمَسْجِدِ خَطِيئَةٌ وَكَفارَتُهَا دَفْنُهَا.

1205 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسجىدكە تۈكۈرۈش گۇناھ بولۇپ، ئۇنىڭ كەففارىتى تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋېتىشتۇر»①.

(نەسائى: 723)

1206 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "مَنْ تَنخعَ فِي الْمَسْجِدِ فَلَمْ يَدْفِنْهُ فَسَيئَةٌ، وَإِنْ دَفَنَهُ حَسَنَةٌ.

1206 - ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مەسجىدگە مىشقىرىپ، ئۇنى كۆمۈۋەتمىسە، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ئەگەر كۆمۈۋەتسە، ساۋابقا ئېرىشىدۇ»②.

(«ئەلكەبىر»: 8092)

1207 - عَنْ أَبِي سَهْلَةَ السائِبِ بْنِ خَلادٍ قَالَ أَحْمَدُ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن رَجُلًا أَم قَوْمًا فَبصَقَ فِي الْقِبْلَةِ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنظُرُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ فَرَغَ لَا يُصَلي لَكُمْ فَأَرَادَ بَعْدَ ذَلِكَ أَنْ يُصَلِيَ لَهُمْ فَمَنَعُوهُ وَأَخْبَرُوهُ بِقَوْلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ نَعَمْ وَحَسِبْتُ أَنهُ قَالَ إِنكَ آذَيْتَ اللهَ وَرَسُولَهُ.

1207 - ئەبۇ سەھلە سائىب ئىبنى خەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ (ئىمام ئەھمەد: ئەبۇ سەھلە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىدى، -دەيدۇ) مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى جامائەتكە

① ئەلبانى (698): سەھىھ- دېگەن.

② ھەيسەمى (2002): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. - دېگەن.

ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپ قىبلىگە قاراپ تۈكۈردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن: «بۇ كىشى سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرمىسۇن» دېدى. ئۇ كىشى كېيىن جامائەتكە يەنە ناماز ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئىمامەتچىلىكتىن توستى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقان ئىدى، پەيغەمبەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمگە: «توغرا، مەن شۇنداق دېدىم. چۈنكى سەن الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا ئازار بەردىڭ» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 481)

1208 - عن عمرو بن حزم قال رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم بزق عن يمينه وعن يساره وبين يديه يعني في غير الصلاة.

1208 ـ ئەمر ئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازدىن باشقا چاغدا ئوڭ، سول ۋە ئالدى تەرىپىگە تۈكۈرگەنلىكىنى كۆردۈم[2].

(«ئەلكەبىر»)

1209 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَمْنَعُوا نِسَاءَكُمْ الْمَسَاجِدَ إِذَا اسْتَأْذَنَكُمْ إِلَيْهَا قَالَ فَقَالَ بِلَالُ بْنُ عَبْدِ اللهِ وَاللهِ لَنَمْنَعُهُن قَالَ فَأَقْبَلَ عَلَيْهِ عَبْدُ اللهِ فَسَبَهُ سَبًا سَيئًا مَا سَمِعْتُهُ سَبَهُ مِثْلَهُ قط وَقَالَ أُخْبِرُكَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَقُولُ وَاللهِ لَنَمْنَعُهُن.

1209 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

[1] ئەلبانى (456): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2012): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋاقىدى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

«ئەگەر ئاياللىرىڭلار مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن سىلەردىن رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى مەسجىدتىن توسماڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. (ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى) بىلال (ئىبنى ئۆمەرگە):

— الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئۇلارنى توسىمىز، - دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇدۇل بىلالنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى شۇ كۈنگىچە ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان سەت گەپلەر بىلەن تىللىدى ۋە:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى رىۋايەت قىلىۋاتسام، سەن قوپۇپ: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئۇلارنى توسىمىز، - دەيسەنغۇ؟! - دېدى.

(مۇسلىم: 442)

1210 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ قَالَ قال رَسُول اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَمْنَعُوا إِمَاءَ اللِهِ مَسَاجِدَ اللِهِ.

1210 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالانىڭ ئايال بەندىلىرىنى الله تائالانىڭ مەسجىدىدىن توسماڭلار».

(بۇخارى: 900)

1211 - وزاد أبو داود عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ: وَلَكِنْ لِيَخْرُجْنَ وَهُن تَفِلَاتٌ.

1211 - ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلىدۇ: «لېكىن ئۇلار مەسجىدلەرگە خۇشبۇي نەرسە ئىشلەتمىگەن ھالدا چىقسۇن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 565)

1212 - وفي أخرى: فَقَالَ ٱبنٌ لِعَبْدِ اللِهِ بْنِ عُمَرَ لَا نَدَعُهُن يَخْرُجْنَ فَيَتخِذْنَهُ دَغَلًا قَالَ فَزَبَرَهُ ٱبنُ عُمَرَ وَقَالَ أَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَقُولُ لَا نَدَعُهُن.

[1] ئەلبانى (529): ھەسەن ۋە سەھىھ - دېگەن.

1212 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئوغۇللىرىدىن بىرى:

ـــ بىز ئۇلارنى چىققىلى قويمايمىز، بولمىسا ئۇلار مەسجىدكە چىقىشنى باھانە قىلىۋېلىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ـ دېگەنىدى، ئىبنى ئۆمەر ئۇنى سىلكىپ تۇرۇپ:

ـ مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى رىۋايەت قىلىپ بېرىۋاتسام، سەن تېخىچە: ”چىققىلى قويمايمىز“ دەيسەنغۇ؟! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 442)

1213 - عَنْ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صَلَاةُ الْمَرْأَةِ فِي بَيْتِهَا أَفْضَلُ مِنْ صَلَاتِهَا فِي حُجْرَتِهَا وَصَلَاتُهَا فِي مَخْدَعِهَا أَفْضَلُ مِنْ صَلَاتِهَا فِي بَيْتِهَا.

1213 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئايال كىشىنىڭ ئۆيدە ئوقۇغان نامىزى ھۇجرىسىدا ئوقۇغان نامىزىدىن ياخشى؛ ئىچكىرىكى كىچىك خانىسىدا ئوقۇغان نامىزى (ئۆيىنىڭ) باشقا يېرىدە ئوقۇغان نامىزىدىن ياخشىدۇر[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 570)

1214 - وللكبير نحوه موقوفا على ابن مسعود قال: إلا أن يكون المسجد الحرام أو مسجد النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ .

1214 ـ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: ھەرام مەسجىدى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدى بۇنىڭدىن مۇستەسنا[2].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ئەلبانى (533): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2113): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

1215 - عَنْ أُم حُمَيْدٍ امْرَأةِ أَبِي حُمَيْدٍ الساعِدِي أَنهَا جَاءَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِني أُحِب الصلَاةَ مَعَكَ قَالَ قَدْ عَلِمْتُ أَنكِ تُحِبينَ الصلَاةَ مَعِي وَصَلَاتُكِ فِي بَيْتِكِ خَيْرٌ لَكِ مِنْ صَلَاتِكِ فِي حُجْرَتِكِ وَصَلَاتُكِ فِي حُجْرَتِكِ خَيْرٌ مِنْ صَلَاتِكِ فِي دَارِكِ وَصَلَاتُكِ فِي دَارِكِ خَيْرٌ لَكِ مِنْ صَلَاتِكِ فِي مَسْجِدِ قَوْمِكِ وَصَلَاتُكِ فِي مَسْجِدِ قَوْمِكِ خَيْرٌ لَكِ مِنْ صَلَاتِكِ فِي مَسْجِدِي.

1215 ـ ئەبۇ ھۇمەيد ئەسسائىدىنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھۇمەيد پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)! مەن سەن بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن سېنىڭ مەن بىلەن ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلدىم، ئەمما سېنىڭ ئۆز ئۆيىڭدە ئوقۇغان نامىزىڭ ھۇجراڭدا ئوقۇغان نامىزىڭدىن ياخشى، ھۇجراڭدا ئوقۇغان نامىزىڭ ھويلاڭدا ئوقۇغان نامىزىڭدىن ياخشى، ھويلاڭدا ئوقۇغان نامىزىڭ مەھەللەڭدىكى مەسجىدتە ئوقۇغان نامىزىڭدىن ياخشى، مەھەللەڭدىكى مەسجىدتە ئوقۇغان نامىزىڭ مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇغان نامىزىڭدىن ياخشىراق، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 26550)

1216 - عَنْ عَمْرَةَ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنهَا قَالَتْ لَوْ أَدْرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَحْدَثَ النسَاءُ لَمَنَعَهُن كَمَا مُنِعَتْ نِسَاءُ بَنِي إِسْرَائِيلَ قُلْتُ لِعَمْرَةَ أَوَمُنِعْنَ قَالَتْ نَعَمْ.

1216 ـ ئەمرە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئاياللارنىڭ

---

[①] ھەيسەمى (2106): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى سۇۋەيد ئەنسارىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

قىلمىشلىرىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئاياللىرىنى (مەسجىدگە چىقىشتىن) چەكلىگەندەك، بۇ ئاياللارنىمۇ (مەسجىدگە چىقىشتىن) چەكلىگەن بولاتتى. ئەمرەدىن:

ـ (ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ) ئاياللىرى (مەسجىدگە چىقىشتىن) چەكلەنگەنمىدى؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 869)

1217 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ تَرَكْنَا هَـذَا الْبَابَ لِلنسَاءِ قَالَ نَافِعٌ فَلَمْ يَدْخُلْ مِنْهُ ابْنُ عُمَرَ حَتى مَاتَ.

1217 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بۇ ئىشىكنى ئاياللارغا تاشلاپ بەرگەن بولساق» دېدى.

نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر تاكى ۋاپات بولغىچە (ئاياللارغا ئايرىلغان) بۇ ئىشىكتىن مەسجىدكە كىرىپ باقمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 462)

1218 - عَنْ نَافِعٍ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَانَ يَنْهَى أَنْ يُدْخَلَ مِنْ بَابِ النسَاءِ.

1218 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرلەرنىڭ مەسجىدكە ئاياللارغا ئايرىلغان ئىشىكتىن كىرىشىنى چەكلىگەنىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 464)

1219 - عن أبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَمِعَ رَجُلًا يَنْشُدُ ضَالةً فِي الْمَسْجِدِ فَلْيَقُلْ لَا رَدهَا اللهُ عَلَيْكَ فَإِن الْمَسَاجِدَ لَمْ تُبْنَ لِهَذَا.

1219ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

[1] ئەلبانى (439): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (90): زەئىپ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشىنىڭ مەسجىدتە يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى ئېلان قىلغىنىنى ئاڭلىساڭلار: ”الله تائالا يۈتۈپ كەتكەن نەرسەڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمىسۇن!“ دەڭلار. چۈنكى مەسجىد بۇنداق يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان جاي ئەمەس» ـ دېدى.

(مۇسلىم: 568)

1220 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ أَن رَجُلًا نَشَدَ فِي الْمَسْجِدِ فَقَالَ مَنْ دَعَا إِلَى الْجَمَلِ الْأَحْمَرِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا وَجَدْتَ إِنمَا بُنِيَتْ الْمَسَاجِدُ لِمَا بُنِيَتْ لَهُ.

1220 ـ سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە دادىسى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى مەسجىدتە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

ـــ قىزىل تۆگەمنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ تۆگەڭنى تاپالمىغايسەن! مەسجىد پەقەت ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 569)

1221 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ الشرَاءِ وَالْبَيْعِ فِي الْمَسْجِدِ وَأَنْ تُنْشَدَ فِيهِ ضَالةٌ وَأَنْ يُنْشَدَ فِيهِ شِعْرٌ وَنَهَى عَنْ التحَلقِ قَبْلَ الصلَاةِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ.

1221 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە سودا ـ سېتىق قىلىش، يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى ئېلان قىلىش، شېئىر ئوقۇش ۋە جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى

ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇشتىن توسقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1079)

1222 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ بَنى رَحْبَةً فِي نَاحِيَةِ الْمَسْجِدِ تُسمى الْبُطَيْحَاءَ وَقَالَ مَنْ كَانَ يُرِيدُ أَنْ يَلْغطَ أَوْ يُنشِدَ شِعْرًا أَوْ يَرْفَعَ صَوْتَهُ فَلْيَخْرُجْ إلَى هَذِهِ الرحْبَةِ.

1222 ـ مالىكقا يېتىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىنىڭ قېشىغا بۇتەيھا دەپ ئاتالغان بىر ھويلا ياساتقان، ئاندىن: كىمكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماقچى ياكى شېئىر ئوقۇماقچى ۋە ياكى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ پاراڭ سالماقچى بولسا، بۇ ھويلىغا چىقىپ قىلسۇن، ـ دېگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

1223 - عَنْ السائِبِ بْنِ يَزِيدَ قَالَ كُنتُ قَائِمًا فِي الْمَسْجِدِ فَحَصَبَنِي رَجُلٌ فَنظَرْتُ فَإِذَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَقَالَ اذْهَبْ فَأْتِنِي بِهَذَيْنِ فَجِئْتُهُ بِهِمَا قَالَ مَنْ أَنْتُمَا أَوْ مِنْ أَيْنَ أَنْتُمَا قَالَا مِنْ أَهْلِ الطائِفِ قَالَ لَوْ كُنْتُمَا مِنْ أَهْلِ الْبَلَدِ لَأَوْجَعْتُكُمَا تَرْفَعَانِ أَصْوَاتَكُمَا فِي مَسْجِدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

1223 ـ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەسجىدتە ئولتۇراتتىم، بىرسى ماڭا تاش ئاتتى. قارىسام، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىكەن. ئۇ ماڭا:

ـ (مەسجىدتە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ پاراڭلىشىۋاتقان) ئاۋۇ ئىككەيلەننى چاقىرىپ كەل! ـ دېدى. مەن چاقىرىپ كەلدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ سىلەر كىم (ياكى سىلەر قەيەرلىك)؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ـ بىز تائىپلىق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئەگەر سىلەر بۇ يەرلىك بولغان بولساڭلار، سىلەرنى ئەدەپلەپ قويغان بولاتتىم. سىلەر نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] ئەلبانى (956): ھەسەن، ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدە ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرسىلەر؟ - دېدى.
(بۇخارى: 470)

1224 - عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا رفعته: وَجِّهُوا هَذِهِ الْبُيوتَ عَنْ الْمَسْجِدِ فَإِنِّي لَا أُحِلُّ الْمَسْجِدَ لِحَائِضٍ وَلَا جُنُبٍ.

1224 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، (بەزى ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرى مەسجىدگە ئېچىلاتتى، ئۇلار ئۆيلىرىگە مەسجىدتىن ئۆتۈپ كىرەتتى، بۇنى كۆرگەن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى مەسجىدتىن باشقا تەرەپكە يۆتكىۋېتىڭلار، مەن ھەيز كۆرگەن ئاياللارنىڭ ۋە جۇنۇب ئەرلەرنىڭ مەسجىدگە كىرىشىگە يول قويمايمەن»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 232)

1225 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ أَتَانِي نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ وَأَنَا نَائِمٌ فِي الْمَسْجِدِ فَضَرَبَنِي بِرِجْلِهِ قَالَ أَلَا أَرَاكَ نَائِمًا فِيهِ قُلْتُ يَا نَبِي اللهِ غَلَبَتْنِي عَيْنِي.

1225 - ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەسجىدتە ئۇخلاپ قالغان ئىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ پۇتى بىلەن مېنى تېپىپ:

- مەسجىدتىمۇ ئۇخلامسەن؟! - دېدى. مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! كۆزۈم ئىختىيارسىز ئۇيقىغا كېتىپتۇ - دېدىم.
(دارىمى: 1399)

1226 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا نَعَسَ أَحَدُكُمْ وَهُوَ فِي الْمَسْجِدِ فَلْيَتَحَولْ مِنْ مَجْلِسِهِ ذَلِكَ إِلَى غَيْرِهِ.

1226 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

[1] ئەلبانى (40): زەئىپ، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى مەسجىدتە ئولتۇرۇپ مۆگدەپ قالسا، ئۇ ئورۇندىن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ ئولتۇرسۇن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1119)

**1227 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كُنَّا نَنَامُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي الْمَسْجِدِ وَنَحْنُ شَبَابٌ.**

1227 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدا مەسجىدتە ئۇخلايتتۇق، ئۇ چاغدا تېخى ياش ئىدۇق[2].

(تىرمىزى: 321)

**1228 - عن عَائِشَةَ قَالَتْ لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمًا عَلَى بَابِ حُجْرَتِي وَالْحَبَشَةُ يَلْعَبُونَ فِي الْمَسْجِدِ وَرَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَسْتُرُنِي بِرِدَائِهِ أَنْظُرُ إِلَى لَعِبِهِمْ.**

1228 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ھەبەشلىكلەر مەسجىد ھويلىسىدا ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان ئىكەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ھۇجرامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، يەكتىكىنى ماڭا دالدا قىلىپ تۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆردۈم.

(بۇخارى: 455)

**1229 - عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا تَوَضَّأَ أَحَدُكُمْ فَأَحْسَنَ وُضُوءَهُ ثُمَّ خَرَجَ عَامِدًا إِلَى الْمَسْجِدِ فَلَا يُشَبِّكَنَّ بَيْنَ أَصَابِعِهِ فَإِنَّهُ فِي صَلَاةٍ.**

---

[1] ئەلبانى (990): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (264): سەھىھ ـ دېگەن.

1229 ـ كەئىب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى كامىل تاھارەت ئېلىپ، مەسجىدكە بېرىشنى نىيەت قىلىپ ئۆيىدىن چىقسا، بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرمىسۇن، چۈنكى ئۇ (يولدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ) نامازدا تۇرۇۋاتقان ھېسابلىنىدۇ»①.

(تىرمىزى: 386)

1230 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِبِنَاءِ الْمَسَاجِدِ فِي الدورِ وَأَنْ تُنَظفَ وَتُطَيبَ.

1230 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر مەھەللىگە مەسجىد سېلىشقا، ئۇنى پاكىز تۇتۇشقا ۋە ئۇنىڭغا خۇشبۇي نەرسىلەرنى چېچىشقا بۇيرىغان②.

(ئەبۇ داۋۇد؛ تىرمىزى: 594)

1231 - عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يَتَبَاهَى الناسُ فِي الْمَسَاجِدِ.

1231 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار مەسجىد (سېلىش ۋە بېزەش) بىلەن ئۆزئارا ماختانمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»③.

(ئەبۇ داۋۇد: 449)

1232 - عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مِنْ أَشْرَاطِ الساعَةِ أَنْ يَتَبَاهَى

① ئەلبانى (316): سەھىھ ـ دېگەن.
② ئەلبانى (487): سەھىھ ـ دېگەن.
③ ئەلبانى (432): سەھىھ ـ دېگەن.

النَّاسُ فِي الْمَسَاجِدِ.

1232 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلارنىڭ مەسجىد (سېلىش ۋە بېزەش) بىلەن ئۆزئارا ماختىنىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[1].

(نەسائى: 689)

1233 - عَنْ قَيْسِ بْنِ طَلْقٍ عَنْ أَبِيهِ طَلْقِ بْنِ عَلِيٍّ قَالَ خَرَجْنَا وَفْدًا إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَبَايَعْنَاهُ وَصَلَّيْنَا مَعَهُ وَأَخْبَرْنَاهُ أَنَّ بِأَرْضِنَا بِيعَةً لَنَا فَاسْتَوْهَبْنَاهُ مِنْ فَضْلِ طَهُورِهِ فَدَعَا بِمَاءٍ فَتَوَضَّأَ وَتَمَضْمَضَ ثُمَّ صَبَّهُ فِي إِدَاوَةٍ وَأَمَرَنَا فَقَالَ اخْرُجُوا فَإِذَا أَتَيْتُمْ أَرْضَكُمْ فَاكْسِرُوا بِيعَتَكُمْ وَانْضَحُوا مَكَانَهَا بِهَذَا الْمَاءِ وَاتَّخِذُوهَا مَسْجِدًا قُلْنَا إِنَّ الْبَلَدَ بَعِيدٌ وَالْحَرَّ شَدِيدٌ وَالْمَاءَ يَنْشُفُ فَقَالَ مُدُّوهُ مِنْ الْمَاءِ فَإِنَّهُ لَا يَزِيدُهُ إِلَّا طِيبًا فَخَرَجْنَا حَتَّى قَدِمْنَا بَلَدَنَا فَكَسَرْنَا بِيعَتَنَا ثُمَّ نَضَحْنَا مَكَانَهَا وَاتَّخَذْنَاهَا مَسْجِدًا فَنَادَيْنَا فِيهِ بِالْأَذَانِ قَالَ وَالرَّاهِبُ رَجُلٌ مِنْ طَيِّئٍ فَلَمَّا سَمِعَ الْأَذَانَ قَالَ دَعْوَةُ حَقٍّ ثُمَّ اسْتَقْبَلَ تَلْعَةً مِنْ تِلَاعِنَا فَلَمْ نَرَهُ بَعْدُ.

1233 ـ قەيس ئىبنى تەلق دادىسى تەلق ئىبنى ئەلىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بىر ئۆمەك كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ بەيئەت قىلدۇق ۋە بىرگە ناماز ئوقۇدۇق. ئاندىن بىز ئۇنىڭغا يۇرتىمىزدا بىر چېركاۋنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ تاھارەت سۈيىنىڭ ئاشقىنىدىن بىزگە ئازراق بېرىشىنى ئېيتتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ ئەكەلدۈرۈپ، ئاغزىنى چايقاپ تاھارەت ئالدى، ئۇندىن كېيىن تېرىدىن ياسالغان بىر تۇلۇمغا ئېشىپ قالغان سۇنى قۇيۇپ، بىزنى قايتىشقا بۇيرۇدى ۋە:

ــ يۇرتۇڭلارغا بارغاندا، چېركاۋىڭلارنى چېقىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ سۇنى سېپىڭلار، ئاندىن ئۇ يەرنى مەسجىد قىلىڭلار! ـ دېدى.

[1] ئەلبانى (665): سەھىھ ـ دېگەن.

بىز:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ يۇرتىمىز بەكمۇ يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاۋا قاتتىق ئىسسىق، شۇڭا يۇرتىمىزغا بېرىپ بولغۇچە بۇ سۇ قۇرۇپ تۈگەپ كېتىدۇ، - دېدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنىڭغا سۇ قوشۇڭلار، قوشۇلغان سۇ ئۇنىڭغا بەرىكەت قاتىدۇ، - دېدى. بىز يۇرتىمىزغا كەلدۇق. چېركاۋنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېلىقى سۇنى سەپتۇق. ئاندىن ئۇ يەرنى مەسجىد قىلدۇق ھەم ئۇنىڭدا ئەزان ئوقۇدۇق. چېركاۋنىڭ راھىبى تەيييئ قەبىلىسىلىك كىشى ئىدى، ئۇ ئەزاننى ئاڭلاپ:

- بۇ، ھەق چاقىرىقتۇر، - دېدى، ئاندىن بىر جىلغىغا كىرىپ كەتتى، شۇندىن كېيىن بىز ئۇنى كۆرمىدۇق[1].

(نەسائى: 701)

1234 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ أَبِي الْعَاصِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَهُ أنْ يَجْعَلَ مَسْجِدَ الطائِفِ حَيْثُ كَانَ طَوَاغِيتُهُمْ.

1234 - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تائىفتىكى بۇتخانىلارنى مەسجىدكە ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 450)

1235 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَتى الْمَسْجِدَ لِشَيْءٍ فَهُوَ حَظهُ.

1235 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشى مەسجىدكە نېمە مەقسەتتە كەلسە، ئۇنىڭ نېسىۋىسى شۇ

[1] ئەلبانى (677): سەنەدى سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (83): زەئىپ، - دېگەن.

بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 472)

1236 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فِي مَرَضِهِ الَّذِي لَمْ يَقُمْ مِنْهُ لَعَنَ اللَّهُ الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى اتَّخَذُوا قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ مَسَاجِدَ لَوْلَا ذَلِكَ أُبْرِزَ قَبْرُهُ غَيْرَ أَنَّهُ خَشِيَ أَوْ خُشِيَ أَنْ يُتَّخَذَ مَسْجِدًا.

1236 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەلىدە: «الله تائالا يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى» دېگەن. ئەگەر بۇ ئەندىشىسى بولمىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىمۇ ئوچۇق يەردە بولغان بولاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىسىنىڭ مەسجىدكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن قەبرىسىنى ئوچۇق يەردە قويماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان.

(بۇخارى: 1390)

1237 - عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ اللَّهُمَّ لَا تَجْعَلْ قَبْرِي وَثَنًا يُعْبَدُ.

1237ـ ئەتا ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان:

«ئى الله! مېنىڭ قەبرەمنى باشقىلار چوقۇنىدىغان مەئبۇد قىلىپ قويمىغىن».

(مالىك: 416)

[1] ئەلبانى (447): ھەسەن، ـ دېگەن.

1238 - قَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لَوْلَا أني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ نَبْغِي نَزِيدُ فِي مَسْجِدِنَا مَا زِدْتُ فِيهِ.

1238 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن: «مەسجىدىمىزنى كېڭەيتمىسەك بولمىغۇدەك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغان بولسام، مەسجىدنى ھەرگىز كېڭەيتمەيتتىم[①].

(ئەھمەد: 332)

1239 - عَنْ عُمَرَ، قَالَ: لَوْلَا أني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ، يَقُولُ: "إنا نُرِيدُ أَنْ نَزِيدَ فِي قِبْلَتِنَا".

1239ـ ئەبۇ يەئلانىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىنى كېڭەيتمىسەك بولمىغۇدەك» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسام، مەسجىدنى ھەرگىز كېڭەيتمەيتتىم، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ يەئلا مەۋسىلى رىۋايەت قىلغان)

1240 - عَنْ عُمَرَ قَالَ: لَوْلا أني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم، يَقُولُ: إني أُرِيدُ أَنْ أَزِيدَ فِي قِبْلَتِكُمْ مَا زِدْتُ.

1240ـ بەززارنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىنى كېڭەيتمەكچى بولىۋاتىمەن» دېگىنىنى ئاڭلىمىغان بولسام، مەسجىدنى

---

[①] ھەيسەمى (1961): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئۆمەرى ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلىشتا ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (1961): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرى ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلىشتا ئىختىلاپ بار. ئەھمەدنىڭ سەنەدى نافىئ بىلەن ئۆمەرنىڭ ئارىسىدا مۇنقەتىئ بولغان (يەنى ئۈزۈلۈپ قالغان)، ـ دېگەن.

كېڭەيتمەيتتىم، ـ دېدى[1].

(بەززار: 407)

1241 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: الْمَسَاجِدُ بُيوتُ اللهِ فِي الأَرْضِ، تُضِئُ لأَهْلِ السمَاءِ كَمَا تُضِئُ نُجُومُ السمَاءِ لأَهْلِ الأَرْضِ.

1241 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەسجىدلەر الله تائالانىڭ زېمىندىكى ئۆيلىرى بولۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار زېمىن ئەھلىگە نۇر چاچقاندەك، مەسجىدلەرمۇ ئاسمان ئەھلىگە نۇر چاچىدۇ[2].

(«ئەلكەبىر»)

1242 - عَنِ وَبَرْ بن عِيسَى الْخُزَاعِي قال: قال ﷺ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِذَا بَنَيْتَ مَسْجِدَ صَنْعَاءَ، فَاجْعَلْهُ عَنْ يَمِينِ جَبَلٍ، يُقَالُ لَهُ: ضِينَ".

1242 ـ ۋەبەر ئىبنى ئەيسا خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

«سەن سەنئا مەسجىدىنى سالساڭ، زىين دېگەن تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سالغىن» دېگەنىدى[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

1243 - عَنْ حُذَيْفَةَ بنِ الْيَمَانِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَضْلُ الدارِ الْقَرِيبَةِ مِنْ الْمَسْجِدِ عَلَى الدارِ الشاسِعَةِ كَفَضْلِ الْغَازِي عَلَى الْقَاعِدِ.

---

[1] ھەيسەمى (1961): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرى ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسنى دەلىل قىلىشتا ئىختىلاپ بار. ئەھمەدنىڭ سەنەدى نافىئ بىلەن ئۆمەرنىڭ ئارىسىدا مۇنقەتىئ بولغان (يەنى ئۈزۈلۈپ قالغان)، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (1934): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (1966): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

1243 ـ ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مەسجىدكە يېقىن ئۆينىڭ مەسجىدتىن يىراق ئۆيگە نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقى، غازاتقا چىققان كىشىنىڭ غازاتقا چىقمىغان كىشىگە نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ»①.

(ئەھمەد: 22776)

1244 - عَنْ أنس بن مالك، قَالَ: "نَهَانَا أَوْ نُهِينَا أَنْ نُصَلِّيَ فِي مَسْجِدٍ مُشْرِفٍ"

1244 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى بالكونلۇق مەسجىدتە ناماز ئوقۇشتىن توسقان②.

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

1245 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ: قَالَتِ الأَنْصَارُ: إِلَى مَتَى نُصَلي يَا رَسُولَ اللهِ إِلَى هَذَا الْجَرِيدِ؟ فَجَمَعُوا لَهُ دَنَانِيرَ، فَأَتَوُا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالُوا: نُصْلِحُ هَذَا الْمَسْجِدَ وَنُزَيِّنُه، فَقَالَ: "لَيْسَ بِي رَغْبَةٌ عَنْ أَخِي مُوسَى، عَرِيشٌ كَعَرِيشِ مُوسَى".

1245 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلار پۇل توپلاپ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز قاچانغىچە بۇ خورما شاخلىرى ئاستىدا ناماز ئوقۇيمىز؟ بۇ مەسجىدنى يېڭىلاپ زىننەتلىگىن! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

① ھەيسەمى (1985): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (1986): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ئىسىملىك بىرى بار. ئۇ ئىشەنچلىك كىشىدۇر، لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسى مۇدەللەس، ـ دېگەن.

ـ بۇ دۇنيادا قىرىندىشىم مۇسانىڭ كەپىسىگە ئوخشاش كەپىدىن باشقا نەرسىگە رىغبىتىم يوق، ـ دېدى[1].

1246 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَل ((«ئەلكەبىر»)) :
أَحَدُكُمُ الْقَمْلَةَ فِي الْمَسْجِدِ فَلْيَدْفِنْهَا".

1246 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:
«ئەگەر مەسجىدتە پىت كۆرۈپ قالساڭلار، ئۇنى كۆمۈۋېتىڭلار!»[2]
(بەززار رىۋايەت قىلغان)

1247 - وزاد في الأوسط: أَوْ لِيمِطْهَا عَنْهُ.

1247ـ تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە: «ياكى ئۇنى مەسجىدتىن ئەچىقىپ تاشلىۋېتىڭلار!» دېيىلگەن[3].
((«ئەلئەۋسەت»))

1248 - عَنْ رَجُلٍ مِنَ الْأَنْصَارِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا وَجَدَ أَحَدُكُمْ الْقَمْلَةَ فِي ثَوْبِهِ فَلْيَصُرهَا وَلَا يُلْقِيهَا فِي الْمَسْجِدِ.
1248 ـ ئەنسارىلاردىن بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:
« كىمكى كىيىمىدە پىت كۆرسە، ئۇنى مىجىۋەتسۇن، ھەرگىز

[1] ھەيسەمى (1988): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىيسا ئىبنى سىنان ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئەجلى، ئىبنى ھىببان ۋە ئىبنى خەرراش (بىر رىۋايەتتە) قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.
[2] ھەيسەمى (2014): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۇسۇف ئىبنى خالىد سەمتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.
[3] ھەيسەمى (2014): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۇسۇف ئىبنى خالىد سەمتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

مەسجىدكە تاشلىمىسۇن»[1].

(ئەھمەد: 22974)

1249 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ أَسْلَمَتْ امْرَأَةٌ سَوْدَاءُ لِبَعْضِ الْعَرَبِ وَكَانَ لَهَا حِفْشٌ فِي الْمَسْجِدِ قَالَتْ فَكَانَتْ تَأْتِينَا فَتَحَدَّثُ عِنْدَنَا فَإِذَا فَرَغَتْ مِنْ حَدِيثِهَا قَالَتْ

وَيَوْمُ الْوِشَاحِ مِنْ تَعَاجِيبِ رَبِّنَا أَلَا إِنَّهُ مِنْ بَلْدَةِ الْكُفْرِ أَنْجَانِي

فَلَمَّا أَكْثَرَتْ قَالَتْ لَهَا عَائِشَةُ وَمَا يَوْمُ الْوِشَاحِ قَالَتْ خَرَجَتْ جُوَيْرِيَةٌ لِبَعْضِ أَهْلِي وَعَلَيْهَا وِشَاحٌ مِنْ أَدَمٍ فَسَقَطَ مِنْهَا فَانْحَطَّتْ عَلَيْهِ الْحُدَيَّا وَهِيَ تَحْسِبُهُ لَحْمًا فَأَخَذَتْهُ فَاتَّهَمُونِي بِهِ فَعَذَّبُونِي حَتَّى بَلَغَ مِنْ أَمْرِي أَنَّهُمْ طَلَبُوا فِي قُبُلِي فَبَيْنَاهُمْ حَوْلِي وَأَنَا فِي كَرْبِي إِذْ أَقْبَلَتْ الْحُدَيَّا حَتَّى وَازَتْ بِرُءُوسِنَا ثُمَّ أَلْقَتْهُ فَأَخَذُوهُ فَقُلْتُ لَهُمْ هَذَا الَّذِي اتَّهَمْتُمُونِي بِهِ وَأَنَا مِنْهُ بَرِيئَةٌ.

1249 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىر قارا ئايال مۇسۇلمان بولدى. ئۇ ئايالنىڭ مەسجىد ھويلىسىدا كىچىككىنە بىر ئۆيى بار بولۇپ، بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، گەپ قىلىپ بېرەتتى. گېپى تۈگىگەندە، مۇنداق دەپ شېئىر ئوقۇيتتى:

ۋىشاھ[2] كۈنى اللەنىڭ ئاجايىپ كۈنلىرىدىن بىرى بولغانىدى،

الله مېنى ئۇ كۈنى كاپىرلارنىڭ يۇرتىدىن قۇتقازغانىدى.

ئۇ، بۇ شېئىرنى تولا ئوقۇۋەرگەچكە، بىر كۈنى مەن (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ):

ـ ۋىشاھ كۈنى نېمە بولغانىدى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ ئايال مۇنداق دېدى:

[1] ھەيسەمى (2016): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ۋىشاھ ـ ئايالىلارنىڭ مارجانلار بىلەن توقۇلغان، بوينىغا ئېسىپ، بىر تەرىپىنى قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن سۆڭگىچىگىچە ساڭگىلىتىدىغان چەمبەرسىمان زىننەت بۇيۇمى.

ـ ئائىلىمىزدىن بىر كىچىك قىز بالا خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بىر ۋىشاھنى بوينىغا ئېسىپ سىرتقا چىققان ئىكەن، ۋىشاھ يەرگە چۈشۈپ قاپتۇ. شۇ پەيتتە بىر قۇرغۇي كېلىپ ئۇنى گۆش ئوخشايدۇ دەپ ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇلار، ئۇ ۋىشاھنى مېنى ئېلىۋالدى دەپ تۆھمەت چاپلاپ مېنى قاتتىق ئازابلىدى، ھەتتا ئەۋرىتىمنىمۇ ئاختۇرۇشتى. ئۇلار ماڭا ئەنە شۇنداق زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە، ھېلىقى قۇرغۇي بىزنىڭ بېشىمىزغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئاغزىدىكى ھېلىقى ۋىشاھنى يەرگە تاشلاپ بەردى. مەن ئۇلارغا:

ـ گەرچە مەن پاك بولسامۇ، مېنى سەن ئېلىۋالدىڭ، دەپ تۆھمەت قىلغان نەرسەڭلار مانا! ـ دېدىم.

(بۇخارى: 3835)

1250 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْتَجَمَ فِي الْمَسْجِدِ . قال مسلم في كتاب التمييز: أخطأ ابن لهيعة إنما احتجر أي اتخذ حجرة.

1250 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ھىجامە[1] قىلدۇردى. ئىمام مۇسلىم «تەمىيىز» دېگەن كىتاۋىدا: ئىبنى لەھىيەئە (بۇ ھەدىسنىڭ راۋىلىرىدىن بىرى) خاتالىشىپ، (احتجر) دېگەن سۆزنى (احْتَجَمَ)، دەپ رىۋايەت قىلىپ سالغان، بۇنىڭ توغرىسى(احتجر) دۇر. يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ھۇجرا تۇتقان، ھىجامە قىلدۇرغان ئەمەس، ـ دېگەن[2].

(ئەھمەد: 21098)

1251 - عَنْ أَبِي الْعَالِيَةِ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ حَفِظْتُ لَكَ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَوَضأَ فِي الْمَسْجِدِ.

---

[1] ھىجامە ـ لوڭقا قويۇپ قان ئېلىش.

[2] ھەيسەمى (2018): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ـ دېگەن.

1251 ـ ئەبۇ ئالىيە بىر ساھابىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە تاھارەت ئالغان[①].
(ئەھمەد: 22579)

1252- عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْر، قَالَ: "أَكَلْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَومًا شِوَاءً وَنَحْنُ فِي الْمَسْجِدِ، فَأُقِيمَتِ الصلاةُ، فَلَمْ نَزِدْ أَنْ مَسَحْنَا بِالْحَصَى".

1252 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە مەسجىدتە ئولتۇرۇپ كاۋاپ يېدۇق. نامازغا تەكبىر ئوقۇلدى، بىز قوللىرىمىزنى ئۇششاق تاشلارغا سۈرتىۋېتىپلا نامازغا تۇردۇق[②].
(«ئەلكەبىر»)

1253 - عن أبي الدرْدَاءِ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، يَقُولُ: "إن الْمَسَاجِدَ بُيُوتُ كُل تَقِي وَقَدْ ضَمِنَ اللهُ عَز وَجَل لِمَنْ كَانَتِ الْمَسَاجِدُ بُيُوتَهُمْ بِالروْحِ وَالراحَةِ وَالْجَوَازِ عَلَى الصرَاطِ إِلَى رِضْوَانِ الرب عَز وَجَل".

1253 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، مەسجىدلەر بارلىق تەقۋا كىشىلەرنىڭ ئۆيى. الله تائالا مەسجىدلەرنى ئۆي ـ ماكان قىلغان كىشىلەرنى رەھمەتكە، راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشتۈرۈشكە، پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ، جەننەتكە كىرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ»[③].
(«ئەلكەبىر»، «ئەلئەۋسەت» ۋە بەززار)

---

[①] ھەيسەمى (2019): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (2020): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە سەلبىي باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (2026): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرىنىڭ ھەممىسى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

1254 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِلْمَسَاجِدِ أَوْتَادًا الْمَلَائِكَةُ جُلَسَاؤُهُمْ إِنْ غَابُوا يَفْتَقِدُونَهُمْ وَإِنْ مَرِضُوا عَادُوهُمْ وَإِنْ كَانُوا فِي حَاجَةٍ أَعَانُوهُمْ وَقَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَلِيسُ الْمَسْجِدِ عَلَى ثَلَاثِ خِصَالٍ أَخٍ مُسْتَفَادٍ أَوْ كَلِمَةٍ مُحْكَمَةٍ أَوْ رَحْمَةٍ مُنْتَظَرَةٍ.

1254 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھەقىقەتەن مەسجىدلەردىن ئايرىلمايدىغان كىشىلەر باركى، ئۇلارغا پەرىشتىلەر ھەمراھ بولىدۇ، مەسجىدگە كېلەلمىسە پەرىشتىلەر سۈرۈشتۈرىدۇ، كېسەل بولسا يوقلايدۇ، ھاجىتى بولسا، ياردەم بېرىدۇ. مەسجىدتىن ئايرىلمايدىغان كىشىدە مۇنداق ئۈچ خىسلەت تېپىلىدۇ: پايدىلىق قېرىنداش، ھېكمەتلىك سۆز، ئۈمىد قىلىنغان مېھىر-شەپقەت»①.

(ئەھمەد: 9143)

1255 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الشيْطَانَ ذِئْبُ الْإِنْسَانِ كَذِئْبِ الْغَنَمِ يَأْخُذُ الشاةَ الْقَاصِيَةَ وَالناحِيَةَ فَإِياكُمْ وَالشعَابَ وَعَلَيْكُمْ بِالْجَمَاعَةِ وَالْعَامةِ وَالْمَسْجِدِ.

1255 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، شەيتان تۇپتىن ئايرىلىپ قالغان ۋە چەتلەمچى قوينى يەيدىغان بۆرىگە ئوخشاش، جامائەتتىن ئايرىلىپ قالغان ئىنساننى يەيدىغان بۆرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايرىمچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! جامائەتتىن، ئومۇمىي خەلقتىن ۋە مەسجىدتىن ئايرىلماڭلار»②.

(ئەھمەد: 21524)

① ھەيسەمى (2025): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (2033): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەلا ئىبنى زىياد ئىسىملىك كىشى بۇ ھەدىسنى مۇئازدىن بىۋاستە ئاڭلىمىغان. ـ دېگەن.

1256 - عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ أَنَّهُ رَأَى قَوْمًا قَدْ أَسْنَدُوا ظُهُورَهُمْ إِلَى الْقِبْلَةِ بَيْنَ أَذَانِ الْفَجْرِ، وَالإِقَامَةِ، فَقَالَ: "لاَ تَحُولُوا بَيْنَ الْمَلاَئِكَةِ، وَبَيْنَ صَلاَتِهَا".

1256 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ئەزان بىلەن تەكبىرى ئارىلىقىدا مەسجىدنىڭ قىبلە تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: "پەرىشتىلەرنىڭ نامىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالماڭلار!" دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 8943)

1257 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يُصَلِّ أَحَدُكُمْ فِي مَسْجِدِهِ، وَلاَ يَتَتَبَّعِ الْمَسَاجِدَ".

1257 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھەركىم ئۆز مەھەللىسىدىكى مەسجىدتە ناماز ئوقۇسۇن، باشقا مەسجىدلەرگە بېرىپ يۈرمىسۇن»[②].

(«ئەلكەبىر»: 13373؛ «ئەلئەۋسەت»)

1258 - عن ابْنُ مَسْعُودٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "أَنَّ مِنْ أَشْرَاطِ السَاعَةِ أَنْ يَمُرَّ الرجُلُ فِي طُولِ الْمَسْجِدِ، وَعَرْضِهِ لاَ يُصَلِّي فِيهِ رَكْعَتَيْنِ".

1258 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، كىشىلەر مەسجىدنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە مېڭىپ يۈرىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئىككى رەكئەت

---

① ھەيسەمى (2036): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (2037): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد نەزر تىرمىزىدىن باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم. ئىبنى ھىببان تۆتىنچى دەرىجىدىكى ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ قاتارىدا مۇئاۋىيە ئىبنى ئۆمەرنىڭ قىزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى نەزرنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ شۇ ئادەم ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن.

ناماز ئوقۇمايدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 9488)

1259 - عَنْ مَكْحُولٍ، رَفَعَهُ إِلَى مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ، وَرَفَعَهُ مُعَاذٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "جَنبُوا مَسَاجِدَكُمْ صِبْيَانَكُمْ، وَخُصُومَاتِكُمْ، وَحُدُودَكُمْ، وَشِرَاءَكُمْ، وَبَيْعَكُمْ، وَجَمرُوهَا يَوْمَ جَمْعِكُمْ".

1259 - مەكھۇل مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىچىك باللىرىڭلارنى، جېدەل - ماجىرالىرىڭلارنى، جازا ئىجرا قىلىش ئىشلىرىڭلارنى، ئېلىم - سېتىمىڭلارنى مەسجىدلىرىڭلاردىن يىراق تۇتۇڭلار. جۈمە كۈنلىرى مەسجىدلەردە خۇشبۇي نەرسە يېقىڭلار»[2].

(«ئەلكەبىر»: 173/20)

1260 - وزاد من طريق غيره: وَاتخِذُوا عَلَى أَبْوَابِ مَسَاجِدِكُمُ الْمَطَاهِرَ.

1260 - باشقا بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ داۋامىدا: «مەسجىدلىرىڭلارنىڭ دەرۋازىلىرىغا تاھارەت ئالىدىغان قاچىلارنى قويۇڭلار» دېگەنلىكى قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان[3].

(«ئەلكەبىر»)

1261 - عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ أَنهُ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ

[1] ھەيسەمى (2039): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەلەمە ئىبنى كۇھەيلدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. گەرچە ئۇ ساھابىلەردىن ھەدىس ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئىبنى مەسئۇدتىن ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئۇچراتمىدىم، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2050): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مەكھۇل بۇ ھەدىسنى مۇئازدىن بىۋاستە ئاڭلىمىغان، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2049): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلا ئىبنى كەسىر لەيسى شامىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، - دېگەن.

يُسْتَقَادَ فِي الْمَسْجِدِ وَأَنْ تُنْشَدَ فِيهِ الْأَشْعَارُ وَأَنْ تُقَامَ فِيهِ الْحُدُودُ.

1261 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە قىساس ئېلىشتىن، شېئىر ئوقۇشتىن ۋە جازا ئىجرا قىلىشتىن توسقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4490)

1262 - عَنْ مُرةَ الْهَمْدَانِي قَالَ: حدثتُ نَفْسِي أَنْ أُصَلِيَ خَلْفَ كُل سَارِيَةٍ فِي مَسْجِدِ الْكُوفَةِ، فَبَيْنَمَا أَنَا أُصَلي إِذْ أَتَانَا ابْنُ مَسْعُودٍ فِي الْمَسْجِدِ، فَأَتَيْتُهُ لأُخْبِرَهُ بِـأَمْرِي فَسَبَقَنِي رَجُلٌ فَأَخْبَرَهُ بِالذِي أَصْنَعُ، فَقَالَ ابْنُ مَسْعُودٍ: "لَوْ يَعْلَمُ أن اللهَ عَز وَجَـل عِنْـدَ أَدْنى سَارِيَةٍ مَا جَاوَزَهَا حَتى يَقْضِيَ صَلاَتَهُ".

1262 ـ مۇررە ھەمدانى مۇنداق دەيدۇ: مەن كۇفە مەسجىدىنىڭ ھەر بىر تۈۋرۈكى ئارقىسىدا ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ نامازغا تۇردۇم، مەن ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە كىردى. مەن ئويلىغىنىمنى ئۇنىڭغا ئېيتاي دەپ تۇرسام، باشقا بىر كىشى مەندىن چاققان چىقىپ، مېنىڭ ئويلىغىنىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ: ئۇ، الله تائالانىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، نامىزىنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تۈۋرۈكنىڭ تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتمەستىن ئوقۇغان بولاتتى دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 8965)

1263 - عن عبد الله يعني ابن مسعود أنه كره الصلاة في المحراب وقال إنما كانت للكنائس فلا تشبهوا بأهل الكتاب.

1263 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېھرابتا ناماز ئوقۇشنى ياقتۇرمايتتى ۋە: "ئۇنداق قىلىش چېركاۋلارغا خاس. سىلەر

[1] ئەلبانى (3769): ھەسەن. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (1984): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتا ئىبنى سائىب ئىسىملىك بىرى بار. ئۇ سۆزلىرىنى ئىلىشتۇرۇپ قويياتتى. ـ دېگەن.

ئەھلى كىتابقا ئوخشاپ قالماڭلار!“ دەيتتى[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

1264 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ زَعَمَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أكَلَ ثُومًا أَوْ بَصَلًا فَلْيَعْتَزِلْنَا أَوْ قَالَ فَلْيَعْتَزِلْ مَسْجِدَنَا وَلْيَقْعُدْ فِي بَيْتِهِ وَأن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِقِدْرٍ فِيهِ خَضِرَاتٌ مِنْ بُقُولٍ فَوَجَدَ لَهَا رِيحًا فَسَأَلَ فَأُخْبِرَ بِمَا فِيهَا مِنْ الْبُقُولِ فَقَالَ قَرِّبُوهَا إِلَى بَعْضِ أَصْحَابِهِ كَانَ مَعَهُ فَلَما رَآهُ كَرِهَ أَكْلَهَا قَالَ كُلْ فَإِني أُنَاجِي مَنْ لَا تُنَاجِي.

1264 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى سامساق ياكى پىياز يېگەن بولسا، بىزگە ياكى مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمەي، ئۆيىدە ئولتۇرسۇن» دېدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قازاندا كۆكتات بىلەن ئېتىلگەن تاماق ئېلىپ كېلىندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماقنىڭ پۇرىقىنى ئالغان ھامان:

— بۇ نېمە پۇراق؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار تاماقنىڭ نېمىدىن تەييارلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىدىكى بىر ساھابىگە:

ـ تاماقنى يېقىن قىل، ـ دېدى. ئەمما تاماقنى كۆرگەندىن كېيىن، يېيىشنى خالىمىدى ۋە ئۇ ساھابىگە:

— سەن يېگىن، مەن يېمەي، چۈنكى مەن سەن سىرداشمايدىغان كىشى (يەنى جىبرىئىل) بىلەن سىردىشىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 855)

1265 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ أَكْلِ الْبَصَلِ

---

[1] ھەيسەمى (1982): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

وَالْكُراثِ فَغَلَبْتَنا الْحَاجَةُ فَأَكَلْنا مِنْهَا فَقَالَ مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الشجَرَةِ الْمُنْتِنَةِ فَلَا يَقْرَبَن مَسْجِدَنا فَإِن الْمَلَائِكَةَ تَأذى مِما يَتأذى مِنْهُ الْإِنسُ.

1265 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى پىياز ۋە كۇدە يېيىشتىن توسقان ئىدى، بىراق بىز (يەيدىغانغا ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە تاپالماي) ئاچلىقتىن ئۇنى يەپسالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ سېسىق پۇراقلىق كۆكتاتلارنى يېگەنلەر، مەسجىدىمىزگە ھەرگىز يېقىن كەلمىسۇن. چۈنكى پەرىشتىلەر ئىنسانلار سەسكەنگەن نەرسىدىن سەسكىنىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 564)

1266 - عَنْ جَابِرٍ أَنّ رَسُولَ اللِه صَلى اللُه عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: ”مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الْخَضْرَاوَاتِ: الثومِ وَالْبصَلِ وَالْكُراثِ وَالْفجْلِ فَلا يَقْرَبن مَسْجِدَنا، فَإِن الْمَلاِئكَةَ تَتَأذى مِما تَتَأذى مِنْهُ بَنُو آدَمَ“.

1266 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى سامساق، پىياز، كۇدە، تۇرۇپ قاتارلىق كۆكتاتلاردىن يەيدىكەن، مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن. چۈنكى پەرىشتىلەر ئىنسانلار سەسكەنگەن نەرسىدىن سەسكىنىدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلسەغىر»)

1267 - وفي رواية: فأُتِيَ ببدر، فسره ابن وهب: طبق.

[①] ھەيسەمى (1990): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى راشىد بەررا بەسەريي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە بەزىدە خاتالىشىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

1267 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: بىر قاچا كەلتۈرۈلدى. ئىبنى ۋەھب ئۇ قاچىنى: ”تاۋاق ئىدى“ دەپ ئىزاھلىدى، ـ دېيىلگەن.

1268 - عَنْ حُذَيْفَةَ أُرَاهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ تَفَلَ تُجَاهَ الْقِبْلَةِ جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ تَفْلُهُ بَيْنَ عَيْنَيْهِ وَمَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الْبَقْلَةِ الْخَبِيثَةِ فَلَا يَقْرَبَن مَسْجِدَنَا ثَلَاثًا.

1268 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى (مەسجىدنىڭ) قىبلىسى تەرەپكە تۈكۈرسە، قىيامەت كۈنى تۈكۈرۈكى كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. كىمكى بۇ يېقىمسىز كۆكتاتتىن ئىستېمال قىلسا، مەسجىدىمىزگە ھەرگىز يېقىن كەلمىسۇن» دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3824)

1269 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الْبَقْلَةِ فَلَا يَقْرَبَن مَسَاجِدَنَا حَتى يَذْهَبَ رِيحُهَا يَعْنِي الثومَ.

1269 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى بۇ كۆكتاتنى (يەنى سامساقنى) ئىستېمال قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پۇرىقى كېتىپ بولغۇچە، مەسجىدىمىزگە ھەرگىز يېقىن كەلمىسۇن».

(مۇسلىم: 561)

1270 - عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ إِنكُمْ أَيهَا الناسُ تَأْكُلُونَ مِنْ شَجَرَتَيْنِ مَا أُرَاهُمَا إِلا خَبِيثَتَيْنِ هَذَا الْبَصَلُ وَالثومُ وَلَقَدْ رَأَيْتُ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَجَدَ رِيحَهُمَا مِنْ الرجُلِ أَمَرَ بِهِ فَأُخْرِجَ إِلَى الْبَقِيعِ فَمَنْ أَكَلَهُمَا فَلْيُمِتْهُمَا طَبْخًا.

1270 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى خالايىق! سىلەر ئىككى خىل كۆكتات (سامساق بىلەن پىياز) نى يەيسىلەر، مەن

[1] ئەلبانى (3239): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇنى پۇرىقى يېقىمسىز كۆكتات دەپ بىلىمەن. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرەر كىشىدە شۇ پۇراقنى سېزىپ قالسا، ئۇنى (مەسجىدتىن) چىقىرىپ بەقىئ (مازارلىقى) غا ئەۋەتىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. كىمكى ئۇنى يېمەكچى بولسا، ئۇبدان پىشۇرۇپ، ئاندىن يېسۇن، - دېگەن[1].

(نەسائى: 708)

1271 - عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ أَكَلْتُ ثُومًا فَأَتَيْتُ مُصَلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ سُبِقْتُ بِرَكْعَةَ لَما دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ وَجَدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رِيحَ الثومِ فَلما قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاتَهُ قَالَ مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الشجَرَةِ فَلَا يَقْرَبنا حَتى يَذْهَبَ رِيحُهَا أَوْ رِيحُهُ فَلما قُضِيَتْ الصلَاةُ جِئْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ وَاللهِ لَتُعْطِيَنِي يَدَكَ قَالَ فَأَدْخَلْتُ يَدَهُ فِي كُم قَمِيصِي إِلَى صَدْرِي فَإِذَا أَنَا مَعْصُوبُ الصدْرِ قَالَ إِن لَكَ عُذْرًا.

1271 - مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سامساق يەپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقان يەرگە كەلسەم، بىر رەكئەت ئوقۇلۇپ بولغان ئىكەن. مەن مەسجىدگە كىرگەن هامان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سامساقنىڭ پۇرىقىنى هېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن: «كىمكى بۇ كۆكتاتنى ئىستېمال قىلسا، ئۇنىڭ پۇرىقى كەتمىگىچە بىزگە يېقىن كەلمىسۇن» دېدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قولۇڭنى بەرگىن، - دېدىم ۋە ئۇنىڭ قولىنى كۆينىكىمنىڭ يېڭىدىن كىرگۈزۈپ، كۆكسۈمگە قويدۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاچلىقتىن قورسىقىمنىڭ)

[1] ئەلبانى (684): سەھىھ - دېگەن.

كۆكسۈمگىچە تېڭىقلىق[1] ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن: «سېنىڭ ئۆزرەڭ بار ئىكەن» دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3826)

[1] ئۇلارنىڭ ئادىتىدە قورساقى ئېچىپ، يېگىلى بىر نەرسە تاپالمىغان ئادەم قورساقىنى تېڭىۋالاتتى.

[2] ئەلبانى (3241): سەھىھ ـ دېگەن.

## نامازنىڭ شەرتلىرى: قىبلىگە يۈزلىنىش، تاھارەت ۋە سەترى ئەۋرەت

1272 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ قِبْلَةٌ.

1272 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«(مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە نىسبەتەن) مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسى قىبلىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 342)

1273 ـ وعنه، رفعه: «اسْتَقْبِلْ وكبر، ولم يَرَ الإعادة على من سها فصلى إلى غير القبلة».

1273 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ، الله ئەكبەر دەپ نامازغا تۇر» دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ”سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇپ قالغان كىشى نامىزىنى قايتا ئوقۇشى كېرەك“ دەپ قارىمايتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1274- عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ، قَالَ: صَلَّيْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِـي يَوْمٍ غَيْمٍ إِلَى غَيْرِ الْقِبْلَةِ، فَلَما قَضَى الصلاةَ وَسَلمَ، تَجَلتِ الشمْسُ، فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللهِ،

---

[1] ئەلبانى (282): سەھىھ ـ دېگەن.

صَلَّيْنَا إِلَى غَيْرِ الْقِبْلَةِ، قَالَ: "قَدْ رُفِعَتْ صَلاَتُكُمْ بِحَقِّهَا عَلَى اللهِ عَزَ وَجَلَ".

1274 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھاۋا تۇتۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە قىبلىگە قارىماي، باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇپ سالىتىمىز. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۈن چىقتى. بىز:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز نامازنى قىبلىگە قارىماي ئوقۇپتىمىز، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئوقۇغان نامىزىڭلار الله تائالانىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈپ بولدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

1275 - عن أَنسُ بْنُ مَالِكٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا سَافَرَ فَأَرَادَ أَنْ يَتَطَوعَ اسْتَقْبَلَ بِنَاقَتِهِ الْقِبْلَةَ فَكَبرَ ثُم صَلى حَيْثُ وَجهَهُ رِكَابُهُ.

1275 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر ئۈستىدە نەپلە ناماز ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلىغى ئۈستىدە تۇرۇپلا قىبلىگە قاراپ نامازنى باشلايتتى. ئۇندىن كېيىن ئۇلىغى ماڭغان تەرەپكە قاراپ نامىزىنى داۋاملاشتۇراتتى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1225)

1276 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يصَلي وَهُوَ بِمَكةَ نَحْوَ بَيْتِ الْمَقْدِسِ، وَالْكَعْبَةُ بَيْنَ يَدَيْهِ، وَبَعْدَمَا هَاجَرَ سِتةَ عَشَرَ شَهْرًا، ثُم انْصَرَفَ إِلَى الْكَعْبَةِ".

[①] ھەيسەمى (1981): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ ئەبەلە ئىسمىلىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان بولۇپ، ئەسلى ئىسمى شەمر ئىبنى يەقزاندۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1084): ھەسەن، ـ دېگەن.

1276 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىكى چېغىدا بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ چاغدا كەبىمۇ ئالدى تەرەپكە توغرا كېلەتتى. ھىجرەتتىن كېيىنمۇ ئون ئالتە ئايغىچە شۇنداق قىلغان، ئون ئالتە ئايدىن كېيىن ئاندىن كەبە تەرەپكە قارىغان[1].

(«ئەلكەبىر»)

1277 - عَنْ أَبِي الْمَلِيحِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَقْبَلُ اللهُ صَلَاةً بِغَيْرِ طُهُورٍ وَلَا صَدَقَةً مِنْ غُلُولٍ.

1277 ـ ئەبۇ مەلىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا تاھارەتسىز ئوقۇلغان نامازنى ۋە خىيانەت بىلەن توپلانغان مالدىن بېرىلگەن سەدىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[2].

(نەسائى: 139)

1278 - عَنْ مُعَاوِيَةَ بنِ حُدَيْجٍ عَنْ مُعَاوِيَةَ بنِ أَبِي سُفْيَانَ أَنهُ سَأَلَ أُخْتَهُ أُم حَبِيبَـةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَـلي فِـي الثوْبِ الذِي يُجَامِعُهَا فِيهِ فَقَالَتْ نَعَمْ إِذَا لَمْ يَرَ فِيهِ أَذًى.

1278 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ھۇدەيج مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ھەمشىرىسى (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى) ئۇممۇ ھەبىبەدىن:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىما قىلىش جەريانىدا كىيگەن كىيىمى بىلەن ناماز ئوقۇمتى؟ ـ دەپ سورىغاندى. ئۇممۇ ھەبىبە:

[1] ھەيسەمى (1967): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئىمام ئەھمەد ۋە بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (135): سەھىھ ـ دېگەن.

ـــ ئەگەر ئۇنىڭدا بىرەر نىجاسەت بولمىسا، ناماز ئوقۇيتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 366)

1279 - عَنْ عَائِشَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ لَا يُصَلي فِي مَلَاحِفِنَا.

1279 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ يېپىنچىلىرىمىزنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇمايتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 368)

1280 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَعْرَقُ فِي الثوْبِ وَهُوَ جُنُبٌ ثُم يُصَلي فِيهِ.

1280 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۇنۇب ھالىتىدە كىيىۋالغان كىيىمى بىلەن تەرلەيتتى يەنە شۇ كىيىمى بىلەن ناماز ئوقۇۋېرەتتى.

(مالىك: 120)

1281- عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ بَيْنَمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي بِأَصْحَابِهِ إِذْ خَلَعَ نَعْلَيْهِ فَوَضَعَهُمَا عَنْ يَسَارِهِ فَلَما رَأَى ذَلِكَ الْقَوْمُ أَلْقَوْا نِعَالَهُمْ فَلَما قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاتَهُ قَالَ مَا حَمَلَكُمْ عَلَى إِلْقَاءِ نِعَالِكُمْ قَالُوا رَأَيْنَاكَ أَلْقَيْتَ نَعْلَيْكَ فَأَلْقَيْنَا نِعَالَنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن جِبْرِيلَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَانِي فَأَخْبَرَنِي أن فِيهِمَا قَذَرًا أَوْ قَالَ أَذًى وَقَالَ إِذَا جَاءَ أَحَدُكُمْ إِلَى الْمَسْجِدِ فَلْيَنظُرْ فَإِنْ رَأَى فِي نَعْلَيْهِ قَذَرًا أَوْ أَذًى فَلْيَمْسَحْهُ وَلْيُصَل فِيهِمَا.

1281 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە ئىمام

[1] ئەلبانى (352): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (354): سەھىھ ـ دېگەن.

بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، نامازدا تۇرۇپ ئايىغىنى سېلىپ سول تەرىپىدە قويۇپ قويدى، بۇنى كۆرگەن ساھابىلەرمۇ ئاياغلىرىنى سېلىپ قويۇپ قويدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاياغلىرىڭلارنى سالىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ـ بىز سېنىڭ سالغانلىقىڭنى كۆرۈپ سېلىۋەتتۇق، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جىبرىئىل كېلىپ ماڭا ئايىغىمدا نىجاسەت بارلىقىنى خەۋەر قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن سالدىم. مەسجىدكە كەلگەندە، ئايىغىڭلارغا قاراڭلار. ئەگەر ئاياغدا نىجاسەت بولسا، ئۇنى سۈرتىۋېتىپ ئاياغ بىلەن ناماز ئوقۇۋەرسەڭلار بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 650)

1282 - عَنْ يَعْلَى بْنِ شَدَادِ بْنِ أَوْسٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَالِفُوا الْيَهُودَ فَإِنهُمْ لَا يُصَلونَ فِي نِعَالِهِمْ وَلَا خِفَافِهِمْ.

1282ـ يەئلا ئىبنى شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق تەلىم بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ئىش قىلماڭلار، ئۇلار ئاياغ ۋە ئۆتۈكلىرى بىلەن ناماز ئوقۇمايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 652)

1283 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا صَلى أَحَدُكُمْ فَخَلَعَ نَعْلَيْهِ فَلَا يُؤْذِ بِهِمَا أَحَدًا لِيَجْعَلْهُمَا بَيْنَ رِجْلَيْهِ أَوْ لِيُصَل فِيهِمَا.

1283 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق تەلىم بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

---

[1] ئەلبانى (605): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (607): سەھىھ ـ دېگەن.

«ئەگەر ئايىغىڭلارنى سىلىۋېتىپ ناماز ئوقۇساڭلار، باشقىلارغا ئازار بەرمەستىن، پۇتىڭلارنىڭ ئارىلىقىغا قويۇڭلار ياكى سالماي ئاياغ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 655)

1284 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَن جَدَتَهُ مُلَيْكَةَ دَعَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِطَعَامٍ صَنَعَتْهُ لَهُ فَأَكَلَ مِنْهُ ثُم قَالَ قُومُوا فَلِأُصَل لَكُمْ قَالَ أَنَسٌ فَقُمْتُ إِلَى حَصِيرٍ لَنَا قَدْ اسْوَد مِنْ طُولِ مَا لُبِسَ فَنَضَحْتُهُ بِمَاءٍ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَصَفَفْتُ وَالْيَتِيمَ وَرَاءَهُ وَالْعَجُوزُ مِنْ وَرَائِنَا فَصَلى لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى الله عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَتَيْنِ ثُم انْصَرَفَ.

1284 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مالىكنىڭ چوڭ ئانىسى مۇلەيكە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاماققا چاقىرغان ئىكەن، تاماقتىن كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي، ـ دېدى. ئۆزۈمدىن بىرى ئىشلەتمەي قارىداپ كەتكەن بىر بورىمىز بار ئىدى، مەن ئۇنى سۇ سېپىپ تازىلىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭ ئۈستىدە) نامازغا تۇردى. مەن بىر يېتىم بالا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا سەپ بولۇپ تۇردۇم. بىزنىڭ ئارقىمىزدا ياشىنىپ قالغان چوڭ ئانام تۇردى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ قايتىپ كەتتى.

(بۇخارى: 380)

1285 - عَنْ مَيْمُونَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي وَأَنَا حِذَاءَهُ وَأَنَا حَائِضٌ وَرُبمَا أَصَابَنِي ثَوْبُهُ إِذَا سَجَدَ قَالَتْ وَكَانَ يُصَلي عَلَى الْخُمْرَةِ.

[1] ئەلبانى (610): سەھىھ ـ دېگەن.

1285 ـ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەيزدار ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جايىنامازنى مېنىڭ يېنىمغا سېلىپ ناماز ئوقۇيتتى. سەجدە قىلغاندا كىيىم ـ كېچەكلىرى ماڭا تېگىپ قالاتتى.

(بۇخارى: 379)

1286 - عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي عَلَى الْحَصِيرِ وَالْفَرْوَةِ الْمَدْبُوغَةِ.

1286 ـ مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بورا ۋە ئاشلىغان تېرە ئۈستىدە ناماز ئوقۇيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 659)

1287 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كُنا نُصَلي مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي شِدةِ الْحَر فَإِذَا لَمْ يَسْتَطِعْ أَحَدُنَا أَنْ يُمَكنَ جَبْهَتَهُ مِنْ الْأَرْضِ بَسَطَ ثَوْبَهُ فَسَجَدَ عَلَيْهِ.

1287 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قاتتىق ئىسسىق كۈنلەردە بىرگە ناماز ئوقۇيتتۇق، ئەگەر بىرەرسىمىز ئىسسىقتىن پېشانىسىنى يەرگە قويالمىسا، كىيىمىنى سېلىپ، شۇنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلاتتى.

(مۇسلىم: 620)

1288 - البراء رفعه: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلوا فِي مَرَابِضِ الْغَنَمِ فإنها بركة ، وَلَا تُصَلوا فِي أَعْطَانِ الْإِبِلِ فَإِنهَا مِنْ الشيَاطِينِ.

1288 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (128): زەئىپ، ـ دېگەن.

«قوي قوتۇنىدا ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ، قوي دېگەن بەرىكەت. تۆگىنىڭ قوتىنىدا ناماز ئوقۇماڭلار، چۈنكى تۆگىدە شەيتاننىڭ خۇيى بار»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 184)

1289 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى أنْ يُصَلى فِي سَبْعَةِ مَوَاطِنَ فِي الْمَزْبَلَةِ وَالْمَجْزَرَةِ وَالْمَقْبَرَةِ وَقَارِعَةِ الطرِيقِ وَفِي الْحَمامِ وَفِي مَعَاطِنِ الْإِبِلِ وَفَوْقَ ظَهْرِ بَيْتِ اللهِ.

1289 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆۋەندىكى يەتتە ئورۇندا ناماز ئوقۇشتىن توسقان: ئەخلەتخانىدا، قۇشخانىدا، قەبرىستاندا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا، هاممام، تۆگە قوتانلىرىدا ۋە كەبىنىڭ ئۈستىدە[②].

(تىرمىزى: 346)

1290 - عن إِبْرَاهِيمُ التيْمِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَمِعْتُ أَبا ذَر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أي مَسْجِدٍ وُضِعَ فِي الْأَرْضِ أولَ قَالَ الْمَسْجِدُ الْحَرَامُ قَالَ قُلْتُ ثُم أي قَالَ الْمَسْجِدُ الْأَقْصَى قُلْتُ كَمْ كَانَ بَيْنَهُمَا قَالَ أَرْبَعُونَ سَنَةً ثُم أَيْنَمَا أَدْرَكَتْكَ الصلَاةُ بَعْدُ فَصَلهْ فَإِن الْفَضْلَ فِيهِ.

1290 - ئىبراھىم تەيمىي دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

— مەن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

- پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— زېمىندا تۇنجى قېتىم سېلىنغان مەسجىد قايسى؟ - دەپ سورىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ھەرام مەسجىدى، - دېدى.

---

[①] ئەلبانى (169): سەھىھ - دېگەن.

[②] ئەلبانى (53): زەئىپ، - دېگەن.

ــ ئۇندىن كېيىنچۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ ئەقسا مەسجىدى، ـ دېدى.

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەن، ـ دەپ سورىسام:

ــ قىرىق يىل ۋاقىت ئۆتكەن، ـ دېدى. ئاندىن:

ــ مەيلى قەيەردە بولمىغىن، ناماز ۋاقتى كىرىپلا قالسا، شۇ يەردە ناماز ئوقۇغىن. پەزىلەت مانا مۇشۇنىڭدا (يەنى نامازنى ۋاقتىدا قىلىشتا)، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3366)

1291 - عَنْ عَائِشَةَ، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يُصَلي حَيْثُ مَا دَنا مِنَ الْبَيتِ، فَقَالَتْ لَهُ عَائِشَةُ: يَا رَسُولَ اللهِ، رُبمَا صَليْتَ فِي الْمَكَانِ الذِي يَمُر فِيهِ الْحَائِR̀، فَلَوْ أَنكَ اتخَذْتَ مَسْجِدًا تُصَلي فِيهِ، فَقَالَ: "عَجَبًا لَكِ يَا عَائِشَةُ، أَمَا عَلِمْتِ أَن الْمُؤْمِنَ تُطَهرُ سَجْدَتُهُ مَوْضِعَهَا إِلَى سَبْعِ أَرَضِينَ".

1291 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆينىڭ قەيېرى ئۇدۇل كەلسە شۇ يېرىدە ناماز ئوقۇيتتى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ھەيزدار ئاياللار ماڭغان يەردە ناماز ئوقۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر يەرنى مەخسۇس ناماز ئوقۇيدىغان قىلىۋالغان بولساڭ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئائىشە! بۇ ئەجەبلىنەرلىك گەپ بولدى، مۇئمىنىنىڭ سەجدىسى سەجدە قىلىنغان يەرنى يەتتە قات زېمىنغىچە پاكلايدىغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (1933): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ سەنەدىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى سالىھنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىراق ئابدۇلمەلىك ئىبنى شۇئەيل ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئامانەتدار كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ـ دېگەن.

1292 - عَنْ أبي سعيد وعَلِي وَعَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو وَأَبِي هُرَيْرَةَ وَجَابِرٍ وَابْنِ عَبَّاسٍ وَحُذَيْفَةَ وَأَنسٍ وَأَبِي أُمَامَةَ وَأَبِي ذَر قَالُوا إن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جُعِلَتْ لِي الْأَرْضُ مَسْجِدًا وَطَهُورًا.

1292 ـ ئەبۇ سەئىد، ئەلى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر، ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، ئىبنى ئابباس، ھۇزەيفە، ئەنەس، ئەبۇ ئۇمامە ۋە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«زېمىن مەن ئۈچۈن پاكىز جاي ۋە مەسجىد قىلىپ بېرىلدى»[1].

(تىرمىزى: 1553)

1293 - عَنْ أَبِي صَالِحٍ الْغِفَارِي أن عَلِيًا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ مَر بِبَابِلَ وَهُوَ يَسِيرُ فَجَاءَهُ الْمُؤَذِنُ يُؤذِنُ بِصَلَاةِ الْعَصْرِ فَلما بَرَزَ مِنْهَا أَمَرَ الْمُؤَذِنَ فَأَقَامَ الصلَاةَ فَلما فَرَغَ قَالَ إِن حَبِيبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَانِي أَنْ أُصَليَ فِي الْمَقْبَرَةِ وَنَهَانِي أَنْ أُصَليَ فِي أَرْضِ بَابِلَ فَإِنهَا مَلْعُونَةٌ.

1293 ـ ئەبۇ سالىھ غىفارى مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بابىل شەھىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، مۇئەززىنى ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كەلدى. بىراق ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇ يەردە ناماز ئوقۇماستىن يۈرۈپ) بابىلدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن مۇئەززىننى چاقىرىپ، نامازغا تەكبىر ئوقۇشقا بۇيرىدى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قەبرىستاندا ۋە بابىل زېمىنىدا ناماز ئوقۇشتىن توسقان، چۈنكى ئۇ يەر مەلئۇن زېمىندۇر، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 490)

---

[1] ئەلبانى (1257): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (93): زەئىپ، ـ دېگەن.

1294 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي فِي السفَرِ عَلَى رَاحِلَتِهِ حَيْثُ تَوَجهَتْ بِهِ يُومِئُ إِيمَاءً صَلَاةَ الليْلِ إِلا الْفَرَائِضَ وَيُوتِرُ عَلَى رَاحِلَتِهِ.

1294 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقسا، تەھەججۇت نامىزىنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرغان پېتى، ئۇلاغ قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭسا ماڭسۇن، ئىشارەت قىلىپ ئوقۇۋېرەتتى، ھەتتا ۋىترىنىمۇ ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇيتتى، ئەمما پەرز نامازنى ئۇنداق ئوقۇمايتتى.

(بۇخارى: 1000)

1295 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُسَبحُ عَلَى ظَهْرِ رَاحِلَتِهِ ولم يذكر في السفر.

1295 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نەپلە ناماز ئوقۇيتتى. بۇ رىۋايەتتە: «سەپەردە» دېگەن سۆز زىكرى قىلىنمىغان.

(بۇخارى: 1105)

1296- عَنْ جَابِرٍ قَالَ بَعَثَنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَاجَةٍ فَجِئْتُ وَهُوَ يُصَلي عَلَى رَاحِلَتِهِ نَحْوَ الْمَشْرِقِ وَالسجُودُ أَخْفَضُ مِنْ الركُوعِ.

1296 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرىغان ئىدى، مەن ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ كەلسەم، ئۇلاغ ئۈستىدە شەرق تەرەپكە قاراپ (ئىشارەت قىلىپ) ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. (مەن قاراپ تۇردۇم) سەجدىنى رۇكۇدىن پەسرەك قىلدى[1].

(تىرمىزى:351)

---

[1] ئەلبانى (287): سەھىھ ـ دېگەن.

1297 - عن جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي عَلَى رَاحِلَتِهِ نَحْوَ الْمَشْرِقِ فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يُصَليَ الْمَكْتُوبَةَ نَزَلَ فَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ.

1297 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە شەرق تەرەپكە قاراپ نەپلە ناماز ئوقۇيتتى، ئەگەر پەرز نامازنى ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلاغدىن چۈشۈپ قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى.

(بۇخارى: 1099)

1298 - عَنْ عَمْرِو بْنِ عُثْمَانَ بْنِ يَعْلَى بْنِ مُرةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَنهُمْ كَانُوا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي مَسِيرٍ فَانْتَهَوْا إِلَى مَضِيقٍ وَحَضَرَتْ الصلَاةُ فَمُطِرُوا السمَاءُ مِنْ فَوْقِهِمْ وَالْبِلةُ مِنْ أَسْفَلَ مِنْهُمْ فَأَذنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ عَلَى رَاحِلَتِهِ وَأَقَامَ أَوْ أَقَامَ فَتَقَدمَ عَلَى رَاحِلَتِهِ فَصَلى بِهِمْ يُومِئُ إِيمَاءً يَجْعَلُ السجُودَ أَخْفَضَ مِنْ الركُوعِ.

1298 ـ ئەمر ئىبنى ئوسمان ئىبنى يەئلا ئىبنى مۇررە دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە سەپەردە ئىدۇق، تار بىر ئورۇنغا يېتىپ كەلگەندە، نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالدى. يامغۇر يېغىۋاتقان بولغاچقا زېمىن ھۆل ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەزان ئوقۇپ، تەكبىر چۈشۈردى ۋە ئۇلىغى بىلەن ئالدىمىزغا ئۆتۈپ، ئىمام بولۇپ، ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇپ بەردى. سەجدىنى رۇكۇدىن پەسرەك قىلدى[1].

(تىرمىزى: 411)

1299 - عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْمُزَنِي، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِذَا كُنْتُمْ فِي الْقَصَبِ، أَوِ الثلْجِ، أَوِ الردَاغِ، فَحَضَرَتِ الصلاةُ، فَأَوْمِئُوا إِيمَاءً".

---

[1] ئەلبانى (65): سەنەدى زەئىپ.ـ دېگەن.

1299 ـ ئەلقەمە ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر سىلەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە قۇمۇشلۇقتا ياكى قاردا ۋە ياكى پاتقاقلىقتا بولساڭلار، نامازنى ئىشارەت بىلەن ئوقۇڭلار»[1].

(«ئەلكەبىر»)

1300 - عَنْ جَعْفَرٍ، "أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَهُ أَنْ يُصَليَ في السـفينة قَائِمًا إلا أَنْ يَخْشَى الْغَرَق.

1300 ـ جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قورقمىسام، كېمىدە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا بۇيرىدى[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

1301 - عن عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبِي رَبَاحٍ أَنهُ سَأَلَ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا هَلْ رُخـص لِلنسَاءِ أَنْ يُصَلينَ عَلَى الدوَاب قَالَتْ لَمْ يُرَخصْ لَهُن فِي ذَلِكَ فِي شِدةٍ وَلَا رَخَـاءٍ قَـالَ مُحَمدٌ هَذَا فِي الْمَكْتُوبَةِ.

1301 ـ ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـ ئاياللارنىڭ ئۇلاغ ئۈستىدە ناماز ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىنغانمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئاياللارغا ئۇلاغ ئۈستىدە ناماز ئوقۇشى راھەت ـ پاراغەتتىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىمۇ (يەنى ھەرقانداق شارائىتتا) رۇخسەت قىلىنمىغان، ـ

[1] ھەيسەمى (2980): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى قەزا ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2991): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىر راۋىي بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. سەنەدى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىۋاستە تۇتۇشىدۇ، ـ دېگەن.

دېدى[1]. مۇھەممەد (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: بۇ، پەرز نامازلار ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزدۇر.

(ئەبۇ داۋۇد: 1228)

1302- عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اجْعَلُوا فِي بُيُوتِكُمْ مِنْ صَلَاتِكُمْ وَلَا تَتخِذُوهَا قُبُورًا.

1302ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىقتا ئوخشىتىۋالماي، ناماز ئوقۇپ تۇرۇڭلار».

(بۇخارى: 432)

1303- عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَسْتَحِب الصلَاةَ فِي الْحِيطَانِ قَالَ أَبو دَاوُدَ يَعْنِي الْبَسَاتِينَ.

1303ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باغلاردا ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى[2].

(تىرمىزى: 334)

1304 - بَهْزُ بْنُ حَكِيمٍ حَدثَنِي أَبِي عَنْ جَدي قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ عَوْرَاتُنَا مَا نَأْتِي مِنْهَا وَمَا نَذَرُ قَالَ احْفَظْ عَوْرَتَكَ إلا مِنْ زَوْجَتِكَ أَوْ مَا مَلَكَتْ يَمِينُكَ فَقَالَ الرجُلُ يَكُونُ مَعَ الرجُلِ قَالَ إنْ اسْتَطَعْتَ أَنْ لَا يَرَاهَا أَحَدٌ فَافْعَلْ قُلْتُ وَالرجُلُ يَكُونُ خَالِيًا قَالَ فَاللهُ أَحَق أَنْ يُسْتَحْيَا مِنْهُ.

1304 ـ بەھز ئىبنى ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

[1] ئەلبانى (1087): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (52): زەئىپ ـ دېگەن.

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەۋرىتىمىزنى قەيەرلەردە يېپىپ، قەيەرلەردە ياپمىساق بولىدۇ؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەۋرىتىڭنى ئۆزەڭنىڭ ئايالىڭ ياكى دېدىكىڭدىن باشقىلارغا ئاچمىغىن، - دېدى.

- ئەگەر ئەر كىشى بولسىچۇ؟ - دەپ سورىسام:

- ئەگەر باشقىلارغا كۆرسەتمەيدىغان ئىمكانىڭ بولسا ھېچ كىمگە كۆرسەتمە، - دېدى.

- ئەگەر ئەر كىشى يالغۇز بولسىچۇ؟ - دەپ سورىسام:

- الله ھايا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق زاتتۇر (يەنى ئەتراپتا ھېچكىم بولمىسىمۇ، الله تائالادىن ھايا قىلىش لازىم)، - دېدى[①].

(تىرمىزى: 2769)

1305 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنظُرُ الرجُلُ إِلَى عَوْرَةِ الرجُلِ وَلَا تَنظُرُ الْمَرْأَةُ إِلَى عَوْرَةِ الْمَرْأَةِ وَلَا يُفْضِي الرجُلُ إِلَى الرجُلِ فِي الثوْبِ الْوَاحِدِ وَلَا تُفْضِي الْمَرْأَةُ إِلَى الْمَرْأَةِ فِي الثوْبِ الْوَاحِدِ.

1305 - ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەرلەر بىر - بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئاياللارمۇ ھەم بىر - بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن. ئىككى ئەر كىشى بىر يوتقاندا ياتمىسۇن، ئىككى ئايال كىشىمۇ بىر يوتقاندا ياتمىسۇن»[②].

(تىرمىزى: 2793)

1306 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُفْضِيَن رَجُلٌ

---

[①] ئەلبانى (2222): ھەسەن، - دېگەن.

[②] ئەلبانى (2243): سەھىھ - دېگەن.

إِلَى رَجُلٍ وَلَا امْرَأَةٌ إِلَى امْرَأَةٍ إِلا وَلَدًا أَوْ وَالِدًا.

1306 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى ئەر ياكى ئىككى ئايال بىر يوتقاندا ياتمىسۇن. ئەمما ئاتا ـ بالا بولسا بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4019)

1307 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِياكُمْ وَالتعَرِيَ فَإِن مَعَكُمْ مَنْ لَا يُفَارِقُكُمْ إِلا عِنْدَ الْغَائِطِ وَحِينَ يُفْضِي الرجُلُ إِلَى أَهْلِهِ فَاسْتَحْيُوهُمْ وَأَكْرِمُوهُمْ.

1037 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يالىڭاچلىنىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار، چۈنكى ھاجەتخانىغا كىرگەن ۋە ئاياللىرىڭلار بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىتتىن باشقا چاغدا پەرىشتىلەر داۋاملىق سىلەر بىلەن بىللە. شۇڭا ئۇ پەرىشتىلەردىن ھايا قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار»[2].

(تىرمىزى: 2800)

1308 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا زَوجَ أَحَدُكُمْ خَادِمَهُ عَبْدَهُ أَوْ أَجِيرَهُ فَلَا يَنْظُرْ إِلَى مَا دُونَ السرةِ وَفَوْقَ الركْبَةِ.

1308 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىرىڭلار دېدىكىنى قۇلى ياكى ئىشچىسى بىلەن ئۆيلەپ قويسا، (تويدىن كېيىن) ئۇ دېدەكنىڭ كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ

[1] ئەلبانى (868): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (529): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئارىلىقىغا قارىمىسۇن»[①]. (يەنى دېدىكىنى ئەرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن خوجايىنىغا دېدىكىنىڭ كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىغا قاراش ھارام بولىدۇ).

(ئەبۇ داۋۇد: 4114)

1309 - عَنْ عَلِي أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُبرِزْ فَخِذَكَ وَلَا تَنظُرَن إِلَى فَخِذِ حَي وَلَا مَيتٍ.

1309 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

«يوتاڭنى باشقىلارغا كۆرسەتمىگىن، تىرىك ياكى ئۆلۈكنىڭ يوتىسىغىمۇ قارىمىغىن» دېگەن[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3140)

1310 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْفَخِذُ عَوْرَةٌ.

1310 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يوتا ـــ ئىنساننىڭ ئەۋرىتىدۇر» دېگەن[③].

(تىرمىزى: 2798)

1311 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي، قَالَ: وَقَفَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْأَسْوَافِ، وَبِلَالٌ مَعَهُ، فَدَلى رِجْلَيْهِ فِي الْبِئْرِ، وَكَشَفَ عَنْ فَخِذَيْهِ، فَجَاءَ أَبُو بَكْرٍ يَسْتَأْذِنُ، فَقَالَ: "يَا بِلَالُ، ائْذَنْ لَهُ، وَبَشرْهُ بِالْجَنةِ" فَدَخَلَ أَبُو بَكْرٍ، فَجَلَسَ عَلَى يَمِينِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، وَدَلى رِجْلَيْهِ فِي الْبِئْرِ، فَكَشَفَ عَنْ فَخِذَيْهِ، ثُم جَاءَ عُمَرُ يَسْتَأْذِنُ، فَقَالَ: "ائْذَنْ لَهُ يَا بِلَالُ، وَبَشرْهُ بِالْجَنةِ" فَدَخَلَ، فَجَلَسَ عَلَى يَسَارِ رَسُولِ اللهِ

---

[①] ئەلبانى (3466): ھەسەن. ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (687): ئىنتايىن زەئىپ. ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2245): سەھىھ. ـ دېگەن.

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدَلى رِجْلَيْهِ فِي الْبِئْرِ، وَكَشَفَ عَنْ فَخِذَيْهِ، ثُم جَاءَ عُثْمَانُ يَسْتَأْذِنُ فَقَالَ: "ائْذَنْ لَهُ يَا بِلاَلُ وَبَشرْهُ بِالْجَنةِ عَلَى بَلْوَى تُصِيبُهُ" فَدَخَلَ عُثْمَانُ فَجَلَسَ قُبَالَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدَلى رِجْلَيْهِ فِي الْبِئْرِ وكَشَفَ عَنْ فَخِذَيْهِ.

1311 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسۋاف دېگەن يەردە توختىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى پۇتىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ، يوتىسىنى ئېچىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالغا:

ـ ئۇنى كىرگۈزگىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگىن! ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردى ۋە يوتىسىنى ئېچىپ، ئىككى پۇتىنى قۇدۇققا ساڭگىلاتتى. ئۇندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالغا:

ـ ئۇنى كىرگۈزگىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگىن! ـ دېدى. ئۆمەر كىرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇردى ۋە يوتىسىنى ئېچىپ، ئىككى پۇتىنى قۇدۇققا ساڭگىلاتتى. ئۇندىن كېيىن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالغا:

ـ ئۇنىمۇ كىرگۈزگىن ۋە بېشىغا كېلىدىغان مۇسىبەت سەۋەبىدىن، ئۇنىڭغىمۇ جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگىن! ـ دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، يوتىسىنى ئېچىپ، پۇتىنى قۇدۇققا ساڭگىلاتتى[1].
(«ئەلئەۋسەت»)

1312 - عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ، عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، قَالَ: "لا بَأْسَ أَنْ يُقَلِّبَ الرَّجُلُ الْجَارِيَةَ إِذَا أَرَادَ أَنْ يَشْتَرِيَهَا، مَا خَلا عَوْرَتَهَا، مَا بَيْنَ رُكْبَتِهَا إِلَى مَقْعَدِ إِزَارِهَا".

1312 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«دېدەك سېتىۋالماقچى بولغانلار ئۇنىڭ ئەۋرىتىدىن يەنى تىزى بىلەن بېلى ئارىلىقىدىن باشقا يەرگە ئالدى ۋە كەينىدىن قارىسا بولىدۇ»[2].
(«ئەلكەبىر»: 10773)

1313 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يُصَلِّي أَحَدُكُمْ فِي الثَّوْبِ الْوَاحِدِ لَيْسَ عَلَى عَاتِقَيْهِ مِنْهُ شَيْءٌ.

1313 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:
«ئىككى ئۆشنىنى ياپمايدىغان كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇماڭلار!»
(مۇسلىم: 516)

1314 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا صَلَّى أَحَدُكُمْ فِي ثَوْبٍ فَلْيُخَالِفْ بِطَرَفَيْهِ عَلَى عَاتِقَيْهِ.

1314 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (14377): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستازى ئەلى ئىبنى سەئىدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئۇ كىشىنىڭ ھەدىسىمۇ ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2237): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالىھ ئىبنى ھەسسان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. بىراق ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان.

«ئەگەر بىر پارچە رەخت بىلەن يۆگىنىپ ناماز ئوقۇماقچى بولساڭلار، رەختنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئۆشنەڭلارغا چاپراس قىلىپ ئارتىۋېلىڭلار!»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 627)

1315 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن سَائِلًا سَأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الصلَاةِ فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوَلِكُلكُمْ ثَوْبَان.

1315 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇش ھەققىدە سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەممىڭلارنىڭ ئىككىدىن كىيىمى بارمىدى؟!» دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 358)

1316 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ ثُم سَأَلَ رَجُلٌ عُمَرَ فَقَالَ إِذَا وَسعَ اللهُ فَأَوْسِعُوا، جَمَعَ رَجُلٌ عَلَيْهِ ثِيَابَهُ، صَلى رَجُلٌ فِى إِزَارٍ وَرِدَاءٍ، فِى إِزَارٍ وَقَمِيصٍ، فِى إِزَارٍ وَقَبَاءٍ، فِى سَرَاوِيلَ وَرِدَاءٍ، فِى سَرَاوِيلَ وَقَمِيصٍ، فِى سَرَاوِيلَ وَقَبَاءٍ، فِى تُبَانٍ وَقَبَاءٍ، فِى تُبَانٍ وَقَمِيصٍ - قَالَ وَأَحْسِبُهُ قَالَ - فِى تُبَانٍ وَرِدَاءٍ.

1316 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كېيىن يەنە بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ سوئالنى سورىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ الله تائالا سىلەرگە كۆپ بەرسە، سىلەرمۇ كەڭ ـ تاشا ئىشلىتىڭلار. ئەگەر بىر كىشىنىڭ بىردىن ئارتۇق كىيىمى بولسا، ئۇنى كىيىۋالسۇن. ئىشتان[2] بىلەن يەكتەك، ئىشتان بىلەن كۆينەك، ئىشتان بىلەن تون، كالتە ئىشتان بىلەن يەكتەك، كالتە ئىشتان بىلەن كۆينەك، كۇسار بىلەن تون، كۇسار بىلەن

[1] ئەلبانى (586): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى جەنۇبىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئىشتان ئورنىدا بېلىدىن يۆگىۋالىدىغان ئەنئەنىۋى كىيىم بولۇپ، بۇ كىيىمنىڭ ئەرەپچىدىكى ئىسمى ئىزار.

كۆينەك كىيىپ ناماز ئوقۇغىلار، ـ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: پەرىزىمچە، كۇسار بىلەن يەكتەكنىمۇ تىلغا ئالغان، ـ دەيدۇ.

(بۇخارى: 365)

1317 - عَنْ أَنسٍ قَالَ آخِرُ صَلَاةٍ صَلاهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ الْقَوْمِ صَلى فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ مُتَوَشحًا خَلْفَ أَبِي بَكْرٍ.

1317 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان ئاخىرقى نامىزى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدا بىرلا كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ئوقۇغان ناماز ئىدى[1].

(نەسائى: 785)

1318 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ مُتَوَشحًا بِهِ يَتقِي بِفُضُولِهِ حَر الْأَرْضِ وَبَرْدَهَا.

1318 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر رەختكە يۆگەنگەن ھالدا ناماز ئوقۇدى، رەختنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان يەرلىرىنى (سەجدە قىلغاندا) زېمىننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلەتتى[2].

(ئەھمەد: 2316)

1319 - عن أبي عبد الرحمن حاضن عائشة قال رأيت النبي صلى الله عليه وسلم وعائشة يصليان في ثوب واحد نصفه على النبي صلى الله عليه وسلم ونصفه على عائشة.

1319 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ باققۇچىسى ئەبۇ ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

---

[1] ئەلبانى (757): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2198): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ۋەسەللەم بىلەن ئائىشەنىڭ بىر رەختتە ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگەنىدىم، كىيىمنىڭ يېرىمى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈستىدە، يەنە بىر يېرىمى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىدە ئىدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

1320 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُصَليَ فِي لِحَافٍ لَا يَتَوَشحُ بِهِ وَالْآخَرُ أَنْ تُصَليَ فِي سَرَاوِيلَ وَلَيْسَ عَلَيْكَ رِدَاءٌ.

1320 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېپىنچىنى ئۈستىگە ئارتىپلا، يۆگەنمەستىن ناماز ئوقۇشتىن ۋە يەكتەكسىز كالتە ئىشتان بىلەنلا ناماز ئوقۇشتىن توسقان»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 636)

1321- عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ كَانَ رِجَالٌ يُصَلونَ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَاقِدِي أُزْرِهِمْ عَلَى أَعْنَاقِهِمْ كَهَيْئَةِ الصبْيَانِ وَيُقَالُ لِلنسَاءِ لَا تَرْفَعْنَ رُءُوسَكُن حَتى يَسْتَوِيَ الرجَالُ جُلُوسًا

1321 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيدىغان خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر تامباللىرىنى خۇددى كىچىك بالىلاردەك بويۇنلىرىغا چىگىۋالاتتى. نامازغا كەلگەن ئاياللارغا: ئەرلەر تولۇق ئولتۇرۇپ بولمىغىچە، بېشىڭلارنى سەجدىدىن كۆتۈرمەڭلار! ـــ دېيىلەتتى.

(بۇخارى: 362)

[1] ھەيسەمى (2216): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زىرار ئىبنى سەرد (ئەبۇ نۇئەيم) ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (594): ھەسەن. ـ دېگەن.

1322 - عَنْ عَائِشَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهُ قَالَ لَا يَقْبَلُ اللهُ صَلَاةَ حَائِضٍ إلا بِخِمَارٍ

1322 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بالاغەتكە يەتكەن قىز بېشىنى يۆگەپ ناماز ئوقۇمىسا، الله تائالا ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەنىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 641)

1323 - عَنْ أُم سَلَمَةَ أنهَا سَألَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أتُصَلي الْمَرْأةُ فِي دِرْعٍ وَخِمَارٍ لَيْسَ عَلَيْهَا إزَارٌ قَالَ إذَا كَانَ الدرْعُ سَابِغًا يُغَطي ظُهُورَ قَدَمَيْهَا

1323 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئايال كىشى كۆينەك ۋە ياغلىق بىلەن ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر كۆينەك پۇتلىرىنىڭ ئۈچىنى يۆگىگىدەك دەرىجىدە ئۇزۇن بولسا بولىدۇ، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 640)

1324 - عَنْ عَائِشَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى فِي خَمِيصَةٍ لَهَا أعْلَامٌ فَنظَرَ إلَى أعْلَامِهَا نظْرَةً فَلَما انْصَرَفَ قَالَ اذْهَبُوا بِخَمِيصَتِي هَذِهِ إلَى أبِي جَهْمٍ وَأْتُونِي بِأنْبِجَانِيةِ أبِي جَهْمٍ فَإنهَا ألْهَتْنِي آنِفًا عَنْ صَلَاتِي.

1324 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر دانە يوللۇق كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئۇنىڭ يوللىرىغا قاراپ سالدى، نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن:

---

[①] ئەلبانى (596): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (126): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ بۇ كىيىمنى ئەبۇ جەھمگە ئاپىرىپ بېرىپ، ماڭا ئەبۇ جەھمنىڭ پەلتۇسىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار. چۈنكى بۇ كىيىم نامازدا دىققىتىمنى چېچىۋەتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 373)

1325 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَرْجِسَ، أَنّ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَـلى يَوْمًـا، وَعَلَيْهِ نَمِرَةٌ، فَقَالَ لِرَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِهِ: "أَعْطِنِي نَمِرَتَكَ، وَخُذْ نَمِرَتي"، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، نَمِرَتُكَ أَجْوَدُ مِنْ نَمِرَتي، قَالَ: "أَجَلْ، وَلَكِنْ فِيهَا خَيْطٌ أَحْمَرُ، فَخَشِيتُ أَنْ أَنظُـرَ إِلَيْهَا فتفتنا‡ عن صلاζ".

1325 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يوللۇق تون بىلەن ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، ساھابىلىرىدىن بىرىگە:

ـ سەن بۇ توننى ئېلىپ، سېنىڭكىنى ماڭا بەرگىن، ـ دېدى. ئۇ ساھابە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭكى مېنىڭكىدىن ياخشى تۇرسا؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ توغرا، لېكىن مېنىڭكىدە قىزىل رەڭلىك بىر تال يىپ بار، مەن نامىزىمدا شۇنىڭغا قاراپ سېلىپ، دىققىتىمنىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

1326 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ أُهْدِيَ إِلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَروجُ حَرِيرٍ فَلَبِسَهُ فَصَلى فِيهِ ثُم انْصَرَفَ فَنَزَعَهُ نَزْعًا شَدِيدًا كَالْكَارِهِ لَهُ وَقَالَ لَا يَنْبَغِي هَذَا لِلْمُتقِينَ.

1326 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت

[1] ھەيسەمى (2224): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېپەكتىن تىكىلگەن، كەينىدە چىكى بار بىر تون ھەدىيە قىلىندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كىيىپ ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، خۇددى ئۇ كىيىمگە ئۆچ بولۇپ كەتكەندەك، ناھايىتى تېزلىك بىلەن سېلىۋەتتى ۋە: «بۇ خىل كىيىملەر تەقۋادار كىشىلەرگە لايىق ئەمەس» دېدى.

(بۇخارى: 375)

1327 - عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ لِبسَتَيْنِ اشْتِمَالُ الصماءِ وَالصماءُ أَنْ يَجْعَلَ ثَوْبَهُ عَلَى أَحَدِ عَاتِقَيْهِ فَيَبْدُو أَحَدُ شِقَّيْهِ لَيْسَ عَلَيْهِ ثَوْبٌ وَاللِّبسَةُ الْأُخْرَى احْتِبَاؤُهُ بِثَوْبِهِ وَهُوَجَالِسٌ لَيْسَ عَلَى فَرْجِهِ مِنْهُ شَيْءٌ.

1327 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىم كىيىشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل شەكلىدىن توسقان: بىرى، بىر دولىنى يۆگەپ يەنە بىر دولىنى ئوچۇق قويۇش، يەنە بىرى، زوڭ ئولتۇرۇپ، ئەۋرىتىگە بىر نەرسە ياپماستىن ئۆچىسىغا بىر تال كىيىمنى ئارتىۋېلىش».

(بۇخارى: 5820)

1328 - عن عَلِي قَالَ: كُنا جُلُوسًا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَطَلَعَ عَلَيْنَا رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْعَالِيَةِ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَخْبِرْنِي بِأَشَد شَيْءٍ فِي هَذَا الدينِ وَأَلْيَنِهِ، قَالَ: أَلْيَنُهُ شَهَادَةُ أَنْ لا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، وَأَشَدهُ يَا أَخَا الْعَالِيَةِ الْأَمَانَةُ، إِنهُ لا دِينَ لِمَنْ لا أَمَانَةَ لَهُ وَلا صَلاةَ لَهُ وَلا زَكَاةَ لَهُ، يَا أَخَا الْعَالِيَةِ، إِنهُ مَنْ أَصَابَ مَالا مِنْ حَرَامٍ، فَأَنفَقَهُ، لَمْ يُؤْجَرْ عَلَيه، وَإِن ادخَرَهُ، كَانَ زَادُهُ إِلَى النارِ، يَا أَخَا الْعَالِيَةِ، إِنهُ مَنْ أَصَابَ مَالا مِنْ حَرَامٍ، فَلَبِسَ جِلْبَابًا يَعْنِي قَمِيصًا، لَمْ تُقْبَلْ صَلَاتُهُ حَتى يُنَحيَ ذَلِكَ الْجِلْبَابَ عَنْهُ، إِن اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَكْرَمُ وَأَجَل يَا أَخَا الْعَالِيَةِ مِنْ أَنْ يَتَقَبلَ عَمَلَ رَجُلٍ أَوْ

صَلاَتُهُ وَعَلَيْهِ جِلْبَابٌ مِنْ حَرَامٍ.

1328 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئولتۇراتتۇق، ئالىيەلىك بىر كىشى كەلدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا بۇ دىندىكى ئەڭ تەس ۋە ئەڭ ئاسان نەرسىنى دەپ بەرگىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ ئى ئالىيەلىك قېرىندىشىم! ئەڭ ئاسىنى بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشتۇر، ئەڭ تەسى ئامانەتتۇر. شەكسىزكى، ئامانەتكە رىئايە قىلمايدىغان كىشىنىڭ دىيانىتى يوق، ئۇنىڭ نامىزىمۇ مەقبۇل ئەمەس، بەرگەن زاكىتىمۇ مەقبۇل ئەمەس. ئى ئالىيەلىك قېرىنىشىم! كىمكى ھارامدىن پۇل تېپىپ ياخشى يولغا ئىشلەتسە، ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ تويلىغان مېلى جەھەننەمگە ئاپىرىدىغان نەرسىسى بولىدۇ. ئى ئالىيەلىك قېرىندىشىم! كىمكى ھارامدىن مال تېپىپ، ئۇنىڭغا كۆينەك سېتىۋېلىپ كىيگەن بولسا، شۇ كۆينەكنى سېلىۋەتمىگىچە، ئۇقۇغان نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شەكسىزكى، الله تەبارەكە ۋە تەئالا ئۇنداق ھارامدىن پۇل تېپىپ كۆينەك كىيگەن كىشىنىڭ ئەمەلىنى ياكى نامىزىنى قوبۇل قىلىشتىن بىھاجەت ۋە ئۇستۇندۇر[1].

(بەززار: 3561)

[1] ھەيسەمى (18102): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ جەنۇب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

## نامازنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى ۋە ئەركانلىرى

1329 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن ابْنَ عُمَرَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَامَ لِلصلَاةِ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتى تَكُونَا حَذْوَ مَنْكِبَيْهِ ثُم كَبرَ فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَرْكَعَ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ وَإِذَا رَفَعَ مِنْ الركُوعِ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ وَلَا يَفْعَلُهُ حِينَ يَرْفَعُ رَأْسَهُ مِنْ السجُودِ.

1329 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغاندا، ئىككى قولىنى مۈرىسىگە قەدەر كۆتۈرەتتى. ئاندىن كېيىن: «الله ئەكبەر» دەپ نامازنى باشلايتتى. رۇكۇ قىلغاندىمۇ ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىمۇ قولىنى شۇنداق كۆتۈرەتتى، ئەمما سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە قولىنى كۆتۈرمەيتتى.

(مۇسلىم: 390)

1330 - قَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ فِيهِ قُلْتُ لِنَافِعٍ أَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يَجْعَلُ الْأُولَى أَرْفَعَهُن قَالَ لَا سَوَاءً قُلْتُ أَشِرْ لِي فَأَشَارَ إِلَى الثدْيَيْنِ أَوْ أَسْفَلَ مِنْ ذَلِكَ.

1330 ـ ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: مەن نافىئدىن:

ــ ئىبنى ئۆمەر بىرىنچى قېتىمقى قول كۆتۈرۈشتە قولىنى كېيىنكىلىرىگە قارىغاندا ئېگىزرەك كۆتۈرەمتى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ياق، ھەممىسىدە ئوخشاش كۆتۈرەتتى، ـ دېدى. ئۇنىڭغا:

ــ ئۇنداق بولسا ماڭا كۆرسەتكىن! ـ دېۋىدىم، ئۇ، ئەمچىكىنىڭ ئۇدۇلىنى ياكى ئەمچىكىنىڭ تۆۋىنىنى كۆرسەتتى.

(ئەبۇ داۋۇد: 741)

1331 - عَنْ نَافِعٍ أن ابْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا دَخَلَ فِي الصلَاةِ كَبرَ وَرَفَعَ يَدَيْهِ وَإِذَا رَكَعَ

رَفَعَ يَدَيْهِ وَإِذَا قَالَ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ رَفَعَ يَدَيْهِ وَإِذَا قَامَ مِنْ الركْعَتَيْنِ رَفَعَ يَدَيْهِ وَرَفَـعَ ذَلِكَ ابْنُ عُمَرَ إِلَى نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

1331 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نامازغا تۇرغاندا، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، «الله ئەكبەر» دەپ نامازنى باشلايتتى. رۇكۇغا بارغاندا ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دېگەندە قولىنى يەنە كۆتۈرەتتى. (تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەشەھھۇدتىن كېيىن) ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندىمۇ قولىنى يەنە كۆتۈرەتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازنى مۇشۇنداق ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

(بۇخارى: 739)

1332 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ نحوه، وفيه: وَيَرْفَعُهُمَا فِي كُل تَكْبِيرَةٍ يُكَبرُهَا قَبْـلَ الركُوعِ حَتى تَنْقَضِيَ صَلَاتُهُ.

1332 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ نامازنى يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلغانغا ئوخشاش ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدا: ئۇ نامىزىنى تۈگەتكەنگە قەدەر رۇكۇدىن ئىلگىرىكى ھەر تەكبىردە ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى، - دېيىلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 722)

1333 - عَنْ عَلْقَمَةَ عَنْ عَبْدِ اللهِ أَنهُ قَالَ أَلَا أُصَلي بِكُمْ صَلَاةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَصَلى فَلَمْ يَرْفَعْ يَدَيْهِ إِلا مَرةً وَاحِدَةً.

1333 ـ ئەلقەمە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: مەن سىلەرگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىغا ئوخشاش ناماز ئوقۇپ بېرەي، - دەپ نامازغا تۇردى ۋە پۈتۈن نامازدا قولىنى

[1] ئەلبانى (663): سەھىھ - دېگەن.

پەقەت بىر قېتىملا كۆتۈردى[1].

(نەسائى: 1058)

1334- عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ كَانَ يُصَلِّي بِهِمْ فَيُكَبِّرُ كُلَّمَا خَفَضَ وَرَفَعَ فَإِذَا انْصَرَفَ قَالَ إِنِّي لَأَشْبَهُكُمْ صَلَاةً بِرَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

1334 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم رۇكۇ ـ سەجدىگە بارغىنىدا ۋە ئۇنىڭدىن باش كۆتەرگىنىدە: "اللہ ئەكبەر" دەيتتى. نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن: مەن ئاراڭلاردا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىغا ئوخشاش ناماز ئوقۇيدىغان بىردىنبىر كىشى، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 785)

1335 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا دَخَلَ فِي الصَّلَاةِ رَفَعَ يَدَيْهِ مَدًّا.

1335 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغاندا ئىككى قولىنى سوزۇپ كۆتۈرەتتى[2].

(تىرمىزى: 239)

1336 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا كَبَّرَ لِلصَّلَاةِ نَشَرَ أَصَابِعَهُ.

1336 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «اللہ ئەكبەر» دەپ، نامازغا تۇرغاندا، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئاچاتتى[3].

(تىرمىزى: 239)

---

[1] ئەلبانى (1013): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (38): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (38): زەئىپ، ـ دېگەن.

1337 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُكبِرُ وَهُوَ يَهْوِي.

1337 ـ ئەبــۇ هــۇرەيرە رەزىيەللاهــۇ ئەنهــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدىگە بارغاندا: «اللە ئەكبەر» دەيتتى[1].

(تىرمىزى: 254)

1338 - عَنْ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ عَنْ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ قَالَ رَأَيْتُ النبى -صلى الله عليه وسلم- حِينَ افْتَتَحَ الصلاَةَ رَفَعَ يَدَيْهِ حِيَالَ أُذُنَيْهِ - قَالَ - ثُم أَتَيْتُهُمْ فَرَأَيْتُهُمْ يَرْفَعُونَ أَيْدِيَهُمْ إِلَى صُدُورِهِمْ فِى افْتِتَاحِ الصلاَةِ وَعَلَيْهِمْ بَرَانِسُ وَأَكْسِيَةٌ.

1338 ـ ۋائىل ئىبن هۇجر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازغا تۇرغاندا، قولىنى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. كېيىن قېتىم كەلگىنىمدە، ساھابىلەر بۇرنۇس[2] ۋە قېلىن كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولۇپ، نامازغا تۇرغاندا قوللىرىنى كۆكسىگىچە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 728)

1339 - عَنْ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الشتَاءِ فَرَأَيْتُ أَصْحَابَهُ يَرْفَعُونَ أَيْدِيَهُم فِي ثِيَابِهِمْ فِي الصلَاةِ.

1339 ـ ۋائىل ئىبنى هۇجر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن قىشتا پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدىم، ساھابىلارنىڭ قىشلىق كىيىم كىيىۋالغان تۇرۇپمۇ نامازدا قوللىرىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم[4].

(ئەبۇ داۋۇد: 729)

[1] ئەلبانى (209): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] بۇرنۇس ـ كىيىمنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى پوسمىغا ئۇلىشىدىغان باش كىيىمى.

[3] ئەلبانى (668): سەھىھ ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (669): سەھىھ ـ دېگەن.

1340 - عَنْ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللَّهِ -صلى الله عليه وسلم- فَكَانَ إِذَا كَبَّرَ رَفَعَ يَدَيْهِ - قَالَ - ثُمَّ الْتَحَفَ ثُمَّ أَخَذَ شِمَالَهُ بِيَمِينِهِ وَأَدْخَلَ يَدَيْهِ فِى ثَوْبِهِ قَالَ فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَرْكَعَ أَخْرَجَ يَدَيْهِ ثُمَّ رَفَعَهُمَا وَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَرْفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرُّكُوعِ رَفَعَ يَدَيْهِ ثُمَّ سَجَدَ وَوَضَعَ وَجْهَهُ بَيْنَ كَفَّيْهِ وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ السُّجُودِ أَيْضًا رَفَعَ يَدَيْهِ حَتَّى فَرَغَ مِنْ صَلاَتِهِ. قَالَ مُحَمَّدٌ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِلْحَسَنِ بْنِ أَبِى الْحَسَنِ فَقَالَ هِىَ صَلاَةُ رَسُولِ اللَّهِ -صلى الله عليه وسلم- فَعَلَهُ مَنْ فَعَلَهُ وَتَرَكَهُ مَنْ تَرَكَهُ.

1340 ـ ۋائىل ئىبنى ھۇجر مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ نامازغا تۇرغاندا: «الله ئەكبەر» دەپ قولىنى كۆتۈرەتتى. ئاندىن كىيىمىنىڭ ئىككى پېشىنى ھىملاپ، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى چاڭگاللاپ تۇتقان ھالدا قولىنى قوۋۇشتۇراتتى، ئاندىن رۇكۇ قىلماقچى بولغاندا ئىككى قولىنى چىقىرىپ كۆتۈرەتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە قولىنى يەنە كۆتۈرەتتى. ئۇندىن كېيىن سەجدىگە باراتتى. سەجدىگە بارغاندا، يۈزىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىلىقىدا قوياتتى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، قولىنى يەنە كۆتۈرەتتى. تاكى ناماز ئاخىرلاشقىچە مۇشۇ شەكىلدە ئوقۇيتتى.

مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىسنى ھەسەن ئىبنى ئەبۇ ھەسەنگە دەپ بەرسەم، ئۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى شۇنداق ئوقۇيتتى. بىراق قول كۆتۈرۈشنى بەزىلەر قىلىدۇ، بەزىلەر قىلمايدۇ. ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 723)

1341 - عَنْ عَبْدِ الْجَبَّارِ بْنِ وَائِلٍ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ أَبْصَرَ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ قَامَ إِلَى الصَّلَاةِ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتَّى كَانَتَا بِحِيَالِ مَنْكِبَيْهِ وَحَاذَى بِإِبْهَامَيْهِ أُذُنَيْهِ ثُمَّ كَبَّرَ.

1341 ـ ئابدۇل جاببار ئىبنى ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا

[1] ئەلبانى(664): سەھىھ. ـ دېگەن.

تۇرغانــدا، ئــىككــى قــولــنــى مــۇرىســـنــىــڭ بــاراۋىــرىــگــىچــە كــۆتــۈرــۈپ، بــاش بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە ئاپىرىپ: «الله ئەكبەر» دەيتتى[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 724)

1342 - وفي أخرى: أَنَّهُ يَرْفَعُ يَدَيْهِ مَعَ التَّكْبِيرَةِ.

1342 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر بىلەن تەڭ ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى، ـ دېيىلگەن[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 725)

1343 - وفي رواية: إِذَا جَلَسَ فِي الرَّكْعَتَيْنِ أَضْجَعَ الْيُسْرَى وَنَصَبَ الْيُمْنَى وَوَضَعَ يَدَهُ الْيُمْنَى عَلَى فَخِذِهِ الْيُمْنَى وَنَصَبَ أُصْبُعَهُ لِلدُّعَاءِ وَوَضَعَ يَدَهُ الْيُسْرَى عَلَى فَخِذِهِ الْيُسْرَى.

1343 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەگەر ئىككى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرسا، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئىككى قولىنى ئىككى يوتىسىغا قوياتتى ۋە ئوڭ قولىنىڭ بارمىقىنى دۇئا ئۈچۈن كۆتۈرەتتى، ـ دېيىلگەن[3].
(نەسائى: 1159)

1344 - عَنْ مَالِكِ بْنِ الْحُوَيْرِثِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا كَبَّرَ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتَّى يُحَاذِيَ بِهِمَا أُذُنَيْهِ وَإِذَا رَكَعَ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتَّى يُحَاذِيَ بِهِمَا أُذُنَيْهِ وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنْ الرُّكُوعِ فَقَالَ سَمِعَ اللَّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ.

1344 ـ مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغاندا، ئىككى قولىنى قۇلىقىغىچە كۆتۈرەتتى. رۇكۇغا بارغاندىمۇ ۋە: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىمۇ

[1] ئەلبانى (145): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (665): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1110): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

شۇنداق قىلاتتى.

(مۇسلىم: 391)

1345 - وزاد في أخرى: وإذا سجد رفع رأسه من السجود.

1345: يەنە بىر رىۋايەتتە: سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىمۇ شۇنداق قىلاتتى (يەنى قوللىرىنى كۆتۈرەتتى)، - دېيىلگەن[1].

(نەسائى: 1146)

1346 - عن النضر بن كثير أبو سهل الأزدي قال صلى إلى جنبي عبد الله بن طاوس بمنى في مسجد الخيف فكان إذا سجد السجدة الأولى فرفع رأسه منها رفع يديه تلقاء وجهه فأنكرت أنا ذلك فقلت لوهيب بن خالد إن هذا يصنع شيئا لم أر أحدا يصنعه فقال له وهيب تصنع شيئا لم نر أحدا يصنعه فقال عبد الله بن طاوس رأيت أبي يصنعه وقال أبي رأيت ابن عباس يصنعه وقال عبد الله بن عباس رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يصنعه.

1346 ـ نەزر ئىبنى كەسىر ئەبۇ سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى تاۋۇس مىنادىكى خەيف مەسجىدىدە يېنىمدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانىدى، ئۇ بىرىنچى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئىككى قولىنى يۈزىگىچە كۆتۈردى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران قېلىپ ۋۇھەيب ئىبنى خالىدقا:

ـ بۇ ھېچكىم قىلمايدىغان ئىشنى قىلىدىكەن، باشقا بىرسىنىڭ بۇنداق قىلغىنىنى كۆرمىگەنىدىم، ـ دېدىم. ۋۇھەيب ئۇنىڭغا:

ـ سەن ھېچكىم قىلمايدىغان ئىشنى قىلىدىكەنسەن! ـ دېگەنىدى. ئۇ:

ـ مەن دادامنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىنى كۆرگەن. داداممۇ ئىبنى ئاباسنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىنى كۆرگەن ئىكەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] ئەلبانى (1098): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتىكەن، - دېدى[①].

(نەسائى: 1146)

1347 - عَنْ مَيْمُونٍ الْمَكي أَنهُ رَأى عَبْدَ اللهِ بْنَ الزبَيْرِ وَصَلى بِهِمْ يُشِيرُ بِكَفيْهِ حِينَ يَقُومُ وَحِينَ يَرْكَعُ وَحِينَ يَسْجُدُ وَحِينَ يَنْهَضُ لِلْقِيَامِ فَيَقُومُ فَيُشِيرُ بِيَدَيْهِ فَانْطَلَقْتُ إِلَى ابْنِ عَباسٍ فَقُلْتُ إِني رَأَيْتُ ابْنَ الزبَيْرِ صَلى صَلَاةً لَمْ أَرَ أَحَدًا يُصَليهَا فَوَصَفْتُ لَهُ هَذِهِ الْإِشَارَةَ فَقَالَ إِنْ أَحْبَبْتَ أَنْ تَنْظُرَ إِلَى صَلَاةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاقْتَدِ بِصَلَاةِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْرِ.

1347 - مەيمۇن مەككىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. ئۇنىڭ نامازغا تۇرغاندا، رۇكۇغا ۋە سەجدىگە بارغاندا ۋە سەجدىدىن قىيامغا تۇرغاندا ئىككى قولىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھېچكىمنىڭ ئىبنى زۇبەيرنىڭ بىزگە ئوقۇپ بەرگەندەك ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرمىگەنلىكىمنى ئېيتتىم ۋە ئۇنىڭ قول ھەرىكەتلىرىنى سۈپەتلەپ بەردىم. ئىبنى ئابباس:

— ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى كۆرمەكچى بولساڭ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە ئىقتىدا قىلغىن! — دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 739)

1348 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْأَصَم قَالَ سُئِلَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ عَنْ التكْبِيرِ فِي الصلاةِ فَقَالَ يُكَبرُ إِذَا رَكَعَ وَإِذَا سَجَدَ وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنْ السجُودِ وَإِذَا قَامَ مِنْ الركْعَتَيْنِ فَقَالَ حُطَيْمٌ عَمنْ تَحْفَظُ هَذَا فَقَالَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا ثُم سَكَتَ فَقَالَ لَهُ حُطَيْمٌ وَعُثْمَانُ قَالَ وَعُثْمَانُ.

---

[①] ئەلبانى (1098): سەھىھ - دېگەن.

[②] ئەلبانى (674): سەھىھ - دېگەن.

1348 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسەم مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نامازنىڭ تەكبىرى ھەققىدە سوئال سورالغانىدى، ئۇ:

ـ رۇكۇغا بارغاندا، سەجدە قىلغاندا، باشنى سەجدىدىن كۆتۈرگەندە، تەشەھھۇدتىن قوپقاندا تەكبىر ئوقۇلىدۇ، ـ دېدى. ھۇتەيم:

ـ سەن بۇنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ ـ دەپ سورىدى، ئەنەس:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرلەردىن ئۆگەندىم، ـ دېدى. ھۇتەيم بىز ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن:

ـ ئوسماندىنچۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئەنەس:

ـ ئوسماندىنمۇ ئۆگەندىم، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1179)

1349 - عَنْ عَلِيِّ بْنِ حُسَيْنِ بْنِ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنَّهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُكَبِّرُ فِي الصلاةِ كُلَّمَا خَفَضَ وَرَفَعَ فَلَمْ تَزَلْ تِلْكَ صَلاتُهُ حَتى لَقِيَ الله.

1349 ـ ئەلى ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇغا بارغاندا ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: «الله ئەكبەر» دەپ قولىنى كۆتۈرەتتى. ئۇ تاكى ۋاپات بولغىچە نامازنى مۇشۇ شەكىلدە ئوقۇغان.

(مالىك: 166)

1350 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَتْ بِي بَوَاسِيرُ فَسَأَلْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ الصلاةِ فَقَالَ صَل قَائِمًا فَإِنْ لَمْ تَسْتَطِعْ فَقَاعِدًا فَإِنْ لَمْ تَسْتَطِعْ فَعَلَى جَنْبٍ.

1350 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ بۇۋاسىر كېسىلىم بار ئىدى، پەيغەمبەر

---

[1] ئەلبانى (1128): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازنى قانداق ئوقۇش توغرىسىدا سورىسام، ئۇ:

– ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇ. ئۆرە تۇرالمىساڭ، ئولتۇرۇپ ئوقۇ. ئولتۇرالمىساڭ، يانچە يېتىپ ئوقۇ، - دېدى.

(بۇخارى: 1117)

1351 - وفي رواية قال له في الجواب: فَقَالَ إِنْ صَلى قَائِمًا فَهُوَ أَفْضَلُ وَمَنْ صَلى قَاعِدًا فَلَهُ نِصْفُ أَجْرِ الْقَائِمِ وَمَنْ صَلى نَائِمًا فَلَهُ نِصْفُ أَجْرِ الْقَاعِدِ

1351 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابتا: «ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇساڭ بەك ياخشى، كىمكى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغاننىڭ يېرىم ئەجرى بولىدۇ. كىمكى يېتىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ئوقۇغاننىڭ يېرىم ئەجرى بولىدۇ» دېدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 1115)

1352 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَقِيقٍ قَالَ قُلْتُ لِعَائِشَةَ هَلْ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي وَهُوَ قَاعِدٌ قَالَتْ نَعَمْ بَعْدَ مَا حَطَمَهُ الناسُ.

1352 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

– پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇمتى؟ ـ دەپ سورىسام:

– ھەئە، چارچاپ كەتكەندە ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 732)

1353 - وفي رواية: عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَما بَدنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَثَقُلَ كَانَ أَكْثَرُ صَلَاتِهِ جَالِسًا.

1353 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياشىنىپ تېنى ئېغىرلىشىپ قالغاندا

كۆپىنچە نامىزىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 732)

1354 - عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ وَقاصٍ قالَ قُلْتُ لِعَائِشَةَ كَيْفَ كَانَ يَصْنَعُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الركْعَتَيْنِ وَهُوَ جَالِسٌ قَالَتْ كَانَ يَقْرَأُ فِيهِمَا فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَرْكَعَ قَامَ فَرَكَعَ.

1354 ـ ئەلقەمە ئىبنى ۋەققاس مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامىزىنى قانداق ئوقۇيتتى؟ ـ دەپ سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ھەر ئىككىلى رەكئەتتە قىرائەت قىلىپ بولۇپ، رۇكۇ قىلماقچى بولغاندا ئورنىدىن تۇراتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 731)

1355 - عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي جَالِسًا فَيَقْرَأُ وَهُوَ جَالِسٌ فَإِذَا بَقِيَ مِنْ قِرَاءَتِهِ نَحْوٌ مِنْ ثَلاثِينَ أَوْ أَرْبَعِينَ آيَةً قَامَ فَقَرَأَهَا وَهُوَ قَائِمٌ ثُم يَرْكَعُ ثُم سَجَدَ يَفْعَلُ فِي الركْعَةِ الثانِيَةِ مِثْلَ ذَلِكَ فَإِذَا قَضَى صَلاتَهُ نَظَرَ فَإِنْ كُنتُ يَقْظَى تَحَدثَ مَعِي وَإِنْ كُنتُ نَائِمَةً اضْطَجَعَ.

1355 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. ئوقۇيدىغان ئايىتى 30 ـ 40 قا يېقىن قالغاندا، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيتتى. ئۇندىن كېيىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلاتتى. ئىككىنچى رەكئەتتىمۇ شۇنداق قىلاتتى، نامىزى تۈگىگەندىن كېيىن ماڭا قارايتتى. ئەگەر مەن ئويغاق بولسام، مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇخلاپ قالغان بولسام، يېنىچە ياتاتتى.

(بۇخارى: 1119)

1356 - وفي أخرى: قَالَتْ كَانَ يُصَلي لَيْلًا طَوِيلًا قَائِمًا وَلَيْلًا طَوِيلًا قَاعِدًا وَكَانَ إذَا قَرَأَ وَهُوَ قَائِمٌ رَكَعَ وَسَجَدَ وَهُوَ قَائِمٌ وَإذَا قَرَأَ قَاعِدًا رَكَعَ وَسَجَدَ وَهُوَ قَاعِدٌ.

1356 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: بەزى كېچىلىرى ئۆرە تۇرۇپ، بەزى كېچىلىرى ئولتۇرۇپ ئۇزۇنغىچە ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان بولسا، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۆرە تۇرۇپ قىلاتتى. ئەگەر ئولتۇرۇپ ئوقۇغان بولسا، ئولتۇرغان پېتى قىلاتتى، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 730)

1357 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ مَا قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى كَانَ أَكْثَرُ صَلَاتِهِ جَالِسًا إلا الْمَكْتُوبَةَ.

1357 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىغا ئاز قالغان ۋاقىتتا، پەرز نامازدىن باشقا نامازلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغانىدى[1].

(نەسائى: 1653)

1358 - عَنْ حَفْصَةَ أَنهَا قَالَتْ مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- صَلى فِى سُبْحَتِهِ قَاعِدًا حَتى كَانَ قَبْلَ وَفَاتِهِ بِعَامٍ فَكَانَ يُصَلي فِي سُبْحَتِهِ قَاعِدًا وَكَانَ يَقْرَأُ بِالسورَةِ فَيُرَتلُهَا حَتى تَكُونَ أَطْوَلَ مِنْ أَطْوَلَ مِنْهَا.

1358 ــ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل بۇرۇن نەپلە نامىزىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىغان، مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەپلە نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغانلىقىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نامازدا) ئايەتلەرنى تەرتىل بىلەن (ئالدىرىماي) ئوقۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇغان سۈرىسى (ئەسلىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن

[1] ئەلبانى (1559): سەھىھ ـ دېگەن.

سۇرىدىن) ئۇزۇن بىلىنىپ كېتەتتى.

(مۇسلىم: 733)

1359 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ حُدِّثْتُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ صَلَاةُ الرَّجُلِ قَاعِدًا نِصْفُ الصَّلَاةِ قَالَ فَأَتَيْتُهُ فَوَجَدْتُهُ يُصَلِّي جَالِسًا فَوَضَعْتُ يَدِي عَلَى رَأْسِهِ.

1359- ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغان كىشىگە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان نامازنىڭ يېرىم ئەجرى بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېشىغا كەلسەم، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپتىكەن، قولۇمنى (مۇبارەك) بېشىغا قويدۇم.

(مۇسلىم: 735)

1360 - فَقَالَ مَا لَكَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرٍو قُلْتُ حُدِّثْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَنَّكَ قُلْتَ صَلَاةُ الرَّجُلِ قَاعِدًا عَلَى نِصْفِ الصَّلَاةِ وَأَنْتَ تُصَلِّي قَاعِدًا قَالَ أَجَلْ وَلَكِنِّي لَسْتُ كَأَحَدٍ مِنْكُمْ.

1360 ـ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ داۋامىدا مۇنداق كەلگەن: شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئابدۇللاھ! نېمانداق قىلىسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ: «ئولتۇرۇپ ئوقۇغان نامازغا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان نامازنىڭ يېرىم ئەجرى بېرىلىدۇ» دېگىنىڭنى ئاڭلاپ يېنىڭغا كەلسەم، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپسەن، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنداق، لېكىن مەن ھېچبىرىڭلارغا ئوخشىمايمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 735)

1361 - عن أم قَيْس بِنْت مِحْصَنٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمَّا أَسَنَّ وَحَمَلَ اللَّحْمَ اتَّخَذَ عَمُودًا فِي مُصَلَّاهُ يَعْتَمِدُ عَلَيْهِ.

1361 ـ ئۇممۇ قەيس بىنتى مىھسەندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياشىنىپ، تېنى ئېغىرلىشىپ قالغان ۋاقتىدا، ناماز ئوقۇيدىغان يېرىگە تۈۋرۈك بېكىتىۋالغان بولۇپ، (ئۆرە تۇرۇش ئېغىر كەلسە) شۇنىڭغا يۆلىنىپ ناماز ئوقۇيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 948)

1362 - عَنْ أَبِي حَازِمٍ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ كَانَ النَّاسُ يُؤْمَرُونَ أَنْ يَضَعَ الرَّجُلُ الْيَدَ الْيُمْنَى عَلَى ذِرَاعِهِ الْيُسْرَى فِي الصَّلَاةِ قَالَ أَبُو حَازِمٍ لَا أَعْلَمُهُ إِلَّا يَنْمِي ذَلِكَ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

1362 ـ ئەبۇ ھازىم سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار نامازدا تۇرغاندا ئوڭ قولىنى سول بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرىلاتتى.

ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بىلىشىمچە، سەھل ئىبنى سەئد بۇ سۆزىدىن: "پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان" دېمەكچى.

(بۇخارى: 740)

1363 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ رَآنِي النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَقَدْ وَضَعْتُ شِمَالِي عَلَى يَمِينِي فِي الصَّلَاةِ فَأَخَذَ بِيَمِينِي فَوَضَعَهَا عَلَى شِمَالِي.

1363 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ سول قولۇمنى ئوڭ قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ئوڭ قولۇمنى سول قولۇمنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى[2].

(نەسائى: 888)

[1] ئەلبانى (835): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (855): ھەسەن، ـ دېگەن.

1364- عَنْ أَبِى جُحَيْفَةَ أَن عَلِيًا - رضى الله عنه - قَالَ السنةُ وَضْعُ الْكَف عَلَى الْكَف فِى الصلاَةِ تَحْتَ السرةِ.

1364- ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قولنى قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىندىكنىڭ ئاستىدا تۇتۇش سۈننەتتۇر.[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 756؛ رەزىن)

1365 - عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ أَن عَبْدَ اللهِ رَأَى رَجُلًا يُصَلي قَدْ صَف بَيْنَ قَدَمَيْهِ فَقَالَ خَالَفَ السنةَ وَلَوْ رَاوَحَ بَيْنَهُمَا كَانَ أَفْضَلَ.

1365 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ناماز ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

ــ ئۇ سۈننەتكە خىلاپلىق قىلدى، ئىككى پۇتىنى ئايرىۋەتكەن بولسا، ياخشى بولاتتى، ـ دېدى[2].

(نەسائى: 892)

1366 - عَنْ الْفَضْلِ بْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصلَاةُ مَثْنَى مَثْنَى تَشَهدٌ فِي كُل رَكْعَتَيْنِ وَتَخَشعٌ وَتَضَرعٌ وَتَمَسْكُنٌ وَتَذَرعٌ وَتُقْنِعُ يَدَيْكَ يَقُولُ تَرْفَعُهُمَا إِلَى رَبكَ مُسْتَقْبِلًا بِبُطُونِهِمَا وَجْهَكَ وَتَقُولُ يَا رَب يَا رَب وَمَنْ لَمْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَهُوَ كَذَا وَكَذَا.

1366 ـ فەزل ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«(نەپلە) ناماز ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتۇر. ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ، الله تائالادىن قورققانلىقىنى، يالۋۇرغانلىقىنى، بىچارە ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ،

---

[1] ئەلبانى (256/2): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (34): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

قولـلـىرىڭنى، ئالقىـنـىڭنى يۈزۈڭگە قاراتقان ھالدا كۆتۈرۈپ: "ئى رەببىـم! ئـى رەبـبىـم!" دەپ زارلـىـنـىـسـەن. كـىمكـى شـۇنداق قـىلـمىـسا، ئـىـبـادىتى مۇنداق، مۇنداق... بولـىدۇ» دېدى[1].

(تـىرمىـزى: 385)

1367 - وفي رواية: فَهِيَ خِدَاجٌ.

1367 ـ يەنە بـىــر رىــۋايەتتە: «ئۇنــداق قـىلـمىغــان كـىشــىـنىـڭ ئـىـبادىتـىـدە نۇقسان بولـىدۇ» دېيـىلـگەن[2].

(تـىرمىـزى: 385)

1368 - عَنْ عَمارِ بْنِ يَاسِرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُـولُ إِن الرجُلَ لَيَنْصَرِفُ وَمَا كُتِبَ لَهُ إِلا عُشْرُ صَلَاتِهِ تُسْعُهَا ثُمُنُهَا سُبُعُهَا سُدُسُـهَا خُمُسُـهَا رُبُعُهَا ثُلُثُهَا نِصْفُهَا.

1368 ـ ئەمـمار ئـىبـنى ياسـىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنـداق دەيـدۇ: مەن پەيغەمــبەر ســەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەســەللەمنـىـڭ مۇنـداق دېگەنلـىـكـىـنى ئاڭلـىدىم:

«بـىـر كـىشى نامازدىن قايتـىدۇ-يۇ، ئۇقۇغان نامـىزىـنـىـڭ (ساۋابـىدىن) پەقەت ئوندىن بـىرى، توققۇزدىن بـىرى، سەككىزدىن بـىـرى، يەتتـىـدىن بـىرى، ئالتـىدىن بـىـرى، بەشـتـىن بـىـرى، تۆتتـىـن بـىـرى، ئۈچتـىن بـىـرى ياكى يېرىمى قالـىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 796)

1369 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "أَولُ مَا يُرْفَعُ مِـنْ هَذِهِ الْأُمةِ الْخُشُوعُ، حَتى لا يُرَى فِيهِ خَاشِعًا".

1369 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قـىلـىنـىدۇ:

[1] ئەلبانى (60): زەئىپ. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (60): زەئىپ. ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (714): ھەسەن. ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بۇ ئۇممەتتىن تۇنجى بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان نەرسە خۇشۇ بولۇپ، (شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى) خۇشۇ بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنى كۆرگىلى بولمايدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»)

1370 - عَنِ الأَعْمَشِ، قَالَ: "كَانَ عَبْدُ اللهِ إِذَا صَلى كَأَنَّهُ ثَوْبٌ مُلْقًى".

1370 ـ ئەئمەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ (ئىبنى مەسئۇد) نامازغا تۇرسا، (خۇشۇدىن) خۇددى يەرگە تاشلاپ قويۇلغان كىيىمگە ئوخشاش (ھەرىكەتسىز) بولۇپ كېتەتتى[②].

(«ئەلكەبىر»: 9342)

[①] ھەيسەمى (2813): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (2816): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بىراق ئەئمەش ئىبنى مەسئۇد بىلەن زاماندىش ئەمەس، ـ دېگەن.

## بەش ۋاقىت نامازدا قىرائەت

1371 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ يَفْتِتِحُ صَلَاتَهُ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيم.

1371 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنى بىسمىللاھ (يەنى بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيم) بىلەن باشلايتتى[①].

(تىرمىزى: 245)

1372 - عن ابن عباس أنه سئل عن الجهر ببسم الله الرحمن الرحيم فقال كنا نقول هي قراءة الأعراب.

1372 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نامازدا «بىسمىللاھ» نى ئۈنلۈك دېيىش توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ:

ـ بىز: "ئۇنداق ئوقۇش ئەئرابىلارنىڭ ئىشى" دەيتتۇق، ـ دېدى[②].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

1373- (وله بثقات) عَنِ ٱبنِ عَباسٍ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ: "كَانَ يَجْهَرُ بِبِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيم".

1373 ـ بەززارنىڭ ئىشەنچلىك راۋىيلار ئارقىلىق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر

---

① ئەلبانى (40): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (2626): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ سەئد بەققال ئىسىملىك بىرى بار. ئۇ ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ھەدىسى مۇدەللەستۇر. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا: «بىسمىللاھ»نى ئۈنلۈك دەيتتى[1].
(بەززار: 526)

1374 - عَنْ أَنسٍ قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَعُثْمَانَ فَلَمْ أَسْمَعْ أَحَدًا مِنْهُمْ يَقْرَأُ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ.

1374 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭمۇ «بىسمىللاھ»نى ئۈنلۈك دېگىنىنى ئاڭلىمىدىم.
(مۇسلىم: 399)

1375 - وفي رواية عن أنس: فَكَانُوا يَسْتَفْتِحُونَ بِـ {الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ} لَا يَذْكُرُونَ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ فِي أَولِ قِرَاءَةٍ وَلَا فِي آخِرِهَا.

1375 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: ئۇلار نامازنى سۈرە فاتىھە بىلەن (يەنى الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ) بىلەن باشلايتتى، قىرائەتتىن بۇرۇن ياكى كېيىن «بىسمىللاھ»نى دېمەيتتى.
(مۇسلىم: 399)

1376 - كَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ مُغَفلٍ إِذَا سَمِعَ أَحَدَنَا يَقْرَأُ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ يَقُولُ صَليْتُ خَلْفَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَخَلْفَ أَبِي بَكْرٍ وَخَلْفَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَمَا سَمِعْتُ أَحَدًا مِنْهُمْ قَرَأَ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ.

1376 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەرسىمىزنىڭ نامازدا «بىسمىللاھ»نى ئۈنلۈك ئوقۇغىنىمىزنى ئاڭلىسا: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇدۇم. ئەمما

---

[1] ھەيسەمى (2633): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ھېچقايسىسىنىڭ «بىسمىللاھ»نى ئۇنلۇك ئوقۇغىنىنى ئاڭلىمىدىم، - دەيتتى[①].

(نەسائى: 908)

1377 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى قَالَ جَاءَ رَجُلٌ وَنَحْنُ فِي الصف خَلْفَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَخَلَ فِي الصف فَقَالَ اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا وَسُبْحَانَ اللهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا قَالَ فَرَفَعَ الْمُسْلِمُونَ رُءُوسَهُمْ وَاسْتَنْكَرُوا الرجُلَ وَقَالُوا مَنْ الذِي يَرْفَعُ صَوْتَهُ فَوْقَ صَوْتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما انْصَرَفَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ هَذَا الْعَالِي الصوْتَ فَقِيلَ هُوَ ذَا يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ وَاللهِ لَقَدْ رَأَيْتُ كَلَامَكَ يَصْعَدُ فِي السمَاءِ حَتى فُتِحَ بَابٌ فَدَخَلَ فِيهِ.

1377 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا سەپتە تۇراتتۇق. بىر كىشى كېلىپ، سەپكە كىرىپلا: "اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا وَسُبْحَانَ اللهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا (يەنى الله ناھايىتى بۈيۈكتۇر، مەن ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا اللهقا تەسبىھ ئېيتىمەن)" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋازىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرگەن بۇ كىشىگە نارازىلىقلىرىنى بىلدۈردى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئاۋازىنى كۆتۈرگەن كىم؟ - دېدى.

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاۋۇ كىشى شۇ، - دەپ ئىشارەت قىلىندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنىڭ سۆزۈڭنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىنى ۋە ئاسماندا بىر ئىشىك ئېچىلىپ،

[①] ئەلبانى (37): زەئىپ، - دېگەن.

ئۇ يەردىن كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 18655؛ «ئەلكەبىر»)

1378- عَنْ أَبِي رَافِعٍ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: وَقَعَ إِلَي كِتَابٌ فِيهِ اسْتِفْتَاحُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، كَانَ إِذَا كَبرَ قَالَ: إِني وَجهْتُ وَجْهِيَ لِلذِي فَطَرَ السمَوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيفًا، وَمَا أَنا مِنَ الْمُشْرِكِينَ، إِن صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ، لا شَرِيكَ لَهُ، وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنا أَولُ الْمُسْلِمِينَ، اللهُم أَنتَ الْمَلِكُ لا إِلَهَ إِلا أَنتَ سُبْحَانَكَ، وَبِحَمْدِكَ أَنتَ رَبي وَأَنا عَبْدُكَ، لا شَرِيكَ لَكَ، ظَلَمْتُ نَفْسِي وَاعْتَرَفْتُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيعًا، فَإِنهُ لا يَغْفِرُ الذنُوبَ إِلا أَنتَ، لَبيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ فِي يَدَيْكَ، لا مَلْجَأَ وَلا مَنْجَا مِنْكَ إِلا إِلَيْكَ، أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ، ثُم يَقْرَأُ.

1378 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قولۇمغا بىر مەكتۇپ چىقىپ قالدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغان ئىكەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا قول قاقتاندىن كېيىن: «وَجهْتُ وَجْهِيَ لِلذِي فَطَرَ السمَوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنا مِنَ الْمُشْرِكِينَ، إِن صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ لا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنا أَولُ الْمُسْلِمِينَ، اللهُم أَنتَ الْمَلِكُ لا إِلَهَ إِلا أَنتَ، سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ أَنتَ رَبي وَأَنا عَبْدُكَ، لا شَرِيكَ لَكَ، ظَلَمْتُ نَفْسِي، وَاعْتَرَفْتُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيعًا، إِنهُ لا يَغْفِرُ الذنُوبَ إِلا أَنتَ، وَاهْدِنِي لِصَالِحِ الأَعْمَالِ، فَإِنهُ لا يَهْدِي لِصَالِحِهَا، وَلا يَصْرِفُ سَيئَهَا إِلا أَنتَ، لَبيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ فِي يَدَيْكَ، وَالشر لَيْسَ إِلَيْكَ، لا مَنْجَا وَلا مَلْجَأَ مِنْكَ إِلا إِلَيْكَ، تَبَارَكْتَ وَتَعَالَيْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ» دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. (تەرجىمىسى: مەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى،

---

[1] ھەيسەمى (2614): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن[1]. مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. اللهنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللهقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن[2]. ئى الله! سەن پادىشاھسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە گۈزەل مەدھىيەلەر بىلەن مەدھىيىلەيمەن. سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق. مەن ئۆزەمگە ئۆزەم زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلدىم. پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن. مېنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا يېتەكلىگىن، ياخشى ئەمەللەرگە پەقەت سەنلا يېتەكلەيسەن، يامان ئەمەللەردىن پەقەت سەنلا قايتۇرىسەن. مەن سېنىڭ خىزمىتىڭگە ھازىرمەن، ساڭا خىزمەت قىلىشنى بەخت دەپ بىلىمەن. ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس، قۇتۇلۇش ۋە باشپاناھلىق پەقەت سېنىڭ دەرگاھىڭدىدۇر. سەن بۈيۈكسەن، ئالىيسەن. سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن) ۋە بۇ دۇئادىن كېيىن قىرائەتنى باشلايتتى[3].

(«ئەلكەبىر»: 928)

1379 - عَنْ إِبْرَاهِيمَ الصائِغِ، قَالَ: سَأَلْتُ مَطَرًا الْوراقَ، فَقُلْتُ: أَيقْرَأُ الرجُلُ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ، وَيَتَعوذُ مِنَ الشيْطَانِ الرجِيمِ فِي كُل رَكْعَةٍ وَفِي كُل سُورَةٍ يَفْتَتِحُهَا؟

[1] سۈرە ئەنئام، 79 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 162 ـ ۋە 163 ـ ئايەتلەر.

[3] ھەيسەمى (2621): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك بىرى بار. ئۇ ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ھەدىسى مۇدەللەستۇر. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

فَقَالَ أَخْبَرَنِي قَتَادَةُ، عَنْ مُحَمدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ، وَسَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ، عن رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "هُمَا السكْتَتَانِ، يَفْعَلُ ذَلِكَ فِي نَفْسِهِ إِذَا افْتَتَحَ الصلاةَ، وَإِذَا نَهَȒ مِنَ الْجُلُوسِ فِي الركْعَتَيْنِ".

1379 ـ ئىبراھىم سائىغ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەتەر ۋەرراق دېگەن كىشىدىن:

— ناماز ئوقۇغان كىشى ھەر رەكئەتتە ۋە ھەر قېتىم يېڭى سۇرە باشلىغاندا: «أعوذ بالله من الشيطان الرجيم» (ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيم) بىلەن «بسم الله الرحمن الرحيم» (بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم)نى ئوقۇمدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— قەتادە ماڭا مۇھەممەد ئىبنى سىيرىندىن، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن ۋە سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبتىن نەقىل قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بۇ ئىككى كەلىمىنى نامازنى باشلىغاندا ۋە (تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئوتتۇرىدىكى) تەشەھھۇدتىن تۇرغاندا، ئاۋازىنى چىقارماي ئوقۇيدۇ» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»)

1380 - عن أبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا نَهَȒ مِنْ الركْعَةِ الثانِيَةِ اسْتَفْتَحَ الْقِرَاءَةَ بِالْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ وَلَمْ يَسْكُتْ.

1380 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئىككىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ بولۇپ) ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا، سۈكۈت قىلمايلا سۇرە فاتىھەنى باشلايتتى.

(مۇسلىم: 599)

[1] ھەيسەمى (2629): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە رەيھان ئەبۇ غەسسان ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

1381 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا صَلَاةَ لِمَنْ لَمْ يَقْرَأْ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ.

1381 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ھېسابلانمايدۇ».

(بۇخارى: 756)

1382 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا صَلَاةَ لِمَنْ لَمْ يَقْرَأْ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ فَصَاعِدًا.

1382 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باشقا سۈرىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ھېسابلانمايدۇ»[1].

(نەسائى: 911)

1383 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ صَلى صَلَاةً لَمْ يَقْرَأْ فِيهَا بِأُم الْقُرْآنِ فَهِيَ خِدَاجٌ ثَلَاثًا غَيْرُ تَمَامٍ فَقِيلَ لِأَبِي هُرَيْرَةَ إنا نَكُونُ وَرَاءَ الْإِمَامِ فَقَالَ اقْرَأْ بِهَا فِي نَفْسِكَ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قَالَ اللهُ تَعَالَى قَسَمْتُ الصلَاةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ فَإِذَا قَالَ الْعَبْدُ الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ قَالَ اللهُ تَعَالَى حَمِدَنِي عَبْدِي وَإِذَا قَالَ الرحْمَنِ الرحِيمِ قَالَ اللهُ تَعَالَى أَثْنَى عَلَي عَبْدِي وَإِذَا قَالَ مَالِكِ يَوْمِ الدينِ قَالَ مَجدَنِي عَبْدِي وَقَالَ مَرةً فَوضَ إِلَي عَبْدِي فَإِذَا قَالَ إِياكَ نَعْبُدُ وَإِياكَ نَسْتَعِينُ قَالَ هَذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ فَإِذَا قَالَ اهْدِنَا الصرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضالينَ قَالَ هَذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ.

[1] ئەلبانى(874): سەھىھ ـ دېگەن.

1383 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى نامىزىدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز كەمتۈك (يەنى تولۇق بولمىغان) بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، بىرسى ئەبۇ ھۇرەيرەگە:

ـ بىز ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ تۇرىدىغان تۇرساق؟! ـ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە:

ـــ ئىچىڭدە ئوقۇغىن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن نامازنى ئۆزەم بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم، بەندەم نېمىنى سورىسا، شۇ نەرسە بېرىلىدۇ. ئەگەر بەندەم: "الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ (يەنى پۈتۈن ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىر اللهقا خاستۇر)" دېسە، مەن: "بەندەم ماڭا ھەمدە ئېيتتى" دەيمەن. ئەگەر بەندەم: "الرحْمَنِ الرحِيمِ (يەنى الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر)" دېسە، مەن: "بەندەم مېنى مەدھىيىلىدى" دەيمەن. ئەگەر: "مَالِكِ يَوْمِ الدينِ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر)" دېسە، مەن: "بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى ۋە ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇردى" دەيمەن. ئەگەر: "إِياكَ نَعْبُدُ وَإِياكَ نَسْتَعِينُ (يەنى ئى الله! بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز)" دېسە، مەن: "بۇ مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن" دەيمەن. ئەگەر بەندەم: "اهْدِنَا الصرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضالينَ (ئى الله! بىزنى غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن)" دېسە، مەن: "بەندەمنىڭ بۇ تىلىكى ھاسىلدۇر، بەندەم نېمىنى سورىسا، شۇ بېرىلىدۇ" دەيمەن».

(مۇسلىم: 395)

1384 - وفي رواية رزين: قال رَسُول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا صَلَاةَ إِلا بِقِرَاءَةٍ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ فَمَا أَعْلَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْلَنَاهُ لَكُمْ وَمَا أَخْفَاهُ أَخْفَيْنـاهُ

لَكُمْ. فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ أرأيتَ يا أبا هريرة إن لم أزِد على أم القرآن ؟ فقال: قد سُئِلَ عن ذلك رسولُ الله -صلى الله عليه وسلم- فقال: إن انْتَهَيْتَ إِلَيْهَا أَجْزَأَتْ عَنْكَ وَإِن زِدْتَ عَلَيْهَا فَهُوَ خَيْرٌ وأفضل.

1384 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئايەت ئوقۇلمىغان ناماز، ناماز بولمايدۇ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (بىزگە ئىمام بولۇپ) ئۈنلۈك ئوقۇپ بەرگىنىنى بىزمۇ سىلەرگە (ئىمام بولغاندا) ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردۇق، ئىچىدە ئوقۇپ بەرگىنىنى بىزمۇ سىلەرگە ئىچىمىزدە ئوقۇپ بەردۇق، ـ دېدى. بىر ئادەم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن:

ـ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئېيتىپ باققىنچۇ، سۈرە فاتىھەدىن باشقا سۈرە ئوقۇمىساممۇ بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ سوئال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ سورالغان بولۇپ، ئۇ: «سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇساڭمۇ نامىزىڭ ئادا تاپىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا باشقا سۈرە قوشۇپ ئوقۇساڭ تېخىمۇ ياخشى ۋە ئەۋزەل بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1385 - عَنْ عَطَاءٍ قَالَ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ فِي كُل الصلَاةِ يَقْرَأُ فَمَا أَسْمَعَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْمَعْنَاكُمْ وَمَا أَخْفَى مِنا أَخْفَيْنَا مِنْكُمْ فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ إِنْ لَمْ أَزِدْ عَلَى أُم الْقُرْآنِ فَقَالَ إِنْ زِدْتَ عَلَيْهَا فَهُوَ خَيْرٌ وَإِنْ انْتَهَيْتَ إِلَيْهَا أَجْزَأَتْ عَنْكَ.

1385 ـ ئەتا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ھەممە نامازدا ئايەت ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (بىزگە ئىمام بولۇپ) ئۈنلۈك ئوقۇپ بەرگىنىنى بىزمۇ سىلەرگە (ئىمام بولغاندا) ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردۇق، ئىچىدە ئوقۇپ بەرگىنىنى بىزمۇ سىلەرگە ئىچىمىزدە ئوقۇپ بەردۇق، ـ دېدى؛ ئاردىن بىر كىشى ئەبۇ ھۇرەيرەگە:

ـ ئەگەر سۈرە پاتىھەنىلا ئوقۇسامچۇ؟ ـ دېۋىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە:

ـ سۈرە فاتىھەگە باشقا سۈرە قوشۇپ ئوقۇساڭ، تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر سۈرە فاتىھە بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرساڭمۇ، نامىزىڭ ئادا تاپىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 396)

1386 - ثم رواية أخرى لفظها: قَالَ أُبو هُرَيْرَةَ فِي كُل صَلَاةٍ قِرَاءَةٌ فَمَا أَسْمَعَنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْمَعْنَاكُمْ وَمَا أَخْفَى مِنا أَخْفَيْنَاهُ مِنْكُمْ وَمَنْ قَرَأَ بِأُم الْكِتَابِ فَقَدْ أَجْزَأَتْ عَنْهُ وَمَنْ زَادَ فَهُوَ أَفْضَل.

1386 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق نامازدا ئايەت ئوقۇلىدۇ، بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (بىزگە ئىمام بولۇپ) ئۈنلۈك ئوقۇپ بەرگىنىنى بىزمۇ سىلەرگە (ئىمام بولغاندا) ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردۇق، ئىچىدە ئوقۇپ بەرگىنىنى بىزمۇ سىلەرگە ئىچىمىزدە ئوقۇپ بەردۇق، كىمكى نامىزىدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇسا، ناماز ئادا تاپىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا باشقا سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇسا، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

1387 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ أُمِرْنا أَنْ نقْرَأَ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَمَا تَيسرَ.

1387 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز سۈرە فاتىھەگە ئوقۇيالىغىنىمىزچە بىرەر سۈرە ياكى ئايەتنى قوشۇپ ئوقۇشقا بۇيرۇلغانىدۇق، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 818)

1388 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قال: مَنْ صَلى رَكْعَةً لَمْ يَقْرَأْ فِيهَا بِأُم الْقُرْآنِ فَلَمْ يُصَل إلا أَنْ يَكُونَ وَرَاءَ الْإِمَامِ.

1388 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئۆزى يالغۇز ئوقۇغان نامازنىڭ بىر رەكئىتىدە بولسىمۇ سۈرە

① ئەلبانى (732): سەھىھ ـ دېگەن.

فاتىھەنى ئوقۇمىسا، نامىزى ئادا بولمايدۇ. ئەمما ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز بۇنىڭدىن مۇستەسنا[1].

(تىرمىزى: 313)

1389 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا تَلَا غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضالينَ قَالَ آمِينَ حَتى يَسْمَعَ مَنْ يَلِيهِ مِنْ الصف الْأَولِ.

1389 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى بىرىنچى سەپتىكى (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن يەردىكى)لەر ئاڭلىغۇدەك كۆتۈرۈپ: «ئامىن» دەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 934)

1390 - عَنْ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَرَأَ وَلَا الضالينَ قَالَ آمِينَ وَرَفَعَ بِهَا صَوْتَهُ.

1390 ـ ۋائىل ئىبنى ھۇجىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ: «ئامىن» دەيتتى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 932)

1391 - وفي رواية: وَمَد بِهَا صَوْتَهُ.

1391 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئامىن» دېگەندە ئاۋازىنى سوزاتتى، ـ دېيىلگەن[4].

(تىرمىزى: 248)

---

[1] ئەلبانى (258): سەھىھ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (197): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (824): سەھىھ ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (205): سەھىھ ـ دېگەن.

1392 - وفي رواية: وَخَفَR̀ بِهَا صَوْتَهُ.

1392 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئامىن»نى تۆۋەن ئاۋازدا دەيتتى، ـ دېيىلگەن①.

(تىرمىزى: 248)

1393 - عَنْ بِلَالٍ أَنَّهُ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ لَا تَسْبِقْنِي بِآمِينَ.

1393 ـ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى رەسۇلۇللاھ! (مەن تەكبىرنى تۈگىتىپ نامازغا تۇرۇپ بولۇشتىن بۇرۇن) «ئامىن» دەۋالمىغىن، ـ دېگەن.②.

(ئەبۇ داۋۇد: 937)

1394 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَمنَ الْإِمَامُ فَـأَمنُوا فَإِنهُ مَنْ وَافَقَ تَأْمِينُهُ تَأْمِينَ الْمَلَائِكَةِ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدمَ مِنْ ذَنْبِهِ.

1394 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمام ئامىن دېسە، سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار. چۈنكى كىمنىڭ ئامىن دېگىنى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دېگىنىگە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

(بۇخارى: 780)

1395- عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا قَالَ الْإِمَامُ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضالينَ فَقُولُوا آمِينَ بنحوه.

1395 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمام سۈرە فاتىھەنى تۈگىتىپ: غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَـا الضـالينَ، ـ

---

① ئەلبانى (41): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (198): زەئىپ، ـ دېگەن.

دېسە، سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار».

(بۇخارى: 782)

1396 - عَنْ عَائِشَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا حَسَدَتْكُمْ الْيَهُودُ عَلَى شَيْءٍ مَا حَسَدَتْكُمْ عَلَى السلَامِ وَالتأْمِينِ.

1396 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەھۇدىيلار ھېچبىر نەرسىگە سىلەرنىڭ سالام بىلەن ئامىن دېيىشىڭلارغا ھەسەت قىلغىنىدەك ھەسەت قىلمايدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 856)

1397 - وله عَنْ ابْنِ عَباسٍ نحوه وزاد: فَأَكْثِرُوا مِنْ قَوْلِ آمِينَ.

1397 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدا: «ئامىن دېگەن سۆزنى كۆپ دەڭلار» دېگەن جۈملە قوشۇپ بايان قىلىنغان[2].

(ئىبنى ماجە: 857)

1398- عَنْ أَبِي بَرْزَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلَاةِ الْغَدَاةِ بِالستينَ إِلَى الْمِائَةِ.

1398 ـ ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدا ئاتمىشتىن يۈزگىچە ئايەت ئوقۇيتتى[3].

(نەسائى: 948)

1399- عَنْ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ قَالَ كَأَني أَسْمَعُ صَوْتَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

---

[1] ئەلبانى (697): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (183): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (908): سەھىھ ـ دېگەن.

يَقْرَأُ فِي صَلَاةِ الْغَدَاةِ فَلَا أُقْسِمُ بِالْخُنسِ الْجَوَارِي الْكُنسِ.

1399 ـ ئەمىر ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بامدات نامىزىدا سۈرە تەكۋىرنى ئوقۇغان ئاۋازى تېخىچە قۇلىقىمدا، ـ دېگەن①.

(ئەبۇ داۋۇد: 817)

1400 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ السائِبِ قَالَ صَلى لَنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصبْحَ بِمَكةَ فَاسْتَفْتَحَ سُورَةَ الْمُؤْمِنِينَ حَتى جَاءَ ذِكْرُ مُوسَى وَهَارُونَ أَوْ ذِكْرُ عِيسَى مُحَمدُ بْنُ عَبادٍ يَشُك أَوْ اخْتَلَفُوا عَلَيْهِ أَخَذَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَعْلَةٌ فَرَكَعَ.

1400 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە بىزگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. سۈرە مۇئمىنۇننى باشلاپ، مۇسا ۋە ھارۇن ياكى ئىيسا زىكىر قىلىنغان ئايەتكە كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يۆتەل تۇتۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن، (ئايەتنى داۋام قىلماستىنلا) رۇكۇ قىلىۋەتتى.

(مۇسلىم: 455)

1401 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فِي الْفَجْرِ بِق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ وَكَانَ صَلَاتُهُ بَعْدُ تَخْفِيفًا.

1401 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھي ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدا قاف سۈرىسىنى ئوقۇيتتى، كېيىن ئۇنىڭدىن قىسقىراق سۈرىلەرنى ئوقۇيدىغان بولغان.

(مۇسلىم: 458)

1402 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلَاةِ الْفَجْرِ

① ئەلبانى (731): سەھىھ ـ دېگەن.

يَوْمَ الْجُمُعَةِ الم تَنْزِيلُ السجْدَةِ وَهَلْ أَتى عَلَى الْإِنْسَانِ حِينٌ مِنْ الدهْرِ وَأَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلَاةِ الْجُمُعَةِ سُورَةَ الْجُمُعَةِ وَالْمُنَافِقِينَ.

1402 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا سۈرە سەجدە ۋە سۈرە ئىنساننى، جۈمە نامىزىدا سۈرە جۈمۈئە بىلەن سۈرە مۇنافىقۇننى ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 879)

1403 ـ وللترمذي إلى: حين من الدهر.

1403 ـ تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: سۈرە دەھر[1]، ـ دېيىلگەن[2].

1404 ـ وللشيخين والنسائي مثله عن أبي هريرة.

1404 ـ بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى قاتارلىقلار ئەبۇ ھۈرەيرەدىن شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان.

1405 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَن أَبَا بَكْرٍ الصدِيقَ صَلى الصبْحَ فَقَرَأَ فِيهَا سُورَةَ الْبَقَرَةِ فِي الركْعَتَيْنِ كِلْتَيْهِمَا.

1405 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىنىڭ ھەر ئىككى رەكئىتىدە بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇدى.

(مالىك: 183)

1406 - عَنْ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمدٍ أَن الْفُرَافِصَةَ بْنَ عُمَيْرٍ الْحَنَفِي قَالَ مَا أَخَذْتُ سُورَةَ يُوسُفَ إِلا مِنْ قِرَاءَةِ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ إِيااهَا فِي الصبْحِ مِنْ كَثْرَةِ مَا كَانَ يُرَددُهَا لَنَا.

1406 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد فۇرافىسە ئىبنى ئۇمەير ھەنەفىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن سۈرە يۇسۇفنى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامازدىكى قىرائىتىدىن

[1] دەھر ـ سۈرە ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىسمى.

[2] ئەلبانى (429): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۆگىنىۋالغانىدىم. چۈنكى ئۇ بامدات نامىزىدا بۇ سۈرىنى كۆپ ئوقۇيتتى.
(مالىك: 185)

1407ـ عبد الله بن مسعود - رضي الله عنه - قرأ في الأولى من الصبح بأربعين آية من «الأنفال » ، وفي الثانية بسورة من المفصل.

1407 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بامدات نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە ئەنفال سۈرىسىدىن 40 ئايەت، ئىككىنچى رەكئىتىدە قۇرئاننىڭ مۇفەسسەل بۆلۈمىدىن[1] بىر سۈرە ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان، بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان)

1408 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ قال: صَلَّيْنا وَرَاءَ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ الصبْحَ فَقَرَأ فِيهَا بِسُورَةِ يُوسُفَ وَسُورَةِ الْحَجِ قِرَاءَةً بَطِيئَةً فَقُلْتُ وَاللهِ إذًا لَقَدْ كَانَ يَقُومُ حِينَ يَطْلُعُ الْفَجْرُ قَالَ أَجَلْ.

1408 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىيئە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ كەينىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇغانىدۇق. ئۇ نامازدا سۈرە يۇسۇف بىلەن سۈرە ھەجنى ناھايىتى ئاستا ئوقۇدى.

مەن (راۋىي) ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىردىن:

ـ ئۇنداقتا، ئۇ چوقۇم تاڭ يورىشىغىلا نامازغا تۇرىدىكەنتۇق، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ شۇنداق، ـ دېدى.

(مالىك: 184)

1409 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقْرَأُ فِي الصبْحِ فِي السفَرِ بِالْعَشْرِ السوَرِ الْأُوَلِ مِنْ الْمُفَصلِ فِي كُل رَكْعَةٍ بِأُم الْقُرْآنِ وَسُورَةٍ.

1409 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

---

[1] مۇفەسسەل بۆلۈم: قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە قافتىن باشلىنىپ، سۈرە ناسقىچە بولغان بۆلۈمىنىڭ ئاتىلىشى.

ئەنھۇما سەپەرگە چىقسا، بامدات نامىزىنىڭ ھەر رەكئىتىدە سۈرە فاتىھە بىلەن مۇفەسسەل بۆلۈمىنىڭ ئالدىنقى ئون سۈرىسىدىن بىرنى ئوقۇيتتى.

(مالىك: 186)

1410 - عن عمر: قرأ في الركعة الأولى من الصبح مائة وعشرين آية من البقرة وفي الثانية بسورة من المثاني.

1410 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بامداتنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە سۈرە بەقەرەدىن 120 گە قەدەر ئايەتنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە مەسانى[①] سۈرىلەردىن بىرنى ئوقۇدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1411 - عن الأحنف: قرأ في الأولى بالكهف وفي الثانية بيوسف أو بيونس وذكر أنه صلى مع عمر الصبح بهما.

1411 ـ ئەھنەفنىڭ (بامداتنىڭ) بىرىنچى رەكئىتىدە سۈرە كەھفنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە سۈرە يۇسۇف ياكى سۈرە يۇنۇسنى ئوقۇغانلىقى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ بامدات نامىزىدا بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1412 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْجُهَنِي أَن رَجُلًا مِنْ جُهَيْنَةَ أَخْبَرَهُ أَنهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الصبْحِ إِذَا زُلْزِلَتْ الْأَرْضُ فِي الركْعَتَيْنِ كِلْتَيْهِمَا فَلَا أَدْرِي أَنَسِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمْ قَرَأَ ذَلِكَ عَمْدًا.

1412 ـ مۇئاز ئىبنى ئابدۇللاھ جۇھەنى، جۇھەينىلىك بىر

---

[①] مەسانى: مۇفەسسەلدىن مىئىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۈرىلەرنىڭ ئومۇمى نامى. مۇفەسسەل: قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە قافتىن باشلىنىپ، سۈرە ناسقىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۈرىلەرنىڭ ئومۇمى نامى. مىئىن بولسا ئايەتلىرىنىڭ سانى ئىككى يۈزدىن يۇقىرى بولغان سۈرىلەرنىڭ ئومۇمى نامى.

كىشىنىڭ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ھەر ئىككى رەكئىتىدە زەلزەلە سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەمما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى قەستەن شۇنداق قىلدىمۇ بىلمىدىم، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 816)

1413 - عَنْ رِفَاعَةَ الأَنْصَارِي، أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ، قَالَ: "لا يُقْرَأُ فِي الصّبحِ بِدُون عِشْرِينَ آيَةً وَلا يُقْرَأُ فِي الْعِشَاءِ بِدُون عَشْرِ آيَاتٍ".

1413 ـ رىفائە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بامدات نامىزىدا يىگىرمىدىن، خۇپتەن نامىزىدا ئوندىن تۆۋەن ئايەت ئوقۇلمايدۇ»[②].

(«ئەلكەبىر»: 4538)

1414 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: "صَلى بِنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَوْمٍ الْفَجْرَ فَقَرَأَ فِي الركْعَةِ الأُولَى: قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ، وَفِي الثانِيَةِ: قُلْ يَا أَيهَا الْكَافِرُونَ، فَلَما سَلمَ قَالَ: قَرَأْتُ لَكُمْ ثُلُثَ الْقُرْآنِ وَرُبُعَهُ.

1414 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىگە ئىخلاس سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىگە كافىرۇن سۈرىسىنى ئوقۇدى ۋە سالامدىن كېيىن: «مەن سىلەرگە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋە تۆتتىن بىرىنى ئوقۇپ بەردىم» دېدى[③].

(«ئەلكەبىر»)

---

[①] ئەلبانى (730): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (2716): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەدىسنى دەلىل قىلىشتا ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (2718): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جەئفەر ئىبنى ئەبۇ جەئفەر ئىسىملىك بىرى بار. ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن، ـ دېگەن.

1415 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الركْعَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ مِنْ صَلَاةِ الظهْرِ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَسُورَتَيْنِ يُطَولُ فِي الْأُولَى وَيُقَصرُ فِي الثانِيَةِ وَيُسْمِعُ الْآيَةَ أَحْيَانًا وَكَانَ يَقْرَأُ فِي الْعَصْرِ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَسُورَتَيْنِ وَكَانَ يُطَولُ فِي الْأُولَى وَكَانَ يُطَولُ فِي الركْعَةِ الْأُولَى مِنْ صَلَاةِ الصبْحِ وَيُقَصرُ فِي الثانِيَةِ.

1415 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە سۈرە پاتىھەگە ئىككى سۈرە قوشۇپ ئوقۇيتتى. بىرىنچى رەكئىتىگە ئۇزۇن، ئىككىنچىسىگە قىسقا سۈرە قوشاتتى. بەزىدە ئوقۇغان ئايىتى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئەسىر نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدىمۇ سۈرە فاتىھەگە ئىككى سۈرە قوشۇپ ئوقۇيتتى. بىرىنچى رەكئىتىگە ئۇزۇن سۈرە قوشاتتى. بامدات نامىزىدا بولسا، بىرىنچى رەكئەتكە ئۇزۇن، ئىككىنچى رەكئەت قىسقا سۈرە قوشۇپ ئوقۇيتتى.

(بۇخارى: 759)

1416 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ فَظَنَنا أَنهُ يُرِيدُ بِذَلِكَ أَنْ يُدْرِكَ الناسُ الركْعَةَ الْأُولَى.

1416 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە دادىسى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە ئۇزۇن، ئىككىنچى رەكئەتتە قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇشىدىن جامائەتنىڭ بىرىنچى رەكئەتكە ئۈلگۈرۈۋېلىشىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى دەپ ئويلىدۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 798)

1417 - عَنْ أَبِي مَعْمَرٍ قَالَ قُلْتُ لِخَبابِ بْنِ الْأَرَت أَكَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الظهْرِ وَالْعَصْرِ قَالَ نَعَمْ قَالَ قُلْتُ بِأَي شَيْءٍ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ قِرَاءَتَهُ قَالَ

[1] ئەلبانى (718): سەھىھ ـ دېگەن.

بِاضْطِرَابِ لِحْيَتِهِ.

1417 ـ ئەبۇ مەئمەر مۇنداق دەيدۇ: خەبباب ئىبنى ئەرەتتىن:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدا (ئايەت) ئوقۇمتى؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ھەئە، ئوقۇيتتى، ـ دېدى. مەن:

— (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوقۇغىنىنى) قانداق بىلەتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ساقىلىنىڭ تىترىگىنىدىن بىلەتتۇق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 761)

1418 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فِي الظهْرِ وَالْعَصْرِ بِالسمَاءِ ذَاتِ الْبُرُوجِ وَالسمَاءِ وَالطارِقِ وَنَحْوِهِمَا.

1418 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدا بۇرۇج سۈرىسى بىلەن تارىق سۈرىسىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى[①].

(نەسائى: 979)

1419- عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الظهْرِ بِاللَيْلِ إِذَا يَغْشَى وَفِي الْعَصْرِ نَحْوَ ذَلِكَ وَفِي الصبْحِ أَطْوَلَ مِنْ ذَلِكَ.

1419 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىغا سۈرە لەيلنى، ئەسىر نامىزىغا (ئۇزۇن- قىسقىلىقى) شۇنچىلىك كېلىدىغان سۈرىنى، بامدات نامىزىغا ئۇنىڭدىن ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 459)

1420 - عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ كُنا نُصَلي خَلْفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الظهْرَ فَنَسْمَعُ

[①] ئەلبانى (936): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

مِنْهُ الْآيَةَ بَعْدَ الْآيَاتِ مِنْ سُورَةِ لُقْمَانَ وَالذارِيَاتِ.

1420 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەينىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇش جەريانىدا لوقمان بىلەن زارىيات سۈرىسىدىن بەزى ئايەتلەرنى ئاڭلاپ قالاتتۇق[①].

(نەسائى: 971)

1421 - عن أنسٍ صَلى بِهِمْ الظهْرَ فَلما فَرَغَ قَالَ إني صَلَّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ الظهْرَ فَقَرَأَ لَنا بِهَاتَيْنِ السورَتَيْنِ فِي الركْعَتَيْنِ بِسَبحِ اسْمَ رَبكَ الْأَعْلَى وَهَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ الْغَاشِيَةِ.

1421 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. نامازدىن كېيىن:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە پېشىن نامىزى ئوقۇدۇم، ئۇ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتە سۈرە ئەئلا بىلەن سۈرە غاشىيەنى ئوقۇغانىدى، ـ دېدى[②].

(نەسائى: 972)

1422 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ اجْتَمَعَ ثَلَاثُونَ بَدْرِيًا مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا تَعَالَوْا حَتى نَقِيسَ قِرَاءَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا لَمْ يَجْهَرْ فِيهِ مِنْ الصلَاةِ فَمَا اخْتَلَفَ مِنْهُمْ رَجُلَانِ فَقَاسُوا قِرَاءَتَهُ فِي الركْعَةِ الْأُولَى مِنْ الظهْرِ بِقَدْرِ ثَلَاثِينَ آيَةً وَفِي الركْعَةِ الْأُخْرَى قَدْرَ النصْفِ مِنْ ذَلِكَ وَقَاسُوا ذَلِكَ فِي صَلَاةِ الْعَصْرِ عَلَى قَدْرِ النصْفِ مِنْ الركْعَتَيْنِ الْأُخْرَيَيْنِ مِنْ الظهْرِ.

1422 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلىرىدىن ئوتتۇزى بىر يەرگە جەم بولۇپ: قېنى كېلىڭلار!

---

[①] ئەلبانى (43): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (44): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنسىز ئوقۇغان نامازلىرىدا ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ (مىقدارىنى) تەخمىن قىلىپ باقايلى، - دېيىشتى. تەخمىن قىلىش جەريانىدا ھېچقانداق ئىختىلاپلاشمىغان ھالدا پېشىن نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە ئوتتۇز ئايەتكە قەدەر، ئىككىنچى رەكئىتىدە بىرىنچى رەكئەتنىڭ يېرىمىغا قەدەر، ئەسىر نامىزىدا پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە ئوقۇغاننىڭ يېرىمىغا قەدەر ئايەت ئوقۇغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتى[1].

(ئىبنى ماجە: 828)

1423 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَجَدَ فِي صَلَاةِ الظهْرِ ثُم قَامَ فَرَكَعَ فَرَأَيْنَا أنهُ قَرَأَ تَنزِيلَ السجْدَةِ.

1423 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، ئاۋۋال سەجدە قىلدى، ئاندىن قوپۇپ رۇكۇ قىلدى. بىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سەجدە سۈرىسى ئوقۇغانلىقىنى بىلدۇق[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 807)

1424 - عَنْ أم الْفَضْلِ بِنْتِ الْحَارِثِ قَالَتْ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الْمَغْرِبِ بِالْمُرْسَلَاتِ عُرْفًا ثُم مَا صَلى لَنَا بَعْدَهَا حَتى قَبَضَهُ اللهُ.

1424 ـ ئۇممۇ فەزل بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا مۇرسەلات سۈرىسىنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇندىن كېيىن، تاكى ۋاپات بولغىچە بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرەلمىدى.

(بۇخارى: 4429)

1425 - عَنْ مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ قَالَ قَالَ لِي زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ مَا لَكَ تَقْرَأُ فِي الْمَغْرِبِ

---

[1] ئەلبانى (175): زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (172): زەئىپ، - دېگەن.

بِقِصَارٍ وَقَدْ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ بِطُولَى الطولَيَيْنِ.

1425 ـ مەرۋان ئىبنى ھەكەم مۇنداق دەيدۇ: زەيد ئىبنى سابىت ماڭا:

ــ سەن نېمىشقا شام نامىزىدا قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇيسەن؟ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى ئۇزۇن سۈرىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنىنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 764)

1426 - وزاد: قُلْتُ مَا طُولَى الطولَيَيْنِ قَالَ الْأَعْرَافُ وَالْأُخْرَى الْأَنْعَامُ قَالَ وَسَأَلْتُ أَنَا ابْنَ أَبِي مُلَيْكَةَ فَقَالَ لِي مِنْ قِبَلِ نَفْسِهِ الْمَائِدَةُ وَالْأَعْرَافُ.

1426 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مەن (راۋى):

ــ ئىككى ئۇزۇن سۈرىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى قايسىسى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، زەيد ئىبنى سابىت:

ــ ئەئراف سۈرىسى، يەنە بىرسى ئەنئام سۈرىسى، ـ دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

ــ مەن ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكەدىن سورىسام، ئۇ ئۆز چۈشەنچىسىگە تايىنىپ:

ـ مائىدە بىلەن ئەئراف سۈرىسى، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 812)

1427 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَنهُ قَالَ لِمَرْوَانَ يَا أَبَا عَبْدِ الْمَلِكِ أَتَقْرَأُ فِي الْمَغْرِبِ بِقُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ وَإِنا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَمَحْلُوفَةٌ لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِيهَا بِأَطْوَلِ الطولَيَيْنِ المص.

1427 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەرۋان ئىبنى ھەكەمدىن:

ــ ئى ئەبۇ ئابدۇلمەلىك! شام نامىزىدا ئىخلاس سۈرىسى بىلەن

① ئەلبانى (728): سەھىھ ـ دېگەن.

كەۋسەر سۈرىسىنى ئوقۇمسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، ئوقۇيمەن، ـ دېدى. زەيد ئىبنى سابىت:

ـــ الله بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا ئىككى ئۇزۇن سۈرىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى بولغان سۈرە ئەئرافنى ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 989)

1428 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ فِي صَلَاةِ الْمَغْرِبِ بِسُورَةِ الْأَعْرَافِ فَرقَهَا فِي رَكْعَتَيْنِ.

1428 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىدا سۈرە ئەئرافنى ئىككى رەكئەتكە بۆلۈپ ئوقۇدى[2].

(نەسائى: 991)

1429 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النبِـي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الْمَغْرِبِ بِالطورِ فَلما بَلَغَ هَذِهِ الْآيَةَ أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمْ الْخَالِقُونَ أَمْ خَلَقُوا السمَوَاتِ وَالْأَرْضَ بَلْ لَا يُوقِنُونَ أَمْ عِنْدَهُمْ خَزَائِنُ رَبكَ أَمْ هُمْ الْمُسَيْطِرُونَ قَالَ كَادَ قَلْبِي أَنْ يَطِيرَ

1429 ـ مۇھەممەد ئىبنى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا تۇر سۈرىسىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ: ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (اللهنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار (شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) (كائىناتنى)

[1] ئەلبانى (945): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (947): سەھىھ ـ دېگەن.

بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟ [1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، قاتتىق چۆچىگەنلىكتىن يۈرىكىم چىقىپ كەتكىلى تاس قالغانىدى، - دېدى.

(بۇخارى: 4854)

1430 - عَنْ أَبِي عُثْمَانَ النَهْدِي أَنَهُ صَلى خَلْفَ ابْنِ مَسْعُودٍ الْمَغْرِبَ فَقَرَأَ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ.

1430 ـ ئەبۇ ئۇسمان نەھدىي مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى مەسئۇدنىڭ كەينىدە شام نامىزى ئوقۇغانىدىم، ئۇ سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇدى [2].

(ئەبۇ داۋۇد: 815)

1431 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ فِي صَلَاةِ الْمَغْرِبِ بحم الدخَان.

1431ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزدا دۇخان سۈرىسىنى ئوقۇدى [3].

(نەسائى: 988)

1432 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ، قَال: "آخِرُ صَلاةٍ صَلاهَا بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ، الْمَغْرِبُ فَقَرَأَ فِي الركْعَةِ الْأُولَى سَبحِ اسْمَ رَبكَ الْأَعْلَى، وَفِي الثانِيَةِ قُلْ يَا أَيهَا الْكَافِرُونُ".

1432 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزگە ئىمام بولۇپ ئوقۇغان ئاخىرقى نامىزى شام نامىزى بولۇپ، بىرىنچى رەكئەتتە ئەئلا

[1] سۈرە تۇر، 36 ـ ۋە 37 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەلبانى (174): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (45): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتكە كافىرۇن سۈرىسىنى ئوقۇغان[1].

(«ئەلكەبىر»)

1433 - عَنْ أَبِي عَبْدِ اللهِ الصَنَابِحِي قَالَ قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فِي خِلَافَةِ أَبِي بَكْرٍ الصديق فَصَلَّيْتُ وَرَاءَهُ الْمَغْرِبَ فَقَرَأَ فِي الركْعَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ بِأُم الْقُرْآنِ وَسُورَةٍ سُورَةٍ مِنْ قِصَارِ الْمُفَصل ثُم قَامَ فِي الثَالِثَةِ فَدَنَوْتُ مِنْهُ حَتى إِن ثِيَابِي لَتَكَادُ أَنْ تَمَس ثِيَابَهُ فَسَمِعْتُهُ قَرَأَ بِأُم الْقُرْآنِ وَبِهَذِهِ الْآيَةِ رَبَنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً إِنكَ أَنتَ الْوَهابُ.

1433 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ سۇنابىھى مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە مەدىنىگە بېرىپ، ئۇنىڭ كەينىدە شام نامىزى ئوقۇدۇم. ئۇ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەگە مۇفەسسەل بۆلۈمدىن ئىككى قىسقا سۈرە قوشۇپ ئوقۇدى. ئۈچىنچى رەكئەتكە كەلگەندە، مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم، ھەتتا كىيىمىم ئۇنىڭ كىيىمىگە تېگىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇ سۈرە فاتىھەدىن كېيىن: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(مالىك: 174)

1434 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الْعِشَاءِ الْآخِرَةِ بِالشمْسِ وَضُحَاهَا وَنَحْوِهَا مِنْ السوَرِ.

1434 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت

---

[1] ھەيسەمى (2705): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى نەسىر ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مەدەنىي ۋە كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى مەئىن (بىر رىۋايەتتە) ۋە ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 8 ـ ئايەت.

قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىدا شەمس، زۇھا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى[①].
(تىرمىزى: 309)

1435 - عن الْبَرَاءَ يُحَدثُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ فِي سَفَرٍ فَصَلى الْعِشَاءَ الْآخِرَةَ فَقَرَأَ فِي إِحْدَى الركْعَتَيْنِ وَالتينِ وَالزيْتُونِ.

1435 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر سەپەرگە چىققاندا، خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىنىڭ بىرىدە تىن سۈرىسىنى ئوقۇدى.
(مۇسلىم: 464)

1436 - عن الْبَرَاءِ بْنَ عَازِبٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ فِي الْعِشَاءِ بِالتينِ وَالزيْتُونِ فَمَا سَمِعْتُ أَحَدًا أَحْسَنَ صَوْتًا مِنْهُ.

1436 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇپتەن نامىزىدا تىن سۈرىسىنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىدىم. مەن ئاۋازى ئۇنىڭدىن چىرايلىق بىرسىنى كۆرمىدىم.
(مۇسلىم: 464)

1437 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ مَا صَليْتُ وَرَاءَ أَحَدٍ أَشْبَهَ صَلَاةً بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ فُلَانٍ. فَصَليْنَا وَرَاءَ ذَلِكَ الْإِنْسَانِ وَكَانَ يُطِيلُ الْأُولَيَيْنِ مِنْ الظهْرِ وَيُخَففُ فِي الْأُخْرَيَيْنِ وَيُخَففُ فِي الْعَصْرِ وَيَقْرَأُ فِي الْمَغْرِبِ بِقِصَارِ الْمُفَصلِ وَيَقْرَأُ فِي الْعِشَاءِ بِالشمْسِ وَضُحَاهَا وَأَشْبَاهِهَا وَيَقْرَأُ فِي الصبْحِ بِسُورَتَيْنِ طَوِيلَتَيْنِ.

1437 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن نامازنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوپمۇ ئوخشاش ئوقۇيدىغان پالانىدەك بىرسىنىڭ كەينىدە

---

① ئەلبانى (245): سەھىھ ـ دېگەن.

ناماز ئوقۇپ باقمىدىم، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇدۇق. ئۇ كىشى پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتىنى ئۇزۇن، كېيىنكى ئىككى رەكئەتتىنى قىسقا ئوقۇيتتى. ئەسىر نامىزىنى قىسقىلا ئايەتلەر بىلەن ئادا قىلاتتى. شام نامىزىدا مۇفەسسەل بۆلۈمدىكى قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى. خۇپتەن نامىزىدا شەمس، زۇھا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى. بامدات نامىزىغا ئۇزۇن سۈرىدىن ئىككىنى ئوقۇيتتى[①].

(نەسائى: 983)

1438 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّهُ قَالَ مَا مِنْ الْمُفَصَّلِ سُورَةٌ صَغِيرَةٌ وَلَا كَبِيرَةٌ إِلَّا وَقَدْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَؤُمُّ النَّاسَ بِهَا فِي الصَّلَاةِ الْمَكْتُوبَةِ.

1438- ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرز نامازلاردا جامائەتكە مۇفەسسەل بۆلۈمنىڭ سۈرىلىرىنى (مەيلى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن) ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 814)

1439 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ يَؤُمُّهُمْ فِي مَسْجِدِ قُبَاءَ فَكَانَ كُلَّمَا افْتَتَحَ سُورَةً يَقْرَأُ لَهُمْ فِي الصَّلَاةِ فَقَرَأَ بِهَا افْتَتَحَ بِقُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ حَتَّى يَفْرُغَ مِنْهَا ثُمَّ يَقْرَأُ بِسُورَةٍ أُخْرَى مَعَهَا وَكَانَ يَصْنَعُ ذَلِكَ فِي كُلِّ رَكْعَةٍ فَكَلَّمَهُ أَصْحَابُهُ فَقَالُوا إِنَّكَ تَقْرَأُ بِهَذِهِ السُّورَةِ ثُمَّ لَا تَرَى أَنَّهَا تُجْزِئُكَ حَتَّى تَقْرَأَ بِسُورَةٍ أُخْرَى فَإِمَّا أَنْ تَقْرَأَ بِهَا وَإِمَّا أَنْ تَدَعَهَا وَتَقْرَأَ بِسُورَةٍ أُخْرَى قَالَ مَا أَنَا بِتَارِكِهَا إِنْ أَحْبَبْتُمْ أَنْ أَؤُمَّكُمْ بِهَا فَعَلْتُ وَإِنْ كَرِهْتُمْ تَرَكْتُكُمْ وَكَانُوا يَرَوْنَهُ أَفْضَلَهُمْ وَكَرِهُوا أَنْ يَؤُمَّهُمْ غَيْرُهُ فَلَمَّا أَتَاهُمْ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَخْبَرُوهُ الْخَبَرَ فَقَالَ يَا فُلَانُ مَا يَمْنَعُكَ مِمَّا يَأْمُرُ بِهِ أَصْحَابُكَ وَمَا يَحْمِلُكَ أَنْ

[①] ئەلبانى (939): سەھىھ - دېگەن.

[②] ئەلبانى (173): زەئىپ، - دېگەن.

تَقْرَأُ هَذِهِ السورَةَ فِي كُل رَكْعَةٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إني أُحِبهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن حُبهَا أَدْخَلَكَ الْجَنةَ.

1439 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قۇبا مەسجىدىدە جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىدىغان ئەنسارلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ھەر نامازنىڭ سۈرە قوشۇپ ئوقۇيدىغان ھەممە رەكئەتتىدە ئالدى بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ئاندىن باشقا بىر سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇيتتى. جامائەتتى ئۇنىڭغا:

ـــ سەن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇيدىكەنسەن، ئاندىن بۇ سۈرە بىلەن بولدى قىلماي، يەنە باشقا بىر سۈرىنى قوشۇپ ئوقۇيدىكەنسەن. سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپلا بولدى قىل ياكى ئۇنى ئوقۇماي باشقا سۈرە ئوقۇغىن! ـ دېدى. ئۇ:

ـــ مەن بۇنى تاشلىمايمەن. ئەگەر خالىساڭلار، مۇشۇنداق ئوقۇپ ئىمام بولۇپ بېرىمەن. خالىمىساڭلار، ئىمام بولمايمەن، ـ دېدى. ئۇلار ئۇنى جامائەتنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى دەپ قارىغاچقا، باشقا بىرسىنىڭ ئىمام بولۇشىنى خالىمايتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەندە، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى پالانى! نېمىشقا جامائەتنىڭ بۇيرىغانلىرىنى قىلمىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ سۈرىنى ھەممە رەكئەتتە ئوقۇيسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ سەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۇ سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2901)

[1] ئەلبانى (2323): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

1440 - عَنْ عَلْقَمَةَ وَالْأَسْوَدِ قَالَا أَتَى ابْنَ مَسْعُودٍ رَجُلٌ فَقَالَ إِنِّي أَقْرَأُ الْمُفَصَّلَ فِي رَكْعَةٍ فَقَالَ أَهَذًّا كَهَذِّ الشِّعْرِ وَنَثْرًا كَنَثْرِ الدَّقَلِ لَكِنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَقْرَأُ النَّظَائِرَ السُّورَتَيْنِ فِي رَكْعَةٍ النَّجْمَ وَالرَّحْمَنَ فِي رَكْعَةٍ وَاقْتَرَبَتْ وَالْحَاقَّةَ فِي رَكْعَةٍ وَالطُّورَ وَالذَّارِيَاتِ فِي رَكْعَةٍ وَإِذَا وَقَعَتْ وَنُونَ فِي رَكْعَةٍ وَسَأَلَ سَائِلٌ وَالنَّازِعَاتِ فِي رَكْعَةٍ وَوَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِينَ وَعَبَسَ فِي رَكْعَةٍ وَالْمُدَّثِّرَ وَالْمُزَّمِّلَ فِي رَكْعَةٍ وَهَلْ أَتَى وَلَا أُقْسِمُ بِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فِي رَكْعَةٍ وَعَمَّ يَتَسَاءَلُونَ وَالْمُرْسَلَاتِ فِي رَكْعَةٍ وَالدُّخَانَ وَإِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ فِي رَكْعَةٍ قَالَ أَبُو دَاوُد هَذَا تَأْلِيفُ ابْنِ مَسْعُودٍ رَحِمَهُ اللَّهُ.

1440 ـ ئەلقەمە ۋە ئەسۋەد مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئىبنى مەسئۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ مەن بىر رەكئەتتە مۇفەسسەل بۆلۈمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ (ھەممىسىنى) ئوقۇيمەن، ـ دېگەندى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنداقتا سەن شېئىر ئوقۇغاندەك ياكى سىلكىنگەن دەرەختىن مېۋىلەرنىڭ توكۇلۇپ چۈشكىنىدەك ناھايىتى تېز ئوقۇيدىكەنسەن ـ دە؟! لېكىن مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر رەكئەتتە (ئۇزۇن، قىسقىلىقى) ئوخشاش سۈرىلەردىن ئىككىنى ئوقۇغىنىنى كۆردۈم. ئۇ، نەجم بىلەن رەھمان سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، قەمەر بىلەن ھاققە سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، تۇر بىلەن زارىيات سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، ۋاقىئە بىلەن نۇن سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، مائارىج بىلەن نازىئات سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، مۇتەففىفىن بىلەن ئەبەسە سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، مۇددەسسىر بىلەن مۇززەممىل سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، ئىنسان بىلەن قىيامەت سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، نەبە بىلەن مۇرسەلات سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە، دۇخان بىلەن تەكۋىر سۈرىسىنى بىر رەكئەتتە ئوقۇيتتى، ـ دېدى.

ئەبۇ داۋۇد: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۆزىنىڭ قۇرئىنىدا) سۈرىلەرنى مانا مۇشۇنداق تىزغانىدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1396)

[1] ئەلبانى (1244): سەھىھ ـ دېگەن.

1441 - عن جَسْرَةُ بِنْتُ دَجَاجَةَ قَالَتْ سَمِعْتُ أَبَا ذَرٍ يَقُولُ قَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى إِذَا أَصْبَحَ بِآيَةٍ وَالْآيَةُ إِنْ تُعَذِبْهُمْ فَإِنهُمْ عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ.

1441 ـ جەسرە بىنتى دەجاجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەھەججۇدتا بىر ئايەتنى تاكى تاڭ ئاتقىچە قايتا ـ قايتا ئوقۇدى. ئۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغفىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن﴾[1] دېگەن ئايەت ئىدى[2].

(نەسائى: 1010)

1442 - عن أنس بن مالك قال: كان أصحاب النبي صلى الله عليه وسلم يقرءون القرآن من أوله إلى آخره في الفرائض.

1442 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى پەرز نامازلاردا قۇرئاننى بېشىدىن تارتىپ تا ئاخىرىغىچە ئوقۇيتتى[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

1443 ـ عن أم سلمة: أن عمر صلى المغرب بالناس، فلم يقرأ فيها، فلما انصرف قيل له: ما قرأت، قال: «كيف كان الركوع والسجود؟»، قالوا: حسنا قال:«لا بأس

[1] سۇرە مائىدە، 118 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (966): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2673): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەزم ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ: ئۇ ھەدىستە كۈچلۈك ئەمەس، ـ دېسە، ئىبنى مەئىن ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

إذا».

1443 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە ئىمام بولۇپ شام نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. لېكىن نامازدا قىرائەت قىلمىدى. سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت ئۇنىڭدىن:

ـ قىرائەت قىلمىدىڭغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ رۇكۇ بىلەن سەجدە قانداقراق بولدى؟ ـ دېدى. جامائەت:

ـ ياخشى بولدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۇ:

ـ ئۇنداق بولسا، ھېچقىسى يوق، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1444 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ لَيْلَةً فَإِذَا هُوَ بِأَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يُصَلي يَخْفِȒ مِنْ صَوْتِهِ قَالَ وَمَر بِعُمَرَ بْنِ الْخَطابِ وَهُوَ يُصَـلي رَافِعًـا صَوْتَهُ قَالَ فَلَما اجْتَمَعَا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَا أَبَا بَكْرٍ مَرَرْتُ بِكَ وَأَنْـتَ تُصَلي تَخْفِȒ صَوْتَكَ قَالَ قَدْ أَسْمَعْتُ مَنْ نَاجَيْتُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ وَقَالَ لِعُمَرَ مَـرَرْتُ بِكَ وَأَنْتَ تُصَلي رَافِعًا صَوْتَكَ قَالَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أُوقِȘ الْوَسْنَانَ وَأَطْرُدُ الشيْطَانَ زَادَ الْحَسَنُ فِي حَدِيثِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أَبَا بَكْرٍ ارْفَعْ مِنْ صَوْتِكَ شَيْئًا وَقَالَ لِعُمَرَ اخْفِȒ مِنْ صَوْتِكَ شَيْئًا.

1444 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ بوش ئاۋازدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. كېيىن، ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىگە:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! مەن سېنىڭ يېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم،

سەن پەس ئاۋاز بىلەن ناماز ئوقۇۋېتىپسەن، ــ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىرداشقان زاتقا ئاڭلاتتىم، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرگە:

- ئى ئۆمەر! سەن بولساڭ، يۇقىرى ئاۋازدا ناماز ئوقۇۋېتىپسەن، - دېدى. ئۆمەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇيقىدىكىلەرنى ئويغاتتىم، شەيتانلارنى قوغلىۋەتتىم، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئەبۇ بەكرى! سەن ئاۋازىڭنى ئازراق كۆتۈرگىن. ئى ئۆمەر! سەنمۇ ئاۋازىڭنى ئازراق پەسەيتكىن، - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1329)

1445 - وله عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِهَذِهِ الْقِصةِ وفيه: قَدْ سَمِعْتُكَ يَا بِلَالُ وَأَنتَ تَقْرَأُ مِنْ هَذِهِ السورَةِ وَمِنْ هَذِهِ السورَةِ قَالَ كَلَامٌ طَيبٌ يَجْمَعُ اللهُ تَعَالَى بَعْضَهُ إِلَى بَعْضٍ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُلكُمْ قَدْ أَصَابَ.

1445- ئەبۇ قەتادە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ۋە يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالغا:

ــ ئى بىلال! سەن بۇ سۈرىدىن، ئۇ سۈرىدىن ئوقۇيدىكەنسەن، - دېۋىدى، بىلال:

ــ (قۇرئان) ياخشى كالامدۇر، اللە تائالا ئۇلارنى بىر - بىرىگە جەم قىلىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ھەممىڭلارنىڭ قىلغىنى توغرا، - دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1329)

1446 - عَنْ الْبَيَاضِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ عَلَى الناسِ وَهُـمْ

[1] ئەلبانى (1180): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (1181): ھەسەن، - دېگەن.

يُصَلونَ وَقَدْ عَلَتْ أَصْوَاتُهُمْ بِالْقِرَاءَةِ فَقَالَ إِن الْمُصَلِيَ يُنَاجِي رَبهُ فَلْيَنْظُرْ بِمَا يُنَاجِيهِ بِهِ وَلَا يَجْهَرْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَعْضٍ بِالْقُرْآنِ.

1446 ـ بەيازى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىدىن چىقىپ، جامائەتنىڭ ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە: «ناماز ئوقۇغان كىشى ئۆزىنىڭ رەببى بىلەن سىردىشىدۇ، كىم بىلەن مۇناجات قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ باقسۇن. قۇرئان ئوقۇغاندا بىر ـ بىرىڭلاردىن ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭلەر» دېدى.

(مالىك: 178)

1447 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَتْ قِرَاءَةُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى قَدْرِ مَا يَسْمَعُهُ مَنْ فِي الْحُجْرَةِ وَهُوَ فِي الْبَيْتِ.

1447 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (نامازدىكى) قىرائىتى يان ئۆيدىكىلەرگە ئاڭلانغىدەك مىقداردا ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1327)

1448 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ قَالَ كَانَتْ قِرَاءَةُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِاللَيْلِ يَرْفَعُ طَوْرًا وَيَخْفِضُ طَوْرًا.

1448 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىكى قىرائىتى (يەنى تەھەججۇتتىكى قىرائىتى) بەزىدە ئۈنلۈك، بەزىدە پەس ئاۋازدا ئىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1328)

[1] ئەلبانى (1178): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1179): ھەسەن، ـ دېگەن.

1449 - عَنْ أَبِي سُهَيْلِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ قَالَ كُنَّا نَسْمَعُ قِرَاءَةَ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ عِنْدَ دَارِ أَبِي جَهْمٍ بِالْبَلَاطِ.

1449 ـ ئەبۇ سۇھەيل ئىبنى مالىك دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قىرائىتىنى ئەبۇ جەھمنىڭ بالاتتىكى ھويلىسىدا تۇرۇپمۇ ئاڭلايتتۇق. (مالىك: 180)

1450 - قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ شَدَّادٍ سَمِعْتُ نَشِيجَ عُمَرَ وَأَنَا فِي آخِرِ الصُّفُوفِ يَقْرَأُ ﴿إِنَّمَا أَشْكُو بَثِّي وَحُزْنِي إِلَى اللهِ﴾.

1450 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاخىرقى سەپتە تۇرۇپمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ﴿مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت اللە قىلا ئېيتىمەن﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.
(بۇخارى مۇشۇ بۆلۈمنىڭ كىرىش سۆزىدە رىۋايەت قىلغان)

1451 - عَنْ الْحَسَنِ قَالَ قَالَ سَمُرَةُ حَفِظْتُ سَكْتَتَيْنِ فِي الصَّلَاةِ سَكْتَةً إِذَا كَبَّرَ الْإِمَامُ حَتَّى يَقْرَأَ وَسَكْتَةً إِذَا فَرَغَ مِنْ فَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَسُورَةٍ عِنْدَ الرُّكُوعِ قَالَ فَأَنْكَرَ ذَلِكَ عَلَيْهِ عِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ قَالَ فَكَتَبُوا فِي ذَلِكَ إِلَى الْمَدِينَةِ إِلَى أُبَيٍّ فَصَدَّقَ سَمُرَةَ.

1451 ـ ھەسەندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئېسىمدە قېلىشىچە، نامازدا ئىككى يەردە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇلىدۇ. بىرىنچىسى، ئىمام: «اللە ئەكبەر» دەپ نامازغا تۇرغاندىن كېيىن، قىرائەتنى باشلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا؛ ئىككىنچىسى، قىرائەت ئاخىرلىشىپ، رۇكۇغا بېرىشتىن بۇرۇن، ـ دېدى. (راۋى ھەسەن مۇنداق دەيدۇ): ئىمران ئىبنى ھۇسەين سەمۇرەنىڭ بۇ سۆزىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مەدىنىدىكى ئۇبەي (ئىبنى كەئب)گە خەت يازدى. ئۇبەي (ئىبنى كەئب) سەمۇرەنىڭ

[1] سۈرە يۇسۇف، 86 ـ ئايەت.

سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 777)

1452 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفْضَلُ الصلَاةِ طُولُ الْقُنوت.

1452 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«نامازنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇپ ئوقۇلغان نامازدۇر». (يەنى ئۇزۇن سۇرە بىلەن ئوقۇلغان ناماز ئەڭ ياخشى نامازدۇر).

(مۇسلىم: 756)

1453 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كُنا نَحْزِرُ قِيَامَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الظهْرِ وَالْعَصْرِ فَحَزَرْنَا قِيَامَهُ فِي الركْعَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ مِنْ الظهْرِ قَدْرَ قِرَاءَةِ الم تَنْزِيلُ السجْدَةِ وَحَزَرْنَا قِيَامَهُ فِي الْأُخْرَيَيْنِ قَدْرَ النصْفِ مِنْ ذَلِكَ وَحَزَرْنَا قِيَامَهُ فِي الركْعَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ مِنْ الْعَصْرِ عَلَى قَدْرِ قِيَامِهِ فِي الْأُخْرَيَيْنِ مِنْ الظهْرِ وَفِي الْأُخْرَيَيْنِ مِنْ الْعَصْرِ عَلَى النصْفِ مِنْ ذَلِكَ.

1453 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا قىيامدا تۇرغان مۇددىتىنى تەخمىن قىلىپ باقتۇق. بىزنىڭ تەخمىنىمىزگە كۆرە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە سەجدە سۈرىسىنى بىر قېتىم ئوقۇغانچىلىك مۇددەت قىيامدا تۇراتتى، كېيىنكى ئىككى رەكئىتىدە ئالدىنقى ئىككى رەكئەتنىڭ يېرىمىچىلىك مۇددەت قىيامدا تۇراتتى. ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە پېشىننىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىچىلىك مۇددەت قىيامدا تۇراتتى. ئەسىرنىڭ كېيىنكى ئىككى رەكئىتىدە ئالدىنقى

[1] ئەلبانى (163): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىككى رەكئەتتىنىڭ بىرىنچىلىك مۇددەت قىيامدا تۇراتتى.
(مۇسلىم: 452)

1454 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ لَقَدْ كَانَتْ صَلَاةُ الظهْرِ تُقَامُ فَيَذْهَبُ الذاهِبُ إِلَى الْبَقِيعِ فَيَقْضِي حَاجَتَهُ ثُم يَتَوَضأُ ثُم يَأْتِي وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الركْعَةِ الْأُولَى مِما يُطَولُهَا.

1454 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىغاندا، بىرسى بەقىئ دېگەن جايغا بېرىپ ھاجىتىنى قىلىپ، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ كەلسىمۇ، (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغانلىقىدىن) بىرىنچى رەكئەتكە ئۈلگۈرەتتى.

(مۇسلىم: 454)

1455 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ قَالَ دَخَلْنَا عَلَى أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ فَقَالَ صَلَّيْتُمْ قُلْنَا نَعَمْ قَالَ يَا جَارِيَةُ هَلُمي لِي وَضُوءًا مَا صَلَّيْتُ وَرَاءَ إِمَامٍ أَشْبَهَ صَلَاةً بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ إِمَامِكُمْ هَذَا قَالَ زَيْدٌ وَكَانَ عُمَرُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ يُتِم الركُوعَ وَالسجُودَ وَيُخَففُ الْقِيَامَ وَالْقُعُودَ.

1455 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قېشىغا كىردۇق، ئۇ بىزدىن:

ــ ناماز ئوقۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ــــ ھەئە، ئوقۇپ بولدۇق، ـ دېدۇق. مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىزمەتچىسىگە:

ــــ ئى قىز! ماڭا تاھارەتكە سۇ تەييارلاپ بەرگىن، مەن نامازنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوپمۇ ئوخشاش ئوقۇيدىغان سىلەرنىڭ بۇ ئىمامىڭلاردەك بىرەر ئىمامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇپ باقمىدىم، ـ دېدى.

زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، بۇ سۆزىدىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى

مەقسەت قىلاتتى. چۈنكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رۇكۇ بىلەن سەجدىنى ئۇزۇن، قىيام بىلەن تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشنى يەڭگىل قىلاتتى[1].

(نەسائى: 981)

1456 - قَالَ سَعِيدَ بْنَ جُبَيْرٍ: فَحَزَرْنَا فِي رُكُوعِهِ عَشْرَ تَسْبِيحَاتٍ وَفِي سُجُودِهِ عَشْرَ تَسْبِيحَاتٍ.

1456 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ تەخمىن قىلىشىمىزچە، ئۇ (ئۆمەر) رۇكۇ ۋە سەجدىسىدە ئون قېتىمدىن تەسبىھ ئېيتاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 888)

1457 - عن شقيق: بلغنا أن عمار بن ياسر صلى بالناس فخفف من قرآئته في صلاته ومن الطمأنينة فيها فقيل له لو تنفست فقال: إنا بادرت به الوسواس.

1457 ـ شەقىق مۇنداق دەيدۇ: ماڭا خەۋەر قىلىنىشىچە، ئەممار ئىبنى ياسىر جامائەتكە ئىمام بولۇپ، نامازنى ناھايىتى قىسقا ۋە تېزلا ئوقۇپ بېرىپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا:

ـ سەل ئالدىرىماي ئوقۇساڭ بوپتىكەن؟ ـ دېگەنىكەن، ئۇ:

ـ مەن ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1458 - عَنِ الْبَرَاءِ قَالَ كَانَ رُكُوعُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسُجُودُهُ وَبَيْنَ السجْدَتَيْنِ وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنْ الركُوعِ مَا خَلَا الْقِيَامَ وَالْقُعُودَ قَرِيبًا مِنْ السوَاءِ.

1458 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رۇكۇ، سەجدە، ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا

[1] ئەلبانى (938): سەھىھ. ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (189): زەئىپ. ـ دېگەن.

ئولتۇرۇش، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە رۇس تۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇددىتى (قىيامدا تۇرۇشى بىلەن تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئاساسەن تەڭ ئىدى.

(بۇخارى: 792)

1459 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ رَمَقْتُ الصَّلَاةَ مَعَ مُحَمَّدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَجَدْتُ قِيَامَهُ فَرَكْعَتَهُ فَاعْتِدَالَهُ بَعْدَ رُكُوعِهِ فَسَجْدَتَهُ فَجَلْسَتَهُ بَيْنَ السَّجْدَتَيْنِ فَسَجْدَتَهُ فَجَلْسَتَهُ مَا بَيْنَ التَّسْلِيمِ وَالِانْصِرَافِ قَرِيبًا مِنْ السَّوَاءِ.

1459 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇ قىلىش، رۇكۇدىن كېيىن رۇس تۇرۇش، سەجدە قىلىش، ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇش، سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن بىر ئاز ئولتۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇددىتى ئاساسەن تەڭ ئىدى.

(مۇسلىم: 471)

1460 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنَّا نُصَلي التَّطَوعَ نَدْعُو قِيَامًا وَقُعُودًا وَنُسَبحُ رُكُوعًا وَسُجُودًا.

1460 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز نەپلە ناماز ئوقۇيتتۇق. ئۆرە تۇرغاندا ۋە ئولتۇرغاندا دۇئا قىلاتتۇق. رۇكۇ ۋە سەجدىدە تەسبىھ ئېيتاتتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 833)

[1] ئەلبانى (179): زەئىپ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

## دۇئايى قۇنۇت، رۇكۇ ۋە سەجدە

1461- عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبْعِينَ رَجُلًا لِحَاجَةٍ يُقَالُ لَهُمْ الْقُرَاءُ فَعَرَضَ لَهُمْ حَيانِ مِنْ بَنِي سُلَيْمٍ رِعْلٌ وَذَكْوَانُ عِنْدَ بِئْرٍ يُقَالُ لَهَا بِئْرُ مَعُونَةَ فَقَالَ الْقَوْمُ وَاللهِ مَا إِياكُمْ أَرَدْنَا إِنمَا نَحْنُ مُجْتَازُونَ فِي حَاجَةٍ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَتَلُوهُمْ فَدَعَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْهِمْ شَهْرًا فِي صَلَاةِ الْغَدَاةِ وَذَلِكَ بَدْءُ الْقُنُوتِ وَمَا كُنا نَقْنُتُ قَالَ عَبْدُ الْعَزِيزِ وَسَأَلَ رَجُلٌ أَنسًا عَنْ الْقُنُوتِ أَبَعْدَ الركُوعِ أَوْ عِنْدَ فَرَاغٍ مِنْ الْقِرَاءَةِ قَالَ لَا بَلْ عِنْدَ فَرَاغٍ مِنْ الْقِرَاءَةِ.

1461 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قارىيلاردىن تەشكىل تاپقان 70 كىشىلىك ئەترەتنى بىر ئىش ئۈچۈن بىر يەرگە ئەۋەتكەندى. بەنى سۇلەيم قەبىلىسىگە تەۋە رىئىل ۋە زەكۋان ئىسىملىك ئىككى مەھەللىنىڭ ئادەملىرى مەئۇنە قۇدۇقىنىڭ يېنىدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئەترەتتىكىلەر ئۇلارغا: ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز سىلەرگە چېقىلىش مەقسىتىدە كەلمىدۇق. بەلكى بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئىشى ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز، ـ دېدى. ئەمما قەبىلە ئادەملىرى ئۇلارنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي، ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى بىر ئاي بويىچە بامدات نامىزىدا ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى. شۇندىن باشلاپ، قۇنۇت باشلاندى، (ئۇنىڭدىن بۇرۇن) بىز قۇنۇت ئوقۇمايتتۇق.

ئابدۇلئەزىز (راۋى) مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ قۇنۇت قىرائەتتىن كېيىن ئوقۇلامدۇ ياكى رۇكۇدىن كېيىنمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ:

ـ ياق، قىرائەتتىن كېيىن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4088)

1462 - عن عَاصِمٍ قَالَ سَأَلْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ عَنْ الْقُنُوتِ فَقَالَ قَدْ كَانَ الْقُنُوتُ قُلْتُ قَبْلَ الرُّكُوعِ أَوْ بَعْدَهُ قَالَ قَبْلَهُ قَالَ فَإِنَّ فُلَانًا أَخْبَرَنِي عَنْكَ أَنَّكَ قُلْتَ بَعْدَ الرُّكُوعِ فَقَالَ كَذَبَ إِنَّمَا قَنَتَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَعْدَ الرُّكُوعِ شَهْرًا أُرَاهُ كَانَ بَعَثَ قَوْمًا يُقَالُ لَهُمْ الْقُرَّاءُ زُهَاءَ سَبْعِينَ رَجُلًا إِلَى قَوْمٍ مِنْ الْمُشْرِكِينَ دُونَ أُولَئِكَ وَكَانَ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَهْدٌ فَقَنَتَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شَهْرًا يَدْعُو عَلَيْهِمْ.

1462 ـ ئاسىم مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس ئىبنى مالىكتىن قۇنۇت ئوقۇش ھەققىدە سورىسام، ئۇ:

ـ قۇنۇت ئوقۇش بار ئىدى، ـ دېدى. مەن:

ـ قۇنۇت دۇئاسى رۇكۇدىن ئىلگىرىمۇ ياكى كېيىنمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ رۇكۇدىن ئىلگىرى، ـ دېدى. مەن:

ـ پالانى ماڭا سېنىڭ رۇكۇدىن كېيىن دېگەنلىكىڭنى ئېيتتى، ـ دېسەم، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇ يالغان ئېيتىپتۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن كېيىن پەقەت بىر ئايلا قۇنۇت ئوقۇغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قارىيلار دەپ ئاتىلىدىغان يەتمىشتەك كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ئەترەتنى تەشكىللەپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار بىر تۈركۈم مۇشرىكلارنى (دەۋەت قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتكەنىدى، (ئەترەت ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن باشقا مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى). پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا شۇ چاغدا بىر ئاي قۇنۇت ئوقۇپ، ئۇلارغا بەددۇئا قىلغان، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1002)

1463 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَنَتَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شَهْرًا مُتَتَابِعًا فِي الظُّهْرِ وَالْعَصْرِ وَالْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ وَصَلَاةِ الصُّبْحِ فِي دُبُرِ كُلِّ صَلَاةٍ إِذَا قَالَ سَمِعَ اللَّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ مِنْ الرَّكْعَةِ الْآخِرَةِ يَدْعُو عَلَى أَحْيَاءٍ مِنْ بَنِي سُلَيْمٍ عَلَى رِعْلٍ وَذَكْوَانَ وَعُصَيَّةَ وَيُؤَمِّنُ مَنْ خَلْفَهُ.

1463 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاي بويىچە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بامدات، يەنى ھەممە نامازنىڭ ئاخىرىدا قۇنۇت ئوقۇيتتى. ئاخىرقى رەكئەتتە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» دەپ، ئارقىسىدىنلا بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ رىئل، زەكۋان ۋە ئۇسەييە جەمەتلىرىگە بەددۇئا قىلاتتى، ئارقىسىدا تۇرغانلار ھەر دۇئادىن كېيىن: ”ئامىن“ دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1443)

1464 - قَالَ خُفَافُ بْنُ إِيمَاءٍ رَكَعَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ فَقَالَ غِفَارُ غَفَرَ اللهُ لَهَا وَأَسْلَمُ سَالَمَهَا اللهُ وَعُصَيَّةُ عَصَتْ اللهَ وَرَسُولَهُ اللَّهُمَّ الْعَنْ بَنِي لِحْيَانَ وَالْعَنْ رِعْلًا وَذَكْوَانَ ثُمَّ وَقَعَ سَاجِدًا قَالَ خُفَافٌ فَجُعِلَتْ لَعْنَةُ الْكَفَرَةِ مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ.

1464 ـ خۇفاف ئىبنى ئىما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «غىفار ئاھالىسىنى الله مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەم ئاھالىسىنى الله سالامەت قىلسۇن، ئۇسەييە ئاھالىسى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلدى. ئى الله! بەنىي لىھيان، رىئلان ۋە زەكۋانغا لەنەت قىلغىن!» دېدى. ئۇندىن كېيىن سەجدىگە باردى. خۇفاف مۇنداق دەيدۇ: نامازدا كاپىرلارغا بەددۇئا قىلىش شۇنىڭدىن باشلانغاندى.

(مۇسلىم: 679)

[1] ئەلبانى (1280): ھەسەن. ـ دېگەن.

1465 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ نحوه وفي آخره: فَأَنْزَلَ اللَّهُ عَز وَجَل لَيْسَ لَكَ مِنْ الْأَمْرِ شَيْءٌ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ أَوْ يُعَذِّبَهُمْ فَإِنَّهُمْ ظَالِمُونَ.

1465 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا بىر ئاي بەددۇئا قىلغاندىن كېيىن، الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، الله يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن (كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ﴾[1].

(بۇخارى: 7346)

1466 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَمَّا رَفَعَ النَّبِيُّ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأْسَهُ مِنْ الرَّكْعَةِ قَالَ اللَّهُمَّ أَنْجِ الْوَلِيدَ بْنَ الْوَلِيدِ وَسَلَمَةَ بْنَ هِشَامٍ وَعَيَّاشَ بْنَ أَبِي رَبِيعَةَ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ بِمَكَّةَ اللَّهُمَّ اشْدُدْ وَطْأَتَكَ عَلَى مُضَرَ اللَّهُمَّ اجْعَلْهَا عَلَيْهِمْ سِنِينَ كَسِنِي يُوسُفَ.

1466 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى رۇكۇدىن كۆتۈرۈپ مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى الله! ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد، سەلەمە ئىبنى ھىشام، ئەيياش ئىبنى ئەبۇ رەبىيئە قاتارلىقلارنى ۋە مەككىدىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزغىن، ئى الله! مۇزەر قەبىلىسىگە ئازابىڭنى قاتتىق قىلغىن، ئۇلارنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئاچارچىلىقتەك ئاچارچىلىققا دۇچار قىلغىن!»

(بۇخارى: 6200)

1467 - وفي رواية: إن ذلك فِي صَلَاةِ الْفَجْرِ.

1467 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ دۇئاسى بامدات نامىزىدا ئىدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 4560)

[1] سۈرە ئال ئىمران، 128 ـ ئايەت.

1468 - وفي رواية: أنه في صَلَاةِ الْعِشَاءِ.

1468 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: خۇپتەن نامىزىدا ئىدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 6393)

1469 - وفي أخرى: قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ ثُم رَأَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَرَكَ الدعَاءَ بَعْدُ فَقُلْتُ أُرَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ تَرَكَ الدعَاءَ لَهُمْ قَالَ فَقِيلَ وَمَا تَرَاهُمْ قَدْ قَدِمُوا.

1469 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنىدىن كېيىن، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ دۇئانى قىلغىنىنى كۆرمىدىم ۋە: "پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمدى بۇ دۇئانى قىلمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم" دېگەنىدى، بىرسى ئۇنىڭغا:

ـ شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلاردىن قۇتۇلۇپ) مەدىنىگە كەلگەنلىكىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 675)

1470 - عَنْ الْحَسَنِ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ جَمَعَ الناسَ عَلَى أُبَي بْنِ كَعْبٍ فَكَانَ يُصَلي لَهُمْ عِشْرِينَ لَيْلَةً وَلَا يَقْنُتُ بِهِمْ إلا فِي النصْفِ الْبَاقِي فَإِذَا كَانَتْ الْعَشْرُ الْأَوَاخِرُ تَخَلفَ فَصَلى فِي بَيْتِهِ فَكَانُوا يَقُولُونَ أَبَقَ أُبَي.

1470 ـ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (رامىزاندا) جامائەتنى يىغىپ ئۇبەي ئىبنى كەئبنى ئۇلارغا ئىمام قىلىپ بېكىتتى. ئۇبەي ئىبنى كەئب ئۇلارغا دەسلەپكى يىگىرمە كۈن ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى ۋە شۇ يىگىرمە كۈننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە (ۋىتىر نامىزىدا) قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇدى. ئەڭ ئاخىرقى ئون كۈن كەلگەندە، جامائەتتىن ئايرىلىپ، ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئوقۇدى. بۇنى كۆرگەن جامائەت: ئۇبەي قاچتى، ـ دېيىشتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1429)

[1] ئەلبانى (312): زەئىپ، ـ دېگەن.

1471 - عَنْ أَبِي مَالِكٍ الْأَشْجَعِيِّ قَالَ قُلْتُ لِأَبِي يَا أَبَةِ إِنَّكَ قَدْ صَلَّيْتَ خَلْفَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَعُثْمَانَ وَعَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ هَا هُنَا بِالْكُوفَةِ نَحْوًا مِنْ خَمْسِ سِنِينَ أَكَانُوا يَقْنُتُونَ قَالَ أَيْ بُنَيَّ مُحْدَثٌ.

1471 ـ ئەبۇ مالىك ئەشجەئى مۇنداق دەيدۇ: مەن دادامدىن:

ـــ ئى دادا! سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، شۇنداقلا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇڭ، ئۇندىن باشقا، كۇفەدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدىمۇ بەش يىل ناماز ئوقۇدۇڭ. ئۇلار قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇمىتى؟ ـ دەپ سورىدىم. دادام:

ـ ئەي ئوغلۇم! بۇ (قۇنۇت دۇئاسى) كېيىن پەيدا بولغاندى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 402)

1472 - عَنْ نَافِعٍ أَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ لَا يَقْنُتُ فِي شَيْءٍ مِنْ الصَّلَاةِ.

1472 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېچقانداق نامازدا قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇمايتتى.

(مالىك: 379)

1473 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ مَا زَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقْنُتُ فِي الْفَجْرِ حَتَّى فَارَقَ الدُّنْيَا.

1473 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى ۋاپات بولغىچە بامدات نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇغان[2].

(ئەھمەد: 12246؛ بەززار)

1474 - عن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قنت حتى مات وأبو بكر

[1] ئەلبانى (330): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2835): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

حG مات وعمر حG مات.

1474 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار قۇنۇت دۇئاسىنى تاكى ۋاپات بولغىچە ئوقۇغان[1].
(بەززار: 556)

1475 - قَالَ الْحَسَنُ بْنُ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَلمَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ كَلِمَاتٍ أَقُولُهن فِي الْوِتْرِ قَالَ ابْنُ جَواسٍ فِي قُنوتِ الْوِتْرِ اللهُم اهْدِنِي فِيمَنْ هَدَيْت وَعَافِنِي فِيمَنْ عَافَيْت وَتولنِي فِيمَنْ تَوليْت وَبارِكْ لِي فِيمَا أَعْطيْت وَقِنِي شَر مَا قَضَيْت إنكَ تَقْضِي وَلَا يُقْضَى عَلْيكَ وَإِنهُ لَا يَذِل مَنْ وَاليْت وَلَا يَعِز مَنْ عَاديْت تَبارَكْت رَبنَا وَتَعاليْت.

1475 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ۋىتىر نامىزىدا ئوقۇش ئۈچۈن بىر قانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قويغان. (ئىبنى جەۋۋاس: "يەنى ۋىتىر نامىزىنىڭ قۇنۇت دۇئاسىنى ئۆگىتىپ قويدى" دېمەكچى، - دەيدۇ). ئۇ كەلىمىلەر: «اللهُم اهْدِنِي فِيمَنْ هَدَيْت وَعَافِنِي فِيمَنْ عَافَيْت وَتولنِي فِيمَنْ تَوليْت وَبارِكْ لِي فِيمَا أَعْطيْت وَقِنِي شَر مَا قَضَيْت إنكَ تَقْضِي وَلَا يُقْضَى عَلْيكَ وَإِنهُ لَا يَذِل مَنْ وَاليْت وَلَا يَعِز مَنْ عَاديْت تَبارَكْت رَبنَا وَتَعاليْت» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. تەرجىمىسى: «ئى الله! مېنى سەن ھىدايەت قىلغانلار قاتارىدا ھىدايەت قىلغىن. ماڭا سەن ساقلىق ئاتا قىلغانلار قاتارىدا ساقلىق ئاتا قىلغىن. مېنى سەن ھىمايە قىلغانلار قاتارىدا ھىمايە قىلغىن. بەرگەن نېمەتلىرىڭدە ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن تەقدىر قىلغان ئىشلارنىڭ شەررىدىن مېنى ساقلىغىن. ھەقىقەتەن سەن مۇتلەق خاھىش ئىگىسىسەن. ساڭا شېرىك بولغۇچى يوقتۇر. سەن ئەزىز قىلغان خورلانمايدۇ، سەن خورلىغاننى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ. ئى

[1] ھەيسەمى (2836): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغىسەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1425)

1476 - عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ فِي وِتْرِهِ اللهُم إِني أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَأَعُوذُ بِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لَا أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ.

1476 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىدا: «اللهُم إِني أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَأَعُوذُ بِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لَا أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ»[2] دەپ دۇئا قىلاتتى[3].

(تىرمىزى: 3566)

1477 - قَالَ عَبْدُ اللهِ عَلمَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصلَاةَ فَكَبرَ وَرَفَعَ يَدَيْهِ فَلَما رَكَعَ طَبقَ يَدَيْهِ بَيْنَ رُكْبَتَيْهِ قَالَ فَبَلَغَ ذَلِكَ سَعْدًا فَقَالَ صَدَقَ أَخِي قَدْ كُنا نَفْعَلُ هَذَا ثُم أَمَرَنَا بِهَذَا يَعْنِي الْإِمْسَاكَ عَلَى الركْبَتَيْنِ.

1477 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ، نامازغا قۇلاق قاقتى. رۇكۇ قىلغاندا ئىككى قولىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ تۇردى، ـ دېدى. بۇ سۆز سەئدكە يەتكەندە، سەئد:

ــ قېرىندىشىم توغرا دەپتۇ، بىز شۇنداق قىلاتتۇق، كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى رۇكۇ قىلغاندا

---

[1] ئەلبانى (1263): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] تەرجىمىسى: ئى الله! سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. گۇناھتىن ساقلىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، جازالىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. ياردىمىڭگە سېغىنىپ، خورلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سان ـ ساناقسىز ھەمدى ئېيتساممۇ ساڭا لايىق ھەمدە ئېيتىشتىن ئاجىزمەن.

[3] ئەلبانى (2824): سەھىھ ـ دېگەن.

تىزلىرىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرىغان، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 747)

1478 - عَنْ أَبِي عَبْدِ الرحْمَنِ السلَمِي قَالَ قَالَ عُمَرُ إنمَا السنةُ الْأَخْذُ بِالركَبِ.

1478 ـ ئەبۇ ئابدۇرراھمان سۇلەمىي مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: رۇكۇ قىلغاندا تىزنى تۇتۇپ تۇرۇش سۈننەتتۇر، ـ دېدى[2].

(نەسائى: 1035)

1479 - عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ وَصَفَ لَنَا الْبَرَاء بنُ عَازِبٍ فَوَضَعَ يَدَيْهِ وَاعْتَمَدَ عَلَى رُكْبَتَيْهِ وَرَفَعَ عَجِيزَتَهُ وَقَالَ هَكَذَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْجُدُ.

1479 ـ ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى بىزگە سۆپەتلەپ بېرىپ، ئىككى قولىنى يەرگە قويدى، تىزلىرىنى يەرگە تاياپ تۇرۇپ، ساغرىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق سەجدە قىلاتتى، ـ دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 896)

1480 - عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سَجَدْتَ فَضَعْ كَفَيْكَ وَارْفَعْ مِرْفَقَيْكَ.

1480 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەجدە قىلغاندا، ئىككى ئالقىنىنى يەرگە قويۇپ، بىلەكنى يەردىن كۆتۈرۈپ تۇرۇڭلار».

(مۇسلىم: 494)

[1] ئەلبانى (682): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (990): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (190): زەئىپ، ـ دېگەن.

1481 - عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ قُلْتُ لِلْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ أَيْنَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَضَعُ وَجْهَهُ إِذَا سَجَدَ فَقَالَ بَيْنَ كَفيْهِ.

1481 ـ ئەبۇ ئىسھاق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بەرا ئىبنى ئازىبتىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەجدە قىلغاندا يۈزىنى نەدە قويىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ:

ـ ئىككى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوياتتى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 271)

1482 - عَنْ مَيْمُونَةَ قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سَجَدَ لَوْ شَاءَتْ بَهْمَةٌ أَنْ تَمُر بَيْنَ يَدَيْهِ لَمَرتْ.

1482 ـ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلغاندا، قولتۇقىدىن بىر قوزا مېڭىپ ئۆتەلەيتتى.

(مۇسلىم: 496)

1483 - ونحوه وزاد: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَعَدَ اطْمَأَن عَلَى فَخِذِهِ الْيُسْرَى.

1483 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇلار قوشۇپ زىكرى قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەشەھھۇدتا سول يوتىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

(مۇسلىم: 497)

1484 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ اشْتَكَى أَصْحَابُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَشَقةَ السجُودِ عَلَيْهِمْ إِذَا انْفَرَجُوا فَقَالَ اسْتَعِينُوا بِالركَبِ.

1484 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر سەجدە قىلغاندا قوللىرىنى بېقىنلىرىغا چاپلاپ تۇتمىسا (ئۇزۇنراق

[1] ئەلبانى (222): سەھىھ ـ دېگەن.

سەجدە قىلغاندا) قىينىلىپ كېتىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق چاغلاردا جەينەكلىرىڭلارنى تىزىڭلارغا تىرەپ تۇرۇڭلار، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 902)

1485 - وفي رواية: استعينوا بالانضمام.

1485 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇنداق چاغلاردا تىزىڭلارنى يىغىپراق تۇرۇڭلار!» دېدى، ـ دېيىلگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1486 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا سَجَدَ أَحَدُكُمْ فَلَا يَفْتَرِشْ يَدَيْهِ افْتِرَاشَ الْكَلْبِ وَلْيَضُم فَخِذَيْهِ.

1486 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەجدە قىلغاندا ئىككى قولۇڭلارنى ئىتقا ئوخشاش يەرگە چاپلىۋالماڭلار، ئەمما يوتاڭلارنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەڭلار»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 901)

1487 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سَجَدَ أَحَدُكُمْ فَلَا يَبْرُكْ كَمَا يَبْرُكُ الْبَعِيرُ وَلْيَضَعْ يَدَيْهِ قَبْلَ رُكْبَتَيْهِ.

1487 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەجدە قىلغاندا تۆگىگە ئوخشاش چۆكمەي، قولۇڭلارنى

---

[1] ئەلبانى (192): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (191): زەئىپ، ـ دېگەن.

تىزىڭلاردىن بۇرۇن يەرگە قويۇڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 840)

1488 - عَنْ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ قَالَ رَأَيْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سَجَدَ وَضَعَ رُكْبَتَيْهِ قَبْلَ يَدَيْهِ وَإِذَا نَهَضَ رَفَعَ يَدَيْهِ قَبْلَ رُكْبَتَيْهِ.

1488 ـ ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەجدە قىلغاندا ئىككى تىزنى ئىككى قولىدىن بۇرۇن قويغانلىقىنى، سەجدىدىن تۇرغاندا ئىككى قولىنى ئىككى تىزىدىن بۇرۇن كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم[2].

(تىرمىزى: 268)

1489 - عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ عَنْ أَبِيهِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ بِوَضْعِ الْيَدَيْنِ وَنَصْبِ الْقَدَمَيْنِ.

1489 ـ ئامىر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدىدە ئىككى قولنى يەرگە قويۇشقا ۋە ئىككى پۇتنى تىكلەشكە بۇيرىدى[3].

(تىرمىزى: 277)

1490 - عن مُحَمدُ بْنُ عُمَرَ بْنِ عَطَاءٍ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا حُمَيْدٍ الساعِدِي فِي عَشْرَةٍ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهُمْ أَبو قَتَادَةَ قَالَ أَبو حُمَيْدٍ أَنَا أَعْلَمُكُـمْ بِصَلَاةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا فَلِمَ فَوَاللهِ مَا كُنتَ بِأَكْثَرِنَا لَهُ تَبَعًا وَلَا أَقْدَمِنَا لَهُ صُحْبَةً قَالَ بَلَى قَالُوا فَاعْرِضْ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَـامَ إِلَـى الصلَاةِ يَرْفَعُ يَدَيْهِ حَتى يُحَاذِيَ بِهِمَا مَنْكِبَيْهِ ثُم يُكَبرُ حَتى يَقِر كُل عَظْمٍ فِي مَوْضِعِهِ مُعْتَدِلًا ثُم يَقْرَأُ ثُم يُكَبرُ فَيَرْفَعُ يَدَيْهِ حَتى يُحَاذِيَ بِهِمَا مَنْكِبَيْهِ ثُم يَرْكَعُ وَيَضَعُ رَاحَتَيْهِ عَلَى رُكْبَتَيْهِ

[1] ئەلبانى (746): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (44): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (228): ھەسەن، ـ دېگەن.

ثُم يَعْتَدِلُ فَلَا يَصُب رَأْسَهُ وَلَا يُقْنِعُ ثُم يَرْفَعُ رَأْسَهُ فَيَقُولُ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ ثُم يَرْفَعُ يَدَيْهِ حَتى يُحَاذِيَ بِهِمَا مَنْكِبَيْهِ مُعْتَدِلًا ثُم يَقُولُ اللهُ أَكْبَرُ ثُم يَهْوِي إِلَى الْأَرْضِ فَيُجَافِي يَدَيْهِ عَنْ جَنْبَيْهِ ثُم يَرْفَعُ رَأْسَهُ وَيَثْنِي رِجْلَهُ الْيُسْرَى فَيَقْعُدُ عَلَيْهَا وَيَفْتَحُ أَصَابِعَ رِجْلَيْهِ إِذَا سَجَدَ وَيَسْجُدُ ثُم يَقُولُ اللهُ أَكْبَرُ وَيَرْفَعُ رَأْسَهُ وَيَثْنِي رِجْلَهُ الْيُسْرَى فَيَقْعُدُ عَلَيْهَا حَتى يَرْجِعَ كُل عَظْمٍ إِلَى مَوْضِعِهِ ثُم يَصْنَعُ فِي الْأُخْرَى مِثْلَ ذَلِكَ ثُم إِذَا قَامَ مِنْ الركْعَتَيْنِ كَبرَ وَرَفَعَ يَدَيْهِ حَتى يُحَاذِيَ بِهِمَا مَنْكِبَيْهِ كَمَا كَبرَ عِنْدَ افْتِتَاحِ الصلَاةِ ثُم يَصْنَعُ ذَلِكَ فِي بَقِيةِ صَلَاتِهِ حَتى إِذَا كَانَتْ السجْدَةُ التِي فِيهَا التسْلِيمُ أَخرَ رِجْلَهُ الْيُسْرَى وَقَعَدَ مُتَوَركًا عَلَى شِقهِ الْأَيْسَرِ قَالُوا صَدَقْتَ هَكَذَا كَانَ يُصَلي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

1490 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەتا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ھۇمەيد سائىدىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەبۇ قەتادە قاتارلىق ئون ساھابىسىنىڭ ئىچىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى سىلەرگە قارىغاندا ياخشىراق بىلىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان مەزكۇر ساھابىلەر:

ـ قانداقسىگە ئۇنداق بولغۇدەك؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ئۇنىڭغا بىزدىن كۆپ ئەگەشمىگەن ۋە بىزدىن بۇرۇن ساھابە بولمىغان تۇرساڭ؟ ـ دېيىشتى. ئەبۇ ھۇمەيد:

ـ ئېيتقىنىڭلار توغرا! ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئۇنداقتا، قېنى ئېيتىپ باققىنە! ـ دېدى. ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغاندا، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ، تەكبىر بىلەن باشلايتتى. قەددىنى پۈتۈن ئەزالىرى جايىغا كەلگۈدەك ھالەتتە رۇسلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ئايەتلەرنى ئوقۇيتتى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرەتتى. ئاندىن رۇكۇ قىلىپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە قوياتتى. بېشىنى يا ساڭگىلىتىۋالماي ياكى بەك كۆتۈرۈۋالماي، دۈمبىسىنى تۈز تۇتاتتى.

ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دەيتتى ۋە ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ، قەددىنى رۇسلايتتى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ، سەجدىگە باراتتى. ئىككى قولىنى ئىككى بېقىنىدىن ئايرىپ تۇتاتتى. ئاندىن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سول پۇتىنى يېنىچە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. سەجدە قىلغاندا، پۇت بارماقلىرىنى ئۇچۇق تۇتاتتى (يەنى يۇمۇۋالمايتتى). ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ، بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرەتتى ۋە سول پۇتىنى يېنىچە ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇتىنى ئەزالىرى جايىغا كەلگۈدەك ھالەتتە تۈز ئولتۇراتتى. ئىككىنچى سەجدىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتكە ئورنىدىن تۇرسا، نامازنى باشلىغان ۋاقىتتىكى تەكبىرگە ئوخشاش تەكبىر ئېيتىپ، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرەتتى. نامىزىنىڭ قالغان رەكئەتلىرىنىمۇ مۇشۇنداق ئوقۇيتتى. (تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رەكئىتىدىكى) تەشەھھۇدتا سول پۇتىنى يان تەرەپكە چىقىرىپ، سول ساغرىسىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇراتتى، ـ دېدى. ساھابىلار:

ـ راست ئېيتتىڭ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى مۇشۇنداق ئوقۇيتتى، ـ دېيىشتى [1].

(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

1491 - وفي رواية: فَإِذَا رَكَعَ أَمْكَنَ كَفَّيْهِ مِنْ رُكْبَتَيْهِ وَفَرَّجَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ ثُمَّ هَصَرَ ظَهْرَهُ غَيْرَ مُقْنِعٍ رَأْسَهُ وَلَا صَافِحٍ بِخَدِّهِ وَقَالَ فَإِذَا قَعَدَ فِي الرَّكْعَتَيْنِ قَعَدَ عَلَى بَطْنِ قَدَمِهِ الْيُسْرَى وَنَصَبَ الْيُمْنَى فَإِذَا كَانَ فِي الرَّابِعَةِ أَفْضَى بِوَرِكِهِ الْيُسْرَى إِلَى الْأَرْضِ وَأَخْرَجَ قَدَمَيْهِ مِنْ نَاحِيَةٍ وَاحِدَةٍ

1491 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا، ئىككى قولىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ،

[1] ئەلبانى (670): سەھىھ ـ دېگەن.

بارماقلىرىنى ئاراچ تۇتاتتى. دۈمبىسىنى تۈز قىلاتتى، بېشىنى ئېچىگەمۇ ئېگىۋالمايتتى. ئىككى رەكئەتتىن كېيىن، تەشەھھۇدقا ئولتۇرغاندا، سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەيتتى. تۆتىنچى رەكئەتتىن كېيىن، تەشەھھۇدقا ئولتۇرغاندا، سول يامپىشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، ئىككى پۇتىنى يان تەرەپتىن چىقىرىپ ئولتۇراتتى[1].
(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

1492 - وفي رواية: فَإِذَا سَجَدَ وَضَعَ يَدَيْهِ غَيْرَ مُفْتَرِشٍ وَلَا قَابِضِـهِمَا وَاسْـتَقْبَلَ بِأَطْرَافِ أَصَابِعِهِ الْقِبْلَةَ.

1492 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: سەجدىدە ئىككى قولىنى بەكمۇ يىغىۋالماي، بەكمۇ يېيىۋالماي، ئوتتۇراھال قوياتتى ۋە بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتاتتى، ـ دېيىلگەن[2].
(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

1493 - وفي أخرى: ثُمَّ سَجَدَ فَأَمْكَنَ أَنْفَهُ وَجَبْهَتَهُ وَنَحَّى يَدَيْهِ عَنْ جَنْبَيْهِ وَوَضَعَ كَفَّيْهِ حَذْوَ مَنْكِبَيْهِ ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ حَتَّى رَجَعَ كُلُّ عَظْمٍ فِي مَوْضِعِهِ حَتَّى فَرَغَ ثُـمَّ جَلَـسَ فَافْتَرَشَ رِجْلَهُ الْيُسْرَى وَأَقْبَلَ بِصَدْرِ الْيُمْنَى عَلَى قِبْلَتِهِ وَوَضَعَ كَفَّهُ الْيُمْنَى عَلَى رُكْبَتِهِ الْيُمْنَى وَكَفَّهُ الْيُسْرَى عَلَى رُكْبَتِهِ الْيُسْرَى وَأَشَارَ بِأُصْبُعِهِ.

1493 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇندىن كېيىن سەجدە قىلىپ بۇرنى ۋە پېشانىسىنى يەرگە قوياتتى، ئىككى قولىنى ئىككى قولتۇقىدىن يىراق قىلىپ، ئىككى ئالقىنىنى دولىسىنىڭ باراۋىرىدە تۇتاتتى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، (ئىككى سەجدە ئارىسىدا) تاكى ئۇگە ـ ئۇگىلىرى ئۆز ئورنىغا تولۇق چۈشكەنگە قەدەر رۇس ئولتۇراتتى. سەجدىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئوڭ

---

[1] ئەلبانى (671): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (672): سەھىھ ـ دېگەن.

ئالقىنىنى ئۇلۇق تىزىنىڭ ئۈستىگە، سول ئالقىنىنى سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ (كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن) ئىشارەت قىلاتتى، ـ دېيىلگەن[①].

(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

1494 - وفي أخرى: وَإِذَا سَجَدَ فَرَّجَ بَيْنَ فَخِذَيْهِ غَيْرَ حَامِلٍ بَطْنَهُ عَلَى شَيْءٍ مِنْ فَخِذَيْهِ.

1494 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: سەجدىدە ئىككى يوتىسىنى ئاراچ تۇتاتتى، قورسىقى ئىككى يوتىسىغا تېگىپ قالمايتتى، ـ دېيىلگەن[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 730)

1495 - وفي رواية البخاري: فَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ اسْتَوَى حَتَّى يَعُودَ كُلُّ فَقَارٍ مَكَانَهُ.

1495 ـ بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئۇگە ـ ئۇگىلىرى جاي ـ جايىغا تولۇق چۈشكىچە تۈز ئولتۇراتتى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 828)

1496 - عن يُوسُفَ وَهُوَ ابْنُ مَاهَكَ يُحَدِّثُ عَنْ حَكِيمٍ قَالَ بَايَعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ لَا أَخِرَّ إِلَّا قَائِمًا.

1496 ـ يۇسۇپ ئىبنى ماھەك ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رۇكۇدىن باشنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، بىر ئاز قىيامدا تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن سەجدىگە بېرىشقا بەيئەت قىلدىم[③].

(نەسائى: 1084)

---

[①] ئەلبانى (673): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (148): زەئىپ ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (1039): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

1497 - عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ يَا عَلِي أُحِب لَكَ مَا أُحِب لِنَفْسِي وَأَكْرَهُ لَكَ مَا أَكْرَهُ لِنَفْسِي لَا تُقْعِ بَيْنَ السجْدَتيْنِ.

1497 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

«ئى ئەلى! مەن ئۆز نەپسىمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى سەن ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۆز نەپسىمگە يامان كۆرگەن نەرسىنى ساڭىمۇ يامان كۆرىمەن. سەن ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرمىغىن» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 282)

1498 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ نَهى رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ أَنْ يَجْلِسَ الرجُلُ فِي الصلَاةِ وَهُوَ مُعْتَمِدٌ عَلَى يَدِهِ.

1498 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا قولىغا تايىنىپ ئولتۇرۇشتىن توسقان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 992)

1499- وزاد رزين: قال: «ورأى ابنُ عمر رجلا يتكِئُ على أَلْيَةِ يده اليسـرى وهو قاعد في الصلاة، فقال له: لا θلس هكذا، فإن هكذا ƶلس الذين يُعذبون».

1499 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنۇلار زىيادە قىلىنغان: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما بىر كىشىنىڭ نامازدا سول قولىنى ئارقا تەرىپىگە قويۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: ”بۇنداق ئولتۇرما، بۇنداق ئولتۇرغانلار ئازابلىنىدۇ“ دېگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (45): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (875): سەھىھ ـ دېگەن.

1500 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْهَض فِي الصلَاةِ عَلَى صُدُورِ قَدَمَيْهِ.

1500 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدىدىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن (يەنى بىر ئاز ئولتۇرماستىنلا ئىككىنچى رەكئەتكە) قوپۇپ كېتەتتى[1].

(تىرمىزى: 288)

1501 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا سَجَدَ وَضَعَ كَفيْهِ عَلَى الذِي يَضَعُ عَلَيْهِ جَبْهَتَهُ قَالَ نَافِعٌ وَلَقَدْ رَأَيْتُهُ فِي يَوْمٍ شَدِيدِ الْبَرْدِ وَإِنهُ لَيُخْرِجُ كَفيْهِ مِنْ تَحْتِ بُرْنُسٍ لَهُ حَتى يَضَعَهُمَا عَلَى الْحَصْبَاءِ.

1501 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سەجدە قىلغاندا، ئىككى ئالقىنىنى پېشانىسىنى قويىدىغان يەرگە قوياتتى. ھاۋا قاتتىق سوغۇق بىر كۈنى، مەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى كىيىمىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ ئۇششاق تاشلارنىڭ ئۈستىگە قويغانلىقىنى كۆردۈم.

(مالىك: 390)

1502 - عَنْ مَجْزَأَةَ عَنْ رَجُلٍ مِنْهُمْ مِنْ أَصْحَابِ الشجَرَةِ اسْمُهُ أُهْبَانُ بْنُ أَوْسٍ وَكَانَ اشْتَكَى رُكْبَتَهُ وَكَانَ إِذَا سَجَدَ جَعَلَ تَحْتَ رُكْبَتِهِ وِسَادَةً.

1502 ـ مەجزەئە ئىبنى زاھىر مۇنداق دەيدۇ: رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلاردىن ئۇھبان ئىبنى ئەۋس ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ تىزى ئاغرىيتتى، شۇڭا تىزىنىڭ ئاستىغا تەكيە قويۇپ، ئاندىن سەجدە قىلاتتى.

(بۇخارى: 4174)

1503 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ إِذَا لَمْ يَسْتَطِعْ الْمَرِيضُ السجُودَ

[1] ئەلبانى (47): زەئىپ، ـ دېگەن.

أَوْمَأَ بِرَأْسِهِ إِيمَاءً وَلَمْ يَرْفَعْ إِلَى جَبْهَتِهِ شَيْئًا.

1503 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئەگەر كېسەل كىشى سەجدە قىلالمىسا، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىر نەرسە تەگكۈزۈشىنىڭ ھاجىتى يوق، ـ دېدى.

(مالىك: 405)

1504 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أُمِرْتُ أَنْ أَسْجُدَ عَلَى سَبْعَةِ أَعْظُمٍ وَلَا أَكُفَّ ثَوْبًا وَلَا شَعْرًا.

1504 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن يەتتە ئەزايىم بىلەن سەجدە قىلىشقا، كىيىمىمنى ۋە چېچىمنى يىغىۋالماسلىققا بۇيرۇلدۇم».

(مۇسلىم: 490)

1505 - عَنْ الْعَبَّاسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِذَا سَجَدَ الْعَبْدُ سَجَدَ مَعَهُ سَبْعَةُ أَطْرَافٍ وَجْهُهُ وَكَفَّاهُ وَرُكْبَتَاهُ وَقَدَمَاهُ.

1505 ـ ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەندە سەجدە قىلسا، يەتتە ئەزاسى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار: يۈزى، ئىككى ئالقىنى، ئىككى تىزى ۋە ئىككى پۇتى قاتارلىقلار».

(مۇسلىم: 491)

1506 - عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الْأَنْصَارِيِّ الْبَدْرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تُجْزِئُ صَلَاةٌ لَا يُقِيمُ فِيهَا الرَّجُلُ يَعْنِي صُلْبَهُ فِي الرُّكُوعِ وَالسُّجُودِ.

1506 ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رۇكۇ ۋە سەجدىدە دۈمبە رۇسلانمىغىچە (يەنى بەل تۈزلەنمىگىچە) ناماز ئادا تاپقان بولمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 265)

1507- عَنْ النعْمَانِ بْنِ مُرةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا تَرَوْنَ فِي الشارِبِ وَالسارِقِ وَالزانِي وَذَلِكَ قَبْلَ أنْ يَنزِلَ فِيهِمْ قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أعْلَمُ قَالَ هُن فَوَاحِشُ وَفِيهِن عُقُوبَةٌ وَأسْوَأُ السرِقَةِ الذِي يَسْرِقُ صَلَاتَهُ قَالُوا وَكَيْفَ يَسْرِقُ صَلَاتَهُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لَا يُتِم رُكُوعَهَا وَلَا سُجُودَهَا.

1507 ـ نۇئمان ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھاراق ئىچكەنلەرگە، ئوغرىلىق قىلغانلارغا، زىنا قىلغانلارغا قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بۇ ۋاقىتتا، بۇلار توغرىسىدا تېخى ئايەت نازىل بولمىغان ئىدى. ئۇلار:

ـ الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلار قەبىھ رەزىل ئىشلار بولۇپ، ھەممىسىگە جازا بار. ئوغرىنىڭ ئەڭ يامىنى ناماز ئوغرىسىدۇر، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ناماز ئوغرىسى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ، رۇكۇ ياكى سەجدىنى تولۇق قىلمايدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 403)

1508 - عَنْ أنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ مَا صَلَيْتُ خَلْفَ رَجُلٍ أوْجَزَ صَلَاةً مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي تَمَامٍ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إذَا قَالَ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ قَامَ حَتى نَقُولَ قَدْ أوْهَمَ ثُم يُكَبرُ وَيَسْجُدُ وَكَانَ يَقْعُدُ بَيْنَ السجْدَتَيْنِ حَتى

[1] ئەلبانى (217): سەھىھ ـ دېگەن.

نَقُولَ قَدْ أَوْهَمَ.

1508 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىغا ئوخشاش ئىخچام ۋە تولۇق نامازنى باشقا بىر كىشىنىڭ كەينىدە ئوقۇپ باقمىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» دەپ رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇن ئۆرە تۇراتتى، ھەتتا بىز ئۇنى سەجدىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپ قالاتتۇق. ئاندىن، ئۇ: «الله ئەكبەر» دەپ سەجدىگە باراتتى، بىرىنچى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن ئىككىنچى سەجدىگە بېرىشتىن بۇرۇن خېلى ئۇزۇن ئولتۇراتتى، ھەتتا بىز ئۇنى ئىككىنچى سەجدىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 853)

1509 - عَنْ أَبِي قِلَابَةَ أن مَالِكَ بْنَ الْحُوَيْرِثِ قَالَ لِأَصْحَابِهِ أَلَا أُنَبِّئُكُمْ صَلَاةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَذَاكَ فِي غَيْرِ حِينِ صَلَاةٍ فَقَامَ ثُم رَكَعَ فَكَبرَ ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ فَقَامَ هُنَيةً ثُم سَجَدَ ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ هُنَيةً فَصَلى صَلَاةَ عَمْرِو بْنِ سَلِمَةَ شَيْخِنَا هَذَا قَالَ أَيوبُ كَانَ يَفْعَلُ شَيْئًا لَمْ أَرَهُمْ يَفْعَلُونَهُ كَانَ يَقْعُدُ فِي الثالِثَةِ وَالرابِعَةِ.

1509 ـ ئەبۇ قەلابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس دوستلىرىغا:

— مەن سىلەرگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى تەسۋىرلەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. گەرچە ناماز ۋاقتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ نامازغا تۇردى. «الله ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا باردى. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئازراق تۇرۇپ سەجدىگە باردى، ئاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ (ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا) ئازراق ئولتۇردى (ئەبۇ قەلابە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، نامازنى بىزنىڭ شەيخىمىز ئەمر ئىبنى سەلەمەگە ئوخشاش ئوقۇدى).

ئەييۇب مۇنداق دەيدۇ: (مالىك) شۇنداق بىر ئىشنى قىلغانىدىكى،

---

[1] ئەلبانى (759): سەھىھ ـ دېگەن.

مەن بۇندىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ بۇ ئىشنى قىلغىنىنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇ، ئۇچىنچى رەكئەتتىمۇ ۋە تۆتىنچى رەكئەتتىمۇ ئولتۇراتتى.

(بۇخارى: 819)

(يەنى ئۇچىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا سەجدە قىلىپ بولۇپ، تۆتىنچى رەكئەتكە تۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا ئازراق ئولتۇرۇپ ئاندىن قوپاتتى، تۆتىنچى رەكئەتتىمۇ تەشەھھۇد ئۈچۈن ئولتۇراتتى).

1510 - وفي رواية: فَصَلى بِنَا صَلَاةَ شَيْخِنَا هَذَا أَبِي بُرَيْدٍ وَكَانَ أَبُو بُرَيْدٍ إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنْ السجْدَةِ الْآخِرَةِ اسْتَوَى قَاعِدًا ثُم نَهَضَ.

1510 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ، بىزنىڭ بۇ شەيخىمىز ئەبۇ بۇرەيدەگە ئوخشاش ناماز ئوقۇپ بەردى. ئەبۇ بۇرەيدە ئىككىنچى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، راۋرۇس ئولتۇرۇۋېتىپ ئاندىن قوپاتتى، - دېيىلگەن.

(بۇخارى: 802)

1511 - عَنْ رِفَاعَةَ بْنِ رَافِعٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَمَا هُوَ جَالِسٌ فِي الْمَسْجِدِ يَوْمًا قَالَ رِفَاعَةُ وَنَحْنُ مَعَهُ إِذْ جَاءَهُ رَجُلٌ كَالْبَدَوِي فَصَلى فَأَخَف صَلَاتَهُ ثُم انْصَرَفَ فَسَلمَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيْكَ فَارْجِعْ فَصَل فَإِنكَ لَمْ تُصَل فَرَجَعَ فَصَلى ثُم جَاءَ فَسَلمَ عَلَيْهِ فَقَالَ وَعَلَيْكَ فَارْجِعْ فَصَل فَإِنكَ لَمْ تُصَل فَفَعَلَ ذَلِكَ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا كُل ذَلِكَ يَأْتِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيُسَلمُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُولُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيْكَ فَارْجِعْ فَصَل فَإِنكَ لَمْ تُصَل فَخَافَ الناسُ وَكَبُرَ عَلَيْهِمْ أَنْ يَكُونَ مَنْ أَخَف صَلَاتَهُ لَمْ يُصَل فَقَالَ الرجُلُ فِي آخِرِ ذَلِكَ فَأَرِنِي وَعَلمْنِي فَإِنمَا أَنَا بَشَرٌ أُصِيبُ وَأُخْطِئُ فَقَالَ أَجَلْ إِذَا قُمْتَ إِلَى الصلَاةِ فَتَوَضأْ كَمَا أَمَرَكَ اللهُ ثُم تَشَهدْ وَأَقِمْ فَإِنْ كَانَ مَعَكَ قُرْآنٌ فَاقْرَأْ وَإِلا فَاحْمَدْ اللهَ وَكَبرْهُ وَهَللْهُ ثُم ارْكَعْ فَاطْمَئِن رَاكِعًا ثُم اعْتَدِلْ قَائِمًا ثُم اسْجُدْ فَاعْتَدِلْ سَاجِدًا ثُم اجْلِسْ فَاطْمَئِن جَالِسًا ثُم قُمْ فَإِذَا فَعَلْتَ ذَلِكَ فَقَدْ تمتْ صَلَاتُكَ وَإِنْ انْتَقَصْتَ مِنْهُ شَيْئًا انْتَقَصْتَ مِنْ صَلَاتِكَ قَالَ وَكَانَ هَذَا أَهْوَنَ عَلَيْهِمْ مِنْ الْأُولِ أَنهُ مَنْ انْتَقَصَ مِنْ ذَلِكَ شَيْئًا انْتَقَصَ مِنْ

صَلَاتِهِ وَلَمْ تَذْهَبْ كُلُّهَا.

1511 ـ رىفائە ئىبنى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەسجىدتە بىرگە ئولتۇراتتۇق. بەدەۋىيگە ئوخشاش بىر كىشى كېلىپ، نامازنى يەڭگىل ئوقۇغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالىمىنى قايتۇرغاندىن كېيىن:

ـ نامازنى قايتا ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ، ـ دېدى. ئۇ، نامازنى قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالىمىنى قايتۇرغاندىن كېيىن:

ـ نامازنى قايتا ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەھۋال ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. ئۇ، ھەر قېتىم ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ھەر سالىمىنى قايتۇرغاندىن كېيىن:

ـ نامازنى قايتا ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ، ـ دېدى. بۇنى كۆرگەن جامائەت يەڭگىل ئوقۇلغان نامازنىڭ ناماز بولماي قېلىشىدىن قورقتى ۋە بۇ ئۇلارغا بەك ئېغىر تۇيۇلدى. ئاخىرى، ھېلىقى كىشى:

ـ ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن، مەن بىر ئىنسانمەن، توغرا ياكى خاتا قىلىپ قويىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ توغرا ئېيتتىڭ. ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ، الله تائالا بۇيرىغاندەك تاھارەت ئالغىن. ئاندىن ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇپ نامازغا تۇرغىن. ئەگەر قۇرئاننى يادقا بىلسەڭ، قۇرئان ئوقۇغىن. ئەگەر يادقا بىلمىسەڭ، الله تائالاغا ھەمدە، تەكبىر، تەھلىل ئېيتىپ، رۇكۇغا بارغىن ۋە رۇكۇنى جايىدا ئادا قىل. ئۇندىن كېيىن، رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، بېلىڭ راۋۇرۇس تۈزلەنگىچە ئۆرە تۇرغىن. ئۇندىن كېيىن سەجدىگە بارغىن ۋە سەجدىنىمۇ جايىدا ئادا قىل. سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرگەندىن

كېيىن راۋۇرۇس ئولتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئورنۇڭدىن تۇرغىن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، نامىزىڭ تولۇق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ناقىس بولۇپ قالسا، نامىزىڭ ناقىس بولۇپ قالىدۇ.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۇلار ئۇچۇن بۇرۇنقىدىن كۆپ يېنىك بولدى. چۈنكى بۇنىڭغا ئاساسەن، نامازنىڭ بىرەر قائىدىسىگە دەخلى يەتكۈزگەن كىشىنىڭ نامىزى پۈتۈنلەي زايە بولۇپ كەتمەيدۇ، پەقەتلا كەمچىل بولۇپ قالىدۇ[①].

(تىرمىزى: 302)

1512 - عن محارب بن دثار قال: نظر حذيفةُ رضي الله عنه إلى رجل في المسجد يصلي، ولا يقيم ظهره، فلما فرغ قال له: أيألمُ ظهرُك؟ قال: لا قال: إنك لو مُت على حالك هذه مُت مخالفا لسُنة رسول الله -صلى الله عليه وسلم-.

1512 ـ مۇھارىب ئىبنى دىسار مۇنداق دەيدۇ: ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ قىيامدا رۇس تۇرمىغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇ كىشى نامازدىن پارىغ بولغاندا:

ـ سېنىڭ دۈمبەڭ ئاغرىمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى:

ـ ياق، دەپ جاۋاب بەردى. ھۇزەيفە:

ـــ ئەگەر سەن مۇشۇ پېتى ۋاپات بولۇپ كەتسەڭ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا ۋاپات بولۇپ كېتىسەن، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1513 - عَنْ زَيْدِ بْنِ وَهْبٍ عَنْ حُذَيْفَةَ أَنَّهُ رَأَى رَجُلًا يُصَلِّي فَطَفَّفَ فَقَالَ لَهُ حُذَيْفَةُ مُنْذُ كَمْ تُصَلِّي هَذِهِ الصَّلَاةَ قَالَ مُنْذُ أَرْبَعِينَ عَامًا قَالَ مَا صَلَّيْتَ مُنْذُ أَرْبَعِينَ سَنَةً وَلَوْ مِتَّ وَأَنْتَ تُصَلِّي هَذِهِ الصَّلَاةَ لَمِتَّ عَلَى غَيْرِ فِطْرَةِ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

1513 ـ زەيد ئىبنى ۋەھبدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھۇزەيفە

---

① ئەلبانى (247): سەھىھ ـ دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ نامازنى تولۇق ئوقۇماي چوقۇپلا ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— سەن قاچاندىن بېرى نامازنى مۇشۇنداق ئوقۇۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

- 40 يىلدىن بېرى، - دېدى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— سەن 40 يىلدىن بېرى ناماز ئوقۇماپسەن، ناۋادا سەن نامازنى مۇشۇنداق ئوقۇغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئەلۋەتتە، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن بولىسەن، - دېدى[1].

(نەسائى: 1312)

1514 - عَنِ ٱبنِ عَباسٍ، قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ: "إِذَا رَكَعَ اسْتَوى، فَلَوْ صُب عَلَى ظَهْرِهِ الْمَاءُ لاسْتَقَرَ".

1514- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدا دۈمبىسىگە سۇ قويسا تۆكۈلۈپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە تۈز تۇراتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 12781؛ «مەۋسىلى»)

1515 - عَنِ ٱبنِ عَباسٍ، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ، قَالَ: "مَنْ لَمْ يُلْزِقْ أَنفَهُ مَعَ جَبْهَتِهِ بِالأَرْضِ إِذَا سَجَدَ لَمْ تَجُزْ صَلاَتُهُ".

1515 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بۇرنى بىلەن پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزمەي سەجدە قىلسا، نامىزى ناماز بولمايدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 11917؛ «ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ئەلبانى (1244): سەنەدى سەھىھ. - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2737): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. - دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2762): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. - دېگەن.

## نامازدا ئولتۇرۇش، تەشەھھۇد ۋە سالام

1516 - عن طَاوُس قال قُلْنَا لِابْنِ عَبَاسٍ فِي الْإِقْعَاءِ عَلَى الْقَدَمَيْنِ فَقَالَ هِيَ السنةُ فَقُلْنَا لَهُ إنا لَنَرَاهُ جَفَاءً بِالرجُلِ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ بَلْ هِيَ سُنةُ نَبِيكَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

1516 ـ تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىبنى ئابباستىن:

ـ نامازدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇش نېمىدۇر؟ ـ دەپ سورىدۇق. ئۇ:

ـ سۈننەتتۇر، ـ دېدى. بىز:

ـ ئىنسانغا مۇشەققەتلىك ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىساق:

ـ ئۇ دىگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 536)

1517 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا قَعَدَ فِي الركْعَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ كَأَنهُ عَلَى الرضْفِ قُلْتُ لِسَعْدٍ حَتى يَقُومَ.

1517 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتە (ئوتتۇردىكى تەشەھھۇدقا) ئولتۇرغاندا قوپقانغا قەدەر خۇددى قىزىتىلغان تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتى.

(ئەھمەد: 4144)

1518 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَنهُ أَخْبَرَهُ أَنهُ كَانَ يَرَى عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَتَرَبعُ فِي الصلَاةِ إِذَا جَلَسَ فَفَعَلْتُهُ وَأَنَا يَوْمَئِذٍ حَدِيثُ السن فَنَهَانِي عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ وَقَالَ إِنمَا سُنةُ الصلَاةِ أَنْ تَنْصِبَ رِجْلَكَ الْيُمْنَى وَتَثْنِيَ الْيُسْرَى فَقُلْتُ إِنكَ تَفْعَلُ ذَلِكَ فَقَالَ إِن رِجْلَي لَا تَحْمِلَانِي.

1518 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نامازدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى، مەنمۇ شۇنداق ئولتۇردۇم. ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك ئىدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مېنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە:

ـ ئوڭ پۇتىڭنى تىكلەپ، سول پۇتىڭنى يېنى ياتقۇزۇپ ئولتۇرۇش سۈننەت، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ـ سەن شۇنداق قىلىدىكەنسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ئىككى پۇتۇم مېنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 827)

1519 - عَنْ عَلِي ْبنِ عَبْدِ الرحْمَنِ الْمُعَاوِي أَنهُ قَالَ رَآنِي عَبْدُ اللهِ ْبنُ عُمَرَ وَأَنـا أَعْبثُ بِالْحَصَى ِفي الصلَاةِ فَلما ْانصَرَفَ َنهَانِي فَقَالَ اصْنَعْ كَمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ يَصْنَعُ فَقُلْتُ وَكَيفَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ يَصْنَعُ قَالَ كَانَ إذَا جَلَسَ ِفي الصلَاةِ وَضَعَ كَفهُ الْيُمْنى عَلَى فَخِذِهِ الْيُمْنى وَقَبَضَ أَصَابِعَهُ كُلهَا وَأَشَارَ بِإصْبَعِهِ التِي َتلِي الْإِبْهَامَ وَوَضَعَ كَفهُ الْيُسْرَى عَلَى فَخِذِهِ الْيُسْرَى.

1519 ـ ئەلى ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مېنىڭ نامازدا تۇرۇپ ئۇششاق تاشلارنى ئويناۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ناماز تۈگىگەندىن كېيىن مېنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق قىلغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق قىلغىن! ـ دېدى. مەن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق قىلاتتى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئولتۇرغاندا، ئىككى قولىنى ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە قوياتتى. باشقا بارماقلىرىنى يىغىپ، كۆرسەتكۈچ (بېگىز) بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 580)

1520 - وفي رواية: وَضَعَ يَدَهُ الْيُسْرَى عَلَى رُكْبَتِهِ الْيُسْرَى وَوَضَعَ يَدَهُ الْيُمْنَى عَلَى رُكْبَتِهِ الْيُمْنَى وَعَقَدَ ثَلَاثَةً وَخَمْسِينَ وَأَشَارَ بِالسبابَةِ.

1520 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئىككى قولىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ، ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى ، - دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 580)

1521 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْرِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُشِيرُ بِأُصْبُعِهِ إِذَا دَعَا وَلَا يُحَرِكُهَا.

1521 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئادا بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى، ئەمما ھەرىكەتلەندۈرمەيتتى[1].

(نەسائى: 1270)

1522 - وفيه: وَقَبَضَ أَصَابِعَهُ وَبَسَطَ السبابَةَ وَهُوَ يَقُولُ يَا مُقَلبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ.

1522 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئېچىپ، قالغان بارماقلىرىنى يىغىۋېلىپ: «يَا مُقَلبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ» (يەنى: ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله! دىلىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن!) دەيتتى[2].

(تىرمىزى: 3587)

1523 - عَنْ أَبِي يَعْفُورٍ قَالَ سَمِعْتُ مُصْعَبَ بْنَ سَعْدٍ يَقُولُ صَلَيْتُ إِلَى جَنْبِ أَبِي فَطَبَقْتُ بَيْنَ كَفي ثُم وَضَعْتُهُمَا بَيْنَ فَخِذَي فَنَهَانِي أَبِي وَقَالَ كُنا نَفْعَلُهُ فَنُهِينَا عَنْهُ وَأُمِرْنَا أَنْ نَضَعَ أَيْدِيَنَا عَلَى الركَبِ.

[1] ئەلبانى (67): شاز ھەدىس، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (723): مۇنكەر ھەدىس، - دېگەن.

1523 ـ ئەبۇ يەئفۇر مۇنداق دەيدۇ: مۇسئەب ئىبنى سەئدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: مەن دادامنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئىككى ئالقىنىمنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى يوتامنىڭ ئارىلىقىغا تىقىپ تۇرغان ئىدىم، دادام مېنى ئۇنداق قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: بىز شۇنداق قىلاتتۇق، ئەمما بىز ئۇنداق قىلىشتىن توسۇلۇپ، قوللىرىمىزنى تىزىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرۇلدۇق.

(بۇخارى: 790)

1524 - عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ صَلَّيْتُ إِلَى جَنْبِ أَبِي قَالَ وَجَعَلْتُ يَدَيَّ بَيْنَ رُكْبَتَيَّ فَقَالَ لِي أَبِي اضْرِبْ بِكَفَّيْكَ عَلَى رُكْبَتَيْكَ قَالَ ثُمَّ فَعَلْتُ ذَلِكَ مَرَّةً أُخْرَى فَضَرَبَ يَدَيَّ.

1524 ـ مۇسئەب ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: مەن دادامنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئىككى قولۇمنى ئىككى تىزىمنىڭ ئارىلىقىغا تىقىپ تۇرغان ئىدىم، دادام ماڭا:

ـ قوللىرىڭنى تىزىڭنىڭ ئۈستىگە قويغىن! ـ دېدى. مەن يەنە بىر قېتىم يەنە شۇنداق قىلغانىدىم، دادام قولۇمغا ئۇردى.

(مۇسلىم: 535)

1525 - وفي أخرى: وَطَبَّقَ بَيْنَ كَفَّيْهِ ثُمَّ أَدْخَلَهُمَا بَيْنَ فَخِذَيْهِ.

1525 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىككى ئالقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى يوتىسىنىڭ ئارىلىقىغا كىرگۈزدى.

(مۇسلىم: 534)

1526 - عن ابْنَ مَسْعُودٍ قال: عَلَّمَنِي رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَكَفِّي بَيْنَ كَفَّيْهِ التَّشَهُّدَ كَمَا يُعَلِّمُنِي السُّورَةَ مِنْ الْقُرْآنِ التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

1526 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا تەشەھھۇدنى خۇددى قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنى ئۆگىتىپ قويغاندەك، قولۇمنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق ئۆگەتتى: «التحِياتُ لِلهِ وَالصلَوَاتُ وَالطيبَاتُ السلَامُ عَلَيْكَ أيهَا النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُه» تەرجىمىسى: «بارلىق سالاملار، رەھمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار اللهقا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا اللهنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن. شۇنداقلا، بىزگە ۋە اللهنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە اللهنىڭ سالامى بولسۇن. بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن».

(بۇخارى: 6265)

1527 - وفي رواية لأبي داود: إذَا قُلْتَ هَذَا أَوْ قَضَيْتَ هَذَا فَقَدْ قَضَيْتَ صَلَاتَكَ إِنْ شِئْتَ أَنْ تَقُومَ فَقُمْ وَإِنْ شِئْتَ أَنْ تَقْعُدَ فَاقْعُدْ.

1527 ـ ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە: بۇنى (يەنى ئەتتەھىيياتۇنى) ئوقۇساڭ، ناماز تاماملانغان بولىدۇ، ئۇنىدىن كېيىن، خالىساڭ ئولتۇر، خالىساڭ ئورنۇڭدىن تۇرساڭ بولىدۇ، ـ دېيىلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

1528 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ كُنا إذَا جَلَسْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الصلَاةِ قُلْنَا السلَامُ عَلَى اللهِ قَبْلَ عِبَادِهِ السلَامُ عَلَى فُلَانٍ وَفُلَانٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقُولُوا السلَامُ عَلَى اللهِ فَإِن اللهَ هُوَ السلَامُ وَلَكِنْ إذَا جَلَسَ أَحَدُكُمْ فَلْيَقُلْ التحِياتُ لِلهِ وَالصلَوَاتُ وَالطيبَاتُ السلَامُ عَلَيْكَ أَيهَا النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ فَإِنكُمْ إذَا قُلْتُمْ ذَلِكَ أَصَابَ كُل عَبْدٍ صَالِحٍ فِي السمَاءِ وَالْأَرْضِ أَوْ بَيْنَ السمَاءِ وَالْأَرْضِ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ

[1] ئەلبانى (205): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

**وَرَسُولُهُ ثُمَّ لِيَتَخَيَّرْ أَحَدُكُمْ مِنَ الدُّعَاءِ أَعْجَبَهُ إِلَيْهِ فَيَدْعُوَ بِهِ.**

1528 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ، ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇغاندا: «اللهنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە» دېيىشتىن بۇرۇن: «اللهقا ۋە پالانى ـ پالانى بەندىلەرگە سالام بولسۇن» دەيتتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «اللهقا سالام بولسۇن! ـ دېمەڭلار، چۈنكى اللهنىڭ ئۆزى سالامدۇر. شۇڭا: "**التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ**" دەڭلار! مۇشۇنداق دېسەڭلار، سالام ئاسمان ۋە زېمىندىكى ياكى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق ياخشى بەندىلەرگە يېتىدۇ. ئاندىن يەنە: "**أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ**" دەڭلار! ئاندىن سىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دۇئالارنى تاللاپ دۇئا قىلىڭلار!» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 968)

**1529 - عَنْ أَبِي وَائِلٍ عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بِمِثْلِهِ قَالَ وَكَانَ يُعَلِّمُنَا كَلِمَاتٍ وَلَمْ يَكُنْ يُعَلِّمُنَاهُنَّ كَمَا يُعَلِّمُنَا التَّشَهُّدَ اللَّهُمَّ أَلِّفْ بَيْنَ قُلُوبِنَا وَأَصْلِحْ ذَاتَ بَيْنِنَا وَاهْدِنَا سُبُلَ السَّلَامِ وَنَجِّنَا مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ وَجَنِّبْنَا الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَبَارِكْ لَنَا فِي أَسْمَاعِنَا وَأَبْصَارِنَا وَقُلُوبِنَا وَأَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ وَاجْعَلْنَا شَاكِرِينَ لِنِعْمَتِكَ مُثْنِينَ بِهَا قَابِلِيهَا وَأَتِمَّهَا عَلَيْنَا.**

1529 ـ ئەبۇ ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: بىزگە يەنە مۇنۇ دۇئانى ئۆگىتەتتى، لېكىن تەشەھھۇدنى تەكىتلەپ ئۆگەتكەندەك تەكىتلىمەيتتى. ئۇ دۇئا بولسا: «ئى الله! بىزنىڭ قەلبلىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرىدىغان

[1] ئەلبانى (854): سەھىھ ـ دېگەن.

قەلبلەردىن قىلغىن، ئارىمىزنى ئىتتىپاق قىلغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقارغىن، ئوچۇق - ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن گۇناھلاردىن ساقلىغىن. بىزنىڭ قۇلاقلىرىمىزغا، كۆزلىرىمىزگە، قەلبلىرىمىزگە، ئائىلە - تاۋابىتلىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. تەۋبىلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن ناھايىتى شەپقەتلىكسەن، تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىسەن، بىزنى سېنىڭ نېمىتىڭگە شۈكرى قىلغۇچىلاردىن، بەرگەن نېمەتلىرىڭدىن ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا مەنپەئەتلىنىدىغانلاردىن قىلغىن ۋە بىزگە بەرگەن نېمەتنى داۋاملاشتۇرغىن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 968)

1530 - عَنْ الْقَاسِمِ بْنِ مُخَيْمِرَةَ قَالَ أَخَذَ عَلْقَمَةُ بِيَدِي فَحَدَّثَنِي أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ أَخَذَ بِيَدِهِ وَأَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخَذَ بِيَدِ عَبْدِ اللهِ فَعَلمَهُ التشَهدَ فِي الصلَاةِ فَذَكَرَ مِثْلَ دُعَاءِ حَدِيثِ الْأَعْمَشِ إِذَا قُلْتَ هَذَا أَوْ قَضَيْتَ هَذَا فَقَدْ قَضَيْتَ صَلَاتَكَ إِنْ شِئْتَ أَنْ تَقُومَ فَقُمْ وَإِنْ شِئْتَ أَنْ تَقْعُدَ فَاقْعُدْ.

1530 - قاسىم ئىبنى مۇخەيمىرە مۇنداق دەيدۇ: ئەلقەمە مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەردىكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، تەشەھھۇدنى ئۆگەتكەن، ئاندىن ئۇ (1528- نومۇردىكى) ئەئمەشنىڭ ھەدىسىدىكىگە ئوخشاش: ئاندىن سىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دۇئالارنى تاللاپ دۇئا قىلساڭلار بولىدۇ، - دەپ بولۇپ: بۇنى ئوقۇساڭ، ناماز تاماملانغان بولىدۇ، ئۇنىدىن كېيىن، خالىساڭ ئولتۇر، خالىساڭ ئورنۇڭدىن تۇرساڭ بولىدۇ، - دېگەن ئىكەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 968)

---

[1] ئەلبانى (854): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (854): سەھىھ - دېگەن.

1531 - عَنْ عَلْقَمَةَ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ كُنا إِذَا صَلَّيْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَقُولُ السلَامُ عَلَى اللهِ السلَامُ عَلَى جِبْرِيلَ السلَامُ عَلَى مِيكَائِيلَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقُولُوا، الحديث.

1531 ـ ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى مەسئۇدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇۋېتىپ: الله تائالاغا سالام بولسۇن، جىبرىئىلغا سالام بولسۇن، مىكائىلغا سالام بولسۇن! ـ دېگەندۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇنداق دېمەڭلار» دېدى①.

(نەسائى: 1168)

1532 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَنهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَلِّمُنَا التشَهدَ كَمَا يُعَلِّمُنَا السورَةَ مِنْ الْقُرْآنِ فَكَانَ يَقُولُ التحِياتُ الْمُبَارَكَاتُ الصلَوَاتُ الطيبَاتُ لِلهِ السلَامُ عَلَيْكَ إلى آخره.

1532 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە تەشەھھۇد ئوقۇشنى خۇددى قۇرئان ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىپ مۇنداق دەيتتى: «التحِياتُ الْمُبَارَكَاتُ الصلَوَاتُ الطيبَاتُ لِلهِ السلَامُ عَلَيْكَ»②.

(مۇسلىم: 403)

1533 - وفي رواية: سَلَامٌ عَلَيْكَ أَيهَا النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ سَلَامٌ عَلَيْنَا.

1533 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «سَلَامٌ عَلَيْكَ أَيهَا النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ سَلَامٌ عَلَيْنَا»③ دېيىلگەن④.

(نەسائى: 1064)

① ئەلبانى (53): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

② تەرجىمىسى: پاك، ياخشى، مۇبارەك دۇئالار اللهقا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا سالاملار بولسۇن!

③ تەرجىمىسى: ئى پەيغەمبەر! ساڭا اللهنىڭ سالامى، بەرىكىتى ۋە مەرھەمىتى بولسۇن، بىزگىمۇ اللهنىڭ سالامى بولسۇن!

④ ئەلبانى (1019): سەھىھ ـ دېگەن.

1534 - وزاد البزار والأوسط: عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: "كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَلمُنَا التشَهدَ كَمَا يُعَلمُنَا السورَةَ مِنَ الْقُرْآنِ، يَقُولُ: تَعَلمُوهَا فَإِنهُ لا صَلاةَ إلا بِتَشَهدٍ.

1534- بەززار ۋە تەبەرانى ئابدۇللاھتىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە تەشەھھۇدنى خۇددى قۇرئان ئۆگەتكەندەك ئۆگەتەتتى ۋە: «تەشەھھۇدنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى تەشەھھۇد بولمىسا، ناماز ئادا بولمايدۇ» دەيتتى[①].

(بەززار، ئەلئەۋسەت)

1535 - وللكبير في الدعاء بعد التشهد: "سُبحَانَكَ لا إِلَهَ غَيْرُكَ، اغْفِرْ لِي ذَنْبِي، وَأَصْلِحْ لِي عَمَلِي، إِنكَ تَغْفِرُ الذنُوبَ لِمَنْ تَشَاءُ، وَأَنتَ الْغَفُورُ الرحِيمُ، يَا غَفارُ اغْفِرْ لِي، يَا تَوابُ تُبْ عَلَي، يَا رَحْمَانُ ارْحَمْنِي، يَا عَفُو اعْفُ عَني، يَا رَءُوفُ ارْأَفْ بِي، يَا رَب أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ التِي أَنْعَمْتَ عَلَي، وَطَوقْنِي حُسْنَ عِبَادَتِكَ، يَا رَب أَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلهِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الشر كُلهِ، يَا رَب افْتَحْ لِي بِخَيْرٍ، وَاخْتِمْ لِي بِخَيْرٍ، وَآتِنِي شَوْقًا إِلَى لِقَائِكَ مِنْ غَيْرِ ضَراءَ مُضِرةٍ، وَلا فِتْنَةٍ مُضِلةٍ، وَقِنِي السيئَاتِ، وَمَنْ تَقِ السيئَاتِ فَقَدْ رَحِمْتَهُ، وَذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ".

1535- ئىمام تەبەرانى تەشەھھۇدتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئانى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: سُبحَانَكَ لا إِلَهَ غَيْرُكَ، اغْفِرْ لِي ذَنْبِي، وَأَصْلِحْ لِي عَمَلِي، إِنكَ تَغْفِرُ الذنُوبَ لِمَنْ تَشَاءُ، وَأَنتَ الْغَفُورُ الرحِيمُ، يَا غَفارُ اغْفِرْ لِي، يَا تَوابُ تُبْ عَلَي، يَا رَحْمَانُ ارْحَمْنِي، يَا عَفُو اعْفُ عَني، يَا رَءُوفُ ارْأَفْ بِي، يَا رَب أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ التِي أَنْعَمْتَ عَلَي، وَطَوقْنِي حُسْنَ عِبَادَتِكَ، يَا رَب أَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلهِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الشر كُلهِ، يَا رَب افْتَحْ لِي بِخَيْرٍ، وَاخْتِمْ لِي بِخَيْرٍ، وَآتِنِي شَوْقًا إِلَى لِقَائِكَ مِنْ

---

[①] ھەيسەمى (2849): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «ئەلئەۋسەت»تە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەدىدە سەفەدى ئىبنى سىنان ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مۇئىن ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمما بەززار بۇ ھەدىسنى ئىشەنچلىك راۋىيلاردىن رىۋايەت قىلغان، - دېگەن.

**غَيْرِ ضَرَاءَ مُضِرةٍ، وَلا فِتْنَةٍ مُضِلةٍ، وَقِنِي السيئَاتِ، وَمَنْ تَقِ السيئَاتِ فَقَدْ رَحِمْتَهُ، وَذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ.** تەرجىمىسى: «ئى اﷲ! سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. سەندىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، قىلغان ئەمەللىرىمنى توغرىلاپ بەرگىن، سەن خالىغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىسەن. سەن ناھايىتى مېھرىبان، بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىسەن. ئى مەغپىرەت قىلغۇچى اﷲ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى اﷲ! تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن. ئى رەھىم قىلغۇچى اﷲ! ماڭا رەھىم قىلغىن. ئى ئەپۇ قىلغۇچى اﷲ! مېنى ئەپۇ قىلغىن. ئى بەندىسىگە كۆپ رەھىم قىلغۇچى اﷲ! ماڭا كۆپ رەھىم قىلغىن. پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا بەرگەن نېمىتىڭگە شۇكرى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ماڭا ياخشى ئىبادەتلەرنى قىلىشقا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن. ئى اﷲ! ھەممە ياخشىلىقنى سەندىنلا تىلەيمەن، ھەممە يامانلىقتىن ساڭىلا سېغىنىمەن. ئى اﷲ! ماڭا ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى ئاچقىن، مېنىڭ ئۆمرۈمنى ياخشى ئىش ئۈستىدە ئاخىرلاشتۇرغىن. ئى اﷲ! ماڭا سېنى كۆرۈش ئىشتىياقى ئاتا قىلغىنكى، زىيىنى تېگىدىغان زىيانكارلىققا، ئازدۇرۇۋېتىدىغان پىتنە - پاساتقا يولۇقتۇرمىغىن. يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن. سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر»[①].

(«ئەلكەبىر»)

1536 - **عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ، قَالَ: "كَانَ دُعَاءُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ التشَهدِ فِي الْفَرِيضَةِ: اللهُم إنا نَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلِهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ، مَا عَلِمْنَا مِنْهُ وَمَا لَمْ نَعْلَمْ، وَنَعُوذُ بِكَ مِنَ الشر كُلِهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِه، مَا عَلِمْنَا مِنْهُ وَمَا لَمْ نَعْلَمْ، اللهُم إنا**

[①] ھەيسەمى (2862): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ ئۇبەيدە بۇ ھەدىسنى ئاتىسىدىن بىۋاستە ئاڭلىمىغان، - دېگەن.

َنسْأَلُكَ مَا سَأَلَكَ مِنْهُ عِبَادُكَ الصالِحُونَ، وَنَسْتَعِيذُ بِكَ مِما اسْتَعَاذَ مِنْهُ عِبَادُكَ الصالِحُونَ، رَبنَا آتِنَا فِي الدنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النارِ، رَبنَا إِننَا آمَنا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفرْ عَنا سَيئَاتِنَا وَتَوَفنَا مَعَ الأَبْرَارِ، رَبنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنكَ لا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ".

1536 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرز نامازنىڭ تەشەھھۇدىدىن كېيىن مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اللهُم إِنا نَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ، مَا عَلِمْنَا مِنْهُ وَمَا لَمْ نَعْلَمْ، وَنَعُوذُ بِكَ مِنَ الشر كُلهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ، مَا عَلِمْنَا مِنْهُ وَمَا لَمْ نَعْلَمْ، اللهُم إِنا نَسْأَلُكَ مَا سَأَلَكَ مِنْهُ عِبَادُكَ الصالِحُونَ، وَنَسْتَعِيذُ بِكَ مِما اسْتَعَاذَ مِنْهُ عِبَادُكَ الصالِحُونَ، رَبنَا آتِنَا فِي الدنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النارِ، رَبنَا إِننَا آمَنا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفرْ عَنا سَيئَاتِنَا وَتَوَفنَا مَعَ الأَبْرَارِ، رَبنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنكَ لا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ». تەرجىمىسى: «ئى الله! بىز بىلگەن ۋە بىلمىگەن، ھازىرقى ۋە كېيىنكى بارلىق ياخشىلىقلارنى سەندىن تىلەيمىز. ئى الله! بىز بىلگەن ۋە بىلمىگەن، ھازىرقى ۋە كېيىنكى پۈتۈن يامانلىقلاردىن ساڭا سېغىنىمىز. ئى الله! سالىھ بەندىلىرىڭ تىلىگەنلەرنى بىزمۇ سەندىن تىلەيمىز، ئۇلار ساڭا سېغىنغان يامان ئىشلاردىن بىزمۇ ساڭا سېغىنىمىز. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ساڭا ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلار قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن، سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن»[①].

(«ئەلكەبىر»)

[①] ھەيسەمى (2864): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت» تە رىۋايەت قىلغان.

1537 - وفي أخرى بضعف: عَلمَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "التحِياتُ لِلهِ وَالصلَوَاتُ وَالطيبَاتُ .... وَرَسُولُهُ، اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَأَهْلِ بَيْتِهِ كَمَا صَليْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيد، اللهُم صَل عَلَيْنا مَعَهُمْ، اللهُم بَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَأَهْلِ بَيْتِهِ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللهُم بَارِكْ عَلَيْنا مَعَهُمْ، صَلَوَاتُ اللهِ وَصَلاةُ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى مُحَمدٍ النبِي الأُمي، السلامُ عَلَيْهِ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ".

1537 - يەنە بىر رىۋايەتتە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنۇلارنى ئۆگىتىپ قويدى: "التحِياتُ لِلهِ وَالصلَوَاتُ وَالطيبَاتُ ... وَرَسُولُهُ، اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَأَهْلِ بَيْتِهِ كَمَا صَليْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللهُم صَل عَلَيْنا مَعَهُمْ، اللهُم بَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَأَهْلِ بَيْتِهِ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللهُم بَارِكْ عَلَيْنا مَعَهُمْ، صَلَوَاتُ اللهِ وَصَلاةُ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى مُحَمدٍ النبِي الأُمي، السلامُ عَلَيْهِ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ. تەرجىمىسى: «بارلىق سالاملار، رەھمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار ﷲقا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا ﷲنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن. شۇنداقلا، بىزگە ۋە ﷲنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە ﷲنىڭ سالامى بولسۇن. بىر ﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ﷲنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى ﷲ! ئىبراھىمغا رەھمەت قىلغىنىڭغا ئوخشاش مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ تاۋاباتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. سەن ماختاشقا ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن. ئى ﷲ! بىزگىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە رەھمەت قىلغىن. ئى ﷲ! ئىبراھىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن ماختاشقا ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن. ئى ﷲ! بىزگىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ﷲنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى، سالامى ۋە بەرىكىتى، شۇنداقلا مۇئمىنلەرنىڭ دۇرۇدى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن»[①].

(«ئەلكەبىر»: 9937)

1538 - عن أبي موسى الْأَشْعَرِي رفعه: فَإِذَا كَانَ عِنْدَ الْقَعْدَةِ فَلْيَكُنْ مِنْ أول قَوْلِ أَحَدِكُمْ أَنْ يَقُولَ التحِياتُ الطيبَاتُ الصلَوَاتُ لِلهِ السلَامُ عَلَيْكَ أيهَا النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَشْهَدُ أن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

1538 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تەشەھھۇدتا ئالدى بىلەن: "التحِياتُ الطيبَاتُ الصلَوَاتُ لِلهِ السلَامُ عَلَيْكَ أيهَا النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَشْهَدُ أن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ"[②] دېگەن دۇئانى ئوقۇڭلار!» دېگەنىدى[③].

(نەسائى: 1172)

1539 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَلمُنَا التشَهدَ كَمَا يُعَلمُنَا السورَةَ مِنْ الْقُرْآنِ بِسْمِ اللهِ وَبِاللهِ التحِياتُ لِلهِ إلى آخر تشهد ابن مسعود. وزاد في آخره: أَسْأَلُ اللهَ الْجَنةَ وَأَعُوذُ بِاللهِ مِنْ النارِ.

1539 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە تەشەھھۇدنى خۇددى قۇرئاندىن سۈرە ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىپ قوياتتى، ـ دەپ، بىر تەشەھھۇد دۇئاسىنى زىكرى قىلدى. ئۇ تەشەھھۇدنىڭ بېشى: «بِسْمِ اللهِ وَبِاللهِ التحِياتُ لِلهِ» يەنى: «ﷲنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە ﷲنىڭ ياردىمى بىلەن باشلايمەنكى، بارلىق سالاملار، رەھمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار ﷲقا خاستۇر...» دەپ باشلىناتتى، ئاخىرى

① ھەيسەمى (2872): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلۋاھھاب ئىبنى مۇجاھىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

② تەرجىمىسى يۇقىرىقى ھەدىستىكى بىلەن ئوخشاش.

③ ئەلبانى (1122): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدىكى تەشەھھۇدقا ئوخشاشتى. بىراق ئۇ تەشەھھۇدنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلار بار ئىدى: «أَسْأَلُ اللهَ الْجَنةَ وَأَعُوذُ بِاللهِ مِنْ النارِ» يەنى: «ئاللاھتىن جەننەتنى سورايمەن، ئاللاھقا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

(نەسائى: 1175)

1540 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَتَشَهدُ فَيَقُولُ بِسْمِ اللهِ التحِياتُ لِلهِ الصلَوَاتُ لِلهِ الزاكِيَاتُ لِلهِ السلَامُ عَلَى النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُه السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ شَهِدْتُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ شَهِدْتُ أن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ يَقُولُ هَذَا فِي الركْعَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ وَيَدْعُو إِذَا قَضَى تَشَهدَهُ بِمَا بَدَا لَهُ فَإِذَا جَلَسَ فِي آخِرِ صَلَاتِهِ تَشَهدَ كَذَلِكَ أَيْضًا إِلا أَنهُ يُقَدمُ التشَهدَ ثُم يَدْعُو بِمَا بَدَا لَهُ فَإِذَا قَضَى تَشَهدَهُ وَأَرَادَ أَنْ يُسَلمَ قَالَ السلَامُ عَلَى النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ السلَامُ عَلَيْكُمْ عَنْ يَمِينِهِ ثُم يَرُد عَلَى الْإِمَامِ فَإِنْ سَلمَ عَلَيْهِ أَحَدٌ عَنْ يَسَارِهِ رَد عَلَيْهِ.

1540 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئالدىنقى ئىككى رەكئەتنىڭ تەشەھھۇدىغا ئولتۇرغاندا: "بِسْمِ اللهِ التحِياتُ لِلهِ الصلَوَاتُ لِلهِ الزاكِيَاتُ لِلهِ السلَامُ عَلَى النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ شَهِدْتُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ شَهِدْتُ أن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ"[2] دەيتتى. تەشەھھۇدتىن كېيىن خالىغان دۇئانى قىلاتتى. نامىزىنىڭ ئاخىرقى تەشەھھۇدىغا ئولتۇرغاندا، ئالدى بىلەن تەشەھھۇدنى ئوقۇيتتى، ئۇندىن كېيىن خالىغان دۇئانى قىلاتتى. تەشەھھۇدنى تۈگەتكەندىن كېيىن: «السلَامُ عَلَى النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ

[1] ئەلبانى (54): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، بارلىق سالاملار، رەھمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبەرگە ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن. شۇنداقلا، بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ السَّلَامُ عَلَيْكُمْ» دەپ ئوڭ تەرىپىگە سالام بېرەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمامغا سالام قايتۇراتتى. ئەگەر سول تەرىپىدىن بىرەرسى ئۇنىڭغا سالام قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ سالام قايتۇراتتى.

(مالىك: 205)

1541 - زاد رزين إن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أمره بذلك.

1541 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنى ئوقۇشقا بۇيرىغان، ـ دېيىلگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1542 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنها كَانَتْ تَقُولُ إِذَا تَشَهدَتْ التحِياتُ الطيبَاتُ الصلَوَاتُ الزاكِيَاتُ لِلهِ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ وَأن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ السلَامُ عَلَيْكَ أيهَا النبي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ السلَامُ عَلَيْكُمْ.

1542 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا مۇنداق دەيتتى: التحِياتُ الطيبَاتُ الصلَوَاتُ الزاكِيَاتُ لِلهِ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ وَأن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ السلَامُ عَلَيْكَ أيهَا النبي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ السلَامُ عَلَيْكُمْ[1].

(مالىك: 206)

1543 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَبْدٍ الْقَارِي أنهُ سَمِعَ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ يُعَلمُ الناسَ التشَهدَ يَقُولُ قُولُوا التحِياتُ لِلهِ الزاكِيَاتُ لِلهِ الطيبَاتُ الصلَوَاتُ لِلهِ السلَامُ عَلَيْكَ أيهَا النبي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ

[1] تەرجىمىسى: پاك سالاملار ۋە (گۇناھلاردىن) پاكلىغۇچى رەھمەتلەر اللهقا خاستۇر. شېرىكى يوق، بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى پەيغەمبەر! ساڭا سالاملار بولسۇن، اللهنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن. بىزلەرگە ۋە اللهنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە سالام بولسۇن ھەم سىلەرگە سالام بولسۇن.

وَأَشْهَدُ أن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

1543 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇلقارى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە تۇرۇپ كىشىلەرگە تەشەھھۇدتا ئوقۇيدىغان دۇئانى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: التحِياتُ لِلهِ الزاكِيَاتُ لِلهِ الطيَباتُ الصلَوَاتُ لِلهِ السلَامُ عَلَيْكَ أيها النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السلَامُ عَلَيْنا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ أَشْهَدُ أنْ لَا إِلَهَ إلا اللهُ وَأَشْهَدُ أن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ[1].

(مالىك: 204)

1544 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ مِنْ السنةِ أَنْ يُخْفِيَ التشَهدَ.

1544 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەشەھھۇدنى ئىچىدە ئوقۇش سۈننەتتۇر[2].

(تىرمىزى: 291)

1545 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِفْتَاحُ الصلَاةِ الطهُورُ وَتَحْرِيمُهَا التكْبِيرُ وَتَحْلِيلُهَا التسْلِيمُ وَلَا صَلَاةَ لِمَنْ لَمْ يَقْرَأْ بِالْحَمْدُ وَسُورَةٍ فِي فَرِيضَةٍ أَوْ غَيْرِهَا.

1545 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تاھارەت نامازنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، نامازغا كىرىش ئۈچۈن الله ئەكبەر، نامازدىن چىقىش ئۈچۈن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ دېيىلىدۇ. پەرز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نامازلاردا سۈرە فاتىھە ۋە يەنە بىر سۈرىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا بولمايدۇ»[3].

(تىرمىزى: 238)

[1] تەرجىمىسى: سالاملار، (گۇناھلاردىن) پاكلىغۇچى ياخشى ئەمەللەر ۋە رەھمەتلەر اللهقا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا سالاملار بولسۇن، اللهنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن. بىزلەرگە ۋە اللهنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە سالام بولسۇن. شېرىكى يوق، بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

[2] ئەلبانى (237): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (198): سەھىھ ـ دېگەن.

1546 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ كَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ إِذَا جَلَسَ فِي الصلَاةِ وَضَعَ يَدَيْهِ عَلَى رُكْبَتَيْهِ وَأَشَارَ بِإِصْبَعِهِ وَأَتْبَعَهَا بَصَرَهُ ثُم قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهِيَ أَشَد عَلَى الشيْطَانِ مِنْ الْحَدِيدِ يَعْنِي السبابَةَ.

1546 ـ نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نامازدا ئولتۇرغاندا، ئىككى قولىنى ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، كۆزىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ، شۇ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى. ئاندىن ئۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(نامازدا) بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىش، شەيتانغا زەربە بېرىشتە تۆمۈردىنمۇ قاتتىقتۇر» دېگەن، ـ دەيتتى[①].

(ئەھمەد: 5964؛ بەززار)

1547 - عن الأسود، قال: كان عبد الله: "يعلمنا التشهد في الصلاة فيأخذ علينا الألف والواو".

1547 ـ ئەسۋەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە تەشەھھۇدنى ئۆگىتىپ، ئەلف ۋە ۋاۋ ھەرپلىرىنىڭ ھېسابىنىمۇ ئالاتتى (يەنى ھەرپمۇ ھەرپ ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى)[②].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

1548 - عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: وَكُنا نَحْفَظُهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَمَا نَحْفَظُ حُرُوفَ الْقُرْآنِ الْوَاوَاتِ وَالأَلِفَاتِ.

1548 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت

[①] ھەيسەمى (2850): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كەسىر ئىبنى زەيد ئىسىملىك بىر بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئېلگىرى سۈرسە، باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

[②] ھەيسەمى (2852): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدىدە زۇبەير ئىبنى مەرۋان رەقاشى ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم. بەززارنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

قىلىنىدۇ: بىز تەشەھھۇدنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن (قۇرئان ھەرپلىرىدىن) ئەلىف ۋە ۋاۋ ھەرپلىرىنى ياد ئالغاندەك ياد ئالاتتۇق[①].

(«ئەلكەبىر»)

1549 - عَنِ الْبَهْزِي، قَالَ: سَأَلْتُ الْحُسَيْنَ بْنَ عَلِي رَضِيَ اللّٰهُ تَعَالَى عَنْهُ، عَنْ تَشَهدِ عَلِي رَضِيَ اللّٰهُ تَعَالَى عَنْهُ، فَقَالَ: هُوَ تَشَهدُ رَسُولِ اللّٰهِ صَلى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "التحِياتُ لِلهِ، وَالصلَوَاتُ وَالطيبَاتُ الْغَادِيَاتُ الرائِحاتُ الزاكِيَاتُ الطاهِرَاتُ لِلهِ".

1549 - بەھزىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ھۇسەيىن ئىبنى ئەلىدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەشەھھۇدى توغرۇلۇق سورىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: ئۇنىڭ تەشەھھۇدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەشەھھۇدىغا ئوخشاش بولۇپ: «التحِياتُ لِلهِ، وَالصلَوَاتُ وَالطيبَاتُ الْغَادِيَاتُ الرائِحاتُ الزاكِيَاتُ الطاهِرَاتُ لِلهِ»[②] دەيتتى[③].

(«ئەلكەبىر»: 2905؛ «ئەلئەۋسەت»)

1550 - وفيه: "وَالناعِمَاتُ السابِغَاتُ الطاهِرَاتُ لِلهِ".

1550 - يەنە بىر رىۋايەتتە: «پايانسىز ۋە پاك نېمەتلەر» دەپ كەلگەن[④].

(«ئەلكەبىر»)

1551 - عن أبي الْوَرْدِ، أنهُ سَمِعَ عَبْدَ اللّٰهِ بْنَ الزبَيْرِ، يَقُولُ: "إن تَشَهدَ رَسُولِ اللّٰهِ

---

① ھەيسەمى (2851): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «ئەلكەبىر» دە مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

② تەرجىمىسى: بارلىق سالاملار، رەھمەتلەر، (ئەتىگەن ـ ئاخشامدا قىلىنغان) گۇناھلاردىن تازىلىغۇچى ۋە پاكلىغۇچى ياخشىلىقلار اللّٰهقا مەنسۇپتۇر...

③ ھەيسەمى (2857): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت» تە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، «ئەلكەبىر» نىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

④ ھەيسەمى (2857): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت» تە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، «ئەلكەبىر» نىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الذِي كَانَ يَتَشَهدُ بِهِ: بِسْمِ اللهِ، وَبِاللهِ خَيْرِ الأَسْمَاءِ، التحِياتُ الطيبَاتُ الصلَوَاتُ لِلهِ، أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلا اللهُ، وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، أَرْسَلَهُ بِالْحَق بَشِيرًا وَنَذِيرًا، وَأَن الساعَةَ آتِيَةٌ لا رَيْبَ فِيهَا، السلامُ عَلَيْكَ أَيهَا النبِي وَرَحْمَةُ اللهِ، السلامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصالِحِينَ، اللهُم اغْفِرْ لِي وَاهْدِنِي".

1551 ـ ئەبۇلـۋەردتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەشەھھۇدتا: «الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن، ئەڭ ياخشى ئىسىم الله بىلەن باشلايمەنكى، بارلىق سالاملار، ياخشىلىقلار ۋە رەھمەتلەر الله تائالاغا خاستۇر. شېرىكى يوق، بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنى ھەق بىلەن مۆئمىنلەرگە بېشارەتچى، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە ۋە قىيامەتنىڭ بولۇشىدا شەك يوق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى پەيغەمبەر! ساڭا سالاملار بولسۇن، اللهنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن. بىزلەرگە ۋە اللهنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە سالام بولسۇن. ئى الله! مېنى كەچۈرگىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى[1].

(بەززار: «ئەلكەبىر»)

1552 - عَنْ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يُسَلمُ عَنْ يَمِينِهِ وَعَنْ يَسَارِهِ السلامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ السلامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ.

1552 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ»

---

[1] ھەيسەمى (2858): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ـ دېگەن.

دەپ سالام بېرەتتى[1].

(تىرمىزى: 295)

1553 - زاد النسائي: حَتى يُرَى بَيَاضُ خَدِهِ مِنْ هَاهُنَا وَبَيَاضُ خَدِهِ مِنْ هَاهُنَا.

1553 ـ نەسائى: ئۇ بۇ تەرەپتىن ۋە بۇ تەرەپتىن مەڭزىنىڭ ئېقى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە بۇرۇلۇپ سالام بېرەتتى، ـ دېگەن جۈملىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[2].

(نەسائى: 1324)

1554 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ أَما بَعْدُ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ إِذَا كَانَ فِي وَسَطِ الصلَاةِ أَوْ حِينَ انْقِضَائِهَا فَابْدَءُوا قَبْلَ التسْلِيمِ فَقُولُوا التحِيـاتُ الطيبَـاتُ وَالصلَوَاتُ وَالْمُلْكُ لِلهِ ثُم سَلمُوا عَلَى الْيَمِينِ ثُم سَلمُوا عَلَى قَارِئِكُمْ وَعَلَى أَنْفُسِكُمْ.

1554ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ناماز ئارىسىدا ۋە ناماز تۈگىگەندىن كېيىن (يەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تەشەھھۇدتا)، سالامدىن بۇرۇن: «التحِياتُ الطيبَـاتُ وَالصـلَوَاتُ وَالْمُلْكُ لِلهِ (بارلىق سالاملار، ياخشىلىقلار، رەھمەتلەر ۋە پادىشاھلىقلار اللهقا خاستۇر...)» دېيىشكە بۇيرۇيتتى ۋە: «ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭلارغا سالام بېرىڭلار، ئاندىن كېيىن، ئىماملار ۋە ئۆزەڭلەر ئۈچۈن سالام بېرىڭلار» دەيتتى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 975)

1555 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ كُنا إِذَا صَليْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ -صلى الله عليـه وسلم- قُلْنَا السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ. وَأَشَـارَ بِيَـدِهِ إِلَـى

[1] ئەلبانى (241): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1256): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (206): زەئىپ، ـ دېگەن.

الْجَانِبَيْنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم-: «عَلاَمَ تُومِئُونَ بِأَيْدِيكُمْ كَأَنَّهَا أَذْنَابُ خَيْلٍ شُمُسٍ إِنَّمَا يَكْفِى أَحَدَكُمْ أَنْ يَضَعَ يَدَهُ عَلَى فَخِذِهِ ثُمَّ يُسَلِّمُ عَلَى أَخِيهِ مَنْ عَلَى يَمِينِهِ وَشِمَالِهِ».

1555 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇغاندا: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ ـ دەپ، قوللىرىمىز بىلەن مانا مۇنداق ئىككى تەرەپكە ئىشارەت قىلغان ھالدا سالام بېرەتتۇق، كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈركەك ئاتلارنىڭ قۇيرىقىدەك قوللىرىڭلار بىلەن نېمىگە ئىشارەت قىلىسىلەر؟ قولنى يوتىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى بۇرادەرلىرىڭلارغا سالام قىلىشىڭلار يېتەرلىكتۇر» دېدى.

(مۇسلىم: 431)

1556 - وله: قَالَ أَمَا يَكْفِي أَحَدَكُمْ أَوْ أَحَدَهُمْ أَنْ يَضَعَ يَدَهُ عَلَى فَخْذِهِ ثُمَّ يُسَلِّمَ عَلَى أَخِيهِ مِنْ عَنْ يَمِينِهِ وَمِنْ عَنْ شِمَالِهِ.

1556 ـ جابىرنىڭ باشقا بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرىڭلار قولىنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە سالام بەرسە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟!» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 998)

1557 - عَنْ عَائِشَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُسَلِّمُ فِي الصَّلَاةِ تَسْلِيمَةً وَاحِدَةً تِلْقَاءَ وَجْهِهِ يَمِيلُ إِلَى الشِّقِّ الْأَيْمَنِ شَيْئًا.

1557 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئۇدۇلىغا قاراپ تۇرۇپ، بېشىنى ئوڭ

[1] ئەلبانى (881): سەھىھ ـ دېگەن.

تەرەپكە سەل - پەل بۇرىغان ھالەتتە بىر قېتىملا سالام بېرەتتى[1].

(تىرمىزى: 296)

1558 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ حَذْفُ السَّلَامِ سُنَّةٌ.

1558 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: سالامنى سوزماي قىلىش سۈننەتتۇر، - دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[2].

(تىرمىزى: 297)

1559 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا سَلَّمَ لَا يَقْعُدُ إِلَّا مِقْدَارَ مَا يَقُولُ اللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ تَبَارَكْتَ ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ.

1559 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بەرگەندىن كېيىن: «ئى الله! تېنچلىق بېغىشلىغۇچىسەن، تېنچلىق پەقەت سەندىن بولىدۇ. ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىگىسى سەن، مۇبارەكسەن» دېگۈدەك مىقداردا ئولتۇراتتى[3].

(تىرمىزى: 298)

1560 - عن وَاسِعِ بْنِ حَبَّانَ أَنَّهُ قَالَ كُنْتُ أُصَلِّي وَعَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ مُسْنِدٌ ظَهْرَهُ إِلَى جِدَارِ الْقِبْلَةِ فَلَمَّا قَضَيْتُ صَلَاتِي انْصَرَفْتُ إِلَيْهِ مِنْ قِبَلِ شِقِّي الْأَيْسَرِ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ مَا مَنَعَكَ أَنْ تَنْصَرِفَ عَنْ يَمِينِكَ قَالَ فَقُلْتُ رَأَيْتُكَ فَانْصَرَفْتُ إِلَيْكَ قَالَ عَبْدُ اللهِ فَإِنَّكَ قَدْ أَصَبْتَ إِنَّ قَائِلًا يَقُولُ انْصَرِفْ عَنْ يَمِينِكَ فَإِذَا كُنْتَ تُصَلِّي فَانْصَرِفْ حَيْثُ شِئْتَ إِنْ شِئْتَ عَنْ يَمِينِكَ وَإِنْ شِئْتَ عَنْ يَسَارِكَ.

1560 - ۋاسىئ ئىبنى ھەببانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دۈمبىسىنى قىبلە تامغا يۆلەپ

[1] ئەلبانى (242): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (48): زەئىپ، - دېگەن.

[3] ئەلبانى (243): سەھىھ - دېگەن.

ئولتــۇراتتى. نــامـىزنىنى ئوقــۇپ بولغانــدىن كېــيىن، ئۇنــىڭ يېنىغــا ســول تەرىپىمدىن قوپقان پېتى باردىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

ـ نېمىشقا ئوڭ تەرىپىڭدىن قوپۇپ كەلمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ـ سېنىڭ (سول تەرىپىمدە ئولتۇرغانلىقىڭنى) كۆرۈپ شۇنداق قىلدىم. ـ دېسەم، ئابدۇللاھ:

ـ توغرا قىلدىڭ، چۈنكى ساڭا (ناماز ئوقۇپ بولۇپ قايتماقچى بولغاندا) ئوڭ تەرىپىڭدىن قايت دەيدىغانلارمۇ بولىدۇ. ھالبۇكى، نامازدىن قايىسى تەرەپتىن، يەنى خالىساڭ ئوڭ، خالىساڭ سول تەرىپىڭدىن قايتساڭ بولىۋېرىدۇ. ـ دېدى.

(مالىك: 409)

1561 - قَالَ عَبْدُ اللهِ لَا يَجْعَلْ أَحَدُكُمْ لِلشَّيْطَانِ شَيْئًا مِنْ صَلَاتِهِ يَرَى أَن حَقًا عَلَيْهِ أَنْ لَا يَنْصَرِفَ إِلا عَنْ يَمِينِهِ لَقَدْ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَثِيرًا يَنْصَرِفُ عَنْ يَسَارِهِ.

1561 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ھېچكىم نامازدىن (قايتقاندا) ئوڭ تەرەپتىن قايتىش كېرەك دەپ ئويلاپ، نامىزىدىن شەيتانغا بىر ئۈلۈش ئايرىپ قويمىسۇن. ھالبۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازدىن (قايتقاندا) سول تەرىپىدىن قايتقانلىقىنى كۆپ كۆرگەنىدىم.

(بۇخارى: 802)

1562 - عن عَمْرو أن أَبَا مَعْبَدٍ مَوْلَى ابْنِ عَباسٍ أَخْبَرَهُ أن ابْنَ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَخْبَرَهُ أن رَفْعَ الصوْتِ بِالذكْرِ حِينَ يَنْصَرِفُ الناسُ مِنْ الْمَكْتُوبَةِ كَانَ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ ابْنُ عَباسٍ كُنْتُ أَعْلَمُ إِذَا انْصَرَفُوا بِذَلِكَ إِذَا سَمِعْتُهُ.

1562 ـ ئەمر مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباسنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ مەئبەد ماڭا ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە، جامائەت پەرز نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئاۋازدا زىكرى ئېيتاتتى. مەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ نامازدىن پارىغ بولغانلىقىنى بىلەتتىم.

(بۇخارى: 841)

1563 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كُنا نَعْرِفُ انْقِضَاءَ صَلَاةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ بِالتكْبِيرِ.

1563 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتقان) تەكبىرىدىن، ئۇنىڭ نامازدىن پارىغ بولغانلىقىنى بىلەتتۇق.

(مۇسلىم: 583)

## نامازدا قىلىش چەكلەنگەن ۋە جائىز بولغان ئىشلار

1564 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ كُنَّا نَتَكَلَّمُ فِي الصَّلَاةِ يُكَلِّمُ الرَّجُلُ صَاحِبَهُ وَهُوَ إِلَى جَنْبِهِ فِي الصَّلَاةِ حَتَّى نَزَلَتْ وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ فَأُمِرْنَا بِالسُّكُوتِ وَنُهِينَا عَنْ الْكَلَامِ.

1564 - زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﴿نامازدا ئاللاھ ئۈچۈن شۈك تۇرۇڭلار﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولۇشتىن بۇرۇن، بىز نامازدا تۇرۇپ بىر - بىرىمىز بىلەن سۆزلىشەتتۇق. بۇ ئايەتتىن كېيىن، بىز جىم تۇرۇشقا بۇيرۇلدۇق ھەم پاراڭلىشىشتىن چەكلەندۇق.

(مۇسلىم: 539)

1565 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ كُنَّا نُسَلِّمُ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ يُصَلِّي فَيَرُدُّ عَلَيْنَا فَلَمَّا رَجَعْنَا مِنْ عِنْدِ النَّجَاشِيِّ سَلَّمْنَا عَلَيْهِ فَلَمْ يَرُدَّ عَلَيْنَا فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنَّا كُنَّا نُسَلِّمُ عَلَيْكَ فَتَرُدُّ عَلَيْنَا قَالَ إِنَّ فِي الصَّلَاةِ شُغْلًا.

1565 - ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا سالام قىلاتتۇق، ئۇمۇ بىزگە جاۋاب قايتۇراتتى. بىز نەجاشىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سالام قىلساق، ئۇ بىزگە جاۋاب قايتۇرمىدى. بىز:

ــ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇرۇن ساڭا سالام قىلساق، بىزگە جاۋاب قايتۇراتتىڭغۇ؟ ـ دېسەك، ئۇ:

ــ ھەقىقەتەن نامازدا ئىنسان مەشغۇل بولىدىغان ئىشلار بار (يەنى

[1] سۈرە بەقەرە، 238 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نامازدا قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە، دۇئا، ۋە زىكىر قاتارلىق ئاللاھنى ياد ئېتىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش كېرەك)، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3875)

1566 - وفي رواية: فَقَدِمْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يُصَلي فَسَلمْتُ عَلَيْهِ فَلَمْ يَرُد عَلَي السلَامَ فَأَخَذَنِي مَا قَدُمَ وَمَا حَدُثَ فَلما قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصلَاةَ قَالَ إِن اللهَ يُحْدِثُ مِنْ أَمْرِهِ مَا يَشَاءُ وَإِن اللهَ جَل وَعَز قَدْ أَحْدَثَ مِنْ أَمْرِهِ أَنْ لَا تَكَلمُوا فِي الصلَاةِ فَرَد عَلَي السلَامَ.

1566 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇنىڭغا سالام قىلسام، ئۇ سالىمىمغا جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ("پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا سالام قىلماسلىقىغا نېمە ئىش سەۋەب بولغاندۇ؟" دەپ) بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىم توغرىسىدا ئويغا چۆمدۈم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئوقۇپ بولۇپ: «اللە ھەقىقەتەن ئۆز بۇيرۇقىدىن خالىغىنىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللە تائالا نامازدا تۇرۇپ سۆزلەشمەسلىك بۇيرۇقىنى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقاردى» دېدى، ئاندىن ماڭا: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 924)

1567 - عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ الْحَكَمِ السلَمِي قَالَ بَيْنَا أَنَا أُصَلي مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ عَطَسَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ فَقُلْتُ يَرْحَمُكَ اللهُ فَرَمَانِي الْقَوْمُ بِأَبْصَارِهِمْ فَقُلْتُ وَا ثُكْلَ أُمِيَاهْ مَا شَأْنُكُمْ تَنْظُرُونَ إِلَي فَجَعَلُوا يَضْرِبُونَ بِأَيْدِيهِمْ عَلَى أَفْخَاذِهِمْ فَلَما رَأَيْتُهُمْ يُصَمتُونَنِي لَكِني سَكَت فَلما صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبِأَبِي هُوَ وَأُمي مَا رَأَيْتُ مُعَلمًا قَبْلَهُ وَلَا بَعْدَهُ أَحْسَنَ تَعْلِيمًا مِنْهُ فَوَاللهِ مَا كَهَرَنِي وَلَا ضَرَبَنِي وَلَا شَتَمَنِي قَالَ إِن هَذِهِ الصلَاةَ لَا يَصْلُحُ فِيهَا شَيْءٌ مِنْ كَلَامِ الناسِ إِنمَا هُوَ التسْبِيحُ وَالتكْبِيرُ وَقِرَاءَةُ الْقُرْآنِ

[1] ئەلبانى (817): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

أَوْ كَمَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إني حَدِيثُ عَهْدٍ بِجَاهِلِيةٍ وَقَدْ جَاءَ اللهُ بِالْإِسْلَامِ وَإن مِنا رِجَالًا يَأْتُونَ الْكُهانَ قَالَ فَلَا تَأْتِهِمْ قَالَ وَمِنا رِجَالٌ يَتَطَيرُونَ قَالَ ذَاكَ شَيْءٌ يَجِدُونَهُ فِي صُدُورِهِمْ فَلَا يَصُدنهُمْ قَالَ ابْنُ الصباحِ فَلَا يَصُدنكُمْ قَالَ قُلْتُ وَمِنا رِجَالٌ يَخُطونَ قَالَ كَانَ نَبِي مِنْ الْأَنْبِيَاءِ يَخُط فَمَنْ وَافَقَ خَطهُ فَذَاكَ قَالَ وَكَانَتْ لِي جَارِيَةٌ تَرْعَى غَنَمًا لِي قِبَلَ أُحُدٍ وَالْجَوانِيةِ فَاطلَعْتُ ذَاتَ يَوْمٍ فَإِذَا الذيبُ قَدْ ذَهَبَ بِشَاةٍ مِنْ غَنَمِهَا وَأَنَا رَجُلٌ مِنْ بَنِي آدَمَ آسَفُ كَمَا يَأْسَفُونَ لَكِني صَكَكْتُهَا صَكةً فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَظمَ ذَلِكَ عَلَي قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَفَلَا أُعْتِقُهَا قَالَ ائْتِنِي بِهَا فَأَتَيْتُهُ بِهَا فَقَالَ لَهَا أَيْنَ اللهُ قَالَتْ فِي السمَاءِ قَالَ مَنْ أَنَا قَالَتْ أَنْتَ رَسُولُ اللهِ قَالَ أَعْتِقْهَا فَإِنهَا مُؤْمِنَةٌ.

1567 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، جامائەت ئىچىدىن بىر كىشى تۈيۈقسىز چۈشكۈرۈۋىدى، مەن:

ــ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ـ دېسەم، باشقىلار ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغىلى تۇردى. مەن:

ــ سىلەرگە ۋاي! ھەممىڭلار نېمىشقا ماڭا بۇنداق قارايسىلەر؟ ـ دېدىم، ئۇلار قوللىرى بىلەن يوتىلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى گەپ قىلماسلىققا ئۈندەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىم تۇردۇم. ئاتا ـ ئانام رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پىدا بولسۇنكى، مەن ئۇنىڭدەك ياخشى تەلىم بېرىدىغان ئۇستازنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرمىدىم. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن مېنى ئۇرمىدى، تىللىمىدى، ھەتتا مېنى سىلكىپمۇ قويمىدى، بەلكى:

ــ ھەقىقەتەن، ئىنسانلارنىڭ نامازدا گەپ ـ سۆز قىلىشى توغرا ئەمەس. ناماز پەقەت تەسبىھ ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى، مەن كۇپىردىن قۇتۇلۇپ يېڭىدىن

مۇسۇلمان بولغان ئادەم، الله ئىسلام دىنىنى يولغا قويدى، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر تۈركۈم كىشى رەمباللارغا پال ئاچتۇرغىلى باردۇ، - دېدىم. ئۇ:

- سەن بارمىغىن، - دېدى. مەن:

- بىر تۈركۈم كىشىلىرىمىز شۇم پال ئالدۇ، - دېۋىدىم، ئۇ:

- بۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي بولۇپ، ئۇلارنى قىلماقچى بولغان ئىشتىن توسۇپ قويماسلىقى كېرەك، - دېدى. مەن:

- ئىچىمىزدە سىزىق سىزىپ پال ئاچىدىغان ئادەملەر بار، - دېدىم. ئۇ:

- پەيغەمبەرلەردىن بىرى سىزىق سىزاتتى. كىمنىڭ سىزىقى ئۇنىڭ سىزىقىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ، - دېدى.[1]

مېنىڭ ئۇھۇد ۋە جەۋۋانىيە تاغلىرى تەرەپتە قويلىرىمنى باقىدىغان بىر دېدىكىم بار ئىدى. بىر كۈنى قارىسام، بىر قوينى بۆرە يەپ كېتىپتۇ. مەنمۇ ئىنسان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئاچچىقلىدىم ۋە بىر كاچات سالدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەھۋالنى ئېيتسام، ئۇ ماڭا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى كۆرسەتتى. مەن:

- ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! ئۇنى ئازاد قىلايمۇ؟ - دېۋىدىم، ئۇ:

- ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن، - دېدى. ئۇ دېدەكنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدەكتىن:

- الله نەدە؟ - دەپ سورىدى، ئۇ:

- ئاسماندا، - دەپ جاۋاب بەردى.

- مەن كىم؟ - دەپ سورىدى، ئۇ:

- سەن الله تائالانىڭ ئەلچىسى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

[1] بۇ ئىش شۇ پەيغەمبەرگە بېرىلگەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ئىنساننىڭ قابىلىيىتى ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقىيىتىگە يېتەلمەسلىكى ئېنىق. شۇڭا بىراۋنىڭ: مېنىڭ سىزىقىم ئۇنىڭ سىزىقىغا ئۇدۇل كېلىدۇ، - دەپ دەۋا قىلىشى بىمەنىلىكتۇر.

ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنى ئازاد قىلىۋەت، چۈنكى ئۇ مۆئمىن (يەنى مۇسۇلمان) دېدەك ئىكەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 537)

1568 - عَنْ عَمْرٍو أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ مُعَاذًا إِلَى الْيَمَنِ فَقَرَأَ مُعَاذٌ فِي صَلَاةِ الصبْحِ سُورَةَ النسَاءِ فَلَما قَالَ وَاتخَذَ اللهُ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلًا قَالَ رَجُلٌ خَلْفَهُ قَرتْ عَيْنُ أُم إِبْرَاهِيمَ.

1568 ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ بامدات نامىزىدا سۈرە نىسانى قىرائەت قىلىپ: ﴿الله ئىبراھىمنى دوست تۇتتى﴾[1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ئارقىسىدا تۇرغان بىر ئادەم:

ـ ئىبراھىمنىڭ ئانىسىنىڭ كۆزى خۇرسەن بولدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4348)

1569 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَمِعْنَاهُ يَقُولُ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْكَ ثُم قَالَ أَلْعَنُكَ بِلَعْنَة اللهِ ثَلَاثًا وَبَسَطَ يَدَهُ كَأَنهُ يَتَنَاوَلُ شَيْئًا فَلَما فَرَغَ مِنْ الصلَاةِ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ سَمِعْنَاكَ تَقُولُ فِي الصلَاةِ شَيْئًا لَمْ نَسْمَعْكَ تَقُولُهُ قَبْلَ ذَلِكَ وَرَأَيْنَاكَ بَسَطْتَ يَدَكَ قَالَ إِن عَدُو اللهِ إِبْلِيسَ جَاءَ بِشِهَابٍ مِنْ نَارٍ لِيَجْعَلَهُ فِي وَجْهِي فَقُلْتُ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْكَ ثَلَاثَ مَراتٍ ثُم قُلْتُ أَلْعَنُكَ بِلَعْنَةِ اللهِ التامةِ فَلَمْ يَسْتَأْخِرْ ثَلَاثَ مَراتٍ ثُم أَرَدْتُ أَخْذَهُ وَاللهِ لَوْلَا دَعْوَةُ أَخِينَا سُلَيْمَانَ لَأَصْبَحَ مُوثَقًا يَلْعَبُ بِهِ وِلْدَانُ أَهْلِ الْمَدِينَةِ.

1569 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازدا تۇرۇپ: «سېنىڭ يامانلىقىڭدىن الله تائالاغا سېغىنىمەن» دېگەنلىكىنى،

[1] سۈرە نىسا، 125ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، خۇددى بىر نەرسىنى تۇتىۋاتقاندەك قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم: «ساڭا اﷲنىڭ لەنىتى بولسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. نامازدىن پارىغ بولغاندا:

ـ ئى اﷲنىڭ ئەلچىسى! بىز بۇندىن بۇرۇن سېنىڭ نامازدا تۇرۇپ بۇنداق سۆزنى قىلغىنىڭنى ئاڭلىمىغان ۋە قولۇڭنى ئۇزاتقىنىڭنى كۆرمىگەنىدۇق؟ ـ دېيىشتۇق، ئۇ:

ـــ شۈبھىسىزكى، اﷲنىڭ دۈشمىنى شەيتان ئوتنىڭ يالقۇنىنى يۈزۈمگە ئېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنىدى، مەن ئۈچ قېتىم: «سېنىڭ يامانلىقىڭدىن اﷲ تائالاغا سېغىنىمەن، ساڭا اﷲنىڭ لەنىتى بولسۇن» دېدىم. بىراق ئۇ ھەر ئۈچىلى قېتىمدا ئارقىغا يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنى تۇتىۋالاي دەپ قولۇمنى سوزدۇم. اﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قېرىندىشىمىز سۇلايماننىڭ دۇئاسى بولمىسا ئىدى، ئۇ ھازىر باغلاقتا بولغان بولاتتى. تاڭ ئاتقاندا، مەدىنىنىڭ كىچىك باللىرى ئۇنى سۆرەپ ئوينايتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 542)

1570 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "تكلمَ فِي الصلاةِ نَاسِيًا، فَبَنى عَلى مَا صَلى".

1570 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئېسىدە يوق گەپ قىلىپ سالدى، ئەمما نامىزىنى بۇزماي داۋاملاشتۇردى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

1571 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر عَلَي الشيْطَانُ فَأَخَذْتُهُ فَخَنَقْتُهُ حَتى إني لَأَجِدُ بَرْدَ لِسَانِهِ فِي يَدَي فَقَالَ أَوْجَعْتَنِي أَوْجَعْتَنِي.

[①] ھەيسەمى (2437): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەئلا ئىبنى مەھدى ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم بەزىدە ئۇنى ھەدىسى مۇنكەر كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالسا، زەھەبى ئۇنىڭ راستچىل كىشىلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

1571 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«نامازدا تۇرسام، شەيتان ماڭا يېقىنلاشتى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كېكىرتىكىنى قاتتىق بوغدۇم، ھەتتا قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ تىلىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ: "مېنى ئازابلىدىڭ، مېنى ئازابلىدىڭ" دەپ ۋارقىرىدى»[1].

(ئەھمەد: 3916)

1572 - عن مُعَيْقِيبٌ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِي الرجُلِ يُسَوي التَرَابَ حَيْثُ يَسْجُدُ قَالَ إِنْ كُنتَ فَاعِلًا فَوَاحِدَةً.

1572 ـ مۇئەيقىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلىدىغان يەرنىڭ توپىسىنى (نامازدا تۇرۇپ) تۈزلىگەن كىشى ھەققىدە:

ـ تۈزلىمىسەڭ بولمايدىغان بولسا، بىرلا قېتىم قىلىشقا بولىدۇ، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 1207)

1573 - عَنْ أَبِي ذَر عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا قَامَ أَحَدُكُمْ إِلَى الصلَاةِ فَلَا يَمْسَحْ الْحَصَى فَإِن الرحْمَةَ تُوَاجِهُهُ.

1573 ـ ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، شۈبھىسىزكى رەھمەت ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا سەجدىگاھتىكى شېغىل تاشلارنى سۈپۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرمىسۇن»[2].

(تىرمىزى: 379)

---

[1] ھەيسەمى (1594): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ ئۇبەيدە بۇ ھەدىسنى ئاتىسىدىن بىۋاسىتە ئاڭلىمىغان. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (58): زەئىپ، ـ دېگەن.

1574 - عَنْ مَالِك عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن أَبَا ذَر كَانَ يَقُولُ مَسْحُ الْحَصْبَاءِ مَسْحَةً وَاحِدَةً وَتَرْكُهَا خَيْرٌ مِنْ حُمْرِ النَعَم.

1574 ـ مالىك يەھيا ئىبنى سەئىددىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇششاق تاشلارنى (نامازدا تۈرۈپ) بىر قېتىم سۈپۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ، ئەمما (نامازدا) ئۇنداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىق قىزىل تۆگىلەردىنمۇ ئەۋزەل.

(مالىك: 374)

1575 - عن أبي ذَر قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَزَالُ اللهُ عَز وَجَل مُقْبِلًا عَلَى الْعَبْدِ فِي صَلَاتِهِ مَا لَمْ يَلْتَفِتْ فَإِذَا صَرَفَ وَجْهَهُ انْصَرَفَ عَنْهُ.

1575 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«نامازدا تۇرغان بەندە ئۇياق ـ بۇياقتا قارىماي، قەلب ھوزۇرى بىلەن بولسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ يۈزىنى ئۇياق ـ بۇياقتا بۇرىسا، اللهمۇ باشقا تەرەپكە بۇرىلىۋالىدۇ»[1].

(نەسائى: 1195)

1576 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الِالْتِفَاتِ فِي الصلَاةِ فَقَالَ هُوَ اخْتِلَاسٌ يَخْتَلِسُهُ الشيْطَانُ مِنْ صَلَاةِ الْعَبْدِ.

1576 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازدا تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراش توغرىسىدا سورىدىم، ئۇ:

ـ ئۇ بىر ئوغرىلىق بولۇپ، شەيتان بەندىنىڭ نامىزىنى شۇنداق ئوغرىلايدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 751)

[1] ئەلبانى (57): زەئىپ، ـ دېگەن.

1577 - عن أَنس بْن مَالِكٍ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم مَا بَالُ أَقْوَامٍ يَرْفَعُونَ أَبْصَارَهُمْ إِلَى السمَاءِ فِي صَلَاتِهِمْ فَاشْتَد قَوْلُهُ فِي ذَلِكَ حَتى قَالَ لَيَنْتَهُن عَنْ ذَلِكَ أَوْ لَتُخْطَفَن أَبْصَارُهُمْ.

1577 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جامائەتكە نېمە بولدىكىن؟ ئۇلار نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا تىكىلىپ قارايدىغان بولۇۋالدى» دېدى ۋە بۇ ھەقتە شۇنداق ئېغىر گەپ قىلدىكى، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئۇلار يا شۇ قىلمىشىنى تەرك ئېتىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئويۇلىدۇ».

(بۇخارى: 750)

1578 - قَالَ أَنسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا بُنَي إِيَّاكَ وَالِالْتِفَاتَ فِي الصلَاةِ فَإِن الِالْتِفَاتَ فِي الصلَاةِ هَلَكَةٌ فَإِنْ كَانَ لَا بُد فَفِي التطَوعِ لَا فِي الْفَرِيضَةِ.

1578 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئى ئوغلۇم! نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراشتىن ساقلان، چۈنكى نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراش ھالاك بولغانلىقتۇر. ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا، نەپلە نامازدا قارىساڭ بولىدۇ. پەرز نامازدا قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ» دەپ تەلىم بەردى[1].

(تىرمىزى: 589)

1579 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَلْحَŞُ فِي الصلَاةِ يَمِينًا وَشِمَالًا وَلَا يَلْوِي عُنُقَهُ خَلْفَ Şَهْرِهِ.

1579 ـ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا تۇرۇپ كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قارايتتى، ئەمما بويىنىنى ئارقىسىغا

[1] ئەلبانى (90): زەئىپ، ـ دېگەن.

بۇرمايتتى[1].

(تىرمىزى: 587)

1580 - عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ أَنهُ كَانَ يَقُولُ الضاحِكُ فِي الصلَاةِ وَالْمُلْتَفِتُ وَالْمُفَقِعُ أَصَابِعَهُ بِمَنْزِلَةٍ وَاحِدَةٍ.

1580 ـ سەھل ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ كۈلگۈچى، ئۇياق ـ بۇياققا قارىغۇچى، بارماقلىرىدىن قاس چىقارغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش (يەنى شۇ ئىشلارنىڭ گۇناھى ئوخشاش)»[2].

(ئەھمەد: 15194؛ «ئەلكەبىر»)

1581 - عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ، قَالَ: "لا يَقْطَعُ الصلاةَ الْكَشْرُ وَلَكِنْ تَقْطَعُهَا الْقَهْقَهَةُ".

1581 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كۈلۈمسىرەش نامازنى بۇزمايدۇ، لېكىن قاقاقلاپ كۈلۈش بۇزىدۇ»[3].

(«ئەلسەغىر»)

1582 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ نُهِيَ عَنْ الْخَصْرِ فِي الصلَاةِ.

1582 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: نامازدا ئىككى قولنى بېقىنغا قويۇشتىن

---

[1] ئەلبانى (482): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2424): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ سەنەدىدە يەنە زەبان ئىبنى فائىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2440): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ھەم مەرفۇئ ھەم مەرقۇف ھالەتتە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

چەكلەندۇق.

(بۇخارى: 1219)

1583 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا كَانَتْ تَكْرَهُ أَنْ يَجْعَلَ يَدَهُ فِي خَاصِرَتِهِ وَتَقُولُ إن اليَهُودَ تَفْعَلُهُ.

1583 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قولنى بىقىنغا قويۇشنى ياقتۇرمايتتى ۋە: "يەھۇدىيلار شۇنداق قىلىدۇ" دەيتتى.

(بۇخارى: 3458)

1584 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قالت: نهى النبي عن الاختصار في الصلاة وغيرها. "رزين".

1584 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا قولنى بىقىنغا قويۇشتىن توستى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1585 - عَنْ زِيَادِ بنِ صَبِيحٍ الْحَنَفِي قَالَ صَلَّيْتُ إِلى جَنْبِ ابْنِ عُمَرَ فَوَضَعْتُ يَدَي عَلى خَاصِرَتي فَلَما صَلى قَالَ هَذَا الصلْبُ فِي الصلَاةِ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْهَى عَنْهُ.

1585 ـ زىياد ئىبنى سەبىھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىدا ئىككى قولۇمنى بىقىنىمغا قويۇپ ناماز ئوقۇغانىدىم. نامازدىن كېيىن، ئۇ:

ـ (نامازدا) مۇنداق قىلىش كرېست بەلگىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق قىلىشتىن توساتتى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 903)

---

[1] ئەلبانى (798): سەھىھ ـ دېگەن.

1586 - عَنْ إِسْمَعِيلَ بْنِ أُمَيةَ سَأَلْتُ نَافِعًا عَنْ الرجُلِ يُصَلي وَهُوَ مُشَبكٌ يَدَيْهِ قَالَ قَالَ ابْنُ عُمَرَ تِلْكَ صَلَاةُ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ.

1586 ـ ئىسمائىل ئىبنى ئۇمەييەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن نافىئدىن بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ ناماز ئوقۇغان كىشى توغرىسىدا سورىدىم، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ: بۇ، غەزەپكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ نامىزىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 993)

1587 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا غِرَارَ فِي صَلَاةٍ وَلَا تَسْلِيمٍ قَالَ أَحْمَدُ يَعْنِي فِيمَا أَرَى أَنْ لَا تُسَلمَ وَلَا يُسَلمَ عَلَيْكَ وَيُغَررُ الرجُلُ بِصَلَاتِهِ فَيَنْصَرِفُ وَهُوَ فِيهَا شَاك.

1587 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«نامازنىڭ ئەركانلىرىغا نۇقسان يەتكۈزۈشكە ۋە نامازدا سالاملىشىشقا بولمايدۇ».

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، بۇ ھەدىسنىڭ مەناسى: ئىنسان نامازدا تۇرۇپ باشقىلارغا سالام قىلىشقا ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا سالام قىلىشىغا بولمايدۇ. ئىنسان نامىزىنىڭ ئەركانلىرىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ بولۇپ، شەكلەنگەن ھالدا نامازدىن چىقىپ كېتىشكە بولمايدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 928)

1588 - عن عثمان: دخل رسول الله المسجد فرأى فيه ناسا يصلون رافعي أيديهم إلى السماء فشدد فيه. "رواه رزين".

---

[1] ئەلبانى (876): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (821): سەھىھ ـ دېگەن.

1588 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرىپ، كىشىلەرنىڭ قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قاتتىق كايىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1589 - عن عَبْد اللهِ بن عُمَرَ قال: خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى قُبَاءَ يُصَلي فِيهِ قَالَ فَجَاءَتْهُ الْأَنصَارُ فَسَلمُوا عَلَيْهِ وَهُوَ يُصَلي قَالَ فَقُلْتُ لِبِلَالٍ كَيْفَ رَأَيْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَرُد عَلَيْهِمْ حِينَ كَانُوا يُسَلمُونَ عَلَيْهِ وَهُوَ يُصَلي قَالَ يَقُولُ هَكَذَا وَبَسَطَ كَفهُ وَبَسَطَ جَعْفَرُ بْنُ عَوْنٍ كَفهُ وَجَعَلَ بَطْنَهُ أَسْفَلَ وَجَعَلَ ظَهْرَهُ إِلَى فَوْق.

1589 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇبا مەسجىدىگە چىقتى. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتسا، ئەنسارلار كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى. مەن بىلالدىن:

— رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقاندا، باشقىلار بەرگەن سالامغا قانداق جاۋاب قايتۇراتتى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ قولىنى چىقىرىپ، قولىنىڭ دۈمبىسىنى يۇقىرى، ئالقىنىنى تۆۋەن قىلىپ كۆرسەتتى ۋە:

ـ مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇراتتى، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 927)

1590 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- - قَالَ أَحْمَدُ - يُصَلى وَالْبَابُ عَلَيْهِ مُغْلَقٌ فَجِئْتُ فَاسْتَفْتَحْتُ - قَالَ أَحْمَدُ - فَمَشَى فَفَتَحَ لِى ثُم رَجَعَ إِلَى مُصَلاهُ. وَذَكَرَ أَن الْبَابَ كَانَ فِى الْقِبْلَةِ.

1590 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت

[①] ئەلبانى (820): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، مەن كېلىپ ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى ۋە ناماز ئوقۇۋاتقان يېرىگە قايتىپ، نامىزىنى قالغان يېرىدىن داۋاملاشتۇردى. ئىشىك قىبلە تەرەپتە ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 922)

1591 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ اسْتَفْتَحْتُ الْبَابَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي تَطَوعًا وَالْبَابُ عَلَى الْقِبْلَةِ فَمَشَى عَنْ يَمِينِهِ أَوْ عَنْ يَسَارِهِ فَفَتَحَ الْبَابَ ثُم رَجَعَ إِلَى مُصَلاهُ.

1591 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدە نەپلە ناماز ئوقۇۋېتىپتىكەن، مەن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلدىم. ئىشىك قىبلە تەرەپتە ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ تەرىپى ياكى سول تەرىپىگە ئازراق مېڭىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ بەردى، ئاندىن ناماز ئوقۇۋاتقان يېرىگە قايتىپ كەتتى[2].

(نەسائى: 1206)

1592 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ بِقَتْلِ الْأَسْوَدَيْنِ فِي الصلَاةِ الْعَقْرَبِ وَالْحَيةِ.

1592 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قارىنى، يەنى چايان بىلەن يىلاننى نامازدا تۇرۇپمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى[3].

(ئىبنى ماجە: 1245)

[1] ئەلبانى (815): ھەسەن. ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1151): ھەسەن. ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1029): سەھىھ. ـ دېگەن.

1593 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ نَهى عَنْ السدْلِ فِي الصلَاةِ وَأَنْ يُغَطيَ الرجُلُ فَاهُ.

1593 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمنى يېپىنچاقلاپلا ناماز ئوقۇشتىن ۋە نامازدا (ئەرلەرنىڭ) ئاغزىنى بىر نەرسە بىلەن يېپىۋېلىشتىن توستى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 643)

1594 - عَبد اللهِ بْنُ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ، أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ، قَالَ: "ثَلاثٌ مِنَ الْجَفَاءِ: مَسْحُ الرجُلِ التَرَابَ عَنْ وَجْهِهِ قَبْلَ فَرَاغِهِ مِنْ صَلاتِهِ، وَنَفْخُهُ فِي الصلاةِ التَرَابَ لِمَوْضِعِ وَجْهِهِ، وَأَنْ يَبُولَ وَهُوَ قَائِمٌ".

1594 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ: نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ پېشانىسىدىكى توپىنى ئېرتىۋېتىش؛ سەجدە قىلىدىغان يېرىدىكى توپىنى پۈۋلەش ۋە ئۆرە تۇرۇپ سىيىش»②.

(بەززار: «ئەلئەۋسەت»)

1595 - عنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ رَأى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غُلَامًا لَنا يُقَالُ لَهُ أَفْلَحُ إِذَا سَجَدَ نَفَخَ فَقَالَ يَا أَفْلَحُ تَربْ وَجْهَكَ.

1595 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئەفلەھ ئىسىملىك خىزمەتچىمىزنىڭ سەجدە قىلىدىغان يەرگە پۈۋلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

---

① ئەلبانى (597): ھەسەن. ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (2454): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ـ دېگەن.

ـ ھەي ئەفلەھ! يۈزۈڭنى تۇپىغا تەگكۈزگىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 381)

1596 - عن الْأَزْرَق بْن قَيْس قَالَ كُنا بِالْأَهْوَاز نُقَاتِلُ الْحَرُورِيةَ فَبَيْنَا أَنَا عَلَى جُرُفِ نَهَرٍ إِذَا رَجُلٌ يُصَلي وَإِذَا لِجَامُ دَابَتِهِ بِيَدِهِ فَجَعَلَتْ الدابةُ تُنَازِعُهُ وَجَعَلَ يَتْبَعُهَا قَالَ شُعْبَةُ هُوَ أَبُو بَرْزَةَ الْأَسْلَمِي فَجَعَلَ رَجُلٌ مِنْ الْخَوَارِجِ يَقُولُ اللهُم افْعَلْ بِهَذَا الشيْخِ فَلَما انْصَرَفَ الشيْخُ قَالَ إِني سَمِعْتُ قَوْلَكُمْ وَإِني غَزَوْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سِت غَزَوَاتٍ أَوْ سَبْعَ غَزَوَاتٍ وَثَمَانِيَ وَشَهِدْتُ تَيْسِيرَهُ وَإِني إِنْ كُنتُ أَنْ أُرَاجِعَ مَعَ دَابَتِي أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ أَدَعَهَا تَرْجِعُ إِلَى مَأْلَفِهَا فَيَشُق عَلَي.

1596 ـ ئەزرەق ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئەھۋاز دېگەن يەردە خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىدۇق. بىر ۋاقىتتا، دەريانىڭ سۇ يالاپ كەتكەن ئېگىز قىرغىقىغا كەلسەم، بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. قارىسام، ئېتىنىڭ يۈگىنى ئۇنىڭ قولىدا ئىكەن، ئات تارتىۋاتىدۇ، ئۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتىدۇ.

شۇئبە (راۋى) مۇنداق دېدى: ئۇ ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى ئىدى. خاۋارىجلاردىن بىرى:

ــ ئى الله! بۇ قېرىنىڭ جاجىسىنى بەرگىن! ــ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۇ ئادەم نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

ــ مەن گېپىڭلارنى ئاڭلاپ تۇردۇم. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئالتە، يەتتە ياكى سەككىز قېتىم ئۇرۇش قىلدىم ۋە ئۇنىڭ ھەر دائىم ئىشنى ئاسانلاشتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مېنىڭ ئېتىم بىلەن تارتىشىپ يۈرۈشۈم، ئۇنى بوش قويۇۋېتىشىمدىن ياخشىراق. چۈنكى ئۇ يەم ـ خەشەك يەيدىغان يېرىگە قېچىپ كېتىپ، مېنى قىيىن ئەھۋالغا قويىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1211)

---

[1] ئەلبانى (59): زەئىپ، ـ دېگەن.

1597 - لرزين نحوه فَجَاءَ أُبو بَرْزَةَ الأسْلِمِي عَلَى فَرَسٍ، فَصَلَى وَخَلَى فَرَسَـهُ، فَانْطَلَقَتِ الْفَرَسُ، فَخَلَى صَلاَتَهُ، وَتَبِعَهَا حَتى أُدْرَكَهَا، فَأخَذَهَا ثُم جَاءَ فَقَضَى صَلاَتَهُ.وفيه إِن مَنْزِلِي مُتَرَاخٍ، فَلَوْ صَلَيْتُ وَتَرَكْتُهُ، لَمْ آتِ أَهْلِي إِلَى اللَيْلِ.

1597 ـ رەزىننىڭ مۇشۇ ھەدىسكە ئوخشاش قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ بەرزە ئاتلىق كېلىپ، ئېتىنى قويۇپ بېرىپ نامازغا تۇرغانىدى، ئات يىراقلاپ كەتتى. ئۇ نامىزىنى قويۇپ، ئاتنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نامىزىنى قايتا ئوقۇدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۆيۈم ھەقىقەتەن يىراقتا. ئاتنى قويۇۋېتىپ نامازنى ئوقۇۋەرسەم، كەچ بولغىچە ئۆيۈمگە يېتىپ بارالمايمەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1598 - عَنْ عَائِشَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي مِنْ اللَيْـلِ وَأَنَـا مُعْتَرِضَةٌ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ كَاعْتِرَاضِ الْجَنَازَةِ.

1598 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە ناماز ئوقۇيتتى. ھالبۇكى، مەن ئۇنىڭ بىلەن قىبلىنىڭ ئارىلىقىدا خۇددى جىنازىدەك توغرىسىغا ياتاتتىم.

(مۇسلىم: 512)

1599 - وفي رواية: فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يُوتِرَ أَيْقَظَنِي فَأَوْتَرْتُ.

1599 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ۋىتىر ئوقۇماقچى بولسا، مېنى ئويغىتاتتى. مەنمۇ ئوقۇيتتىم، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 512)

1600 - عَنْ عُرْوَةَ بنِ الزبَيْرِ قَالَ قَالَتْ عَائِشَةُ مَا يَقْطَعُ الصلاَةَ قَالَ فَقُلْنَا الْمَـرْأَةُ وَالْحِمَارُ فَقَالَتْ إِن الْمَرْأَةَ لَدَابةُ سَوْءٍ لَقَدْ رَأَيْتنِي بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُعْتَرِضَةً كَاعْتِرَاضِ الْجَنَازَةِ وَهُوَ يُصَلي.

1600 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها:
ـ نامازنى نېمە بۇزىدۇ؟ ـ دېۋىدى، بىز:
ـ ئايال كىشى ۋە ئېشەك، ـ دېسەك، ئۇ مۇنداق دېدى:
ـ ئۇنداقتا ئايال كىشى ھەقىقەتەن ئەسكى مەخلۇقكەن ـ ھە؟! مەن ئۆزەمنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا (ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا) خۇددى جىنازىدەك توغرىسىغا ياتقانلىقىمنى بىلىمەن.

(مۇسلىم: 512)

1601 - منها أنه: ذُكِرَ عِنْدَهَا مَا يَقْطَعُ الصَّلَاةَ الْكَلْبُ وَالْحِمَارُ وَالْمَرْأَةُ فَقَالَتْ شَبَّهْتُمُونَا بِالْحُمُرِ وَالْكِلَابِ وَاللهِ لَقَدْ رَأَيْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي وَإِني عَلَى السرِيرِ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ مُضْطَجِعَةً فَتَبْدُو لِي الْحَاجَةُ فَأَكْرَهُ أَنْ أَجْلِسَ فَأُوذِيَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَنْسَل مِنْ عِنْدِ رِجْلَيْهِ.

1601 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ قېشىدا:
ـــ نامازنى بۇزىدىغان نەرسىلەر ئىت، ئېشەك ۋە ئاياللار، ـ دېيىلگەندى، ئۇ مۇنداق دېدى:
ـ بىزنى ئىت، ئېشەكلەرگە ئوخشاتتىڭلار. ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قىبلىنىڭ ئارىلىقىدىكى كارىۋاتتا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتتا) يېنىچە ياتاتتىم. بىرەر ئىشىم چىقىپ قېلىپ قەددىمنى رۇسلاپ ئولتۇرسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پۇتلىكاشاڭ بولۇشۇمدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقاتتىم.

(بۇخارى: 514)

1602 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا قَالَتْ كُنْتُ أَنَامُ بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرِجْلَايَ فِي قِبْلَتِهِ فَإِذَا سَجَدَ غَمَزَنِي فَقَبَضْتُ رِجْلَي

فَإِذَا قَامَ بَسَطْتُهُمَا قَالَتْ وَالْبُيوتُ يَوْمَئِذٍ لَيْسَ فِيهَا مَصَابِيحُ.

1602 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا، ئىككى پۇتۇمنى قىبلە تەرەپكە ئۇزىتىپ ئۇخلايتتىم. ئۇ سەجدە قىلىدىغان چاغدا، مېنى نوقۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئىككى پۇتۇمنى يىغاتتىم. ئۇ قىيامغا تۇرغاندا پۇتلىرىمنى قايتا ئۇزىتاتتىم. ئۇ كۈنلەردە ئۆيلەردە چىراق يوق ئىدى.

(بۇخارى: 382)

1603 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَقْطَعُ صَلَاةَ الْمُسْلِمِ شَيْءٌ إِلا الْحِمَارُ وَالْكَافِرُ وَالْكَلْبُ وَالْمَرْأَةُ فَقَالَتْ عَائِشَةُ يَا رَسُولَ اللهِ لَقَدْ قُرِنا بِدَوَاب سُوءٍ.

1603 ـ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇسۇلماننىڭ نامىزىنى ئېشەك، كاپىر، ئىت ۋە ئايالدىن باشقا ھېچ نەرسە بۇزمايدۇ، ـ دېۋىدى، مەن:

ـــ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن بىزنى يامان ھايۋانلارغا قوشۇۋەتتىڭ، ـ دېدىم[1].

(ئەھمەد: 24025)

1604 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَامَ أَحَدُكُمْ يُصَلي فَإِنهُ يَسْتُرُهُ إِذَا كَانَ بَيْنَ يَدَيْهِ مِثْلُ آخِرَةِ الرحْلِ فَإِذَا لَمْ يَكُنْ بَيْنَ يَدَيْهِ مِثْلُ آخِرَةِ الرحْلِ فَإِنهُ يَقْطَعُ صَلَاتَهُ الْحِمَارُ وَالْمَرْأَةُ وَالْكَلْبُ الْأَسْوَدُ قُلْتُ يَا أَبَا ذَر مَا بَالُ الْكَلْبِ

[1] ھەيسەمى (2291): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

الْأَسْوَدِ مِنْ الْكَلْبِ الْأَحْمَرِ مِنْ الْكَلْبِ الْأَصْفَرِ قَالَ يَا ابْنَ أَخِي سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَمَا سَأَلْتَنِي فَقَالَ الْكَلْبُ الْأَسْوَدُ شَيْطَانٌ.

1664 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئالدىغا ئېگەرنىڭ ئارقا تۆمۈرچىلىك نەرسە بولسىمۇ سۈترە قىلىپ (قويۇپ) قويسۇن. ئەگەر ئالدىدا ئۇنىڭچىلىك نەرسە بولماي قالسا، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئېشەك، قارا ئىت ۋە ئايال كىشى قاتارلىقلار ئۆتۈپ قالسا نامىزى بۇزۇلىدۇ». مەن (رىۋايەت قىلغۇچى):

ـ ئى ئەبۇ زەر! قارا ئىتنىڭ قىزىل ۋە سېرىق ئىتلاردىن پەرقى نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ:

ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن مەندىن سورىغاندەك مەنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىسام، ئۇ:

ـ «قارا ئىت شەيتاندۇر» دېگەنىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 510)

1605 - عَنْ الْفَضْلِ بْنِ الْعَباسِ قَالَ زَارَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَباسًا فِي بَادِيَةٍ لَنا وَلَنا كُلَيْبَةٌ وَحِمَارَةٌ تَرْعَى فَصَلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعَصْرَ وَهُمَا بَيْنَ يَدَيْهِ فَلَمْ يُزْجَرَا وَلَمْ يُؤَخرَا.

1605 ـ پەزل ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابباسنى بىزگە تەۋە بىر چۆللۈكتە زىيارەت قىلدى. ئۇ يەردە بىزنىڭ ئوتلاپ يۈرگەن مادا ئېشىكىمىز ۋە بىر كىچىك قانجۇقىمىز بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئەسىرنى شۇ يەردە ئوقۇدى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار قوغلىۋېتىلمىدى ياكى نېرى قىلىنمىدى[1].

(نەسائى: 753)

[1] ئەلبانى (30): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

1606 - عن كَثِيرِ بْنِ الْمُطَلِبِ بْنِ أَبِي وَدَاعَةَ عَنْ بَعْضِ أَهْلِهِ عَنْ جَدِهِ أَنهُ رَأَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي مِما يَلِي بَابَ بَنِي سَهْمٍ وَالناسُ يَمُرونَ بَيْنَ يَدَيْهِ وَلَيْسَ بَيْنَهُمَا سُتْرَةٌ قَالَ سُفْيَانُ لَيْسَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْكَعْبَةِ سُتْرَةٌ.

1606 ـ كەسىر ئىبنى مۇتتەلىب ئىبنى ئەبۇ ۋەدائە بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەنى سەھم دەرۋازىسىغا يېقىن بىر يەردە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا سۇترە بولغۇدەك بىرەر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

سۇفيان بۇنى ئىزاھلاپ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كەئبىنىڭ ئارىسىدا سۇترە يوق ئىدى، ـ دەيدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2016)

1607 - قلت: جوده القزوينا ، فقال عَنْ كَثِيرِ بْنِ الْمُطَلِبِ بْنِ أَبِى وَدَاعَةَ السهْمِى عَنْ أَبِيهِ عَنِ الْمُطَلِبِ قال: رأيت النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بنحوه. رواه ابـن ماجة "2959".

1607 ـ ئىبنى ماجە، كەسىر ئىبنى كەسىر ئىبنى مۇتتەلىب ئىبنى ئەبۇ ۋەدائە سەھمى ئارقىلىق ئۇنىڭ بوۋىسى مۇتتەلىبنىڭ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ... كۆردۈم، ـ دەپ، يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش مەزمۇندا بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

(ئىبنى ماجە: 2958)

1608 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَقْطَعُ الصلَاةَ شَيْءٌ وَادْرَءُوا مَا اسْتَطَعْتُمْ فَإِنمَا هُوَ شَيْطَانٌ.

---

[1] ئەلبانى (437): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (641): زەئىپ، ـ دېگەن.

1608 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «نامازنى ھېچ نەرسە بۇزىۋېتەلمەيدۇ. كۆچۈۋاتقانلارنىڭ يېتىشىچە ئالدىڭلاردىن ئۆتكەننى قايتۇرۇۋېتىڭلار. چۈنكى ئۇ شەيتاندۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 719)

1609 - عَنْ أَبِي صَالِحٍ السمان قَالَ رَأَيْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيَّ فِي يَوْمِ جُمُعَةٍ يُصَلي إِلَى شَيْءٍ يَسْتُرُهُ مِنْ الناسِ فَأَرَادَ شَاب مِنْ بَنِي أَبِي مُعَيْطٍ أَنْ يَجْتَازَ بَيْنَ يَدَيْهِ فَدَفَعَ أَبُو سَعِيدٍ فِي صَدْرِهِ فَنظَرَ الشاب فَلَمْ يَجِدْ مَسَاغًا إِلا بَيْنَ يَدَيْهِ فَعَادَ لِيَجْتَازَ فَدَفَعَهُ أَبُو سَعِيدٍ أَشَد مِنْ الْأُولَى فَنَالَ مِنْ أَبِي سَعِيدٍ ثُم دَخَلَ عَلَى مَرْوَانَ فَشَكَا إِلَيْهِ مَا لَقِيَ مِنْ أَبِي سَعِيدٍ وَدَخَلَ أَبُو سَعِيدٍ خَلْفَهُ عَلَى مَرْوَانَ فَقَالَ مَا لَكَ وَلِابْنِ أَخِيكَ يَا أَبَا سَعِيدٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا صَلى أَحَدُكُمْ إِلَى شَيْءٍ يَسْتُرُهُ مِنْ الناسِ فَأَرَادَ أَحَدٌ أَنْ يَجْتَازَ بَيْنَ يَدَيْهِ فَلْيَدْفَعْهُ فَإِنْ أَبَى فَلْيُقَاتِلْهُ فَإِنمَا هُوَ شَيْطَانٌ.

1609 ـ ئەبۇ سالىھ سەممانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر جۈمە كۈنى، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەردىن ئۆزىنى توسۇپ تۇرىدىغان بىر سۇترىگە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، بەنى ئەبۇ مۇئەيت قەبىلىسىدىن بىر ياش بالا كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولدى. بىراق ئەبۇ سەئىد ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى. ھېلىقى بالا ئەتراپقا قاراپ ئۆتىدىغان باشقا يەر تاپالماي، ئۇنىڭ ئالدىدىن قايتا ئۆتۈشكە ئۇرۇنغانىدى، ئەبۇ سەئىد ئۇنى تېخىمۇ قاتتىقراق ئىتتىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالا ئەبۇ سەئىدقا تىل تەگكۈزدى. ئاندىن خەلىپە مەرۋاننىڭ قېشىغا ئەرز قىلىپ كىردى. ئەبۇ سەئىدمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەرۋاننىڭ قېشىغا كىردى. مەرۋان:

ـ ھەي ئەبۇسەئىد! قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلى ساڭا نېمە قىلدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ سەئىد:

[1] ئەلبانى (143): زەئىپ، ـ دېگەن.

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «سۈترىگە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغانلارنى ئىتتىرىۋەتسۇن. ئەگەر ئۇنىماي قايتا ئۆتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسۇن. چۈنكى ئۇ شەيتاندۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى.

(بۇخارى: 509)

1610 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّهُ كَانَ يُصَلِّي فَإِذَا بِابْنٍ لِمَرْوَانَ يَمُرُّ بَيْنَ يَدَيْهِ فَدَرَأَهُ فَلَمْ يَرْجِعْ فَضَرَبَهُ فَخَرَجَ الْغُلَامُ يَبْكِي حَتَّى أَتَى مَرْوَانَ فَأَخْبَرَهُ فَقَالَ مَرْوَانُ لِأَبِي سَعِيدٍ لِمَ ضَرَبْتَ ابْنَ أَخِيكَ قَالَ مَا ضَرَبْتُهُ إِنَّمَا ضَرَبْتُ الشَّيْطَانَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ بنحوه.

1610 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، مەرۋاننىڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولدى. ئەبۇ سەئىد ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ كەينىگە قايتماي، يەنە ئۆتۈشكە ئۇرۇنغاندى، ئەبۇ سەئىد ئۇنى ئۇردى. ئۇ بالا يىغلىغان پېتى مەرۋاننىڭ قېشىغا بېرىپ ئەرز قىلدى. ئاندىن مەرۋان ئەبۇ سەئىدتىن:

ـ قېرىنداشىڭنىڭ ئوغلىنى نېمىشقا ئۇردۇڭ؟ - دەپ سورىغاندى، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ مەن قېرىنداشىمنىڭ ئوغلىنى ئەمەس، بەلكى شەيتاننى ئۇردۇم. چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم...دەپ يۇقىرى ھەدىسنى بايان قىلدى[1].

(نەسائى: 4862)

1611 - عَنْ مَالِكٍ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَنَّ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقَّاصٍ كَانَ يَمُرُّ بَيْنَ يَدَيْ بَعْضِ الصُّفُوفِ وَالصَّلَاةُ قَائِمَةٌ.

[1] ئەلبانى (4518): سەھىھ ـ دېگەن.

1611 ـ مالىكقا خەۋەر قىلىنىشىچە، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس (ناماز ئوقۇلۇۋاتقاندا) سەپلەرنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتىدىكەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

1612 - عن أنس بن مالك، عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: "سترة الإمام سترة من خلفه".

1612 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمامنىڭ سۇترىسى كەينىدىكى كىشىلەرگىمۇ سۇترەدۇر»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

1613 - قَالَ أُبو جُهَيْمٍ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ يَعْلَمُ الْمَار بَيْنَ يَدَيْ الْمُصَلي مَاذَا عَلَيْهِ لَكَانَ أَنْ يَقِفَ أَرْبَعِينَ خَيْرًا لَهُ مِنْ أَنْ يَمُر بَيْنَ يَدَيْهِ قَالَ أُبو النضْرِ لَا أَدْرِي أَقَالَ أَرْبَعِينَ يَوْمًا أَوْ شَهْرًا أَوْ سَنَةً.

1613 ـ ئەبۇ جۇھەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى ئۆزىگە بولىدىغان گۇناھنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ قىرىق تۇرۇشى، ئۆزى ئۆچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشتىن ياخشىراق».

ئەبۇ نەزر (راۋىي): ئۇنىڭ قىرىق كۈن ياكى قىرىق ئاي ۋەياكى قىرىق يىل ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 510)

1614 - وَقَدْ رُوِيَ عَنِ النبِي -صلى الله عليه وسلم- أَنهُ قَالَ: «لأَنْ يَقِفَ أَحَدُكُمْ مِائَةَ عَامٍ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَمُر بَيْنَ يَدَىْ أَخِيهِ وَهُوَ يُصَلى».

1614 ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت

[①] ھەيسەمى (2306): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇۋەيد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

قىلىنغان بىر ھەدىستە: «ئەلۋەتتە، بىرىڭلارنىڭ يۈز يىل توختىشى ئەۋزەلدۇر» دېيىلگەن[1].

(تىرمىزى: 336)

1615 - عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ أَن كَعْبَ الْأَحْبَارِ قَالَ لَوْ يَعْلَمُ الْمَارُ بَيْنَ يَدَيْ الْمُصَلي مَاذَا عَلَيْهِ لَكَانَ أَنْ يُخْسَفَ بِهِ خَيْرًا لَهُ مِنْ أَنْ يَمُرَ بَيْنَ يَدَيْهِ.

1615 ـ ئەتا ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كەئبۇل ئەھبار مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ يەرگە يۇتتۇرۇلۇپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشتىن ياخشىراق.

(مالىك: 366)

1616 - عَنْ يَزِيدَ بْنِ نِمْرَانَ قَالَ رَأَيْتُ رَجُلًا بِتَبُوكَ مُقْعَدًا فَقَالَ مَرَرْتُ بَيْنَ يَدَيْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا عَلَى حِمَارٍ وَهُوَ يُصَلي فَقَالَ اللهُم اقْطَعْ أَثَرَهُ فَمَا مَشَيْتُ عَلَيْهَا بَعْدُ.

1616 ـ يەزىد ئىبنى نىمراننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن تەبۇكتا پالەچ بىر كىشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئېشەككە مىنگەن ھالدا ئالدىدىن ئۆتكەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى الله! ئۇنىڭ بېلىدىن تۆۋىنىنى كېسىۋەتكىن! ـ دەپ بەددۇئا قىلدى. شۇندىن بېرى پالەچ بولۇپ قالدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 705)

1617 - وفي رواية: قَطَعَ صَلَاتَنَا قَطَعَ اللهُ أَثَرَهُ.

1617 ـ يەنە بىر ھەدىستە: «ئۇ بىزنىڭ نامىزىمىزنى كېسىۋەتتى،

---

[1] ئەلبانى (276): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (138): زەئىپ، ـ دېگەن.

الله تائالا ئۇنىڭ يۈتلىرىنى كېسىۋەتسۇن» دەپ بەددۇئا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 707)

1618 - عَنْ أَبِي الصَّهْبَاءِ قَالَ تَذَاكَرْنَا مَا يَقْطَعُ الصلَاةَ عِنْدَ ابْنِ عَباسٍ فَقَالَ جِئْتُ أَنَا وَغُلَامٌ مِنْ بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ عَلَى حِمَارٍ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي فَنَزَلَ وَنَزَلْتُ وَتَرَكْنَا الْحِمَارَ أَمَامَ الصف فَمَا بَالَاهُ.

1618 ـ ئەبۇ سەھبائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئىبنى ئاببباسنىڭ قېشىدا نامازنى بۇزۇۋېتىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلىشقاندۇق، ئىبنى ئاببباس مۇنداق دېدى:

ـ ئابدۇلمۇتتەلىب ئايمىقىدىن بولغان بىر بالا بىلەن ئىككىمىز بىر ئېشەككە مىنىپ، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەك، ئۇ ناماز ئوقۇۋېتىپكەن. بىز ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئۇنى بىرىنچى سەپنىڭ ئالدىدىلا قويۇۋەتتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 717)

1619 - زاد أبو داود بلفظه: وَجَاءَتْ جَارِيَتَانِ مِنْ بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ فَدَخَلَتَا بَيْنَ الصف فَمَا بَالَى ذَلِكَ.

1619 ـ ئەبۇ داۋۇد يەنە بىر رىۋايەتتە: بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب قەبىلىسىدىن ئىككى قىز كېلىپ سەپنىڭ ئارىلىقىغا كىرىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدى، ـ دېگەن جۈملىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 716)

---

[1] ئەلبانى (140): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (660): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (660): سەھىھ ـ دېگەن.

1620 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ أَحْسُبُهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا صَلى أَحَدُكُمْ إِلَى غَيْرِ سُتْرَةٍ فَإِنهُ يَقْطَعُ صَلَاتَهُ الْكَلْبُ وَالْحِمَارُ وَالْخِنْزِيرُ وَالْيَهُودِي وَالْمَجُوسِي وَالْمَرْأَةُ وَيُجْزِئُ عَنْهُ إِذَا مَروا بَيْنَ يَدَيْهِ عَلَى قَذْفَةٍ بِحَجَرٍ.

1620 ـ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار سۈترە قويماي ناماز ئوقۇسا، چوقۇم ئۇنىڭ نامىزىنى ئىت، ئېشەك، چوشقا، يەھۇدىي، ئاتەشپەرەس، ئايال كىشى قاتارلىقلار بۇزىۋېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىر تاش ئېتىم مىقدارى يىراقلىقتىن ئۆتسە، ئۇنىڭ نامىزى ئادا بولىۋېرىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 704)

1621 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَفَعَهُ شُعْبَةُ قَالَ يَقْطَعُ الصلَاةَ الْمَرْأَةُ الْحَائِضُ وَالْكَلْبُ.

1621 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: نامازنى ھەيزدار ئايال ۋە ئىت بۇزىدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 703)

1622 - وفي أخرى: أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُصَلوا خَلْفَ النائِمِ وَلَا الْمُتَحَدثِ.

1622 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇخلاۋاتقان ۋە سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇماڭلار!» دېگەن[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 694)

1623 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي فَذَهَبَ جَدْيٌ

---

[1] ئەلبانى (137): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (651): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (642): ھەسەن، ـ دېگەن.

يَمُرُّ بَيْنَ يَدَيْهِ فَجَعَلَ يَتَّقِيهِ.

1623 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا، بىر ئوغلاق كېلىپ ئالدىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغانىدى، ئۇنى ئۆتكىلى قويمىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 709)

1624 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ قَالَ: فَجَاءَتْ بَهْمَةٌ تَمُرُّ بَيْنَ يَدَيْهِ فَمَا زَالَ يُدَارِئُهَا حَتَّى لَصَقَ بَطْنُهُ بِالْجِدَارِ وَمَرَّتْ مِنْ وَرَائِهِ.

1624 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بىر قوزا كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن قايتا ـ قايتا ئۆتمەكچى بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قورسىقى تامغا تېگىپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئالدىغا سۈرۈلۈپ، ئۇنى ئۆتكىلى قويمىغاچقا، ئاخىرى ئارقىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 708)

1625 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا صَلَّى أَحَدُكُمْ فَلْيَجْعَلْ تِلْقَاءَ وَجْهِهِ شَيْئًا فَإِنْ لَمْ يَجِدْ فَلْيَنْصِبْ عَصًا فَإِنْ لَمْ يَكُنْ مَعَهُ عَصًا فَلْيَخْطُطْ خَطًّا ثُمَّ لَا يَضُرُّهُ مَا مَرَّ أَمَامَهُ. وقَالَ قالوا الْخَط بِالطول وقالوا بِالْعَرْضِ مِثْـلَ الْهِلَـالِ يَعْنِـي مُنْعَطِفًا.

1625 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئۇدۇلىغا بىر سۇترە قىلسۇن. سۇترە قىلىدىغان نەرسە تاپالمىسا، بىر تاياق تىكلەپ قويسۇن. تاياق

[①] ئەلبانى (653): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (652): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

بولمىسا، ئالدىغا ئۇزۇن سىزىق سىزىپ قويسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن نەرسە ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدۇ».

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەر: "سىزىق ئۇزۇنىسىغا بولۇشى كېرەك" دېسە، يەنە بەزىلەر: "سىزىق يېڭى چىققان ئايدەك توغرىسىغا ئەگمەچ بولۇشى كېرەك" دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 689)

1626 - عَنْ مُوسَى بْنِ طَلْحَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَضَعَ أَحَدُكُمْ بَيْنَ يَدَيْهِ مِثْلَ مُؤْخِرَةِ الرحْلِ فَلْيُصَل وَلَا يُبَالِ مَنْ مَر وَرَاءَ ذَلِكَ.

1626 ـ مۇسا ئىبنى تەلھە دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق تەلىم بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئالدىغا ئىگەرنىڭ ئارقا تۈمۈرىدەك بىرەر نەرسىنى قويۇپ قويغانلار ئالدىدىن ئۆتكەن كىشىگە پەرۋا قىلماي، نامىزىنى ئوقۇۋەرسۇن».

(مۇسلىم: 499)

1627 - عن عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ الربِيعِ بْنِ سَبْرَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُتْرَةُ الرجُلِ فِي الصلَاةِ السهْمُ وَإِذَا صَلى أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَتِرْ بِسَهْمٍ.

1627 ـ ئابدۇل مەلىك ئىبنى رەبىئ ئىبنى سەبرە دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق تەلىم بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئەر كىشىنىڭ ناماز ئوقۇغاندا قىلىدىغان سۇترىسى يا ئوقىدۇر. بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا، يا ئوقىنى سۇترە قىلسۇن»[2].

(ئەھمەد: 14918؛ مەۋسىلى ۋە«ئەلكەبىر»)

1628 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا خَرَجَ يَوْمَ الْعِيدِ

---

[1] ئەلبانى (134): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2277): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

أَمَرَ بِالْحَرْبَةِ فَتُوضَعُ بَيْنَ يَدَيْهِ فَيُصَلِّي إِلَيْهَا وَالنَّاسُ وَرَاءَهُ وَكَانَ يَفْعَلُ ذَلِكَ فِي السَّفَرِ فَمِنْ ثَمَّ اتَّخَذَهَا الْأُمَرَاءُ.

1628 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى نامازغا چىقسا، بىر تال نەيزە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ، ئۇنى ئالدىغا سانجىپ قويغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. جامائەت ئارقىسىدا تۇراتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىمۇ شۇنداق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن ئەمىرلەر شۇ سەۋەپتىن بۇ ئىشنى ئاشۇ پېتى داۋام قىلدۇردى.

(بۇخارى: 494)

1629 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ كَانَ يُعَرِّضُ رَاحِلَتَهُ فَيُصَلِّي إِلَيْهَا.

1629 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا، تۆگىسىنى توغرا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى.

(بۇخارى: 507)

1630 - عَنْ ضُبَاعَةَ بِنْتِ الْمِقْدَادِ بْنِ الْأَسْوَدِ عَنْ أَبِيهَا قَالَ مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي إِلَى عُودٍ وَلَا عَمُودٍ وَلَا شَجَرَةٍ إِلَّا جَعَلَهُ عَلَى حَاجِبِهِ الْأَيْمَنِ أَوْ الْأَيْسَرِ وَلَا يَصْمُدُ لَهُ صَمْدًا.

1630 ـ زۇبائە بىنتى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد دادىسى مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياغاچ، تۈۋرۈك ياكى دەرەخنىڭ دەل ئۇدۇلىغا يۈز كەلتۈرمەستىن، بەلكى ئوڭ ياكى سول قېشىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاپ تۇرۇپ

نامازنى ئوقۇغانلىقىنى كۆردۇم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 693)

1631 - عَنْ سَهْلِ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ يَبْلُغُ بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا صَلى أَحَدُكُمْ إِلَى سُتْرَةٍ فَلْيَدْنُ مِنْهَا لَا يَقْطَعْ الشيْطَانُ عَلَيْهِ صَلَاتَهُ.

1631 ـ سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار سۇترىگە قاراپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئۇنىڭغا يېقىن تۇرسۇن. شۇندىلا، شەيتان ئۇنىڭ نامىزىنى بۇزۇۋېتەلمەيدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 695)

1632 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ الْأَنْصَارِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي وَهُوَ حَامِلٌ أُمَامَةَ بِنْتَ زَيْنَبَ بِنْتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلِأَبِي الْعَاصِ بْنِ رَبِيعَةَ بْنِ عَبْدِ شَمْسٍ فَإِذَا سَجَدَ وَضَعَهَا وَإِذَا قَامَ حَمَلَهَا.

1632 ـ ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى زەينەب بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئەدىن تۇغۇلغان نەۋرىسى ئۇمامەنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. سەجدە قىلغاندا، يەردە قوياتتى، ئۆرە تۇرغاندا، يەنە كۆتۈرۈۋالاتتى.

(بۇخارى: 516)

1633 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ الْأَنْصَارِي قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَؤُم الناسَ وَأُمَامَةُ بِنْتُ أَبِي الْعَاصِ وَهِيَ ابْنَةُ زَيْنَبَ بِنْتِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى عَاتِقِهِ فَإِذَا رَكَعَ وَضَعَهَا وَإِذَا رَفَعَ مِنْ السجُودِ أَعَادَهَا.

1633 ـ ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق

[1] ئەلبانى (136): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (643):سەھىھ ـ دېگەن.

دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ تۇرۇپ، ئەبۇلئاس بىلەن زەينەپنىڭ قىزى ئۇمامەنى مورىسىگە ئېلىپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم. رۇكۇ قىلغاندا، ئۇنى يەرگە قويۇپ، سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە، يەنە كۆتۈرىۋالاتتى.

(مۇسلىم: 543)

1634 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا نَعَسَ أَحَدُكُمْ وَهُوَ يُصَلي فَلْيَرْقُدْ حَتى يَذْهَبَ عَنْهُ النوْمُ فَإِن أَحَدَكُمْ إِذَا صَلى وَهُوَ نَاعِسٌ لَا يَدْرِي لَعَلهُ يَسْتَغْفِرُ فَيَسُب نَفْسَهُ.

1634 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قايسى بىرىڭلارنى ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەك باسسا، ئۇيقۇسى قانغۇچە ئۇخلىسۇن. چۈنكى مۈگدەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشى ئىستىغفار ئوقۇدۇم دەپ، ئۆزىنى تىللاپ سېلىشى مۇمكىن».

(بۇخارى: 212)

1635 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ أَنهُ رَأَى عَبْدَ اللهِ بْنَ الْحَارِثِ يُصَلي وَرَأْسُهُ مَعْقُوصٌ مِنْ وَرَائِهِ فَقَامَ فَجَعَلَ يَحُلهُ فَلما انْصَرَفَ أَقْبَلَ إِلَى ابْنِ عَباسٍ فَقَالَ مَا لَكَ وَرَأْسِي فَقَالَ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنمَا مَثَلُ هَذَا مَثَلُ الذِي يُصَلي وَهُوَ مَكْتُوفٌ.

1635 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىسنىڭ چېچىنى ئارقىسىغا تۈگۈۋېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تۈگۈكنى يېشىۋەتتىم. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلۇپ:

ـ بېشىم بىلەن نېمە ئىشىڭ؟ ـ دېۋىدى:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بۇنداق

كىشىلەر، ئىككى قولى غولىغا باغلانغان ھالدا ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدىم.

(مۇسلىم: 492)

1636 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيِّ يُحَدِّثُ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ رَأَى أَبَا رَافِعٍ مَوْلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَرَّ بِحَسَنِ بْنِ عَلِيٍّ عَلَيْهِمَا السَّلَام وَهُوَ يُصَلِّي قَائِمًا وَقَدْ غَرَزَ ضَفْرَهُ فِي قَفَاهُ فَحَلَّهَا أَبُو رَافِعٍ فَالْتَفَتَ حَسَنٌ إِلَيْهِ مُغْضَبًا فَقَالَ أَبُو رَافِعٍ أَقْبِلْ عَلَى صَلَاتِكَ وَلَا تَغْضَبْ فَإِنِّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ ذَلِكَ كِفْلُ الشَّيْطَانِ يَعْنِي مَقْعَدَ الشَّيْطَانِ يَعْنِي مَغْرَزَ ضَفْرِهِ.

1636 ـ سەئىد ئىبنى ئەبۇ سەئىد مەقبۇرى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ رافىئ ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ چېچىنى كەينىدىن تۈگۈۋېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنى يېشىۋەتتى. ھەسەن ئۇنىڭغا ئاچچىغى بىلەن قارىدى. ئەبۇ رافىئ:

ــ ئاچچىغلانماي، نامىزىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئارقىسىغا تۈگۈلگەن چاچ شەيتاننىڭ ئولتۇرىدىغان جايىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 646)

1637 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ أَرْقَمَ كَانَ يَؤُمُّ أَصْحَابَهُ فَحَضَرَتْ الصَّلَاةُ يَوْمًا فَذَهَبَ لِحَاجَتِهِ ثُمَّ رَجَعَ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِذَا وَجَدَ أَحَدُكُمْ الْغَائِطَ فَلْيَبْدَأْ بِهِ قَبْلَ الصَّلَاةِ.

1637 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم سۆھبەتداشلىرىغا ئىمامەتچىلىك قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ ناماز ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن ھاجەتخانىغا كەتتى، قايتقاندىن كېيىن:

[1] ئەلبانى (601): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تەرەت قىلغۇسى كەلگەنلەر نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن تەرەت قىلسۇن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 852)

1638 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ لَا يُصَلين أَحَدُكُمْ وَهُوَ ضَام بَيْنَ وَرِكَيْهِ.

1638 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى ساغرىنىڭ ئارىسىنى قىسىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇماڭلار (يەنى تەرەت قىستىغان ھالەتتە ناماز ئوقۇماڭلار).

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

1639 - عَنْ ابْنِ أَبِي عَتِيقٍ قَالَ تَحَدثْتُ أَنَا وَالْقَاسِمُ عِنْدَ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا حَدِيثًا وَكَانَ الْقَاسِمُ رَجُلًا لَحانَةً وَكَانَ لِأُم وَلَدٍ فَقَالَتْ لَهُ عَائِشَةُ مَا لَكَ لَا تَحَدثُ كَمَا يَتَحَدثُ ابْنُ أَخِي هَذَا أَمَا إِني قَدْ عَلِمْتُ مِنْ أَيْنَ أُتِيتَ هَذَا أَدبَتْهُ أُمهُ وَأَنْتَ أَدبَتْكَ أُمكَ قَالَ فَغَضِبَ الْقَاسِمُ وَأَضَب عَلَيْهَا فَلما رَأَى مَائِدَةَ عَائِشَةَ قَدْ أُتِيَ بِهَا قَامَ قَالَتْ أَيْنَ قَالَ أُصَلي قَالَتْ اجْلِسْ قَالَ إِني أُصَلي قَالَتْ اجْلِسْ غُدَرُ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا صَلَاةَ بِحَضْرَةِ الطعَامِ وَلَا هُوَ يُدَافِعُهُ الْأَخْبَثَانِ.

1639 ـ ئىبنى ئەبۇ ئەتىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: قاسىم ئىككىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا بىر گەپنى دېيىشتۇق. قاسىم بىر دېدەكنىڭ بالىسى بولۇپ، ئويلانمايلا گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئائىشە ئۇنىڭغا:

ـــ ساڭا نېمە بولدى؟ ماۋۇ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىدەك گەپ قىلمامسەن؟ بىلگىنكى، مەن سېنىڭ بۇنداق ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلىمەن. بۇنى ئانىسى يېتىشتۈرگەن،

[1] ئەلبانى (822): سەھىھ ـ دېگەن.

سىڭىمۇ ئۆزەڭگىنىڭ ئانىسى يېتىشتۇرگەن (يەنى مەسىلە شۇ يەردە)، - دېۋىدى، قاسىمنىڭ ئائىشەگە قاتتىق ئاچچىغى كەلدى، ئاندىن ئائىشەنىڭ داستىخىنىغا تاماق كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرىۋىدى، ئائىشە:

ـ نەگە؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ناماز ئوقۇيمەن، ـ دېدى. ئائىشە:

ـ ئولتۇر! ـ دېدى. ئۇ:

ـ مەن ناماز ئوقۇيمەن، ـ دېدى. ئائىشە:

ـــ ھەي ۋاپاسىز بىغەرەز! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «تاماق تەييار بولغاندا ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىستىغاندا، ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 560)

1640 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِذَا قَامَ أَحَدُكُمْ فِي الصلاةِ فَلا يُغْمِضْ عَيْنَيْهِ".

1640 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «نامازدا ئىككى كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋالماڭلار!»[1]

(«ئەلكەبىر»: 10956)

1641 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لا يُقْبِلُ أَحَدُكُمْ وَثَوْبُهُ عَلَى أَنْفِهِ، فَإِن ذَلِكَ خَطْمُ الشيْطَانِ".

1641 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بۇرنۇڭلارنى كىيىمىڭلار بىلەن يۆگەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇماڭلار،

[1] ھەيسەمى (2450): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس كىشى بار، ـ دېگەن.

چۈنكى ئۇ شەيتانغا نوختا بولۇپ بېرىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

1642 - عَن ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمْسَحُ الْعَرَقَ عَـنْ وَجْهِهِ فِي الصلاةِ.

1642 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا تۇرۇپ يۈزىنىڭ تەرىنى سۈرتەتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 12/22)

1643 - عَنِ الْحَسَنِ، قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يَمَس لِحْيَتَهُ فِي الصلاةِ".

1643 ـ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا تۇرۇپ ساقىلىنى سىلاپ قوياتتى[3].

(مەۋسىلى)

1644 - عَنْ عَدِي بْنِ ثَابِتٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ رَفَعَهُ قَـالَ الْعُطَـاسُ وَالنعَـاسُ وَالتثَاؤُبُ فِي الصلَاةِ وَالْحَيْضُ وَالْقَيْءُ وَالرعَافُ مِنْ الشيْطَانِ.

1644 ـ ئەدىي ئىبنى سابىت دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«نامازدا تۇرۇپ چۈشكۈرۈش، مۈگدەك بېسىش، ئەسنەش، ھەيز

---

[1] ھەيسەمى (2451): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2458): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خارىجە ئىبنى مۇسئەب ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2466): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

كېلىش، قۇسۇش ۋە بۇرنى قاناش قاتارلىقلار شەيتاندىن بولىدۇ»[1].
(تىرمىزى: 2748)

1645 - عن ابن مسعود قال إذا فرضت الصلاة فلا تخرج منها إلى غيرها.

1645 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەرز ناماز ئوقۇلىۋاتقاندا، باشقا ئىش قىلماڭلار»[2].
(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان)

1646 - عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: "كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَبِيتُ، فَيُنَادِيهِ بِلالٌ بِالأَذَانِ، فَيَقُومُ فَيَغْتَسِلُ، فَإِني لأَرَى الْمَاءَ يَنْحَدِرُ عَلَى جِلْدِهِ وَشَعَرِهِ، ثُم يَخْرُجُ فَيُصَلي فَأَسْمَعُ بُكَاءَهُ.

1646 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاۋاتقاندا، بىلال ئەزان توۋلاپ، ئۇنى ئويغىتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ غۇسلى قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ چېچى ۋە بەدەنلىرىدىن سۇنىڭ سىرغىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم، ئاندىن مەسجىدكە چىقىپ ناماز ئوقۇيتتى. مەن ئۇنىڭ (نامازدا) يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم[3].
(مۇسلىم)

1647 - عَنْ مُطَرِفٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي وَفِي صَدْرِهِ أَزِيزٌ كَأَزِيزِ الرحَى مِنْ الْبُكَاءِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

1647 ـ مۇتەررىف دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بوقۇلداپ يىغلىغان ئاۋازى

[1] ئەلبانى (522): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2579): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۈچلى كىتابىدا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بىراق زەبياد بۇ ھەدىسنى ئىبنى مەسئۇدتىن بىۋاستە ئاڭلىمىغان، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2486): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

يارغۇنچاقنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش چىقىۋاتاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 904)

1648 - عَنْ مُطَرِّفٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ يُصَلِّي وَلِجَوْفِهِ أَزِيزٌ كَأَزِيزِ الْمِرْجَلِ يَعْنِي يَبْكِي.

1648 ـ مۇتەررىف دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. بوغىزىدىن خۇددى قازان قايناۋاتقاندەك ئاۋاز كېلىۋاتاتتى، يەنى يىغلاۋاتاتتى[2].

(نەسائى: 1214)

[1] ئەلبانى (799): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1156): سەھىھ ـ دېگەن.

## جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش، مەسجىدلەرگە بېرىش ۋە ناماز ۋاقتىغا ئىنتىزار بولۇشنىڭ پەزىلەتلىرى

1649 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن صَلَاةَ الرجُلِ فِي الْجَمَاعَةِ تَزِيدُ عَلَى صَلَاتِهِ وَحْدَهُ بِخَمْسَةٍ وَعِشْرِينَ جُزْءًا.

1649 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى، يالغۇز ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىدىن يىگىرمە بەش ھەسسە ئارتۇق»[1].

(تىرمىزى: 216)

1650 – وللشيخين والنسائي بزيادة: وَتَجْتَمِعُ مَلَائِكَةُ اللَّيْلِ وَمَلَائِكَةُ النهَارِ فِي صَلَاةِ الصبْحِ يَقُولُ أَبو هُرَيْرَةَ اقْرَءُوا إِنْ شِئْتُمْ وَقُرْآنَ الْفَجْرِ إِن قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا.

1650 ـ بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدە يۇقىرىدىكى ھەدىسكە مۇنۇلار قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: «كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامىزىدا توپلىنىشىدۇ». ئەبۇ ھۇرەيرە كۆپچىلىككە بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىپ بولۇپ:

ــ خالىساڭلار: ﴿بامدات نامىزىنى ئوقۇغىن. ھەقىقەتەن بامدات نامىزىدا كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى توپلىنىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار! ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4717)

---

[1] ئەلبانى (179): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئىسرا، 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

1651 - عن أبي صَالِحٍ قال سَمِعْتُ أبا هُرَيْرَةَ يقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةُ الرجُلِ فِي الْجَمَاعَةِ تُضَعفُ عَلى صَلَاتِهِ فِي بَيْتِهِ وَفِي سُوقِهِ خَمْسًا وَعِشْرِينَ ضِعْفًا وَذَلِكَ أنَّهُ إِذَا تَوَضأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ ثُم خَرَجَ إِلى الْمَسْجِدِ لَا يُخْرِجُهُ إِلا الصلَاةُ لَمْ يَخْطُ خَطْوَةً إِلا رُفِعَتْ لَهُ بِهَا دَرَجَةٌ وَحُط عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةٌ فَإِذَا صَلى لَمْ تَزَلْ الْمَلَائِكَةُ تُصَلي عَلَيْهِ مَا دَامَ فِي مُصَلاهُ اللهُم صَل عَلَيْهِ اللهُم ارْحَمْهُ وَلَا يَزَالُ أَحَدُكُمْ فِي صَلَاةٍ مَا انْتَظَرَ الصلَاةَ.

1651 ـ ئەبۇ سالىھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

«بىر ئادەمنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى، ئۆيىدە ۋە بازاردا ئوقۇغان نامىزىدىن يىگىرمە بەش ھەسسە ئارتۇق. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ كىشى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، پەقەت نامازغا چىقىش ئۈچۈن مەسجىد تەرەپكە ماڭسا، ئۇنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن بىردىن دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، بىردىن گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ. ئۇ مەسجىدكە كىرىپ، ناماز ئوقۇپ بولغىچە، پۈتۈن پەرىشتىلەر ئۇ ئادەم ئۈچۈن: ”ئى الله! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئى الله! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. كىمكى نامازنىڭ ۋاقتىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرسا، ئۇنىڭغا نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ساۋاب بېرىلىدۇ».

(بۇخارى: 647)

1652- عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَزَالُ أَحَدُكُمْ فِي صَلَاةٍ مَا دَامَتْ الصلَاةُ تَحْبِسُهُ.

1652ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «نامازنى ساقلاپ تۇرغان كىشىگە نامازدا تۇرغاندەك ساۋاب بولىدۇ» دېگەن.

(بۇخارى: 659)

1653 - وزاد: اللهم ارْحَمْهُ اللهم اغْفِرْ لَهُ اللهم تُبْ عَلَيْهِ مَا لَمْ يُؤْذِ فِيهِ مَا لَمْ يُحْدِثْ فِيهِ.

1653 ـ مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «ئۇ كىشى مەسجىدنىڭ ئىچىدە باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمىسە ۋە تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، پەرىشتىلەر: ”ئى الله! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن، ئۇنى كەچۈرگىن، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ».

(مۇسلىم: 649)

1654 - زاد في الموطأ قال: فَإِنْ قَامَ مِنْ مُصَلَّاهُ فَجَلَسَ فِي الْمَسْجِدِ يَنْتَظِرُ الصَّلَاةَ لَمْ يَزَلْ فِي صَلَاةٍ حَتَّى يُصَلِّيَ.

1654 ـ «مۇۋەتتا»دا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان:

«ئەگەر ئۇ ناماز ئوقۇغان يېرىدىن تۇرۇپ كېتىپ، مەسجىدنىڭ ئىچىدە يەنە بىر نامازنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسا، شۇ نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ ئۇنى ئوقۇغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ۋاقتىغا نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ساۋاب بېرىلىدۇ».

(مالىك: 385)

1655 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّهُ سَمِعَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ صَلَاةُ الْجَمَاعَةِ تَفْضُلُ صَلَاةَ الْفَذِّ بِخَمْسٍ وَعِشْرِينَ دَرَجَةً.

1655 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە بەش دەرىجە ئارتۇق» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن.

(بۇخارى: 646)

1656 - وزاد: فَإِذَا صَلَّاهَا فِي فَلَاةٍ فَأَتَمَّ رُكُوعَهَا وَسُجُودَهَا بَلَغَتْ خَمْسِينَ صَلَاةً.

1656 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە تۆۋەندىكى جۈملە قوشۇپ رىۋايەت

قىلىنغان: «ئۇ كىشى چۆل - باياۋاندا نامازنى رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق قىلىپ كامىل ئادا قىلسا، شۇ بىر ۋاخ نامازنىڭ ساۋابى 50 ۋاخ نامازنىڭ ساۋابىغا يېتىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 560)

1657 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صَلَاةُ الْجَمَاعَةِ أَفْضَلُ مِنْ صَلَاةِ الْفَذ بِسَبْعٍ وَعِشْرِينَ دَرَجَةً.

1657 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە دەرىجە ئەۋزەل».

(مۇسلىم: 650)

1658 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، وَابْنَ عَباسٍ، رفعاه: "مَنْ حَافَظَ عَلَى هَؤُلَاءِ الصلَوَاتِ الْمَكْتُوبَاتِ فِي جَمَاعَةٍ، كَانَ أَول مَنْ يَجُوزُ عَلَى الصرَاطِ كَالْبَرْقِ اللامِعِ، وَحَشَرَهُ اللهُ فِي أَولِ زُمْرَةٍ مِنَ التابِعِينَ، وَكَانَ لَهُ فِي كُل يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ حَافَظَ عَلَيْهِن كَأَجْرِ أَلْفِ شَهِيدٍ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللهِ".

1658 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەش ۋاقىت پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن كىشى، پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن بىرىنچى بولۇپ نۇرلۇق چاقماق تېزلىكىدە ئۆتىدۇ. اللە تائالا قىيامەتتە ئۇنى تابىئىنلەر توپىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىلىرى قاتارىدا قوپۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئەھمىيەت بەرگەن ھەر بىر كېچە ۋە كۈندۈزدىكى بەش ۋاقىت نامازغا اللە يولىدا

[1] ئەلبانى (524): سەھىھ ـ دېگەن.

شېھىد بولغان مىڭ شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

1659 - عَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ ثَلَاثَةٍ فِي قَرْيَةٍ وَلَا بَدْوٍ لَا تُقَامُ فِيهِمْ الصلَاةُ إِلا قَدْ اسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمْ الشيْطَانُ فَعَلَيْكَ بِالْجَمَاعَةِ فَإِنمَا يَأْكُلُ الذئْبُ الْقَاصِيَةَ قَالَ زَائِدَةُ قَالَ السائِبُ يَعْنِي بِالْجَمَاعَةِ الصلَاةَ فِي الْجَمَاعَةِ.

1659 - ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەيلى شەھەر ياكى يېزا بولسۇن، ئۈچ ئادەم بار يەردە جامائەت نامىزى ئادا قىلىنمايدىكەن، شەيتان چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن ئايرىلما. چۈنكى پادىدىن ئايرىلىپ قالغان يالغۇز قوينى بۆرە يەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 547)

1660 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ وَقَدْ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَيكُمْ يَتجِرُ عَلَى هَذَا فَقَامَ رَجُلٌ فَصَلى مَعَهُ.

1660 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئادەم مەسجىدكە كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- كىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەجىرگە ئېرىشىشنى خالايدۇ؟ - دەپ سورىدى. ئاردىن بىرەيلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇ ئادەم بىلەن بىللە ناماز

[①] ھەيسەمى (2143): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەقىييە ئىبنى ۋەلىد ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار، - دېگەن.

[②] ئەلبانى (511): ھەسەن، - دېگەن.

ئوقۇدى[1].

(تىرمىزى: 220)

1661 - عن عُثْمَان ْبن عَفانَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ صَلى الْعِشَاءَ فِي جَمَاعَةٍ فَكَأَنمَا قَامَ نِصْفَ اللَّيْلِ وَمَنْ صَلى الصبْحَ فِي جَمَاعَةٍ فَكَأَنمَا صَلى اللَّيْلَ كُلَّهُ.

1661 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، كېچىنىڭ يېرىمىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى بامداتنى جامائەت بىلەن ئادا قىلسا، كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغاندەك ساۋاب ئالىدۇ».

(مۇسلىم: 656)

1662 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَلى الْعِشَاءَ فِي جَمَاعَةٍ كَانَ كَقِيَامِ نِصْفِ لَيْلَةٍ وَمَنْ صَلى الْعِشَاءَ وَالْفَجْرَ فِي جَمَاعَةٍ كَانَ كَقِيَامِ لَيْلَةٍ.

1662 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، كېچىنىڭ يېرىمىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى خۇپتەن ۋە بامداتنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، كېچىنىڭ ھەممىسىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەندەك ساۋاب ئالىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 555)

[1] ئەلبانى (182): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (519): سەھىھ ـ دېگەن.

1663 - عَنْ عَائِشَةَ، أَنَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "لَوْ يَعْلَمُ الناسُ مَا فِي شُهُودِ الْعَتَمَةِ لَيْلَةَ الأَرْبَعَاءِ، لأَتَوْهَا وَلَوْ حَبْوًا".

1663 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئىنسانلار چارشەنبە ئاخشىمى خۇپتەن نامىزىغا ھازىر بولغانلىقنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئۆمىلەپ بولسىمۇ باراتتى»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

1664 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ صَلى الْعِشَاءَ فِي جَمَاعَةٍ، وَصَلى أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ قَبْلَ أَنْ يَخْرُجَ مِنَ الْمَسْجِدِ، كَانَ كَعِدْلِ لَيْلَةِ الْقَدْرِ".

1664 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ قەدىر كېچىسىنى تاپقانغا ئوخشاش ساۋاب ئالىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

1665 - عَنْ أُبَي بْنِ كَعْبٍ قَالَ صَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا الصبْحَ فَقَالَ أَشَاهِدٌ فُلَانٌ قَالُوا لَا قَالَ أَشَاهِدٌ فُلَانٌ قَالُوا لَا قَالَ إِن هَاتَيْنِ الصلَاتَيْنِ أَثْقَلُ الصلَوَاتِ عَلَى الْمُنَافِقِينَ وَلَوْ تَعْلَمُونَ مَا فِيهِمَا لَأَتَيْتُمُوهُمَا وَلَوْ حَبْوًا عَلَى الركَبِ وَإِن الصف الْأَولَ عَلَى مِثْلِ صَف الْمَلَائِكَةِ وَلَوْ عَلِمْتُمْ مَا فَضِيلَتُهُ لَابْتَدَرْتُمُوهُ وَإِن صَلَاةَ الرجُلِ مَعَ الرجُلِ أَزْكَى مِنْ صَلَاتِهِ وَحْدَهُ وَصَلَاتُهُ مَعَ الرجُلَيْنِ أَزْكَى مِنْ صَلَاتِهِ مَعَ الرجُلِ وَمَا

---

[①] ھەيسەمى (2147): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زەكەرىيا ئىبنى مەنزۇر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (2148): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى زەئىپتۇر. بىراق يالغان دەپ قارىلانمىغان، ـ دېگەن.

كَثُرَ فَهُوَ أَحَب إِلَى اللهِ تَعَالَى.

1665 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن:

ـ پالانچى كەلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ ياق، كەلمىدى، ـ دېدۇق. ئۇ:

ـ پالانى كەلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ـ ياق، ـ دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ بۇ ئىككى ناماز مۇناپىقلارغا ھەقىقەتەن ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نامازلاردۇر. سىلەر بۇ ئىككى نامازنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە تىزىڭلار بىلەن ئۆمىلەپ بولسىمۇ كېلەتتىڭلار. جامائەتنىڭ بىرىنچى سېپى پەرىشتىلەرنىڭ سېپىگە ئوخشاش ئۇلۇغكى، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بىلەلىگەن بولساڭلار، ئۇنىڭدا تۇرۇشقا ئالدىرىغان بولاتتىڭلار. كىشىنىڭ بىر ئادەم بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ ساۋابى، يالغۇز ئوقۇغانىنىڭكىدىن ئارتۇق؛ ئۇنىڭ ئىككى ئادەم بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ پەزىلىتى، بىر ئادەم بىلەن ئوقۇغانىنىڭكىدىن ئارتۇقتۇر. ناماز قانچىكى كۆپ كىشى بىلەن ئادا قىلىنسا، الله تائالاغا شۇنچە سۆيۈملۈك بولىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 554)

1666 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَلى لِلهِ أَرْبَعِينَ يَوْمًا فِي جَمَاعَةٍ يُدْرِكُ التكْبِيرَةَ الْأُولَى كتِبَتْ لَهُ بَرَاءَتَانِ بَرَاءَةٌ مِنْ النارِ وَبَرَاءَةٌ مِنْ النفَاقِ.

1666 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

[①] ئەلبانى (518): ھەسەن، ـ دېگەن.

«كىمكى اﷲ تائالا ئۈچۈن بىرىنچى تەكبىرگە ئۈلگۈرۈپ جامائەت بىلەن 40 كۈن ناماز ئوقۇسا، ئۇ بەندىنىڭ ئىككى نەرسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى پۈتۈلىدۇ. بىرىنچىسى، دوزاختىن؛ ئىككىنچىسى، مۇناپىقلىقتىن»[1].

(تىرمىزى: 241)

1667 - عن عمر بن الخطاب - رضي الله عنه - قال: قال رسولُ الله -صلى الله عليه وسلم-: «مَنْ صلى في مسجد جماعة أربعين ليلة، لا تفوته الركعة الأولى من صلاة، كتب الله له عتقا من النار».

1667 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى 40 كۈنگىچە بىرىنچى رەكئەتكە ئۈلگۈرگەن ھالدا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇسا، اﷲ تائالا ئۇنىڭ دوزاختىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى پۈتۈۋېتىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1668 - قَالَ مُجَاهِدٌ وَسُئِلَ ابْنُ عَباسٍ عَنْ رَجُلٍ يَصُومُ النهَارَ وَيقُومُ اللَّيْلَ لَا يَشْهَدُ جُمْعَةً وَلَا جَمَاعَةً قَالَ هُوَ فِي النارِ.

1668 ـ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان، ئەمما جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇمايدىغان ۋە جۈمەگىمۇ كەلمەيدىغان ئادەم توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ جاۋابەن: ئۇ ئادەم دوزاختا بولىدۇ، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 218)

1669 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ خَرَجَ مِنْ بَيْتِهِ

[1] ئەلبانى (200): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (36): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

مُتَطَهِّرًا إِلَى صَلَاةٍ مَكْتُوبَةٍ فَأَجْرُهُ كَأَجْرِ الْحَاجِّ الْمُحْرِمِ وَمَنْ خَرَجَ إِلَى تَسْبِيحِ الضُّحَى لَا يُنْصِبُهُ إِلَّا إِيَّاهُ فَأَجْرُهُ كَأَجْرِ الْمُعْتَمِرِ وَصَلَاةٌ عَلَى أَثَرِ صَلَاةٍ لَا لَغْوَ بَيْنَهُمَا كِتَابٌ فِي عِلِّيِّينَ.

1669 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر قانداق كىشى ئۆيدىن تاھارەت ئالغان ھالدا پەرز ناماز ئوقۇش ئۈچۈن چىقسا، ئېھرام باغلاپ ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر ئالىدۇ. كىمكى پەقەت چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈنلا چىقسا، ئۇ كىشىگە ئۆمرە قىلغان كىشىنىڭ ئەجرى بولىدۇ. بىر نامازدىن كېيىن، بىھۇدە سۆز قىلماي ئوقۇلغان يەنە بىر ناماز ئىللىييىن (دېگەن كىتاب) غا يېزىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 558)

1670 - عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ قَالَ كَانَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ بَيْتُهُ أَقْصَى بَيْتٍ فِي الْمَدِينَةِ فَكَانَ لَا تُخْطِئُهُ الصَّلَاةُ مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ فَتَوَجَّعْنَا لَهُ فَقُلْتُ لَهُ يَا فُلَانُ لَوْ أَنَّكَ اشْتَرَيْتَ حِمَارًا يَقِيكَ مِنْ الرَّمْضَاءِ وَيَقِيكَ مِنْ هَوَامِّ الْأَرْضِ قَالَ أَمَ وَاللَّهِ مَا أُحِبُّ أَنَّ بَيْتِي مُطَنَّبٌ بِبَيْتِ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ فَحَمَلْتُ بِهِ حِمْلًا حَتَّى أَتَيْتُ نَبِيَّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخْبَرْتُهُ قَالَ فَدَعَاهُ فَقَالَ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ وَذَكَرَ لَهُ أَنَّهُ يَرْجُو فِي أَثَرِهِ الْأَجْرَ فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ لَكَ مَا احْتَسَبْتَ.

1670 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىلىك ئەنسارلاردىن ئۆيى مەسجىدكە ئەڭ يىراق بىر كىشى بار بولۇپ، ھەر ۋاقىت نامازنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئوقۇيتتى. ئۇنىڭغا ئىچىمىز ئاغرىدى. مەن:

ـ ھەي پالانى! بىر ئېشەك سېتىۋېلىپ، شۇنىڭغا مىنىپ كەلسەڭ، ئۇ سېنى قىزىق قۇمغا دەسسەشتىن ۋە چاقىدىغان قۇرت ـ قوڭغۇزلاردىن ساقلايتتى، ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆيۈمنىڭ پەيغەمبەر

[1] ئەلبانى (522): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە يانمۇ ـ يانمۇ بولۇشنى بەك خالاپ كەتمەيمەن، ـ دېدى. بۇ سۆز، قوپاللىقىدىن ماڭا بەك ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرتىپ نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىنى سورىغانىدى، ئۇ ماڭا ئېيتقانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئەينەن ئېيتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن مەسجىدكە كەلگىچە ۋە مەسجىدتىن ئۆيىگە قايتقىچە باسقان قەدەملىرىگە ساۋاب ئۈمىد قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ سەن چوقۇم كۈتكەن ساۋابقا ئېرىشىسەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 663)

1671 - وفي رواية: فَقَالَ أَعْطَاكَ اللهُ ذَلِكَ كُلَّهُ أَعْطَاكَ اللهُ جَل وَعَز مَا احْتَسَبْتَ كُلَّهُ أَجْمَعَ.

1671 ـ ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله تائالا ساڭا شۇنىڭ ھەممىسىنى بېرىدۇ. الله ساڭا سەن كۈتكەن ئەجرنى تولۇق بېرىدۇ» دېگەن[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 557)

1672 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْأَبْعَدُ فَالْأَبْعَدُ مِنْ الْمَسْجِدِ أَعْظَمُ أَجْرًا.

1672 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسجىدكە ئەڭ يىراقتىن كەلگەن كىشىنىڭ ئەجرى ئەڭ كاتتا بولىدۇ»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 556)

---

① ئەلبانى (521): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (520): سەھىھ ـ دېگەن.

1673 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ خَلَتْ الْبِقَاعُ حَوْلَ الْمَسْجِدِ فَأَرَادَ بَنُو سَلِمَةَ أَنْ يَنْتَقِلُوا إِلَى قُرْبِ الْمَسْجِدِ فَبَلَغَ ذَلِكَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُمْ إِنهُ بَلَغَنِي أَنكُمْ تُرِيدُونَ أَنْ تَنْتَقِلُوا قُرْبَ الْمَسْجِدِ قَالُوا نَعَمْ يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ أَرَدْنَا ذَلِكَ فَقَالَ يَا بَنِي سَلِمَةَ دِيَارَكُمْ تُكْتَبْ آثَارُكُمْ دِيَارَكُمْ تُكْتَبْ آثَارُكُمْ. زاد مسلم في رواية أخرى: فَقَالُوا مَا كَانَ يَسُرنَا أَنا كُنا تَحَولْنَا.

1673 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەسجىدنىڭ ئەتراپىدا ئاق يەر بار بولۇپ، بەنۇ سەلىمە ئايمىقى شۇ يەرگە ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كېلىشنى ئويلاشقانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلاردىن:

ـ مەسجىدكە يېقىن يەرگە كۆچۈپ كەلمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ شۇنداق، ئى اﷲنىڭ ئەلچىسى! بىز راستىنلا شۇنى ئويلاشتۇق، ـ دېيىشتى. ئۇ:

ـ ھەي بەنۇ سەلىمە! يۇرتۇڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، مەسجىدكە ماڭغان قەدەملىرىڭلارغا ئەجىر يېزىلىدۇ. يۇرتۇڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، باسقان قەدەملىرىڭلار ئۈچۈن ئەجىر يېزىلىدۇ، ـ دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئۇلار: ناۋادا كۆچۈپ بولغان بولساق، خۇرسەن بولماسكەنمىز، ـ دېيىشكەن.

(مۇسلىم: 665)

1674 - وللبخاري عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ نحوه، وفيه: فَكَرِهَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تُعْرَى الْمَدِينَةُ.

1674 ـ بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدا يەنە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ خالىي قېلىشىنى ياقتۇرمىدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 1887)

1675 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ مَنْ سَرَّهُ أَنْ يَلْقَى اللهَ غَدًا مُسْلِمًا فَلْيُحَافِظْ عَلَى هَؤُلَاءِ الصَّلَوَاتِ حَيْثُ يُنَادَى بِهِنَّ فَإِنَّ اللهَ شَرَعَ لِنَبِيِّكُمْ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سُنَنَ الْهُدَى وَإِنَّهُنَّ مِنْ سُنَنِ الْهُدَى وَلَوْ أَنَّكُمْ صَلَّيْتُمْ فِي بُيُوتِكُمْ كَمَا يُصَلِّي هَذَا الْمُتَخَلِّفُ فِي بَيْتِهِ لَتَرَكْتُمْ سُنَّةَ نَبِيِّكُمْ وَلَوْ تَرَكْتُمْ سُنَّةَ نَبِيِّكُمْ لَضَلَلْتُمْ وَمَا مِنْ رَجُلٍ يَتَطَهَّرُ فَيُحْسِنُ الطُّهُورَ ثُمَّ يَعْمِدُ إِلَى مَسْجِدٍ مِنْ هَذِهِ الْمَسَاجِدِ إِلَّا كَتَبَ اللهُ لَهُ بِكُلِّ خَطْوَةٍ يَخْطُوهَا حَسَنَةً وَيَرْفَعُهُ بِهَا دَرَجَةً وَيَحُطُّ عَنْهُ بِهَا سَيِّئَةً وَلَقَدْ رَأَيْتُنَا وَمَا يَتَخَلَّفُ عَنْهَا إِلَّا مُنَافِقٌ مَعْلُومُ النِّفَاقِ وَلَقَدْ كَانَ الرَّجُلُ يُؤْتَى بِهِ يُهَادَى بَيْنَ الرَّجُلَيْنِ حَتَّى يُقَامَ فِي الصَّفِّ.

1675 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىمكى ئەتە الله تائالا بىلەن مۇسۇلمان ھالەتتە ئۇچرىشىشتىن خۇرسەن بولسا، قەيەردە ئەزان توۋلانسا، بەش ۋاقىت نامازنى شۇ يەردە ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرسۇن. الله تائالا پەيغەمبىرىگە ھىدايەت يوللىرىنى بېكىتىپ بەردى. بەش ۋاقىت ناماز ئەنە شۇ ھىدايەت يوللىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر سىلەرمۇ مەسجىدكە چىقماي نامازنى ئۆيىدە ئوقۇغان بۇ كىشىگە ئوخشاش ئۆيۈڭلاردا ئوقۇساڭلار، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تاشلىغۇەتكەن بولىسىلەر. سۈننەتنى تەرك ئەتسەڭلار، توغرا يولدىن ئازغان بولىسىلەر.

كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مۇشۇ مەسجىدلەردىن بىرىگە قاراپ يولغا چىقسا، الله تائالا ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە بىردىن ساۋاب يازىدۇ، دەرىجىسىنى بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە گۇناھىدىن بىرنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.

بىزنىڭ زامانىمىزدا پەقەت مۇناپىقلىقى ئېنىق بىلىنگەن كىشىلەرلا مەسجىدكە چىقمايتتى. مەسجىدكە ئۆزى مېڭىپ كېلەلمەيدىغان ئادەمنى ئىككى ئادەم بىلىكىدىن تۇتۇپ ئەكىلىپ، سەپكە تۇرغۇزۇپ قويۇاتتى.

(مۇسلىم: 654)

1676 - عَنْ بُرَيْدَةَ الْأَسْلَمِيِّ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ بَشِّرِ الْمَشَّائِينَ فِي

الظلَمِ إلى الْمَسَاجِدِ بِالنورِ التام يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

1676 ـ بۇرەيدە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قاراڭغۇدىمۇ مەسجىدلەرگە بارىدىغانلارغا قىيامەت كۈنى تولۇق نۇر بېرىلىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بېرىڭلار»[①].

(تىرمىزى: 223)

1677 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مُنْتَظِرُ الصلَاةِ مِنْ بَعْدِ الصلَاةِ كَفَارِسٍ اشْتَد بِهِ فَرَسُهُ فِي سَبِيلِ اللهِ عَلَى كَشْحِهِ تُصَلي عَلَيْهِ مَلَائِكَةُ اللهِ مَا لَمْ يُحْدِثْ أَوْ يَقُومُ وَهُوَ فِي الربَاطِ الْأَكْبَرِ.

1677 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بىر نامازدىن كېيىن، ئىككىنچى بىر نامازنىڭ ۋاقتىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغۇچى كىشىنىڭ مىسالى، ئېتىنى الله يولىدا كۈچىنىڭ بېرىچە چاپتۇرۇپ جىھاد قىلغان مۇجاھىدقا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى تاھارىتىنى سۇندۇرىۋەتمىگەن ياكى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمىگەنلا بولسا، اللهنىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا الله تائالادىن رەھمەت تىلەپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشى يەنە كاتتا رىبات[②] ئۈستىدە بولىدۇ»[③].

(ئەھمەد: 8411؛ «ئەلئەۋسەت»)

---

[①] ئەلبانى (185): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] رىبات دېگەن الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتىن ئايرىلماي داۋاملىق تەييارلىق ھالەتتە تۇرۇش-دېمەكتۇر. دېمەككى، يۇقىرىقى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى رىباتنىڭ ساۋابى بىلەن ئوخشاش.

[③] ھەيسەمى (2123): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نافىئ ئىبنى سۇلايمان قۇرەشى ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

1678 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا تَوطنَ رَجُلٌ مُسْلِمٌ الْمَسَاجِدَ لِلصلَاةِ وَالذكْرِ إِلا تَبشْبَشَ اللهُ لَهُ كَمَا يَتَبشْبَشُ أَهْلُ الْغَائِبِ بِغَائِبِهِمْ إِذَا قَدِمَ عَلَيْهِمْ.

1678 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمان كىشى مەسجىدلەرنى ناماز ئوقۇش ۋە زىكرى ئېيتىش ئۈچۈن ماكان تۇتسا (يەنى داۋاملىق مەسجىدتە ناماز ئوقۇسا)، بىر ئائىلىدىن يوقاپ كەتكەن كىشى ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندە، ئائىلىسى خۇشاللىقىدىن خۇرسەن بولغاندەك، الله تائالامۇ ئۇ بەندىسى ئۈچۈن خۇرسەن بولىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 800)

1679 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَانِي اللَّيْلَةَ رَبي تَبَارَكَ وَتَعَالَى فِي أَحْسَنِ صُورَةٍ قَالَ أَحْسَبُهُ قَالَ فِي الْمَنَامِ فَقَالَ يَا مُحَمدُ هَلْ تَدْرِي فِيمَ يَخْتَصِمُ الْمَلَأُ الْأَعْلَى قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ فَوَضَعَ يَدَهُ بَيْنَ كَتِفَي حَتى وَجَدْتُ بَرْدَهَا بَيْنَ ثَدْيَي أَوْ قَالَ فِي نَحْرِي فَعَلِمْتُ مَا فِي السمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ قَالَ يَا مُحَمدُ هَلْ تَدْرِي فِيمَ يَخْتَصِمُ الْمَلَأُ الْأَعْلَى قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فِي الْكَفارَاتِ وَالْكَفارَاتُ الْمُكْثُ فِي الْمَسَاجِدِ بَعْدَ الصلَوَاتِ وَالْمَشْيُ عَلَى الْأَقْدَامِ إِلَى الْجَمَاعَاتِ وَإِسْبَاغُ الْوُضُوءِ فِي الْمَكَارِهِ وَمَنْ فَعَلَ ذَلِكَ عَاشَ بِخَيْرٍ وَمَاتَ بِخَيْرٍ وَكَانَ مِنْ خَطِيئَتِهِ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمهُ وَقَالَ يَا مُحَمدُ إِذَا صَليْتَ فَقُلْ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَتَرْكَ الْمُنْكَرَاتِ وَحُب الْمَسَاكِينِ وَإِذَا أَرَدْتَ بِعِبَادِكَ فِتْنَةً فَاقْبِضْنِي إِلَيْكَ غَيْرَ مَفْتُونٍ قَالَ وَالدرَجَاتُ إِفْشَاءُ السلَامِ وَإِطْعَامُ الطعَامِ وَالصلَاةُ بِاللَّيْلِ وَالناسُ نِيَامٌ.

1679 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

ـ بۇ كېچە، چۈشۈمدە بۈيۈك ۋە يۈكسەك رەببىمنى ئەڭ چىرايلىق

[1] ئەلبانى (652): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋە گۈزەل ھالەتتە كۆردۈم. ئۇ:

ـ ئى مۇھەممەد! ئۈستۈنكى ئالەم ئەھلى (يەنى پەرىشتىلەر)نىڭ نېمىلەر توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ بىلمەيمەن، ــ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قوللىرىنى ئىككى تاغىقىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. مەن كۆكسۈمدە (ياكى گېلىمدا) ئۇنىڭ قولىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىلىپ يەتتىم. مەندىن يەنە:

ــ ئى مۇھەممەد! ئۈستۈنكى ئالەم ئەھلىنىڭ ئەمدى نېمىلەر توغرىسىدا بەس ــ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ شۇنداق، ئۇلار كەففارەت ھەققىدە مۇنازىرىلىشىۋاتىدۇ. كەففارەت دېگەن، نامازدىن كېيىن مەسجىدتە بىر مەھەل تۇرۇش، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن مېڭىش، تاھارەتنى قىيىن ئەھۋالدىمۇ كامىل ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر. كىمكى شۇنداق قىلسا، ياخشىلىق ئۈستىدە ياشايدۇ ۋە ياخشىلىق بىلەن ئۆلىدۇ. گۇناھلىرىدىن خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىكىدەك پاكلىنىدۇ، ـ دېدىم. ماڭا:

ـ ئى مۇھەممەد! ناماز ئوقۇغان ۋاقتىڭدا: ”ئى اللە! سەندىن ياخشى ئىش قىلىش، يامانلىقنى تەرك ئېتىش ۋە يوقسۇللارنى ياخشى كۆرۈشۈمنى تىلەيمەن. ئەگەر بەندىلىرىڭ ئارىسىغا پىتنە سالماقچى بولساڭ، ئۇ پىتنىدىن بۇرۇن، مېنى دەرگاھىڭغا ئال!“ دەپ دۇئا قىلغىن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېدى: «سالامنى ئاشكارا قىلىش، يوقسۇللارغا تائام بېرىش، كېچىلىرى ھەركىم ئۇخلاۋاتقاندا قوپۇپ ناماز ئوقۇش قاتارلىقلار اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 3233)

---

[1] ئەلبانى (2580): سەھىھ ـ دېگەن.

## جامائەت نامىزى، ئىمام ۋە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمى

1680 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَجُلٌ أَعْمَى فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنَّهُ لَيْسَ لِي قَائِدٌ يَقُودُنِي إِلَى الْمَسْجِدِ فَسَأَلَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ يُرَخِّصَ لَهُ فَيُصَلِّيَ فِي بَيْتِهِ فَرَخَّصَ لَهُ فَلَمَّا وَلَّى دَعَاهُ فَقَالَ هَلْ تَسْمَعُ النِّدَاءَ بِالصَّلَاةِ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَأَجِبْ.

1680 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئەما كېلىپ:

ــ ئى ﷲنىڭ ئەلچىسى! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئاپىرىپ قويىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا نامازنى ئۆيدە ئوقۇغان بولسام، ـ دەپ رۇخسەت سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ رۇخسەت ئېلىپ بولۇپ قايتىپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ:

ــ نامازغا چىققان ئەزان ساڭا ئاڭلىنامدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، ئەزانغا ئاۋاز قوشقىن (يەنى نامازغا كەلگىن)! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 653)

1681 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ أَثْقَلَ صَلَاةٍ عَلَى الْمُنَافِقِينَ صَلَاةُ الْعِشَاءِ وَصَلَاةُ الْفَجْرِ وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِيهِمَا لَأَتَوْهُمَا وَلَوْ حَبْوًا وَلَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آمُرَ بِالصَّلَاةِ فَتُقَامَ ثُمَّ آمُرَ رَجُلًا فَيُصَلِّيَ بِالنَّاسِ ثُمَّ أَنْطَلِقَ مَعِي بِرِجَالٍ مَعَهُمْ حُزَمٌ مِنْ حَطَبٍ إِلَى قَوْمٍ لَا يَشْهَدُونَ الصَّلَاةَ فَأُحَرِّقَ عَلَيْهِمْ بُيُوتَهُمْ بِالنَّارِ.

1681 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ھەقىقەتەن مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز ـ خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىدۇر. ئۇلار ئۇ ئىككى نامازنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ كېلىپ، جامائەتكە قېتىلاتتى. مەن بىرىڭلارنى تەكبىر ئېيتىشقا، يەنە بىرىڭلارنى ئىمام بولۇشقا تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزەم بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار بىلەن ئوتۇن يىغىپ، جامائەتكە كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋەتكۈم كېلىدۇ».
(مۇسلىم: 651)

1682 - وفي رواية: وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ يَعْلَمُ أَحَدُهُمْ أَنَهُ يَجِدُ عَرْقًا سَمِينًا أَوْ مِرْمَاتَيْنِ حَسَنَتَيْنِ لَشَهِدَ الْعِشَاءَ.

1682 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار چالا يەپ تاشلىۋېتىلگەن سۆڭەك ياكى قوينىڭ ئوبدان ئىككى چىشلەم گۆش چىقىدىغان ئىككى تال تۇۋقى چاغلىق نەرسىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، خۇپتەن نامىزىغا ئەلۋەتتە كېلەتتى».
(بۇخارى: 644)

1683 - عن ابْنَ عُمَرَ قَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَأْمُرُ الْمُؤَذنَ إِذَا كَانَتْ لَيْلَةٌ بَارِدَةٌ أَوْ ذَاتُ مَطَرٍ فِي السفَرِ أَنْ يَقُولَ أَلَا صَلوا فِي رِحَالِكُمْ.

1683 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوغۇق كېچىدە ياكى يامغۇرلۇق كۈنلەردە سەپەرگە چىقسا، مۇئەززىنىنى: «دىققەت، ھەممىڭلار نامازنى چۈشكەن يېرىڭلاردا (يەنى چېدىرىڭلاردا) ئوقۇڭلار!» دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇيتتى.
(مۇسلىم: 697)

1684 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ سَمِعَ الْمُنَادِيَ فَلَمْ يَمْنَعْهُ مِنْ اتِّبَاعِهِ عُذْرٌ قَالُوا وَمَا الْعُذْرُ قَالَ خَوْفٌ أَوْ مَرَضٌ لَمْ تُقْبَلْ مِنْهُ الصَّلَاةُ الَّتِي صَلَّى.

1684 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۆزرىسىز ھالدا جامائەتكە چىقماي، يالغۇز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ـ دېۋىدى، جامائەت:

ــ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۆزرە نېمە؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قورقۇنچ ۋە كېسەل، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 551)

1685 - عَنْ أَوْسِ بْنِ ضَمْعَجٍ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا مَسْعُودٍ يَقُولُ قَالَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَؤُمُّ الْقَوْمَ أَقْرَؤُهُمْ لِكِتَابِ اللهِ وَأَقْدَمُهُمْ قِرَاءَةً فَإِنْ كَانَتْ قِرَاءَتُهُمْ سَوَاءً فَلْيَؤُمَّهُمْ أَقْدَمُهُمْ هِجْرَةً فَإِنْ كَانُوا فِي الْهِجْرَةِ سَوَاءً فَلْيَؤُمَّهُمْ أَكْبَرُهُمْ سِنًّا وَلَا تَؤُمَّنَّ الرَّجُلَ فِي أَهْلِهِ وَلَا فِي سُلْطَانِهِ وَلَا تَجْلِسْ عَلَى تَكْرِمَتِهِ فِي بَيْتِهِ إِلَّا أَنْ يَأْذَنَ لَكَ أَوْ بِإِذْنِهِ.

1685 ـ ئەۋس ئىبنى زەمئەج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قاراپ: جامائەتكە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغانلار ۋە ئوقۇشنى ئەڭ بۇرۇن ئۆگەنگەنلەر ئىمام بولسۇن. ئەگەر ئىككى كىشى قىرائەتتە تەڭ كېلىپ قالسا، بالدۇر ھىجرەت قىلغىنى ئىمام بولسۇن. ھىجرەت ۋاقتى ئوخشاش بولسا، ياشتا چوڭراقى ئىمام بولسۇن. بىر كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردە (يەنى ساھىبخانىغا) ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئىمام بولماڭلار. شۇنداقلا بىرسىنىڭ ھۇقۇق دائىرىسىدىكى يەردە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئىمام بولماڭلار ۋە ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىسىز

[1] ئەلبانى (515): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۆنىڭغا خاس ئورۇندىمۇ ئولتۇرماڭلار.

(مۇسلىم: 673)

1686 - وفي رواية: وَلَا يُؤَم الرجُلُ فِي بَيْتِهِ وَلَا فِي سُلْطَانِهِ وَلَا يُجْلَسُ عَلَى تَكْرِمَتِهِ إِلَا بِإِذْنِهِ.

1686 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: بىر كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردە (يەنى ساھىبخانىغا) ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئىمام بولۇشقا بولمايدۇ، بىرسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى يەردىمۇ ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئىمام بولۇشقا بولمايدۇ ۋە ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنىڭغا خاس ئورۇندا ئولتۇرۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ.[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 582)

1687 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ أَم قَوْمًا وَفِيهِمْ مَنْ هُوَ أَقْرَأُ لِكِتَابِ اللهِ مِنْهُ، لَمْ يَزَلْ فِي سَفَالٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ".

1687 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمكى بىر جامائەت ئىچىدە اللهنىڭ كىتابىنى ئۆزىدىن ياخشىراق ئوقۇيدىغان باشقا بىرى تۇرۇپمۇ، ئۇلارغا ئىمام بولسا، قىيامەتكە قەدەر خارلىقنىڭ ئىچىدە بولىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

1688 - عَنْ مَالِكِ بْنِ الْحُوَيْرِثِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا زَارَ أَحَدُكُمْ قَوْمًا فَلَا يُصَلِّينَ بِهِمْ.

1688 ـ مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن

---

[1] ئەلبانى (542): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2323): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، سەنەدىدە ھەيسەم ئىبنى ئىقاب ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئەزەدىي ئۇنىڭ نامەلۇم كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بىراق مەن ئىبنى ھىببانىنىڭ ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغانلىقىنى كۆردۈم، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىرىڭلار بىرەر جامائەتنى زىيارەت قىلىشقا بارسا، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇمىسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دەيدۇ[①].

(نەسائى: 787)

1689 - عَنْ عَمْرِو بْنِ سَلَمَةَ قَالَ كُنا بِحَاضِرٍ يَمُر بِنَا الناسُ إِذَا أَتَوْا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَانُوا إِذَا رَجَعُوا مَروا بِنَا فَأَخْبَرُونَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَذَا وَكَذَا وَكُنْتُ غُلَامًا حَافِظًا فَحَفِظْتُ مِنْ ذَلِكَ قُرْآنًا كَثِيرًا فَانْطَلَقَ أَبِي وَافِدًا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي نَفَرٍ مِنْ قَوْمِهِ فَعَلمَهُمْ الصلَاةَ فَقَالَ يَؤُمكُمْ أَقْرَؤُكُمْ وَكُنْتُ أَقْرَأَهُمْ لِمَا كُنْتُ أَحْفَظُ فَقَدمُونِي فَكُنْتُ أَؤُمهُمْ وَعَلَي بُرْدَةٌ لِي صَغِيرَةٌ صَفْرَاءُ فَكُنْتُ إِذَا سَجَدْتُ تَكَشفَتْ عَني فَقَالَتْ امْرَأَةٌ مِنْ النسَاءِ وَارُوا عَنا عَوْرَةَ قَارِئِكُمْ فَاشْتَرَوْا لِي قَمِيصًا عُمَانِيا فَمَا فَرِحْتُ بِشَيْءٍ بَعْدَ الْإِسْلَامِ فَرَحِي بِهِ فَكُنْتُ أَؤُمهُمْ وَأَنَا ابْنُ سَبْعِ سِنِينَ أَوْ ثَمَانِ سِنِينَ.

1689 ـ ئەمر ئىبنى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز بىر جايدا مۇقىم ياشايتتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارماقچى بولغانلارمۇ، ئۇنىڭ يېنىدىن قايتقانلارمۇ بىز تۇرغان يەردىن ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇلار قايتىشىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نېمىلەرنى ئېيتقانلىقىنى بىزگە دەپ بېرەتتى. مېنىڭ يادلاش ئىقتىدارىم كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ كۆپ ئايەتلىرىنى شۇلاردىن ئاڭلاپ يادلىۋالغان ئىدىم. دادام خەلقىقە ۋاكالىتەن جامائەتتىن بىر قانچە كىشىنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى، (گەرچە يېشىم كىچىك بولسىمۇ) مېنىمۇ بىرگە ئېلىۋالغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئوقۇش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ: «ئاراڭلاردا قۇرئاننى كىم ئەڭ كۆپ ياد ئالغان بولسا، سىلەرگە شۇ ئىمام بولسۇن» دېدى. مەن قۇرئاننى ئەڭ

[①] ئەلبانى (759): سەھىھ ـ دېگەن.

كۆپ ياد ئالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلار مېنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇستۇمگە قىسقا سېرىق بىر تۇننى كىيىپ، ئۇلارغا ئىمام بولۇشقا باشلىدىم، (تون قىسقا بولغانلىقتىن) سەجدە قىلغان چېغىمدا، ئەۋرىتىم ئېچىلىپ قالاتتى. بىر كۈنى بىر ئايال: ”ئىماملىرىڭلارنىڭ ئەۋرىتىنى (بىزدىن) يېپىڭلار!“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ماڭا ئۇمماندا ئىشلەنگەن ئۇزۇن بىر كۆينەكنى سېتىۋالدى. مەن شۇ قەدەر خۇشال بولدۇمكى، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، شۇ كۆينەككە خۇشال بولغاندەك خۇشال بولۇپ باقمىدىم. مەن ئۇلارغا ئىمام بولغاندا، تېخى يەتتە ـ سەككىز ياشلاردا ئىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 585)

1690 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنَّهُ قَالَ لَمَّا قَدِمَ الْمُهَاجِرُونَ الْأَوَّلُونَ نَزَلُوا الْعُصْبَةَ قَبْلَ مَقْدَمِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَكَانَ يَؤُمُّهُمْ سَالِمٌ مَوْلَى أَبِي حُذَيْفَةَ وَكَانَ أَكْثَرَهُمْ قُرْآنًا زَادَ الْهَيْثَمُ وَفِيهِمْ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ وَأَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الْأَسَدِ.

1690 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنىگە ئەڭ دەسلەپ ھىجرەت قىلغانلار ئۇسبە دېگەن يەرگە چۈشتى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ھىجرەت قىلمىغانىدى). ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇلئەسەد قاتارلىق كىشىلەر بولسىمۇ، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم قۇرئاننى ئەڭ كۆپ ياد ئالغان كىشى بولغاچقا، ئۇلارغا ئىمام بولاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 588)

1691 - وَكَانَتْ عَائِشَةُ يَؤُمُّهَا عَبْدُهَا ذَكْوَانُ مِنْ الْمُصْحَفِ.

1691 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ زەكۋان ئىسىملىك قۇلى قۇرئانغا قاراپ (قىرائەت قىلىپ) ناماز ئوقۇسا، ئائىشە ئۇنىڭغا ئىقتىدا

[1] ئەلبانى (546): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (549): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلاتتى.

(بۇخارى كىرىش سۆز قىسمىدا رىۋايەت قىلغان)

1692 - عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَخْلَفَ ابْنَ أُم مَكْتُومٍ يَؤُم الناسَ وَهُوَ أَعْمَى.

1692 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۆزى مەدىنىدە يوق چاغلاردا) ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى (گەرچە ئۇ ئەما بولسىمۇ) كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشكە تەيىنلىگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 595)

1693 - عَنْ أُم وَرَقَةَ بِنْتِ عَبْدِ اللهِ بْنِ نَوْفَلٍ الْأَنصَارِيةِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لما غَزَا بَدْرًا قَالَتْ قُلْتُ لَهُ يَا رَسُولَ اللهِ ائْذَنْ لِي فِي الْغَزْوِ مَعَكَ أُمَرضُ مَرْضَاكُمْ لَعَل اللهَ أَنْ يَرْزُقَنِي شَهَادَةً قَالَ قَرِي فِي بَيْتِكِ فَإِن اللهَ تَعَالَى يَرْزُقُكِ الشهَادَةَ قَالَ فَكَانَتْ تُسَمى الشهِيدَةُ قَالَ وَكَانَتْ قَدْ قَرَأَتْ الْقُرْآنَ فَاسْتَأْذَنَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تَتخِذَ فِي دَارِهَا مُؤَذنًا فَأَذِنَ لَهَا قَالَ وَكَانَتْ قَدْ دَبرَتْ غُلَامًا لَهَا وَجَارِيَةً فَقَامَا إِلَيْهَا بِالليْلِ فَغَماهَا بِقَطِيفَةٍ لَهَا حَتى مَاتَتْ وَذَهَبَا فَأَصْبَحَ عُمَرُ فَقَامَ فِي الناسِ فَقَالَ مَنْ كَانَ عِنْدَهُ مِنْ هَذَيْنِ عِلْمٌ أَوْ مَنْ رَآهُمَا فَلْيَجِئْ بِهِمَا فَأَمَرَ بِهِمَا فَصُلِبَا فَكَانَا أَولَ مَصْلُوبٍ بِالْمَدِينَةِ. عَنْ أُم وَرَقَةَ بِنْتِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْحَارِثِ بِهَذَا الْحَدِيثِ وَالْأَولُ أَتم قَالَ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَزُورُهَا فِي بَيْتِهَا وَجَعَلَ لَهَا مُؤَذنًا يُؤَذنُ لَهَا وَأَمَرَهَا أَنْ تَؤُم أَهْلَ دَارِهَا قَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ فَأَنَا رَأَيْتُ مُؤَذنَهَا شَيْخًا كَبِيرًا.

1693 ـ ئۇممۇ ۋەرەقە بىنتى ئابدۇللاھ ئىبنى نەۋفەل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدرى غازىتىغا چىقىدىغان چاغدا، مەن:

[1] ئەلبانى (555): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! سەن بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا چىقىشىمغا رۇخسەت بەرسەڭ، يارىلانغانلارغا ياردەم قىلسام. شۇ ئارقىلىق اللهنىڭ ماڭا شېھىدلىكنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۆيۈڭدە ئولتۇرغىن، الله ساڭا چوقۇم شېھىدلىكنى بېرىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن شېھىدە دەپ ئاتىلىدىغان بولدۇم.

رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ ۋەرەقە قۇرئان ئوقۇيالايدىغان ئايال ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزىنىڭ قورۇسىغا بىر مۇئەززىن تۇختىتىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغانىدى، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ ئايال بىر قۇلى بىلەن بىر دېدەكگە:

ـ مەن ئۆلگەندە، سىلەر ئازاد بولۇپ كېتىسىلەر، ـ دېگەنىدى. بىر كېچىسى، ئۇ ئىككىسى ئايال خوجايىنىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، بىر ئەدىيال بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتتى. ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر جامائەتكە:

ــ بۇ ئىككىسىنىڭ قاچقان يېرىنى بىلىدىغانلار ياكى ئۇلارنى كۆرگەنلەر دەرھال تۇتۇپ كەلسۇن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككى قاتىل تۇتۇپ كېلىنىپ، دارغا ئېسىلدى. ئۇ ئىككىسى مەدىنىدە تۇنجى بولۇپ دارغا ئېسىلغانلار ئىدى.

بۇ ھەدىس يەنە ئۇممۇ ۋەرەقە بىنتى ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن ئالدىنقى رىۋايەت مۇكەممەلرەك. كېيىنكى رىۋايەتتە: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى زىيارەت قىلغان، ئۇنىڭغا ئەزان ئوقۇپ بېرىدىغان بىر مۇئەززىن بەلگىلەپ بەرگەن ۋە ئۇنى ئائىلە ـ تاۋاباتىغا ئىمام بولۇپ بېرىشكە بۇيرىغانىدى، ـ دېيىلگەن.

ئابدۇراھمان (راۋىي): مەن ئۇ ئايالنىڭ مۇئەززىنىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ ياشىنىپ قالغان بىرى ئىدى، ـ دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 591)

[1] ئەلبانى (552): ھەسەن، ـ دېگەن.

1694 - عن عُمَرَ الأنصَارِي، قَالَ:سَأَلْتُ وَاثِلَةَ بن الأَسْقَعِ عَنِ الصــلاةِ، خَلْـفَ الْقَدَرِي؟ فَقَالَ: لا تُصَل خَلْفَهُ، أَما أَنا لَوْ كُنتُ صَلَيْتُ خَلْفَهُ لأَعَدْتُ صَلاتِي.

1694 - ئۆمەر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئىدىن قەدەرىيلەرنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش توغرۇلۇق سورىسام:

— ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇمىغىن. بىلگىنكى، ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇپ قالسام، نامىزىمنى چوقۇم قايتا ئوقۇيمەن، - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر» 53/22)

1695 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ، قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "أَطِعْ كُل أَمِيرٍ، وَصَل خَلْفَ كُل إِمَامٍ، وَلا تَسُبوا أَحَدًا مِنْ أَصْحَابِي".

1695 - مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(مۇسۇلمانلاردىن بولغان) ھەر قانداق ئەمىرگە ئىتائەت قىل ۋە ھەر ئىمامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇ، مېنىڭ ساھابىلىرىمدىن ھېچ كىمنى تىللىما!»[2]

(«ئەلكەبىر»)

1696 - عَنْ شَيْخٍ مِنْ طَيئٍ قَالَ: مَر ابْنُ مَسْعُودٍ عَلَى مَسْجِدٍ لَنَا، فَتَقَـدمَ رَجُـلٌ مِنْهُمْ فَقَرَأَ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ، ثُم قَالَ: نَحُج بَيْتَ رَبنَا، وَنَقْضِي الدينَ، وَهُوَ مِثْلَ الْقَطَـوَاتِ يَهْوِينَ، فَقَالَ عَبْدُ اللهِ: "مَا سَمِعْنَا بِهَذَا فِي الْمِلةِ الآخِرَةِ إِنْ هَذَا إِلا اخْتِلاقٌ"، فَانْصَرَفَ

[1] ھەيسەمى (2338): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەبىب ئىبنى ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەر بار. ئىبنى ھىببان ھەبىبنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان. بىراق ئاتىسى ئۆمەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ سەنەدىدىكى بەقىيە ئىسىملىك كىشىنىڭمۇ ھەدىسى مۇدەللەستۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2339): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مەكھۇل ئىسىملىك كىشى بۇنى مۇئازدىن بىۋاستە ئاڭلىمىغان، - دېگەن.

عَبْدُ اللهِ.

1696 ـ تەيىىئىلىك بىر قېرى ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ مەسجىدىمىزگە كەلدى. ئارىدىن بىرەيلەن ئالدىغا ئۆتۈپ ئىمام بولدى. ئۇ سۈرە فاتىھەدىن كېيىن: رەببىمىزنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىپ تۇرىمىز ۋە قەرزلىرىمىزنى ئادا قىلىمىز، ـ دەپلا ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشكەن قىرغاۋۇللاردەك ناھايىتى تېزلىك بىلەن رۇكۇ ۋە سەجدىگە باردى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن (يەنى ناسارا دىنىدىكىلەردىن) ئاڭلىمىدۇق. بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ قايتىپ كەتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 9379)

1697 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ عَدِي بْنِ خِيَارٍ أَنَّهُ دَخَلَ عَلَى عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَهُوَ مَحْصُورٌ فَقَالَ إِنكَ إِمَامُ عَامةٍ وَنَزَلَ بِكَ مَا نَرَى وَيُصَلي لَنَا إِمَامُ فِتْنَةٍ وَنَتَحَرجُ فَقَالَ الصلَاةُ أَحْسَنُ مَا يَعْمَلُ الناسُ فَإِذَا أَحْسَنَ الناسُ فَأَحْسِنْ مَعَهُمْ وَإِذَا أَسَاءُوا فَاجْتَنِبْ إِسَاءَتَهُمْ.

1697 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەدى ئىبنى خىياردىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـ سەن پۈتۈن ئۇممەتنىڭ ئىمامىسەن. ساڭا كەلگەن مۇسىبەتنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىزگە پىتنىنىڭ ئىمامى ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشتىن بەكمۇ سىقىلىپ كېتىۋاتىمىز، ـ دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ناماز ئىنساننىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. باشقىلار ياخشى ئىش قىلسا، سەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ياخشى ئىش قىلغىن. ئۇلار يامان

---

[1] سۈرە ساد، 7 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (2337): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەيىىئىلىك بۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئىش قىلسا، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن يىراق تۇرغىن، - دېدى.

(بۇخارى: 695)

1698 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ ثَلَاثَةٌ لَا يَقْبَلُ اللهُ مِنْهُمْ صَلَاةً مَنْ تَقدمَ قَوْمًا وَهُمْ لَهُ كَارِهُونَ وَرَجُلٌ أَتى الصلَاةَ دِبَارًا وَالدبَارُ أَنْ يَأْتِيَهَا بَعْدَ أَنْ تَفُوتَهُ وَرَجُلٌ اعْتَبَدَ مُحَررَهُ.

1698 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىرىنچى، باشقىلار ياقتۇرمىسىمۇ، جامائەتكە ئىمام بولغۇچى؛ ئىككىنچى، جامائەت ناماز ئوقۇپ بولغاندا نامازغا كېلىشنى ئادەت قىلىۋالغۇچى؛ ئۈچىنچى، ئازاد قىلىپ بولغان قۇلىنى يەنە قۇل قىلىپ ئىشلەتكۈچى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 593)

1699 - عن أبي أُمَامَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَةٌ لَا تُجَاوِزُ صَلَاتُهُمْ آذَانَهُمْ الْعَبْدُ الْآبِقُ حَتى يَرْجِعَ وَامْرَأَةٌ بَاتَتْ وَزَوْجُهَا عَلَيْهَا سَاخِطٌ وَإِمَامُ قَوْمٍ وَهُمْ لَهُ كَارِهُونَ.

1699 - ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ نامىزى قۇلاقلىرىدىن ئاشمايدۇ (يەنى قوبۇل بولمايدۇ). بىرىنچى، خوجايىنىدىن قاچقان قۇل؛ ئىككىنچى، ئېرىنىڭ گېپىگە ئۇنىماي، ئۇنى خاپا قىلغان ھالدا كېچىنى ئۆتكۈزگەن ئايال؛ ئۈچىنچى، جامائەت ياقتۇرمىسىمۇ ئىمام بولغۇچى كىشى»[2].

(تىرمىزى: 360)

[1] ئەلبانى (119): زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (295): ھەسەن، - دېگەن.

1700 - عَنْ عَمْرٍو وَسَمِعَهُ مِنْ جَابِرٍ قَالَ كَانَ مُعَاذٌ يُصَلِّي مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ يَرْجِعُ فَيَؤُمُّنَا قَالَ مَرَّةً ثُمَّ يَرْجِعُ فَيُصَلِّي بِقَوْمِهِ فَأَخَّرَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْلَةً الصَّلَاةَ وَقَالَ مَرَّةً الْعِشَاءَ فَصَلَّى مُعَاذٌ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ جَاءَ يَؤُمُّ قَوْمَهُ فَقَرَأَ الْبَقَرَةَ فَاعْتَزَلَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ فَصَلَّى فَقِيلَ نَافَقْتَ يَا فُلَانُ فَقَالَ مَا نَافَقْتُ فَأَتَى رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ إِنَّ مُعَاذًا يُصَلِّي مَعَكَ ثُمَّ يَرْجِعُ فَيَؤُمُّنَا يَا رَسُولَ اللَّهِ وَإِنَّمَا نَحْنُ أَصْحَابُ نَوَاضِحَ وَنَعْمَلُ بِأَيْدِينَا وَإِنَّهُ جَاءَ يَؤُمُّنَا فَقَرَأَ بِسُورَةِ الْبَقَرَةِ فَقَالَ يَا مُعَاذُ أَفَتَّانٌ أَنْتَ أَفَتَّانٌ أَنْتَ اقْرَأْ بِكَذَا اقْرَأْ بِكَذَا قَالَ أَبُو الزُّبَيْرِ بِسَبِّحْ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَى.

1700 ـ ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: مۇئاز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، قايتىپ كېلىپ بىزگە ئىمام بولاتتى. بىر ئاخشىمى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز خۇپتەننى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇدى. مۇئاز رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن نامازنى ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كېلىپ، ئۆز جامائىتىگە ئىمام بولدى ۋە نامازدا بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇدى. بىر ئادەم جامائەتتىن ئايرىلىپ، نامازنى يالغۇز ئوقۇشقا باشلىدى. نامازدىن كېيىن، بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

ـ سەن مۇناپىق بولدۇڭ، ـ دېدى. ئۇ:

ـ مەن مۇناپىق بولمىدىم، ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئى الله تائالانىڭ ئەلچىسى! مۇئاز سەن بىلەن ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ بىزگە ئىمام بولىدۇ. بىز سۇ تارتىپ تېرىقچىلىق قىلىمىز، قوللىرىمىزغا تايىنىپ ئىشلەيمىز. بۇ قېتىم ئۇ بىزگە ئىمام بولدى ۋە بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئازغا:

ـ ھەي مۇئاز! سەن پىتنە تېرىماقچىمۇ؟ سەن پىتنە تېرىماقچىمۇ؟ بۇندىن كېيىن مۇنۇ، مۇنۇ (قىسقا) سۈرىلەرنى ئوقۇغىن! ـ دېدى.

ئەبۇ زۇبەير (راۋى): سۈرە ئەئىلا ۋە سۈرە لەيل قاتارلىقلارنى ئوقۇشقا بۇيرىدى، - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 790)

1701 - وفي رواية: كَيفَ تَصْنَعُ يَا ابْنَ أَخِي إِذَا صَلَّيتَ قَالَ أَقْرَأُ بِفَاتِحَةِ الْكِتَـابِ وَأَسْأَلُ اللهَ الْجَنةَ وَأَعُوذُ بِهِ مِنْ النارِ وَإِني لَا أَدْرِي مَا دَنْدَنَتُكَ وَلَا دَنْدَنَةُ مُعَاذٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ إِني وَمُعَاذًا حَوْلَ هَاتَينِ أَوْ نَحْوَ هَذَا.

1701- يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىدىن:

- ئى جىيەنىم! نامازنى قانداق ئوقۇيسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

- نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيمەن ۋە الله تائالادىن مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ۋە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەيمەن. چۈنكى مەن مۇئاز ئىككىڭلارنىڭ پىچىرلاپ قىلغان دۇئالىرىڭلارنىڭ قايسى دۇئالار ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بىزمۇ ساڭا ئوخشاش جەننەتكە كىرىش ۋە دوزاخ ئوتىدىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا دۇئا قىلىمىز، - دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 792)

1702 - عَنْ أَبِي هُرَيرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- «إِذَا صَلى أَحَدُكُمْ لِلناسِ فَلْيُخَفِّفْ فَإِن فِى الناسِ الضعِيفَ وَالسقِيمَ».

1702 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمام بولساڭلار، قىسقا ئوقۇڭلار، چۈنكى جامائەتتە ئاجىز ۋە كېسەل ئادەملەر بولىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «كېسەل» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا: «ياشىنىپ قالغانلار» دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 467)

---

[1] ئەلبانى (709): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (710): سەھىھ - دېگەن.

1703 - زاد خ رواية: «وَذَا الْحَاجَةِ».

1703 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئالدىراش كىشىلەر بار» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 467)

1704 - عن قَتَادَةُ أن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ حَدثَهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِني لَأَدْخُلُ فِي الصلَاةِ وَأَنا أُرِيدُ إِطَالَتَهَا فَأَسْمَعُ بُكَاءَ الصبِي فَأَتَجَوزُ فِي صَلَاتِي مِما أَعْلَمُ مِنْ شِدةِ وَجْدِ أُمهِ مِنْ بُكَائِهِ.

1704 ـ قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن نامازنى ئۇزۇنراق ئوقۇشنى ئىرادە قىلغان ھالدا باشلايمەن. ئەمما كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسام، ئانىسىنىڭ بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، قىسقا ئايەتلەرنى ئوقۇيمەن» دېدى.

(بۇخارى: 709)

1705 - عَنْ سَالِمٍ أَبِي النضْرِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ تُقَامُ الصلَاةُ فِي الْمَسْجِدِ إِذَا رَآهُمْ قَلِيلًا جَلَسَ لَمْ يُصَل وَإِذَا رَآهُمْ جَمَاعَةً صَلى.

1705 ـ سالىم ئەبۇ نەزر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: نامازغا تەكبىر ئوقۇلغاندا، جامائەت ئاز بولسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاز ئولتۇرۇپ، جامائەت كۆپەيگەندە، ئاندىن باشلايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 545)

1706 - عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُصَل الْإِمَامُ فِي الْمَوْضِعِ الذِي صَلى فِيهِ حَتى يَتَحَولَ.

1706 ـ مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (107): زەئىپ، ـ دېگەن.

«ئىمام پەرز نامىزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئورنىدىن يۆتكەلسۇن»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 616)

1707 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيَعْجِزُ أَحَدُكُمْ قَالَ عَنْ عَبْدِ الْوَارِثِ أَنْ يَتَقَدمَ أَوْ يَتَأَخرَ أَوْ عَنْ يَمِينِهِ أَوْ عَنْ شِمَالِهِ.

1707 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرىڭلار (سۈننەت ياكى نەپلە نامازلارنى) پەرزنى ئوقۇغان يېرىدىن ئوڭ ياكى سول تەرىپىگە بىر ئاز سۈرۈلۈپ ياكى بولمىسا بىر ئاز ئالدىغا چىقىپ يا كەينىگە چېكىنىپ ئوقۇسا بولمامدۇ؟!»[②] دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 1006)

1708 - وللبخاري تعليقا: رَفَعَهُ لَا يَتَطَوعُ الْإِمَامُ فِي مَكَانِهِ وَلَمْ يَصِح.

1708 ـ ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىمام پەرز ئوقۇغان جايىدا سۈننەت ئوقۇمىسۇن» دېگەنلىكىنى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان. ئەمما (بۇ رىۋايەت) سەھىھ ئەمەس.

1709 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ كَانَ ابْنُ عُمَرَ يُصَلي فِي مَكَانِهِ الذِي صَلى فِيهِ الْفَرِيضَةَ وَفَعَلَهُ الْقَاسِمُ.

1709 ـ بۇخارىنىڭ نافىئدىن نەقىل كەلتۈرگەن رىۋايىتىدە: ئىبنى ئۆمەر پەرز ئوقۇغان جايىدا سۈننەت ئوقۇيتتى. قاسىممۇ شۇنداق قىلاتتى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

1710 - عَنْ أُم سَلَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

[①] ئەلبانى (576): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (885): سەھىھ ـ دېگەن.

إِذَا سَلَّمَ قَامَ النِّسَاءُ حِينَ يَقْضِي تَسْلِيمَهُ وَيَمْكُثُ هُوَ فِي مَقَامِهِ يَسِيرًا قَبْلَ أَنْ يَقُومَ قَالَ نَرَى وَاللَّهُ أَعْلَمُ أَنَّ ذَلِكَ كَانَ لِكَيْ يَنْصَرِفَ النِّسَاءُ قَبْلَ أَنْ يُدْرِكَهُنَّ أَحَدٌ مِنْ الرِّجَالِ.

1710 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نامازدا) سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، (ئورنىدىن دەرھال تۇرماي) ئازراق ئولتۇرۇۋالاتتى. ئاياللار بولسا، دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتەتتى.

رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئويلىشىمىزچە، ئەرلەر ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن، ئاياللارنىڭ مەسجىدتىن چىقىۋېلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن (قالغىنىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر).

(بۇخارى: 875)

1711 - عَنْ ثَوْبَانَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثَلَاثٌ لَا يَحِلُّ لِأَحَدٍ أَنْ يَفْعَلَهُنَّ لَا يَؤُمُّ رَجُلٌ قَوْمًا فَيَخُصُّ نَفْسَهُ بِالدُّعَاءِ دُونَهُمْ فَإِنْ فَعَلَ فَقَدْ خَانَهُمْ وَلَا يَنْظُرُ فِي قَعْرِ بَيْتٍ قَبْلَ أَنْ يَسْتَأْذِنَ فَإِنْ فَعَلَ فَقَدْ دَخَلَ وَلَا يُصَلِّي وَهُوَ حَقِنٌ حَتَّى يَتَخَفَّفَ.

1711 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ تۈرلۈك ئىش باركى، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇلارنى قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. بىرىنچى، جامائەتكە ئىمام بولغان كىشى باشقىلارنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزى ئۈچۈنلا دۇئا قىلسا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، جامائەتكە خىيانەت قىلغان بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى، باشقىلارنىڭ ئۆيى ئىچىگە رۇخسەتسىز قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر قارىسا، ئۆيگە رۇخسەتسىز كىرگەن ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى، تاھارەتنى قىستىغان ئادەمنىڭ (تاھارەتنى يېنىكلىماي تۇرۇپ) ناماز ئوقۇشى دۇرۇس ئەمەس»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 90)

[1] ئەلبانى (15): زەئىپ، ـ دېگەن.

1712 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن أَبِي قَتَادَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ نُصَلي مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ سَمِعَ جَلَبَةَ رِجَالٍ فَلَما صَلى قَالَ مَا شَأْنُكُمْ قَالُوا اسْتَعْجَلْنَا إِلَى الصلَاةِ قَالَ فَلَا تَفْعَلُوا إِذَا أَتَيْتُمْ الصلَاةَ فَعَلَيْكُمْ بِالسكِينَةِ فَمَا أَدْرَكْتُمْ فَصَلوا وَمَا فَاتَكُمْ فَأَتِموا.

1712 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق. شۇ ئارىدا، (جامائەتكە ئۈلگۈرمەكچى بولغان) بىر تۈركۈم كىشىنىڭ دۈكۈرلىشى ئاڭلاندى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمە بولدۇڭلار؟ ـ دېۋىدى، ئۇلار:

ـ ناماغا ئالدىرىدۇق، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداق قىلماڭلار، نامازغا ئالدىرىماي كېلىڭلار. قانچە رەكئەتكە ئۈلگۈرسەڭلار، شۇنى ئادا قىلىڭلار، ئۈلگۈرەلمەي قالغىنىڭلارنى تولۇقلاڭلار، ـ دېدى.

(بۇخارى: 635)

1713 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن أَبِي قَتَادَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أُقِيمَتْ الصلَاةُ فَلَا تَقُومُوا حَتى تَرَوْنِي.

1713 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«نامازغا تەكبىر ئوقۇلغاندا، مېنىڭ (ئۆيدىن چىقىپ مەسجىدگە كىرگەنلىكىمنى) كۆرمەي تۇرۇپ، ئالدىراپ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇۋالماڭلار».

(بۇخارى: 638)

1714 - عَنْ أَبِي بَكْرَةَ أَنهُ انْتَهَى إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ رَاكِعٌ فَرَكَعَ قَبْلَ أَنْ يَصِلَ إِلَى الصف فَذَكَرَ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ زَادَكَ اللهُ حِرْصًا وَلَا تَعُدْ.

1714 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مەسجىدكە كىرگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ

قىلىۋاتاتتى. ئۇ سەپكە كىرمەستىنلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلىپ، رۇكۇغا باردى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايان قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- اللە ئىبادەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكىڭنى زىيادە قىلسۇن. بۇندىن كېيىن بۇنداق قىلمىغىن، - دېدى.

(بۇخارى: 783)

1715 - عَنْ مَالِكٍ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بنَ مَسْعُودٍ كَانَ يَدِب رَاكِعًا.

1715 - مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رۇكۇ قىلغان ھالدا سەپكە كىرگەنلىكى ئېيتىپ بېرىلگەن.

(مالىك: 396)

1716 - عن ابنِ مَسْعُودٍ، قَالَ: "إذَا رَكَعَ أَحَدُكُمْ فَمَشَى إلَى الصف قَبْلَ أَنْ يَرْفَعُوا رُءُوسَهُمْ فَإِنَّهُ يَعْتَد بِهَا، وَإِنْ رَفَعُوا رُءُوسَهُمْ قَبْلَ أَنْ يَصِلَ إلَى الصف فَلا يَعْتَد بِهَا".

1716 - ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىمكى رۇكۇ قىلغان ھالەتتە مېڭىپ، جامائەت رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن سەپكە كىرسە، ئۇنىڭ رۇكۇسى بىر رەكئەتكە ھېساب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى سەپكە كىرىشتىن بۇرۇن جامائەت رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرسە، ئۇنىڭ رۇكۇسى بىر رەكئەتكە ھېساب بولمايدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 9357)

1717 - عَنْ مُطَرفٍ عَنْ عَامِرٍ قَالَ لَا يَقُولُ الْقَوْمُ خَلْفَ الْإِمَامِ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ

[1] ھەيسەمى (2405): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى زەيد ئىبنى ئەھمەر ئىسىملىك كىشى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدىم، - دېگەن.

حَمِدَهُ وَلَكِنْ يَقُولُونَ رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ.

1717 ـ مۇتەررىف ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جامائەت:

ـ سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ، ـ دېمەي:

ـ رەببەنا لەكەل ھەمد، ـ دەيدۇ[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 849)

1718 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ بَلَغَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ بَنِي عَمْرِو بْنِ عَوْفٍ بِقُبَاءٍ كَانَ بَيْنَهُمْ شَيْءٌ فَخَرَجَ يُصْلِحُ بَيْنَهُمْ فِي أُنَاسٍ مِنْ أَصْحَابِهِ فَحُبِسَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَحَانَتْ الصَّلَاةُ فَجَاءَ بِلَالٌ إِلَى أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا فَقَالَ يَا أَبَا بَكْرٍ إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَدْ حُبِسَ وَقَدْ حَانَتْ الصَّلَاةُ فَهَلْ لَكَ أَنْ تَؤُمَّ النَّاسَ قَالَ نَعَمْ إِنْ شِئْتَ فَأَقَامَ بِلَالٌ الصَّلَاةَ وَتَقَدَّمَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ فَكَبَّرَ لِلنَّاسِ وَجَاءَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَمْشِي فِي الصُّفُوفِ يَشُقُّهَا شَقًّا حَتَّى قَامَ فِي الصَّفِّ فَأَخَذَ النَّاسُ فِي التَّصْفِيحِ قَالَ سَهْلٌ التَّصْفِيحُ هُوَ التَّصْفِيقُ قَالَ وَكَانَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ لَا يَلْتَفِتُ فِي صَلَاتِهِ فَلَمَّا أَكْثَرَ النَّاسُ الْتَفَتَ فَإِذَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَشَارَ إِلَيْهِ يَأْمُرُهُ أَنْ يُصَلِّيَ فَرَفَعَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَدَهُ فَحَمِدَ اللَّهَ ثُمَّ رَجَعَ الْقَهْقَرَى وَرَاءَهُ حَتَّى قَامَ فِي الصَّفِّ وَتَقَدَّمَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَصَلَّى لِلنَّاسِ فَلَمَّا فَرَغَ أَقْبَلَ عَلَى النَّاسِ فَقَالَ يَا أَيُّهَا النَّاسُ مَا لَكُمْ حِينَ نَابَكُمْ شَيْءٌ فِي الصَّلَاةِ أَخَذْتُمْ بِالتَّصْفِيحِ إِنَّمَا التَّصْفِيحُ لِلنِّسَاءِ مَنْ نَابَهُ شَيْءٌ فِي صَلَاتِهِ فَلْيَقُلْ سُبْحَانَ اللَّهِ ثُمَّ الْتَفَتَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ فَقَالَ يَا أَبَا بَكْرٍ مَا مَنَعَكَ أَنْ تُصَلِّيَ لِلنَّاسِ حِينَ أَشَرْتُ إِلَيْكَ قَالَ أَبُو بَكْرٍ مَا كَانَ يَنْبَغِي لِابْنِ أَبِي قُحَافَةَ أَنْ يُصَلِّيَ بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

1718 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

---

[①] ئەلبانى (755): ھەسەن ۋە مەقتۇئ (ئارىدا سەنەدى ئۈزۈلۈپ قالغان) ھەدىس، ـ دېگەن.

قۇبادا تۇرۇشلۇق بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتى ئارىسىدا ماجىرا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى كېلىشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، بىر قانچە ساھابىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇباغا چىقتى. قۇبادا ھايال بولۇپ قالغاچقا، نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ كەتتى. شۇڭا ھەزرىتى بىلال ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا كېچىكتى، جامائەتكە سەن ئىمام بولساڭ؟ ـ دېگەنىدى. ئەبۇ بەكرى:

ـ بولىدۇ، خالىساڭ شۇنداق قىلايلى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىلال نامازغا تەكبىر ئوقۇدى، ئەبۇ بەكر ئالدىغا ئۆتۈپ: «الله ئەكبەر» دەپ نامازنى باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپلەردىن ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئالدىنقى سەپكە يېتىپ باردى. جامائەت چاۋاك چالغىلى تۇردى، ئەبۇ بەكرى ئارقىسىغا قارىماي نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. جامائەت توختىماي چاۋاك چېلىۋەرگەچكە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىسىغا قاراپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردى. بىراق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشارەت ئارقىلىق ئۇنى نامازنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرىدى. ئەمما ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، اللهقا ھەمدى ئېيتقاندىن كېيىن، كەينىچىلاپ مېڭىپ سەپكە قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىغا ئۆتۈپ ئىمام بولدى. نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، جامائەتكە قاراپ:

ـ ئى جامائەت! نېمە ئۈچۈن نامازدا بىرەر سەۋەنلىك كۆرسەتكىلار، چاۋاك چالىسىلەر؟ چاۋاك چېلىش پەقەت ئاياللارغا خاس. كىمكى ناماردا سەۋەنلىك كۆرسە: «سۇبھانەللاھ» دېسۇن، ـ دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرىدىن:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! ساڭا ئىشارەت قىلساممۇ، نېمە ئۈچۈن نامازنى داۋاملاشتۇرمايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1218)

1719 - وفي رواية: أنه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال لِبِلَالٍ إنْ حَضَرَتْ صَلَاةُ الْعَصْـرِ وَلَمْ آتِكَ فَمُرْ أبا بَكْرٍ فَلْيُصَل بِالناسِ ... وفيه: قال عِيسَى بْن أيوبَ قَوْلُهُ التصْفِيحُ لِلنسَاءِ تَضْرِبُ بِأُصْبُعَيْنِ مِنْ يَمِينِهَا عَلَى كَفهَا الْيُسْرَى.

1719 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالغا:

ـ ئەگەر ئەسىر نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسەم، ئەبۇ بەكرىنىڭ جامائەتكە ئىمام بولۇپ بېرىشىنى ئېيتقىن، ـ دېدى... (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش). ئۇنىڭ ئاخىرىدا ئىسا ئىبنى ئەييۇب (راۋى): پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «چاۋاك چېلىش پەقەت ئاياللارغا خاس» دېگەن سۆزىنى شەرھىيلەپ: ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن سول قولىنىڭ ئالقىنىغا ئۇرىدۇ، ـ دېگەن[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 940)

1720- عَنْ أنسٍ أن النبي -صلى الله عليه وسلم- حَضهُمْ عَلَى الصلاةِ وَنَهَاهُمْ أنْ يَنصَرِفُوا قَبْلَ انْصِرَافِهِ مِنَ الصلاةِ.

1720 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرنى (جامائەت بىلەن) ناماز ئوقۇشقا قىزىقتۇردى ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن نامازدىن قايتىپ كەتمەسلىككە بۇيرىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 624)

1721 - عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ، قَالَ: "إِذَا تَعَايَا الإِمَامُ فَلاَ تَرُدَّ عَلَيْهِ فَإِنَّهُ كَلاَمٌ".

1721 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىمام دۇدۇقلاپ قالسا، ئۇنىڭغا لوقما سالماڭلار.

---

[①] ئەلبانى (830): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (583): سەھىھ ـ دېگەن.

چۈنكى ئۇ، نامازدا تۇرۇپ سۆزلەش ھېسابلىنىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 9314)

1722 - عن عُبَادَةُ بْنُ الصامِتِ قَالَ صَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْضَ الصلَوَاتِ التِي يَجْهَرُ فِيهَا بِالْقِرَاءَةِ قَالَ فَالْتَبَسَتْ عَلَيْهِ الْقِرَاءَةُ فَلَما انْصَرَفَ أَقْبَلَ عَلَيْنَا بِوَجْهِهِ وَقَالَ هَلْ تَقْرَءُونَ إِذَا جَهَرْتُ بِالْقِرَاءَةِ فَقَالَ بَعْضُنَا إِنا نَصْنَعُ ذَلِكَ قَالَ فَلَا وَأَنَا أَقُولُ مَا لِي يُنَازِعُنِي الْقُرْآنُ فَلَا تَقْرَءُوا بِشَيْءٍ مِنْ الْقُرْآنِ إِذَا جَهَرْتُ إِلا بِأُم الْقُرْآنِ.

1722 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىۋېتىپ، قىرائەتتە ئېزىپ كەتتى. نامازنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىزگە ئالدىنى قىلىپ:

ـــ مەن ئۈنلۈك قىرائەت قىلغان ۋاقىتتا، سىلەر ئىچىڭلاردا ئوقۇمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بەزىمىز:

ـ شۇنداق قىلىمىز، ـ دېدۇق، ئۇ:

ـ ئوقۇماڭلار. مەن تېخى قۇرئان نېمە ئۈچۈن مېنى باشقا ئايەتكە تارتىدىكىن دەپتىمەن. مەن ئۈنلۈك قىرائەت قىلىۋاتقاندا، سۈرە فاتىھەدىن باشقا ھېچ نەرسە ئوقۇماڭلار، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 824)

1723 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ انْصَرَفَ مِنْ صَلَاةٍ جَهَرَ فِيهَا بِالْقِرَاءَةِ فَقَالَ هَلْ قَرَأَ مَعِي مِنْكُمْ أَحَدٌ آنِفًا فَقَالَ رَجُلٌ نَعَمْ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني أَقُولُ مَا لِي أُنَازَعُ الْقُرْآنَ فَانْتَهَى النَاسُ عَنْ الْقِرَاءَةِ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا جَهَرَ فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

---

[1] ھەيسەمى (2352): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (177): زەئىپ، ـ دېگەن.

بِالْقِرَاءَةِ حِينَ سَمِعُوا ذَلِكَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ.

1723 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردىن بىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

ــ مەن قىرائەت قىلىۋاتقاندا، ئاراڭلاردىن بىرى مەن بىلەن تەڭ ئايەت ئوقۇدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. بىرەيلەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئوقۇغانىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەنمۇ كۆڭلۈمدە: ”قۇرئان نېمە ئۈچۈن مېنى باشقا ئايەتكە تارتىدىغاندۇ؟“ دەپ ئويلىغانىدىم، ـ دېدى. شۇندىن كېيىن، ئىمام قىرائەت قىلىۋاتقاندا، كىشىلەر ئىمام بىلەن تەڭ ئايەت ئوقۇمايدىغان بولدى.

(مالىك: 194)

1724 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أن رَسُولَ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- صَلى الظهْرَ فَجَعَلَ رَجُلٌ يَقْرَأُ خَلْفَهُ بِسَبحِ اسْمَ رَبكَ الأَعْلَى فَلَما انْصَرَفَ قَالَ «أَيكُمْ قَرَأَ» أَوْ «أَيكُمُ الْقَارِئُ» فَقَالَ رَجُلٌ أنا. فَقَالَ «قَدْ ظَنَنْتُ أن بَعْضَكُمْ خَالَجَنِيهَا».

1724 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بېرىۋاتسا، ئارقىسىدا تۇرغان بىر ئادەم ئاۋازىنى چىقارغان ھالدا، ئەئلا سۈرىسىنى ئوقۇغىلى تۇردى. نامازدىن پارىغ بولغاندا:

ـ قايسىڭلار ئوقۇدۇڭلار؟ (ياكى ئوقۇغان قايسىڭلار؟) ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ـ مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەقىقەتەن، بىرىڭلارنىڭ مېنى ئۇ سۈرىگە تارتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 398)

1725 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا فَاتَهُ شَيْءٌ مِنْ الصلَاةِ مَعَ الْإِمَامِ فِيمَا جَهَرَ فِيهِ الْإِمَامُ بِالْقِرَاءَةِ أَنهُ إِذَا سَلمَ الْإِمَامُ قَامَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ فَقَرَأَ لِنَفْسِهِ فِيمَا يَقْضِي وَجَهَرَ.

1725 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر قىرائەت ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازدا ئىمام بىلەن ئوقۇيالماي قالغان رەكئەتلەرنى ئۆزى ئۈنلۈك قىرائەت قىلىپ تولۇقلىۋالاتتى.

(مالىك: 181)

1726 - عَنْ شَبِيبٍ أَبِي رَوْحٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ صَلى صَلَاةَ الصبْحِ فَقَرَأَ الرومَ فَالْتَبَسَ عَلَيْهِ فَلَما صَلى قَالَ مَا بَالُ أَقْوَامٍ يُصَلونَ مَعَنَا لَا يُحْسِنُونَ الطهُورَ فَإِنمَا يَلْبِسُ عَلَيْنَا الْقُرْآنَ أُولَئِكَ.

1726 ـ شەبىب ئەبۇ رەۋھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلەردىن بىرى مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدا رۇم سۈرىسىنى قىرائەت قىلىۋېتىپ ئېزىپ كەتتى. نامازدىن كېيىن: «نېمىشقىدۇر، بەزىلەر تاھارەتنى كامىل ئالماي، بىزنى قىرائەتتە ئازدۇرىۋېتىدۇ» دېدى[1].

(نەسائى: 947)

1727 - عَنْ الْمُسَورِ بْنِ يَزِيدَ الْأَسَدِي الْمَالِكِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الصلَاةِ فَتَرَكَ شَيْئًا لَمْ يَقْرَأْهُ فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ تَرَكْتَ آيَةَ كَذَا وَكَذَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلا أَذْكَرْتَنِيهَا قَالَ سُلَيْمَانُ فِي حَدِيثِهِ قَالَ كُنْتُ أُرَاهَا نُسِخَتْ.

1727 ـ مۇسەۋۋەر ئىبنى يەزىد ئەسەدى مالىكى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا قىرائەت قىلىۋېتىپ، بىر ـ ئىككى ئايەتنى ئوقۇماي

[1] ئەلبانى (41): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئاتلاپ كەتتى. نامازدىن كېيىن، بىر كىشى:

ـ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ماۋۇ ـ ماۋۇ ئايەتلەرنى ئوقۇمىدىڭ، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نېمىشقا ئۇ ئايەتلەرنى ئەسلەتمىدىڭ؟ ـ دېدى.

رىۋايەت قىلغۇچى سۇلايمان مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئادەم:

ـ مەن ئۇ ئايەتلەرنى مەنسۇخ قىلىنغان (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 907)

1728 - عن مالك قال بلغنا أن رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- صلى بالناس صلاة يُجهر فيها، فأسقط آية، فقال: يا فلان، هل أسقطتُ في هذه السورة من شيء؟ قال: لا أدري، ثم سأل آخر، حتى سأل اثنين أو ثلاثا، كلهم يقول: لا أدري، فقال هل فيكم أُبي؟ قالوا: نعم يا رسولَ الله، قال: فهو لها إذا، ثم قال: يا أُبي هل أسقطتُ في هذه السورة من شيء؟ قال: نعم، آية كذا، قال: ما منعك أن تفتحها علي؟ قال: ظننتُ أنها نُسِخَت أو رفِعَتْ، ثم قال رسولُ الله -صلى الله عليه وسلم-: ما بال أقوام يتلى عليهم كتاب الله فما يدرون ما يُتلى منه مما تُرِك، هكذا خرجتْ عظمةُ الله من قلوب بني إسرائيل، فشهدتْ أبدانُهم، وغابتْ قُلُوبُهم، ولا يَقْبَلُ الله من عبد عملا حتى يشهدَ بقلبه مع بدنه».

1728 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قېتىم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەت ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان بىر نامازدا بىر ئايەتنى چۈشۈرۈپ قويغان. نامازدىن كېيىن:

ـ ھەي پالانى! مەن بۇ سۈرىدىن بىرەر ئايەتنى چۈشۈرۈپ قويدۇممۇ؟ ـ دەپ سورىغان، ئۇ:

ـ بىلمەيمەن، ـ دېگەن. باشقا ئىككى ـ ئۈچ كىشىدىن سورىغان بولسىمۇ ئۇلارمۇ:

[1] ئەلبانى (802): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـ بىلمەيمىز، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن:
ـ ئاراڭلاردا ئۇبەي بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغان. ئۇلار:
ـ ھەئە، ـ دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ ئۇنداقتا، ئۇ جاۋاب بەرسۇن. ھەي ئۇبەي! مەن بۇ سۈرىدىن بىرەر ئايەتنى چۈشۈرۈپ قويدۇممۇ؟ ـ دەپ سورىغان. ئۇ:
ـ ھەئە، ماۋۇ ئايەت چۈشۈپ قالدى، ـ دېگەن.
ـ ئەمىسە، نېمىشقا لوقما سالمىدىڭ؟
ـــ مەن ئۇ ئايەتنى مەنسۇخ قىلىنغان ياكى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن، ـ دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ جامائەتكە نېمە بولغاندۇ؟ اللهنىڭ كىتابى تىلاۋەت قىلىنىۋاتسا، ئۇلار نېمە ئوقۇلۇپ، نېمىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. اللهنىڭ ھەيۋىتى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىدىنمۇ مانا مۇشۇنداق چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارمۇ بەدەنلىرى ئىبادەتتە بولسىمۇ، دىللىرى باشقا يەردە يۈرىدىغان بولۇپ قالغان. الله تائالا، قەلب بەدەن بىلەن بىرگە ھازىر بولمىغان (يەنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ قىلمىغان) ھېچبىر ئىبادەتنى ھېچ قانداق بەندىدىن قوبۇل قىلمايدۇ.
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1729 - عَنْ أَبِي إِسْحَقَ عَنْ الْحَارِثِ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَلِي لَا تَفْتَحْ عَلى الْإِمَامِ فِي الصلَاةِ.

1729 ـ ئەبۇ ئىسھاق ھارىستىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئى ئەلى! نامازدا ئىمامغا لوقما سالما!» دېدى[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 908)

1730 - عَنْ نَافِعٍ أَن رَجُلًا سَأَلَ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ فَقَالَ إِني أُصَلي فِي بَيْتِي ثُم

[1] ئەلبانى (193): زەئىپ، ـ دېگەن.

أُدْرِكُ الصلَاةَ مَعَ الْإِمَامِ أَفَأُصَلي مَعَهُ فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ نَعَمْ فَقَالَ الرجُلُ أَيتَهُمَا أَجْعَلُ صَلَاتِي فَقَالَ لَهُ ابْنُ عُمَرَ أَوَ ذَلِكَ إِلَيْكَ إِنمَا ذَلِكَ إِلَى اللهِ يَجْعَلُ أَيتَهُمَا شَاءَ.

1730 ـ نافىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ مەن ئۆيۈمدە نامازنى ئوقۇپ ئاندىن مەسجىدكە كەلسەم، ئىمام نامازنى ئوقۇمىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ناماز ئوقۇسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا:

ـ ھەئە، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ ئۇ ئىككى نامازنىڭ قايسىسىنى مېنىڭ پەرز نامىزىم ھېسابلايمەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئۆمەر:

ـ بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، بەلكى اللهنىڭ ئىشى. الله تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى خالىسا، شۇنى (پەرزگە) ھېساب قىلىدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 299)

1731 - عَنْ يَزِيدَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ جِئْتُ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الصلَاةِ فَجَلَسْتُ وَلَمْ أَدْخُلْ مَعَهُمْ فِي الصلَاةِ قَالَ فَانْصَرَفَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَأَى يَزِيدَ جَالِسًا فَقَالَ أَلَمْ تُسْلِمْ يَا يَزِيدُ قَالَ بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ أَسْلَمْتُ قَالَ فَمَا مَنَعَكَ أَنْ تَدْخُلَ مَعَ الناسِ فِي صَلَاتِهِمْ قَالَ إِني كُنتُ قَدْ صَليْتُ فِي مَنْزِلِي وَأَنَا أَحْسَبُ أَنْ قَدْ صَليْتُمْ فَقَالَ إِذَا جِئْتَ إِلَى الصلَاةِ فَوَجَدْتَ الناسَ فَصَل مَعَهُمْ وَإِنْ كُنتَ قَدْ صَليْتَ تَكُنْ لَكَ نَافِلَةً وَهَذِهِ مَكْتُوبَةٌ.

1731 ـ يەزىد ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، نامازدا ئىكەن. (بىللە ناماز ئوقۇماي) بىر چەتتە ئولتۇرۇپ تۇردۇم.

رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ دېيىشىچە، نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەزىدنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق دىئالوگ بولۇپ ئۆتكەن:

ـ ئى يەزىد! مۇسۇلمان بولمىدىڭمۇ؟

ـ ئەلۋەتتە مۇسۇلمان بولدۇم، ئى اﷲنىڭ ئەلچىسى!

ـ ئۇنداقتا، نېمىشقا بىز بىلەن ناماز ئوقۇمىدىڭ؟

ــ مەن سىلەرنى نامازنى ئوقۇپ بولدىمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۆيدە ئوقۇپ كەلگەنىدىم.

ــ مەسجىدكە كىرگەنىدە، جامائەتنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، گەرچە نامازنى ئوقۇپ بولغان بولساڭمۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغىن. ئۇ ناماز (سەن ئۈچۈن) نەپلە، بۇ ناماز پەرز ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 577)

1732 - عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ الْأَوْدِي قَالَ أَتَيْتُ ابْنَ مَسْعُودٍ فَلَزِمْتُهُ حَتى مَاتَ فَقَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيْفَ بِكُمْ إِذَا أَتَتْ عَلَيْكُمْ أُمَرَاءُ يُصَلونَ الصلَاةَ لِغَيْرِ مِيقَاتِهَا قُلْتُ فَمَا تَأْمُرُنِي إِنْ أَدْرَكَنِي ذَلِكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ صَل الصلَاةَ لِمِيقَاتِهَا وَاجْعَلْ صَلَاتَكَ مَعَهُمْ سُبْحَةً.

1732 ـ ئەمر ئىبنى مەيمۇن ئەۋدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولدۇم. ئۇ ماڭا ئۆتمۈشنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ــ سىلەرگە نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇمايدىغان ئادەملەر باشلىق بولسا، قانداق قىلىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ شۇنداق باشلىقلار ماڭا ئۇچراپ قالسا، مېنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا (ئۆز ئالدىڭغا) ئوقۇغىن، ئۇلار بىلەن ئوقۇغان

[1] ئەلبانى (112): زەئىپ، ـ دېگەن.

نامىزىڭنى نەپلە ھېسابلىغىن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 432)

1733 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ يَعْنِي مَوْلَى مَيْمُونَةَ قَالَ أَتَيْتُ ابْنَ عُمَرَ عَلَى الْبَلَاطِ وَهُمْ يُصَلُّونَ فَقُلْتُ أَلَا تُصَلِّي مَعَهُمْ قَالَ قَدْ صَلَّيْتُ إِنِّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ لَا تُصَلُّوا صَلَاةً فِي يَوْمٍ مَرَّتَيْنِ.

1733 ـ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازادگەردىسى سۇلەيمان ئىبنى يەساردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بەلات دېگەن يەرگە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن كۆرۈشكىلى بارسام، كۆپچىلىك ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. مەن ئىبنى ئۆمەرگە:

ـ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇمامسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ مەن ئوقۇپ بولدۇم، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «بىر كۈننىڭ ئىچىدە بىر ۋاخ نامازنى ئىككى قېتىم ئوقۇماڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 579)

1734 - عَنْ نَافِعٍ أَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ مَنْ صَلَّى الْمَغْرِبَ أَوْ الصُّبْحَ ثُمَّ أَدْرَكَهُمَا مَعَ الْإِمَامِ فَلَا يَعُدْ لَهُمَا.

1734 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: كىمكى ناماز شامنى ياكى بامداتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەتكە ئۇلگۈرۈپ كەلسىمۇ، (ئۇ ئىككى نامازنى) قايتا ئوقۇمىسۇن.

(مالىك: 302)

1735 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يُصَلُّونَ لَكُمْ فَإِنْ

---

[1] ئەلبانى (417): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (540): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

أَصَابُوا فَلَكُمْ وَإِنْ أَخْطَئُوا فَلَكُمْ وَعَلَيْهِمْ.

1735 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىماملار سىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار دۇرۇس ئوقۇغان بولسا، سىلەرگىمۇ ۋە ئۆزلىرىگىمۇ ئەجىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار خاتا ئوقۇسا، سىلەرگە ساۋاب بولىۋېرىدۇ. گۇناھى بولسا، ئۇلارغا بولىدۇ».

(بۇخارى: 694)

1736 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أُقِيمَتْ الصلَاةُ فَلَا صَلَاةَ إِلا الْمَكْتُوبَةُ

1736 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(پەرز) نامازغا تەكبىر ئوقۇلغاندا، پەرز نامازدىن باشقىسىنى ئوقۇشقا بولمايدۇ».

(مۇسلىم: 710)

1737 - عَنْ أَبِي الشعْثَاءِ قَالَ كُنا قُعُودًا فِي الْمَسْجِدِ مَعَ أَبِي هُرَيْرَةَ فَأَذنَ الْمُؤَذنُ فَقَامَ رَجُلٌ مِنْ الْمَسْجِدِ يَمْشِي فَأَتْبَعَهُ أَبُو هُرَيْرَةَ بَصَرَهُ حَتى خَرَجَ مِنْ الْمَسْجِدِ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ أَما هَذَا فَقَدْ عَصَى أَبَا الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

1737 ـ ئەبۇ شەئسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز مەسجىدتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئولتۇراتتۇق. مۇئەززىن ئەزان توۋلاۋاتقاندا، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ مەسجىدتىن چىقىپ كەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇ ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ: بۇ ئادەم ئەبۇلقاسىم (پەيغەمبىرىمىز) سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنىڭگە خىلاپلىق قىلدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 655)

## سەپ تۈزۈشنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىڭ شەرتلىرى

1738 - عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمْسَحُ مَنَاكِبَنَا فِي الصلَاةِ وَيَقُولُ اسْتَوُوا وَلَا تَخْتَلِفُوا فَتَخْتَلِفَ قُلُوبُكُمْ لِيَلِنِي مِنْكُمْ أُولُو الْأَحْلَامِ وَالنهَى ثُم الذِينَ يَلُونَهُمْ ثُم الذِينَ يَلُونَهُمْ قَالَ أَبُو مَسْعُودٍ فَأَنْتُمْ الْيَوْمَ أَشَد اخْتِلَافًا.

1738 ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز نامازغا تۇرغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (سەپتە) رۇس تۇرۇشىمىز ئۈچۈن، مۈرىمىزنى قولى بىلەن تۈتۈپ، تۈزلەپ: «تۈز تۇرۇڭلار، قىڭغىر تۇرماڭلار. سېپىڭلار تۈز بولمىسا، قەلبىڭلاردا بىرلىك بولمايدۇ. ئاراڭلاردىكى ئىلىملىك ۋە ئەقىللىق كىشىلەر ماڭا يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن ئۇلاردىن تۆۋەنلەر، ئاندىن كېيىن ئۇلاردىن تۆۋەنلەر تۇرسۇن» دەيتتى.

ئەبۇ مەسئۇد: سىلەر بۈگۈنكى كۈندە سەپتە بەك مايماق تۇرىسىلەر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 432)

1739 - ولهما والترمذي عن ابن مسعود نحوه وفيه: وَإِيَاكُمْ وَهَيْشَاتِ الْأَسْوَاقِ بعد ثم الذين يلونهم.

1739 ـ مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىقى ھەدىستىكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاندىن كېيىن ئۇلاردىن تۆۋەنلەر» دېگەن سۆزىدىن كېيىن: «سىلەر بازارلاردا بىر ـ بىرىڭلارغا ئارىلىشىپ يۈرگەندەك، مەسجىدتىمۇ (يەنى سەپتە)

قالايمىقان ئارىلىشىپ تۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەنلىكى قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان[①].
(تىرمىزى: 228)

1740 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ: فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي مِنْ اللَّيْلِ فَقُمْتُ عَنْ يَسَارِهِ قَالَ فَأَخَذَ بِذُؤَابَتِي فَجَعَلَنِي عَنْ يَمِينِهِ.
1740 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دېـگەن: مەن (تەھەججـۇد نامـىزىـدا) پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمگە ئىقتىـدا قىلىـپ، ئۇنىـڭ سول تەرىپىدە تۇرسام، ئـۇ مېنىـڭ چېچىمـدىن تۇتۇپ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ قويدى.
(بۇخارى: 5919)

1741- عَنْ مَسْعُود غُلَام فَرْوَةَ: حَضَرَتْ الصلَاةُ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي وَقَامَ أَبُو بَكْرٍ عَنْ يَمِينِهِ وَقَدْ عَرَفْتُ الْإِسْلَامَ وَأَنَا مَعَهُمَا فَجِئْتُ فَقُمْتُ خَلْفَهُمَا فَدَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي صَدْرِ أَبِي بَكْرٍ فَقُمْنَا خَلْفَهُ.
1741 ـ فەرۋەنىـڭ قـۇلى مەسـئۇد مۇنـداق دەيـدۇ: نامـاز ۋاقتـى كىـرگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تـۇردى. ئەبـۇ بەكرى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتتى. مەن ئىسلامغا كىرگەندىن بۇيان ئـۇ ئىككىسى بىلەن بىللە ئىدىم. دەرھال كېلىپ، ئـۇ ئىككىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبـۇ بەكرىنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتەردى. ئەبۇ بەكرى كەينىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا تۇردۇق[②].
(نەسائى: 800)

1742 - قَالَ أَبُو مَالِكٍ الْأَشْعَرِي أَلَا أُحَدِّثُكُمْ بِصَلَاةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ

[①] ئەلبانى (189): سەھىھ ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (32): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

فَأَقَامَ الصلَاةَ وَصَف الرجَالَ وَصَف خَلْفَهُمْ الْغِلْمَانَ ثُم صَلى بِهِمْ.

1742 ـ ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي، ـ دېدى. ئاندىن نامازغا تەكبىر ئوقۇدى. ئاندىن ئەرلەرنى تۈپتۈز قىلىپ سەپكە تۇرغۇزدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كىچىك بالىلارنى تۈز قىلىپ تىزدى. ئاندىن ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 677)

1743 - قَالَ ابْنُ عَباسٍ صَلَيْتُ إِلَى جَنْبِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَائِشَةُ خَلْفَنَا تُصَلي مَعَنَا وَأَنَا إِلَى جَنْبِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُصَلي مَعَهُ.

1743 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇدۇم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ كەينىمىزدە تۇردى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇدى[2].

(نەسائى: 841)

1744 - عَنْ سَمُرَةَ بنِ جُنْدَبٍ قَالَ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كُنا ثَلَاثَةً أَنْ يَتَقَدمَنَا أَحَدُنَا.

1744 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۈچ كىشى بولساڭلارمۇ ئىمام بولغان كىشى ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرسۇن» دېگەن[3].

(تىرمىزى: 233)

[1] ئەلبانى (132): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (811): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (37): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

1745 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْرُ صُفُوفِ الرجَالِ أَولُهَا وَشَرهَا آخِرُهَا وَخَيْرُ صُفُوفِ النسَاءِ آخِرُهَا وَشَرهَا أَولُهَا.

1745 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئەرلەر سېپىنىڭ ياخشىراقى بىرىنچى سەپ، يامانراقى ئاخىرقى سەپ. ئاياللار سېپىنىڭ ياخشىراقى ئاخىرقى سەپ، يامانراقى ئاۋۋالقى سەپ».

(مۇسلىم: 440)

1746 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَووا صُفُوفَكُمْ فَإِن تَسْوِيَةَ الصف مِنْ تَمَامِ الصلَاةِ.

1746 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار. چۈنكى سەپنى رۇسلاش نامازنى تولۇق ئادا قىلىشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر».

(مۇسلىم: 433)

1747 - عن أَنسٌ أن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَاصوا صُفُوفَكُمْ وَقَارِبُوا بَيْنَهَا وَحَاذُوا بِالْأَعْنَاقِ فَوَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ إِني لَأَرَى الشيَاطِينَ تَدْخُلُ مِنْ خَلَلِ الصف كَأَنهَا الْحَذَفُ.

1747 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەپلىرىڭلارنى ھەم تۈتۈڭلار ۋە بىر ـ بىرىڭلار بىلەن يېقىن تۇرۇڭلار. بوينۇڭلارنى تەكشى قىلىڭلار. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن شەيتانلارنىڭ خۇددى قويلاردەك سەپ ئارىلىقىدىكى بوشلۇقلاردىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈۋاتىمەن»[1].

(نەسائى: 815)

1748 - عَنْ أَنسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ كَانَ يَقُولُ اسْتَوُوا اسْتَوُوا اسْتَوُوا فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إني لَأَرَاكُمْ مِنْ خَلْفِي كَمَا أَرَاكُمْ مِنْ بيْن يَدَي.

1748 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار، تۈز قىلىڭلار، تۈز قىلىڭلار. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن چوقۇم سىلەرنى ئالدىمدىن كۆرگەندەك، كەينىمدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن»[2].

(نەسائى: 813)

1749 - عن ابْنَ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَقِيمُوا الصـفُوفَ وَحَاذُوا بَيْنَ الْمَنَاكِبِ وَسُدوا الْخَلَلَ وَلِينُوا بِأَيْدِي إخْوَانِكُمْ لَمْ يَقُلْ عِيسَى بِأَيْدِي إخْوَانِكُمْ وَلَا تَذَرُوا فُرُجَاتٍ لِلشيْطَانِ وَمَنْ وَصَلَ صَفًا وَصَلَهُ اللهُ وَمَنْ قَطَعَ صَفًا قَطَعَهُ اللهُ.

1749 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەلەم مۇنداق دېگەن:

«سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار. مۈرىلىرىڭلارنى تەكشىلەپ، ئارىلىقلارنى ئېتىڭلار. سەپنى تۈزىمەكچى بولغان قېرىندىشىڭلارنىڭ قول ھەرىكەتلىرىگە سىلىقلىق بىلەن ماسلىشىڭلار، شەيتانغا يوچۇق قالدۇرماڭلار. كىم سەپنى تولۇقلىسا، اللہ ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. كىم سەپنى ئۈزۈۋەتسە (يەنى بوش ئورۇن قالدۇرۇپ قويسا)، اللہمۇ ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 666)

1750 - عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "مَنْ سَد فُرْجَةً

---

[1] ئەلبانى (785): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (783): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (620): سەھىھ ـ دېگەن.

فِي صَف رَفَعَهُ اللهُ بِهَا دَرَجَةً، وَبَنى لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنةِ".

1750 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى سەپتىكى بوشلۇقنى تولدۇرسا، الله ئۇنى بىر دەرىجە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن جەننەتتە بىر ئۆي ھازىرلايدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

1751 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "عَلَيْكُمْ بِالصف الأول، وَعَلَيْكُمْ بِالْمَيْمَنَةِ، وَإِياكُمْ وَالصف بَيْنَ السوَارِي".

1751 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدا سەپ تۈزىماستىن، ئامالىنىڭ بارىچە بىرىنچى سەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇڭلار»[2].

(«ئەلكەبىر»: 12004؛ «ئەلئەۋسەت»)

1752 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ عَمرَ جَانِبَ الْمَسْجِدِ الأيْسَرَ لِقِلةِ أَهْلِهِ، فَلَهُ أَجْرَانِ".

1752 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مەسجىدنىڭ سول تەرىپىنى (ئادەم ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن) ئاۋات قىلسا، الله ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (2502): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىم ئىبنى خالىد زەڭگى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. بىراق ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2513): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى مۇسلىم مەككىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2528): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەقىييە ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس كىشى بار، ـ دېگەن.

1753 - عن عبد الله بن مسعود قال إنا كرهت الصلاة بين السـواري للواحـد والاثنين.

1753 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«تۈۋرۈكلەر ئارىسىدا سەپ تۈزۈشنىڭ مەكرۇھلىقى بىر ـ ئىككى ئادەمگە قارىتىلغان ھۆكۈمدۇر»①.

(«ئەلكەبىر»: 9296)

1754 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ، قَالَ: "مَنْ نَظَرَ إِلَى فُرْجَةٍ فِي صَف فَلْيَسُدها بِنَفْسِهِ، فَإِنْ لَمْ يَفْعَلْ فَمَر مَار فَلْيَتَخَط عَلَى رَقَبَتِهِ، فَإِنهُ لا حُرْمَـةَ لَهُ".

1754 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى سەپتە بىر بوشلۇقنى كۆرسە، ئۇنى ئۆزى تولدۇرسۇن. ئەگەر ئۇ تولدۇرمىسا، باشقا بىرسى (ئۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن) ئۆتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ گەدىنىدىن ئاتلاپ ئۆتسە بولىۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇنداق ئادەم ھۆرمەت قىلىشقا لايىق ئەمەس»②.

(«ئەلكەبىر»: 11214)

1755 - عَنْ عَبْدِ الْحَمِيدِ بْنِ مَحْمُودٍ قَالَ صَلَّيْنَا خَلْفَ أَمِيرٍ مِنْ الْأُمَرَاءِ فَاضْـطَرَنَا الناسُ فَصَلَّيْنَا بَيْنَ السارِيَتَيْنِ فَلَما صَلَّيْنَا قَالَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ كُنا نَتَقِي هَذَا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ.

1755 ـ ئابدۇلھەمىد ئىبنى مەھمۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: بىز ئەمىرلەرنىڭ بىرسىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتساق، باشقىلار كېلىپ، بىزنى قىستىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز

① ھەيسەمى (2534): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (2535): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىمە ئىبنى ئەلى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

نامــازنى ئىــككــى تۈۋرۈكنىـــڭ ئارىـلىقىـــدا تـــۇرۇپ ئوقـــۇدۇق. نامـــازنى تاماملىغاندا، ئەنەس ئىبنى مالىك: بىز رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىـــدا مۇشـــۇنداق يەردە نامـــاز ئوقۇشـتىن ئېھتىيـات قىلاتتۇق، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 229)

1756 - عَنْ وَابِصَةَ بْنِ مَعْبَدٍ أن رَجُلًا صَلى خَلْفَ الصف وَحْدَهُ فَأَمَرَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ أَنْ يُعِيدَ الصلَاةَ.

1756 ـ ۋابىسە ئىبنى مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىـدۇ: بىـر ئـادەم سەپنىڭ ئارقىسىـدا يالغۇز نامـاز ئوقۇغانىـدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى نامـازنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرىدى[②].

(تىرمىزى: 231)

1757 - عَنْ الْعِرْبَاضِ بْنِ سَارِيَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي عَلَى الصف الْأَولِ ثَلَاثًا وَعَلَى الثانِي وَاحِدَةً.

1757 ـ ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىنچى سەپتە تۇرغانلارغا ئۈچ قېتىم، ئىككىنچى سەپتىكىلەرگە بىر قېتىم دۇئا قىلاتتى[③].

(نەسائى: 817)

1758 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَزَالُ قَوْمٌ يَتَأَخرُونَ عَنْ الصف الْأَولِ حَتى يُؤَخرَهُمْ اللهُ فِي النارِ.

1758 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

[①] ئەلبانى (190): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (192): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (787): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى داۋاملىق تۇردە بىرىنچى سەپتىن كېيىن قالسا، الله تائالا ئۇنىڭ جەھەننەم ئوتىدىن چىقىشىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 679)

1759 - عَنِ ٱبْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ تَـرَكَ الصف الأَولَ مَخَافَةَ أَنْ يُؤْذِيَ أَحَدًا، أَضْعَفَ اللهُ لَهُ أَجْرَ الصف الأَولِ".
1759 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى باشقىلارغا ئازار بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىپ بىرىنچى سەپتە تۇرمىسا، الله ئۇنىڭغا بىرىنچى سەپتە ناماز ئوقۇغاننىڭ ئەجرىدىنمۇ ئارتۇق ئەجىر بېرىدۇ»[2].
(«ئەلئەۋسەت»)

1760 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتخَلـلُ الصف مِنْ نَاحِيَةٍ إِلَى نَاحِيَةٍ يَمْسَحُ صُدُورَنَا وَمَنَاكِبَنا وَيَقُولُ لَا تَخْتَلِفُوا فَتَخْتَلِفَ قُلُوبُكُمْ.
1760 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپنى ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە ئارىلاپ، كۆكرەك ۋە مۈرىلىرىمىزنى تۈزلەپ: «ئېگىز ـ پەس تۇرماڭلار، دىلىڭلار بىرلىشەلمەي قالىدۇ» دەيتتى[3].
(ئەبۇ داۋۇد: 664)

1761 - عَنْ حِطانَ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ صَلى بِنَا أَبُو مُوسَى فَلَما كَانَ فِـي الْقَعْـدَةِ دَخَلَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ فَقَالَ أُقِرتْ الصلَاةُ بِالْبِر وَالزكَاةِ فَلَما سَلمَ أَبُو مُوسَى أَقْبَلَ عَلَى الْقَوْمِ

[1] ئەلبانى (630): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ھەيسەمى (2536): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نۇھ ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (618): سەھىھ ـ دېگەن.

فَقَالَ أَيكُمْ الْقَائِلُ هَذِهِ الْكَلِمَةَ فَأَرَم الْقَوْمُ قَالَ يَا حِطانُ لَعلكَ قُلْتَهَا قَالَ لَا وَقَدْ خَشِيتُ أَنْ تَبكَعَنِي بِهَا فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُعَلمُنَا صَلَاتَنَا وَسُنَتَنَا فَقَالَ إِنمَا الْإِمَامُ لِيُؤْتَم بِهِ فَإِذَا كَبرَ فَكَبرُوا وَإِذَا قَالَ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضالينَ فَقُولُوا آمِـينَ يُجِبْكُمْ اللهُ وَإِذَا رَكَعَ فَارْكَعُوا وَإِذَا رَفَعَ فَقَالَ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ فَقُولُوا رَبنَا لَكَ الْحَمْدُ يَسْمَعْ اللهُ لَكُمْ وَإِذَا سَجَدَ فَاسْجُدُوا وَإِذَا رَفَعَ فَارْفَعُوا فَإِن الْإِمَامَ يَسْجُدُ قَـبْلَكُمْ وَيَرْفَـعُ قَبْلَكُمْ. قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتِلْكَ بِتِلْكَ.

1761 ـ ھىتتان ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ مۇسا بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا، بىر ئادەم كىرىپ:

ـ ناماز ئوقۇش، ياخشىلىق قىلىش ۋە زاكات بېرىش تەڭ بۇيرۇلغان، ـ دېدى. نامازدىن كېيىن، ئەبۇ مۇسا جامائەتكە ئالدىنى قىلىپ:

ـ بۇ سۆزنى دېگۈچى قايسىڭلار؟ ـ دېۋىدى، ھېچكىم ئۈندىمىدى. ئەبۇ مۇسا:

ـ ھەي ھىتتان! سەن دېدىڭمۇ يا؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ياق، مەن شۇ گەپ سەۋەبلىك ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىشىڭدىن راستىنلا قورققان ئىدىم، ـ دېدىم. ئاندىن ئەبۇ مۇسا سۆز قىلىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى قانداق ئوقۇش ۋە ئىبادەت قىلىش يولىنى ئۆگىتىپ: «ئىمام پەقەت باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈن تىكلىنىدۇ. ئۇ: ”اللہ ئەكبەر“ دېگەندە، سىلەرمۇ: ”اللہ ئەكبەر“ دەڭلار. ئۇ: ”غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززاللىين“ دېگەندە، سىلەر: ”ئامىن!“ دەڭلار. اللہ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ. ئىمام رۇكۇ قىلغاندا، رۇكۇ قىلىڭلار. ئۇ رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈپ: ”سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ“ دېگەندە، سىلەر: ”ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەل ھەمد“ دەڭلار. اللہ مەدھىيەڭلارنى ئاڭلايدۇ. ئىمام سەجدە قىلغاندا، سىلەرمۇ سەجدە قىلىڭلار. ئۇ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، سىلەر بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار. ئىمام چوقۇم سىلەردىن بۇرۇن سەجدە قىلىپ، بېشىنى سىلەردىن بۇرۇن كۆتۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، سىلەرنىڭ سەجدەڭلار ئۇنىڭكى بىلەن تەڭ بولىدۇ» دەيتتى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 830)

1762 - عن أبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ إِنمَا جُعِلَ الْإِمَامُ لِيُؤْتَم بِهِ فَإِذَا كَبرَ فَكَبرُوا وَإِذَا رَكَعَ فَارْكَعُوا وَإِذَا قَالَ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ فَقُولُوا اللهُم رَبنَا لَكَ الْحَمْدُ وَإِذَا صَلى قَائِمًا فَصَلوا قِيَامًا وَإِذَا صَلى قَاعِدًا فَصَلوْا قُعُودًا أَجْمَعُونَ.

1762 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمام پەقەت باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈن تىكلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تەكبىر ئېيتقاندا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىڭلار. ئۇ رۇكۇ قىلغاندا رۇكۇ قىلىڭلار. ئۇ: "سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ" دېگەندە، سىلەر: "ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەل ھەمد" دەڭلار. ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇڭلار. ئۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، ھەممىڭلار ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار».

(مۇسلىم: 417)

1763 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكِبَ فَرَسًا فَصُرِعَ عَنْهُ فَجُحِشَ شِقهُ الْأَيمَنُ فَصَلى صَلَاةً مِنْ الصلَوَاتِ وَهُوَ قَاعِدٌ فَصَلَيْنا وَرَاءَهُ قُعُودًا فَلَما انْصَرَفَ قَالَ إِنمَا جُعِلَ الْإِمَامُ لِيُؤْتَم بِهِ فَإِذَا صَلى قَائِمًا فَصَلوا قِيَامًا فَإِذَا رَكَعَ فَارْكَعُوا وَإِذَا رَفَعَ فَارْفَعُوا وَإِذَا قَالَ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ فَقُولُوا رَبنَا وَلَكَ الْحَمْدُ وَإِذَا صَلى قَائِمًا فَصَلوا قِيَامًا وَإِذَا صَلى جَالِسًا فَصَلوا جُلُوسًا أَجْمَعُونَ.

1763 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئوڭ بېقىنى سۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ نامازنى

---

[1] ئەلبانى (800): سەھىھ ـ دېگەن.

ئولتۇرۇپ ئوقۇدى، بىزمۇ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇدۇق. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئىمام پەقەت باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈن تىكلىنىدۇ. ئۇ نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار. ئۇ رۇكۇ قىلسا، رۇكۇ قىلىڭلار. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە، سىلەرمۇ كۆتۈرۈڭلار. ئۇ: ”سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ“ دېگەندە: ”رەببەنا لەكەل ھەمد“ دەڭلار. ئۇ نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇڭلار. ئۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، ھەممىڭلار ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار».

(بۇخارى: 689)

1764 - وللبخاري قَوْلُهُ إِذَا صَلى جَالِسًا فَصَلوا جُلُوسًا هُوَ فِي مَرَضِهِ الْقَدِيمِ ثُمَّ صَلى بَعْدَ ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا وَالناسُ خَلْفَهُ قِيَامًا لَمْ يَأْمُرْهُمْ بِالْقُعُودِ وَإِنمَا يُؤْخَذُ بِالْآخِرِ فَالْآخِرِ مِنْ فِعْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

1764 ـ بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىمام ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار» دېگەن سۆزى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى كېسەل ۋاقتىدا ئېيتىلغان. ئۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەللىكىدە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان، ئەمما جامائەت ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بۇيرىمىغاندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنىڭ ھەر دائىم ئەڭ ئاخىرقىسى كۈچكە ئىگە.

(بۇخارى: 689)

1765 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا قَالَ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ قَالَ رَبنَا وَلَكَ الْحَمْدُ.

1765 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېگەندىن

كېيىنلا: «رەببەنا ۋە لەكەل ھەمد» دەيتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 875)

1766 - عن أبي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَمَا يَخْشَى أَحَدُكُمْ أَوْ لَا يَخْشَى أَحَدُكُمْ إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ قَبْلَ الْإِمَامِ أَنْ يَجْعَلَ اللهُ رَأْسَهُ رَأْسَ حِمَارٍ أَوْ يَجْعَلَ اللـهُ صُورَتَهُ صُورَةَ حِمَارٍ.

1766 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كۆتۈرگەنلەر الله تائالانىڭ (ئۇنىڭ) بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىغا ياكى سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟»

(بۇخارى: 691)

1767 - وللكبير: أَنْ يُحَولَ اللهُ رَأْسَهُ إِلَى كَلْبٍ.

1767 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «اللهنىڭ (ئۇنىڭ) بېشىنى ئىتنىڭ بېشىغا ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟»[2]

(«ئەلكەبىر»)

1768 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ قَالَ الذِي يَرْفَعُ رَأْسَهُ وَيَخْفِضُهُ قَبْلَ الْإِمَامِ فَإِنمَا نَاصِيَتُهُ بِيَدِ شَيْطَانٍ.

1768 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كۆتۈرگەن ۋە چۈشۈرگەن (رۇكۇ ياكى سەجدىگە بارغان) كىشىنىڭ پېشانىسى شەيتاننىڭ قولىدا بولىدۇ».

(مالىك: 209)

[1] ئەلبانى (715): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2416): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «ئەلئەۋسەت» تە رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

1769 - عن الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ كُنَّا نُصَلِّي خَلْفَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَإِذَا قَالَ سَمِعَ اللَّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ لَمْ يَحْنِ أَحَدٌ مِنَّا ظَهْرَهُ حَتَّى يَضَعَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جَبْهَتَهُ عَلَى الْأَرْضِ.

1769 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيتتۇق. «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېگەندىن كېيىن، تاكى ئۇنىڭ پېشانىسى يەرگە تەگمىگىچە، ھېچقايسىمىز بېلىمىزنى ئەگمەي (تىك) تۇراتتۇق.

(بۇخارى: 811)

1770 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ أَدْرَكَ رَكْعَةً مِنَ الصَّلَاةِ فَقَدْ أَدْرَكَ الصَّلَاةَ.

1770 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىمام بىلەن ئوقۇلۇۋاتقان نامازنىڭ بىر رەكئىتىگە بولسىمۇ ئۈلگۈرسە، ئۇ ھەقىقەتەن شۇ نامازغا ئۈلگۈرگەننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ».

(مۇسلىم: 607)

1771 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا جِئْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ وَنَحْنُ سُجُودٌ فَاسْجُدُوا وَلَا تَعُدُّوهَا شَيْئًا وَمَنْ أَدْرَكَ الرَّكْعَةَ فَقَدْ أَدْرَكَ الصَّلَاةَ.

1771 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر نامازغا كەلگەن چاغدا، بىز سەجدە قىلىۋاتقان بولساق، سەجدە قىلىڭلار، ئەمما ئۇ سەجدىنى ھېچ نەرسىگە ھېسابلىماڭلار. كىمكى بىر رەكئەتكە ئۈلگۈرسە، ئۇ چوقۇم نامازغا ئۈلگۈرگەننىڭ

ھۆكمىدە بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 893)

1772 - عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ فِي الرجُلِ يَفُوتُه بَعْضُ الصلاةِ مَعَ الإِمَامِ، قَالَ: "يَجْعَلُ مَا يُدْرِكُ مَعَ الإِمَامِ آخِرَ صَلاتِهِ".

1772 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن:

«نامازنىڭ بەزى رەكئەتلىرىنى ئىمام بىلەن ئوقۇشقا ئۈلگۈرمىگەن كىشى، ئىمام بىلەن بىرگە ئوقۇغان رەكئەتنى شۇ نامىزىنىڭ ئاخىرى ھېسابلىسۇن»[2].

(«ئەلكەبىر»)

1773 – عن ابن مسعود: أن جُنْدُبًا، وَمَسْرُوقًا، أدركا ركعة من المغـرب فقـرأ جندب، ولم يقرأ مسروق خلف الإمام، فلما سلم الإمام قاما يقضيان، فجلس مسروق في الثانية والثالثة، وقام جندب في الثانية فلم يجلس، فلما انصرفا تذاكرا ذلـك فأتيـا ابـن مسعود، فقال: "كُلٌّ قَدْ أَصَابَ وَأَصْنَعُ كَمَا صَنَعَ مَسْرُوقٌ".

1773 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: جۇندۇب ۋە مەسرۇق ئىككىسى ناماز شامنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىگە ئۈلگۈرۈپ كەلدى. جۇندۇب ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قىرائەت قىلدى، مەسرۇق قىلمىدى. ئىمام نامازنى تۈگىتىپ سالام بەرگەندە، ھەر ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قالغان ئىككى رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇدى. مەسرۇق ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى رەكئەتتە تەشەھھۇدتا ئولتۇردى، جۇندۇب بولسا، ئىككىنچى رەكئەتتە تەشەھھۇدتا ئولتۇرماي، ئۈچىنچى رەكئەتتە ئولتۇرۇپلا، سالام بېرىپ نامازنى

[1] ئەلبانى (792): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2400): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

تاماملىدى①. نامازدىن كېيىن، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئاخىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: ھەر ئىككىلىسى دۇرۇس بولۇپتۇ، ئەمما مەن مەسرۇققا ئوخشاش قىلغان بولاتتىم، ـ دېدى②.

(«ئەلكەبىر»: 9370)

**1774 - عَنْ هَمامٍ أن حُذَيْفَةَ أم الناسَ بِالْمَدَائِنِ عَلَى دُكانٍ فَأَخَذَ أبُو مَسْعُودٍ بِقَمِيصِهِ فَجَبَذَهُ فَلَما فَرَغَ مِنْ صَلَاتِهِ قَالَ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنهُمْ كَانُوا يُنْهَوْنَ عَنْ ذَلِكَ قَالَ بَلَى قَدْ ذَكَرْتُ حِينَ مَدَدْتَنِي.**

1774 ـ ھەممامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدائىن شەھىرىدە بىر دۇكاننىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ جامائەتكە ئىمام بولغانىدى، ئەبۇ مەسئۇد ئۇنىڭ كۆينىكىنى تۇتۇپ تارتىپ قويدى. نامازدىن كېيىن، ئەبۇ مەسئۇد:

ـ سەن ئۇلار (ساھابىلەر)نىڭ جامائەتتىن ئېگىز يەردە تۇرۇپ ئىمام بولۇشتىن چەكلەنگەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ھۇزەيفە:

ـ بىلەتتىم، بىراق ئۇنتۇپ قاپتىمەن. سەن كۆينىكىمنى تارتقاندا يادىمغا كەلدى، ـ دېدى③.

(ئەبۇ داۋۇد: 597)

---

① شام نامىزى ئۈچ رەكئەت بولۇپ، ئىككى تەشەھھۇد بىلەن ئوقۇلىدۇ. مەسرۇق ئىمامغا ئۆلگۈرگەن ئاخىرقى رەكئەتنى نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتى ھېسابلاپ، ئۆلگۈرەلمىگەن ئىككى رەكئەتنىڭ بىرىنچىسىنى ئىككىنچى رەكئەت ھېسابلىغان ۋە تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان. ئىككىنچى رەكئىتىنى نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتى ھېسابلاپ، ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان. ئەمما جۇندەب ئىمامغا ئۆلگۈرگەن ئاخىرقى رەكئەتنى نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكئىتى ھېسابلاپ، ئۆلگۈرەلمىگەن ئىككى رەكئەتنى دەسلەپكى ئىككى رەكئەت ھېسابلىغان. شۇڭا ئۇ ئىمامغا ئۆلگۈرەلمىگەن ئىككى رەكئەتنى بىراقلا ئوقۇپ، ئاخىرىدا بىر تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپلا نامازدىن چىققان.

② ھەيسەمى (2401): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جابىر جۇئفىي ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (557): سەھىھ ـ دېگەن.

1775 - عَنْ عَدِيِّ بْنِ ثَابِتٍ الْأَنْصَارِيِّ حَدَّثَنِي رَجُلٌ أَنَّهُ كَانَ مَعَ عَمَّارِ بْنِ يَاسِرٍ بِالْمَدَائِنِ فَأُقِيمَتْ الصَّلَاةُ فَتَقَدَّمَ عَمَّارٌ وَقَامَ عَلَى دُكَّانٍ يُصَلِّي وَالنَّاسُ أَسْفَلَ مِنْهُ فَتَقَدَّمَ حُذَيْفَةُ فَأَخَذَ عَلَى يَدَيْهِ فَاتَّبَعَهُ عَمَّارٌ حَتَّى أَنْزَلَهُ حُذَيْفَةُ فَلَمَّا فَرَغَ عَمَّارٌ مِنْ صَلَاتِهِ قَالَ لَهُ حُذَيْفَةُ أَلَمْ تَسْمَعْ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِذَا أَمَّ الرَّجُلُ الْقَوْمَ فَلَا يَقُمْ فِي مَكَانٍ أَرْفَعَ مِنْ مَقَامِهِمْ أَوْ نَحْوَ ذَلِكَ قَالَ عَمَّارٌ لِذَلِكَ اتَّبَعْتُكَ حِينَ أَخَذْتَ عَلَى يَدَيَّ.

1775 ـ ئەدىي ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدائىن شەھىرىدە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان بىر ئادەمنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، نامازغا تەكبىر ئوقۇلغاندا، ئەممار جامائەتنىڭ ئالدىدىكى بىر دۇكاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىمام بولدى. جامائەتنىڭ ئىچىدە ھۇزەيفە بار ئىدى. ئۇ جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئەممارنىڭ ئىككى قولىدىن پەسكە تارتقانىدى، ئەممار ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ پەسكە چۈشۈپ ئىمام بولدى. نامازدىن كېيىن، ھۇزەيفە:

ـ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر ئادەم جامائەتكە ئىمام بولسا، ئۇلار تۇرغان يەردىن ئېگىز يەردە تۇرمىسۇن» دېگەنلىكىنى ياكى شۇ مەزمۇندا گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەممار:

ــ ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن سەن ئىككى قولۇمنى تارتقاندا، ساڭا بويسۇندۇم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 598)

1776 ـ حَدَّثَنَا أَبُو حَازِمٍ قَالَ سَأَلُوا سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ مِنْ أَيِّ شَيْءٍ الْمِنْبَرُ فَقَالَ مَا بَقِيَ بِالنَّاسِ أَعْلَمُ مِنِّي هُوَ مِنْ أَثْلِ الْغَابَةِ عَمِلَهُ فُلَانٌ مَوْلَى فُلَانَةَ لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَقَامَ عَلَيْهِ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ عُمِلَ وَوُضِعَ فَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ كَبَّرَ وَقَامَ النَّاسُ خَلْفَهُ فَقَرَأَ وَرَكَعَ وَرَكَعَ النَّاسُ خَلْفَهُ ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ ثُمَّ رَجَعَ الْقَهْقَرَى فَسَجَدَ

[1] ئەلبانى (558): ھەسەن، ـ دېگەن.

عَلَى الْأَرْضِ ثُمَّ عَادَ إِلَى الْمِنْبَرِ ثُمَّ رَكَعَ ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ ثُمَّ رَجَعَ الْقَهْقَرَى حَتَّى سَجَدَ بِالْأَرْضِ فَهَذَا شَأْنُهُ.

1776 ـ ئەبۇ ھازىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرىنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقى توغرىسىدا سوراشتى. ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ئۇنى مەندىن بەكرەك بىلىدىغان كىشى قالمىدى. ئۇ مۇنبەر جاڭگالدا ئۆسىدىغان يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنى پالانى ئايالنىڭ ئازادگەردىسى پالانى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ياسىغانىدى. ئۇ ياسىلىپ، يېرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردى. جامائەت ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ئارقىسىدا تۇردى. ئۇ قىرائەتتىن كېيىن رۇكۇ قىلدى، ئارقىسىدىكىلەرمۇ رۇكۇ قىلدى. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، كەينىگە داجىپ (مۇنبەردىن چۈشۈپ) يەرگە سەجدە قىلدى، ئاندىن قايتا مۇنبەرگە چىقتى. قالغان رەكئەتلەردىمۇ شۇنداق قىلدى. مانا بۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرىنىڭ ھېكايىسى.

(بۇخارى: 377)

## سەھۋەنلىك، تىلاۋەت ۋە شۈكۈر سەجدىلىرى توغرىسىدا

1777 - عَنْ عَبْدِ اللهِ ابْنِ بُحَيْنَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ قَالَ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَامَ مِنْ اثْنَتَيْنِ مِنْ الظُّهْرِ لَمْ يَجْلِسْ بَيْنَهُمَا فَلَمَّا قَضَى صَلَاتَهُ سَجَدَ سَجْدَتَيْنِ ثُمَّ سَلَّمَ بَعْدَ ذَلِكَ.

1777 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇھەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىنىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە تەشەھھۇدتا ئولتۇرماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، شۇڭا نامازنىڭ ئاخىرىدا، ئىككى سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سالام بەردى.

(بۇخارى: 1225)

1778 - عَنْ عَبْدِ اللهِ ابْنِ بُحَيْنَةَ قَالَ صَلَّى بِنَا النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَامَ فِي الرَّكْعَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ قَبْلَ أَنْ يَجْلِسَ فَمَضَى فِي صَلَاتِهِ فَلَمَّا قَضَى صَلَاتَهُ انْتَظَرَ النَّاسُ تَسْلِيمَهُ فَكَبَّرَ وَسَجَدَ قَبْلَ أَنْ يُسَلِّمَ ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ ثُمَّ كَبَّرَ وَسَجَدَ ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ وَسَلَّمَ.

1778 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇھەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ، ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىن كېيىن، تەشەھھۇدتا ئولتۇرمايلا قوپۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ نامازنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. نامازنىڭ ئاخىرىدا، جامائەت ئۇنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ سالام بېرىشتىن بۇرۇن: «اللہ ئەكبەر» دەپ سەجدە قىلدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «اللہ ئەكبەر» دەپ يەنە سەجدە قىلدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سالام بەردى.

(بۇخارى: 6670)

1779 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا

شَكَ أَحَدُكُمْ فِي صَلَاتِهِ فَلَمْ يَدْرِ كَمْ صَلَّى ثَلَاثًا أَمْ أَرْبَعًا فَلْيَطْرَحْ الشك وَلْيَبْنِ عَلَى مَا اسْتَيْقَنَ ثُمَّ يَسْجُدُ سَجْدَتَيْنِ قَبْلَ أَنْ يُسَلِّمَ فَإِنْ كَانَ صَلَّى خَمْسًا شَفَعْنَ لَهُ صَلَاتَهُ وَإِنْ كَانَ صَلَّى إِتْمَامًا لِأَرْبَعٍ كَانَتَا تَرْغِيمًا لِلشَّيْطَانِ.

1779 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ ئۈچ ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىسە، شەكنى قايرىپ قويۇپ، جەزم قىلالىغىنى بويىچە نامىزىنى داۋاملاشتۇرسۇن. سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلسۇن. ئۇ بۇ چاغدا، بەش رەكئەت ئوقۇپ سالغان بولسا، ئىككى سەجدە بىلەن نامىزىنى جۈپ قىلغان بولىدۇ. ئەگەر كېيىن ئوقۇغىنى راستىن تۆتىنچى رەكئەت بولسا، ئىككى سەجدىسى بىلەن شەيتاننى مات قىلغان بولىدۇ».

(مۇسلىم: 571)

1780 - وفي رواية أبي داود: فَإِنْ كَانَتْ صَلَاتُهُ تَامَّةً كَانَتْ الركْعَةُ نَافِلَةً وَالسجْدَتَانِ وَإِنْ كَانَتْ نَاقِصَةً كَانَتْ الركْعَةُ تَمَامًا لِصَلَاتِهِ وَكَانَتْ السجْدَتَانِ مُرْغِمَتَيْ الشَّيْطَانِ.

1780 ـ ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئەگەر ئۇ ئەسلىدە نامازنى تولۇق ئادا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ كېيىن ئوقۇغان بىر رەكئەت نامىزى ۋە ئىككى سەجدىسى نەپلە بولىدۇ. ئەگەر ئەسلىدە كەم ئوقۇغان بولسا، كېيىن ئوقۇغان بىر رەكئەت ئۇنىڭ نامىزنى تولۇقلايدۇ. ھېلىقى ئىككى سەجدە بىلەن شەيتاننى مات قىلغان بولىدۇ» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1024)

[1] ئەلبانى (900): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

1781 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا سَهَا أَحَدُكُمْ فِي صَلَاتِهِ فَلَمْ يَدْرِ وَاحِدَةً صَلى أَوْ ثِنْتَيْنِ فَلْيَبْنِ عَلَى وَاحِدَةٍ فَإِنْ لَمْ يَدْرِ ثِنْتَيْنِ صَلى أَوْ ثَلَاثًا فَلْيَبْنِ عَلَى ثِنْتَيْنِ فَإِنْ لَمْ يَدْرِ ثَلَاثًا صَلى أَوْ أَرْبَعًا فَلْيَبْنِ عَلَى ثَلَاثٍ وَلْيَسْجُدْ سَجْدَتَيْنِ قَبْلَ أَنْ يُسَلمَ.

1781 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«نامازدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، بىر ياكى ئىككى رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىگەنلەر بىر رەكئەت ھېساب قىلىپ، ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرسۇن. ئەگەر ئىككى ياكى ئۈچ رەكئەت بولغانلىقىنى بىلەلمىسە، ئىككى رەكئەت ھېساب قىلىپ، ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرسۇن. ئەگەر ئۈچ ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىسە، ئۈچ رەكئەت ھېسابلاپ قالغىنىنى داۋاملاشتۇرسۇن. ئاخىرىدا سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلسۇن»[①].

(تىرمىزى: 398)

1782 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ صَلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِحْدَى صَلَاتَيْ الْعَشِيِّ قَالَ مُحَمدٌ وَأَكْثَرُ ظَنِّي الْعَصْرَ رَكْعَتَيْنِ ثُم سَلمَ ثُم قَامَ إِلَى خَشَبَةٍ فِي مُقَدمِ الْمَسْجِدِ فَوَضَعَ يَدَهُ عَلَيْهَا وَفِيهِمْ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَهَابَا أَنْ يُكَلمَاهُ وَخَرَجَ سَرَعَانُ الناسِ فَقَالُوا أَقَصُرَتْ الصلَاةُ وَرَجُلٌ يَدْعُوهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذُو الْيَدَيْنِ فَقَالَ أَنَسِيتَ أَمْ قَصُرَتْ فَقَالَ لَمْ أَنْسَ وَلَمْ تُقْصَرْ قَالَ بَلَى قَدْ نَسِيتَ فَصَلى رَكْعَتَيْنِ ثُم سَلمَ ثُم كَبرَ فَسَجَدَ مِثْلَ سُجُودِهِ أَوْ أَطْوَلَ ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ فَكَبرَ ثُم وَضَعَ رَأْسَهُ فَكَبرَ.

1782 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى نامازنىڭ بىرىنى (مۇھەممەد ئىبنى

[①] ئەلبانى (326): سەھىھ ـ دېگەن.

سىرىن مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ كۈچلۈك گۇمانىمچە ناماز ئەسىر ئىدى) ئىككى رەكئەت ئوقۇپ سالام بەردى. نامازدىن كېيىن، مەسجىدنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى (يەنى قىبلە تەرىپىدىكى) بىر ياغاچقا قولىنى قويۇپ يۆلىنىپ ئولتۇردى. جامائەت ئىچىدە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بار ئىدى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىشتىن ئەيمىنىپ تۇرسا، مەسجىدتىن ئالدىراپ چىقىدىغانلار چىقىپ كېتىشىپتىپ:

ـ ناماز قىسقارتىلدىمۇ نېمە؟ ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلىيەدەيىن دەپ چاقىرىدىغان بىر ئادەم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ناماز قىسقارتىلدىمۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ ئۇنتۇپ قالمىدىم ھەم قىسقارتىلمىدى، ـ دېدى. ئۇ:

ـ ئۇنتۇپ قالدىڭ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، نورمال سەجدە قىلغانلىرىغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق سەجدە قىلدى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ سەجدىدىن باش كۆتۈردى. ئاندىن يەنە تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلدى.

(بۇخارى: 1229)

1783 - وَفي رِوَاَية: أنه أتى جِذْعًا فِي قِبْلَةِ الْمَسْجِدِ فَاسْتَنَدَ إِلَيْهَا مُغْضَبًا وَفِي الْقَوْمِ أُبو بَكْرٍ وَعُمَرَ فَهَابَا أَنْ يَتكلمَا وَخَرَجَ سَرَعَانُ الناسِ قُصِرَتْ الصلَاةُ فَقَامَ ذُو الْيَدْيَنِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَقُصِرَتْ الصلَاةُ أَمْ نَسِيتَ فَنظَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمِينًا وَشِمَالًا فَقَالَ مَا يَقُولُ ذُو الْيَدْيَنِ قَالُوا صَدَقَ لَمْ تُصَل إِلا رَكْعَتْيَنِ فَصَلى رَكْعَتْيَنِ وَسَلمَ ثُم كَبرَ ثُم سَجَدَ ثُم كَبرَ فَرَفَعَ ثُم كَبرَ وَسَجَدَ ثُم كَبرَ وَرَفَعَ قَالَ وَأُخْبِرْتُ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَنهُ قَـالَ وَسَلمَ.

1783 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى كۆتەكنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاچچىغلانغان ھالدا ئۇنىڭغا يۆلىنىپ

ئولتۇردى. جامائەتنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ بار ئىدى. ئۇ ئىككىسى گەپ قىلىشتىن ئەيمىنىپ تۇرسا، مەسجىدتىن ئالدىراپ چىقىدىغانلار چىقىپ كېتىۋېتىپ:

ــ ناماز قىسقارتىلدىمۇ نېمە؟ ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، زۇليەدەيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئى اللەنىڭ ئەلچىسى! ناماز قىسقارتىلدىمۇ ياكى ئېسىڭىزدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ زۇليەدەيىن نېمە دەيدۇ؟ ـ دېدى. جامائەت:

ــ ئۇ توغرا ئېيتتى، سەن ئىككى رەكئەتلا ناماز ئوقۇدۇڭ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سالام بەردى. «اللە ئەكبەر» دەپ سەجدە قىلدى، ئاندىن كېيىن: «اللە ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن باش كۆتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە: «اللە ئەكبەر» دەپ ئىككىنچى قېتىم سەجدە قىلدى. يەنە: «اللە ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈردى.

رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن ماڭا نەقىل قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى سەجدىنى قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سالام بېرىپ نامازدىن چىققان.

(مۇسلىم:573)

1784 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ عَلْقَمَةَ قَالَ قُلْتُ لِمُحَمَّدٍ فِي سَجْدَتَيْ السَّهْوِ تَشَهُّدٌ قَالَ لَيْسَ فِي حَدِيثِ أَبِي هُرَيْرَةَ.

1784 ـ سەلەمە ئىبنى ئەلقەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مۇھەممەد ئىبنى سىرىندىن:

ــ سەھۋەنلىك سەجدىسىدىن كېيىن تەشەھھۇد ئوقۇلامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ھەدىسىدە تەشەھھۇد ئوقۇش يوق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1228)

1785 ـ عَنْ أَبِي سُفْيَانَ مَوْلَى ابْنِ أَبِي أَحْمَدَ أَنَّهُ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ صَلَّى لَنَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَلَاةَ الْعَصْرِ فَسَلَّمَ فِي رَكْعَتَيْنِ فَقَامَ ذُو الْيَدَيْنِ فَقَالَ أَقُصِرَتْ الصَّلَاةُ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَمْ نَسِيتَ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كُلُّ ذَلِكَ لَمْ يَكُنْ فَقَالَ قَدْ كَانَ بَعْRُ ذَلِكَ بنحوه.

1785 ـ ئىبنى ئەبۇ ئەھمەدنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ سۇفياندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئەسىرنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ سالام بېرىۋىدى، زۇليەدەين ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ناماز قىسقارتىلدىمۇ ياكى ئېسىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا جاۋابەن:

ـ ھېچقايسىسى بولمىدى، ـ دېدى. ئۇ:

ـ چوقۇم شۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بولدى، ـ دېدى (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش).

(مۇسلىم: 573)

1786 - وَفي أُخْرى: أنه صلى ركعتين من صلاة الظُهْرَ ثُم سَلمَ فأتاه رجل من بـł سُلْيم فقال: أَقُصِرَتْ الصَلَاةُ ٧ بنحوه.

1786 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سالام بېرىۋىدى، بەنى سۇلەيم ئايمىقىغا مەنسۇپ بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ناماز قىسقارتىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش).

(مۇسلىم: 573)

1787 - عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ سُلَيْمَانَ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ قَالَ بَلَغَنِي أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ

عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكَعَ رَكْعَتَيْنِ مِنْ إِحْدَى صَلَاتَيْ النهَارِ الظهْرِ أَوْ الْعَصْرِ فَسَلمَ مِنَ اثْنَتَيْنِ فَقَـالَ لَهُ ذُو الشمَالَيْنِ أَقَصُرَتْ الصلَاةُ يَا رَسُولَ اللهِ أَمْ نَسِيتَ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا قَصُرَتْ الصلَاةُ وَمَا نَسِيتُ فَقَالَ ذُو الشمَالَيْنِ قَدْ كَانَ بَعْضُ ذَلِكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَأَقْبَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الناسِ فَقَالَ أَصَدَقَ ذُو الْيَدَيْنِ فَقَالُوا نَعَمْ يَـا رَسُولَ اللهِ فَأَتم رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا بَقِيَ مِنْ الصلَاةِ ثُم سَلمَ.

1787 ـ ئەبۇ بەكىر ئىبنى سۇلەيمان ئىبنى ئەبۇ ھەسمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈندۈزى ئوقۇلىدىغان ئىككى نامازنىڭ بىرىنى (پېشىن ياكى ئەسىر) ئىككى رەكئەت ئوقۇپ سالام بەردى. زۇلىيەدەيىن ئىسىملىك كىشى:

ـــ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! ناماز قىسقارتىلدىمۇ ياكى ئېسىڭىزدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ قىسقارتىلمىدى، ئۇنتۇپمۇ قالمىدىم، ـ دېدى. زۇلىيەدەيىن:

ـــ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! راستىنلا شۇلاردىن بىرى بولدى، ـ دېگەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە بۇرۇلۇپ:

ـ زۇلىيەدەيىن راست دەۋاتامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ ھەئە، شۇنداق بولدى، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنىڭ چالا قالغىنىنى تولۇقلاپ سالام بىلەن تۈگەتتى.

(مالىك: 212)

1788 - عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ سُلَيْمَانَ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ قَالَ فِيهِ وَلَمْ يَسْجُدْ سَجْدَتَيْ السهْوِ.

1788 ـ ئەبۇ بەكىر ئىبنى سۇلەيمان ئىبنى ئەبۇ ھەسمە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چالا قالغان ئىككى رەكئەتنى ئوقۇغىنىنى سۆزلەپ بېرىپ: سەۋەنلىك ئۈچۈن سەجدە قىلمىغان، ـ

دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1008)

1789 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ صَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَمْسًا فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ أَزِيدَ فِي الصلَاةِ قَالَ وَمَا ذَاكَ قَالُوا صَليْتَ خَمْسًا قَالَ إِنمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ أَذْكُرُ كَمَا تَذْكُرُونَ وَأَنسَى كَمَا تَنْسَوْنَ ثُم سَجَدَ سَجْدَتَيْ السهْوِ.

1789 - ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە نامازنى بەش رەكئەت ئوقۇپ بەرگەندى، بىز:

- ئى اﷲنىڭ ئەلچىسى! نامازنىڭ رەكئەت سانى كۆپەيتىلدىمۇ؟ - دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدى. بىز:

- نامازنى بەش رەكئەت ئوقۇدۇڭ، - دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسان. سىلەر ئەسلىگەندەك ئەسلەيمەن، سىلەر ئۇنۇتقادەك ئۇنتۇيمەن، - دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سەۋەنلىك ئۈچۈن ئىككى سەجدە قىلدى.

(مۇسلىم: 572)

1790 - عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سُوَيْدٍ قَالَ صَلى بِنَا عَلْقَمَةُ الظهْرَ خَمْسًا فَلَما سَلمَ قَالَ الْقَوْمُ يَا أَبَا شِبْلٍ قَدْ صَليْتَ خَمْسًا قَالَ كَلا مَا فَعَلْتُ قَالُوا بَلَى قَالَ وَكُنْتُ فِي نَاحِيَةِ الْقَوْمِ وَأَنَا غُلَامٌ فَقُلْتُ بَلَى قَدْ صَليْتَ خَمْسًا قَالَ لِي وَأَنتَ أَيْضًا يَا أَعْوَرُ تَقُولُ ذَاكَ قَالَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَانْفَتَلَ فَسَجَدَ سَجْدَتَيْنِ ثُم سَلمَ ثُم قَالَ قَالَ عَبْدُ اللهِ صَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَمْسًا فَلَما انْفَتَلَ تَوَشْوَشَ الْقَوْمُ بَيْنَهُمْ فَقَالَ مَا شَأْنُكُمْ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ هَلْ زِيدَ فِي الصلَاةِ قَالَ لَا قَالُوا فَإِنكَ قَدْ صَليْتَ خَمْسًا فَانْفَتَلَ ثُم سَجَدَ سَجْدَتَيْنِ ثُم سَلمَ ثُم قَالَ إِنمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ أَنسَى كَمَا تَنْسَوْنَ.

[1] ئەلبانى (889): سەھىھ - دېگەن.

1790 ـ ئىبراھىم ئىبنى سۇۋەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلقەمە پېشىننى بەش رەكئەت ئوقۇپ سالام بەرگەندى، جامائەت:

ـ ئى ئەبۇ شىبل! نامازنى بەش رەكئەت ئوقۇدۇڭ، ـ دېدى. ئۇ:

ـ ياق، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ـ دېدى. جامائەت:

ـ ياق، شۇنداق قىلدىڭ، ـ دېدى.

رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: مەن جامائەتنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغان كىچىك بالا بولساممۇ:

ـ ھەقىقەتەن بەش رەكئەت ئوقۇدۇڭ، ـ دېدىم، ئۇ:

ـ سەنمۇ شۇنداق دەۋاتامسەن، ھەي ئالغاي! ـ دېدى، مەن:

ــ ھەئە، ـ دېدىم. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئىككى سەجدە قىلغاندىن كېيىن، سالام بېرىپ مۇنداق دېدى: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە نامازنى بەش رەكئەت ئوقۇپ بېرىپ، بىز تەرەپكە ئۆرۈلگەندى. جامائەت گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ قىلىشقىلى تۇردى. ئۇ:

ـ نېمە بولدۇڭلار؟ ـ دەپ سورىدى. جامائەت:

ـ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! ناماز ئارتۇق ئوقۇلۇپ قالدىمۇ قانداق؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ ياق، ـ دېدى. جامائەت:

ــ نامازنى بەش رەكئەت ئوقۇدۇڭ، ـ دېگەندىن كېيىن، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، ئىككى سەجدە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سالام بېرىپ:

ــ مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسان. مەنمۇ سىلەردەك ئۇنتۇپ قالىمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 572)

1791 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى الْعَصْـرَ فَسَلمَ فِي ثَلَاثِ رَكَعَاتٍ ثُم دَخَلَ مَنْزِلَهُ فَقَامَ إِلَيْهِ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ الْخِرْبَاقُ وَكَانَ فِي يَدَيْـهِ طُولٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ فَذَكَرَ لَهُ صَنِيعَهُ وَخَرَجَ غَضْبَانَ يَجُر رِدَاءَهُ حَتى انْتَهَى إِلَى الناسِ

فَقَالَ أَصَدَقَ هَذَا قَالُوا نَعَمْ فَصَلى رَكْعَةً ثُم سَلمَ ثُم سَجَدَ سَجْدَتَيْنِ ثُم سَلمَ.

1791ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇپ بىرىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. خىرباق ئىسىملىك ئىككى قولى ئۇزۇن بىر كىشى كەينىدىن كىرىپ:

ــ ئى ﷲنىڭ ئەلچىسى! ـ دەپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىداسىنى سۆرىگەن پېتى ئاچچىغلانغان ھالدا جامائەتنىڭ قېشىغا چىقىپ:

ـ بۇ، توغرا سۆزلىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. جامائەت:

ــ ھەئە، توغرا سۆزلىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن سالام بەردى. سالامدىن كېيىن ئىككى سەجدە قىلىۋېتىپ يەنە سالام بەردى.
(مۇسلىم: 574)

1792 - عَنْ ثَوْبَانَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِكُل سَهْوٍ سَجْدَتَانِ بَعْدَ مَا يُسَلمُ.

1792 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«نامازدىكى ھەر قانداق سەۋەنلىك ئۈچۈن، سالامدىن كېيىن ئىككى سەجدە قىلىنىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1038)

1793 - عَنْ الشعْبِي قَالَ صَلى بِنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ فَنَهَRَ فِي الركْعَتَيْنِ فَسَبحَ بِهِ الْقَوْمُ وَسَبحَ بِهِمْ فَلَما صَلى بَقِيةَ صَلَاتِهِ سَلمَ ثُم سَجَدَ سَجْدَتَيْ السهْوِ وَهُوَ جَالِسٌ ثُم حَدثَهُمْ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَلَ بِهِمْ مِثْلَ الذِي فَعَلَ.

① ئەلبانى (917): ھەسەن. ـ دېگەن.

1793 ـ شەئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ، ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرمايلا ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغانىدى. جامائەت:

ـ سۇبھانالللاھ ـ دېدى. ئۇمۇ (ئۇلارنى قوپۇشقا ئىشارەت قىلىپ):

ــ سۇبھانالللاھ ـ دېدى. ئاندىن نامازنى تۈگىتىپ سالام بەردى، سالامدىن كېيىن ئولتۇرغان پېتى سەۋەنلىك ئۈچۈن ئىككى سەجدە قىلىپ نامازنى تاماملاپ بولۇپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇشۇنداق قىلغان ئىدى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 364)

1794 - عَنْ زِيَادِ بْنِ عِلَاقَةَ قَالَ صَلى بِنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ فَنَهَضَ فِي الركْعَتَيْنِ قُلْنَا سُبْحَانَ اللهِ قَالَ سُبْحَانَ اللهِ وَمَضَى فَلَما أَتم صَلَاتَهُ وَسَلمَ سَجَدَ سَجْدَتَيْ السـهْوِ فَلَمـا انْصَرَفَ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصْنَعُ كَمَا صَنَعْتُ.

1794 ـ زىياد ئىبنى ئىلاقەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ، ئىككى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرماي، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇردى. بىز ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ:

ــ سۇبھانەللاھ ـ دېسەك، ئۇمۇ بىزنىڭ ئولتۇرماي ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىشىمىزغا ئىشارەت قىلىپ:

ــ سۇبھانەللاھ ـ دېدى ۋە نامازنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا سالام بەردى. ئاندىن سەھۋەنلىك ئۈچۈن ئىككى سەجدە قىلىپ، نامازنى تاماملىغاندىن كېيىن:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق

[1] ئەلبانى (299): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1037)

1795 - عن عبادة بن الصامت أن رسول الله صلى الله عليه وسلم سئل عن رجل سها في صلاته فلم يدركم صلى قال ليعد صلاته وليسجد سجدتين قاعدا.

1795 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازدا قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەي سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن كىشى توغرىسىدا سورالغاندا، جاۋابەن: «نامىزىنى قايتا ئوقۇپ، ئاخىرىدا ئولتۇرغان پېتى ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ» دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

1796 - عَنْ عَائِشَةَ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ سَهَا قْبلَ التمَـامِ، فَسَـجَدَ سَجْدَتَيِ السهْوِ قْبلَ أَنْ ُيسَلمَ، وَقَالَ: "َمنْ سَهَا قْبلَ التمَامِ سَجَدَ سَجْدَتَيِ السهْوِ قْبلَ أَنْ ُيسَلمَ، وَإِذَا سَهَا َبْعَدَ التمَامِ سَجَدَ سَجْدَتَيِ السهْوِ َبْعَدَ أَنْ ُيسَلمَ".

1796 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنىڭ ئىچىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى، سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلدى ۋە نامازدىن كېيىن تەلىم بېرىپ:

«كىمكى نامازنىڭ ئىچىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلسۇن. كىمكى نامازنىڭ ئاخىرىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، ئاۋۋال سالام بېرىپ، ئاندىن ئىككى سەجدە قىلسۇن» دېدى[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ئەلبانى (910): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2923): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىسھاق ئىبنى يەھيا ئۇنى ئۇبادەدىن بىۋاستە ئاڭلىمىغان، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (2927): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىيسا ئىبنى مەيمۇن ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلىش ھەققىدە ئىختىلاپ بار. كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

1797 - عَنْ قَتَادَةَ، أَن أَنَسًا جَهَرَ فِي الظُّهْرِ أَوِ الْعَصْرِ فَلَمْ يَسْجُدْ.

1797 ـ قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پېشىندە ياكى ئەسىردە قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى، لېكىن سەجدە سەھۋە قىلمىدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

1798 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، أَنَّ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ، قَالَ: "لَيْسَ فِي صَلاةِ الْخَوْفِ سَهْوٌ".

1798 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «خەۋپ نامىزىدا سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش كەتمەيدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»)

1799 - عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ حُدَيْجٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى يَوْمًا فَسَلمَ وَقَدْ بَقِيَتْ مِنْ الصلَاةِ رَكْعَةٌ فَأَدْرَكَهُ رَجُلٌ فَقَالَ نَسِيتَ مِنْ الصلَاةِ رَكْعَةً فَدَخَلَ الْمَسْجِدَ وَأَمَرَ بِلَالًا فَأَقَامَ الصلَاةَ فَصَلى لِلناسِ رَكْعَةً فَأَخْبَرْتُ بِذَلِكَ الناسَ فَقَالُوا لِي أَتَعْرِفُ الرجُلَ قُلْتُ لَا إلا أَنْ أَرَاهُ فَمَر بِي فَقُلْتُ هَذَا هُوَ قَالُوا هَذَا طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ.

1799 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ھۇدەيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن بىر رەكئەتنى كەم ئوقۇپ نامازنى تاماملىدى ۋە قايتىپ كەتتى. بىر ئادەم ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ بېرىپ:

— نامازدىن بىر رەكئەتنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر

---

[1] ھەيسەمى (2929): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئىد ئىبنى بەشىر ئىسىملىك بىرى بار. ئۇ ئىشەنچلىك كىشىدۇر. لېكىن ھەدىس سۆزلىرىنى ئىلىشتۇرۇپ قويىدۇ. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2930): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋەلىد ئىبنى فەزل ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ۋە دارۇقۇتنى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىپ، بىلالنى تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇدى. بىلال تەكبىر ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قالغان بىر رەكئەتنى ئوقۇپ بەردى.

بۇ ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرسەم، ئۇلار:

ـ ھېلىقى ئادەمنى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ تونۇمايمەن، ئەمما ئۇنى كۆرسەم تونۇيمەن، ـ دەپ تۇرسام، ئۇ ئادەم يېنىمدىن ئۆتۈپ قالدى. مەن:

ـ مانا مۇشۇ ئادەم، ـ دەپ كۆرسەتتىم، ئۇلار:

ـ بۇ، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ـ دېدى[1].

(نەسائى: 664)

1800 - عَنْ عَبْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَلمَ ثُم تَكَلمَ ثُـم سَـجَدَ سَجْدَتَيْ السهْو.

1800 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بەرگەندىن كېيىن گەپ قىلدى، گەپ قىلىپ بولۇپ ئاندىن (سەۋەنلىك ئۈچۈن) ئىككى سەجدە قىلدى[2].

(نەسائى: 1329)

1801 - عَنْ مَالِك أنهُ بَلَغَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إني لَأَنسَى أَوْ أُنسى لِأَسُن.

1801 ـ مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاڭلىشىمچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شۈبھىسىزكى، مەنمۇ ئۇنتۇيمەن ياكى بىر سۈننەت يولغا قويۇلۇش ئۈچۈن

[1] ئەلبانى (640): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1261): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇنۇتتۇرۇلمەن» دېگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

1802 - عن أبي جُمُعَةَ حَبِيبَ بْنِ سِبَاعٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْأَحْزَابِ صَلى الْمَغْرِبَ فَلما فَرَغَ قَالَ هَلْ عَلِمَ أَحَدٌ مِنْكُمْ أني صَلَّيْتُ الْعَصْرَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ مَا صَلَّيْتَهَا فَأَمَرَ الْمُؤَذنَ فَأَقَامَ الصلَاةَ فَصَلى الْعَصْرَ ثُم أَعَادَ الْمَغْرِبَ.

1802 ـ ئەبۇ جۇمۇئە ھەبىب ئىبنى سىبائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب يىلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ:

— مېنىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغانلىقىمنى بىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. جامائەت:

ـ ئى اﷲنىڭ ئەلچىسى! سەن ئۇنى ئوقۇمىدىڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەززىنگە بۇيرۇق قىلدى، نامازغا تەكبىر ئوقۇغاندىن كېيىن ئەسىرنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شام نامىزىنى قايتا ئوقۇدى[1].

(ئەھمەد: 16527؛ «ئەلكەبىر»)

1803 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَرَأَ ابْنُ آدَمَ السجْدَةَ فَسَجَدَ اعْتَزَلَ الشيْطَانُ يَبْكِي يَقُولُ يَا وَيْلَهُ وَفِي رِوَايَةِ أَبِي كُرَيْبٍ يَا وَيْلِي أُمِرَ ابْنُ آدَمَ بِالسجُودِ فَسَجَدَ فَلَهُ الْجَنةُ وَأُمِرْتُ بِالسجُودِ فَأَبَيْتُ فَلِي النارُ.

1803 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلسا، شەيتان يىغلىغان پېتى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ: ”ھەي ئىسىت! ئادەم بالىسى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى، سەجدە قىلدى. ئۇنىڭغا جەننەت بار. مەن

---

[1] ھەيسەمى (1817): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئەمما سەجدىدىن باش تارتتىم، ماڭا دوزاخ بار" دەيدۇ».

(مۇسلىم: 81)

1804 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ السورَةَ الِتِي فِيهَا السجْدَةُ فَيَسْجُدُ وَنَسْجُدُ مَعَهُ حَتى مَا يَجِدُ أَحَدُنَا مَكَانًا لِمَوْضِعِ جَبْهَتِهِ.

1804 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە ئايىتى بار سۈرىنى ئوقۇپ سەجدە قىلاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن سەجدە قىلاتتۇق. قىستاڭچىلىقتا پېشانىمىزنى قويغۇدەك يەرمۇ تاپالماي قالاتتۇق.

(بۇخارى: 1079)

1805 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ عَامَ الْفَتْحِ سَجْدَةً فَسَجَدَ الناسُ كُلُهُمْ مِنْهُمْ الراكِبُ وَالساجِدُ فِي الْأَرْضِ حَتى إِن الراكِبَ لَيَسْجُدُ عَلَى يَدِهِ.

1805 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى بولغان يىلىدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇدى، پۈتۈن خەلق سەجدە قىلدى. بەزىلىرى ئات ـ ئۇلاغ ئۈستىدە تۇرۇپ قولىغا سەجدە قىلسا، بەزىلىرى يەردە قىلدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1411)

1806 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْهُدَيْرِ التيْمِي قَالَ أَبُو بَكْرٍ وَكَانَ رَبِيعَةُ مِنْ خِيَارِ الناسِ عَما حَضَرَ رَبِيعَةُ مِنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَرَأَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ عَلَى الْمِنْبَرِ بِسُورَةِ النحْلِ حَتى إِذَا جَاءَ السجْدَةَ نَزَلَ فَسَجَدَ وَسَجَدَ الناسُ حَتى إِذَا كَانَتْ

[①] ئەلبانى (305): زەئىپ، ـ دېگەن.

الْجُمُعَةُ الْقَابِلَةُ قَرَأَ بِهَا حَتى إِذَا جَاءَ السجْدَةَ قَالَ يَا أَيهَا الناسُ إِنا نَمُر بِالسجُودِ فَمَنْ سَجَدَ فَقَدْ أَصَابَ وَمَنْ لَمْ يَسْجُدْ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ وَلَمْ يَسْجُدْ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ.

1806 ـ رەبىئە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇدەير تەيمىي[1] مۇنداق دەيدۇ: بىر جۈمە كۈنى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇۋېتىپ سۈرە نەھلنى قىرائەت قىلدى ۋە سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە، مۇنبەردىن چۈشۈپ سەجدە قىلدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سەجدە قىلدى. ئۇندىن كېيىنكى جۈمە كۈنى يەنە سۈرە نەھلنى قىرائەت قىلىپ، سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە: ئى خالايىق! بىز سەجدە ئايىتىدىن ئۆتۈۋاتىمىز، كىمكى سەجدە ئايىتى ئوقۇلغاندا سەجدە قىلسا، توغرا قىلغان بولىدۇ. سەجدە قىلمىغان كىشىگە گۇناھ يوق، ـ دېدى ۋە ئۆزى سەجدە قىلمىدى.

(بۇخارى: 1077)

1807 - عن أَبي تَمِيمَةَ الْهُجَيْمِي قَالَ لَما بَعَثْنا الركْبَ قَالَ أَبو دَاوُد يَعْنِي إِلَى الْمَدِينَةِ قَالَ كُنتُ أَقُص بَعْدَ صَلَاةِ الصبْحِ فَأَسْجُدُ فَنَهَانِي ابْنُ عُمَرَ فَلَمْ أَنْتَهِ ثَلَاثَ مِرَارٍ ثُم عَادَ فَقَالَ إِني صَلَيْتُ خَلْفَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَعَ أَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَعُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ فَلَمْ يَسْجُدُوا حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ.

1807 ـ ئەبۇ تەمىمە ھۇجەيمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز مەدىنىگە كارۋان يوللىغان چاغدا، مەن بامدات نامازدىن كېيىن جامائەتكە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، سەجدە ئايەتلىرىگە كەلگەندە، سەجدە قىلاتتىم. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مېنى سەجدە قىلىشتىن ئۈچ قېتىم توسقان بولسىمۇ، مەن سەجدە قىلىشتىن توختىمىدىم. ئۇ مېنى يەنە توسۇپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇم. ئۇلار (پەرزدىن

[1] ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇنداق دېگەن: رەبىئە ئىبنى ئابدۇللاھ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن ئىدى.

كېيىن) تاكى كۈن چىقمىغىچە سەجدە قىلمايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1415)

1808 - عن سالم: كان ٱبْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إذا قرأ بالسجدة بعـد الصبح يسجد مالم يسفر. رواه رزين.

1808 ـ سالىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بامداتتىن كېيىن سەجدە ئايىتى ئوقۇپ قالسا، تاڭ ئاقىرىپ قالمىغانلا بولسا سەجدە قىلاتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1809 - عَنْ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقْرَأَهُ خَمْسَ عَشْرَةَ سَجْدَةً فِي الْقُرْآنِ مِنْهَا ثَلَاثٌ فِي الْمُفَصلِ وَفِي سُورَةِ الْحَج سَجْدَتَانِ.

1809 ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئون بەش سەجدە ئايىتىنى (ئوقۇتۇپ) ئۆگەتتى. ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئۈچى مۇفەسسەل قىسمىدا[2]، ئىككىسى سۈرە ھەجدە[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1401)

1810 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَسْجُدْ فِي شَيْءٍ مِنْ الْمُفَصلِ مُنْذُ تَحَولَ إِلى الْمَدِينَةِ.

1810 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كۆچۈپ ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مۇفەسسەل بۆلۈمىنىڭ سۈرىلىرىدىكى ھېچبىر ئايەتنىڭ سەجدىسىنى قىلمىدى[4].

(ئەبۇ داۋۇد: 1403)

[1] ئەلبانى (307): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ھۇجراتتىن باشلاپ ناسقىچە بولغان سۈرىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.
[3] ئەلبانى (301): زەئىپ، ـ دېگەن.
[4] ئەلبانى (304): زەئىپ، ـ دېگەن.

1811 - قَالَ أُبو دَاوُد رُوِيَ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِحْدَى عَشْرَةَ سَجْدَةً وَإِسْنَادُهُ وَاهٍ.

1811 ـ ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قۇرئاندا ئون بىر سەجدە ئايىتى بار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1401)

1812 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فُضلَتْ سُورَةُ الْحَج بِأَن فِيهَا سَجْدَتَيْنِ قَالَ نَعَمْ وَمَنْ لَمْ يَسْجُدْهُمَا فَلَا يَقْرَأْهُمَا.

1812 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سۈرە ھەجنىڭ باشقا سۈرىلەردىن پەزىلەتلىك بولۇشى ئۇنىڭدا ئىككى سەجدە ئايىتى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

— ھەئە، (ئۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇغاندا) سەجدە قىلمايدىغانلار ئۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇمىسۇن، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 578)

1813 - عَنْ نَافِعٍ مَوْلَى ابْنِ عُمَرَ أَن رَجُلًا مِنْ أَهْلِ مِصْرَ أَخْبَرَهُ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَرَأَ سُورَةَ الْحَج فَسَجَدَ فِيهَا سَجْدَتَيْنِ ثُم قَالَ إِن هَذِهِ السورَةَ فُضلَتْ بِسَجْدَتَيْنِ.

1813 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئازادگەردىسى نافىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مىسىرلىق بىر ئادەم ماڭا مۇنداق دېدى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سۈرە ھەجنى ئوقۇپ، ئىككى قېتىم سەجدە قىلدى ۋە: بۇ سۈرە مۇشۇ ئىككى سەجدە ئارقىلىق باشقا سۈرىلەردىن پەزىلەتلىك قىلىندى، ـ دېدى.

(مالىك: 479)

---

[1] ئەلبانى (302): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (89): زەئىپ، ـ دېگەن.

1814 - عَنْ مُجَاهِدٍ قَالَ قُلْتُ لِابْنِ عَباسٍ أَنَسْجُدُ فِي ص فَقَرَأَ وَمِنْ ذُرِيتِهِ دَاوُدَ وَسُلَيْمَانَ حَتى أَتى فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهْ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا نَبِيكُمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِمنْ أُمِرَ أَنْ يَقْتَدِيَ بِهِمْ.

1814 ـ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: سۈرە سادتا سەجدە قىلامدۇق؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ: ﴿ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۈسۈف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق﴾ دېگەن ئايەتتىن: ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾ [①]دېگەن ئايەتكىچە قىرائەت قىلدى ۋە: سىلەرنىڭ پەيغەمبەرىڭلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان كىشىلەردىندۇر، ـ دېدى (يەنى: سۈرە سادتا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدە قىلغانلىقى سۆزلەنگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە ئەنئامدىكى بۇ ئايەتتە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان).

(بۇخارى: 3421)

1815 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ ص لَيْسَ مِنْ عَزَائِمِ السجُودِ وَقَدْ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْجُدُ فِيهَا.

1815 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: سۈرە سادتىكى سەجدە ئايىتى سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولغان ئايەتلەردىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈرە سادنى ئوقۇغاندا، سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرگەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1069)

1816 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَجَدَ فِي ص وَقَالَ سَجَدَهَا دَاوُدُ تَوْبَةً وَنَسْجُدُهَا شُكْرًا.

1816 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت

[①] سۈرە ئەنئام، 84ـ ئايەتتىن 90ـ ئايەتكىچە.

قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە سادنى ئوقۇغاندا، سەجدە قىلىپ مۇنداق دېدى: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ (سۈرىدە زىكرى قىلىنغان) سەجدىنى تەۋبە ئۈچۈن قىلغانىدى، بىز ئۇنى شۈكۈر ئۈچۈن قىلىمىز»[1].

(نەسائى: 957)

1817 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّهُ قَالَ قَرَأَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ ص فَلَمَّا بَلَغَ السَّجْدَةَ نَزَلَ فَسَجَدَ وَسَجَدَ النَّاسُ مَعَهُ فَلَمَّا كَانَ يَوْمٌ آخَرُ قَرَأَهَا فَلَمَّا بَلَغَ السَّجْدَةَ تَشَزَّنَ النَّاسُ لِلسُّجُودِ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّمَا هِيَ تَوْبَةُ نَبِيٍّ وَلَكِنِّي رَأَيْتُكُمْ تَشَزَّنْتُمْ لِلسُّجُودِ فَنَزَلَ فَسَجَدَ وَسَجَدُوا.

1817 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردە تۇرۇپ ساد سۈرىسىنى قىرائەت قىلدى ۋە سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە، مۇنبەردىن چۈشۈپ سەجدە قىلدى، جامائەتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سەجدە قىلدى. باشقا بىر كۈنى يەنە سۈرە سادنى ئوقۇپ سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە، جامائەت سەجدە قىلىشقا تەييارلاندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ، بىر پەيغەمبەرنىڭ تەۋبە ئۈچۈن قىلغان سەجدىسى ئىدى. ئەمما مەن سىلەرنىڭ سەجدە قىلىشقا ئۈرۈنۈۋاتقانلىقىڭلارنى كۆردۈم» دېدى ۋە مۇنبەردىن چۈشۈپ سەجدە قىلدى، جامائەتمۇ سەجدە قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1410)

1818 - قَالَ أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيُّ رَأَيْتُ رُؤْيَا وَأَنَا أَكْتُبُ سُورَةَ ص قَالَ فَلَمَّا بَلَغْتُ السَّجْدَةَ رَأَيْتُ الدَّوَاةَ وَالْقَلَمَ وَكُلَّ شَيْءٍ بِحَضْرَتِي انْقَلَبَ سَاجِدًا قَالَ فَقَصَصْتُهَا عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَلَمْ يَزَلْ يَسْجُدُ بِهَا.

---

[1] ئەلبانى (917): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1253): سەھىھ ـ دېگەن.

1818 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن چۈشۈمدە سۈرە سادنى يېزىپ، سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە، دۇۋەت ـ قەلەملەرنىڭ ۋە يېنىمدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ، سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ چۈشۈمنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ شۇندىن تارتىپ بۇ ئايەتنى ھەر ئوقۇغىنىدا سەجدە قىلىدىغان بولدى[1].

(ئەھمەد: 11390)

1819 - عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَرَأَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ النجْمَ بِمَكةَ فَسَجَدَ فِيهَا وَسَجَدَ مَنْ مَعَهُ غَيْرَ شَيْخٍ أَخَذَ كَفًا مِنْ حَصًى أَوْ تُرَابٍ فَرَفَعَهُ إِلَى جَبْهَتِهِ وَقَالَ يَكْفِينِي هَذَا فَرَأَيْتُهُ بَعْدَ ذَلِكَ قُتِلَ كَافِرًا.

1819 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە سۈرە نەجمنى ئوقۇپ سەجدە قىلىۋىدى، قولىدىكى بىر سىقىم توپىنى (ياكى شېغىلنى) پېشانىسىگە ئۈرۈپ: "ماڭا مۇشۇ يېتىدۇ" دېگەن بىر قېرىدىن باشقا ھەممە ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەجدە قىلدى.

رىۋايەت قىلغۇچى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: كېيىن مەن ئۇ قېرىنىڭ كاپىر ھالەتتە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم.

(بۇخارى: 1067)

1820 - عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَولُ سُورَةٍ أُنزِلَتْ فِيهَا سَجْدَةٌ وَالنجْمِ قَالَ فَسَجَدَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَجَدَ مَنْ خَلْفَهُ إِلا رَجُلًا رَأَيْتُهُ أَخَذَ كَفًا مِنْ تُرَابٍ فَسَجَدَ عَلَيْهِ فَرَأَيْتُهُ بَعْدَ ذَلِكَ قُتِلَ كَافِرًا وَهُوَ أُمَيةُ بْنُ خَلَفٍ.

1820 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق

[1] ھەيسەمى (3690): بۇ ھەدىسنى ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەجدە ئايىتى بار سۈرىلەردىن تۇنجى بولۇپ نازىل قىلىنغىنى نەجىم سۈرىسى ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۈرىنى ئوقۇپ سەجدە قىلغۇدى، قولىغا بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلغان بىر قېرىدىن باشقا ھەممەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ سەجدە قىلدى. كېيىن، ئۇنىڭ كاپىر ھالەتتە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئىدى.

(بۇخارى: 4863)

1821- عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَجَدَ بِالنجْمِ وَسَجَدَ مَعَهُ الْمُسْلِمُونَ وَالْمُشْرِكُونَ وَالْجِن وَالْإِنسُ.

1821 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە نەجمنى ئوقۇپ سەجدە قىلدى. مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار، جىنلار ۋە باشقا ئىنسانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سەجدە قىلدى.

(بۇخارى: 1071)

1822 - عَنْ جَعْفَرِ بْنِ الْمُطلِبِ بْنِ أَبِي وَدَاعَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَرَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَكةَ سُورَةَ النجْمِ فَسَجَدَ وَسَجَدَ مَنْ عِنْدَهُ فَرَفَعْتُ رَأْسِي وَأَبَيْتُ أَنْ أَسْجُدَ وَلَمْ يَكُنْ يَوْمَئِذٍ أَسْلَمَ الْمُطلِبُ.

1822 ـ جەئفەر ئىبنى مۇتتەلىب ئىبنى ئەبۇ ۋەدائە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە سۈرە نەجمنى ئوقۇپ سەجدە قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەم سەجدە قىلدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ تۇرىۋەردىم، سەجدە قىلىشقا ئۇنىمىدىم. ئۇ چاغدا، مۇتتەلىب تېخى ئىسلامغا كىرمىگەن ئىدى[1].

(نەسائى: 958)

[1] ئەلبانى (917): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

1823 - عَنِ الْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: "لَمَّا أَظْهَرَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الإِسْلاَمَ أَسْلَمَ أَهْلُ مَكَّةَ كُلُّهُمْ، وَذَلِكَ قَبْلَ أَنْ يُفْرَضَ الصَّلاةُ، حَتَّى إِنَّهُ كَانَ لَيَقْرَأُ السَّجْدَةَ فَيَسْجُدُونَ، مَا يَسْتَطِيعُ بَعْضُهُمْ أَنْ يَسْجُدَ مِنَ الزِّحَامِ، حَتَّى قَدِمَ رُؤَسَاءُ قُرَيْشٍ: الْوَلِيدُ بْنُ الْمُغِيرَةِ، وَأَبُو جَهْلِ بْنُ هِشَامٍ وَغَيْرُهُمَا، وَكَانُوا بِالطَّائِفِ فِي أَرَضِيهِمْ، فَقَالُوا: تَدَعُونَ دِينَ آبَائِكُمْ فَكَفَرُوا".

1823 - مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسلام تەشۋىقاتىنى ئاشكارا ئېلىپ بارغاندا، مەككە خەلقى مۇسۇلمان بولدى. ئۇ چاغلاردا، ناماز تېخى پەرز قىلىنمىغان ئىدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە ئايىتىنى قىرائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلاتتى. ھەتتا قىستاڭچىلىقتىن بەزى كىشىلەر سەجدە قىلىدىغان ئورۇن تاپالماي قالاتتى. بۇ ئىش تائىپتىكى يازلىق بېغىدا تۇرۇۋاتقان قۇرەيش چوڭلىرىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە، ئەبۇ جەھىل قاتارلىقلار مەككىگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ئۇلار كېلىپ: "ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمسىلەر؟" دېيىشتى، ئۇلار كاپىر بولۇپ كەتتى[①].

(«ئەلكەبىر»)

1824 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ قَرَأْتُ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَالنَّجْمِ فَلَمْ يَسْجُدْ فِيهَا.

1824 - زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈرە نەجمنى ئوقۇپ بەردىم، ئەمما ئۇ سەجدە قىلمىدى.

(بۇخارى: 1073)

[①] ھەيسەمى (3689): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇلىمالار ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھا بەرگەن، - دېگەن.

ئەبۇ داۋۇد: زەيد ئىمام بولغان ۋە ئۆزى سەجدە قىلمىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سەجدە قىلمىغان، ـ دەيدۇ.

1825 - عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ أَنَّهُ سَأَلَ زَيْدَ بْنَ ثَابِتٍ عَنْ الْقِرَاءَةِ مَعَ الْإِمَامِ فَقَالَ لَا قِرَاءَةَ مَعَ الْإِمَامِ فِي شَيْءٍ وَزَعَمَ أَنَّهُ قَرَأَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى فَلَمْ يَسْجُدْ.

1825 ـ ئەتا ئىبنى يەساردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن زەيد ئىبنى سابىتتىن:

ـ ئىمامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ئايەت ئوقۇشقا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ جاۋابەن:

ـ ھېچبىر نەرسە ئوقۇشقا بولمايدۇ، ـ دېدى.

زەيدنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈرە نەجمنى قىرائەت قىلىپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلمىغان[1].

(نەسائى: 960)

1826 - عَنْ أَبِي رَافِعٍ قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ أَبِي هُرَيْرَةَ الْعَتَمَةَ فَقَرَأَ إِذَا السَّمَاءُ انْشَقَتْ فَسَجَدَ فَقُلْتُ مَا هَذِهِ السَّجْدَةُ قَالَ سَجَدْتُ بِهَا خَلْفَ أَبِي الْقَاسِمِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَلَا أَزَالُ أَسْجُدُ بِهَا حَتَى أَلْقَاهُ.

1826 ـ ئەبۇ رافىئ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە خۇپتەن نامىزى ئوقۇدۇم. ئۇ ئىنشىقاق سۈرىسىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلدى. مەن:

ـ بۇ نېمە سەجدە؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـــ ئەبۇلقاسىم (يەنى پەيغەمبەر) سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا شۇنداق قىلغان ئىدىم. بۇ سەجدىنى تاكى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىمەن، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1408)

[1] ئەلبانى (920): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1251): سەھىھ ـ دېگەن.

1827 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَجَدْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي إِذَا السمَاءُ انْشَقتْ وَاقْرَأْ بِاسْمِ رَبكَ.

1827 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۈرە ئىنشىقاق ۋە سۈرە ئەلەقتە سەجدە قىلغانىدۇق.

(مۇسلىم: 578)

1828 - عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ، قَالَ: "مَنْ قَرَأَ الأَعْرَافَ، وَالنجْمَ، وَ "اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الذِي خَلَقَ"، فَإِنْ شَاءَ رَكَعَ بِهَا وَقَدْ أَجْزَأَهُ عَنْهُ، وَإِنْ شَاءَ سَجَدَ، ثُم قَامَ فَقَرَأَ السورَة.

1828 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىمكى ئەئراف، نەجم ۋە سۈرە ئەلەقنى ئوقۇسا، خالىسا رۇكۇ قىلىدۇ، خالىسا سەجدىگە بارىدۇ. ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ سۈرىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 8734)

1829 - قَالَ ابْنُ مَسْعُودٍ: "إِذَا كَانَتِ السجْدَةُ آخِرَ السورَةِ فَارْكَعْ إِنْ شِئْتَ أَوِ اسْجُدْ، السجْدَةَ فَإِن مَعَ الركْعَةِ".

1829 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەجدە ئايىتى سۈرىنىڭ ئاخىرىدا بولسا، خالىساڭ رۇكۇ قىل، خالىساڭ سەجدىگە بارغىن. چۈنكى تىلاۋەت سەجدىسى نامازنىڭ رەكئىتى بىلەن بىللە ئادا تاپىدۇ[2].

(«ئەلكەبىر»: 8712)

1830 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي سُجُودِ الْقُرْآنِ

[1] ھەيسەمى (3709): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن مۇنقەتىئ ھەدىستۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3712): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

بِاللَّيْلِ سَجَدَ وَجْهِي لِلَّذِي خَلَقَهُ وَشَقَّ سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ بِحَوْلِهِ وَقُوَّتِهِ.

1830 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ تىلاۋەت سەجدىلىرىدە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى دەيتتى: «يۈزۈم ئۆزىنى (يەنى يۈزۈمنى) كامالى قۇدرىتى بىلەن ياراتقان، شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ گۈزەل قۇلاق ۋە كۆزنى ئۆز مەرھەمىتى بىلەن يېرىپ چىقىرىپ بەرگەن زاتقا سەجدە قىلدى»[1].

(تىرمىزى: 3425)

1831 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنِّي رَأَيْتُنِي اللَّيْلَةَ وَأَنَا نَائِمٌ كَأَنِّي أُصَلِّي خَلْفَ شَجَرَةٍ فَسَجَدْتُ فَسَجَدَتْ الشَّجَرَةُ لِسُجُودِي فَسَمِعْتُهَا وَهِيَ تَقُولُ اللَّهُمَّ اكْتُبْ لِي بِهَا عِنْدَكَ أَجْرًا وَضَعْ عَنِّي بِهَا وِزْرًا وَاجْعَلْهَا لِي عِنْدَكَ ذُخْرًا وَتَقَبَّلْهَا مِنِّي كَمَا تَقَبَّلْتَهَا مِنْ عَبْدِكَ دَاوُدَ قَالَ الْحَسَنُ قَالَ لِيَ ابْنُ جُرَيْجٍ قَالَ لِي جَدُّكَ قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ فَقَرَأَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَجْدَةً ثُمَّ سَجَدَ قَالَ فَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ فَسَمِعْتُهُ وَهُوَ يَقُولُ مِثْلَ مَا أَخْبَرَهُ الرَّجُلُ عَنْ قَوْلِ الشَّجَرَةِ.

1831 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى ﷲنىڭ ئەلچىسى! بۈگۈن كېچە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلىۋاتقۇدەكمەن، ئۇ دەرەخمۇ سەجدىلىرىمگە ماسلىشىپ سەجدە قىلىۋاتقۇدەك. مەن ئۇ دەرەخنىڭ سەجدە قىلىۋېتىپ: ”ئى ﷲ! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدا سەجدەمنىڭ باراۋىرىدە بۈيۈك مۇكاپات يازغىن ۋە ئۇنىڭ باراۋىرىدە گۇناھىمنى ئۆچۈرۋەتكىن. بۇ سەجدىنى مەن ئۈچۈن دەرگاھىڭدا ئەسقاتىدىغان بايلىق قىلغىن. شۇنداقلا، ئۇنى بەندەڭ داۋۇدتىن قوبۇل قىلغىنىڭدەك، مەندىنمۇ قوبۇل قىلغىن“ دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ـ

[1] ئەلبانى (2723): سەھىھ ـ دېگەن.

دېدى.

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەجدە ئايىتىنى قىرائەت قىلىپ، سەجدىگە بارغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ چۈشىدىكى دەرەخكە ئوخشاش دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم[1].

(تىرمىزى: 579)

1832 - عَنْ أَبِي بَكْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ إِذَا جَاءَهُ أَمْرُ سُرُورٍ أَوْ بُشرَ بِهِ خَر سَاجِدًا شَاكِرًا لِلهِ.

1832 ـ ئەبۇ بەكرە سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر خۇشاللىق يەتسە ياكى خۇش خەۋەر بېرىلسە، ﷲقا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن سەجدە قىلاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2774)

1833 - عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ مَكةَ نُرِيدُ الْمَدِينَةَ فَلَما كُنا قَرِيبًا مِنْ عَزْوَرَا نَزَلَ ثُم رَفَعَ يَدَيْهِ فَدَعَا اللهَ سَاعَةً ثُم خَر سَاجِدًا فَمَكَثَ طَوِيلًا ثُم قَامَ فَرَفَعَ يَدَيْهِ فَدَعَا اللهَ سَاعَةً ثُم خَر سَاجِدًا فَمَكَثَ طَوِيلًا ثُم قَامَ فَرَفَعَ يَدَيْهِ سَاعَةً ثُم خَر سَاجِدًا ذَكَرَهُ أَحْمَدُ ثَلَاثًا قَالَ إِني سَأَلْتُ رَبي وَشَفَعْتُ لِأُمتِي فَأَعْطَانِي ثُلُثَ أُمتِي فَخَرَرْتُ سَاجِدًا شُكْرًا لِرَبي ثُم رَفَعْتُ رَأْسِي فَسَأَلْتُ رَبي لِأُمتِي فَأَعْطَانِي ثُلُثَ أُمتِي فَخَرَرْتُ سَاجِدًا لِرَبي شُكْرًا ثُم رَفَعْتُ رَأْسِي فَسَأَلْتُ رَبي لِأُمتِي فَأَعْطَانِي الثلُثَ الْآخِرَ فَخَرَرْتُ سَاجِدًا لِرَبي.

1833 ـ ئامىر ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە مەككىدىن مەدىنىگە بېرىشنى مەقسەت قىلىپ

[1] ئەلبانى (473): ھەسەن. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى(2412): سەھىھ ـ دېگەن.

يولغا چىققان ئىدۇق. ئەزۋەرا دېگەن جايغا يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، الله تائالاغا دۇئا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇزۇن سەجدە قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، الله تائالاغا يەنە دۇئا قىلدى، ئاندىن سەجدە قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە دۇئا قىلدى. ئاندىن يەنە سەجدە قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «مەن پەرۋەردىگارىمدىن ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىشنى سورىسام، ئۇ ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ئۈچتىن بىرىگە شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بەردى. پەرۋەردىگارىمغا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن سەجدىگە باردىم. كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، پەرۋەردىگارىمدىن ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت سورىدىم. ئۇ ماڭا يەنە ئۈچتىن بىرىگە شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بەردى. يەنە رەببىمگە شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن سەجدىگە باردىم. ئاندىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۈممىتىم ئۈچۈن رەببىمدىن يەنە شاپائەت سورىدىم، ئۇ ماڭا ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەرۋەردىگارىمغا سەجدە قىلدىم»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2775)

1834 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى يَوْمَ بُشرَ بِرَأْسِ أَبِي جَهْلٍ رَكْعَتَيْنِ.

1834 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەبۇ جەھلنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر بېرىلگەن كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى[2].

(ئىبنى ماجە: 1391)

[1] ئەلبانى (590): زەئىپ. ـ دىگەن.

[2] ئەلبانى (296): زەئىپ. ـ دىگەن.

## جۇمە نامىزىنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ ئۆزرىسىز كىشىلەرگە پەرزلىكى، جۇمە كۈنى غۇسلى قىلىش ۋە ئۇندىن باشقا پائالىيەتلەرنىڭ بايانى

1835 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ اغْتَسَلَ يَـوْمَ الْجُمُعَةِ غُسْلَ الْجَنَابَةِ ثُم رَاحَ فَكَأَنمَا قَربَ بَدَنَةً وَمَنْ رَاحَ فِي الساعَةِ الثانِيَةِ فَكَأَنمَا قَربَ بَقَرَةً وَمَنْ رَاحَ فِي الساعَةِ الثالِثَةِ فَكَأَنمَا قَربَ كَبْشًا أَقْرَنَ وَمَنْ رَاحَ فِي الساعَةِ الرابِعَةِ فَكَأَنمَا قَربَ دَجَاجَةً وَمَنْ رَاحَ فِي الساعَةِ الْخَامِسَةِ فَكَأَنمَا قَربَ بَيْضَةً فَإِذَا خَرَجَ الْإِمَامُ حَضَرَتْ الْمَلَائِكَةُ يَسْتَمِعُونَ الذكْرَ.

1835 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جۇمە كۈنى جۇنۇبلۇقتىن غۇسلى قىلغاندەك غۇسلى قىلىپ، جۇمەگە بىرىنچى بولۇپ كەلسە، ئۇ ئادەم گويا بىر تۆگە سەدىقە قىلغاندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى ئىككىنچى بولۇپ كەلسە، ئۇ خۇددى بىر كالا سەدىقە قىلغاندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى ئۈچىنچى بولۇپ كەلسە، ئۇ مۈڭگۈزلۈك بىر قوچقار سەدىقە قىلغاندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى تۆتىنچى بولۇپ كەلسە، ئۇ بىر توخۇ سەدىقە قىلغاندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى بەشىنچى بولۇپ كەلسە، بىر تال تۇخۇم سەدىقە قىلغاندەك ساۋاب ئالىدۇ. ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققاندا، ساۋاب يازىدىغان پەرىشتىلەر كېلىپ خۇتبە تىڭشايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 499)

1836 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَانَ

[1] ئەلبانى (413): سەھىھ - دېگەن.

يَوْمُ الْجُمُعَةِ كَانَ عَلَى كُلِّ بَابٍ مِنْ أَبْوَابِ الْمَسْجِدِ الْمَلَائِكَةُ يَكْتُبُونَ الْأَوَّلَ فَالْأَوَّلَ فَإِذَا جَلَسَ الْإِمَامُ طَوَوْا الصُّحُفَ وَجَاءُوا يَسْتَمِعُونَ الذِّكْرَ.

1836 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جۈمە كۈنىدە ھەرقانداق مەسجىدنىڭ ھەر بىر دەرۋازىسى ئالدىدا، بىر ـ بىرىدىن بالدۇر كەلگەن ئادەملەرنى تىزىملايدىغان پەرىشتىلەر تۇرۇشىدۇ. ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققاندا، ئۇلار دەپتەرلىرىنى قاتلىۋېتىپ، كېلىپ خۇتبە تىڭشايدۇ».

(بۇخارى: 3211)

1837 - وَفِي رِوَايَةٍ: وَمَثَلُ الْمُهَجِّرِ كَمَثَلِ الَّذِي يُهْدِي الْبَدَنَةَ ثُمَّ كَالَّذِي يُهْدِي بَقَرَةً ثُمَّ كَالَّذِي يُهْدِي الْكَبْشَ ثُمَّ كَالَّذِي يُهْدِي الدَّجَاجَةَ ثُمَّ كَالَّذِي يُهْدِي الْبَيْضَةَ.

1837 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسجىدكە بالدۇر كەلگەن كىشى تۆگە سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋاب ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن كىشى كالا سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋاب ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگىنى قوچقار سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋاب ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن كىشى توخۇ سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋاب ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگىنى تۇخۇم سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋاب ئالىدۇ».

(مۇسلىم: 1416)

1838 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ تَقْعُدُ الْمَلَائِكَةُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ عَلَى أَبْوَابِ الْمَسْجِدِ يَكْتُبُونَ النَّاسَ عَلَى مَنَازِلِهِمْ فَالنَّاسُ فِيهِ كَرَجُلٍ قَدَّمَ بَدَنَةً وَكَرَجُلٍ قَدَّمَ بَقَرَةً وَكَرَجُلٍ قَدَّمَ شَاةً وَكَرَجُلٍ قَدَّمَ دَجَاجَةً وَكَرَجُلٍ قَدَّمَ عُصْفُورًا وَكَرَجُلٍ قَدَّمَ بَيْضَةً.

1838 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«پەرىشتىلەر جۈمە كۈنلىرى مەسجىد دەرۋازىلىرى ئالدىدا جۈمە نامىزىغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ دەرىجىلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئولتۇرۇشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەسجىدكە كېلىشتىكى دەرىجىلىرى تۆۋەندىكىچە: بىر تۆگە سەدىقە بەرگەندەك بولىدىغانلىرى، بىر كالا سەدىقە بەرگەندەك بولىدىغانلىرى، بىر قوي سەدىقە بەرگەندەك بولىدىغانلىرى، بىر توخۇ سەدىقە بەرگەندەك بولىدىغانلىرى، بىر قۇشقاچ سەدىقە بەرگەندەك بولىدىغانلىرى ۋە بىر تۇخۇم سەدىقە بەرگەندەك بولىدىغانلىرى بار»[1].

(نەسائى: 1387)

1839 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَوَضأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ ثُم أَتى الْجُمُعَةَ فَاسْتَمَعَ وَأَنْصَتَ غُفِرَ لَهُ مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجُمُعَةِ وَزِيَادَةُ ثَلَاثَةِ أَيامٍ وَمَنْ مَس الْحَصَى فَقَدْ لَغَا.

1839 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى تاھارەتنى كامىل ئالغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزىغا كېلىپ، خۇتبىنى ئىخلاس بىلەن تىڭشىسا، ئۇنىڭ شۇندىن كېيىنكى ئون كۈنلۈك گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. كىمكى خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا يەردىكى ئۇششاق تاشنى ئوينىسا، بۇ ساۋابتىن قۇرۇق قالىدۇ».

(مۇسلىم: 857)

1840 - عَنْ سَلْمَانَ الْفَارِسِي قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَغْتَسِلُ رَجُلٌ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَيَتَطَهرُ مَا اسْتَطَاعَ مِنْ طُهْرٍ وَيَدهِنُ مِنْ دُهْنِهِ أَوْ يَمَس مِنْ طِيبِ بَيْتِهِ ثُم يَخْرُجُ فَلَا يُفَرقُ بَيْنَ اثْنَيْنِ ثُم يُصَلي مَا كُتِبَ لَهُ ثُم يُنْصِتُ إِذَا تَكَلمَ الْإِمَامُ إِلا غُفِرَ لَهُ مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجُمُعَةِ

[1] ئەلبانى (1314): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

الْأُخْرَى.

1840 ـ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ، ئىمكانىنىڭ بېرىچە پاكىزلىنىپ، چاچ ـ ساقال ۋە بەدەنلىرىنى مايلاپ، ئۆيىدىكى خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى ئىشلىتىپ، ئاندىن مەسجىدكە كەلسە ۋە ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاتلاپ ئۆتمەستىن، قانچىلىك ناماز ئوقۇغۇسى كەلسە ئوقۇپ بولۇپ، ئىمامنىڭ خۇتبىسىگە شۈك ئولتۇرۇپ قۇلاق سالسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ جۈمەدىن يەنە بىر جۈمە كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

(بۇخارى: 883)

1841 - عن أَوْسُ بْنُ أَوْسٍ الثقفِي قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ غَسلَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَاغْتَسَلَ ثُم بَكرَ وَابْتَكَرَ وَمَشَى وَلَمْ يَرْكَبْ وَدَنَا مِنْ الْإِمَامِ فَاسْتَمَعَ وَلَمْ يَلْغُ كَانَ لَهُ بِكُل خُطْوَةٍ عَمَلُ سَنَةٍ أَجْرُ صِيَامِهَا وَقِيَامِهَا.

1841 ـ ئەۋس ئىبنى ئەۋس سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئۆيىدىن بالدۇر چىقسا ۋە پىيادە مېڭىپ، مەسجىدكە بىرىنچى بولۇپ كەلسە، ئاندىن ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇپ، ھېچبىر نەرسە ئويىنىماي، خۇتبىنى تىڭشىسا، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن بىر يىل كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ناماز ئوقۇغاننىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 345)

1842 - عَنْ عَتِيقٍ أَبِي بَكْرٍ، وعَنْ عِمْرَانَ بن حُصَيْنٍ الْخُزَاعِي، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "مَنِ اغْتَسَلَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ كُفِرَتْ ذُنُوبُهُ وَخَطَايَاهُ، فَإِذَا أَخَذَ فِي

[1] ئەلبانى (333): سەھىھ ـ دېگەن.

الْمَشْيِ كُتِبَ لَهُ بِكُلِّ خَطْوَةٍ عِشْرُونَ حَسَنَةً، فَإِذَا انْصَرَفَ مِنَ الصلاةِ أُجِيزَ بِعَمَلِ مِـ ـائَتَيْ سَنَةٍ".

1842 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ۋە ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ۋە يامانلىقلىرى قىرىپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ جۈمە نامىزىغا باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن 20 ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. نامازدىن قايتقاندا بولسا، ئۇنىڭغا 200 يىل ياخشىلىق قىلغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 18/139؛ «ئەلئەۋسەت»)

1843 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ النبِيِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَحْضُرُ الْجُمُعَةَ ثَلَاثَةُ نَفَرٍ رَجُلٌ حَضَرَهَا يَلْغُو وَهُوَ حَظهُ مِنْهَا وَرَجُلٌ حَضَرَهَا يَدْعُو فَهُوَ رَجُلٌ دَعَا اللهَ عَز وَجَل إِنْ شَاءَ أَعْطَاهُ وَإِنْ شَاءَ مَنَعَهُ وَرَجُلٌ حَضَرَهَا بِإِنْصَاتٍ وَسُكُوتٍ وَلَمْ يَتَخَط رَقَبَـ ـةَ مُسْلِمٍ وَلَمْ يُؤْذِ أَحَدًا فَهِيَ كَفارَةٌ إِلَى الْجُمُعَةِ التِي تَلِيهَا وَزِيَادَةِ ثَلَاثَةِ أَيامٍ وَذَلِكَ بِأَن اللهَ عَز وَجَل يَقُولُ مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا.

1843 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «جۈمەگە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەم كېلىدۇ: بىرىنچىسى، ئۇنى - بۇنى تۇتۇپ ئوينايدىغان ياكى خۇتبىگە قۇلاق سالماي، باشقىلار بىلەن مۇڭدىشىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ جۈمە نامىزىدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى پەقەتلا شۇ بولىدۇ. ئىككىنچىسى، دۇئا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەم، الله تائالا خالىسا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ، خالىمىسا بەرمەيدۇ. ئۈچىنچىسى، خۇتبىنى جىم تۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن

[1] ھەيسەمى (3061): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زەھھاك ئىبنى ھۇمرە ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مەئىن ۋە نەسائى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا سانىغان، ـ دېگەن.

ئاڭلايدىغان، ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ گەدىنىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئازار بەرمەيدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئوقۇغان جۇمە نامىزى شۇ جۇمەدىن تارتىپ ئون كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿كىم بىر ياخشىلىقنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئون ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى دەلىل بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1113)

1844- عن عَطَاء الْخُرَاسَانِي عَنْ مَوْلَى امْرَأَتِهِ أُم عُثْمَانَ قَالَ سَمِعْتُ عَلِيًّا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَلَى مِنْبرِ الْكُوفَةِ يَقُولُ إِذَا كَانَ يَوْمُ الْجُمُعَةِ غَدَتْ الشيَاطِينُ بِرَايَاتِهَا إِلَى الْأَسْوَاقِ فَيَرْمُونَ الناسَ بِالتَرَابِيثِ أَوْ الرَبَائِثِ وَيُثَبطُونَهُم عَنْ الْجُمُعَةِ وَتَغْدُو الْمَلَائِكَةُ فَيَجْلِسُونَ عَلَى أَبْوَابِ الْمَسْجِدِ فَيَكْتُبونَ الرجُلَ مِنْ سَاعَةٍ وَالرجُلَ مِنْ سَاعَتَيْنِ حَتى يَخْرُجَ الْإِمَامُ فَإِذَا جَلَسَ الرجُلُ مَجْلِسًا يَسْتَمْكِنُ فِيهِ مِنْ الِاسْتِمَاعِ وَالنظَرِ فَأَنصَتَ وَلَم يَلْغُ كَانَ لَهُ كِفْلَانِ مِنْ أَجْرٍ فَإِنْ نَأَى وَجَلَسَ حَيْثُ لَا يَسْمَعُ فَأَنصَتَ وَلَمْ يَلْغُ لَهُ كِفْلٌ مِنْ أَجْرٍ وَإِنْ جَلَسَ مَجْلِسًا يَسْتَمْكِنُ فِيهِ مِنْ الِاسْتِمَاعِ وَالنظَرِ فَلَغَا وَلَمْ يُنْصِتْ كَانَ لَهُ كِفْلٌ مِنْ وِزْرٍ وَمَنْ قَالَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ لِصَاحِبِهِ صَهٍ فَقَدْ لَغَا وَمَنْ لَغَا فَلَيْسَ لَهُ فِي جُمُعَتِهِ تِلْكَ شَيْءٌ ثُم يَقُولُ فِي آخِرِ ذَلِكَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ ذَلِكَ.

1844 ـ ئەتا خۇراسانى ئۆزىنىڭ ئايالى ئۇممۇ ئوسماننىڭ ئازادگەردىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۇفە شەھىرىدە مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

ـ شەيتانلار ھەر جۈمە كۈنى سەھەردە بايراقلىرىنى بازارلارغا قاداپ، كىشىلەرنى جۈمە نامىزىدىن توسىدىغان سەۋەب، خىياللارنى ئاتقىلى تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر بولسا، ئەتىگەندە مەسجىد دەرۋازىلىرى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تاكى ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققانغا قەدەر كىمنىڭ بىرىنچى، كىمنىڭ ئىككىنچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى

[1] سۈرە ئەنئام، 160ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەلبانى (984): ھەسەن، ـ دېگەن.

يېزىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قانداقلا بىر ئادەم ئىمامنى كۆرۈپ تۇرغان ھالدا خۇتبە تىڭشىيالايدىغان ئورۇندا ھېچ بىر بىھۇدە سۆز ۋە ھەرىكەت قىلماستىن، جىم ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشىسا، ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلىيالمايدىغان چەترەك يەردە ھېچ بىر بىھۇدە سۆز ۋە ھەرىكەت قىلماستىن شۈك ئولتۇرسا، ئۇنىڭغا بىر ئەجىر بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىمامنى كۆرۈپ تۇرغان ھالدا خۇتبە ئاڭلىيالايدىغان يەردە ئولتۇرسا، بىراق جىم ئولتۇرماي بىھۇدە سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلسا، ئۇنىڭغا بىر گۇناھ بولىدۇ. كىمكى خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا يېنىدىكى قېرىندىشىغا: ”شۈك ئولتۇر!“ دېسىمۇ، بىھۇدە گەپ قىلغان بولىدۇ. كىمكى بىھۇدە گەپ قىلسا، ئوقۇغان جۇمە نامىزىدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1051)

1845 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهُ قَالَ مَنْ اغْتَسَلَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَمَس مِنْ طِيبِ امْرَأتِهِ إنْ كَانَ لَهَا وَلَبِسَ مِنْ صَالِحِ ثِيَابِهِ ثُم لَمْ يَتَخَط رِقَابَ الناسِ وَلَمْ يَلْغُ عِنْدَ الْمَوْعِظَةِ كَانَتْ كَفارَةً لِمَا بَيْنَهُمَا وَمَنْ لَغَا وَتَخَطى رِقَابَ الناسِ كَانَتْ لَهُ ظُهْرًا.

1845 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جۇمە كۈنى غۇسلى قىلىپ، ھېچ بولمىغاندا ئايالىنىڭ خۇشپۇراق بۇيۇملىرىدىن بولسىمۇ ئىشلىتىپ، كىيىمنىڭ ياخشىسىنى كىيىپ، مەسجىدكە كەلسە ۋە باشقىلارنىڭ گەدىنىدىن ئاتلاپ ئۆتمەي، خۇتبىنى گەپ قىلماي تىڭشىسا، ئۇنىڭ ئىككى جۇمە ئارىلىقىدىكى گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ. كىمكى خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا

[1] ئەلبانى (230): زەئىپ، ـ دېگەن.

گەپ قىلىدىكەن ۋە باشقىلارنىڭ گەدەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتىدىكەن، جۇمە نامىزى ئۇنىڭ ئۈچۈن پېشىن نامىزىنىڭ ھېسابىدا بولىدۇ[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 347)

1846 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْجُمُعَةُ عَلَى كُل مَنْ سَمِعَ الندَاءَ.

1846 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:
«جۇمە نامىزى ئەزاننى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشىگە پەرزدۇر»[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 1056)

1847 - عَنْ طَارِقِ بْنِ شِهَابٍ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْجُمُعَةُ حَق وَاجِبٌ عَلَى كُل مُسْلِمٍ فِي جَمَاعَةٍ إِلا أَرْبَعَةً عَبْدٌ مَمْلُوكٌ أَوْ امْرَأَةٌ أَوْ صَبِي أَوْ مَرِيضٌ.

1847 ـ تارىق ئىبنى شىھاب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:
«جامائەت بىلەن جۇمە نامىزى ئوقۇش تۆت تۈرلۈك كىشىدىن باشقا ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز بولۇپ، بۇ تۆت تۈرلۈك ئادەم تۆۋەندىكىچە: قۇل، ئايال كىشى، كىچىك بالا ۋە كېسەل ئادەم»[3].
(ئەبۇ داۋۇد: 1067)

1848 - عَنْ ثُوَيْرٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَهْلِ قُبَاءَ عَنْ أَبِيهِ وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَمَرَنَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نَشْهَدَ الْجُمُعَةَ مِنْ قُبَاءَ.

1848ـ سۇۋەير، دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان قۇبالىق بىر ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ

[1] ئەلبانى (335): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (233): زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (942): سەھىھ ـ دېگەن.

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى جۈمە نامىزى ئۈچۈن قۇبادىن مەدىنىگە (مەسجىدى نەبەۋىگە) كېلىشكە بۇيرىدى[1].

(تىرمىزى: 501)

1849 - وَقَدْ رُوِيَ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ الْجُمُعَةُ عَلَى مَنْ آوَاهُ اللَّيْلُ إِلَى أَهْلِهِ وَهَذَا حَدِيثٌ إِسْنَادُهُ ضَعِيفٌ.

1849 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جۈمە نامىزى ــ كېچىسى ئۆيىگە خاتىرجەم قايتالايدىغان ھەرقانداق كىشىگە پەرزدۇر»[2].

(تىرمىزى: 501)

1850 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي، قَالَ: خَطَبَنا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَوْمٍ، فَقَالَ: "إِن اللهَ كَتَبَ عَلَيْكُمُ الْجُمُعَةَ فِي مَقَامِي هَذَا، فِي سَاعَتِي هَذِهِ، فِي يَوْمِي هَذَا، فِي شَهْرِي هَذَا، فِي عَامِي هَذَا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ، مَنْ تَرَكَهَا مِنْ غَيْرِ عُذْرٍ مَعَ إِمَامٍ عَادِلٍ أَوْ إِمَامٍ جَائِرٍ فَلا جُمِعَ لَهُ شَمْلُهُ وَلا بُورِكَ لَهُ فِي أَمْرِهِ، أَلا وَلا صَلاةَ لَهُ، أَلا وَلا حَج لَهُ، أَلا وَلا بِر لَهُ، أَلا وَلا صَدَقَةَ لَهُ".

1850 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە ئوقۇۋېتىپ مۇنداق دېدى:

«شۈبھىسىزكى، الله تائالا سىلەرگە جۈمە نامىزىنى مۇشۇ تۇرغان ئورنۇمدا، مۇشۇ سائەت، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ يىلدا قىيامەتكە قەدەر پەرز قىلدى. كىمكى جۈمە نامىزىنى ئۆزرىسىز تۇرۇپ، ئىمام مەيلى ئادىل ياكى زالىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە

[1] ئەلبانى (76): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (76): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ئوقۇمىسا، اللە ئۇنىڭغا بىرلىك ئاتا قىلمايدۇ ۋە ئىشلىرىغا بەرىكەت بەرمەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس، ھەجى ھەج ئەمەس، قىلغان ياخشىلىقى ياخشىلىق ئەمەس، قىلغان سەدىقىسىمۇ قوبۇل ئەمەس»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

1851 - عَنْ أَبِي الْجَعْدِ يَعْنِي الضمْرِي وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ فِيمَا زَعَمَ مُحَمَّدُ بْنُ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَرَكَ الْجُمُعَةَ ثَلَاثَ مَراتٍ تَهَاوُنًا بِهَا طَبَعَ اللهُ عَلَى قَلْبِهِ.

1851 ـ ئەبۇ جەئد زەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىپەرۋالىق قىلىپ جۈمە نامىزىنى ئۇدا ئۈچ قېتىم ئوقۇمىسا، اللە ئۇنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋېتىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 500)

1852 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا هَلْ عَسَى أَحَدُكُمْ أَنْ يَتخِذَ الصبةَ مِنْ الْغَنَمِ عَلَى رَأْسِ مِيلٍ أَوْ مِيلَيْنِ فَيَتَعَذرَ عَلَيْهِ الْكَلَأُ فَيَرْتَفِعَ ثُم تَجِيءُ الْجُمُعَةُ فَلَا يَجِيءُ وَلَا يَشْهَدُهَا وَتَجِيءُ الْجُمُعَةُ فَلَا يَشْهَدُهَا وَتَجِيءُ الْجُمُعَةُ فَلَا يَشْهَدُهَا حَتى يُطْبَعَ عَلَى قَلْبِهِ.

1852 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇڭلاركى، پات يېقىندا مۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ: بىرىڭلار قوي بېقىش ئۈچۈن شەھەردىن بىر ياكى ئىككى مىل[3]

[1] ھەيسەمى (3029): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئەتىيە باھىلى ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (414): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[3] بىر مىل ـ 1609 مېتىرغا تەڭ.

يىراقلىشىدۇ. ئوت - چۆپ تاپالمىغانسېرى، قويلىرىنى ھەيدەپ تۆپىلىكلەرگە ئۆرلەيدۇ. بۇ ئارىدا، جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ نامازغا كېلەلمەيدۇ. يەنە بىر جۈمە كېلىدۇ، ئۇ يەنە كېلەلمەيدۇ. ئۈچىنچى جۈمە كېلىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ دىلى پېچەتلىنىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 1127)

1853- عن الْحَكَمُ بْنُ مِينَاءَ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ وَأَبا هُرَيْرَةَ حَدثَاهُ أنهُمَا سَمِعَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ عَلَى أَعْوَادِ مِنْبرِهِ لَيَنْتَهِيَن أَقْوَامٌ عَنْ وَدْعِهِمْ الْجُمُعَاتِ أَوْ لَيَخْتِمَن اللهُ عَلَى قُلُوبِهِمْ ثُم لَيَكُونُن مِنْ الْغَافِلِينَ.

1853 ـ ھەكەم ئىبنى مىنائەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز مۇنبىرىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن:

«بىر تۈركۈم كىشىلەر جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشتىن ۋاز كەچسۇن. ئۇنداق قىلمىسا، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەلۋەتتە غاپىللاردىن بولۇپ كېتىدۇ».

(مۇسلىم: 865)

1854 - عَنْ عَلْقَمَةَ قَالَ خَرَجْتُ مَعَ عَبْدِ اللهِ إِلَى الْجُمُعَةِ فَوَجَدَ ثَلَاثَةً وَقَدْ سَبَقُوهُ فَقَالَ رَابِعُ أَرْبَعَةٍ وَمَا رَابِعُ أَرْبَعَةٍ بِبَعِيدٍ إني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن الناسَ يَجْلِسُونَ مِنْ اللهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى قَدْرِ رَوَاحِهِمْ إِلَى الْجُمُعَاتِ الْأَولَ وَالثانِيَ وَالثالِثَ ثُم قَالَ رَابِعُ أَرْبَعَةٍ وَمَا رَابِعُ أَرْبَعَةٍ بِبَعِيدٍ.

1854 ـ ئەلقەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا چىقتىم. ئۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن مەسجىدكە كېلىپ

[1] ئەلبانى (925): ھەسەن، ـ دېگەن.

بولغانلىقىنى كۆرۈپ: مەن تۆتىنىڭ تۆتىنچىسى، تۆتىنىڭ تۆتىنچىسى (اللهنىڭ رەھمىتى ئۈچۈن ئانچە) يىراق ئەمەس. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەقىقەتەن، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار الله تائالانىڭ ئەتراپىدا ئۆزلىرىنىڭ جۈمە نامازلىرىغا بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى بولۇپ بېرىشتىكى دەرىجىلىرىگە لايىق ئورۇن ئالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن تۆتىنىڭ تۆتىنچىسى بوپتىمەن، مەنچە تۆت كىشىنىڭ تۆتىنچىسى بولۇش الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئانچە يىراق ئەمەس، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 1094)

1855 - عَنْ عَبْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِقَوْمٍ يَتَخَلفُونَ عَنْ الْجُمُعَةِ لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آمُرَ رَجُلًا يُصَلي بِالناسِ ثُم أُحَرقَ عَلَى رِجَالٍ يَتَخَلفُونَ عَنْ الْجُمُعَةِ بُيُوتَهُمْ.

1855 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە نامىزىغا كەلمەيدىغانلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلارنى جامائەتكە ئىمام قىلىپ قويۇپ، ئۆزەم جۈمە نامىزىغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋەتكۈم كېلىدۇ».

(مۇسلىم: 652)

1856 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَرَكَ الْجُمُعَةَ مِنْ غَيْرِ عُذْرٍ فَلْيَتَصَدقْ بِدِينَارٍ فَإِنْ لَمْ يَجِدْ فَبِنِصْفِ دِينَارٍ.

1856 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزرىسىز تۇرۇپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇمىسا، بىر تىللا سەدىقە بەرسۇن. ئۇنىڭغا ئىمكانى بولمىسا، يېرىم تىللا سەدىقە بەرسىمۇ

[1] ئەلبانى (226): زەئىپ، ـ دېگەن.

بولىدۇ»[1].

(نەسائى: 1372)

1857 - وَفِي رِوَايَة: فَلْيَتَصَدَّقْ بِدِرْهَمٍ أَوْ بِنِصْفِ دِرْهَمٍ أَوْ صَاعِ حِنْطَةٍ أَوْ بِنِصْفِ صَاعٍ.

1857 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىر ياكى يېرىم تەڭگە؛ بىر ياكى يېرىم سا[2] بۇغداي سەدىقە بەرسۇن» دېيىلگەن[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1054)

1858 - عن عَبْدِ اللهِ بْنُ الْحَارِثِ ابْنِ عَمِّ مُحَمَّدِ بْنِ سِيرِينَ أَنَّ ابْنَ عَبَّاسٍ قَالَ لِمُؤَذِّنِهِ فِي يَوْمٍ مَطِيرٍ إِذَا قُلْتُ أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ فَلَا تَقُلْ حَيَّ عَلَى الصَّلَاةِ قُلْ صَلُّوا فِي بُيُوتِكُمْ فَكَأَنَّ النَّاسَ اسْتَنْكَرُوا ذَلِكَ فَقَالَ قَدْ فَعَلَ ذَا مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنِّي إِنَّ الْجُمُعَةَ عَزْمَةٌ وَإِنِّي كَرِهْتُ أَنْ أُخْرِجَكُمْ فَتَمْشُونَ فِي الطِّينِ وَالْمَطَرِ.

1858 ـ مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يامغۇرلۇق بىر جۈمە كۈنى ئۆزىنىڭ مۇئەززىنىگە: «ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دەپ بولغاندىن كېيىن: «ھەييە ئەلەسسالاھ (نامازغا كېلىڭلار)» دېمەي: «نامازنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار» دېگىن! ــ دېدى. بۇنى توغرا تاپمىغان جامائەت ئېتىراز بىلدۈردى. ئۇ:

ــ بۇ ئىشنى مەندىنمۇ خەيرلىكرەك بىرى قىلغانىدى. جۈمە نامىزى (جامائەت بىلەن ئوقۇش) پەرز بولغان بىر ئىبادەتتۇر. ئەمما مەن سىلەرنىڭ پاتقاق ۋە يامغۇردا ئەزىيەت تارتىپ يۈرۈشۈڭلارنى خالىمىدىم، ـ دېدى[4].

(ئەبۇ داۋۇد: 1066)

---

[1] ئەلبانى (75): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] بىر سا ـ تەخمىنەن 1.170 كىلوگىرامغا تەڭ.

[3] ئەلبانى (232): زەئىپ، ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (941): سەھىھ ـ دېگەن.

1859 - عن عَمْرو بْنُ سُلَيْمٍ الْأَنصَارِي قَالَ أَشْهَدُ عَلَى أَبِي سَعِيدٍ قَالَ أَشْهَدُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْغُسْلُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَاجِبٌ عَلَى كُلِّ مُحْتَلِمٍ وَأَنْ يَسْتَن وَأَنْ يَمَس طِيبًا إِنْ وَجَدَ قَالَ عَمْرٌو أَما الْغُسْلُ فَأَشْهَدُ أَنهُ وَاجِبٌ وَأَما الِاسْتِنَانُ وَالطيبُ فَاللهُ أَعْلَمُ.

1859 ـ ئەمىر ئىبنى سۇلەيم ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ سەئىد مۇنداق دېدى: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىش بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق كىشىگە ۋاجىپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىشى، مۇمكىن بولسا، خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى ئىشلىتىشمۇ لازىم» دېگەن.

ئەمىر مۇنداق دەيدۇ: غۇسلى قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئەمما مىسۋاك ۋە خۇشپۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش (نىڭ ھۆكمى)نى بولسا، الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

(بۇخارى: 880)

1860 - عن سَالِم بْنُ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ بَيْنَا هُوَ يَخْطُبُ الناسَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ دَخَلَ رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَادَاهُ عُمَرُ أَيةُ سَاعَةٍ هَذِهِ فَقَالَ إِني شُغِلْتُ الْيَوْمَ فَلَمْ أَنْقَلِبْ إِلَى أَهْلِي حَتى سَمِعْتُ الندَاءَ فَلَمْ أَزِدْ عَلَى أَنْ تَوَضأْتُ قَالَ عُمَرُ وَالْوُضُوءَ أَيْضًا وَقَدْ عَلِمْتَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَأْمُرُ بِالْغُسْلِ.

1860 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە جۈمە خۇتبىسى سۆزلەۋاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى مەسجىدكە كىردى. ئۆمەر ئۇنى چاقىرىپ:

ــ بۇ قايسى سائەت؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ بۈگۈن بەك كۆپ ئىشىم بار ئىدى، ئەزان ئوقۇلغىچە ئۆيگىمۇ قايتالمىدىم، شۇڭا تاھارەت ئېلىپلا كەلدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر:

ـ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جۇمە كۈنى غۇسلى تاھارەت ئېلىڭلار!» دېگىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، كېچىكىپ كەلگەننىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى تاھارەت ئېلىپلا كەلدىڭمۇ؟ ـ دېدى.

(مۇسلىم: 845)

1861 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ كَانَ الناسُ يَنْتَابُونَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ مِنْ مَنَازِلِهِمْ وَالْعَوَالِي فَيَأْتُونَ فِي الْغُبَارِ يُصِيبُهُمْ الْغُبَارُ وَالْعَرَقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُمْ الْعَرَقُ فَأَتى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْسَانٌ مِنْهُمْ وَهُوَ عِنْدِي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ أَنكُمْ تَطَهرْتُمْ لِيَوْمِكُمْ هَذَا.

1861 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر جۇمە كۈنى ئەۋالىدىكى[1] تۇرالغۇ جايلىرىدىن جۇمەگە نۆۋەتلىشىپ كېلەتتى، يولدا كەلگۈچە چاڭ ـ توزاندا قالاتتى ۋە تەرگە چۆمۈلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن سېسىق تەر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. بىر كۈنى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ھۇجرامدا تۇرغاندا، ئۇلاردىن بىرى كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بۇ ھالنى كۆرۈپ): «سىلەر مۇشۇ كۈن ئۈچۈن ئالاھىدە يۇيۇنۇپ پاكىز بولساڭلار، ياخشى بولاتتى» دېدى.

(بۇخارى: 902).

1862 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدب قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَوَضأَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَبِهَا وَنِعْمَتْ وَمَنْ اغْتَسَلَ فَالْغُسْلُ أَفْضَلُ.

1862 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جۇمە كۈنى تاھارەت ئېلىش نېمىدېگەن گۈزەل؟! غۇسلى قىلىش

[1] ئەۋالى: مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقان، مەدىنىدىن ئۈچ ـ تۆت مىل يىراقلىقتىكى مەھەللىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

تاھارەت ئېلىشتىنمۇ ئەۋزەلدۇر»[1].

(تىرمىزى: 497)

1863 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا عَلَى أَحَدِكُمْ لَوْ اتخَذَ ثَوْبَيْنِ لِجُمُعَتِهِ سِوَى ثَوْبَيْ مَهْنَتِهِ.

1863 ـ يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىش قىلىدىغان كىيىمىڭلاردىن باشقا، جۈمە نامىزى ئۈچۈن بىر قۇر كىيىم ئاتاپ قويالامسىلەر؟» دېگەن.

(مالىك: 244)

1864 - عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: "كَانَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَوْبَانِ يَلْبَسُهُمَا فِي جُمُعَتِهِ، فَإِذَا انْصَرَفَ طَوَيْنَاهُمَا إِلَى مِثْلِهَا".

1864 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۈمە كۈنى مەخسۇس كىيىدىغان بىر قۇر كىيىمى بار بولۇپ، جۈمەدىن كېيىن، ئۇ كىيىملەرنى يەنە بىر جۈمە ئۈچۈن قاتلاپ ئېلىپ قوياتتۇق[2].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلسەغىر»: 424)

1865 - عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ بْنِ الْجَراحِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَا مِنَ الصلَوَاتِ صَلاةٌ أَفْضَلَ مِنْ صَلاةِ الْفَجْرِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فِي الْجَمَاعَةِ، وَمَا أَحْسَبُ مَنْ شَهِدَهَا مِنْكُمْ إِلا مَغْفُورًا لَهُ".

1865 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنى جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بامدات نامازدىن ئەۋزەلرەك ناماز يوق. سىلەردىن ئۇ نامازغا ھازىر بولغانلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت

[1] ئەلبانى (411): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3074): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەسلى راۋىيلاردىن چۈشۈپ قالغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

قىلىندى دەپلا ئويلايمەن»[1].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلكەبىر»؛ بەززار)

1866 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ "يُقَلِّمُ أَظْفَارَهُ، وَيَقُصُّ شَارِبَهُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ، قَبْلَ أَنْ يَرُوحَ إِلَى الصلاةِ".

1866 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى نامازغا چىقىشتىن بۇرۇن تىرناقلىرىنى ئالاتتى، بۇرۇتىنى قىسقارتاتتى[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ بەززار)

1867 - عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ قَلَّمَ أَظْفَارَهُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وُقِيَ مِنَ السوءِ إِلَى مِثْلِهَا".

1867 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جۈمە كۈنى تىرناقلىرىنى ئالسا، يەنە بىر جۈمە كەلگىچە يامانلىقتىن ساقلىنىدۇ»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

1868 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "أَكْثِرُوا الصلاةَ عَلَي فِي الليْلَةِ الزهْرَاءِ وَالْيَوْمِ الأَزْهَرِ، فَإِن صَلاَتَكُمْ تُعْرَضُ عَلَي".

1868 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى،

---

[1] ھەيسەمى (3020): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زەھر ۋە ئەلى ئىبنى يەزىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3036): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى قۇدامە ئىسىملىك بىرى بار. بەززار: ئەگەر ئۇنىڭ ھەدىسى يالغۇز سەنەد بىلەن كەلسە، دەلىل قىلىشقا بولمايدۇ، ـ دېگەنىدى. بۇ ھەدىسى يالغۇز سەنەد بىلەن كەلگەن. ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (3037): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھمەد ئىبنى سابىت ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«نۇرلۇق كېچە ۋە پارلاق كۈندۈزدە (يەنى جۈمە كۈنى كېچىسى ۋە كۈندۈزى) ماڭا كۆپ رەھمەت ۋە سالام يوللاڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ يوللىغان سالىمىڭلار ماڭا كۆرسىتىلىدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

1869-عن أبي سعيد الخدري أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول: "خمس من عملهن في يوم كتبه الله من أهل الجنة: من صام يوم الجمعة، وراح إلى الجمعة، وشهد جنازة وأعتق رقبة"، قلت: وسقط: "وعاد مريضاً" فيما أحسب.

1869 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەش تۈرلۈك ئىش بار بولۇپ، كىمكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈندە ئورۇندىيالىسا، الله ئۇنى جەننەت ئەھلىدىن دەپ يازىدۇ. ئۇ بەش ئىش تۆۋەندىكىچە: جۈمە كۈنى روزا تۇتۇش، جۈمە نامىزىغا بېرىش، جۈمە كۈنى جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش ۋە قۇل ئازاد قىلىش».

رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئويلىشىمچە، «كېسەل يوقلاش» دېگەن ئاخىرقى ئىش رىۋايەتتىن چۈشۈپ قالغان.[②]

(ئەبۇ يەئلا: 1044)

1870 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ، قَالَ: "مَنْ صَلى الْجُمُعَةَ، وَصَامَ يَوْمَهُ، وَعَادَ مَرِيضًا، وَشَهِدَ جَنَازَةً، وَشَهِدَ نِكَاحًا، وَجَبَتْ لَهُ الْجَنةُ".

1870 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جۈمە كۈنى روزا تۇتسا، جۈمە نامىزىنى ئوقۇسا، كېسەل

[①] ھەيسەمى (3025): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلمۇنئىم ئىبنى بەشىر ئەنسارى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3027): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

يوقلىسا، جىنازە نامىزىغا قاتناشسا ۋە تويغا قاتناشسا، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشى ۋاجىپ بولىدۇ[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 2369)

[1] ھەيسەمى (3028): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ھەفس ئەۋسابى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. لېكىن ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان، - دېگەن.

## جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى، ئەزىنى، خۇتبىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار

1871 - عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ كَانَ يُصَلي الْجُمُعَةَ حِينَ تَمِيلُ الشمْسُ.

1871 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە نامىزىنى كۈن تىكلىشىپ بولۇپ، سەل ـ پەل قايرىلغاندا ئوقۇيتتى.

(بۇخارى: 904)

1872 – عَنْ أَنسٍ بْن مَالِكٍ يَقُولُ كَانَ النبِى - صلى الله عليه وسلم - إِذَا اشْتَد الْبَرْدُ بَكرَ بِالصلاَةِ، وَإِذَا اشْتَد الْحَر أَبْرَدَ بِالصلاَةِ، يَعْنِى الْجُمُعَةَ.

1872 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە نامىزىنى ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتكەندە، بالدۇرراق ئوقۇسا، قاتتىق ئىسسىق بولۇپ كەتكەندە، سەل كېچىكىپرەك ئوقۇيتتى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 906)

1973- عَنْ سَهْلٍ بِهَذَا وَقَالَ مَا كُنا نَقِيلُ وَلَا نَتَغَدى إِلا بَعْدَ الْجُمُعَةِ .

1873 ـ سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز جۈمە كۈنى چۈشلۈك تاماقنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن يەيتتۇق، چۈشلۈك ئۇيقۇنىمۇ جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۇخلايتتۇق.

(بۇخارى: 939)

1874 - عن إِيَاسَ بْنَ سَلَمَةَ بْنِ الْأَكْوَعِ يُحَدثُ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كُنا نُصَلي مَعَ رَسُولِ

اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجُمُعَةَ ثُم نَرْجِعُ وَلَيْسَ لِلْحِيطَانِ فَيْءٌ يُسْتَظَل بِهِ.

1874 ـ ئىياس ئىبنى سەلەمە ئىبنى ئەكۋە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ قايتقىنىمىزدا، تاملارنىڭ (سايىداپ ئولتۇرغۇدەك) سايىسى چۈشمەيتتى①.

(نەسائى: 1391)

1875 - عَنْ السائِبِ بْنِ يَزِيدَ قَالَ كَانَ النِّدَاءُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ أَوَّلُهُ إِذَا جَلَسَ الْإِمَامُ عَلَى الْمِنْبَرِ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَلَمَّا كَانَ عُثْمَانُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَكَثُرَ الناسُ زَادَ النِّدَاءَ الثالِثَ عَلَى الزوْرَاءِ.

1875 ـ سائىب ئىبنى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ زامانىدا جۈمە نامىزىنىڭ بىرىنچى ئەزىنى ئىمام مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇرغاندا ئېيتىلاتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، جامائەت كۆپىيىپ كەتكەچكە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەۋرادا② ئوقۇلىدىغان ئۈچىنچى ئەزاننى پەيدا قىلدى (شۇندىن كېيىن شۇ يوسۇندا داۋاملاشتى).

(بۇخارى: 912)

1876- عن جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَخْطُبُ قَائِمًا ثُم يَجْلِسُ ثُم يَقُومُ فَيَخْطُبُ قَائِمًا فَمَنْ نَبأَكَ أَنهُ كَانَ يَخْطُبُ جَالِسًا فَقَدْ كَذَبَ فَقَدْ وَاللهِ صَليْتُ مَعَهُ أَكْثَرَ مِنْ أَلْفَيْ صَلَاةٍ .

1876 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيتتى، ئارىدا ئولتۇراتتى. ئاندىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ داۋام قىلاتتى. كىمكى:

---

① ئەلبانى (1318): سەھىھ ـ دېگەن.

② زەۋرا دېگەن مەدىنىدىكى بازارغا يېقىن بىر جاينىڭ نامى.

"پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى" دېسە، يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىككى مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق ناماز ئوقۇدۇم.

(مۇسلىم: 862)

1877 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْطُبُ خُطْبَتَيْنِ كَانَ يَجْلِسُ إِذَا صَعِدَ الْمِنْبَرَ حَتى يَفْرُغَ أُرَاهُ قَالَ الْمُؤَذنُ ثُم يَقُومُ فَيَخْطُبُ ثُم يَجْلِسُ فَلَا يَتَكَلمُ ثُم يَقُومُ فَيَخْطُبُ.

1877 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى. مۇنبەرگە چىقىپ، مۇئەززىن ئەزاننى تۈگەتكۈچە ئولتۇراتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇتبە ئوقۇشقا باشلايتتى. ئاندىن ئولتۇراتتى ۋە ھېچ سۆز قىلمايتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە خۇتبە ئوقۇيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1092)

1978 - عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ قَالَ دَخَلَ الْمَسْجِدَ وَعَبْدُ الرحْمَنِ ابْنُ أُم الْحَكَمِ يَخْطُبُ قَاعِدًا فَقَالَ انْظُرُوا إِلَى هَذَا الْخَبِيثِ يَخْطُبُ قَاعِدًا وَقَالَ اللهُ تَعَالَى وَإِذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْوًا انْفَضوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِمًا.

1878 ـ كەئب ئىبنى ئۇجرە مەسجىدكە كىرىپ، ئابدۇراھمان ئىبنى ئۇممۇلھەكەمنىڭ ئولتۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا:

ـ ماۋۇ ئەدەپسىزنىڭ ئولتۇرۇپ خۇتبە ئوقۇشىغا قاراڭلار! ۋاھالەنكى، الله تائالا قۇرئان كەرىمدە: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگرىدۇ دېگەن تۇرسا؟! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 864)

[1] ئەلبانى (967) : (سەھىھ) دېگەن .

1879 - عَنْ عُمَارَةَ بْنِ رُؤَيْبَةَ قَالَ رَأَى بِشْرَ بْنَ مَرْوَانَ عَلَى الْمِنْبَرِ رَافِعًا يَدَيْهِ فَقَالَ قَبَّحَ اللهُ هَاتَيْنِ الْيَدَيْنِ لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يَزِيدُ عَلَى أَنْ يَقُولَ بِيَدِهِ هَكَذَا وَأَشَارَ بِإِصْبَعِهِ الْمُسَبِّحَةِ .

1879 ـ ئۇمارە ئىبنى رۇئەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىشر ئىبنى مەرۋاننىڭ مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋېتىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

ـ ﷲ بۇ ئىككى قولۇڭنى قۇرۇتۇۋەتسۇن! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولى بىلەن مۇنداقلا ئىشارەت قىلغىنىدىن باشقىنى كۆرمىگەن ئىدىم، ـ دېدى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.

(مۇسلىم: 874)

1880 - حَدثَنَا عن الْحَكَمُ بْنُ حَزْنٍ الْكُلَفِي قال: شَهِدْنَا فِيهَا الْجُمُعَةَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ مُتَوَكِئًا عَلَى عَصًا أَوْ قَوْسٍ فَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ كَلِمَاتٍ خَفِيفَاتٍ طَيِّبَاتٍ مُبَارَكَاتٍ ثُم قَالَ أَيهَا الناسُ إِنكُمْ لَنْ تُطِيقُوا أَوْ لَنْ تَفْعَلُوا كُل مَا أُمِرْتُمْ بِهِ وَلَكِنْ سَدِّدُوا وَأَبْشِرُوا.

1880 ـ ھەكەم ئىبنى ھەزەن كۇلەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇردۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاسا (ياكى يا ئوقىغا) تايىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇدى. ئۇ يەڭگىل، گۈزەل ۋە مۇبارەك كەلىمىلەر بىلەن ﷲ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن:

«ئى خالايىق! سىلەر بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاشقا كۈچۈڭلار يەتمەيدۇ ياكى ئورۇندىيالمايسىلەر. شۇڭا توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، (بۇ ئارقىلىق بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىڭلاردىن) خۇش بېشارەت ئېلىڭلار» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1096)

[1] ئەلبانى (971): ھەسەن، ـ دېگەن.

1881 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا خَطَبَ احْمَرتْ عَيْنَاهُ وَعَلَا صَوْتُهُ وَاشْتَد غَضَبُهُ حَتى كَأَنهُ مُنْذِرُ جَيْشٍ يَقُولُ صَبحَكُمْ وَمَساكُمْ وَيَقُولُ بُعِثْتُ أَنا وَالساعَةُ كَهَاتَيْنِ وَيَقْرُنُ بَيْنَ إِصْبَعَيْهِ السبابَةِ وَالْوُسْطَى وَيَقُولُ أَما بَعْدُ فَإِن خَيْرَ الْحَدِيثِ كِتَابُ اللهِ وَخَيْرُ الْهُدَى هُدَى مُحَمدٍ وَشَر الْأُمُورِ مُحْدَثَاتُهَا وَكُل بِدْعَةٍ ضَلَالَةٌ ثُم يَقُولُ أَنا أَوْلَى بِكُل مُؤْمِنٍ مِنْ نَفْسِهِ مَنْ تَرَكَ مَالًا فَلِأَهْلِهِ وَمَنْ تَرَكَ دَيْنًا أَوْ ضَيَاعًا فَإِلَي وَعَلَي.

1881 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلىگەندە، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى. ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ: «دۈشمەن سىلەرگە ئەتىگەن ۋەيا ئاخشامدا بېسىپ كېلىدۇ» دەپ قەۋمىنى جىددىي ئاگاھلاندۇرغۇچىدەك كۈچەپ سۆزلەيتتى. كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەشتۈرۈپ: «مېنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشىم بىلەن قىيامەت قايىم بولۇشىنىڭ ئارىسىدا مانا مۇشۇ ئىككى بارماقنىڭ ئارىسىدەك ۋاقىت قالدى» دەيتتى. ئاندىن: «مەقسەتكە كەلسەك: سۆزنىڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ كىتابى؛ يولنىڭ ياخشىسى مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ يولى؛ ئىشلارنىڭ يامىنى يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلار؛ بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر» دەيتتى. ئاندىن يەنە: «مەن ھەر قانداق مۇئمىنگە (ئىگىدارچىلىق قىلىشتا) ئۆزىدىنمۇ ئارتۇقراقتۇرمەن. كىمكى مال - بايلىقىنى قالدۇرسا، ئۆزىنىڭ ئەھلىگە قالدۇرىدۇ. كىمكى قەرز ياكى بالا - چاقىلىرىنى قالدۇرسا، ماڭا قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا قاراش ۋە قەرزلىرىنى ئادا قىلىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىمدۇر» دەيتتى.

(مۇسلىم: 867)

1882 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا تَشَهدَ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ نَسْتَعِينُهُ وَنَسْتَغْفِرُهُ وَنَعُوذُ بِاللهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا مَنْ يَهْدِهِ اللهُ فَلَا مُضِل لَهُ وَمَنْ

يُضْلِلْ فَلَا هَادِيَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ أَرْسَلَهُ بِالْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا بَيْنَ يَدَيْ السَّاعَةِ مَنْ يُطِعْ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ رَشَدَ وَمَنْ يَعْصِهِمَا فَإِنَّهُ لَا يَضُرُّ إِلَّا نَفْسَهُ وَلَا يَضُرُّ اللَّهَ شَيْئًا.

1882 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇغاندا مۇنداق باشلايتتى:

«بارلىق مەدھىيە ئاللاھقىلا خاستۇر، (بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ ياردىمىنى سورايمىز، ئاللاھتىن بارلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلەيمىز. نەپسى - خاھىشىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. (ئىستىلىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرۇۋېتەلمەيدۇ، (ئىستىلىنىڭ پاسسىپلىقى ۋە ھەق ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلىشى بىلەن) ئاللاھ تۇيۇق يولغا كىرىپتار قىلىپ قويغان كىشىنى قانداقتۇر بىر كىشى توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ. يېگانە ئاللاھتىن باشقا چوقۇنۇشقا لايىق ھېچ بىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ قىيامەتتىن بۇرۇن خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلغان كىشى توغرا يول تاپىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان كىشى پەقەت ئۆزى زىيان تارتىدۇ، ئاللاھقا ئۇنىڭ ھېچ بىر زىيىنى يەتمەيدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1097)

1883 - وفي رواية: عَنْ يُونُسَ أَنَّهُ سَأَلَ ابْنَ شِهَابٍ عَنْ تَشَهُّدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَذَكَرَ نَحْوَهُ قَالَ وَمَنْ يَعْصِهِمَا فَقَدْ غَوَى وَنَسْأَلُ اللَّهَ رَبَّنَا أَنْ يَجْعَلَنَا مِمَّنْ يُطِيعُهُ وَيُطِيعُ رَسُولَهُ وَيَتَّبِعُ رِضْوَانَهُ وَيَجْتَنِبُ سَخَطَهُ فَإِنَّمَا نَحْنُ بِهِ وَلَهُ.

[1] ئەلبانى (238): زەئىپ، ـ دېگەن.

1883 - يەنە بىر رىۋايەتتە يۇنۇسنىڭ ئىبنى شىھابتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۈمە كۈنلىرى ئوقۇيدىغان خۇتبىسى توغرۇلۇق سورىغانلىقى، ئىبنى شىھابنىڭمۇ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش رىۋايەت قىلىپ بەرگەنلىكى، لېكىن ئۇنىڭ: «الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغانلار ئازىدۇ. بىز رەببىمىز اللهتىن بىزنى اللهقا ۋە اللهنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىدىغان، اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىستەيدىغان، غەزىپىنى قوزغايدىغان ھەر قانداق ئىشتىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەر قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمىز. بىزنىڭ ھەر ئىشىمىز اللهنىڭ ياردىمى بىلەندۇر، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقىمىز الله ئۈچۈندۇر» دېگەن جۈملىلەرنى قوشۇپ سۆزلەپ بەرگەنلىكى زىكرى قىلىنغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1097)

1884 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ كَانَتْ صَلَاةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَصْدًا وَخُطْبَتُهُ قَصْدًا يَقْرَأُ آيَاتٍ مِنْ الْقُرْآنِ وَيُذَكِّرُ النَاسَ.

1884 - جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىمۇ، خۇتبىسىمۇ (ئۇزۇن - قىسقىلىقتا) نورمال ئىدى. ئۇ، قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەتنى ئوقۇپ، كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلاتتى.[2]

(ئەبۇ داۋۇد: 1101)

1885 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ السوَائِي قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُطِيلُ الْمَوْعِظَةَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ إِنمَا هُن كَلِمَاتٌ يَسِيرَاتٌ.

---

[1] ئەلبانى (239): زەئىپ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (974): ھەسەن - دېگەن.

1885 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە سۇۋائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى خۇتبىنى ئۇزارتىۋەتمەيتتى، قىلىدىغان سۆزلىرى پەقەت بىر قانچە كەلىمىدىنلا ئىبارەت ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1107)

1886 ـ عن عَمار فَأَوْجَزَ رفعه: إن طُولَ صَلَاةِ الرجُل وَقِصَرَ خُطْبَتِهِ مَئِنَّـةٌ مِـنْ فِقْهِهِ فَأَطِيلُوا الصلَاةَ وَاقْصُرُوا الْخُطْبَةَ وَإِن مِنْ الْبَيان سِحْرًا.

1886 ـ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىراۋنىڭ نامىزىنىڭ ئۇزۇن، خۇتبىسىنىڭ قىسقا بولۇشى، ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. نامازنى ئۇزۇن، خۇتبىنى قىسقا ئوقۇڭلار. چۈنكى بەزى كەلىمىلەردە ئىنساننى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچ بولىدۇ (ناتىقلىق كىشىلەرنى جەلىپ قىلىدىغان بىر ئۇسلۇبتۇر)».

(مۇسلىم: 869)

1887 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا اسْتَوَى عَلَى الْمِنْبَرِ اسْتَقْبَلْنَاهُ بِوُجُوهِنَا.

1887 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىققاندا، بىز ئۇنىڭغا ئالدىمىزنى قىلىپ ئولتۇراتتۇق[2].

(تىرمىزى: 509)

1888 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل خُطْبَةٍ لَيْسَ فِيهَا تَشَهدٌ فَهِيَ كَالْيَدِ الْجَذْمَاءِ.

1888 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

[1] ئەلبانى (979): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (420): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەلىمە شاھادەتسىز ئوقۇلغان خۇتبە خۇددى كېسىپ تاشلانغان قولغا ئوخشايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1106)

1889 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَطَبَهُمْ فَقَالَ أَما بَعْدُ.

1889 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇغاندا: «ئەمما بەئدۇ» (يەنى مەقسەتكە كەلسەك) دەپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4973)

1890 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل كَلَامٍ لَا يُبْدَأُ فِيهِ بِالْحَمْدُ لِلهِ فَهُوَ أَجْذَمُ.

1890 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلانمىغان ھەر قانداق سۆز چولتىدۇر»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4840)

1891 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن كَعْبٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "كُل أَمرٍ ذِي بَالٍ لا يُبْدَأُ فِيهِ بِالْحَمْدِ أَقْطَعُ أَوْ أَجْزَمُ".

1891 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق

---

[1] ئەلبانى (883): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4159): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1031): زەئىپ ـ دېگەن.

ئىشنىڭ نەتىجىسى چولتا ياكى مۇۋەپپىقىيەتسىز بولىدۇ»[①].
(«ئەلكەبىر»)

1892 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ أَن نَبِي اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ احْضُرُوا الذكْرَ وَادْنُوا مِنْ الْإِمَامِ فَإِن الرجُلَ لَا يَزَالُ يَتَبَاعَدُ حَتى يُؤَخرَ فِي الْجَنةِ وَإِنْ دَخَلَهَا.

1892 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خۇتبىگە ھازىر بولۇڭلار، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇڭلار. چۈنكى كىشى (ئالدىنقى سەپتىن ۋە بالدۇر كېلىپ خۇتبە ئاڭلاشتىن) يىراقلىشىۋەرسە، نەھايەت جەننەتكە كىرگەن تەقدىردىمۇ، كېچىكىپ كىرىدۇ»[②].
(ئەبۇ داۋۇد: 1108)

1893 - قَالَ أَبُو رِفَاعَةَ انْتَهَيْتُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَخْطُبُ قَالَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ رَجُلٌ غَرِيبٌ جَاءَ يَسْأَلُ عَنْ دِينِهِ لَا يَدْرِي مَا دِينُهُ قَالَ فَأَقْبَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَرَكَ خُطْبَتَهُ حَتى انْتَهَى إِلَي فَأُتِيَ بِكُرْسِي حَسِبْتُ قَوَائِمَهُ حَدِيدًا قَالَ فَقَعَدَ عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَعَلَ يُعَلمُنِي مِما عَلمَهُ اللهُ ثُم أَتَى خُطْبَتَهُ فَأَتَم آخِرَهَا.

1893 ـ ئەبۇ رىفائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ خۇتبە ئوقۇۋاتقان ئىكەن. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بولسام، دىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، (دىنى توغرىسىدا) سوئال سورىغىلى كەلگەن بىر غېرىب

① ھەيسەمى (3148): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەدەقە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئەبۇ ھاتەم ۋە دۇھەيم (بىر رىۋايەتتە) ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (980): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئادەممەن. - دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىسىنى دەرھال توختىتىپ، مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى. پۇتلىرى تۆمۈردىن ياسالغان بىر ئورۇندۇق كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، اللە ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ئىلىملەردىن ماڭا تەلىم بەردى. ئاندىن بېرىپ، خۇتبىسىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى.

(مۇسلىم: 876)

1894 - عَنْ مَالِكِ بن أَبِي عَامِرٍ أن عُثْمَانَ بنَ عَفانَ كَانَ يَقُولُ فِي خُطْبَتِهِ قَل مَا يَدَعُ ذَلِكَ إِذَا خَطَبَ إِذَا قَامَ الْإِمَامُ يَخْطُبُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَاسْتَمِعُوا وَأَنْصِتُوا فَإِن لِلْمُنْصِتِ الذِي لَا يَسْمَعُ مِنْ الْحَظِّ مِثْلَ مَا لِلْمُنْصِتِ السامِعِ فَإِذَا قَامَتْ الصلَاةُ فَاعْدِلُوا الصفُوفَ وَحَاذُوا بِالْمَنَاكِبِ فَإِن اعْتِدَالَ الصفُوفِ مِنْ تَمَامِ الصلَاةِ ثُم لَا يُكَبرُ حَتى يَأْتِيَهُ رِجَالٌ قَدْ وَكلَهُمْ بِتَسْوِيَةِ الصفُوفِ فَيُخْبِرُونَهُ أَنْ قَدْ اسْتَوَتْ فَيُكَبرُ.

1894 - مالىك ئىبنى ئەبۇ ئامىر مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە ئوقۇغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا مۇنۇ سۆزلەرنى تەكرارلايتتى:

— جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبىگە تۇرغاندا، شۈك ئولتۇرۇپ قۇلاق سېلىڭلار. (ئىمامنىڭ ئاۋازىنى) ئاڭلىيالمىسىمۇ جىم تۇرۇپ قۇلاق سالغان كىشى، (ئىمامنىڭ ئاۋازىنى) ئاڭلىيالىغان ھالدا قۇلاق سالغان كىشىگە ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ. نامازغا تەكبىر ئوقۇلغاندا، سەپلەرنى تۈزلەڭلار، مۈرىلەرنى تەكشى قىلىڭلار. چۈنكى نامازنىڭ كامىل بولۇشى سەپنىڭ تۈز بولۇشىغا باغلىق.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن، سەپلەرنى تۈزلەشكە ئاجراتقان كىشىلىرى كېلىپ: "سەپ رۇس بولدى" دەپ خەۋەر يەتكۈزمىگىچە، نامازنى باشلىماي ساقلاپ تۇراتتى.

(مالىك: 234)

1895 - عن سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيبِ أن أَبَا هُرَيْرَةَ أَخْبَرَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ

وَسَلمَ قَالَ إِذَا قُلْتَ لِصَاحِبِكَ أَنْصِتْ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَالْإِمَامُ يَخْطُبُ فَقَدْ لَغَوْتَ .

1895 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«جۇمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، يېنىڭدىكى ھەمراھىڭغا: ”جىم تۇر!“ دېسەڭمۇ، بىھۇدە سۆز قىلغان بولىسەن».

(مۇسلىم: 851)

1896 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُكَلمُ بِالْحَاجَةِ إِذَا نَزَلَ عَنْ الْمِنْبَرِ.

1896 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (جۇمە كۈنى) بىرەرسىنىڭ (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە) دېمەكچى بولغان بىرەر ئىشى بولسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردىن چۈشكەندىن كېيىن (نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن) دەۋېرەتتى[①].

(تىرمىزى: 517)

1897 - عَنْ ابْنِ أَبِي رَافِعٍ قَالَ اسْتَخْلَفَ مَرْوَانُ أَبَا هُرَيْرَةَ عَلَى الْمَدِينَةِ وَخَرَجَ إِلَى مَكةَ فَصَلى لَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ الْجُمُعَةَ فَقَرَأَ بَعْدَ سُورَةِ الْجُمُعَةِ فِي الركْعَةِ الْآخِرَةِ إِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ قَالَ فَأَدْرَكْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ حِينَ انْصَرَفَ فَقُلْتُ لَهُ إِنكَ قَرَأْتَ بِسُورَتَيْنِ كَانَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ يَقْرَأُ بِهِمَا بِالْكُوفَةِ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ بِهِمَا يَوْمَ الْجُمُعَةِ.

1897 ـ ئىبنى ئەبۇ رافىئ مۇنداق دەيدۇ: مەرۋان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىدە ئۆزىگە نائىب قىلىپ قويۇپ مەككىگە كەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە جۇمە نامىزىدا بىزگە ئىمام بولۇپ، بىرىنچى رەكئەتتە سۈرە جۇمەنى، ئىككىنچى رەكئەتتە سۈرە مۇنافىقۇننى ئوقۇدى.

[①] ئەلبانى (80): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

نامازدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

– ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇدۇڭ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كۇفەدە شۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇيتتى، - دېدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

– مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (جۈمە كۈنى) شۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، - دېدى.

(مۇسلىم: 877)

1898 - زاد في الأوسط: قال: "كان رسول الله صلى الله عليه وسلم مما يقرأ في صلاة الجمعة بالجمعة، فيحرض به المؤمنين، وفي الثانية بسورة المنافقين فيقرع به المنافقين".

1898 - تەبەرانى «ئەلئەۋسەت»تە مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە سۈرە جۈمەنى ئوقۇپ، مۆئمىنلەرنى ئۈرۈشقا ئۈندەيتتى، ئىككىنچى رەكئەتتە سۈرە مۇنافىقۇننى ئوقۇپ، مۇنافىقلارنى ئالاقزادە قىلاتتى①.

(«ئەلئەۋسەت»)

1899 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلَاةِ الْجُمُعَةِ بِسَبحْ اسْمَ رَبكَ الْأَعْلَى وَهَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ الْغَاشِيَةِ.

1899 - سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە نامىزىدا ئەئلا سۈرىسى بىلەن غاشىيە سۈرىسىنى ئوقۇيتتى②.

(ئەبۇ داۋۇد: 1125)

1900 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَتَبَ الضحاكُ بْنُ قَيْسٍ إِلَى النعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ

① ھەيسەمى (3167): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، - دېگەن.

② ئەلبانى (995): سەھىھ - دېگەن.

يَسْأَلُهُ أَي شَيْءٍ قَرَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ سِوَى سُورَةِ الْجُمُعَةِ فَقَالَ كَانَ يَقْرَأُ هَلْ أَتَاكَ.

1900 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەھھاك ئىبنى قەيس نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە نامىزىدا سۈرە جۈمەدىن باشقا قايسى سۈرىنى ئوقۇيتتى؟ ـ دەپ سوراپ خەت يازدى. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ سۈرە غاشىيەنى ئوقۇيتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 878)

1901 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلَاةِ الْفَجْرِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ الم تَنْزِيلُ السجْدَةِ وَهَلْ أَتَى عَلَى الْإِنْسَانِ حِينٌ مِنْ الدهْرِ وَأَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلَاةِ الْجُمُعَةِ سُورَةَ الْجُمُعَةِ وَالْمُنَافِقِينَ.

1901 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە ئىنساننى؛ جۈمە نامىزىدا بولسا، سۈرە جۈمە بىلەن سۈرە مۇنافىقۇننى ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 879)

1902 - عَنْ أُم هِشَامٍ بِنْتِ حَارِثَةَ بْنِ النعْمَانِ قَالَتْ لَقَدْ كَانَ تَنورُنَا وَتَنورُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاحِدًا سَنَتَيْنِ أَوْ سَنَةً وَبَعْضَ سَنَةٍ وَمَا أَخَذْتُ ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ إِلا عَنْ لِسَانِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَؤُهَا كُل يَوْمِ جُمُعَةٍ عَلَى الْمِنْبَرِ إِذَا خَطَبَ الناسَ.

1902 ـ ئۇممۇ ھىشام بىنتى ھارىسە ئىبنى نۇئماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىزنىڭ تونۇرىمىز بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تونۇرى ئىككى ياكى بىر يېرىم يىلدەك بىر ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر جۈمە كۈنى

خۇتبىسىدە سۈرە قافنى ئوقۇيتتى. مەن سۈرە قافنى ئەنە شۇ تەرىقىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغزىدىن ئۆگەنگەنىدىم.

(مۇسلىم: 873)

1903 - عَنْ أُبَي بْنِ كَعْبٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ تَبَارَكَ وَهُوَ قَائِمٌ.

1903 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمە كۈنى ئۆرە تۇرۇپ تەبارەك سۈرىسىنى (يەنى سۈرە مۇلكنى) ئوقۇغان[1].

(ئىبنى ماجە: 1111)

1904 - عَنْ صَفْوَانَ بْنِ يَعْلَى عَنْ أَبِيهِ أَنهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ عَلَى الْمِنْبَرِ وَنَادَوْا يَا مَالِكُ.

1904 ـ سەفۋان ئىبنى يەئلادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: «ونادوا يامالك»[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن.

(بۇخارى: 3266)

1905 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَدْرَكَ مِنْ صَلَاةِ الْجُمُعَةِ رَكْعَةً فَقَدْ أَدْرَكَ.

1905 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جۇمە نامىزىدىن بىر رەكئەتكە ئۈلگۈرگەن كىشى جۇمە نامىزىغا ئۈلگۈرگەن ھېسابلىنىدۇ»[3].

(نەسائى: 1425)

---

[1] ئەلبانى (912): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە زۇخرۇف، 77 ـ ئايەت. تەرجىمىسى: ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختىكى مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ.

[3] ئەلبانى (78): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

1906 - عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذِ بْنِ أَنسٍ الْجُهَنِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَخَطى رِقَابَ الناسِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ اتخَذَ جِسْرًا إِلَى جَهَنمَ.

1906 ـ سەھل ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنىي دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«جۈمە كۈنى مەسجىدتە كىشىلەرنىڭ گەدىنىدىن ئاتلاپ ئۆتكەن كىشى (ئۆزىنى) جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان بىر كۆۋرۈك سالغان بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 513)

1907 - عَنْ أَبِي الزبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي قَالَ لَا يُقِيمَن أَحَدُكُمْ أَخَاهُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ ثُم لْيُخَالِفْ إِلَى مَقْعَدِهِ فَيَقْعُدَ فِيهِ وَلَكِنْ يَقُولُ افْسَحُوا.

1907 ـ ئەبۇ زۇبەير جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جۈمە نامىزىغا كېچىكىپ بارغانلار قېرىندىشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرماي: "ماڭا يەر بوشىتىپ بېرىڭلار!" دېسۇن».

(مۇسلىم: 2178)

1908 - عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذٍ عَنْ أَبِيهِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ الْحِبْوَةِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَالْإِمَامُ يَخْطُبُ.

1908 ـ سەھل ئىبنى مۇئاز دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئىمام جۈمە خۇتبىسى ئوقۇۋاتقاندا زوڭ ئولتۇرۇشتىن چەكلىدى[2].

(تىرمىزى: 514)

[1] ئەلبانى (79): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (424): ھەسەن، ـ دېگەن.

1909 - عَنْ يَعْلَى بْنِ شَدَادِ بْنِ أَوْسٍ قَالَ شَهِدْتُ مَعَ مُعَاوِيَةَ بَيْتَ الْمَقْدِسِ فَجَمَعَ بِنَا فَنظَرْتُ فَإِذَا جُل مَنْ فِي الْمَسْجِدِ أَصْحَابُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَأَيْتُهُمْ مُحْتَبِينَ وَالْإِمَامُ يَخْطُبُ.

قَالَ أَبُو دَاوُد كَانَ ابْنُ عُمَرَ يَحْتَبِي وَالْإِمَامُ يَخْطُبُ وَأَنَسُ بْنُ مَالِكٍ وَشُرَيْحٌ وَصَعْصَعَةُ بْنُ صُوحَانَ وَسَعِيدُ بْنُ الْمُسَيبِ وَإِبْرَاهِيمُ النخَعِي وَمَكْحُولٌ وَإِسْمَعِيلُ بْنُ مُحَمدِ بْنِ سَعْدٍ وَنُعَيْمُ بْنُ سَلَامَةَ قَالَ لَا بَأْسَ بِهَا قَالَ أَبُو دَاوُد وَلَمْ يَبْلُغْنِي أَن أَحَدًا كَرِهَهَا إِلا عُبَادَةَ بْنَ نُسَي.

1909 - يەئلا ئىبنى شەدداد ئىبنى ئەۋس مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بەيتۇلمۇقەددەسكە باردىم. جۈمە نامىزىغا مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمام بولدى. مەسجىدتىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىدى. ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، قارىسام، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەئسەئە ئىبنى سۇھان، ئىبنى مۇسەييەب، ئىبراھىم نەخەئى، مەكھۇل، ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئد ۋە نۇئەيم ئىبنى سەلامە قاتارلىق زاتلارمۇ ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا زوڭ ئولتۇراتتى. شۇڭا خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا، زوڭ ئولتۇرسىمۇ بولىدۇ. مەن ئۇبباد ئىبنى نۇسەيدىن باشقا كىشىنىڭ: "ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، زوڭ ئولتۇرسا يامان بولىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم①.

(ئەبۇ داۋۇد: 1111)

1910 - عن عمرو بن شعيب عن أبيه عن جده: أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نهى عن التحلق يوم الجمعة قبل الصلاة.

1910 - ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ

① ئەلبانى (241): زەئىپ، - دېگەن.

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى جۈمە نامىزىدىن بۇرۇن ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇشتىن توستى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

1911 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ لَما اسْتَوَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ قَالَ اجْلِسُوا فَسَمِعَ ذَلِكَ ابْنُ مَسْعُودٍ فَجَلَسَ عَلَى بَابِ الْمَسْجِدِ فَرَآهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ تَعَالَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ.

1911 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر جۈمە كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقىپ بولۇپ:

- ئولتۇرۇڭلار! - دېدى، بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال مەسجىد دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىدىلا ئولتۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ:

- ئى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد! بۇياققا كەل، - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1091)

1912 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَنهُ قَالَ إِن أَولَ جُمُعَةٍ جُمعَتْ بَعْدَ جُمُعَةٍ فِي مَسْجِدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي مَسْجِدِ عَبْدِ الْقَيْسِ بِجُوَاثَى مِنْ الْبَحْرَيْنِ.

1912 - ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: (ئىسلام تارىخىدا) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدىن كېيىن، تۇنجى جۈمە نامىزى بەھرەيننىڭ جۇۋاسى يېزىسىدىكى ئابدۇلقەيس مەسجىدىدە ئوقۇلغان، - دېگەن.

(بۇخارى: 892)

1913 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ وَكَانَ قَائِدَ أَبِيهِ بَعْدَ مَا ذَهَبَ بَصَرُهُ

---

[1] ئەلبانى (966): سەھىھ - دېگەن.

عَنْ أَبِيهِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ أَنَّهُ كَانَ إِذَا سَمِعَ النِّدَاءَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ تَرَحَّمَ لِأَسْعَدَ بْنِ زُرَارَةَ فَقُلْتُ لَهُ إِذَا سَمِعْتَ النِّدَاءَ تَرَحَّمْتَ لِأَسْعَدَ بْنِ زُرَارَةَ قَالَ لِأَنَّهُ أَوَّلُ مَنْ جَمَّعَ بِنَا فِي هَزْمِ النَّبِيتِ مِنْ حَرَّةِ بَنِي بَيَاضَةَ فِي نَقِيعٍ يُقَالُ لَهُ نَقِيعُ الْخَضَمَاتِ قُلْتُ كَمْ أَنْتُمْ يَوْمَئِذٍ قَالَ أَرْبَعُونَ.

1913 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك (دادىسىنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان بولۇپ، ئۇ ھەمىشە دادىسىنى يېتىلەپ يۈرەتتى) مۇنداق دەيدۇ: دادام (كەئب ئىبنى مالىك) جۈمە نامىزىنىڭ ئەزىنىنى ئاڭلىسىلا، ئەسئەد ئىبنى زۇرارەگە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلاتتى. مەن:

ـ ئەزاننى ئاڭلىساڭلا، ئەسئەد ئىبنى زۇرارەگە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلىسەن (بۇنىڭ بىرەر سەۋەبى بارمۇ؟) ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ چۈنكى ئۇ نەقىيئۇلخەزامات دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەردىكى بەنى بەيازە سايلىقىنىڭ ھەزمۇننەبىيت دېگەن جايىدا بىزنى تۇپلاپ، تۇنجى قېتىم جۈمە ئوقۇغان كىشىدۇر، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇ چاغدا سىلەر قانچە كىشى ئىدىڭلار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ 40 كىشى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1069)

1914 - عن معاذ بن جبل رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "إن أتخذ المنبر فقد اتخذه أبي إبراهيم صلى الله عليه وسلم، وإن أتخذ العصا فقد اتخذها أبي إبراهيم صلى الله عليه وسلم".

1914 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن مۇنبەر قوللانغان بولسام، دادام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنبەر قوللانغان. ھاسا قوللانغان بولسام، دادام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ھاسا قوللانغان»[2].

(بەززار: 633؛ «ئەلكەبىر»)

---

[1] ئەلبانى (944): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3103): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى مۇھەممەد تەيمى ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

1915 - عن سعد بن إبراهيم، عن أبيه، قال: أول من خطب على المنابر إبراهيم صلى الله عليه وسلم.

1915 ـ سەئد ئىبنى ئىبراھىم دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تۇنجى قېتىم مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

1916 - عَنِ ٱبْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَطَبَ وَظَهْرُهُ إِلَى الْمُلْتَزَمِ.

1916 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھەرەمدە) مۇلتەزەمگە[2] كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇغان[3].

(ئەھمەد: 3270)

1917 - عن ابن عمر قال: «كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دخل المسجد يوم الجمعة سلم على من عند منبره من الجلوس، فإذا صعد المنبر توجه إلى الناس، فسلم عليهم».

1917 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى مەسچىتكە كىرگەندە، مۇنبىرىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارغا سالام بېرەتتى، مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىن پۈتۈن جامائەتكە سالام بېرەتتى[4].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ھەيسەمى (3104): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى مۇنقەتىئتۇر، ـ دېگەن.

[2] كەئبىنىڭ دەرۋازىسى بىلەن رۇكنۇليەمانىي (يەمەن تەرەپتىكى بۇرجەكى) ئارىسىغا مۇلتەزەم، ـ دېيىلىدۇ.

[3] ھەيسەمى (3111): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئەممىل ئىسىملىك بىرى بار. ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[4] ھەيسەمى (3119): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىيسا ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ئەمما ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان، ـ دېگەن.

1918 - عن ابن عمر قال سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول إذا دخل أحدُكم المسجدَ والإمامُ على المنبرِ فلا صلاةَ ولا كلامَ حتى يفرغَ الإمامُ.

1918 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا مەسجىدكە كىرسەڭلار، خۇتبە تۈگىمىگىچە ناماز ئوقۇماڭلار، سۆزمۇ قىلماڭلار»[①].

(«ئەلكەبىر»)

1919 - عن جابر قال دخل النعمان بن قوقل ورسول الله صلى الله عليه وسلم يخطب يوم الجمعة فقال له النبي صلى الله عليه وسلم صل ركعتين تجوز فيهما فإذا جاء أحدكم يوم الجمعة والامام يخطب فليصل ركعتين وليخففهما.

1919 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر جۈمە كۈنى نۇئمان ئىبنى قەۋقەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا مەسجىدكە كىرگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «قىسقىغىنا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇ! (ئاندىن جامائەتكە قاراپ) جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا مەسجىدكە كىرسەڭلار، قىسقىغىنا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار!» دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»)

1920 - عَنْ مُعَاوِيَةَ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ الَّذِينَ يُشَقِّقُونَ الْكَلَامَ تَشْقِيقَ الشِّعْرِ.

1920 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

---

[①] ھەيسەمى (3120): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەييۇب ئىبنى نەھىك ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار. كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3122): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئۆزى رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا نۇئمان ئىبنى قەۋقەل تىلغا ئېلىنمىغان، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىنى شىئىرغا ئوخشاش قاپىيىلىك ئوقۇشقا تىرىشقانلارغا لەنەت ئوقۇغان[1].

(ئەھمەد: 16457؛ «ئەلكەبىر»: 361/19)

1921 - عن عبد الله بن بسر الحبراني قال رأيت عبد الله بن بسر صاحب رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا صلى الجمعة خرج فدار في السوق ساعة ثم رجع إلى المسجد فقيل له لم تفعل هذا فقال رأيت سيد المسلمين يفعله.

1921 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر ھەبرانى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، بازارغا بېرىپ بىرەر سائەت ئايلىنىۋېتىپ، ئاندىن يەنە مەسجىدكە قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭدىن:

ـ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

ـــ مەن مۇسۇلمانلارنىڭ خوجىسىنىڭ (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دېمەكچى) شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

1922 - عَنْ عِصْمَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "إِذَا صَلى أَحَدُكُمُ الْجُمُعَةَ، فَلاَ يُصَلي بَعْدَهَا شَيْئًا حَتى يَتَكَلَمَ أَوْ يَخْرُجَ".

1922 ـ ئىسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىرەر سۆز قىلمىغۇچە

[1] ھەيسەمى (3162): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جابىر جۇئفىي ئىسىملىك بىرى بار. كۆپىنچە ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3186): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ھىبرانى ئىسىملىك بىرى بار. يەھيا قەتتان ۋە كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

ياكى سىرتقا چىقىپ كىرمىگۈچە قايتا ناماز ئوقۇماڭلار»[①].

(«ئەلكەبىر» 181/17)

1923 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَرْكَعُ قَبْلَ الْجُمُعَةِ أَرْبَعًا، وَبَعْدَهَا أَرْبَعًا لا يَفْصِلُ بَيْنَهُن.

1923 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمەدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، جۈمەدىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى ۋە بۇ تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەتتىن قىلىپ ئايرىۋەتمەيتتى[②].

(«ئەلكەبىر»)

1924 - عَنْ أَوْسِ بْنِ أَوْسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن مِنْ أَفْضَلِ أَيامِكُمْ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فِيهِ خُلِقَ آدَمُ عَلَيْهِ السلَام وَفِيهِ قُبِR وَفِيهِ النفْخَةُ وَفِيهِ الصعْقَةُ فَأَكْثِرُوا عَلَي مِنْ الصلَاةِ فَإِن صَلَاتَكُمْ مَعْرُوضَةٌ عَلَي قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَكَيْفَ تُعْرَضُ صَلَاتُنَا عَلَيْكَ وَقَدْ أَرِمْتَ أَيْ يَقُولُونَ قَدْ بَلِيتَ قَالَ إِن اللهَ عَز وَجَل قَدْ حَرمَ عَلَى الْأَرْضِ أَنْ تَأْكُلَ أَجْسَادَ الْأَنْبِيَاءِ عَلَيْهِمْ السلَام.

1924 ـ ئەۋس ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— جۈمە كۈنى ئەڭ ئەۋزەل كۈنلەردىن بىرى بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى يارىتىلغان، جۈمە كۈنى ۋاپات تاپقان. (ئىنسانلارنىڭ قەبرىدىن چىقىشى ئۈچۈن چېلىنىدىغان) سۇرمۇ جۈمە كۈنىدە چېلىنىدۇ، (ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ) ئۆلۈشى ئۈچۈن تارتىلىدىغان سۇرمۇ جۈمە كۈنى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۈمە كۈنلىرى

---

① ھەيسەمى (3189): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە فەزل ئىبنى مۇختار ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (3190): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھۇججاج ئىبنى ئەرتەئە ۋە ئەتىييە ئەۋفىي ئىسىملىك ئىككى كىشى بار. ھەر ئىككىلىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

ماڭا كۆپ دۇرۇد ئوقۇڭلار، ئوقۇغان دۇرۇدۇڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئوقۇغان دۇرۇدلىرىمىز ساڭا قانداق يېتىپ تۇرىدۇ؟ سەن ئۇ چاغدا چىرىپ كېتىدىغان تۇرساڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ الله زېمىنغا پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسىتىنى يېيىشنى ھارام قىلغان، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1374)

1925 - عن كثير بن عبد الله بن عمرو بن عوف المزني عن أبيه عن جده عن النبي صلى الله عليه وسلم قال إن في الجمعة ساعة لا يسأل الله العبد فيها شيئا إلا آتاه الله إياه قالوا يا رسول الله أية ساعة هي قال حين تقام الصلاة إلى الانصراف منها.

1925 ـ كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئەۋف مۇزەنى دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جۈمە كۈنىدە بىر ۋاقىت بار بولۇپ، بەندە ئۇ ۋاقىتتا الله تائالادىن نېمىنى تىلىسە بېرىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قايسى ۋاقىت؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ، نامازغا (يەنى جۈمە نامىزىغا) تەكبىر ئېيتقاندىن باشلاپ تاكى نامازدىن قايتقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 490)

1926- عن أبي بردة بن أبي موسى الأشعري قال قال لي عبد الله بن عمر أسمعت أباك يحدث عن رسول الله صلى الله عليه وسلم في شأن ساعة الجمعة قال

[1] ئەلبانى (1301): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (75): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

قُلْتُ نَعَمْ سَمِعْتُهُ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ هِيَ مَا بَيْنَ أَنْ يَجْلِسَ الْإِمَامُ إِلَى أَنْ تُقْضَى الصلَاةُ.

1926 ـ ئەبۇ بۇردە ئىبنى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەندىن:

ـ سەن داداڭنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جۈمە كۈنى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت ھەققىدە بىر نەرسە ئاڭلىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ھەئە، بىلىمەن. مەن دادامدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇ ۋاقىت ئىمام مۇنبەرگە ئولتۇرغاندىن باشلاپ ناماز ئاخىرلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتا» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدىم.

(مۇسلىم: 853)

1927 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ يَوْمُ الْجُمُعَةِ ثِنْتَا عَشْرَةَ يُرِيدُ سَاعَةً لَا يُوجَدُ مُسْلِمٌ يَسْأَلُ اللهَ عَز وَجَل شَيْئًا إِلا أَتَاهُ اللهُ عَز وَجَل فَالْتَمِسُوهَا آخِرَ سَاعَةٍ بَعْدَ الْعَصْرِ.

1927 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جۈمە كۈنى 12 سائەتتۇر، ھەر قانداق بىر بەندە (جۈمە كۈنى) الله ئەززە ۋە جەللەدىن قانداق نەرسە تىلىسە، الله ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتنى (يەنى جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنى) ئەسىر نامىزىدىن كېيىن (يەنى كۈندۈزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن) ئىزدەڭلار!»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 1048)

1928 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ الْتَمِسُوا الساعَةَ التِي تُرْجَى فِي يَوْمِ الْجُمُعَةِ بَعْدَ الْعَصْرِ إِلَى غَيْبُوبَةِ الشمْسِ.

① ئەلبانى (926): سەھىھ ـ دېگەن.

1928 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن پاتقۇچە بولغان ئارىلىقتىن ئىزدەڭلار!»[1].
(تىرمىزى: 489)

1929 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ قَالَ خَرَجْتُ إِلَى الطورِ فَلَقِيتُ كَعْبَ الْأَحْبَارِ فَجَلَسْتُ مَعَهُ فَحَدثَنِي عَنْ التوْرَاةِ وَحَدثْتُهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَانَ فِيمَا حَدثْتُهُ أَنْ قُلْتُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْرُ يَوْمٍ طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشمْسُ يَوْمُ الْجُمُعَةِ فِيهِ خُلِقَ آدَمُ وَفِيهِ أُهْبِطَ مِنْ الْجَنةِ وَفِيهِ تِيبَ عَلَيْهِ وَفِيهِ مَاتَ وَفِيهِ تَقُومُ الساعَةُ وَمَا مِنْ دَابةٍ إِلا وَهِيَ مُصِيخَةٌ يَوْمَ الْجُمُعَةِ مِنْ حِينِ تُصْبِحُ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ شَفَقًا مِنْ الساعَةِ إِلا الْجِن وَالْإِنْسَ وَفِيهِ سَاعَةٌ لَا يُصَادِفُهَا عَبْدٌ مُسْلِمٌ وَهُوَ يُصَلي يَسْأَلُ اللهَ شَيْئًا إِلا أَعْطَاهُ إِياهُ قَالَ كَعْبٌ ذَلِكَ فِي كُل سَنَةٍ يَوْمٌ فَقُلْتُ بَلْ فِي كُل جُمُعَةٍ فَقَرَأَ كَعْبٌ التوْرَاةَ فَقَالَ صَدَقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ فَلَقِيتُ بَصْرَةَ بْنَ أَبِي بَصْرَةَ الْغِفَارِي فَقَالَ مِنْ أَيْنَ أَقْبَلْتَ فَقُلْتُ مِنْ الطورِ فَقَالَ لَوْ أَدْرَكْتُكَ قَبْلَ أَنْ تَخْرُجَ إِلَيْهِ مَا خَرَجْتَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُعْمَلُ الْمَطِي إِلا إِلَى ثَلَاثَةِ مَسَاجِدَ إِلَى الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِلَى مَسْجِدِي هَذَا وَإِلَى مَسْجِدِ إِيلِيَاءَ أَوْ بَيْتِ الْمَقْدِسِ يَشُك قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ ثُم لَقِيتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ سَلَامٍ فَحَدثْتُهُ بِمَجْلِسِي مَعَ كَعْبِ الْأَحْبَارِ وَمَا حَدثْتُهُ بِهِ فِي يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَقُلْتُ قَالَ كَعْبٌ ذَلِكَ فِي كُل سَنَةٍ يَوْمٌ قَالَ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ كَذَبَ كَعْبٌ فَقُلْتُ ثُم قَرَأَ كَعْبٌ التوْرَاةَ فَقَالَ بَلْ هِيَ فِي كُل جُمُعَةٍ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ صَدَقَ كَعْبٌ ثُم قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ قَدْ عَلِمْتُ أَيةَ سَاعَةٍ هِيَ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ فَقُلْتُ لَهُ أَخْبِرْنِي بِهَا وَلَا تَضَن عَلَي فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ هِيَ آخِرُ سَاعَةٍ فِي يَوْمِ الْجُمُعَةِ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ فَقُلْتُ وَكَيْفَ تَكُونُ آخِرَ سَاعَةٍ فِي يَوْمِ الْجُمُعَةِ وَقَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُصَادِفُهَا عَبْدٌ مُسْلِمٌ وَهُوَ يُصَلي وَتِلْكَ الساعَةُ سَاعَةٌ لَا يُصَلى فِيهَا فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ أَلَمْ يَقُلْ

[1] ئەلبانى (406): ھەسەن، ـ دېگەن.

رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ جَلَسَ مَجْلِسًا يَنْتَظِرُ الصلَاةَ فَهُوَ فِي صَلَاةٍ حَتى يُصَليَ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ فَقُلْتُ بَلَى قَالَ فَهُوَ ذَلِكَ.

1929 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن تۇر تېغىغا چىققانىدىم، ئۇ يەردە كەئبۇلئەھبار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرگە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا تەۋراتتىكى مەلۇماتلارنى سۆزلەپ بەردى، مەن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەلىم ئالغان ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدا مۇنۇ ھەدىسمۇ بار ئىدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنى بولۇپ، بۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان ھەم بۇ كۈندە جەننەتتىن يەرگە چۈشۈرۈلگەن. اللە تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبىسىنى جۈمە كۈنى قوبۇل قىلغان، ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى ۋاپات تاپقان. قىيامەت جۈمە كۈنى قايىم بولىدۇ. جۈمە كۈنى ئىنسى ـ جىنىدىن باشقا بارلىق جانلىقلار قىيامەت قايىم بولۇشتىن قورقۇپ، تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن چىققۇچە جىمجىت قۇلاق سېلىپ تىڭ ـ تىڭلايدۇ. جۈمە كۈنىدە بىر ۋاقىت بار بولۇپ، ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندىنىڭ ناماز ئوقۇغان ھالدا اللەتىن بىرەر نەرسە تىلەپ قىلغان دۇئاسى بۇ ۋاقىتقا ئۇدۇللىشىپ قالسىلا، اللە ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ». كەئب:

ـ بۇ دېگەن ھەر يىلدا بىر كۈن بولىدىغان ئىش، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ھەر جۈمە كۈنى بولىدۇ، ـ دېدىم. كەئب تەۋراتنى ئوقۇدى، ئاندىن:

ـ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن، ـ دېدى.

ئاندىن مەن بەسرە ئىبنى ئەبۇ بەسرە غىفارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ:

ـ نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ تۇر تېغىدىن كېلىۋاتىمەن، ـ دېدىم. ئۇ:

- سەن تۇر تېغىغا چىقىشتىن بۇرۇن ماڭا يولۇققان بولساڭ، ئۇ يەرگە چىقمىغان بولاتتىڭ، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەرەم مەسجىدى، مېنىڭ بۇ مەسجىدىم ۋە ئىيلىيا ياكى بەيتۇلمۇقەددەس مەسجىدىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ مەسجىدتىن باشقا جايلارغا (مۇقەددەس بىلىپ) ئاتايىن ئۇلاغقا مىنىپ سەپەر قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ تەلىم بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى.

ئاندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا كەئب بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنى، جۈمە كۈنى توغرىسىدا سۆزلەشكەنلىكىمىزنى، كەئبنىڭ: "ئۇ ۋاقىت ھەر يىلدا بىر قېتىم بولىدۇ" دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ:

- كەئب خاتالىشىپتۇ، - دېدى. مەن:

— كەئب تەۋراتنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلدى ۋە: "توغرا، ئۇ ھەر جۈمە كۈنى بولىدىكەن" دېدى، - دېدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— كەئب ئەمدى توغرا دەپتۇ، مەن ئۇ ۋاقىتنىڭ قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، - دېدى. مەن:

— ئۇنداق بولسا، بېخىللىق قىلماي، ماڭا ئۇ ۋاقىتنىڭ قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگىن، - دېدىم. ئۇ:

- ئۇ، جۈمە كۈنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتى، - دېدى. مەن:

- ئۇ، قانداقسىگە جۈمە كۈنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتى بولسۇن؟! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندىنىڭ ناماز ئوقۇغان ھالدا اللهتىن بىرەر نەرسە تىلەپ قىلغان دۇئاسى بۇ ۋاقىتقا ئۇدۇللىشىپ قالسىلا...» دېگەن، سەن دېگەن ئۇ كۈنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا ناماز ئوقۇغىلى بولمايدىغان تۇرسا؟ - دېسەم، ئۇ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئادەم تاكى ناماز ۋاقتى كىرىپ، شۇ نامازنى ئوقۇپ بولغىچە، نامازدا سانىلىدۇ» دېمىگەنمىدى؟ - دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، شۇنداق دېگەن، ـ دېدىم. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ «ناماز ئوقۇغان ھالدا» دېگەن سۆزدىن مانا مۇشۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان نامازنى ساقلاپ تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان، ـ دېدى.

(مالىك: 243)

1930 - عَنْ أَبِي لُبَابَةَ بْنِ عَبْدِ الْمُنْذِرِ قَالَ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن يَوْمَ الْجُمُعَةِ سَيدُ الْأَيامِ وَأَعْظَمُهَا عِنْدَ اللهِ وَهُوَ أَعْظَمُ عِنْدَ اللهِ مِنْ يَوْمِ الْأَضْحَى وَيَوْمِ الْفِطْرِ.

1930 ــ ئەبۇ لۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جۈمە كۈنى كۈنلەرنىڭ خوجىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولۇپ، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتتىنمۇ ئۇلۇغدۇر»[1].

(ئىبنى ماجە: 1084)

1931 - عن أنس، قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "من مات يوم الجمعة وقي عذاب القبر".

1931 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جۈمە كۈنى ۋاپات تاپقان كىشى قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ»[2].

(مەۋسىلى)

---

[1] ئەلبانى (888): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3891): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد رەققاشى ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

## مۇساپىر نامىزى ۋە نامازنى جەمئى قىلىش (يەنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش)

1932 - عَنْ يَحْيَى بْنِ يَزِيدَ الْهُنَائِي قَالَ سَأَلْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ عَنْ قَصْرِ الصَّلَاةِ فَقَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا خَرَجَ مَسِيرَةَ ثَلَاثَةِ أَمْيَالٍ أَوْ ثَلَاثَةِ فَرَاسِخَ شُعْبَةُ الشاك صَلى رَكْعَتَيْنِ.

1932 ـ يەھيا ئىبنى يەزىد ھۇنائى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نامازنى قەسىر قىلىش توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ مىل[1] ياكى ئۈچ پەرسەختىن[2] يىراق يەرگە سەپەر قىلسا، نامازنى قەسىر قىلىپ (تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت) ئوقۇيتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 691)

1933 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَباسٍ كَانَ يَقْصُرُ الصلَاةَ فِي مِثْلِ مَا بَيْنَ مَكةَ وَالطائِفِ وَفِي مِثْلِ مَا بَيْنَ مَكةَ وَعُسْفَانَ وَفِي مِثْلِ مَا بَيْنَ مَكةَ وَجُدةَ قَالَ مَالِك وَذَلِكَ أَرْبَعَةُ بُرُدٍ.

1933 ـ مالىكقا يېتىشچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەككە بىلەن تائىپ، مەككە بىلەن ئۇسفان ۋە مەككە بىلەن جىددە ئارىلىقىدىكى مۇساپىگە تەڭ كەلگۈدەك يەرلەرگە سەپەر قىلغاندا، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغان ئىكەن. مالىك: بۇ مۇساپە تۆت بۇرد[3]قا تەڭ كېلىدۇ، ـ دەيدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

---

[1] مىل: بىر قۇرۇقلۇق مىلى 1609 مېتىرغا، بىر دېڭىز مىلى 1852 مېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

[2] پەرسەخ: ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر پەرسەخ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ.

[3] بۇرد: تەخمىنەن 130 كىلومېتىر.

1934 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ مِنْ الْمَدِينَةِ إِلَى مَكةَ لَا يَخَافُ إِلا اللهَ رَب الْعَالَمِينَ فَصَلى رَكْعَتَيْنِ.

1934 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىن مەككىگە سەپەر قىلىپ چىققاندا، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغان. ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇ چاغدا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالادىن باشقا ھېچ كىمدىن قورقۇنچىسى يوق ئىدى[1].

(تىرمىزى: 547)

1935 ـ عَنْ أَنسٍ - رضى الله عنه - قَالَ صَلَّيْتُ الظُّهْرَ مَعَ النبِى - صلى الله عليه وسلم - بِالْمَدِينَةِ أَرْبَعًا، وَبِذِى الْحُلَيْفَةِ رَكْعَتَيْنِ.

1935 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن پېشىن نامىزىنى مەدىنىدە تۆت رەكئەت، زۇلھۇلەيفەدە ئىككى رەكئەت ئوقۇغان، ـ دەيدۇ.

(بۇخارى: 1089)

1936 - يَحْيَى بْنُ أَبِي إِسْحَاقَ قَالَ سَمِعْتُ أَنَسًا يَقُولُ خَرَجْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْمَدِينَةِ إِلَى مَكةَ فَكَانَ يُصَلي رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ حَتى رَجَعْنَا إِلَى الْمَدِينَـةِ قُلْتُ أَقَمْتُمْ بِمَكةَ شَيْئًا قَالَ أَقَمْنَا بِهَا عَشْرًا.

1936 ـ يەھيا ئىبنى ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ:

ـــ مەدىنىدىن مەككىگە سەپەر قىلغان ۋاقتىمىزدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قايتقۇچە نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغاندى، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن:

ـ مەككىدە قانچىلىك تۇردۇڭلار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

[1] ئەلبانى (452): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئون كۈن تۇردۇق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1081)

1937 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ أَقَامَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تِسْعَةَ عَشَرَ يَقْصُرُ فَنَحْنُ إِذَا سَافَرْنَا تِسْعَةَ عَشَرَ قَصَرْنَا وَإِنْ زِدْنَا أَتْمَمْنَا.

1937 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە ئون توققۇز كۈن تۇرۇش جەريانىدا نامازنى قەسىر ئوقۇغانىدى، شۇڭا بىزمۇ سەپەر قىلىپ 19 كۈن تۇرۇشقا توغرا كەلسە، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيمىز. 19 كۈندىن ئېشىپ كەتسە، تولۇق ئوقۇيمىز.

(بۇخارى: 1080)

1938 - إلا أن في النسائي: خَمْسَةَ عَشَرَ.

1938 ـ ئەمما نەسائىينىڭ رىۋايىتىدە (19 كۈننىڭ ئورنىغا): 15 كۈن، ـ دەپ زىكرى قىلىنغان[1].

(نەسائى: 1453)

1939 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ أَقَامَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِمَكَّةَ عَامَ الْفَتْحِ خَمْسَ عَشْرَةَ يَقْصُرُ الصَّلَاةَ.

1939 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى مەككىدە 15 كۈن تۇرۇش جەريانىدا نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد:1231)

1940 - وفي أخرى: سَبْعَ عَشْرَةَ قَصَرَ.

1940 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: 17 كۈن تۇرۇش جەريانىدا نامازنى قەسىر

[1] ئەلبانى (1387): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (265): زەئىپ ۋە مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

قىلىپ ئوقۇدى، ـ دېيىلگەن[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1230)

1941 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ غَزَوْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَشَهِدْتُ مَعَهُ الْفَتْحَ فَأَقَامَ بِمَكةَ ثَمَانِي عَشْرَةَ لَيْلَةً لَا يُصَلي إلا رَكْعَتَيْنِ وَيَقُولُ يَا أَهْلَ الْبَلَدِ صَلوا أَرْبَعًا فَإِنا قَوْمٌ سَفْرٌ.

1941 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن غازات قىلدىم. مەككىنى پەتھى قىلغاندىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئىدىم. (مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە 18 كېچە تۇردى. بۇ جەرياندا نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتلا ئوقۇيتتى ۋە: «بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇۋېرىڭلار، بىز بولساق مۇساپىر» دەيتتى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1229)

1942 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ أَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِتَبُوكَ عِشْرِينَ يَوْمًا يَقْصُرُ الصلَاةَ.

1942 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇكتا 20 كۈن تۇرۇش جەرياندا نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغان[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 1235)

1943 - عن الحسن أنه أقام مع أنس بنيسابور فكان يصلي ركعتين ركعتين.

1943 ـ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: مەن نىشاپۇردا ئەنەس رەزىيەللاھۇ

[①] ئەلبانى (1088): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (264): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (1094): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەنھۇ بىلەن بىللە تۇردۇم. ئۇ نامازنى ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇغانىدى.

1944 - عَنْ نَافِعٍ أن ابْنَ عُمَرَ أَقَامَ بِمَكَةَ عَشْرَ لَيَالٍ يَقْصُرُ الصلَاةَ إلا أنْ يُصَـلِيَهَا مَعَ الْإِمَامِ فَيُصَلِيهَا بِصَلَاتِهِ.

1944 ـ مالىك نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەككىدە ئون كېچە تۇردى، بۇ جەرياندا نامازنى قەسىر قىلاتتى، ئەمما ئىمامغا ئىقتىدا قىلسا، تولۇق ئوقۇيتتى.

(مالىك: 347)

1945 - عَنْ حَارِثَةَ بْنِ وَهْبٍ الْخُزَاعِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ صَلى بِنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ أَكْثَرُ مَا كُنا قَط وَآمَنُهُ بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ.

1945 ـ ھارىس ئىبنى ۋەھب خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇپ بەردى. ھالبۇكى، بىزنىڭ سانىمىز ھېچقاچان ئۇ چاغدىكىدەك كۆپ بولۇپ باقمىغان، خاتىرجەملىك جەھەتتىمۇ ئۇ چاغدىكىدەك خاتىرجەم بولۇپ باقمىغانىدۇق.

(بۇخارى: 1656)

1946 - عن عَبْد الرحْمَنِ بْنَ يَزِيدَ يَقُولُ صَلى بِنَا عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بِمِنًى أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ فَقِيلَ ذَلِكَ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَاسْتَرْجَعَ ثُم قَالَ صَلَيْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ وَصَلَيْتُ مَعَ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ وَصَلَيْتُ مَعَ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ فَلَيْتَ حَظي مِنْ أَرْبَعِ رَكَعَاتٍ رَكْعَتَانِ مُتَقَبلَتَانِ.

1946 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنادا بىزگە ئىمام بولۇپ، نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇدى. بۇ مەسىلە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا

يەتكۈزىلىشىدى، ئۇ (خۇددى بىر مۇسىبەت خەۋىرى يەتكۈزۈلگەندەك) مۇسىبەت يەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئانى ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مىنادا نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇغانىدىم. (ئەمدى تۆت رەكئەت ئوقۇلۇۋاتىدۇ)، كاشكى بۇ تۆت رەكئەتتىن مېنىڭ نېسىۋەم (اللهنىڭ دەرگاھىدا) مەقبۇل بولغان ئىككى رەكئەتلا بولسا ئىدى، ـ دېدى.
(بۇخارى: 1084)

1947 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ وَأَبو بَكْرٍ بَعْدَهُ وَعُمَرُ بَعْدَ أَبِي بَكْرٍ وَعُثْمَانُ صَدْرًا مِنْ خِلَافَتِهِ ثُم إن عُثْمَانَ صَلى بَعْدُ أَرْبَعًا فَكَانَ ابْنُ عُمَرَ إِذَا صَلى مَعَ الْإِمَامِ صَلى أَرْبَعًا وَإِذَا صَلاهَا وَحْدَهُ صَلى رَكْعَتَيْنِ.

1947 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇغان، ئۇندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باش تەرەپلىرىدە شۇنداق ئوقۇغان، كېيىنكى دەۋرلەردە قەسىر قىلماي تۆت رەكئەت ئوقۇغان. شۇڭا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مىنادا نامازنى ئىمام بىلەن ئوقۇسا، تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى. يالغۇز ئوقۇسا، قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 694)

1948 - عَنْ مُوسَى بْنِ سَلَمَةَ الْهُذَلِي قَالَ سَأَلْتُ ابْنَ عَباسٍ كَيْفَ أُصَلي إِذَا كُنْتُ بِمَكةَ إِذَا لَمْ أُصَل مَعَ الْإِمَامِ فَقَالَ رَكْعَتَيْنِ سُنةَ أَبِي الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

1948 ـ ئەبۇ مۇسا ئىبنى سەلەمە ھۇزەلى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباستىن:

ــ مەككىدە (يەنى مىنادا) يالغۇز بولۇپ قالسام، نامازنى قانداق ئوقۇيمەن؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ـ ئەبۇلقاسىم (يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ سۈننىتى بويىچە ئىككى رەكئەت ئوقۇغىن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 688)

1949 - عَنْ الزهْري قَالَ لَما اتخَذَ عُثْمَانُ الْأَمْوَالَ بِالطائِفِ وَأَرَادَ أنْ يُقِيمَ بِهَـا صَلى أَرْبَعًا قَالَ ثُم أَخَذَ بِهِ الْأَئِمةُ بَعْدَهُ.

1949 ـ زۇھەرى مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تائىفتا مال ـ مۈلۈك ساھىبى بولۇپ، شۇ يەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلغان، شۇڭا (مىنادا) نامازنى تۆت رەكئەت قىلىپ ئوقۇغان، شۇندىن ئېتىبارەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن كەلگەن ئىماملارمۇ ئۇنىڭ يولىنى تۇتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1960)

1950 - وفي رواية: إنمَا صَلى بِمِنًى أَرْبَعًا لِأَنهُ أَجْمَعَ عَلَى الْإِقَامَةِ بَعْدَ الْحَج.

1950 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجدىن كېيىن مەككىدە تۇرۇشنى نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مىنادا نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇغان، ـ دېيىلگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1960)

1951 - عَنْ الزهْري أن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ أَتم الصلَاةَ بِمِنًى مِنْ أَجْلِ الْأَعْرَابِ لِأَنهُمْ كَثُرُوا عَامَئِذٍ فَصَلى بِالناسِ أَرْبَعًا لِيُعَلمَهُمْ أن الصلَاةَ أَرْبَعٌ.

1951 ـ زۇھەرى مۇنداق دېدى: ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىنادا نامازنى قەسىر قىلماي ئوقۇشىدىكى سەۋەب، شۇ يىلى ئەئرابىلار (مەككىنىڭ سىرتىدىن كەلگەنلەر) بەك كۆپ بولۇپ، ئۇلارغا

[1] ئەلبانى (428): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (426): زەئىپ، ـ دېگەن.

نامازنىڭ تۆت رەكئەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1960)

1952 - عن عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي ذُبَابٍ عَنْ أَبِيهِ أن عُثْمَانَ بْنَ عَفَّانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ صَلى بِمِنًى أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ فَأَنْكَرَهُ الناسُ عَلَيْهِ فَقَالَ يَا أَيهَا الناسُ إِني تَأَهلْتُ بِمَكةَ مُنْذُ قَدِمْتُ وَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ تَأَهلَ فِي بَلَدٍ فَلْيُصَل صَلَاةَ الْمُقِيمِ.

1952 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ زۇباب دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنادا نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇغانىدى، جامائەت بۇنى قوبۇل قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە:

ـ ئى خالايىق! مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن باشلاپ مەككىدىن ئۆي تۇتتۇم. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى بىرەر شەھەردە ئۆي تۇتسا، مۇقىم تۇرغۇچىنىڭ نامىزىنى ئوقۇسۇن» (يەنى نامازنى قەسىر قىلمىسۇن) دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى[2].

(ئەھمەد: 445؛ ئەبۇ يەئلا)

1953 - عن عَبْدَ اللهِ أنه صَلى أَرْبَعًا فَقِيلَ لَهُ عِبْتَ عَلَى عُثْمَانَ ثُم صَلَيْتُ أَرْبَعًا قَالَ الْخِلَافُ شَر.

1953 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (مىنادا) نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇۋىدى، بىرسى ئۇنىڭغا: ئوسماننى ئەيىپلەيسەن ـ يۇ، ئۆزەڭ تۆت رەكئەت ئوقۇۋاتىسەنغۇ؟ ـ دېگەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئىختىلاپ ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، ـ

---

[1] ئەلبانى (1727): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (2948): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىكرىمە ئىبنى ئىبراھىم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1960)

1954 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا ارْتَحَلَ قَبْلَ أَنْ تَزِيغَ الشمْسُ أَخرَ الظهْرَ إِلَى وَقْتِ الْعَصْرِ ثُم نَزَلَ فَجَمَعَ بَيْنَهُمَا فَإِنْ زَاغَتْ الشمْسُ قَبْلَ أَنْ يَرْتَحِلَ صَلى الظهْرَ ثُم رَكِبَ.

1954 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە كۈن ئېگىلىشتىن بۇرۇن ئاتلانسا، پېشىننى ئەسىرنىڭ ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈپ، ئىككى نامازنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى. ئەگەر كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن ئاتلانسا، پېشىننى ئوقۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇلاغقا مىنەتتى.

(مۇسلىم: 704)

1955 - عَنْ أَنَسٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ إِذَا عَجِلَ بِهِ السيْرُ يُؤَخرُ الظهْرَ إِلَى وَقْتِ الْعَصْرِ فَيَجْمَعُ بَيْنَهُمَا وَيُؤَخرُ الْمَغْرِبَ حَتى يَجْمَعَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ الْعِشَاءِ.

1955 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە ئالدىراش بولۇپ قالسا، پېشىننى ئەسىرنىڭ ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈپ، ئىككى نامازنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى، ناماز شامنىمۇ كېچىكتۈرۈپ، خۇپتەن بىلەن جۈپلەپ ئوقۇيتتى[2].

(نەسائى: 594)

1956 - عن ابن عباس قال: كان رسول الله صلى الله عليه وسلم: "إذا كان في سفر وجد به السير، فركب قبل أن يفيء الفيء أخر الظهر حتى يدخل الوقت الأول من

[1] ئەلبانى (1726): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (578): سەھىھ ـ دېگەن.

العصر، فينزل، فيصليهما Pيعا، ثم يؤخر المغرب حGى يبدو غيـوب الشـفق، ثم يـنزل، فيصليهما Pيعا، المغرب والعشاء“.

1956 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، ئۇلاغقا كۈن قايرىلىشتىن بۇرۇن مىنىپ قالسا، پېشىننى ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتى كىرگۈچە كېچىكتۈرۈپ، ئىككى نامازنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى. ئاندىن شامنى شەپەق غايىپ بولغىچە كېچىكتۈرۈپ، شەپەق غايىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاغدىن چۈشۈپ، شام بىلەن خۇپتەننى بىرگە ئوقۇيتتى①.

(«ئەلئەۋسەت»)

1957 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ فِي غَزْوَةِ تُبوكَ إِذَا ارْتحَلَ قَبْلَ زَيْŋِ الشمْسِ أخرَ الظهْرَ إِلَى أَنْ يَجْمَعَهَا إِلَى الْعَصْرِ فُيصَلِيَهُمَا جَمِيعًا وَإِذَا ارْتحَلَ بَعْدَ زَيْŋِ الشمْسِ عَجلَ الْعَصْرَ إِلَى الظهْرِ وَصَلى الظهْرَ وَالْعَصْرَ جَمِيعًا ثُم سَارَ وَكَانَ إِذَا ارْتحَلَ قَبْلَ الْمَغْرِبِ أخرَ الْمَغْرِبَ حَتى يُصَلِيَهَا مَعَ الْعِشَاءِ وَإِذَا ارْتحَلَ بَعْدَ الْمَغْرِبِ عَجلَ الْعِشَاءَ فَصَلاهَا مَعَ الْمَغْرِبِ.

1957 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك غازىتى سەپىرىدە كۈن ئېگىلىشتىن بۇرۇن يولغا چىقسا، پېشىننى ئەسىرنىڭ ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈپ، ئەسىر بىلەن جۈپلەپ ئوقۇيتتى. كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن يولغا چىقماقچى بولسا، ئەسىرنى ئالدىغا سۈرۈپ، پېشىن بىلەن جۈپلەپ ئوقۇۋېتىپ، ئاندىن يولغا چىقاتتى. شامدىن بۇرۇن يولغا چىقسا، شامنى كېچىكتۈرۈپ خۇپتەن بىلەن جۈپلەپ ئوقۇيتتى. شامدىن كېيىن يولغا چىقسا، خۇپتەننى ئالدىغا سۈرۈپ، شام بىلەن جۈپلەپ

① ھەيسەمى (2972): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ مەئشەر نەجىھ ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەدىسنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بار، - دېگەن.

ئوقۇيتتى[1].

(تىرمىزى: 553)

1958 - عن عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ أنه كَانَ إِذَا سَافَرَ سَارَ بَعْدَ مَا تَغْـرُبُ الشـمْسُ حَتى تَكَادَ أَنْ تُظْلِمَ ثُم يَنْزِلُ فَيُصَلي الْمَغْرِبَ ثُم يَدْعُوا بِعَشَائِهِ فَيَتَعَشى ثُم يُصَلي الْعِشَاءَ ثُم يَرْتَحِلُ وَيَقُولُ هَكَذَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصْنَعُ.

1958 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپەردە بولسا، كۈن پېتىپ، ئالەمنى قاراڭغۇ بېسىشقا ئاز قالغۇچە ماڭاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇلاغدىن چۈشۈپ، شامنى ئوقۇپ، كەچلىك تامىقىنى يەيتتى. ئاندىن خۇپتەننى ئوقۇپ يولغا چىقاتتى. ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مانا مۇشۇنداق قىلاتتى، ـ دەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1234)

1959 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ جَمَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ بِجَمْعٍ كُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا بِإِقَامَةٍ وَلَمْ يُسَبحْ بَيْنَهُمَا وَلَا عَلَى إِثْرِ كُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا.

1959 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىفەدە شام بىلەن خۇپتەننى جۈپلەپ ئوقۇغان بولۇپ، ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم تەكبىر چۈشۈرگەنىدى. بۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدىمۇ ۋە ئۇ ئىككىسىدىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىغان.

(بۇخارى: 1673)

1960 - وفي رواية: صَلاهُمَا بِإِقَامَةٍ وَاحِدَةٍ.

1960 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئىككىسىنى بىر تەكبىر بىلەنلا

[1] ئەلبانى (455): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1090): سەھىھ ـ دېگەن.

ئوقۇغان، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 1288)

1961 - وفي رواية: أن ابن عمر لَمْ يُنَادِ فِي وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا، وقال: صليت معه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هكذا.

1961 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ نامازلارنىڭ ھېچبىرى ئۈچۈن ئەزان ئوقۇمايتتى ۋە: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن شۇنداق ئوقۇغانىدىم، ـ دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1926)

1962 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ مَا رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى صَلَاةً بِغَيْرِ مِيقَاتِهَا إِلا صَلَاتَيْنِ جَمَعَ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ وَصَلى الْفَجْرَ قَبْلَ مِيقَاتِهَا .

1962 ـ ئابدۇرراھماندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ (ئىبنى مەسئۇد) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى نامازدىن باشقىسىنى ئۆز ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتتا ئوقۇغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم: بىر قېتىم (مۇزدەلىفەدە) شام بىلەن خۇپتەننى جۈپلەپ ئوقۇغان. يەنە بىر قېتىم بامدات نامىزىنى (ئادەتتىكى) ۋاقتىدىن بۇرۇنراق ئوقۇغان.

(بۇخارى: 1682)

1963 - عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمدٍ عَنْ أَبِيهِ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى الظهْرَ وَالْعَصْرَ بِأَذَانٍ وَاحِدٍ بِعَرَفَةَ وَلَمْ يُسَبحْ بَيْنَهُمَا وَإِقَامَتَيْنِ وَصَلى الْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ بِجَمْعٍ بِأَذَانٍ وَاحِدٍ وَإِقَامَتَيْنِ وَلَمْ يُسَبحْ بَيْنَهُمَا.

1963 ـ جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەفاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى. ئىككىسىنىڭ

[1] ئەلبانى (1698): سەھىھ ـ دېگەن.

ئارىسىدا ھېچبىر ناماز ئوقۇمىدى. مۇزدەلىفەدە شام بىلەن خۇپتەننى بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىمۇ ھېچ بىر ناماز ئوقۇمىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1906)

1964 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ جَمَعَ بَيْنَ الصلَاتَيْنِ مِنْ غَيْرِ عُذْرٍ فَقَدْ أَتى بَابًا مِنْ أَبْوَابِ الْكَبَائِرِ.

1964 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھېچقانداق ئۆزرىسىز ئىككى نامازنى جەملەپ ئوقۇسا، چوڭ گۇناھلاردىن بىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەن بولىدۇ»[②].

(تىرمىزى: 188)

1965 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى بِالْمَدِينَةِ سَبْعًا وَثَمَانِيًا الظهْرَ وَالْعَصْرَ وَالْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ فَقَالَ أَيوبُ لَعَلهُ فِي لَيْلَةٍ مَطِيرَةٍ.

1965 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە يەتتە رەكئەت ۋە سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇغان، (يەنى) پېشىن بىلەن ئەسىرنى، شام بىلەن خۇپتەننى جۈپلەپ ئوقۇغان.

ئەييۇب (راۋى): بۇنى يامغۇرلۇق كېچىدە قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ـ دەيدۇ.

(بۇخارى: 543)

1966 - عَن ابْن عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ صَليْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَمَانِيًا جَمِيعًا وَسَبْعًا جَمِيعًا قُلْتُ يَا أَبَا الشعْثَاءِ أَظُنهُ أَخرَ الظهْرَ وَعَجلَ الْعَصْرَ وَعَجلَ الْعِشَاءَ وَأَخرَ الْمَغْرِبَ قَالَ وَأَنَا أَظُنهُ.

---

[①] ئەلبانى (1677): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (28): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

1966 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەككىز رەكئەتنى بىر جۈپلەپ، يەتتە رەكئەتنى بىر جۈپلەپ ئوقۇدۇم. مەن (يەنى ئەمر ئىسىملىك راۋى):

ــ ئى ئەبۇ شەئسا! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى كېچىكتۈرۈپ، ئەسىرنى سەل ئالدىغا سۈرۈپ، شامنى كېچىكتۈرۈپ، خۇپتەننى سەل ئالدىغا سۈرۈپ ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن، ـ دېسەم، ئەبۇ شەئسا:

ــ مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1174)

1967 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْمَدِينَةِ ثَمَانِيًا جَمِيعًا وَسَبْعًا جَمِيعًا أَخرَ الظهْرَ وَعَجلَ الْعَصْرَ وَأَخرَ الْمَغْرِبَ وَعَجلَ الْعِشَاءَ.

1967 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەدىنىدە سەككىز رەكئەتنى بىر، يەتتە رەكئەتنى بىر قىلىپ ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى كېچىكتۈرۈپ، ئەسىرنى سەل ئالدىغا سۈرۈپ، شامنى كېچىكتۈرۈپ، خۇپتەننى سەل ئالدىغا سۈرۈپ ئوقۇدى[1].

(نەسائى: 589)

1968 - ولمسلم: فِي غَيْرِ خَوْفٍ وَلَا سَفَرٍ.

1968 ـ مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى بۇنداق جۈپلەپ ئوقۇغاندا، سەپەر ئۈستىدىمۇ ئەمەس ئىدى، ھېچبىر قورقۇنچىمۇ يوق ئىدى، ـ دەپ بايان قىلىنغان.

(مۇسلىم: 705)

[1] ئەلبانى (574): سەھىھ ـ دېگەن.

1969 - وفي أخرى: فِي غَيْرِ خَوْفٍ وَلَا مَطَرٍ.

1969 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى بۇنداق جۇپلەپ ئوقۇغاندا، ئۇ يەردە يامغۇرمۇ ياغمىغانىدى، ھېچبىر قورقۇنچمۇ يوق ئىدى، ـ دەپ بايان قىلىنغان.

(مۇسلىم: 705)

1970 - وفي رواية: فِي سَفْرَةٍ سَافَرْنَاهَا إِلَى تَبُوكَ.

1970 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: تەبۇكقا قىلغان سەپىرىمىزدە شۇنداق قىلغان، ـ دەپ بايان قىلىنغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1210)

1971 - عن ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَقَالَ صَحِبْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ أَرَهُ يُسَبحُ فِي السفَرِ وَقَالَ اللهُ جَل ذِكْرُهُ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ.

1971 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەپەرلەردە ھەمراھ بولدۇم، ئەمما ئۇنىڭ سەپەردە سۈننەت ئوقۇغىنىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىدىم. شەنى ئۇلۇغ الله: ﴿رەسۇلۇللاھ سىلەرگە ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾[2] دەيدۇ.

(بۇخارى: 1101)

1972 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ سَافَرْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَعُثْمَانَ فَكَانُوا يُصَلونَ الظهْرَ وَالْعَصْرَ رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ لَا يُصَلونَ قَبْلَهَا وَلَا بَعْدَهَا و قَـالَ عَبْدُ اللهِ لَوْ كُنْتُ مُصَلِّيًا قَبْلَهَا أَوْ بَعْدَهَا لَأَتْمَمْتُهَا.

1972 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن سەپەر قىلىپ باقتىم. ئۇلار پېشىن بىلەن

[1] ئەلبانى (1069): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەھزاب، 21ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەسىرنى ئىككى رەكئەت - ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇيتتى. بۇ نامازلارنىڭ ئالدى - كەينىدە ھېچقانداق ناماز (يەنى سۈننەت) ئوقۇمايتتى. بۇلارنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە ناماز ئوقۇيدىغان ئىش بولسا ئىدى، مەن تاپىنلىق پەرزنى تۆت رەكئەت قىلىپلا ئوقۇيتتۇم[1].

(تىرمىزى: 544)

1973 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الظهْرَ فِي السفَرِ رَكْعَتَيْنِ وَبَعْدَهَا رَكْعَتَيْنِ.

1973 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپەردە پېشىننى ئىككى رەكئەت ئوقۇدۇم، ئاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت (سۈننەت) ئوقۇدۇم[2].

(تىرمىزى: 551)

1974 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ الْأَنْصَارِي قَالَ صَحِبْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَمَانِيَةَ عَشَرَ سَفَرًا فَمَا رَأَيْتُهُ تَرَكَ رَكْعَتَيْنِ إِذَا زَاغَتْ الشمْسُ قَبْلَ الظهْرِ.

1974 - بەرا ئىبنى ئازىب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئون سەككىز قېتىم سەپەرگە چىقتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن، پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى تەرك ئەتكىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1222)

1975 - عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا اعْتَمَرَتْ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْمَدِينَةِ إِلَى مَكةَ حَتى إِذَا قَدِمَتْ مَكةَ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي قَصَرْتَ وَأَتْمَمْتُ

[1] ئەلبانى (449): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (84): سەنەدى زەئىپ ۋە مۇنكەر ھەدىس، - دېگەن.

[3] ئەلبانى (263): زەئىپ، - دېگەن.

وَأَفْطَرْتَ وَصُمْتُ قَالَ أَحْسَنْتِ يَا عَائِشَةُ وَمَا عَابَ عَلَيَّ.

1975 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن مەككىگە باردىم. مەككىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، سەن (يولدا) نامازنى قەسىر قىلدىڭ، مەن قەسىر قىلماي تولۇق ئوقۇدۇم. سەن روزا تۇتمىدىڭ، مەن روزا تۇتتۇم، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئائىشە! ئوبدان قىلىپسەن، ـ دېدى ۋە مېنى ئەيىبلىمىدى[1].

(نەسائى: 1456)

1976 - عَنْ أُمَيَّةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ خَالِدٍ أَنَّهُ قَالَ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ إِنَّا نَجِدُ صَلَاةَ الْحَضَرِ وَصَلَاةَ الْخَوْفِ فِي الْقُرْآنِ وَلَا نَجِدُ صَلَاةَ السَّفَرِ فِي الْقُرْآنِ فَقَالَ لَهُ ابْنُ عُمَرَ يَا ابْنَ أَخِي إِنَّ اللهَ عَزَّ وَجَلَّ بَعَثَ إِلَيْنَا مُحَمَّدًا صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلَا نَعْلَمُ شَيْئًا وَإِنَّمَا نَفْعَلُ كَمَا رَأَيْنَا مُحَمَّدًا صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَفْعَلُ.

1976 ـ ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خالىد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـ قۇرئان كەرىمدىن ئۆز يۇرتىمىزدا ئوقۇيدىغان ناماز بىلەن خەۋپ نامىزىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئۆگەندۇق، لېكىن سەپەر نامىزى ھەققىدە ھېچقانداق ئايەت تاپالمىدۇق. ـ دېۋىدى، ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا:

ـــ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ماڭا قارا! الله تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىزگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن بۇرۇن، بىز ھېچنېمىنى بىلمەيتتۇق. شۇڭا بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق قىلغان بولسا، شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. ـ دېدى[2].

(نەسائى: 1434)

[1] ئەلبانى (81): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1358): سەھىھ ـ دېگەن.

## خەۋپ نامىزى

1977 - عَنْ سَهْلِ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى بِأَصْحَابِهِ فِي الْخَوْفِ فَصَفهمْ خَلْفَهُ صَفيْنِ فَصَلى بِالذِينَ يَلُونَهُ رَكْعَةً ثُم قَامَ فَلَمْ يَزَلْ قَائِمًا حَتى صَلى الذِينَ خَلْفَهُمْ رَكْعَةً ثُم تَقَدمُوا وَتَأَخرَ الذِينَ كَانُوا قُدامَهُمْ فَصَلى بِهِمْ رَكْعَةً ثُم قَعَدَ حَتى صَلى الذِينَ تَخَلفُوا رَكْعَةً ثُم سَلمَ.

1977 - سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ساھابىلەر بىلەن خەۋپ نامىزى ئوقۇغاندا، ساھابىلەرنى ئىككى سەپكە تىزىپ، ئالدىنقى سەپتىكىلەر بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. ئارقا سەپتىكىلەر بىر رەكئەت ئوقۇپ بولغۇچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرۇپ تۇردى. ئۇلار بىر رەكئەت ئوقۇپ بولۇپ ئالدىغا ئۆتتى، ئالدىدىكىلەر ئارقىغا چېكىندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىغا ئۆتكەنلەر بىلەن يەنە بىر رەكئەت ئوقۇپ بولۇپ، ئارقا سەپتىكىلەر بىر رەكئەت ئوقۇپ بولغۇچە ئولتۇرۇپ تۇردى. ئارقا سەپتىكىلەر بىر رەكئەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سالام بەردى.
(مۇسلىم: 841)

1978 - عَنْ صَالِحِ بْنِ خَواتٍ عَمنْ صَلى مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ ذَاتِ الرقَاعِ صَلَاةَ الْخَوْفِ أَن طَائِفَةً صَفتْ مَعَهُ وَطَائِفَةٌ وِجَاهَ الْعَدُو فَصَلى بِالذِينَ مَعَهُ رَكْعَةً ثُم ثَبَتَ قَائِمًا وَأَتموا لِأَنْفُسِهِمْ ثُم انْصَرَفُوا فَصَفوا وِجَاهَ الْعَدُو وَجَاءَتْ الطائِفَةُ الْأُخْرَى فَصَلى بِهِمْ الركْعَةَ التِي بَقِيَتْ ثُم ثَبَتَ جَالِسًا وَأَتموا لِأَنْفُسِهِمْ ثُم سَلمَ بِهِمْ.

1978 - سالىھ ئىبنى خەۋۋات زاتىررىقا (لاتا - پۇتىلار) ئۇرۇشى بولغان كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەۋپ نامىزى ئوقۇغان بىر ساھابىدىن خەۋپ نامىزىنىڭ جەريانىنى مۇنداق

رىۋايەت قىلىدۇ: بىر گۇرۇپپا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپ تۈزۈپ تۇردى، يەنە بىر گۇرۇپپا دۈشمەن تەرەپكە قاراپ سەپ تۈزۈپ تۇردى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىدىكى گۇرۇپپا بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرۇپ تۇردى، ئۇلار يەنە بىر رەكئەتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ تاماملىۋېتىپ، دۈشمەن تەرەپكە بېرىپ سەپ تۈزۈپ تۇردى، يەنە بىر گۇرۇپپا كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن قالغان بىر رەكئەتنى ئوقۇۋېتىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ تۇردى، ئۇلار قالغان بىر رەكئەتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن بىرگە سالام بەردى.

(مۇسلىم: 842)

1979 - ولمالك والترمذي وأبي داود نحـوه: إلا أن الطائفـة الأولى اذا أتمـوا لِأنفُسِهِمْ الركْعَةَ الْبَاقِيَةَ ثُم سَلمُوا وَانْصَرَفُوا وَالْإِمَامُ قَائِمٌ فَكَانُوا وجَاه الْعَدُو ثُـم يُقْبِـلُ الْآخَرُونَ الذِينَ لَمْ يُصَلوا فَيُكَبرُونَ وَرَاءَ الْإِمَامِ فَيَرْكَعُ بِهِمْ وَيَسْجُدُ بِهِمْ ثُم يُسَلمُ فَيَقُومُونَ فَيَرْكَعُونَ لِأنفُسِهِمْ الركْعَةَ الْبَاقِيَةَ ثُم يُسَلمُونَ.

1979 ـ مالىك، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: بىرىنچى گۇرۇپپا قالغان بىر رەكئەتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ سالام بېرىپ، دۈشمەن تەرەپكە بېرىپ بولغۇچە ئىمام ئۆرە تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇمىغان گۇرۇپپا كېلىپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. ئىمام رۇكۇ، سەجدىنى ئۇلار بىلەن بىرگە قىلىپ، بىر رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، (يالغۇز) سالام بېرىدۇ، كەينىدىكىلەر قالغان بىر رەكئەتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ بولۇپ سالام بېرىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1239)

[1] ئەلبانى (1104): سەھىھ ـ دېگەن.

1980 - وللنسائي نحو رواية الشيخين الثانية.

1980 ـ نەسائىمۇ بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئىككىنچى رىۋايىتىدىكى بىلەن ئوخشاش رىۋايەت قىلغان[1].

(نەسائى: 1537)

1981 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ أَقْبَلْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى إِذَا كُنا بِذَاتِ الرقَاعِ قَالَ كُنا إِذَا أَتَيْنَا عَلَى شَجَرَةٍ ظَلِيلَةٍ تَرَكْنَاهَا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ الْمُشْرِكِينَ وَسَيْفُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُعَلقٌ بِشَجَرَةٍ فَأَخَذَ سَيْفَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاخْتَرَطَهُ فَقَالَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَخَافُنِي قَالَ لَا قَالَ فَمَنْ يَمْنَعُكَ مِني قَالَ اللهُ يَمْنَعُنِي مِنْكَ قَالَ فَتَهَدَدَهُ أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَغْمَدَ السيْفَ وَعَلقَهُ قَالَ فَنُودِيَ بِالصلَاةِ فَصَلى بِطَائِفَةٍ رَكْعَتَيْنِ ثُم تَأَخرُوا وَصَلى بِالطائِفَةِ الْأُخْرَى رَكْعَتَيْنِ قَالَ فَكَانَتْ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْبَعُ رَكَعَاتٍ وَلِلْقَوْمِ رَكْعَتَانِ.

1981 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز سەپەردە سايىلىق بىرەر دەرەخنى تاپساق، ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قويۇپ قوياتتۇق. بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن زاتۇررىقا دېگەن يەرگە كېلىپ ئارام ئېلىۋاتقاندا، مۇشرىكلاردىن بىرى كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەرەخكە ئېسىقلىق قىلىچىنى ئالدى ـ دە، قىنىدىن سۇغۇرۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ مەندىن قورقامسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، ـ دېدى. ئۇ:

ـ سېنى مەندىن كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ الله قۇتۇلدۇرىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا

[1] ئەلبانى (1446): سەھىھ ـ دېگەن.

تەھدىت سالغاندى، قىلىچنى قىنىغا سېلىپ، دەرەخكە ئېسىپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي، نامازغا ئەزان چىقتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ساھابىلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ) بىر گۇرۇپپا بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارقىغا چېكىندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر گۇرۇپپا بىلەن ئىككى رەكئەت ئوقۇدى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمئى تۆت رەكئەت، باشقىلار ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇدى.

(مۇسلىم: 843)

1982 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى بِهِمْ صَلَاةَ الْخَوْفِ فَقَامَ صَف بَيْنَ يَدَيْهِ وَصَف خَلْفَهُ صَلى بِالذِينَ خَلْفَهُ رَكْعَةً وَسَجْدَتَيْنِ ثُم تَقدمَ هَؤُلَاءِ حَتى قَامُوا فِي مَقَامِ أَصْحَابِهِمْ وَجَاءَ أُولَئِكَ فَقَامُوا مَقَامَ هَؤُلَاءِ وَصَلى بِهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَةً وَسَجْدَتَيْنِ ثُم سَلمَ فَكَانَتْ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَتَانِ وَلَهُمْ رَكْعَةٌ.

1982 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەر بىلەن خەۋپ نامىزى ئوقۇغاندا، بىر سەپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا، يەنە بىر سەپ كەينىدە تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىسىدىكىلەر بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇدى. ئاندىن ئۇلار ئالدىدىكىلەرنىڭ ئورنىغا ئۆتتى، ئالدىدىكىلەر كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى رەكئەت، ساھابىلەر بىر رەكئەت ئوقۇغان بولدى[1].

(نەسائى: 1545)

[1] ئەلبانى (1454): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

1983 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ غَزَوْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَوْمًا مِنْ جُهَيْنَةَ فَقَاتَلُونَا قِتَالًا شَدِيدًا فَلَما صَلَّيْنَا الظهْرَ قَالَ الْمُشْرِكُونَ لَوْ مِلْنَا عَلَيْهِمْ مَيْلَةً لَاقْتَطَعْنَاهُمْ فَأَخْبَرَ جِبْرِيلُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَلِكَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَقَالُوا إِنهُ سَتَأْتِيهِمْ صَلَاةٌ هِيَ أَحَب إِلَيْهِمْ مِنْ الْأَوْلَادِ فَلَما حَضَرَتْ الْعَصْرُ قَالَ صَفنَا صَفيْنِ وَالْمُشْرِكُونَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ قَالَ فَكَبرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَبرْنَا وَرَكَعَ فَرَكَعْنَا ثُم سَجَدَ وَسَجَدَ مَعَهُ الصف الْأَولُ فَلَما قَامُوا سَجَدَ الصف الثانِي ثُم تَأَخرَ الصف الْأَولُ وَتَقَدمَ الصف الثانِي فَقَامُوا مَقَامَ الْأَولِ فَكَبرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَبرْنَا وَرَكَعَ فَرَكَعْنَا ثُم سَجَدَ مَعَهُ الصف الْأَولُ وَقَامَ الثانِي فَلَما سَجَدَ الصف الثانِي ثُم جَلَسُوا جَمِيعًا سَلمَ عَلَيْهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَبُو الزبَيْرِ ثُم خَص جَابِرٌ أَنْ قَالَ كَمَا يُصَلي أُمَرَاؤُكُمْ هَؤُلَاءِ.

1983 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلغاندۇق، ئۇلار بىزگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىز پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا، مۇشرىكلار:

ـ بىز مۇشۇ پەيتتە بىرلا ھۇجۇم قىلساق، ئۇلارنى قىرىپ تاشلىغان بولاتتۇق! ـ دېيىشكەن ئىكەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە يەتكۈزدى. مۇشرىكلار:

ـ پۇرسەت تېخى كەتمىدى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كېلىدۇ (شۇ چاغدا ھۇجۇم قىلىمىز)، ـ دېيىشىپتۇ. ئەسىرنىڭ ۋاقتى كېلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئىككى سەپكە تىزدى. مۇشرىكلار بىز بىلەن قىبلىنىڭ ئارىسىدا ئىدى (يەنى نامازغا تۇرغاندا، قىبلىگە ئالدىمىزنى قىلىش ئۈچۈن مۇشرىكلار تەرەپكە ئالدىمىزنى قىلىشقا توغرا كېلەتتى). پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: الله ئەكبەر، ـ دەپ نامازغا تۇردى. بىزمۇ تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىپ رۇكۇ قىلدۇق. سەجدە

قىلغانىدا، بىرىنچى سەپ بىرگە سەجدە قىلدى، ئۇلار سەجدىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئىككىنچى سەپ سەجدە قىلدى. ئاندىن بىرىنچى سەپ ئارقىغا چېكىندى، ئىككىنچى سەپ بىرىنچى سەپنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: الله ئەكبەر، ـ دەپ تەكبىر ئېيتتى، بىزمۇ تەكبىر ئېيتتۇق. رۇكۇنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قىلدۇق. سەجدە قىلغانىدا، بىرىنچى سەپ بىرگە سەجدە قىلدى، ئىككىنچى سەپ تۇرۇپ تۇردى. ئىككىنچى سەپ سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىمىز تەڭ ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بەردى.

ئەبۇ زۇبەير (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز شۇ چاغدا نامازنى ھازىرقى ئەمىرىڭلار ئوقۇغاندەك ئوقۇغان، ـ دەيتتى.

(مۇسلىم: 840)

1984 - عَنْ أَبِى عَيَاشٍ الزرَقِى قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- بِعُسْفَانَ وَعَلَى الْمُشْرِكِينَ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ فَصَلَّيْنَا الظهْرَ فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ لَقَدْ أَصَبْنَا غِرةً لَقَدْ أَصَبْنَا غَفْلَةً لَوْ كُنا حَمَلْنَا عَلَيْهِمْ وَهُمْ فِى الصلاَةِ فَنَزَلَتْ آيَةُ الْقَصْرِ بَيْنَ الظهْرِ وَالْعَصْرِ.

1984 ـ ئەبۇ ئەيياش زۇرقى مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەسفان دېگەن يەردە پېشىننى ئوقۇدۇق. ئۇ چاغدا، خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇشرىكلارنىڭ باشلىقى ئىدى. مۇشرىكلار:

ــ بىز تۇيماي قاپتىمىز، بىز غەپلەتتە قاپتىمىز. ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا ھۇجۇم قىلغان بولساقچۇ! ـ دېيىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدا، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇش ئايىتى نازىل بولدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1236)

[1] ئەلبانى (1096): سەھىھ ـ دېگەن.

1985 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةَ الْخَـوْفِ بِإِحْدَى الطائِفَتَيْنِ رَكْعَةً وَالطائِفَةُ الْأُخْرَى مُوَاجِهَةُ الْعَدُو ثُم ٱنصَرَفُوا وَقَامُوا فِـي مَقَـامِ أَصْحَابِهِمْ مُقْبِلِينَ عَلَى الْعَدُو وَجَاءَ أُولَئِكَ ثُم صَلى بِهِمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَةً ثُم سَلمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَضَى هَؤُلَاءِ رَكْعَةً وَهَؤُلَاءِ رَكْعَـةً. رواه مسـلم: 839.

1985 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، بىر گۇرۇپپا بىلەن بىر رەكئەت خەۋپ نامىزى ئوقۇدى، يەنە بىر گۇرۇپپا دۈشمەنگە قاراپ تۇردى. ئاندىن بىر رەكئەت ئوقۇغانلار بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا دۈشمەنگە قاراپ تۇردى، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن يەنە بىر رەكئەت ئوقۇپ بولۇپ سالام بەردى. ئاندىن ھەر ئىككى گۇرۇپپا بىر رەكئەتتىن قازا نامىزى ئوقۇدى.

(مۇسلىم: 839)

1986 - وَقَالَ ٱبنُ عُمَرَ فَإِذَا كَانَ خَوْفٌ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ فَصَل رَاكِبًا أَوْ قَائِمًا تُومِئُ إِيمَاءً.

1986 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىن قاتتىقراق خەۋپكە دۇچ كەلسەڭلار، ئۇلاغقا مىنىپ تۇرۇپ ئوقۇساڭلارمۇ، ئۆرە تۇرغان پېتى ئىشارەت قىلىپ ئوقۇساڭلارمۇ بولىدۇ.

(مۇسلىم: 839)

1987 - وفي رواية: مُسْتَقْبِلِي الْقِبْلَةِ أَوْ غَيْرَ مُسْتَقْبِلِيهَا.

1987 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: قىبلىگە ئالدىڭلارنى قىلساڭلارمۇ بولىدۇ، قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ، ـ دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

(بۇخارى: 4535)

1988 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ مَا كَانَتْ صَلَاةُ الْخَـوْفِ إِلـا سَـجْدَتَيْنِ كَصَـلَاةِ

أَحْرَاسِكُمْ هَؤُلَاءِ الْيَوْمَ خَلْفَ أَئِمَتِكُمْ هَؤُلَاءِ إِلا أَنهَا كَانَتْ عُقَبًا قَامَتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ وَهُمْ جَمِيعًا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَجَدَتْ مَعَهُ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ ثُم قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَامُوا مَعَهُ جَمِيعًا ثُم رَكَعَ وَرَكَعُوا مَعَهُ جَمِيعًا ثُم سَجَدَ فَسَجَدَ مَعَهُ الذِينَ كَانُوا قِيَامًا أَولَ مَرةٍ فَلَما جَلَسَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِينَ سَجَدُوا مَعَهُ فِي آخِرِ صَلَاتِهِمْ سَجَدَ الذِينَ كَانُوا قِيَامًا لِأَنفُسِهِمْ ثُم جَلَسُوا فَجَمَعَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالتسْلِيمِ.

1988 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: خەۋپ نامىزى خۇددى بۈ كۈنلەردىكى باشلىقلىرىڭلارنىڭ كەينىدىكى قاراۋۇللارنىڭ نامىزىدەك، پەقەت ئىككى رەكئەتلا ئىدى. بىراق ئۇلار بۇ ئىككى رەكئەتنى نۆۋەتلىشىپ ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغاندا، ھەممىسى بىرگە تۇراتتى، رۇكۇ قىلغاندىمۇ بىرگە رۇكۇ قىلاتتى، سەجدە قىلغاندا، بىر گۇرۇپپا بىرگە سەجدە قىلاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا، ھەممىسى بىرگە تۇراتتى. رۇكۇ قىلغاندا ھەممىسى بىرگە رۇكۇ قىلاتتى، سەجدە قىلغاندا، بىرىنچى رەكئەتتە سەجدە قىلماي ئۆرە تۇرغانلار بىرگە سەجدە قىلاتتى. سەجدىدىن كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا، ئاخىرقى قېتىم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەجدە قىلغانلار بىرگە ئولتۇراتتى. ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سەجدە قىلماي ئۆرە تۇرغانلار ئۆز ئالدىغا سەجدە قىلىپ، تەشەھھۇدتا ئولتۇراتتى. (ئۇلار تەشەھھۇدنى تۈگەتكەندىن كېيىن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتنىڭ ھەممىسى بىلەن بىرگە سالام بېرەتتى[1].

(نەسائى: 1535)

1989 - عَنْ ثَعْلَبَةَ بْنِ زَهْدَمٍ قَالَ كُنا مَعَ سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِي بِطَبَرِسْتَانَ فَقَالَ أَيكُمْ صَلى مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةَ الْخَوْفِ فَقَالَ حُذَيْفَةُ أَنَا فَقَامَ حُذَيْفَةُ

[1] ئەلبانى (1444): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

فَصَف الناسُ خَلْفَهُ صَفَّيْنِ صَفًا خَلْفَهُ وَصَفًا مُوازِيَ الْعَدُو فَصَلى بِالَّذِي خَلْفَهُ رَكْعَةً ثُم انْصَرَفَ هَؤُلَاءِ إِلَى مَكَانِ هَؤُلَاءِ وَجَاءَ أُولَئِكَ فَصَلى بِهِمْ رَكْعَةً وَلَمْ يَقْضُوا.

1989 ـ سەئلەبە ئىبنى زەھدەم مۇنداق دەيدۇ: بىز تەبەرىستاندا سەئىد ئىبنى ئاسىي دېگەن كىشى بىلەن بىرگە تۇرغانىدۇق. ئۇ:

— قايسىڭلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەۋپ نامىزى ئوقۇغان؟ ـ دەپ سورىدى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن ئوقۇغان، ـ دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرنى ئىككى سەپ قىلىپ، بىر سەپنى ئارقىسىغا، يەنە بىر سەپنى دۈشمەنگە قارىتىپ تىزدى. ئارقىسىدىكىلەر بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلار دۈشمەننىڭ ئالدىدىكىلەرنىڭ ئورنىغا ئۆتتى. دۈشمەننىڭ ئالدىدىكىلەر كەلگەندىن كېيىن، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ھېچ قايسىسى قالغان بىر رەكئەتنىڭ قازاسىنى قىلمىدى[1].

(نەسائى: 1530)

1990 - عَنْ مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ أنهُ سَأَلَ أَبا هُرَيْرَةَ هَلْ صَلَّيت مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةَ الْخَوْفِ فَقَالَ أَبو هُرَيْرَةَ نَعمْ قَالَ مَتى قَالَ عَامَ غَزْوَةِ نَجْدٍ قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِصَلَاةِ الْعَصْرِ وَقَامتْ مَعَهُ طَائِفَةٌ وَطَائِفَةٌ أُخْرَى مُقَابِلَ الْعَدُو وَظُهُورُهُمْ إِلَى الْقِبْلَةِ فَكَبرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَبرُوا جَمِيعًا الذِينَ مَعَهُ وَالذِينَ يُقَابِلُونَ الْعَدُو ثُم رَكَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَةً وَاحِدَةً وَرَكَعَتْ مَعَهُ الطائِفَةُ التِي تَلِيهِ ثُم سَجَدَ وَسَجَدَتْ الطائِفَةُ التِي تَلِيهِ وَالْآخَرُونَ قِيَامٌ مُقَابِلَ الْعَدُو ثُم قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَامَتْ الطائِفَةُ التِي مَعَهُ فَذَهَبُوا إِلَى الْعَدُو فَقَابَلُوهُمْ وَأَقْبَلَتْ الطائِفَةُ التِي كَانَتْ مُقَابِلَ الْعَدُو فَرَكَعُوا وَسَجَدُوا وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَائِمٌ كَمَا هُوَ ثُم قَامُوا فَرَكَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَةً أُخْرَى وَرَكَعُوا مَعَهُ وَسَجَدَ وَسَجَدُوا مَعَهُ ثُم أَقْبَلَتْ الطائِفَةُ التِي كَانَتْ مُقَابِلَ الْعَدُو فَرَكَعُوا وَسَجَدُوا

[1] ئەلبانى (1439): سەھىھ ـ دېگەن.

وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَاعِدٌ وَمَنْ مَعَهُ ثُم كَانَ السَّلَامُ فَسَلمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَلمُوا جَمِيعًا فَكَانَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَتَانِ وَلِكُل رَجُلٍ مِنْ الطَائِفَتَيْنِ رَكْعَتَانِ رَكْعَتَانِ.

1990 ـ مەرۋان ئىبنى ھەكەم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەۋپ نامىزى ئوقۇغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ھەئە، ئوقۇغان، ـ دېدى. ئۇ:

ــ قاچان؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ نەجدگە ھۇجۇم قىلغان يىلى ئوقۇغان، ئۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانىدى، بىر گۇرۇپپا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپ تۈزۈپ تۇردى. يەنە بىر گۇرۇپپا دۈشمەنگە ئالدىنى، قىبلىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر ئېيتىپ نامازنى باشلىغاندا، ھەر ئىككىلى گۇرۇپپا بىرگە تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ ۋە سەجدە قىلدى، ئارقىسىدىكى گۇرۇپپىمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە رۇكۇ ۋە سەجدە قىلدى. دۈشمەنگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇۋاتقان گۇرۇپپا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلماستىن، دۈشمەنگە قاراپ تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا، ئارقىسىدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ دۈشمەن تەرەپكە يۆتكەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشمەننىڭ ئالدىدىكى گۇرۇپپا كېلىپ، ئۆز ئالدىغا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئۆرە تۇردى. ئۇلار رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلدى، ئۇلارمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە رۇكۇ، سەجدە قىلدى (ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە تەشەھھۇدتا ئولتۇردى). ئاندىن دۈشمەننىڭ ئالدىدىكى گۇرۇپپا كېلىپ، ئۆز ئالدىغا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ بولغىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىسىدىكى كىشىلەر بىلەن بىرگە تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ تۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بېرىپ نامازدىن چىققاندا، ھەر ئىككى گۇرۇپپا تەڭ سالام بېرىپ، نامازدىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىسىنىڭ ئوقۇغان نامىزى ئىككى رەكئەتتىن بولدى[1].

(نەسائى: 1543)

1991 - عن عَائِشَةَ قَالَتْ: كَبَّرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَبَّرَتْ الطائِفَةُ الذِينَ صَفوا مَعَهُ ثُم رَكَعَ فَرَكَعُوا ثُم سَجَدَ فَسَجَدُوا ثُم رَفَعَ فَرَفَعُوا ثُم مَكَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا ثُم سَجَدُوا لِأَنفُسِهِمْ الثانِيَةَ ثُم قَامُوا فَنَكَصُوا عَلَى أَعْقَابِهِمْ يَمْشُونَ الْقَهْقَرَى حَتى قَامُوا مِنْ وَرَائِهِمْ وَجَاءَتْ الطائِفَةُ الْأُخْرَى فَقَامُوا فَكَبَّرُوا ثُم رَكَعُوا لِأَنفُسِهِمْ ثُم سَجَدَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَجَدُوا مَعَهُ ثُم قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَجَدُوا لِأَنفُسِهِمْ الثانِيَةَ ثُم قَامَتْ الطائِفَتَانِ جَمِيعًا فَصَلوْا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَكَعَ فَرَكَعُوا ثُم سَجَدَ فَسَجَدُوا جَمِيعًا ثُم عَادَ فَسَجَدَ الثانِيَةَ وَسَجَدُوا مَعَهُ سَرِيعًا كَأَسْرَعِ الْإِسْرَاعِ جَاهِدًا لَا يَأْلُونَ سِرَاعًا ثُم سَلمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَلمُوا فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ شَارَكَهُ الناسُ فِي الصلَاةِ كُلهَا.

1991 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر ئېيتىپ نامازنى باشلىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپ تۈزگەن گۇرۇپپا بىرگە تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا، بىرگە رۇكۇ قىلدى، سەجدە قىلغاندا، بىرگە سەجدە قىلدى. بىرىنچى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، بىرگە بېشىنى كۆتۈردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنچى سەجدىنى قىلماي ئولتۇرۇپ تۇردى. ئۇلار ئىككىنچى سەجدىنى ئۆز

[1] ئەلبانى (1452): سەھىھ ـ دېگەن.

ئالدىغا قىلىپ بولۇپ، ئارقىسىچە ماڭغان پېتى كەينىگە چېكىنىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇردى. ئاندىن يەنە بىر گۇرۇپپا كېلىپ تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردى ۋە ئۆز ئالدىغا رۇكۇ قىلدى. ئۇلار رۇكۇ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلدى، ئۇلارمۇ بىرگە سەجدە قىلدى. سەجدىدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنچى رەكئەتكە تۇردى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئىككىنچى سەجدىنى قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ ۋاقىتتا، يەنە بىر گۇرۇپپىمۇ كېلىپ سەپكە تىزىلىپ، ھەممىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە نامازغا تۇردى، رۇكۇ ۋە سەجدىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنچى سەجدىنى قىلغاندا، ئۇلارمۇ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن سەجدىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قىلدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بەرگەندىن كېيىن، ھەممىسى سالام بەردى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر نامازنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئادا قىلالىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1242)

1992 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ صَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةَ الْخَوْفِ فَقَامُوا صَفًا خَلْفَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَصَف مُسْتَقْبِلَ الْعَدُو فَصَلى بِهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَةً ثُم جَاءَ الْآخَرُونَ فَقَامُوا مَقَامَهُمْ وَاسْتَقْبَلَ هَؤُلَاءِ الْعَدُو فَصَلى بِهِمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَةً ثُم سَلمَ فَقَامَ هَؤُلَاءِ فَصَلوْا لِأَنفُسِهِمْ رَكْعَةً ثُم سَلمُوا ثُم ذَهَبُوا فَقَامُوا مَقَامَ أُولَئِكَ مُسْتَقْبِلِي الْعَدُو وَرَجَعَ أُولَئِكَ إِلَى مَقَامِهِمْ فَصَلوْا لِأَنفُسِهِمْ رَكْعَةً ثُم سَلمُوا.

1992 - ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەۋپ نامىزى

[1] ئەلبانى (1107): ھەسەن، - دېگەن.

ئوقۇغاندا، بىر سەپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا، يەنە بىر سەپ دۈشمەننىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىسىدىكى سەپ بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئالدىدىكى سەپ كېلىپ، بۇلارنىڭ ئورنىدا تۇردى. بۇلار بېرىپ دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى كەلگەن بۇ سەپ بىلەن بىر رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بەردى، ئاندىن بۇلار قوپۇپ ئۆزلىرى بىر رەكئەت ئوقۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، بېرىپ دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۇردى. دۈشمەننىڭ ئالدىدىكىلەر قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرى بىر رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1244)

1993 - عَنْ الْحَسَنِ عَنْ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ صَلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي خَوْفٍ الظهْرَ فَصَف بَعْضُهُمْ خَلْفَهُ وَبَعْضُهُمْ بِإِزَاءِ الْعَدُو فَصَلى بِهِمْ رَكْعَتَيْنِ ثُم سَلمَ فَانْطَلَقَ الذِينَ صَلوْا مَعَهُ فَوَقَفُوا مَوْقِفَ أَصْحَابِهِمْ ثُم جَاءَ أُولَئِكَ فَصَلوْا خَلْفَهُ فَصَلى بِهِمْ رَكْعَتَيْنِ ثُم سَلمَ فَكَانَتْ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْبَعًا وَلِأَصْحَابِهِ رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ وَبِذَلِكَ كَانَ يُفْتِي الْحَسَنُ قَالَ أَبُو دَاوُد وَكَذَلِكَ فِي الْمَغْرِبِ يَكُونُ لِلْإِمَامِ سِت رَكَعَاتٍ وَلِلْقَوْمِ ثَلَاثٌ ثَلَاثٌ.

1993 ـ ھەسەن ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم پېشىننى خەۋپ ئىچىدە ئوقۇغاندى. ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا، بەزىلىرى دۈشمەننىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ تۇرغانلار بىلەن ئىككى رەكئەت ئوقۇپ سالام بەردى. ئاندىن ئۇلار بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۈزۈپ تۇرغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئورنىدا تۇردى، دۈشمەننىڭ

[1] ئەلبانى (268): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئالدىدىكىلەر كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سالام بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت رەكئەت، ساھابىلەر بولسا ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇغان بولدى.

ھەسەن: خەۋپ نامىزىنى مۇشۇ شەكىلدە ئوقۇش كېرەك، ـ دەپ پەتىۋا بېرەتتى. ئەبۇ داۋۇد: شامنىمۇ مۇشۇنداق ئوقۇيدۇ. نەتىجىدە، ئىمام (شام نامىزىنى ئۈچ رەكئەتتىن ئىككى قېتىم) ئالتە رەكئەت، باشقىلار ئۈچ رەكئەت ئوقۇغان بولىدۇ، ـ دەيدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1248)

1994 - عَنْ ابْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ أُنَيْسٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى خَالِدِ بْنِ سُفْيَانَ الْهُذَلِي وَكَانَ نَحْوَ عُرَنَةَ وَعَرَفَاتٍ فَقَالَ اذْهَبْ فَاقْتُلْهُ قَالَ فَرَأَيْتُهُ وَحَضَرَتْ صَلَاةُ الْعَصْرِ فَقُلْتُ إِني أَخَافُ أَنْ يَكُونَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ مَا إِنْ أُؤَخِرْ الصلَاةَ فَانْطَلَقْتُ أَمْشِي وَأَنَا أُصَلي أُومِئُ إِيمَاءً نَحْوَهُ فَلَما دَنَوْتُ مِنْهُ قَالَ لِي مَنْ أَنتَ قُلْتُ رَجُلٌ مِنْ الْعَرَبِ بَلَغَنِي أَنكَ تَجْمَعُ لِهَذَا الرجُلِ فَجِئْتُكَ فِي ذَاكَ قَالَ إِني لَفِي ذَاكَ فَمَشَيْتُ مَعَهُ سَاعَةً حَتى إِذَا أَمْكَنَنِي عَلَوْتُهُ بِسَيْفِي حَتى بَرَدَ.

1994 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئۇرەينە ۋە ئەرافات تەرەپتە ياشايدىغان خالىد ئىبنى سۇفيان ھۇزەلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەنىدى. قارىسام، ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ، نامازنى كېچىكتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، يولدا ماڭغاچ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇدۇم. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋىدىم، ئۇ مەندىن:

ـ سەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئەرەبلەردىن بىرىمەن، سېنىڭ بۇ كىشى (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دېمەكچى) بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئادەم يىغىۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ كەلدىم، ـ دېدىم. ئۇ:

[1] ئەلبانى (1112): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ شۇنداق، مەن ئادەم يىغىۋاتىمەن، ـ دېدى. مەن پۇرسەت تاپقۇچە، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز يۈردۈم ـ دە، پۇرسەت چىققان ھامان ئۇنى قىلىچىم بىلەن بىرنى قويۇپ ئۆجۈقتۇردۇم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1249)

1995 - عن عَبْدِ اللهِ بْنِ أُنَيْسٍ قَالَ: دَعَانِى رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- فَقَالَ: «إِنَّهُ بَلَغَنِى أَن خالد ابْنَ سفيان ابن نُبَيْحٍ الْهُذَلِى يَجْمَعُ الناسَ لِيَغْزُونِى فَأْتِهِ فَاقْتُلْهُ». قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ انْعَتْهُ لِى حَتى أَعْرِفَهُ قَالَ: «إِذَا رَأَيْتَهُ وَجَدْتَ لَهُ قُشَعْرِيرَةً». قَالَ: فَخَرَجْتُ مُتَوَشِّحًا سَيْفِى حَتى وقَعْتُ عَلَيْهِ بعرنة مع ظُعُنٍ يَرْتَادُ لهن مَنْزِلاً وحين كَانَ وَقْتُ الْعَصْرِ، فَلَما رَأَيْتُهُ وَجَدْتُ لَهُ مَا وَصَفَ لِى رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- مِنَ الْقُشَعْرِيرَةِ فَأَقْبَلْتُ نَحْوَهُ، وَخَشِيتُ أَنْ يَكُونَ بَيْنِى وَبَيْنَهُ مُحاوَلَةٌ، فصليت وأنا أُومِئُ بِرَأْسِى الركوع والسجود، فَلَما انْتَهَيْتُ إِلَيْهِ قَالَ: مَنِ الرجُلُ قُلْتُ: رَجُلٌ سَمِعَ بِكَ وَبِجَمْعِكَ لِهَذَا الرجُلِ فَجَاءَكَ لِذَلِكَ. قَالَ: أَجَل أنا فِى ذَلِكَ قَالَ: فَمَشَيْتُ مَعَهُ حَتى إِذَا أَمْكَنَنِى حَمَلْتُ عَلَيْهِ بِالسَّيْفِ فَقَتَلْتُهُ، ثُم خَرَجْتُ وَتَرَكْتُ ظَعَائِنَهُ مُكِباتٍ عَلَيْهِ، فَلَما قَدِمْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- فرآنى قَالَ: «أَفْلَحَ الْوَجْهُ». قُلْتُ: قَدْ قَتَلْتُهُ يَا رَسُولَ اللهِ. قَالَ: «صَدَقْتَ». ثُم قَامَ معي رَسُولُ اللهِ فَدَخَلَ بِى بَيْتَهُ فَأَعْطَانِى عَصًا فَقَالَ: «أَمْسِكْ هَذِهِ عِنْدَكَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ أُنَيْسٍ». فَخَرَجْتُ بِهَا عَلَى الناسِ فَقَالُوا: مَا هَذِهِ الْعَصَا مَعَكَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ أُنَيْسٍ قُلْتُ: أَعْطَانِيهَا رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- وَأَمَرَنِى أَنْ أُمْسِكَهَا عِنْدِى قَالُوا: أَفَلاَ تَرْجِعُ إِلَيْهِ فَتَسْأَلَهُ عَنْ ذَلِكَ قَالَ فَرَجَعْتُ إِلَيْهِ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ لِمَ أَعْطَيْتَنِى هَذِه الْعَصَا؟ قَالَ: «آيَةٌ بَيْنِى وَبَيْنَكَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِن أَقَل الناسِ الْمُتَخَصِّرُونَ يَوْمَئِذٍ». قَالَ فَقَرَنَهَا عَبْدُ اللهِ بِسَيْفِهِ فَلَمْ يَزَلْ مَعَهُ حَتى إِذَا مَاتَ أُمِرَ بِهَا فَضُمتْ مَعَهُ فِى كَفَنِهِ فَدُفِنَا جَمِيعًا.

1995 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

[1] ئەلبانى (271): زەئىپ، ـ دېگەن.

مېنى چاقىرىپ:

ــ خالىد ئىبنى سۇفيان ئىبنى نەبىيە ھۇزەلىنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئادەم يىغىۋاتقانلىقى توغرىسىدى خەۋىرى كەلدى. سەن بېرىپ، ئۇنى ئوجۇقتۇرىۋېتىپ كەل! ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! تونۇۋالالىشىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ قانداقراق ئادەم ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگىن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ئۇنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدا بىر خىل تىترەكنىڭ بارلىقىنى بايقايسەن، ـ دېدى. مەن قىلىچىمنى ئېسىپ، يولغا چىقتىم. ئۇنى ئۇرەنە دېگەن ئورۇندا بىر قانچە ئايال بىلەن ئۇچراتتىم. ئۇ شۇ ئايالالارنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىكەن. ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالغاندى، مەن ئۇنى كۆرگەن ھامان، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ بەرگەندەك تىترەكنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم. ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇشقا توغرا كېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، نامازنى رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت قىلىپلا ئوقۇدۇم. ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشىم بىلەن:

ـ كىمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ سېنىڭ بۇ كىشى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئادەم يىغىۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ، يېنىڭغا كەلگەن ئادەممەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ شۇنداق، مەن ئادەم يىغىۋاتىمەن، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئازراق مېڭىپ، پۇرسەت چىققان ھامان قىلىچىمنى بىرلا شىلتىپ ئۇنى ئوجۇقتۇرىۋەتتىم. ئەتراپىدىكى ئايالالار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ، داد ـ پەرياد سالغان ھالدا يىغلاشقا باشلىدى. مەن قايتىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ مېنى كۆرۈپ:

ـ يۈزۈڭ يورۇق بولسۇن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئۆلتۈردۈم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ راست، ئۆلتۈردۇڭ، ـ دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى ـ دە، بىر ھاسىنى بېرىپ:

ـ ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس! بۇ ھاسىنى يېنىڭدا ساقلىغىن، ـ دېدى. مەن ئۇ ھاسىنى ئېلىپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا چىقسام، كىشىلەر:

ـ بۇ نېمە ھاسا؟ ـ دەپ سوراشتى. مەن:

ــ بۇنى ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەردى ۋە يېنىمدا ساقلىشىمنى تاپىلىدى، ـ دېسەم، ئۇلار:

ــ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ھاسىنى نېمە ئۈچۈن بەرگەنلىكىنى سوراپ باقساڭ بولمامدۇ؟ ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ھاسىنى ماڭا نېمە ئۈچۈن بەردىڭ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ، قىيامەت كۈنى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نىشانە بولىدۇ. ئۇ كۈندە ھاسىغا تايىنىدىغانلار تولىمۇ ئاز بولىدۇ، ـ دېدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئابدۇللاھ ئۇ ھاسىنى قىلىچى بىلەن بىرگە ساقلىدى. يېنىدىن ھېچ ئايرىمىدى. (ئۇ بۇ ھاسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنىشقا ۋەسىيەت قىلغانىدى) شۇڭا ۋاپات بولغاندا، كېپىنىگە سېلىپ ئۆزى بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنىدى[1].

(«ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا»)

1996 - وفي رواية: قال آمد بن كعب أقل الناس يومئذ المتخصرون، قال آمد ابن كعب فلما توخ عبد الله بن أنيس أمر ŏا فوضعت على بطنه وكفن عليها ودفنـت معه.

---

[1] ھەيسەمى (10344): بۇ ھەدىسنىڭ بىر قىسمىنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەسلىنى بولسا ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ئۇ بولسىمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەنىسنىڭ ئوغلى. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

1996 ـ مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:) «ئۇ كۈندە ھاسىغا تايىنىدىغانلار تولىمۇ ئاز بولىدۇ» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس ئۇ ھاسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنىشىنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇ ۋاپات بولغاندا، ھاسا ئۇنىڭ قورسىقىغا قويۇلۇپ، كېپەنلەنگەندىن كېيىن دەپنە قىلىنغان[①].

(«ئەلكەبىر»)

[①] ھەيسەمى (10345): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

# ئىككى ھېيت نامىزى

1997 - عَنْ سَعِيدِ بن أَوْسٍ الأَنصَارِي، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: إِذَا كَانَ يَوْمُ الْفِطْرِ وَقَفَتِ الْمَلائِكَةُ عَلَى أَبْوَابِ الطرُقِ، فَنَادَوْا: اغْدُوا يَا مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ إِلَى رَب كَرِيمٍ يَمُن بِالْخَيْرِ، ثُم يُثِيبُ عَلَيْهِ الْجَزِيلَ، لَقَدْ أُمِرْتُمْ بِقِيَامِ اللَيْلِ فَقُمْتُمْ، وَأُمِرْتُمْ بِصِيَامِ النهَارِ فَصُمْتُمْ، وَأَطَعْتُمْ رَبكُمْ، فَاقْبِضُوا جَوَائِزَكُمْ ، فَإِذَا صَلوْا، نَادَى مُنَادٍ: أَلا إِن رَبكُمْ قَدْ غَفَرَ لَكُمْ، فَارْجِعُوا رَاشِدِينَ إِلَى رِحَالِكُمْ، فَهُوَ يَوْمُ الْجَائِزَةِ، وَيُسَمى ذَلِكَ الْيَوْمُ فِي السمَاءِ يَوْمَ الْجَائِزَةِ.

1997 ـ سەئىد ئىبنى ئەۋس ئەنسارى دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«روزا ھېيت كۈنى پەرىشتىلەر يوللارنىڭ ئېغىزلىرىدا تۇرۇپ:

ـ ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! ياخشى ئىشلارنى بەندىلىرىگە ئىنئام قىلىدىغان، ئاندىن بۇ ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغانلارغا نۇرغۇن ساۋابلارنى ئاتا قىلىدىغان سېخىي رەببىڭلارغا تېز بېرىڭلار! سىلەر كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغانىدىڭلار، قوپتۇڭلار. كۈندۈزى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلغانىدىڭلار، تۇتتۇڭلار. دېمەك، رەببىڭلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇڭلار، ئەمدى بېرىپ مۇكاپاتىڭلارنى ئېلىڭلار! ـ دەپ جاكارلايدۇ. نامازنى ئوقۇپ بولغاندا، بىر جاكارچى:

ـ ئى خالايىق! رەببىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىۋەتتى، توغرا يول بېغىشلانغان ھالدا ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار! مانا بۇ،

مۇكاپات كۈنىدۇر، ـ دەپ جاكارلايدۇ. بۇ كۈن ئاسماندا "مۇكاپات كۈنى" دەپ ئاتىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

1998 - عَنْ مَالِك عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَغْتَسِلُ يَوْمَ الْفِطْرِ قَبْلَ أَنْ يَغْدُوَ إِلَى الْمُصَلَّى.

1998 ـ مالىك نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما روزا ھېيت كۈنى نامازغا چىقىشتىن ئىلگىرى غۇسلى قىلاتتى.

(مالىك: 428)

1999 - عن محمد بن عبيد الله، عن أبيه، عن جده رضي الله عنه: "أن النبي صلى الله عليه وسلم اغتسل للعيدين".

1999 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزى (يەنى قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت نامىزى) غا چىقىشتىن بۇرۇن غۇسلى قىلاتتى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2000 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ يَوْمَ الْعِيدِ فَصَلى رَكْعَتَيْنِ لَمْ يُصَل قَبْلَهَا وَلَا بَعْدَهَا.

---

[1] ھەيسەمى (3225): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جابىر جۇئفى ئىسىملىك بىرى بار. سەۋرى ئۇنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە ئۇ ۋە شۇئبە ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئەمما كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، ھەدىسى مەترۇكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3204): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە مىندەل ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالار بېرىلگەن. سەنەدتىكى مۇھەممەدنىڭ ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن.

2000 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزىلا ئوقۇدى، ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى[1].

(نەسائى: 1587)

2001 - عن علي: أنه سئل يوم العيد عمن يصلي قبل العيد أو بعده فسكت حG أتى المصلى فصلى العيد وركب. فقيل هؤلاء يصلون، فما عسى أن أصنعÝ سألتموƆ عن السنة، إن النF صلى الله عليه وسلم لم يصل قبلها ولا بعدها، فمن شاء فعل ومن شـاء ترك، أتروƆ أمنع قوما يصلون فأكون ɳنزلة من منع عبدا إذا صلى.

2001 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ناماز ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىق توغرىسىدا سوئال سورالدى، ئۇ جاۋاب بەرمەستىن، ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ ئۇلىغىغا مىندى. كىشىلەر:

ـ ماۋۇلار ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن قانداق قىلىمەن؟ سىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى توغرۇلۇق سورىدىڭلار، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچقاچان ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن (نەپلە) ناماز ئوقۇمىغان. شۇڭا خالىغان ئادەم ناماز ئوقۇسۇن، خالىغان ئادەم ئوقۇمىسۇن. سىلەرچە، مەن بۇ ناماز ئوقۇغانلارنى توسۇپ، (قۇرئاندىكى) ناماز ئوقۇغان بەندىنى نامازدىن توسقان كاپىر قاتارىدا بولسام بولامتى؟ ـ دېدى[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى (1496): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3236): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنى ئەلىدىن پەقەت مۇشۇ سەنەد بىلەنلا رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان. سەنەدىدە يەنە كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم كىشى بار، ـ دېگەن.

2002 - عن أيوب قال رأيت أنس بن مالك والحسن يصليان يوم العيد قبـل أن يخرج الامام قال ورأيت محمد بن سيرين جاء فجلس ولم يصل.

2002 ـ ئەييۇب: مەن ھېيت كۈنى ئەنەس ئىبنى مالىك بىلەن ھەسەننىڭ ئىمام چىقىشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇغانلىقىنى، ئىبنى سىرىننىڭ ناماز ئوقۇماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ـ دەيدۇ[1].

(ئەبۇ يەئلا مەۋسىلى: 4193)

2003 - عن ابن مسعود أنه كان يصلي بعد العيد أربع ركعـات أو ثمانيـا، ولا يصلي قبله .

2003 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېيت نامىزىدىن كېيىن تۆت رەكئەت ياكى سەككىز رەكئەت (نەپلە) ناماز ئوقۇيتتى. ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇمايتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 9529)

2004 - عَنْ كَثِيرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ كَبرَ فِي الْعِيدَيْنِ فِي الْأُولَى سَبْعًا قَبْلَ الْقِرَاءَةِ وَفِي الْآخِرَةِ خَمْسًا قَبْلَ الْقِرَاءَةِ.

2004 ـ كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە (قىرائەتتىن بۇرۇن) يەتتە قېتىم، ئىككىنچى رەكئىتىدە قىرائەتتىن بۇرۇن بەش قېتىم تەكبىر ئېيتقان[3].

(تىرمىزى: 536)

2005 - عَنْ مَكْحُولٍ قَالَ أَخْبَرَنِي أَبُو عَائِشَةَ جَلِيسٌ لِأَبِي هُرَيْرَةَ أن سَـعِيدَ بْـنَ

[1] ھەيسەمى (3230): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3231): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى سەھىھ سەنەدلەر بىلەن رىۋايەت قىلغان. لېكىن مۇرسەلدۇر، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (442): سەھىھ ـ دېگەن.

الْعَاصِ سَأَلَ أَبَا مُوسَى الْأَشْعَرِي وَحُذَيْفَةَ بْنَ الْيَمَانِ كَيْفَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُكَبرُ فِي الْأَضْحَى وَالْفِطْرِ فَقَالَ أَبُو مُوسَى كَانَ يُكَبرُ أَرْبَعًا تَكْبِيرَهُ عَلَى الْجَنَائِزِ فَقَالَ حُذَيْفَةُ صَدَقَ فَقَالَ أَبُو مُوسَى كَذَلِكَ كُنْتُ أُكَبرُ فِي الْبَصْرَةِ حَيْثُ كُنْتُ عَلَيْهِمْ.

2005 ـ مەكھۇل ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ھەمراھى ئەبۇ ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى ئاس ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىدا تەكبىرنى قانداق ئېيتاتتى؟ ـ دەپ سورىدى، ئەبۇ مۇسا:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىدا جىنازا نامىزىدا تەكبىر ئېيتقاندەك تۆت تەكبىر ئېيتاتتى، ـ دېدى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ توغرا، ـ دېدى. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن بەسرە شەھىرىنىڭ ۋالىيسى بولغان ۋاقتىمدا، ھېيت نامىزىدا ئاشۇنداق تەكبىر ئېيتاتتىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1153)

2006 - عَنْ كُرْدُوسٍ قَالَ: "كَانَ عَبْدُ اللهِ بن مَسْعُودٍ يُكَبرُ فِي الأَضْحَى، وَالْفِطْرِ تِسْعًا تِسْعًا، يَبْدَأُ فَيُكَبرُ أَرْبَعًا، ثُم يَقْرَأُ ثُم يُكَبرُ وَاحِدَةً فَيَرْكَعُ بِهَا، ثُم يَقُومُ فِي الركْعَةِ الآخِرَةِ فَيَبْدَأُ فَيَقْرَأُ، ثُم يُكَبرُ أَرْبَعًا يَرْكَعُ بِإِحْدَاهُن".

2006 ـ كۇردۇس مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت نامىزىدا جەمئىي توققۇز قېتىم تەكبىر ئېيتاتتى. نامازنى باشلىغاندا، تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن كېيىن قىرائەت قىلاتتى، ئاندىن رۇكۇ ئۈچۈن بىر تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككىنچى رەكئەتنى قىرائەت بىلەن باشلايتتى. ئاندىن تۆت تەكبىر ئېيتاتتى، بۇ تۆت

[1] ئەلبانى (1022): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

تەكبىرنىڭ بىرسى رۇكۇ ئۇچۇن ئىدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

2007 - عن يَزِيد بْنُ خُمَيْرٍ الرحَبِي قَالَ خَرَجَ عَبْدُ اللهِ بْنُ بُسْرٍ صَاحِبُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ الناسِ فِي يَوْمِ عِيدِ فِطْرٍ أَوْ أَضْحَى فَأَنكَرَ إِبْطَاءَ الْإِمَامِ فَقَالَ إِنا كُنا قَدْ فَرَغْنَا سَاعَتَنَا هَذِهِ وَذَلِكَ حِينَ التسْبِيحِ.

2007 ـ يەزىد ئىبنى خۇمەير رەھەبى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ روزا ھېيت ياكى قۇربان ھېيت كۈنى كىشىلەر بىلەن نامازغا چىقتى. ئۇ ئىمامنىڭ كېچىكىپ چىققانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

— بىز (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە) بۇنداق چاغدا نامازنى ئوقۇپ بولاتتۇق، ـ دېدى. ئۇ (بۇ سۆزنى دېگەندە) چاشگاھ نامىزىنىڭ ۋاقتى بولغانىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1135)

2008 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ أَصَابَهُمْ مَطَرٌ فِي يَوْمِ عِيدٍ فَصَلى بِهِمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةَ الْعِيدِ فِي الْمَسْجِدِ.

2008 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يامغۇر ياغقان بىر ھېيت كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇغان ئىدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1160)

2009 - زاد رزين: ولم يخرج بنا إلى المصلى.

[1] ھەيسەمى (3249): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1005): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (248): زەئىپ، ـ دېگەن.

2009 ـ رەزىن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇ كۈنى نامازگاھقا ئېلىپ چىقمىغان، ـ دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلدى.
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2010 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعِيدَيْنِ غَيْرَ مَرةٍ وَلَا مَرتَيْنِ بِغَيْرِ أَذَانٍ وَلَا إِقَامَةٍ.

2010 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنى بىر قانچە قېتىم ئەزان ۋە تەكبىرسىز ئوقۇغان، ـ دەيدۇ.
(مۇسلىم: 887)

2011 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ كَانُوا يُصَلونَ الْعِيدَيْنِ قَبْلَ الْخُطْبَةِ.

2011 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېيت نامىزىنى خۇتبىدىن بۇرۇن ئوقۇيتتى.
(مۇسلىم: 888)

2012 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ شَهِدْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصلَاةَ يَوْمَ الْعِيدِ فَبَدَأَ بِالصلَاةِ قَبْلَ الْخُطْبَةِ بِغَيْرِ أَذَانٍ وَلَا إِقَامَةٍ ثُم قَامَ مُتَوَكئًا عَلَى بِلَالٍ فَأَمَرَ بِتَقْوَى اللهِ وَحَث عَلَى طَاعَتِهِ وَوَعَظَ الناسَ وَذَكرَهُمْ ثُم مَضَى حَتى أَتَى النسَاءَ فَوَعَظَهُن وَذَكرَهُن فَقَالَ تَصَدقْنَ فَإِن أَكْثَرَكُن حَطَبُ جَهَنمَ فَقَامَتْ امْرَأَةٌ مِنْ سِطَةِ النسَاءِ سَفْعَاءُ الْخَدينِ فَقَالَتْ لِمَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لِأَنكُن تُكْثِرْنَ الشكَاةَ وَتَكْفُرْنَ الْعَشِيرَ قَالَ فَجَعَلْنَ يَتَصَدقْنَ مِنْ حُلِيهِن يُلْقِينَ فِي ثَوْبِ بِلَالٍ مِنْ أَقْرِطَتِهِن وَخَوَاتِمِهِن.

2012 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھېيت نامىزى

ئوقۇغانىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىنى خۇتبىدىن بۇرۇن ئەزان ـ تەكبىرسىز ئوقۇغانىدى. نامازدىن كېيىن، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، ئۇلارنى الله تائالادىن قورقۇشقا بۇيرىدى ۋە الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ئۈندىدى. ئاندىن ئاياللارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغىمۇ ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى ۋە ئاخىرىدا:

ـ ئى ئاياللار! سەدىقە قىلىڭلار! جەھەننەم ئەھلىنىڭ كۆپ قىسمى ئاياللاردۇر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى مەڭزىدە داغ بار بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ چۈنكى سىلەر كۆپ شىكايەت قىلىسىلەر، ئېرىڭلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا تۇزكورلۇق قىلىسىلەر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاياللار قۇلاقلىرىدىكى ھالقىلىرىنى ۋە قوللىرىدىكى ئۈزۈكلىرىنى سەدىقە قىلىپ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېتىكىگە تاشلىغىلى تۇردى.

(مۇسلىم: 885).

2013 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْرُجُ يَوْمَ الْفِطْرِ وَالْأَضْحَى إِلَى الْمُصَلى فَأَولُ شَيْءٍ يَبْدَأُ بِهِ الصلَاةُ ثُم يَنْصَرِفُ فَيَقُومُ مُقَابِلَ الناسِ وَالناسُ جُلُوسٌ عَلَى صُفُوفِهِمْ فَيَعِظُهُمْ وَيُوصِيهِمْ وَيَأْمُرُهُمْ فَإِنْ كَانَ يُرِيدُ أَنْ يَقْطَعَ بَعْثًا قَطَعَهُ أَوْ يَأْمُرَ بِشَيْءٍ أَمَرَ بِهِ ثُم يَنْصَرِفُ قَالَ أَبُو سَعِيدٍ فَلَمْ يَزَلْ الناسُ عَلَى ذَلِكَ حَتى خَرَجْتُ مَعَ مَرْوَانَ وَهُوَ أَمِيرُ الْمَدِينَةِ فِي أَضْحًى أَوْ فِطْرٍ فَلَما أَتَيْنَا الْمُصَلى إِذَا مِنْبَرٌ بَنَاهُ كَثِيرُ بْنُ الصلْتِ فَإِذَا مَرْوَانُ يُرِيدُ أَنْ يَرْتَقِيَهُ قَبْلَ أَنْ يُصَلِّيَ فَجَبَذْتُ بِثَوْبِهِ فَجَبَذَنِي فَارْتَفَعَ فَخَطَبَ قَبْلَ الصلَاةِ فَقُلْتُ لَهُ غَيرْتُمْ وَاللهِ فَقَالَ أَبَا سَعِيدٍ قَدْ ذَهَبَ مَا تَعْلَمُ فَقُلْتُ مَا أَعْلَمُ وَاللهِ خَيْرٌ مِما لَا أَعْلَمُ فَقَالَ إِن الناسَ لَمْ يَكُونُوا يَجْلِسُونَ لَنَا بَعْدَ الصلَاةِ فَجَعَلْتُهَا قَبْلَ الصلَاةِ.

2013 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روزا ھېيت ۋە قۇربان

ھېيتتا نامازگاھقا چىقىپ، تۇنجى قىلىدىغان ئىشى ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئىدى. ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سەپلىرىدە مىدىرلىماي قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. تەۋسىيە ۋە بۇيرۇقلىرىنى خەلققە ئاڭلىتاتتى، بىرەر يەرگە قوشۇن يوللىماقچى بولسا يوللايتتى، كىشىلەرنى بىرەر ئىشقا بۇيرىماقچى بولسا بۇيرۇيتتى، ئاندىن ئۆيىگە قايتاتتى. شۇندىن ئېتىبارەن، تاكى مەن ئەينى زامانىدىكى مەدىنىنىڭ ۋالىسى مەرۋان بىلەن بىر كۈنى قۇربان ھېيت (ياكى روزا ھېيت) نامىزىنى ئوقۇغىلى چىققانغا قەدەر كىشىلەر ھېيت نامىزىنى شۇ پېتى ئوقۇپ كەلدى. مەرۋان بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇغىلى چىققان كۈنى، نامازگاھتا كەسىر ئىبنى سەلت دېگەن كىشى ياسىغان بىر مۇنبەر تۇراتتى. قارىسام، مەرۋان ھېيت نامىزىنى ئوقۇماي تۇرۇپ مۇنبەرگە چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن دەرھال ئۇنىڭ كىيىمىدىن تۇتۇپ تارتتىم. ئۇ مېنى سىلكىۋېتىپ، مۇنبەرگە چىقىپ نامازدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇدى. مەن:

ـ اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر دىنىنى ئۆزگەرتتىڭلار، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئى ئەبۇ سەئىد! سەن بىلىدىغان ئۇ ئىشلارنىڭ دەۋرى ئۆتتى، ـ دېدى. مەن:

ـ اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بىلىدىغان ئۇ ئىشلار مەن بىلمەيدىغان بۇ ئىشلاردىن مىڭ ياخشى، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ كىشىلەر نامازدىن كېيىن، خۇتبىنى ساقلاپ ئولتۇرمايدىكەن. شۇڭا خۇتبىنى نامازدىن بۇرۇن ئوقۇۋېتتىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 956)

2014 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ السائِبِ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى الْعِيدَ قَالَ مَنْ أَحَب أَنْ يَنْصَرِفَ فَلْيَنْصَرِفْ وَمَنْ أَحَب أَنْ يُقِيمَ لِلْخُطْبَةِ فَلْيُقِمْ.

2014 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت

نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ: «ئۆيىگە قايتىشنى خالايدىغانلار قايتسۇن، خۇتبە ئاڭلاي دېگەنلەر قالسۇن» دېدى[①].

(نەسائى: 1571)

2015 - عَنْ أَبِي كَاهِلٍ الْأَحْمَسِيِّ قَالَ رَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَخْطُبُ عَلَى نَاقَةٍ وَحَبَشِيٌّ آخِذٌ بِخِطَامِ النَّاقَةِ.

2015 ـ ئەبۇ كاھىل ئەھمەسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ چاغدا، تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر ھەبەشىستانلىق تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن، ـ دەيدۇ[②].

(نەسائى: 1573)

2016 - عَنْ يَزِيدَ بْنِ الْبَرَاءِ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نُووِلَ يَوْمَ الْعِيدِ قَوْسًا فَخَطَبَ عَلَيْهِ.

2016 ـ يەزىد ئىبنى بەرا دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھېيت كۈنى بىر ئوقيا سۇنۇپ بېرىلدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ئوقياغا تايىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇدى[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 1145)

2017 - عَنْ عُبَيْدِ اللَّهِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ سَأَلَ أَبَا وَاقِدٍ اللَّيْثِيَّ مَاذَا كَانَ يَقْرَأُ بِهِ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي الْأَضْحَى وَالْفِطْرِ قَالَ كَانَ يَقْرَأُ فِيهِمَا ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ وَاقْتَرَبَتْ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ.

2017 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ۋاقىد لەيسى

[①] ئەلبانى (1480): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1482): ھەسەن، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (1014): ھەسەن، ـ دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت نامىزىدا قايسى سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت نامىزىدا: سۈرە قاف ۋە سۈرە ئىنشىقاقنى ئوقۇيتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1154)

2018 ـ عَنْ النُعْمَان ِبْنِ بَشِيرٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الْعِيدَيْنِ وَفِي الْجُمُعَةِ بِسَبِحِ اسْمَ رَبكَ الْأعْلَى وَهَلْ أتَاكَ حَدِيثُ الْغَاشِيَةِ قَالَ وَإذَا اجْتَمَعَ الْعِيدُ وَالْجُمُعَةُ فِي يَوْمٍ وَاحِدٍ يَقْرَأُ بِهِمَا أيْضًا فِي الصلَاتَيْنِ.

2018 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا ۋە جۈمە نامىزىدا سۈرە ئەئلانى ۋە سۈرە غاشىيەنى ئوقۇيتتى، ھېيت بىلەن جۈمە بىر كۈندە كېلىپ قالسىمۇ، بۇ ئىككى سۈرىنى ھەر ئىككىلى نامازدا ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 878)

2019 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعِيدَ رَكْعَتَيْنِ لَا يَقْرَأُ فِيهِمَا إلا بِأم الْكِتَابِ لَمْ يَزِدْ عَلَيْهَا شَيْئًا.

2019 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقۇدى، ھەر ئىككى رەكئەتتە پەقەت سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ھېچبىر سۈرە قوشمىدى[2].

(ئەھمەد: 2175)

[1] ئەلبانى (1023): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3240): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە شەھر ئىبنى ھەۋشەب ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭغا ھەرخىل (يەنى بەزىلەر ئىشەنچلىك، بەزىلەر ھەدىسى زەئىپ دېگەندەك) باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

2020 - عن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يقرأ في صلاة العيـدين بعم يتساءلون والشمس وضحاها.

2020 ـ ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا سۈرە ئەمـمـە ۋە سۈرە شەمسنى ئوقۇيتتى[①].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2021 - عن علي قال: "الجهر في صلاة العيدين من السنة".

2021 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئىككى ھېيت نامىزىدا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇش سۈننەت، ـ دېگەن[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

2022 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ قَدْ اجْتَمَـعَ فِي يَوْمِكُمْ هَذَا عِيدَانِ فَمَنْ شَاءَ أَجْزَأَهُ مِنْ الْجُمُعَةِ وَإِنا مُجَمعُونَ.

2022 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۈگۈن ئىككى ھېيت بىر كۈندە كەلدى، شۇڭا ھېيت نامىزى ئوقۇغان ئادەم جۈمە نامىزىغا كەلمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما بىز جۈمە ئوقۇيمىز» دېگەن[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 1073)

2023 - عَنْ ابْنِ جُرَيْجٍ قَالَ قَالَ عَطَاءٌ اجْتَمَعَ يَوْمُ جُمُعَةٍ وَيَوْمُ فِطْرٍ عَلَى عَهْدِ ابْنِ الزبَيْرِ فَقَالَ عِيدَانِ اجْتَمَعَا فِي يَوْمٍ وَاحِدٍ فَجَمَعَهُمَا جَمِيعًا فَصَلاهُمَا رَكْعَتَيْنِ بُكْرَةً لَمْ يَزِدْ

---

[①] ھەيسەمى (3242): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەييۇب ئىبنى سەييار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار.

[②] ھەيسەمى (3243): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھارىس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (948): سەھىھ ـ دېگەن.

عَلَيْهِمَا حَتى صَلى الْعَصْرَ.

2023 ـ ئىبنى جۇرەيج ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى زۇبەيرنىڭ دەۋرىدە روزا ھېيت كۈنى جۈمە كۈنىگە توغرا كەلگەندى. ئىبنى زۇبەير: ئىككى ھېيت بىر كۈندە كەلدى، ـ دېدى ـ دە، ئىككىسىنى جۇغلاپ، ئەتىگەندە ئىككى رەكئەتلا ئوقۇدى، ئاندىن تا ئەسىرگىچە شۇ ئىككى رەكئەتتىن باشقا ناماز ئوقۇمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1072)

2024 - عن وَهْبُ بْنُ كَيْسَانَ قَالَ اجْتَمَعَ عِيدَانِ عَلَى عَهْدِ ابْنِ الزبَيْرِ فَأَخرَ الْخُرُوجَ حَتى تَعَالَى النهَارُ ثُم خَرَجَ فَخَطَبَ فَأَطَالَ الْخُطْبَةَ ثُم نَزَلَ فَصَلى وَلَمْ يُصَل لِلناسِ يَوْمَئِذٍ الْجُمُعَةَ فَذُكِرَ ذَلِكَ لِابْنِ عَباسٍ فَقَالَ أَصَابَ السنةَ.

2024 ـ ۋەھب ئىبنى كەيسان مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى زۇبەيرنىڭ دەۋرىدە ئىككى ھېيت (يەنى ھېيت بىلەن جۈمە) بىر كۈندە كەلگەندى، ئىبنى زۇبەير نامازگاھقا كۈن خېلى ئۆرلىگەندىن كېيىن چىقىپ، ئۇزۇن خۇتبە ئوقۇدى، خۇتبىدىن چۈشۈپلا ناماز ئوقۇدى. ئۇ كۈنى كىشىلەر ئىبنى زۇبەيرگە ئەگىشىپ جۈمە نامىزى ئوقۇمىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئۇنىڭ بۇ ئىشى يەتكۈزۈلگەندى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ ئۇ سۈننەتكە ئۇيغۇن ئىش قىلىپتۇ، ـ دېدى[2].

(نەسائى: 1592)

2025 - قَالَ أَبو عُبَيْدٍ شَهِدْتُ الْعِيدَ مَعَ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ فَكَانَ ذَلِكَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَصَلى قَبْلَ الْخُطْبَةِ ثُم خَطَبَ فَقَالَ يَا أَيهَا الناسُ إِن هَذَا يَوْمٌ قَدْ اجْتَمَعَ لَكُمْ فِيهِ عِيدَانِ فَمَنْ أَحَب أَنْ يَنْتَظِرَ الْجُمُعَةَ مِنْ أَهْلِ الْعَوَالِي فَلْيَنْتَظِرْ وَمَنْ أَحَب أَنْ يَرْجِعَ فَقَدْ أَذِنْتُ لَهُ.

2025 ـ ئەبۇ ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوسمان ئىبنى ئەففان

---

[1] ئەلبانى (947): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1501): سەھىھ ـ دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇدۇم، ئۇ ھېيت نامىزى جۈمە كۈنىگە ئۇدۇل كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاۋۋال ناماز ئوقۇدى، ئاندىن خۇتبە ئوقۇدى. ئۇ خۇتبىسىدە:

ــ ئى خالايىق! بۈگۈن ئىككى ھېيتىڭلار بىرگە كەلدى، يىراق مەھەللىدىن كەلگەنلەر جۈمە نامىزىغىچە ساقلاشنى خالىسا ساقلىسۇن، ئۆيلىرىگە قايتىشنى خالايدىغانلار قايتىپ كەتسە بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5573)

2026 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَغْدُو يَوْمَ الْفِطْرِ حَتى يَأْكُلَ تَمَرَاتٍ وَقَالَ مُرَجأُ بْنُ رَجَاءٍ حَدثَنِي عُبَيْدُ اللهِ قَالَ حَدثَنِي أَنسٌ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيَأْكُلُهن وِتْرًا.

2026 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت كۈنى بىر قانچە تال خورما يېمەي تۇرۇپ نامازغا چىقمايتتى. خورمىلارنىڭ سانى تاق بولاتتى.

(بۇخارى: 953)

2027 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَخْرُجُ يَوْمَ الْفِطْرِ حَتى يَطْعَمَ وَلَا يَطْعَمُ يَوْمَ الْأَضْحَى حَتى يُصَليَ .

2027 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت كۈنى بىر نەرسە يېمەي تۇرۇپ نامازغا چىقمايتتى. قۇربان ھېيت كۈنى بولسا، نامازدىن قايتمىغۇچە بىر نەرسە يېمەيتتى[1].

(تىرمىزى: 542)

[1] ئەلبانى (447): سەھىھ ـ دېگەن.

2028 - عَنْ عَلِيٍّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ مِنْ السنةِ أَنْ تَخْرُجَ إِلَى الْعِيدِ مَاشِيًا وَأَنْ تَأْكُلَ شَيْئًا قَبْلَ أَنْ تَخْرُجَ.

2028 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھېيت نامىزىغا پىيادە چىقىش ۋە چىقىشتىن بۇرۇن بىر نەرسە يېيىش سۈننەت①.

(تىرمىزى: 530)

2029 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا خَرَجَ يَوْمَ الْعِيدِ فِي طَرِيقٍ رَجَعَ فِي غَيْرِهِ.

2029 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىغا بىر يولدىن چىقىپ، باشقا يول بىلەن قايتاتتى②.

(تىرمىزى: 541)

2030 - عن بَكْرِ بْنِ مُبَشرٍ الْأَنْصَارِي قَالَ كُنْتُ أَغْدُو مَعَ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمُصَلى يَوْمَ الْفِطْرِ وَيَوْمَ الْأَضْحَى فَنَسْلُكُ بَطْنَ بَطْحَانَ حَتى نَأْتِيَ الْمُصَلى فَنُصَلي مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم نَرْجِعَ مِنْ بَطْنِ بَطْحَانَ إِلَى بُيُوتِنَا.

2030 ـ بەكر ئىبنى مۇبەششىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بىلەن بىرگە روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنى نامازگاھقا باراتتىم، بىز بەتھان ۋادىسىنىڭ ئىچىدىن ماڭاتتۇق. نامازگاھقا بېرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە شۇ بەتھان ۋادىسىنىڭ ئىچىدىن ئۆيىمىزگە قايتاتتۇق③.

(ئەبۇ داۋۇد: 1158)

① ئەلبانى (437): ھەسەن. ـ دېگەن.

② ئەلبانى (446): سەھىھ. ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (247): زەئىپ. ـ دېگەن.

2031 - عن حفصة بنت سيرين عَنْ أُم عَطِيَةَ قَالَتْ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نُخْرِجَهُن فِي الْفِطْرِ وَالْأَضْحَى الْعَوَاتِقَ وَالْحُيRّ وَذَوَاتِ الْخُدُورِ فَأَما الْحُيRّ فَيَعْتَزِلْنَ الصلَاةَ وَيَشْهَدْنَ الْخَيْرَ وَدَعْوَةَ الْمُسْلِمِينَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِحْدَانَا لَا يَكُونُ لَهَا جِلْبَابٌ قَالَ لِتُلْبِسْهَا أُخْتُهَا مِنْ جِلْبَابِهَا.

2031 ـ ھەفسە بىنتى سىرىن ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلاردا بويىغا يەتكەن، يات ئەرلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان ۋە ھەيزدار ئاياللارنىمۇ نامازگاھقا بىللە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىدى. ھەيزدار ئاياللار بىر چەتتە تۇرۇپ تۇراتتى، ناماز ئوقۇمايتتى، لېكىن خۇتبىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن پايدىلىناتتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئالىرىغا قاتنىشاتتى. مەن:

ـ ئى رەسۇللاھ! بىرەرسىمىزنىڭ پۈركەنجىسى بولمىسا قانداق قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ھەمشىرىسى ئۇنىڭغا پۈركەنجىلىرىدىن بىرەرنى بېرىپ تۇرسۇن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 890)

2032 – عن حفصة عَنْ أُم عَطِيَةَ قَالَتْ: كُنا نُؤْمَرُ أَنْ نَخْرُجَ يَوْمَ الْعِيدِ حَتى نُخْرِجَ الْبِكْرَ مِنْ خِدْرِهَا حَتى نُخْرِجَ الْحُيRّ فَيَكُن خَلْفَ الناسِ فَيُكَبِرْنَ بِتَكْبِيرِهِمْ وَيَدْعُونَ بِدُعَائِهِمْ يَرْجُونَ بَرَكَةَ ذَلِكَ الْيَوْمِ وَطُهْرَتَه.

2032 ـ ھەفسە ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئاياللار ھېيت كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك نامازگاھقا چىقىشقا بۇيرۇلغاندۇق، ھەتتا بويىغا يېتىپ قالغان قىزلارنى ۋە ھەيزدار ئاياللارنىمۇ ئېلىپ چىقاتتۇق. ھەيزدار ئاياللار كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن تەڭ تەكبىر تۇۋلايتتى، شۇ كۈننىڭ بەرىكىتى ۋە پاكلىقىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈمىدىدە ئۇلار بىلەن تەڭ دۇئا قىلاتتى.

(بۇخارى: 971)

2033 - عَنْ أُخْتِ عَبْدِ اللهِ بنِ رَوَاحَةَ الْأَنصَارِي عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ

وَسَلمَ أنهُ قَالَ وَجَبَ الْخُرُوجُ عَلَى كُل ذَاتِ نِطَاقٍ.

2033 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمشىرىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھىجابقا پۈركەنگۈدەك بولغان ھەر بىر ئايالنىڭ (ھېيت نامىزىغا) چىقىشى لازىم»[①].

(ئەھمەد: 26474)

2034 - عَنْ ٱبْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ كَانَ يُخْرِجُ الْعَنَزَةَ يَوْمَ الْفِطْرِ وَيَوْمَ الْأَضْحَى يُرْكِزُهَا فَيُصَلي إِلَيْهَا.

2034 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە نەيزىدىن بىرنى بىرگە ئېلىپ چىقىپ، ئالدىغا سانچىپ قويۇپ، شۇ نەيزە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى[②].

(نەسائى: 1565)

2035 - عن ابن عمر قال كان النبي صلى الله عليه وسلم يخرج إلى العيد ومعه حربة وترس.

2035 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى نەيزە بىلەن قالقاننى بىرگە ئېلىپ چىقاتتى[③].

(«ئەلئەۋسەت»)

2036 -أَمَرَ أَنسُ بْنُ مَالِكٍ مَوْلَاهُمْ ٱبْنَ أَبِي عُتْبَةَ بِالزاوِيَةِ فَجَمَعَ أَهْلَهُ وَبَنِيهِ وَصَلى

---

[①] ھەيسەمى (3219): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى («ئەلكەبىر» دە) رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىر تابىئى ئايال بار،- دېگەن.

[②] ئەلبانى (1474): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (3215): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ كەرەس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار،- دېگەن.

كَصَلَاةِ أَهْلِ الْمِصْرِ وَتَكْبِيرِهِمْ.

2036 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاۋىيە دېگەن يەردە قۇلى ئىبنى ئۇتبەنى بالا ـ چاقىلىرىنى توپلاشقا بۇيرۇپ، ئۇلار بىلەن شەھەر ئاھالىسى (ھېيت) نامىزى ئوقۇغاندەك ناماز ئوقىدى ۋە شەھەر ئاھالىسى (ھېيت نامىزىغا) تەكبىر توۋلىغاندەك تەكبىر توۋلىدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2037 - عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "زينوا أعيادكم بالتكبير".

2037 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېيتلىرىڭلارنى تەكبىرلەر بىلەن بېزەڭلار»[1].

(«ئەلسەغىر»: 599؛ «ئەلئەۋسەت»)

2038 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ شَهْرَا عِيدٍ لَا يَنْقُصَانِ رَمَضَانُ وَذُو الْحِجةِ.

2038 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكر دادىسى ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«رامىزان ۋە زۇلھەججىدىن ئىبارەت ئىككى ھېيت ئېيىنىڭ (سانى كېمىيىپ كەتسىمۇ) ساۋابى كېمەيمەيدۇ».

(مۇسلىم: 1089)

2039 - عن عبادة بن الصامت أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال من أحيا

---

[1] ھەيسەمى (3200): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى راشىد ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مەئىن ۋە نەسائى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئەجەلى ئۇنىڭ يامان ئەمەس ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

ليلة الفطر وليلة الاضحى لم يمت قلبه يوم تموت القلوب.

2039 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كېچىسىنى ئۇخلىماي ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ قەلبى قەلبلەر ئۆلىدىغان كۈندە ئۆلمەيدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر» ۋە: «ئەلئەۋسەت»)

2040 - عن أبي طَرَفَةَ عَبادُ بن الريان اللخْمِي الحِمْصِي، قَالَ: أَتَيْتُ الْمِقْدَامَ بن مَعْدِي كَرِبٍ وَهُوَ فِي قَرْيَةٍ عَلَى أَمْيَالٍ مِنْ حِمْصَ يَوْمَ عِيدٍ، فَقُلْنَا: اخْرُجْ فَصَل بنا الْعِيدَ، فَقَالَ: لا، صَلوا فُرَادَى.

2040 ـ ئەبۇ تەرەفە ئەبباد ئىبنى رەييان لەخمى ھىمسى مۇنداق دەيدۇ: مەن ھېيت كۈنى ھىمس شەھىرىدىن بىر قانچە مىل ئۇزاقلىقتىكى بىر كەنتتە ياشاۋاتقان مىقداد ئىبنى مەئدىكەرىبنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ بىزگە ئىمام بولۇپ ھېيت نامىزى ئوقۇپ بەرگىن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ياق، ھەممىڭلار ئۆز ئالدىڭلارغا يالغۇز ئوقۇڭلار، ـ دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»)

2041 - عن عبد الله بن مسعود قال: من فاتته العيد فليصل أربعاً.

2041 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھېيت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن ئادەم تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ـ دېگەن[③].

(«ئەلكەبىر»: 9533)

---

[①] ھەيسەمى (3203): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى ھارۇن بەلخى ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى مەھدى ۋە باشقىلار ئۇنى ياخشى ئادەم دەپ ماختىغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3252): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ تۇرفە ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (3253): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

2042 - عن حَبِيب بن عُمَرَ الأَنصَارِي، أَخْبَرَنِي أَبِي، قَالَ: لَقِيتُ وَاثِلَةَ يَوْمَ عِيدٍ، فَقُلْتُ: تَقبلَ اللهُ مِنا وَمِنْكَ، فَقَالَ: نَعَمْ، تَقبلَ اللهُ مِنا وَمِنْكَ.

2042 ـ ھەبىب ئىبنى ئۆمەر ئەنسارى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھېيت كۈنى ۋاسىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا:

ـ تَقَبلَ اللهُ مِنا وَمِنْكَ (اللہ قىلغان ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلغاي)، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ شۇنداق، تَقَبلَ اللهُ مِنا وَمِنْكَ (اللہ قىلغان ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلغاي)، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 53/22)

2043 - عن علي قال: الخروج إلى الجبان في العيدين من السنة.

2043 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئىككى ھېيت نامىزىنى دالىدا ئوقۇش سۈننەت، ـ دېگەن[2].

(«ئەلكەبىر»)

2044 - عن عن عبد الرحمن بن عثمان التيمي قال: رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا انصرف من العيدين أتى وسط المصلى فقام فنظر إلى الناس كيف ينصرفون وكيف سمتهم ثم يقف ساعة ثم ينصرف.

2044 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئوسمان تەيمىي مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىدىن كېيىن، نامازگاھنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ نامازگاھتىن قايتىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن قايتقانلىقىنى

[1] ھەيسەمى (3255): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، زەھەبى ئۇنىڭ سەنەدىدىكى ھەبىبنىڭ نامەلۇم ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان. مەن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3256): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھارىس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

كۆرگەنىدىم[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

2045 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ قُرْطٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن أَعْظَمَ الْأَيامِ عِنْدَ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَوْمُ النحْرِ ثُم يَوْمُ الْقَر قَالَ عِيسَى قَالَ ثَوْرٌ وَهُوَ الْيَوْمُ الثانِي.

2045 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى قۇرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئۇلۇغ كۈن قۇربان ھېيت كۈنى، ئاندىن كېيىن زىياپەت كۈنىدۇر».

ئىيسا سەۋرنىڭ: زىياپەت كۈنى دېگىنى ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1765)

2046 - عَنْ أَنَسٍ قَالَ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ وَلَهُمْ يَوْمَانِ يَلْعَبُونَ فِيهِمَا فَقَالَ مَا هَذَانِ الْيَوْمَانِ قَالُوا كُنا نَلْعَبُ فِيهِمَا فِي الْجَاهِلِيةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ قَدْ أَبْدَلَكُمْ بِهِمَا خَيْرًا مِنْهُمَا يَوْمَ الْأَضْحَى وَيَوْمَ الْفِطْرِ.

2046 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنە ئەھلىنىڭ ئويۇن ـ تاماشا قىلىدىغان ئىككى كۈنى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ ئىككىسى نېمە كۈن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـ بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە مۇشۇ ئىككى كۈندە ئويۇن ـ تاماشا قىلاتتۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله سىلەرگە بۇ ئىككى كۈننىڭ ئورنىغا بۇلاردىن ياخشىراق بولغان

[1] ھەيسەمى (3258): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئەمما راۋىيلارنىڭ ئارىسىدا مۇنكەدىر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر بولسىمۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى مەئىن (بىر رىۋايەتتە) ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1552): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىككى ھېيت كۈنىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1134)

2047 - عَنْ قَيْسِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ مَا كَانَ شَيْءٌ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِلا وَقَدْ رَأَيْتُهُ إِلا شَيْءٌ وَاحِدٌ فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ كَانَ يُقَلسُ لَهُ يَوْمَ الْفِطْرِ.

2047 ـ قەيس ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھازىر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بار ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى بىردىن باشقا ھەممىسىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇ بولسىمۇ، روزا ھېيت كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاماشا قىلىشى ئۈچۈن داپ چېلىناتتى (يەنى ھېيت كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا داپ چېلىناتتى)، ئەمما بۇ ئىشلار بۇ زاماندا قالمىدى[2].

(ئىبنى ماجە: 1303)

[1] ئەلبانى (1004): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (268): زەئىپ، ـ دېگەن.

## كۈن تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز

2048 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَسَفَتْ الشَمْسُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَصَلى بِالناسِ فَأَطَالَ الْقِرَاءَةَ ثُم رَكَعَ فَأَطَالَ الركُوعَ ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ فَأَطَالَ الْقِرَاءَةَ وَهِيَ دُونَ قِرَاءَتِهِ الْأُولَى ثُم رَكَعَ فَأَطَالَ الركُوعَ دُونَ رُكُوعِهِ الْأَولِ ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ فَسَجَدَ سَجْدَتَيْنِ ثُم قَامَ فَصَنَعَ فِي الركْعَةِ الثانِيَةِ مِثْلَ ذَلِكَ ثُم قَامَ فَقَالَ إِن الشمْسَ وَالْقَمَرَ لَا يَخْسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلَا لِحَيَاتِهِ وَلَكِنهُمَا آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللهِ يُرِيهِمَا عِبَادَهُ فَإِذَا رَأَيْتُمْ ذَلِكَ فَافْزَعُوا إِلَى الصلَاةِ.

2048 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە كۈن تۇتۇلغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر بىلەن نامازغا تۇردى، نامازدا بەك ئۇزۇن قىرائەت قىلدى، ئاندىن بەك ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئۇزۇن قىرائەت قىلدى، بىراق بۇ قېتىمقى قىرائەتنى ئىلگىرىكىدىن سەل قىسقىراق ئىدى. قىرائەتتىن كېيىن يەنە ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى. بۇ قېتىمقى رۇكۇسىمۇ ئالدىنقىسىدىن سەل قىسقىراق ئىدى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئىككى سەجدە قىلدى. سەجدىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككىنچى رەكئەتنى يەنە بىرىنچى رەكئەتكە ئوخشاش ئوقۇدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ: «كۈن، ئاي بىرەر كىشىنىڭ ئۆلگىنى ياكى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. كۈن، ئاي (نىڭ تۇتۇلۇشى) پەقەت اللهنىڭ بەندىلىرىگە كۆرسىتىپ قويىدىغان مۆجىزىلىرىدىن ئىككىسىدۇر. سىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرسەڭلار، دەرھال نامازغا تۇرۇڭلار» دېدى.

(بۇخارى: 1058)

2049 – وفي رواية: فَإِذَا رَأَيْتُمْ ذَلِكَ فَادْعُوا اللهَ وَكَبِّرُوا وَصَلُّوا وَتَصَدَّقُوا ثُمَّ قَالَ يَا أُمَّةَ مُحَمَّدٍ وَاللهِ مَا مِنْ أَحَدٍ أَغْيَرُ مِنْ اللهِ أَنْ يَزْنِيَ عَبْدُهُ أَوْ تَزْنِيَ أَمَتُهُ يَا أُمَّةَ مُحَمَّدٍ وَاللهِ لَوْ تَعْلَمُونَ مَا أَعْلَمُ لَضَحِكْتُمْ قَلِيلًا وَلَبَكَيْتُمْ كَثِيرًا.

2049 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «بۇ ئەھۋالنى كۆرسەڭلار، اﷲ تائالاغا دۇئا قىلىڭلار، تەكبىر ئېيتىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار ۋە سەدىقە بېرىڭلار» دېدى. ئاندىن كېيىن: «ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى! اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قۇلىنىڭ ياكى دېدىكىنىڭ زىنا قىلىشىنى يامان كۆرۈشتە ھېچ كىم اﷲقا يەتمەيدۇ، ئى ئۈممىتى مۇھەممەد! اﷲ بىلەن قەسەمكى، سىلەر مەن بىلىدىغان ئىشلارنى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار» دېدى.

(بۇخارى: 1044)

2050 - وفي أخرى أنا: فَحَزَرْتُ قِرَاءَتَهُ فَرَأَيْتُ أَنَّهُ قَرَأَ بِسُورَةِ الْبَقَرَةِ وَسَاقَ الْحَدِيثَ ثُمَّ سَجَدَ سَجْدَتَيْنِ ثُمَّ قَامَ فَأَطَالَ الْقِرَاءَةَ فَحَزَرْتُ قِرَاءَتَهُ أَنَّهُ قَرَأَ بِسُورَةِ آلِ عِمْرَانَ.

2050 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈن تۇتۇلغاندا ئوقۇغان نامىزىدا قايسى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى تەخمىن قىلىپ تاپتىم. ئۇ بىرىنچى رەكئەتتە سۈرە بەقەرەنى، ئىككىنچى رەكئەتتە سۈرە ئال ئىمراننى ئوقۇپتۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1187)

2051 - وفي رواية: حَتَّى إِنَّ رِجَالًا يَوْمَئِذٍ لَيُغْشَى عَلَيْهِمْ مِمَّا قَامَ بِهِمْ حَتَّى إِنَّ سِجَالَ الْمَاءِ لَتُصَبُّ عَلَيْهِمْ.

2051 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ كۈنكى نامازنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر ھېرىپ كەتكىنىدىن باشلىرى قايغىلى تۇرغانىدى، (سەگەكلەشتۈرۈش ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ

[1] ئەلبانى (1049): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئۈستىگە بىر قانچە چېلەك سۇ تۆكۈلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1177)

2052 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن يَهُودِيةً جَاءَتْ تَسْـأَلُهَا فَقَالَتْ لَهَا أَعَاذَكِ اللهُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ فَسَأَلَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيُعَذبُ الناسُ فِي قُبُورِهِمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَائِذًا بِاللهِ مِنْ ذَلِكَ ثُم رَكِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ غَدَاةٍ مَرْكَبًا فَخَسَفَتْ الشمْسُ فَرَجَعَ ضُحًى فَمَر رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ ظَهْرَانَيْ الْحُجَرِ ثُم قَامَ يُصَلي وَقَامَ الناسُ وَرَاءَهُ ونحو ذلك وفيه: ثُم أَمَرَهُمْ أَنْ يَتَعَوذُوا مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ. قَالَتْ عَائِشَةَ: كُنْتُ أَسْمَعُ رَسُولَ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- بَعْدَ ذَلِكَ يَتَعَوذُ مِنْ عَذَابِ النارِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ.

2052 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر يەھۇدىي ئايال ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سوراپ كەلدى ۋە:

ــ الله سىنى قەبرە ئازابىدىن ساقلىسۇن! ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ھەيران قېلىپ) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ كىشىلەر قەبرىلىرىدە ئازابلىنامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەنمۇ اللهقا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دېدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغقا مىنىپ چىقىپ كەتتى، شۇ كۈنى كۈن تۇتۇلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قايتىپ كېلىپ، ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، كىشىلەر بىلەن نامازغا تۇردى (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش).

بۇ رىۋايەتتە يەنە: نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] ئەلبانى (1044): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋەسەللەم ئۇلارنى قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرىدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 1050)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: شۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دوزاخ ئازابى ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى پات ـ پات ئاڭلاپ قالاتتىم، ـ دەيدۇ.

2053 - عَنْ عَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى فِي كُسُوفٍ فِـي صُفةِ زَمْزَمَ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ فِي أَرْبَعِ سَجَدَاتٍ.

2053 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلۇش نامىزىنى زەمزەم سۇپىسىدا تۆت رەكئەت ئوقۇغان ۋە تۆت رەكئەتتە پەقەت تۆت سەجدە قىلغان، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1477)

2054 - عَنْ عَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَهَرَ فِي صَلاةِ الْكُسُوفِ بِقِرَاءَتِهِ.

2054 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلۇش نامىزىنى ئۈنلۈك قىرائەت قىلىپ ئوقۇغان، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 901)

2055 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ انْكَسَفَتْ الشمْسُ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ مَاتَ إِبْرَاهِيمُ ابْنُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ الناسُ إِنمَا انْكَسَفَتْ لِمَوْتِ إِبْرَاهِيمَ فَقَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَصَلى بِالناسِ سِت رَكَعَاتٍ بِأَرْبَعِ سَجَدَاتٍ (لَيْسَ فِيهَا رَكْعَةٌ إِلا التِي قَبْلَهَا أَطْوَلُ مِنْ التِي بَعْدَهَا وَرُكُوعُهُ نَحْوًا مِنْ سُجُودِهِ ).

2055 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنى

[1] ئەلبانى (1396): سەھىھ ـ دېگەن.

كۈن تۇتۇلغانىدى، كىشىلەر:

ــ كۈن ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تۇتۇلدى، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەر بىلەن ئالتە رەكئەت كۈن تۇتۇلۇش نامىزى ئوقۇدى ۋە ئالتە رەكئەتتە تۆت سەجدە قىلدى. بۇ ئالتە رەكئەتنىڭ ھەر رەكئىتى ئۆزىدىن كېيىنكى رەكئەتكە قارىغاندا ئۇزۇن ئوقۇلغانىدى، رۇكۇلىرى بىلەن سەجدىلىرى (ئۇزۇنلۇقتا) ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

(مۇسلىم: 904)

2056 - عَنْ أَسْمَاءَ قَالَتْ أَتَيْتُ عَائِشَةَ وَهِيَ تُصَلِي فَقُلْتُ مَا شَأْنُ الناسِ فَأَشَارَتْ إِلَى السمَاءِ فَإِذَا الناسُ قِيَامٌ فَقَالَتْ سُبْحَانَ اللهِ قُلْتُ آيَةٌ فَأَشَارَتْ بِرَأْسِهَا أَيْ نَعَمْ فَقُمْتُ حَتى تَجَلانِي الْغَشْيُ فَجَعَلْتُ أَصُب عَلَى رَأْسِي الْمَاءَ فَحَمِدَ اللهَ عَز وَجَل النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ ثُم قَالَ مَا مِنْ شَيْءٍ لَمْ أَكُنْ أُرِيتُهُ إِلا رَأَيْتُهُ فِي مَقَامِي حَتى الْجَنةُ وَالنارُ فَأُوحِيَ إِلَي أَنكُمْ تُفْتَنُونَ فِي قُبُورِكُمْ مِثْلَ أَوْ قَرِيبَ لَا أَدْرِي أَي ذَلِكَ قَالَتْ أَسْمَاءُ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدجالِ يُقَالُ مَا عِلْمُكَ بِهَذَا الرجُلِ فَأَما الْمُؤْمِنُ أَوْ الْمُوقِنُ لَا أَدْرِي بِأَيهِمَا قَالَتْ أَسْمَاءُ فَيَقُولُ هُوَ مُحَمدٌ رَسُولُ اللهِ جَاءَنَا بِالْبَيِنَاتِ وَالْهُدَى فَأَجَبْنَا وَاتبَعْنَا هُوَ مُحَمدٌ ثَلَاثًا فَيُقَالُ نَمْ صَالِحًا قَدْ عَلِمْنَا إِنْ كُنْتَ لَمُوقِنًا بِهِ وَأَما الْمُنَافِقُ أَوْ الْمُرْتَابُ لَا أَدْرِي أَي ذَلِكَ قَالَتْ أَسْمَاءُ فَيَقُولُ لَا أَدْرِي سَمِعْتُ الناسَ يَقُولُونَ شَيْئًا فَقُلْتُهُ.

2056 ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. مەن:

ــ كىشىلەرگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ ئاسمانغا ئىشارەت قىلدى. قارىسام، كىشىلەر نامازغا تۇرۇپتۇ. ئۇ يەنە:

ــ سۇبھانالالاھ! ـ دېدى. مەن:

ــ بۇ بىر ئالامەتمۇ (يەنى ئازابنىڭ يېقىنلاشقانلىق ئالامىتىمۇ)؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ نامازغا تۇردۇم. (نامازنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن) ھەتتا بېشىم قېيىشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، بېشىمغا سۇ قۇيغىلى تۇردۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ مەن بۇندىن بۇرۇن كۆرسىتىلمىگەن ھەر نەرسىنى بۇگۈن بۇ ئورنۇمدا كۆردۇم، ھەتتا جەننەت ۋە دوزاخنىمۇ كۆردۇم، قەبرەڭلاردا دەججال پىتنىسىدە دۆچ كېلىدىغان ئىمتىھانغا ئوخشاش ياكى شۇنىڭغا يېقىن (راۋى: ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنى دېگەنلىكىنى ئەسكە ئالالمىدىم، - دەيدۇ) ناھايىتى قىيىن بىر ئىمتىھانغا دۆچ كېلىدىغانلىقىڭلار ماڭا ۋەھىي قىلىندى. قەبرىدىكى ئىمتىھاندا: بۇ كىشى كىم؟ - دېيىلىدۇ. مۇئمىن كىشى ياكى شەك - شۈبھىسىز ئىشەنگۈچى (راۋى: ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنى دېگەنلىكىنى ئەسكە ئالالمىدىم، - دەيدۇ): ئۇ كىشى بولسا، اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر، ئۇ بىزگە دەلىل - پاكىت ۋە ھىدايەت ئېلىپ كەلگەن زاتتۇر. بىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، ئۇ مۇھەممەدتۇر، ئۇ مۇھەممەدتۇر، ئۇ مۇھەممەدتۇر، - دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: بىز سېنىڭ ئۇنى تەمتىرىمەستىن تونۇيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق، خاتىرجەم ئۇخلىغىن! - دېيىلىدۇ. ئەمما مۇناپىق ياكى قەلبىدە شەك بار كىشى (راۋى: ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنى دېگەنلىكىنى ئەسكە ئالالمىدىم، - دەيدۇ): مەن ئۇ كىشىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن، كىشىلەرنىڭ (ئۇ كىشى توغرۇلۇق) بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ شۇنى دېگەنىدىم، - دەيدۇ.

(بۇخارى: 86)

2057 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ خَسَفَتْ الشَّمْسُ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي فَأَطَالَ الْقِيَامَ جِدا ثُم رَكَعَ فَأَطَالَ الركُوعَ جِدا ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ فَأَطَالَ الْقِيَامَ جِدا وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الْأَولِ ثُم رَكَعَ فَأَطَالَ

الركُوعَ جِدًا وَهُوَ دُونَ الركُوعِ الْأولِ ثُم سَجَدَ ثُم قَامَ فَأَطَالَ الْقِيَامَ وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الْأولِ ثُم رَكَعَ فَأَطَالَ الركُوعَ وَهُوَ دُونَ الركُوعِ الْأولِ ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ فَقَامَ فَأَطَالَ الْقِيَـامَ وَهُـوَ دُونَ الْقِيَامِ الْأولِ ثُم رَكَعَ فَأَطَالَ الركُوعَ وَهُوَ دُونَ الركُوعِ الْأولِ ثُم سَجَدَ ثُم انْصَـرَفَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2057 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە كۈن تۇتۇلغانىدى، ئۇ شۇ زامان نامازغا تۇردى. قىيامدا بەكمۇ ئۇزۇن تۇردى، ئاندىن رۇكۇ قىلدى، رۇكۇدىمۇ بەك ئۇزۇن تۇردى. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، يەنە قىيامدا (ئۇزۇن) تۇردى، بۇ قىيام ئالدىنقى قېتىمدىكى قىيامدىن قىسقىراق ئىدى. ئاندىن يەنە ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇ ئالدىنقى قېتىمدىكى رۇكۇدىن قىسقىراق ئىدى. ئاندىن سەجدە قىلدى، سەجدىدىن كېيىن يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇ قىيام ئالدىنقى قېتىمدىكى قىيامدىن قىسقىراق ئىدى. ئاندىن يەنە ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇ ئالدىنقى قېتىمدىكى رۇكۇدىن قىسقىراق ئىدى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى. بۇ قىيام ئالدىنقى قېتىمدىكى قىيامدىن قىسقىراق ئىدى. ئاندىن يەنە ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇ ئالدىنقى قېتىمدىكى رۇكۇدىن قىسقىراق ئىدى. ئاندىن كېيىن سەجدە قىلدى، سەجدە قىلىپ، نامازنى تاماملىغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

(مۇسلىم: 901)

2058 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ كَسَفَتْ الشمْسُ ثَمَانَ رَكَعَاتٍ فِي أَرْبَعِ سَجَدَاتٍ.

2058 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلغاندا سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇپ، سەككىز رەكئەتتە تۆت قېتىم سەجدە قىلدى، ـ دەيدۇ.

(مۇسلىم: 908)

2059 - وَعَنْ عَلِي مِثْلُ ذَلِكَ.

2059 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

2060 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ انْكَسَفَتْ الشمْسُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَكَدْ يَرْكَعُ ثُم رَكَعَ فَلَمْ يَكَدْ يَرْفَعُ ثُم رَفَعَ فَلَمْ يَكَدْ يَسْجُدُ ثُم سَجَدَ فَلَمْ يَكَدْ يَرْفَعُ ثُم رَفَعَ فَلَمْ يَكَدْ يَسْجُدُ ثُم سَجَدَ فَلَمْ يَكَدْ يَرْفَعُ ثُم رَفَعَ وَفَعَلَ فِي الركْعَةِ الْأُخْرَى مِثْلَ ذَلِكَ ثُم نَفَخَ فِي آخِرِ سُجُودِهِ فَقَالَ أُفْ أُفْ ثُم قَالَ رَب أَلَمْ تَعِدْنِي أَنْ لَا تُعَذبَهُمْ وَأَنَا فِيهِمْ أَلَمْ تَعِدْنِي أَنْ لَا تُعَذبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ فَفَرَغَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ صَلَاتِهِ وَقَدْ أَمْحَصَتْ الشمْسُ.

2060 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇردى. قىيامدا شۇنداق ئۇزۇن تۇردىكى، رۇكۇ قىلمىغىلى تاس قالدى. ئاندىن رۇكۇدا يەنە شۇنداق ئۇزۇن تۇردىكى، بېشىنى كۆتۈرمىگىلى تاس قالدى. رۇكۇدىن كېيىن، قەددىنى رۇسلاپ بىر تۇردىكى، سەجدە قىلمىغىلى تاس قالدى. ئاندىن شۇنداق ئۇزۇن سەجدە قىلدىكى، بېشىنى كۆتۈرمىگىلى تاس قالدى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر ئولتۇردىكى، ئىككىنچى سەجدىنى قىلمىغىلى تاس قالدى. ئىككىنچى سەجدىنىمۇ شۇنداق ئۇزۇن قىلدىكى، بېشىنى كۆتۈرمىگىلى تاس قالدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىككىنچى رەكئەتنىمۇ بىرىنچى رەكئەتتەكلا ئوقۇدى. ئەڭ ئاخىرقى سەجدىدە: «ئۇف... ئۇف...» دەپ پۈۋلىدى، ئاندىن: «ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى ئازابلىماسلىق ھەققىدە ماڭا ۋەدە بەرگەنىدىڭ ئەمەسمۇ؟ ئى رەببىم! ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى ئازابلىماسلىق ھەققىدە ماڭا ۋەدە بەرگەنىدىڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى

تۇگىتىشى بىلەن تەڭ ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 1194)

2061 - وفي رواية: فَجَعَلَ يَنفُخُ فِي آخِرِ سُجُودِهِ مِنْ الركْعَةِ الثانِيَةِ وَيَبْكِي.
2061 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئىككىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرقى سەجدىسىدە پۇۋلىگىلى تۇردى ۋە يىغلاپ كەتتى، ـ دېيىلگەن[2].
(نەسائى: 1482)

2062 - وفي أخرى، نحوه وفيه: قَالَ عُرِضَتْ عَلَي الْجَنةُ حَتى لَوْ مَدَدْتُ يَدِي تَنَاوَلْتُ مِنْ قُطُوفِهَا وَعُرِضَتْ عَلَي النارُ فَجَعَلْتُ أَنفُخُ خَشْيَةَ أَنْ يَغْشَاكُمْ حَرهَا وَرَأَيْتُ فِيهَا سَارِقَ بَدَنَتَيْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَأَيْتُ فِيهَا أَخَا بَنِي دُعْدُعٍ سَارِقَ الْحَجِيجِ فَإِذَا فُطِنَ لَهُ قَالَ هَذَا عَمَلُ الْمِحْجَنِ وَرَأَيْتُ فِيهَا امْرَأَةً طَوِيلَةً سَوْدَاءَ تُعَذبُ فِي هِرةٍ رَبَطَتْهَا فَلَمْ تُطْعِمْهَا وَلَمْ تَسْقِهَا وَلَمْ تَدَعْهَا تَأْكُلُ مِنْ خَشَاشِ الْأَرْضِ حَتى مَاتَتْ.
2062 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاشلا رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلار قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:
ــ جەننەت ماڭا شۇنداق يېقىنلاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلدىكى، ئەگەر مەن قولۇمنى سۇنغان بولسام، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن ئېلىۋالغان بولاتتىم. دوزاخمۇ ماڭا شۇنداق يېقىنلاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلدىكى، مەن دوزاخ ھارارىتىنىڭ سىلەرگە يېتىپ، سىلەرنى بىئارام قىلىشىدىن ئەنسىرەپ پۇۋلەپ كەتتىم. مەن دوزاختا پەيغەمبەرنىڭ ئىككى تۆگىسىنى ئوغرىلىغان ئوغرىنى، ھاجىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئوغرىلايدىغان بەنى دۇئدۇ قەبىلىسىلىك ئوغرىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا بىرەرسى دىققەت قىلىپ قاراپ قالسا، ئۇ:
ــ مانا بۇ ئەگمەك ھاسىنىڭ كاساپىتىدىن، ـ دەيتتى. مەن دوزاختا يەنە

[1] ئەلبانى (1055): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1401): سەھىھ ـ دېگەن.

ئېگىز بويلۇق، قارا تەنلىك بىر ئايالنى كۆردۈم. ئۇ ئايال، بىر مۈشۈكنى تاماق بەرمەي، سۇمۇ بەرمەي ياكى زېمىننىدىكى ھاشارەتلەردىن يېگىلى قويماي، تا ئۆلگۈچە باغلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتاتتى[1].

(نەسائى: 1496)

2063 - وفي بعض روايات حديث عَائِشَةَ المتقدم: وَرَأَيْتُ فِيهَا ابْنَ لُحَيٍّ وَهُوَ الذِي سَيَّبَ السَوَائِبَ.

2063 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىنىڭ بىر قىسىم رىۋايەتلىرىدە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇتلار ئۈچۈن ئاتالغان تۆگىلەرگە مىنمەسلىك ۋە يۈك ئارتماسلىق ئادىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىبنى لۇھەينى دوزاختا كۆردۈم» دېگەن[2].

(نەسائى: 1472)

2064 - عَنْ النُعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ كُسِفَتْ الشَمْسُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَعَلَ يُصَلي رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ وَيَسْأَلُ عَنْهَا حَتى انْجَلَتْ.

2064 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى رەكئەتتىن، ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇغىلى تۇردى ۋە ھاۋا ئېچىلغىچە: «ھاۋا ئېچىلدىمۇ؟» دەپ سوراپ تۇردى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1193)

2065 - وللنسائي: فَخَرَجَ يَجُرُ ثَوْبَهُ فَزِعًا حَتى أَتَى الْمَسْجِدَ فَلَمْ يَزَلْ يُصَلي بِنَا حَتى انْجَلَتْ فَلَما انْجَلَتْ قَالَ إِن نَاسًا يَزْعُمُونَ أَن الشَمْسَ وَالْقَمَرَ لَا يَنْكَسِفَانِ إِلا لِمَوْتِ عَظِيمٍ مِنْ الْعُظَمَاءِ وَلَيْسَ كَذَلِكَ إِن الشَمْسَ وَالْقَمَرَ لَا يَنْكَسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلَا لِحَيَاتِهِ

[1] ئەلبانى (1407): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1391): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (256): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

وَلَكِنهُمَا آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللهِ عَز وَجَل. إن اللهَ عَز وَجَل إذَا بَدَا لِشَيْءٍ مِنْ خَلْقِهِ خَشَعَ لَهُ فَإِذَا رَأَيْتمْ ذَلِكَ فَصَلوا كَأَحْدَثِ صَلاَةٍ صَلَيْتُمُوهَا مِنَ الْمَكْتُوبَةِ.

2065 ـ نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە: كۈن تۇتۇلغان ھامان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاقزادە بولۇپ، كىيىمىنى سۆرىگەن پېتى مەسجىدكە چىقتى ـ دە، تاكى ھاۋا ئېچىلغانغا قەدەر بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: «بىر قىسىم كىشىلەر: كۈن ۋە ئاي ئۇلۇغلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇلىدۇ، ـ دەپ گۇمان قىلىشىدۇ، بۇ خاتا قاراشتۇر. كۈن ۋە ئاي بىراۋنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە يا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، ئۇ ئىككىسى الله تائالانىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئىككىسىدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەرىگە ئۆزىنى كۆرسەتسە، ئۇ مەخلۇقات اللهنىڭ (ئۇلۇغلىقى ۋە ھەيۋىتىدىن) قورقۇپ ئېرىپ كېتىدۇ، ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق بىر ئەھۋالنى كۆرسەڭلار، ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇغان پەرز نامىزىڭلاردەك خۇشۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار»[1].

(نەسائى: 1485)

2066 - عَنْ أُبَي بْنِ كَعْبٍ قَالَ انْكَسَفَتْ الشمْسُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى بِهِمْ فَقَرَأَ بِسُورَةٍ مِنْ الطوَلِ وَرَكَعَ خَمْسَ رَكَعَاتٍ وَسَجَدَ سَجْدَتَيْنِ ثُم قَامَ الثانِيَةَ فَقَرَأَ سُورَةً مِنْ الطوَلِ وَرَكَعَ خَمْـسَ رَكَعَـاتٍ وَسَجَدَ سَجْدَتَيْنِ ثُم جَلَسَ كَمَا هُوَ مُسْتَقْبِلَ الْقِبْلَةِ يَدْعُو حَتى انْجَلَى كُسُوفُهَا.

2066 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە ئىمام بولۇپ نامازغا تۇرۇپ، ئۇزۇن سۈرىلەردىن بىرنى ئوقۇدى، بەش رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلدى. ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ، ئۇزۇن سۈرىلەردىن يەنە بىرنى ئوقۇدى، يەنە بەش رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلدى. ئاندىن

[1] ئەلبانى (88): زەئىپ، ـ دېگەن.

قىبلىگە ئالدىنى قىلغان پېتى ھاۋا ئېچىلغانغا قەدەر دۇئا قىلىپ ئولتۇردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1182)

2067 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ قَالَ صَلى بِنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي كُسُوفٍ لَا نَسْمَعُ لَهُ صَوْتًا.

2067 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئىمام بولۇپ كۈن تۇتۇلۇش نامىزىنى ئوقۇغاندا، بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندۇق[2].

(تىرمىزى: 562)

2068 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ النضْرِ حَدثَنِي أَبِي قَالَ كَانَتْ ظُلْمَةٌ عَلَى عَهْدِ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ فَأَتَيْتُ أَنَسًا فَقُلْتُ يَا أَبَا حَمْزَةَ هَلْ كَانَ يُصِيبُكُمْ مِثْلُ هَذَا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَعَاذَ اللهِ إِنْ كَانَتْ الريحُ لَتَشْتَد فَنُبَادِرُ الْمَسْجِدَ مَخَافَةَ الْقِيَامَةِ.

2068 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى نەزر: دادام ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەنى دەپ بەرگەن، ـ دەيدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە كۈن تۇتۇلغاندى، مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــــ ئى ئەبۇ ھەمزە! سىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەلەمنىڭ دەۋرىدە بۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ باققانمۇ؟ ـ دەپ سورىسام. ئۇ:

ـ الله ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! ئۇ چاغلاردا قاتتىق شامال چىقاتتى. قاتتىق شامال چىقسىلا، بىز قىيامەت قوپىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ، مەسجىدكە يۈگۈرەيتتۇق، ـ دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1196)

[1] ئەلبانى (251): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (86): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (258): زەئىپ، ـ دېگەن.

2069 - عن أبي الدرداء قال كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا كانت ليلة ريح شديدة كان مفزعه إلى المسجد حG تسكن الريح وإذا حدث في السماء حدث مـن خسوف س5 أو قمر كان مفزعه إلى الصلاة حG تنجلي.

2069 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كېچىدە قاتتىق شامال چىقىپ قالسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال مەسجىدكە يۈگۈرەيتتى. تا شامال جىمىپ بولغۇچە مەسجىدتە تۇراتتى. ئاسماندا كۈن تۇتۇلۇش، ئاي تۇتۇلۇش دېگەندەك بىرەر ئۆزگىرىش بولسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال نامازغا تۇراتتى ۋە ھاۋا ئېچىلغانغا قەدەر ناماز ئوقۇيتتى[1].

(«ئەلكەبىر»)

---

[1] ھەيسەمى (3277): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى زەيياد ئىبنى سەخرنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## سۇ تىلەش نامىزى

2070 - عَنْ هِشَامِ ابْنِ إِسْحَقَ وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ كِنَانَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَرْسَلَنِي الْوَلِيدُ بْنُ عُقْبَةَ وَهُوَ أَمِيرُ الْمَدِينَةِ إِلَى ابْنِ عَباسٍ أَسْأَلُهُ عَنْ اسْتِسْقَاءِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَيْتُهُ فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ مُتَبَذلًا مُتَوَاضِعًا مُتَضَرعًا حَتى أَتَى الْمُصَلى فَلَمْ يَخْطُبْ خُطْبَتَكُمْ هَذِهِ وَلَكِنْ لَمْ يَزَلْ فِي الدعَاءِ وَالتضَرعِ وَالتكْبِيرِ وَصَلى رَكْعَتَيْنِ كَمَا كَانَ يُصَلي فِي الْعِيدِ.

2070 ـ ھىشام ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى كىنانە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەينى زامانىدىكى مەدىنىنىڭ ئەمىرى ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە مېنى ئىبنى ئاببا‍س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۇ تىلەش نامىزىنى قانداق ئوقۇغانلىقىنى سورىغىلى ئەۋەتكەنىدى، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جاۋاب بېرىپ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاددىي ـ ساددا كىيىنىپ، ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن اللهقا يالۋۇرغان ھالدا نامازگاھقا كەلدى. سىلەرنىڭ بۇ كۈنلەردىكى خۇتبەڭلاردەك خۇتبە ئوقۇمىدى، بەلكى اللهقا يالۋۇرۇپ توختىماي دۇئا قىلدى، الله ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىپ تۇردى ۋە ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 558)

2071 - زاد البزار بضعف: إنه كبر في الأولى سبعاً وفي الثانية خمساً.

---

[1] ئەلبانى (459): ھەسەن، ـ دېگەن.

2071 بەززار يەنە بىر رىۋايەتتە: بىرىنچى رەكئەتتە يەتتە قېتىم، ئىككىنچى رەكئەتتە بەش قېتىم تەكبىر ئېيتتى، ـ دېگەن سۆزنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2072 - عَنْ عَبادِ بْنِ تَمِيمٍ عَنْ عَمِهِ قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ خَرَجَ يَسْتَسْقِي قَالَ فَحَولَ إِلَى الناسِ ظَهْرَهُ وَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ يَدْعُو ثُم حَولَ رِدَاءَهُ ثُم صَلى لَنا رَكْعَتَيْنِ جَهَرَ فِيهِمَا بِالْقِرَاءَةِ.

2072 ـ ئەبباد ئىبنى تەمىم تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۇ تەلەپ قىلىپ چىققان كۈنى كۆرگەن ئىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ چاغدا كىشىلەرگە ئارقىسىنى، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن تونىنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيدى، ئاندىن كېيىن ئۈنلۈك قىرائەت قىلىپ، جامائەت بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى.

(بۇخارى: 1025)

2073 - وفي رواية: وَحَولَ رِدَاءَهُ فَجَعَلَ عِطَافَهُ الْأَيْمَنَ عَلَى عَاتِقِهِ الْأَيْسَرِ وَجَعَلَ عِطَافَهُ الْأَيْسَرَ عَلَى عَاتِقِهِ الْأَيْمَنِ ثُم دَعَا اللهَ عَز وَجَل.

2073 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: تونىنى تەتۈر ئۆرۈپ، تونىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى سول مۈرىسىگە، سول تەرىپىنى ئوڭ مۈرىسىگە ئارتتى، ئاندىن اللهقا دۇئا قىلدى، ـ دېيىلگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1162)

2074 - وفي أخرى: وَعَلَيْهِ خَمِيصَةٌ لَهُ سَوْدَاءُ فَأَرَادَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَأْخُذَ بِأَسْفَلِهَا فَيَجْعَلَهُ أَعْلَاهَا فَلَما ثَقُلَتْ قَلَبَهَا عَلَى عَاتِقِهِ.

---

[1] ھەيسەمى (3282): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئۆمەر زۆھرى ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1030): سەھىھ ـ دېگەن.

2074 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇستىدە قارا يۇڭدىن تىكىلگەن تونى بار ئىدى، توننىڭ ئاستىنى ئۇستىگە چۆرىمەكچى بولىۋىدى، تون ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوڭ تەرىپىنى سول مۈرىسىگە، سول تەرىپىنى ئوڭ مۈرىسىگە چۆرۈپ كىيدى، ـ دېيىلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1164)

2075 - عن أنس بن مالك قال أصابت الناس سنة على عهد رسول الله صلى الله عليه وسلم فبينا رسول الله صلى الله عليه وسلم يخطب على المنبر يوم الجمعة قام أعرابي فقال يا رسول الله هلك المال وجاع العيال فادع الله لنا أن يسقينا قال فرفع رسول الله صلى الله عليه وسلم يديه وما في السماء قزعة قال فثار سحاب أمثال الجبال ثم لم ينزل عن منبره حتى رأيت المطر يتحادر على لحيته قال فمطرنا يومنا ذلك وفي الغد ومن بعد الغد والذي يليه إلى الجمعة الأخرى فقام ذلك الأعرابي أو رجل غيره فقال يا رسول الله تهدم البناء وغرق المال فادع الله لنا فرفع رسول الله صلى الله عليه وسلم يديه وقال اللهم حوالينا ولا علينا قال فما جعل رسول الله صلى الله عليه وسلم يشير بيده إلى ناحية من السماء إلا تفرجت حتى صارت المدينة في مثل الجوبة حتى سال الوادي وادي قناة شهرا قال فلم يجئ أحد من ناحية إلا حدث بالجود.

2075 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، بىر يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، بىر جۈمە كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى، بىر سەھرالىق ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! چارۋىلار ئۆلۈپ كەتتى، بالىۋاقىلار ئاچ قالدى، اللهقا دۇئا قىلغان بولساڭ، بىزگە سۇ ئاتا قىلسا، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇ چاغدا، ئاسماندا بۇلۇتنىڭ ئەسىرىمۇ يوق ئىدى. توساتتىن ئاسماندا تاغدەك ـ تاغدەك بۇلۇتلار

[1] ئەلبانى (1031): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيدا بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردىن چۈشۈپ بولغۇچە، ساقىلىدىن يامغۇرلار سىيرىلىپ چۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ، تاكى يەنە بىر جۈمە كۈنىگىچە توختىماي يامغۇر ياغدى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى سەھرالىق (ياكى باشقا بىر كىشى) ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ماللار غەرق بولۇپ كەتتى، اللهقا دۇئا قىلغان بولساڭ، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

«ئى رەببىم! يامغۇرنى بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن، ئۈستىمىزگە ياغدۇرمىغىن» دەپ دۇئا قىلىۋېتىپ، قولى بىلەن ئاسماننىڭ نەرىگە ئىشارەت قىلسا، شۇ يەر ئېچىلىپ، (مەدىنىنىڭ ئۈستىدىن بۇلۇتلار تارقاپ) مەدىنە يوغان بىر ئورىغا ئوخشاپ قالدى. قەنا ۋادىسىدا بىر ئاي سەل ئاقتى. مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىن كەلگەنلا كىشى (مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىمۇ) مول يامغۇر ياغقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

(بۇخارى: 1033)

2076 - وفي رواية: فَرَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَيْهِ ثُم قَالَ اللهُم أغثنا اللهُم أغثنا اللهُم أغثنا. وفي الدعاء الثالث: اللهُم حَوَالَيْنَا وَلَا عَلَيْنَا اللهُم عَلَى الْآكَامِ وَالظِرَابِ وَبُطُونِ الْأَوْدِيَةِ وَمَنَابِتِ الشجَرِ.

2076 - يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

«ئى رەببىم! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. ئى رەببىم! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. ئى رەببىم! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن» دېگەن. (يامغۇرنىڭ بەك كۆپ يېغىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە شىكايەت قىلىنغاندا) ئىككىنچى قېتىم دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

«ئى رەببىم! يامغۇرنى بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن، ئۈستىمىزگە ياغدۇرمىغىن، دۆڭ - دۈمبەللەرگە، جىلغىلارغا ۋە ئورمانلارغا ياغدۇرغىن» دېگەن.

(بۇخارى: 1014)

2077 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ شَكَا الناسُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُحُوطَ r الْمَطَرِ فَأَمَرَ بِمِنْبَرٍ فَوُضِعَ لَهُ فِي الْمُصَلى وَوَعَدَ الناسَ يَوْمًا يَخْرُجُونَ فِيهِ قَالَتْ عَائِشَةُ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ بَدَا حَاجِبُ الشمْسِ فَقَعَدَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَكَبرَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَحَمِدَ اللهَ عَز وَجَل ثُم قَالَ إِنكُمْ شَكَوْتُمْ جَدْبَ دِيَارِكُمْ وَاسْتِئْخَارَ الْمَطَرِ عَنْ إِبانِ زَمَانِهِ عَنْكُمْ وَقَدْ أَمَرَكُمْ اللهُ عَز وَجَل أَنْ تَدْعُوهُ وَوَعَدَكُمْ أَنْ يَسْتَجِيبَ لَكُمْ ثُم قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ الرحْمَنِ الرحِيمِ مَلِكِ يَوْمِ الدينِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ يَفْعَلُ مَا يُرِيدُ اللهُم أَنْتَ اللهُ لَا إِلَهَ إِلا أَنْتَ الْغَنِي وَنَحْنُ الْفُقَرَاءُ أَنْزِلْ عَلَيْنَا الْغَيْثَ وَاجْعَلْ مَا أَنْزَلْتَ لَنَا قُوةً وَبَلَاغًا إِلَى حِينٍ ثُم رَفَعَ يَدَيْهِ فَلَمْ يَزَلْ فِي الرفْعِ حَتى بَدَا بَيَاضُ إِبِطَيْهِ ثُم حَولَ إِلَى الناسِ şهْرَهُ وَقَلَبَ أَوْ حَولَ رِدَاءَهُ وَهُوَ رَافِعٌ يَدَيْهِ ثُم أَقْبَلَ عَلَى الناسِ وَنَزَلَ فَصَلى رَكْعَتَيْنِ فَأَنْشَأَ اللهُ سَحَابَةً فَرَعَدَتْ وَبَرَقَتْ ثُم أَمْطَرَتْ بِإِذْنِ اللهِ فَلَمْ يَأْتِ مَسْجِدَهُ حَتى سَالَتْ السيُولُ فَلَما رَأَى سُرْعَتَهُمْ إِلَى الْكِن ضَحِكَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ فَقَالَ أَشْهَدُ أَن اللهَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَني عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ.

2077 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇرغاقچىلىقتىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر كۈنى كىشىلەر بىلەن نامازگاھقا چىقىشقا ۋەدە قىلدى. بۇيرۇق بويىچە نامازگاھقا بىر مۇنبەر قويۇلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇياش ئۆرلەۋاتقاندا ھۇجرىسىدىن چىقىپ، مۇنبەردە ئولتۇرۇپ تەكبىر ئېيتتى، اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن:

«سىلەر يۇرتۇڭلاردىكى قۇرغاقچىلىقتىن، يامغۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلدىڭلار. الله سىلەرنى دۇئا قىلىشقا بۇيرىغان ۋە قىلغان دۇئالىرىڭلارنى ئىجابەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان» دېدى. ئاندىن:

«جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر، الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر، اللهتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئى

رەببىم! سەندىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، سەن ھەممىدىن بىھاجەتسەن. بىز بولساق پېقىر بەندىلىرىڭمىز. ئى الله! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، ياغدۇرغان يامغۇر بىلەن بىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن، شۇ يامغۇر بىلەن يەنە بىر ۋاقىتقىچە يەتكۈزگىن» دېدى. ئاندىن ئىككى قولىنى قولتۇقىنىڭ ئاق يېرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە ئېگىز كۆتۈردى. ئاندىن (قىبلىگە ئالدىنى) كىشىلەرگە ئارقىسىنى قىلدى، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تونىنى تەتۈر كىيدى. ئاندىن كىشىلەرگە ئالدىنى قىلغان پېتى مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. الله تائالا شۇ ھامان بۇلۇت پەيدا قىلدى، بۇلۇتتا گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ھاسىل بولدى، ئاندىن اللهنىڭ ئىزنى بىلەن يامغۇر ياغدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نامازگاھتىن قايتىپ) مەسجىدىگە كېلىپ بولغۇچە (يوللار) سەل بولۇپ ئاقتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرنىڭ (يامغۇردىن) پاناھلىنىدىغان جاي ئىزدەپ يۈگۈرۈشكىنىنى كۆرۈپ، ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك كۈلدى (يەنى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى). ئاندىن:

ـ مەن اللهنىڭ ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە، ئۆزەمنىڭ ھەقىقەتەن اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1173)

2078 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَسْقَى فَأَشَارَ بِظَهْرِ كَفَّيْهِ إِلَى السمَاءِ.

2078 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغاندا، ئىككى قولىنىڭ دۈمبىسىنى ئاسمان تەرەپكە قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان، ـ دەيدۇ.

[①] ئەلبانى (1040): ھەسەن، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 896)

2079 - عَنْ عُمَيْرٍ مَوْلَى بَنِي آبِي اللحْمِ أنهُ رَأى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَسْقِي عِنْدَ أحْجَارِ الزيْتِ قَرِيبًا مِنْ الزوْرَاءِ قَائِمًا يَدْعُو يَسْتَسْقِي رَافِعًا يَدَيْهِ قِبَلَ وَجْهِهِ لَا يُجَاوِزُ بِهِمَا رَأْسَهُ.

2079 ـ ئابى لەھم جەمەتىنىڭ ئازادگەردىسى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەۋرانىڭ يېنىدىكى ئەھجارىززەيت دېگەن جايدا ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى قولىنى بېشىدىن ئۆتۈپ كەتمىگىدەك دەرىجىدە يۈزىگە ئۇدۇل قىلىپ كۆتۈرگەن ھالدا سۇ تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغان①.

(ئەبۇ داۋۇد: 1168)

2080 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ أتَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَوَاكِي فَقَالَ اللهُم اسْقِنَا غَيْثًا مُغِيثًا مَرِيئًا مَرِيعًا نَافِعًا غَيْرَ ضَار عَاجِلًا غَيْرَ آجِلٍ قَالَ فَأطْبَقَتْ عَلَيْهِمْ السمَاءُ.

2080 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر توپ ئايال (يامغۇر ياغمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ) يىغلىشىپ كەلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى رەببىم! بىزنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان، سىڭىشلىك، مول، مەنپەئەتلىك، زىيان يەتكۈزمەيدىغان يامغۇر بىلەن كېچىكتۈرمەستىن سۇغارغىن» دەپ دۇئا قىلغانىدى، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى②.

(ئەبۇ داۋۇد: 1169)

2081 - لرزين قال: اللهم اسق بلادك وارحم عبادك وانشر رحمتك وأحي بلدك

① ئەلبانى (1035): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (1036): سەھىھ ـ دېگەن.

الميت، اللهُم اسْقِنَا غيْثًا مُغِيثًا مَرِيئًا مَرِيعًا نَافِعًا غيْرَ ضَار عَاجِلًا غيْرَ رائـث. وكـان إذا استسقى يمد يديه وGعل بطونما ۱۱ا يلي الأرض ويرفع حG يرى بياض إبطيه.

2081 ـ رەزىنىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئاسىدا: «ئى رەببىم! شەھەرلىرىڭنى سۇغارغىن، بەندىلىرىڭگە رەھىم قىلغىن، رەھمىتىڭنى كەڭ يېيىۋەتكىن، ئۆلۈك يەرلەرنى تىرىلدۈرگىن. ئى رەببىم! بىزنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان، سىڭىشلىك، مول، مەنپەئەتلىك، زىيان يەتكۈزمەيدىغان يامغۇر بىلەن كېچىكتۈرمەستىن سۇغارغىن» دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلسا، قولىنىڭ ئالقىنىنى يەرگە قارىتىپ، ئىككى قولىنى سوزۇپ، قولتۇقىنىڭ ئاق يېرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۆتۈرۈپ دۇئا قىلاتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2082 - عَنْ سَمُرَةَ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا اسْتَسْـقَى، قَـالَ: "اللهُم أَنزِلْ فِي أَرْضِنَا بركتها وزِينَتَهَا وَسَكَنَهَا". وفي رواية: وَارْزُقْنَـا وَأَنْـتَ خَيْـرُ الرازِقِينَ.

2082 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلسا: «ئى پەرۋەردىگارىم! بىزنىڭ زېمىنىمىزغا بەرىكەت، زىنەت ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان يامغۇر ياغدۇرغىن. بىزگە رىزىق ئاتا قىلغىن. سەن ئەڭ ياخشى رىزىق بەرگۈچىسەن» دەپ دۇئا قىلاتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 6904؛ بەززار)

2083 - جابر وأنس قالا: كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا استسقى قال: "اللهم اسقنا سقيا واسعة، وادعة نافعة، تشبع ŏا الأموال والأنفس، غيثا هنيئا، مريئـا، طبقا، fلللا، تسبη به على بادينا وحاضرنا، تنزل به من بركات السموات، وơرج لنا به

[1] ھەيسەمى (3291): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان، سەنەدى ھەسەن ياكى سەھىھتۇر، ـ دېگەن.

من بركات الأرض، وθعلنا عنده من الشاكرين، إنك Sيع الدعاء".

2083 ـ جابىر ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغاندا مۇنداق دەيتتى: «ئى رەببىم! بىزلەرگە ماللىرىمىز ۋە نەپسىلىرىمىز قانغۇدەك مول، راھەتلىك بېغىشلايدىغان، مەنپەئەتلىك، مۇبارەك، سىڭىشلىك، يېزا ۋە شەھەرلىرىمىزدىن ھېچ يەرنى چالا قويمايدىغان، ئاسماندىن بەرىكەتلەرنى ئېلىپ چۈشىدىغان، يەردىن بەرىكەتلەرنى ئۈندۈرىدىغان يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، بىزنى بۇ نېمەتنى كۆرگەندە شۈكرى قىلىدىغانلاردىن قىلغىن. سەن بولساڭ، ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇرسەن»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2084 - عَنْ أَنسِ ْبنِ مَالِكٍ أن عُمَرَ ْبنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ كَانَ إِذَا قَحَطُـوا اسْتَسْقَى بِالْعَباسِ ْبنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ فَقَالَ اللهُم إنا كُنا نَتَوَسلُ إِلَيْكَ بِنَبِيِنَا فَتَسْـقِينَا وَإِنـا نَتَوَسلُ إِلَيْكَ بِعَم نَبِيِنَا فَاسْقِنَا قَالَ فَيُسْقَوْنَ.

2084 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسە، ئاbباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب(نىڭ دۇئاسىنى) ۋەسىلە قىلىپ سۇ تەلەپ قىلاتتى ۋە: ئى رەببىم! بىز (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاقتىدا) پەيغەمبىرىمىز(نىڭ دۇئاسى)نى ساڭا ۋەسىلە قىلاتتۇق، سەن بىزگە سۇ ئاتا قىلاتتىڭ، (بۈگۈن) بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى(نىڭ دۇئاسى)نى ساڭا ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىمىز. ئى الله! بىزگە سۇ ئاتا قىل، ـ دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا سۇ ئاتا قىلىناتتى (يەنى مول يامغۇر ياغاتتى)

(بۇخارى: 1010)

---

[1] ھەيسەمى (3284): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ھارىس تەيمى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

2085 - عن أبي الْجَوْزَاءِ أَوْسُ بْنُ عَبْدِ اللهِ قَالَ قُحِطَ أَهْلُ الْمَدِينَةِ قَحْطًا شَدِيدًا فَشَكَوْا إِلَى عَائِشَةَ فَقَالَتْ أنظُرُوا قَبْرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاجْعَلُوا مِنْهُ كِوًى إِلَى السمَاءِ حَتى لَا يَكُونَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ السمَاءِ سَقْفٌ قَالَ فَفَعَلُوا فَمُطِرْنَا مَطَرًا حَتى نَبَتَ الْعُشْبُ وَسَمِنَتْ الْإِبِلُ حَتى تَفَتقَتْ مِنْ الشحْمِ فَسُميَ عَامَ الْفَتْقِ.

2085 ـ ئەبۇلجەۋزا ئەۋس ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەدىنە ئەھلى بىر يىلى ناھايىتى قاتتىق قۇرغاقچىلىققا دۇچ كەلدى. ئۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا شىكايەت قىلىپ كىردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ سىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ قەبرىسىدىن ئاسمانغا قارىتىپ بىر تۆشۈك ئېچىڭلار، ـ دېدى. ئۇلار بېرىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دېگىنىدەك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شۇنداق مول يامغۇر ياغدىكى، ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ، تۆگىلەر ئادەتتىن تاشقىرى سەمرىپ، ئەتلىرى ياغ ئېلىپ، ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ يىل مولچىلىق يىلى دەپ ئاتالدى.

(دارىمى: 92)

2086 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ إِذَا أَنشَأَتْ بَحْرِيةً ثُم تَشَاءَمَتْ فَتِلْكَ عَيْنٌ غُدَيْقَةٌ.

2086 ـ مالىكقا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بۇلۇت دېڭىز تەرەپتىن پەيدا بولۇپ، شام تەرەپكە يۈزلەنسە، يامغۇر ـ يېشىن مول بولىدۇ».

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

2088 - عَنْ عَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا رَأَى الْمَطَرَ قَالَ اللهُم صَيبًا نَافِعًا.

2088 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامغۇرنى كۆرگەندە: «ئى رەببىم! مەنپەئەتلىك يامغۇر ياغدۇرغىن» دەيتتى.

(بۇخارى: 1032)

2089 - عَنْ أَنسٍ قَالَ أَصَابَنَا وَنَحْنُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَطَرٌ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَحَسَرَ ثَوْبَهُ عَنْهُ حَتى أَصَابَهُ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ لِمَ صَنَعْتَ هَذَا قَالَ لِأَنهُ حَدِيثُ عَهْدٍ بِرَبِهِ.

2089 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇرغان بىر چاغدا يامغۇر ياغقانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، بەدىنىنى يالىڭاچلاپ يامغۇرغا تۇتتى. بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق. ئۇ:

ـ چۈنكى بۇ (يامغۇر) رەببىدىن تېخى يېقىندا ئايرىلدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5100)

2090 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْسَتْ السَنَةُ بِأَنْ لَا تُمْطَرُوا وَلَكِنْ السَنَةُ أَنْ تُمْطَرُوا وَتُمْطَرُوا وَلَا تُنْبِتُ الْأَرْضُ شَيْئًا.

2090 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇ (يەنى سىلەرگە يامغۇرنىڭ ياغدۇرۇلماسلىقى) قۇرغاقچىلىق ئەمەس، ھەقىقىي قۇرغاقچىلىق، مول يامغۇر ياغسىمۇ، زېمىنىنىڭ ھېچ نەرسە ئۈندۈرمەسلىكىدۇر».

(مۇسلىم: 2904)

2091 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ رَبكُمْ عَز وَجَل لَوْ أَن عِبَادِي أَطَاعُونِي لَأَسْقَيْتُهُمْ الْمَطَرَ بِاللَيْلِ وَأَطْلَعْتُ عَلَيْهِمْ الشمْسَ بِالنهَارِ وَلَمَا أَسْمَعْتُهُمْ صَوْتَ الرعْدِ.

[1] ئەلبانى (4253): سەھىھ ـ دېگەن.

2091 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەرۋەردىگارىڭلار: بەندىلىرىم ماڭا ئىتائەت قىلغان بولسا، مەن ئۇلارغا يامغۇرنى كېچىدە ياغدۇرۇپ، كۈندۈزى قۇياشنى چىقىرىپ بېرەتتىم. ئۇلارغا گۈلدۈرماما ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاتمىغان بولاتتىم، ـ دەيدۇ»[①].

(ئەھمەد: 8493؛ بەززار)

2092 - عن عبادة بن الصامت قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "إذا رأيتم عمودا أحمر قبل المشرق في رمضان، فادخروا طعام سنتكم، فإنا سنة جوع".

2092 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رامىزان ئېيىدا، (ئاسماننىڭ) مەشرىق تەرىپىدە تۈۋرۈكسىمان قىزىللىقنى كۆرسەڭلار، ئامبارغا بىر يىللىق يېمەكلىك قاچىلىۋېلىڭلار. چۈنكى ئۇ يىل ئاچارچىلىق يىلى بولىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 373؛ «ئەلكەبىر»)

[①] ھەيسەمى (3278): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىمانىڭلارنى يېڭىلاڭلار» دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! ئىمانىمىزنى قانداق يېڭىلايمىز؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: «ئىمانىڭلارنى "لا ئىلاھە ئىللاللاھ" دېيىش ئارقىلىق يېڭىلاڭلار» دەپ جاۋاب بەردى، ـ دېگەن جۈملىلەر مۇشۇ سەنەد بىلەن بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ دەلىل كۈچى سەنەدىدىكى سەدەقە ئىبنى مۇسا دەقىقىي ئىسىملىك كىشىگە باغلىق بولۇپ، ئىبنى مەئىن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، مۇسلىم ئىبنى ئىبراھىم ئۇنىڭ راستچىل كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (7980): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خالىد ئىبنى مەئداننىڭ قىزى ئۇممۇ ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ ۋە ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن.

## سۈننەت نامازلار

2093 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ - صلى الله عليه وسلم - رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ الظُّهْرِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الظُّهْرِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْجُمُعَةِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْمَغْرِبِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعِشَاءِ.

2093 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن پېشىندىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، جۈمەدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ۋە خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇغانىدىم.

(بۇخارى: 1173)

2094 - زاد في رواية: فَأَمَّا الْمَغْرِبُ وَالْعِشَاءُ وَالْجُمُعَةُ فَفِي بَيْتِهِ.

2094 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەمما شام، خۇپتەن ۋە جۈمە نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئۆيىدە ئوقۇغان، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 1173؛ مۇسلىم: 1732)

2095 - عن حَفْصَةَ أَن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ كَانَ يُصَلي سَجْدَتَيْنِ خَفِيفَتَيْنِ بَعْدَ مَا يَطْلُعُ الْفَجْرُ وَكَانَتْ سَاعَةً لَا أَدْخُلُ فِيهَا عَلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ.

2095 ـ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز (يەنى بامداتنىڭ سۈننىتىنى) ئوقۇيتتى. مەن بۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرمەيتتىم.

(دارىمى: 1443)

2096 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مَنْ ثَابَرَ عَلَى ثِنْتَيْ

عَشْرَةَ رَكْعَةً مِنْ السنةِ بَنى اللهُ لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنةِ أَرْبع رَكَعَاتٍ قَبْلَ الظهْرِ وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَهَا وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْمَغْرِبِ وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعِشَاءِ وَرَكْعَتَيْنِ قَبْلَ الْفَجْرِ.

2096 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئون ئىككى رەكئەت سۈننەتنى داۋاملىق ئوقۇسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ. ئۇلار: پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ۋە بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەتتۇر»[①].

(تىرمىزى: 414)

2097- عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ رَكْعَتَانِ لَمْ يَكُنْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَعُهُمَا سِرًا وَلَا عَلَانِيَةً رَكْعَتَانِ قَبْلَ صَلَاةِ الصبْحِ وَرَكْعَتَانِ بَعْدَ الْعَصْرِ.

2097 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، ئەسىردىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى (ئاشكارا ياكى مەخپىي بولسۇن) ھېچقاچان تاشلىمىغان[②].

(بۇخارى: 592)

2098 - وفي رواية: فَقَالَتْ كَانَ يُصَلي فِي بَيْتِي قَبْلَ الظهْرِ أَرْبَعًا ثُم يَخْرُجُ فَيُصَلي بِالناسِ ثُم يَدْخُلُ فَيُصَلي رَكْعَتَيْنِ وَكَانَ يُصَلي بِالناسِ الْمَغْرِبَ ثُم يَدْخُلُ فَيُصَلي رَكْعَتَيْنِ وَيُصَلي بِالناسِ الْعِشَاءَ وَيَدْخُلُ بَيْتِي فَيُصَلي رَكْعَتَيْنِ وَكَانَ يُصَلي مِنْ اللَّيْلِ تِسْعَ رَكَعَاتٍ

[①] ئەلبانى (338): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] بۇخارىدىكى يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەسىردىن كېيىن ئوقۇغان بۇ نامازنىڭ نېمە ناماز ئىكەنلىكى سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ پېشىننىڭ ئاخىرقى سۈننىتىنىڭ قازاسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. شۇنىڭغا ئاساسەن ئالىملار بۇ ھەدىستىكى "ھېچقاچان تاشلىمىغان" دېگەن سۆزنى پېشىننىڭ سۈننىتىنى ئوقۇيالماي قالسا، قازاسىنى ئەسىردىن كېيىن قىلىشنى ھېچقاچان تاشلىمىغان، دەپ ئىزاھلىغان.

فِيهِن الْوِتْرُ وَكَانَ يُصَلِّي لَيْلًا طَوِيلًا قَائِمًا وَلَيْلًا طَوِيلًا قَاعِدًا وَكَانَ إِذَا قَرَأَ وَهُوَ قَائِمٌ رَكَعَ وَسَجَدَ وَهُوَ قَائِمٌ وَإِذَا قَرَأَ قَاعِدًا رَكَعَ وَسَجَدَ وَهُوَ قَاعِدٌ وَكَانَ إِذَا طَلَعَ الْفَجْرُ صَلَّى رَكْعَتَيْنِ.

2098 - يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىندىن بۇرۇن مېنىڭ ھۇجرامدا تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى، ئاندىن چىقىپ جامائەت بىلەن پەرزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىرىپ، يەنە ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى. جامائەت بىلەن شامنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىرىپ، ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى، جامائەت بىلەن خۇپتەننىڭ پەرزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىرىپ، ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى. كېچىدە ۋىتىر بىلەن قوشۇپ توققۇز رەكئەت تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى. تەھەججۇد نامىزىنى بەزىدە ئۆرە تۇرۇپ، بەزىدە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئوقۇيتتى. ئەگەر ئۆرە تۇرۇپ قىرائەت قىلسا، رۇكۇ ۋە سەجدىنىمۇ ئۆرە تۇرۇپ قىلاتتى. نامازدا ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلسا، رۇكۇ، سەجدىنىمۇ ئولتۇرۇپ قىلاتتى. تاڭ ئاتقاندا، ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 730)

2099 - عَنْ عَاصِمِ بْنِ ضَمْرَةَ السَّلُولِيِّ قَالَ سَأَلْنَا عَلِيًّا عَنْ تَطَوُّعِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِالنَّهَارِ فَقَالَ إِنَّكُمْ لَا تُطِيقُونَهُ فَقُلْنَا أَخْبِرْنَا بِهِ نَأْخُذْ مِنْهُ مَا اسْتَطَعْنَا قَالَ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا صَلَّى الْفَجْرَ يُمْهِلُ حَتَّى إِذَا كَانَتْ الشَّمْسُ مِنْ هَا هُنَا يَعْنِي مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ بِمِقْدَارِهَا مِنْ صَلَاةِ الْعَصْرِ مِنْ هَا هُنَا يَعْنِي مِنْ قِبَلِ الْمَغْرِبِ قَامَ فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ يُمْهِلُ حَتَّى إِذَا كَانَتْ الشَّمْسُ مِنْ هَا هُنَا يَعْنِي مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ مِقْدَارَهَا مِنْ صَلَاةِ الظُّهْرِ مِنْ هَا هُنَا قَامَ فَصَلَّى أَرْبَعًا وَأَرْبَعًا قَبْلَ الظُّهْرِ إِذَا زَالَتْ الشَّمْسُ وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَهَا وَأَرْبَعًا قَبْلَ الْعَصْرِ يَفْصِلُ بَيْنَ كُلِّ رَكْعَتَيْنِ بِالتَّسْلِيمِ عَلَى الْمَلَائِكَةِ الْمُقَرَّبِينَ وَالنَّبِيِّينَ وَمَنْ تَبِعَهُمْ مِنْ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُؤْمِنِينَ قَالَ عَلِيٌّ فَتِلْكَ سِتَّ عَشْرَةَ رَكْعَةً تَطَوُّعُ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِالنَّهَارِ وَقَلَّ مَنْ يُدَاوِمُ عَلَيْهَا قَالَ وَكِيعٌ زَادَ فِيهِ أَبِي فَقَالَ

حَبِيبُ بْنُ أَبِي ثَابِتٍ يَا أَبَا إِسْحَقَ مَا أُحِب أَن لِي بِحَدِيثِكَ هَذَا مِلْءُ مَسْجِدِكَ هَذَا ذَهَبًا.

2099 ـ ئاسىم ئىبنى زەمرە سەلۇلى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈندۈزدىكى پەرزدىن باشقا نامازلىرى توغرۇلۇق سورىغاندۇق، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان ئىبادىتىنى قىلىشقا سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار يەتمەيدۇ، ـ دېدى. بىز:

ـ دەپ بەرگىن، كۈچىمىزنىڭ يەتكىنىگە ئەمەل قىلارمىز، ـ دېدۇق. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈن چىقىپ، مەغرىب تەرەپتىن قارىغاندا ئەسىرنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرگۈدەك مىقداردا ئۆرلىگەنگە قەدەر ساقلايتتى، ئاندىن كېيىن قوپۇپ ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇيتتى. ئاندىن كۈن قايرىلىپ پېشىنىنىڭ ۋاقتى كىرگەندە، پېشىنىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى. پېشىنىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى. ئەسىردىن بۇرۇن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى، ھەر ئىككى رەكئەتنىڭ ئارىسىنى الله تائالاغا يېقىن قىلىنغان پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە شۇنداقلا ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇسۇلمان ۋە مۇئمىنلەرگە سالام بېرىش بىلەن ئايرىپ ئوقۇيتتى. مانا بۇ 16 رەكئەت ناماز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈندۈزلىرى پەرزدىن سىرت ئوقۇيدىغان نامىزىدۇر. بۇلارنى ھەمىشە ئادا قىلىدىغانلار بەكلا ئاز، ـ دېدى.

ۋەكى (راۋى) مۇنداق دەيدۇ: دادام بۇ ھەدىس ھەققىدە ھەبىب ئىبنى ئەبۇ سابىتنىڭ ئەبۇ ئىسھاق دېگەن راۋىغا: ئى ئەبۇ ئىسھاق! مەن سېنىڭ سۆزلەپ بەرگەن بۇ ھەدىسىڭنى مۇشۇ مەسجىدىڭ تولغۇدەك ئالتۇنغا تېگىشمەيمەن، ـ دېگەنلىكىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[①].

(ئىبنى ماجە: 1161)

2100 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُغَفلٍ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ كُل

[①] ئەلبانى (952): ھەسەن، ـ دېگەن.

أَذَانَيْنِ صَلَاةٌ بَيْنَ كُلِّ أَذَانَيْنِ صَلَاةٌ ثُمَّ قَالَ فِي الثَّالِثَةِ لِمَنْ شَاءَ.

2100 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەر ئىككى ئەزان (ئەزان بىلەن تەكبىر) ئارىسىدا (نەپلە) ناماز بار، ھەر ئىككى ئەزان ئارىسىدا ناماز بار» دەپ ئۈچىنچى قېتىمدا: «خالىغان ئادەمگە» دېدى.

(بۇخارى: 627)

2101 - عن بريدة أن النبي صلى الله عليه وسلم قال بين كل أذانين صلاة إلا المغرب.

2101 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ناماز شامدىن باشقا ھەرقانداق نامازنىڭ ھەر ئىككى ئەزىنى (ئەزان بىلەن تەكبىر) ئارىسىدا (نەپلە) ناماز بار»[1].

(بەززار: 693)

2102 - عُقْبَةَ بْنَ حُرَيْثٍ قَالَ سَمِعْتُ ابْنَ عُمَرَ يُحَدِّثُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ صَلَاةُ اللَّيْلِ مَثْنَى مَثْنَى فَإِذَا رَأَيْتَ أَنَّ الصُّبْحَ يُدْرِكُكَ فَأَوْتِرْ بِوَاحِدَةٍ. فَقِيلَ لِابْنِ عُمَرَ مَا مَثْنَى مَثْنَى؟ قَالَ أَنْ تُسَلِّمَ فِي كُلِّ رَكْعَتَيْنِ.

2102 ـ ئۇقبە ئىبنى ھۇرەيس مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«كېچىلىك ناماز ئىككى رەكئەت ـ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ، تاڭ ئېتىپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەنلەر بىر رەكئەت ۋىتىر ئوقۇپ نامىزىنى تاماملىسا بولىدۇ». ئىبنى ئۆمەردىن:

ــ ئىككى رەكئەت ــ ئىككى رەكئەت دېگەندىن نېمە مەقسەت

[1] ھەيسەمى (3391): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەييان ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىسىملىك ھەدىسنى ئېلىشتۇرۇپ قويىدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

قىلىنغان؟ - دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

- ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىش، - دېدى.

(مۇسلىم: 749)

مالىك ۋە باشقا ھەدىسشۇناسلارمۇ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان، نەسائى ۋە تىرمىزى بۇ ھەدىسنى: كېچە - كۈندۈزنىڭ نامىزى ئىككى رەكئەت دەپ، كۈندۈزنىمۇ قوشۇپ رىۋايەت قىلىش خاتا، - دېگەن.

2103 - قَالَ يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ الْأَنْصَارِي مَا أَدْرَكْتُ فُقَهَاءَ أَرْضِنَا إِلا يُسَلِّمُونَ فِـي كُلِّ اثْنَتَيْنِ مِنْ النَهَارِ.

2103 - يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى: مەن بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى فەقىھلارنىڭ كۈندۈزى ئوقۇلىدىغان (سۈننەت ۋە نەپلە) نامازلىرىنىمۇ ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن، - دەيدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق ھالەتتە رىۋايەت قىلغان)

ئەممار، ئەبۇ زەر، ئەنەس، جابىر ئىبنى زەيد، ئىكرىمە ۋە زۆھرى قاتارلىقلارنىڭمۇ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

## بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى

2104- عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ لَمْ يَكُنْ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى شَيْءٍ مِنْ النَّوَافِلِ أَشَدَّ مِنْهُ تَعَاهُدًا عَلَى رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ.

2104 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە نامازلىرى ئىچىدە بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشنى ھەممىدىن مۇھىم بىلەتتى، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 1163)

2105 - عَنْ عَائِشَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رَكْعَتَا الْفَجْرِ خَيْرٌ مِنْ الدُّنْيَا وَمَا فِيهَا.

2105 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».

(مۇسلىم: 725)

2106 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَدَعُوهُمَا وَإِنْ طَرَدَتْكُمْ الْخَيْلُ.

2106 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاتلىق دۈشمەن سىلەرنى قوغلاپ كەلسىمۇ، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت

سۈننىتىنى تاشلىماڭلار!»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 1258)

2107 - عَنْ عَائِشَةَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي رَكْعَتَيْنِ خَفِيفَتَيْنِ بَيْنَ الندَاءِ وَالْإِقَامَةِ مِنْ صَلَاةِ الصبْحِ.

2107 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنىڭ ئەزان - تەكبىرىنىڭ ئارىلىقىدا بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى يەڭگىل ئوقۇيتتى.

(بۇخارى: 619)

2108 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ إِنْ كُنتُ لَأَرَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ فَيُخَففُهُمَا حَتى أَقُولَ أَقَرَأَ فِيهِمَا بِأُم الْكِتَابِ.

2108 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى شۇنداق يەڭگىل ئوقۇغانلىقىنى كۆرەتتىمكى، ھەتتا: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇغاندىمۇ؟ - دەپمۇ قالاتتىم[2].

(نەسائى: 936)

2109 - عَنْ يَسَارٍ مَوْلَى ابْنِ عُمَرَ قَالَ رَآنِي ابْنُ عُمَرَ وَأَنَا أُصَلي بَعْدَ طُلُوعِ الْفَجْرِ فَقَالَ يَا يَسَارُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ عَلَيْنَا وَنَحْنُ نُصَلي هَذِهِ الصلَاةَ فَقَالَ لِيُبَلغْ شَاهِدُكُمْ غَائِبَكُمْ لَا تُصَلوا بَعْدَ الْفَجْرِ إِلا سَجْدَتَيْنِ.

2109 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئازادگەردىسى يەسار مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مېنىڭ تاڭ ئاتقاندىن

[1] ئەلبانى (272): زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (907): سەھىھ - دېگەن.

كېيىن ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ:

ــ ھەي يەسار! بىزمۇ مۇشۇنداق ناماز ئوقۇۋاتقان بىر پەيتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ: «بۇ يەردە بارلىرىڭلار يوقلىرىڭلارغا يەتكۈزۈڭلاركى، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن باشقا ناماز ئوقۇماڭلار!» دېگەنىدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1278)

2110 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ أن كَثِيرًا مِما كَانَ يَقْرَأُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ بِ (قُولُوا آمَنا بِاللهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْنا) هَذِهِ الآيَةَ قَالَ هَذِهِ فِى الركْعَةِ الأُولَى وَفِى الركْعَةِ الآخِرَةِ بِ (آمَنا بِاللهِ وَاشْهَدْ بِأنا مُسْلِمُونَ).

2110 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە ۋاقىتتا بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭ ئالدىنقى رەكئىتىگە: ﴿قُولُوا آمَنا بِاللهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْنا﴾[2] دېگەن ئايەتنى، كېيىنكى رەكئىتىگە: ﴿آمَنا بِاللهِ وَاشْهَدْ بِأنا مُسْلِمُون﴾[3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى[4].

(ئەبۇ داۋۇد: 1259)

2111 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ قُولُوا آمَنا بِاللهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْنا وَالتِي فِي آلِ عِمْرَانَ تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ.

2111 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭ ئالدىنقى رەكئىتىگە: ﴿قُولُوا آمَنا بِاللهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْنا﴾

[1] ئەلبانى (1138): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] سۈرە بەقەرە، 136ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 52 ـ ئايەت.
[4] ئەلبانى (1121): سەھىھ ـ دېگەن.

دېگەن ئايەتنى، كېيىنكى رەكئەتتىگە: ﴿تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 727)

2112 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ سَمِعَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ قُلْ آمَنا بِاللهِ وَمَا أُنزِلَ عَلَيْنَا فِي الركْعَةِ الْأُولَى وَفِي الركْعَةِ الْأُخْرَى بِهَذِهِ الْآيَةِ رَبنَا آمَنا بِمَا أَنْزَلْتَ وَاتبَعْنَا الرسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشاهِدِينَ أَوْ إِنا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَق بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَا تُسْأَلُ عَنْ أَصْحَابِ الْجَحِيمِ شَك الدارَوَرْدِي.

2112 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭ ئالدىنقى رەكئىتىگە: ﴿قُلْ آمَنا بِاللهِ وَمَا أُنزِلَ عَلَيْنَا﴾[2] دېگەن ئايەتنى، كېيىنكى رەكئىتىگە: ﴿رَبنَا آمَنا بِمَا أَنْزَلْتَ وَاتبَعْنَا الرسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشاهِدِينَ﴾[3] ياكى: ﴿إِنا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَق بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَا تُسْأَلُ عَنْ أَصْحَابِ الْجَحِيمِ﴾[4] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان. ئىككىنچى رەكئەتتە يۇقىرىقى ئىككى ئايەتنىڭ قايسىسىنى ئوقۇغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمىگەن كىشى بۇ ھەدىسنىڭ راۋىسىدۇر[5].

(ئەبۇ داۋۇد: 1260)

2113 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ رَمَقْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِشْرِينَ مَرةً يَقْرَأُ فِي الركْعَتَيْنِ بَعْدَ الْمَغْرِبِ وَفِي الركْعَتَيْنِ قَبْلَ الْفَجْرِ قُلْ يَا أَيهَا الْكَافِرُونَ وَقُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ.

2113 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: مەن پەيغەمبەر

[1] سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 84 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 53 ـ ئايەت.

[4] سۈرە بەقەرە، 119 ـ ئايەت.

[5] ئەلبانى (1122): ھەسەن، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتىگە يىگىرمە قېتىمدەك دىققەت قىلىپ تىڭشاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ناماز شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەت بىلەن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە: ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ﴾ ۋە: ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ﴾ نى ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدىم، ـ دەيدۇ[1].

(نەسائى: 992)

2114 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا صَلى رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ اضْطَجَعَ عَلَى شِقهِ الْأَيْمَنِ.

2114 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى (يەنى بىردەم يېتىۋالاتتى).

(بۇخارى: 1160)

2115 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَضَى صَلَاتَهُ مِنْ آخِرِ اللَّيْلِ نَظَرَ فَإِنْ كُنتُ مُسْتَيْقِظَةً حَدثَنِي وَإِنْ كُنتُ نَائِمَةً أَيْقَظَنِي وَصَلى الركْعَتَيْنِ ثُم اضْطَجَعَ حَتى يَأْتِيَهُ الْمُؤَذنُ فَيُؤْذِنَهُ بِصَلَاةِ الصبْحِ فَيُصَلي رَكْعَتَيْنِ خَفِيفَتَيْنِ ثُم يَخْرُجُ إِلَى الصلَاةِ.

2115 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئاخىرىدا نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا قارايتتى. مەن ئويغاق بولسام، مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇخلاۋاتقان بولسام، مېنى ئويغىتىپ قويۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن مۇئەززىن كېلىپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەنلىكىنى خەۋەر قىلغۇچە يېنىنى بېسىپ ياتاتتى. ئاندىن تۇرۇپ، يەڭگىل ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى، ئاندىن نامازغا

[1] ئەلبانى(948): ھەسەن، ـ دېگەن.

(مەسجىدكە) چىقاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1262)

2116 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا صَلى أَحَدُكُمْ رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ فَلْيَضْطَجِعْ عَلَى يَمِينِهِ.

2116 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ يېنىڭلارنى بېسىپ (ئازراق) يېتىڭلار»[2].

(تىرمىزى: 420)

2117 - وزاد أبو داود: فَقَالَ لَهُ مَرْوَانُ بْنُ الْحَكَمِ أَمَا يُجْزِئُ أَحَدَنَا مَمْشَاهُ إِلَى الْمَسْجِدِ حَتى يَضْطَجِعَ عَلَى يَمِينِهِ قَالَ عُبَيْدُ اللهِ فِي حَدِيثِهِ قَالَ لَا قَالَ فَبَلَغَ ذَلِكَ ابْنَ عُمَرَ فَقَالَ أَكْثَرَ أَبُو هُرَيْرَةَ عَلَى نَفْسِهِ قَالَ فَقِيلَ لِابْنِ عُمَرَ هَلْ تُنْكِرُ شَيْئًا مِما يَقُولُ قَالَ لَا وَلَكِنهُ اجْتَرَأَ وَجَبُنَا قَالَ فَبَلَغَ ذَلِكَ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ فَمَا ذَنْبِي إِنْ كُنْتُ حَفِظْتُ وَنَسُوا.

2117 ـ ئەبۇ داۋۇد بۇ ھەدىسكە مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلدى: مەرۋان ئىبنى ھەكەم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ مەسجىدكە مېڭىش ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ يېتىشنىڭ ئورنىنى ئالالامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ياق، ـ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا يېتىۋىدى، ئۇ:

ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا) بەك ئاشۇرۇۋەتتى، ـ دېدى. شۇ ھامان ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنداقتا، سەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلامسەن؟ ـ دېگەن سوئال قويۇلدى،

[1] ئەلبانى (1124): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (344): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇ:

- ياق، بىراق ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇنتۇلۇپ قېلىشتىن قورقماي، كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا) جۈرئەت قىلدى، ئەمما بىز قورقتۇق، - دېدى. بۇ سۆز ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېتىۋىدى، ئۇ:

- مەن ئەستە قالدۇرغان نەرسىنى ئۇلار ئۇنتۇپ قالغان بولسا، بۇ ئىشتا مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟! - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1261)

2118 - عن نافع: أن ابن عمر رأى رجلا صلى الفجر فاضطجع قال ما حملك على ما صنعت؟ قال: أردت الفصل بين صلاتين، قال وأي فصل أفضل من السلام؟ قال: فإنما سنة، قال: بل هي بدعة. رواه رزين.

2118 - نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كىشىنىڭ بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ يېنىنى بېسىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

- (ئىككى) نامىزىمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتەي دېگەن، - دېدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

- ئىككى نامازنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان سالامدىن ياخشىراق بىر ئىش بولامدۇ؟ - دېدى. ئۇ كىشى:

- بۇنداق يېتىش سۈننەت، - دېۋىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

- سۈننەت ئەمەس، بەلكى بىدئەت، - دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2119 - عن ابن مسعود: أن رجلا صلى مع النبي صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ الصبح فلما انصرف صلى ركعتين فقال له أصلح أربعا؟ قال: يارسول الله إني كنت لم أصل

[1] ئەلبانى (1123): سەھىھ - دېگەن.

ركعتي الفجر، قال: فلا إذا.

2119 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بامدات تۆت رەكئەتمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئىككى رەكئەت سۈننەتنى تېخى ئوقۇمىغانىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئوقۇۋەرگىن! ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2120 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ عَنْ جَدهِ قَيْسٍ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأُقِيمَتْ الصلَاةُ فَصَليْتُ مَعَهُ الصبْحَ ثُم انْصَرَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَجَدَنِي أُصَلي فَقَالَ مَهْلًا يَا قَيْسُ أَصَلَاتَانِ مَعًا قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني لَمْ أَكُنْ رَكَعْتُ رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ قَالَ فَلَا إِذَنْ.

2120 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم بوۋىسى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرىسىدىن چىققاندىن كېيىن، نامازغا تەكبىر ئوقۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ نامازغا تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ:

ـ ئى قەيس! توختا، بىر ۋاقىتتا ئىككى ناماز ئوقۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇمىغانىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئوقۇۋەرگىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 422)

[1] ئەلبانى (346): سەھىھ ـ دېگەن.

2121 - عن حَفْصَ بْنَ عَاصِمٍ قَالَ سَمِعْتُ رَجُلًا مِنْ الْأَزْدِ يُقَالُ لَهُ مَالِكُ ابْنُ بُحَيْنَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ رَأى رَجُلًا وَقَدْ أُقِيمَتْ الصلَاةُ يُصَلي رَكْعَتَيْنِ فَلَما انْصَرَفَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ لَاثَ بِهِ الناسُ وَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصبْحَ أَرْبَعًا الصبْحَ أَرْبَعًا.

2121 ـ ھەفس ئىبنى ئاسىم ئەزدىلىك مالىك ئىبنى بۇھەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ (نامازغا) تەكبىر ئوقۇلۇۋاتقاندا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، جامائەت ئۇ كىشىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە:

ـ بامداتنى تۆت رەكئەت ئوقۇمسەن؟ تۆت رەكئەت ئوقۇمسەن[1]؟! ـ دەپ كايىدى.

(بۇخارى: 663)

2122 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَالِكٍ ابْنِ بُحَيْنَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مر بِرَجُلٍ يُصَلي وَقَدْ أُقِيمَتْ صَلَاةُ الصبْحِ فَكَلمَهُ بِشَيْءٍ لَا نَدْرِي مَا هُوَ فَلَما انْصَرَفْنَا أَحَطْنَا نَقُولُ مَاذَا قَالَ لَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ لِي يُوشِكُ أَنْ يُصَليَ أَحَدُكُمْ الصبْحَ أَرْبَعًا .

2122 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك ئىبنى بۇھەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نامازغا) تەكبىر ئوقۇلۇۋاتقاندا ناماز ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېدى، نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. نامازدىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا نېمە دېدى؟ ـ دەپ

[1] تەكبىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ سۈننەت ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، تەكبىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سۈننەت ئوقۇپ ئولتۇرۇش خۇددى بامداتنى تۆت رەكئەت ئوقۇغاندەك بولىدۇ، ـ دېمەكچى.

سورىساق، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «بارا ـ بارا بامدات نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيدىغاندەك قىلىسىلەر» دېدى.

(مۇسلىم: 711)

2123 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَمْ يُصَلِّ رَكْعَتَيْ الْفَجْرِ فَلْيُصَلهمَا بَعْدَ مَا تَطْلُعُ الشمْسُ.

2123 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى (ۋاقتىدا) ئوقۇيالمىغانلار كۈن چىققاندىن كېيىن ئوقۇسۇن!»[1].

(تىرمىزى: 423)

2124 - عن أُسَامَةَ بن عُمَيْرٍ، أنهُ صلى مع النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ: اللهُم رَب جِبْرِيلَ، وَمِيكَائِيلَ، وَإِسْرَافِيلَ، وَمُحَمدٍ أَعُوذُ بِكَ مِنَ النارِ ثَلاثَ مَراتٍ.

2124 ـ ئۇسامە ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن ئۈچ قېتىم: «ئى جىبرىئىلنىڭ، مىكائىلنىڭ، ئىسرافىلنىڭ ۋە مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ رەببى! مەن ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى[2].

(«ئەلكەبىر»)

2125 - عَنْ عَطَاءٍ، قَالَ: خَرَجَ ابْنُ مَسْعُودٍ عَلَى قَوْمٍ يَتَحَدثُونَ بَعْدَ الْفَجْرِ، فَنَهَاهُمْ عَنِ الْحَدِيثِ، فَقَالَ: "إِنمَا جِئْتُمْ لِلصلاةِ فَإِما أَنْ تُصَلوا، وَإِما أَنْ تَسْكُتوا".

---

[1] ئەلبانى (347): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3312): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبباد ئىبنى سەئىد ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

2125 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامداتتىن كېيىن پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇلارنى تۇسۇپ:

ــ سىلەر بۇ يەرگە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كەلدىڭلار، شۇڭا يا ناماز ئوقۇڭلار ياكى پاراڭ قىلماي جىم ئولتۇرۇڭلار! ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (3314): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن ئىبنى مەسئۇدتىن ھەدىس ئاڭلاپ باقمىغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## پېشىن ۋە ئەسىرنىڭ سۈننىتى

2126 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ الظهْرِ وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَهَا.

2126 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇغان، ـ دېگەن[1].

(تىرمىزى: 425)

2127 - عَنْ عَلِي قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي قَبْلَ الظهْرِ أَرْبَعًا وَبَعْدَهَا رَكْعَتَيْنِ.

2127 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى، ـ دېگەن[2].

(تىرمىزى: 424)

2128 - عَنْ عَائِشَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا لَمْ يُصَل أَرْبَعًا قَبْلَ الظهْرِ صَلاهُن بَعْدَهُ.

2128 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

---

[1] ئەلبانى (349): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (348): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇيالماي قالسا، پەرزىدىن كېيىن ئوقۇيتتى[1].
(تىرمىزى: 426)

2129 - عَنْ أُم حَبِيبَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَلى قَبْلَ الظهْرِ أَرْبَعًا وَبَعْدَهَا أَرْبَعًا حَرمَهُ اللهُ عَلَى النارِ.

2129 ـ ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پەرزىدىن كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ»[2].
(تىرمىزى: 427)

2130 - عن أُم حَبِيبَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ حَافَظَ عَلَى أَرْبَعِ رَكَعَاتٍ قَبْلَ الظهْرِ وَأَرْبَعٍ بَعْدَهَا حَرمَهُ اللهُ عَلَى النارِ.

2130 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى دائىم پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، پەرزىدىن كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ»[3].
(تىرمىزى: 428)

2131 - عَنْ أَبِي أَيوبَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَرْبَعٌ قَبْلَ الظهْرِ لَيْسَ

[1] ئەلبانى (350): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (351): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (352): سەھىھ ـ دېگەن.

فِيهِن تَسْلِيمٌ تُفْتَحُ لَهُن أَبْوَابُ السمَاءِ.

2131 ـ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن (ھەر ئىككى رەكئەتنىڭ ئارىلىقىدا سالام بەرمەستىن، ئۇلاپ) ئوقۇلغان تۆت رەكئەت ناماز ئۈچۈن ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1270)

2132 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ السائِبِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي أَرْبَعًا بَعْدَ أَنْ تَزُولَ الشمْسُ قَبْلَ الظهْرِ وَقَالَ إِنهَا سَاعَةٌ تُفْتَحُ فِيهَا أَبْوَابُ السمَاءِ وَأُحِب أَنْ يَصْعَدَ لِي فِيهَا عَمَلٌ صَالِحٌ.

2132 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن، كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى ۋە بۇ ھەقتە:

«بۇ، (بەندىلەرنىڭ ئەمەلى ئاسمانغا ئۆرلىشى ئۈچۈن) ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدىغان بىر ۋاقىت، بۇ ۋاقىتتا مېنىڭمۇ بىر ياخشى ئەمەلىم ئاسمانغا ئۆرلىسىكەن دەيمەن» دەيتتى[2].

(تىرمىزى: 478)

2133 - عَنْ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْبَعٌ قَبْلَ الظهْرِ بَعْدَ الزوَالِ تُحْسَبُ بِمِثْلِهِن فِي صَلَاةِ السحَرِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَيْسَ مِنْ شَيْءٍ إِلا وَيُسَبحُ اللهَ تِلْكَ الساعَةَ ثُم قَرَأَ يَتَفَيأُ ظِلَالُهُ عَنْ الْيَمِينِ وَالشمَائِلِ سُجدًا لِلهِ وَهُمْ دَاخِرُونَ الْآيَةَ كُلهَا.

2133 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

[1] ئەلبانى (1131): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (396): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن، پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئوقۇلغان تۆت رەكئەت ناماز (ساۋاب جەھەتتە) سەھەردە ئوقۇلغان تۆت رەكئەت نامازغا تەڭ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر اللەقا تەسبىھ ئېيتىدۇ». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: ﴿ئۇلار الله ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بويسۇنغان ھالدا اللەقا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ ـ سولغا مايىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇدى[2].

(تىرمىزى: 3128)

2134 - عن صفوان عن النبي صلى الله عليه وسلم من صلى أربعا قبل الظهر كن له كأجر عشر رقبات أو قال أربع رقاب من ولد إسماعيل صلى الله عليه وسلم.

2134 ـ سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تۆت ياكى ئون قۇلنى ئازاد قىلغانلىقنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

2135 - قَالَ عَبْدُ اللهِ: "لَيسَ شَيْءٌ يَعْدِلُ صَلاةَ اللَّيلِ مِنَ صَلاةِ النهَارِ إلا أَرْبَعًا قَبْلَ الظهْرِ، وَفَضْلُهُن عَلَى صَلاةِ النهَارِ كَفَضْلِ صَلاةِ الْجَمَاعَةِ عَلَى صَلاةِ الْوَاحِدِ".

2135 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت نامازدىن باشقا كۈندۈزدە ئوقۇلىدىغان ھېچ قانداق نەپلە ناماز (ساۋاب جەھەتتە) كېچىدە ئوقۇلغان نامازغا

[1] سۈرە نەھل، 48 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (609): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (1319): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تەرجىمىھالىنى تاپالمىغان بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

تەڭ كەلمەيدۇ. پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت ناماز، كۈندۈزدە ئوقۇلىدىغان باشقا نەپلە نامازلاردىن (ساۋاب جەھەتتە) خۇددى جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن ئارتۇق بولغاندەك ئارتۇقتۇر[1].

(«ئەلكەبىر»)

2136 - عَنْ عَلِي أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي قَبْلَ الْعَصْرِ رَكْعَتَيْنِ.

2136 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ـ دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1272)

2137 - عَنْ عَلِي قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي قَبْلَ الْعَصْرِ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ يَفْصِلُ بَيْنَهُن بالتسْلِيمِ.

2137 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ـ ئىككى رەكئەتتىن قىلىپ، جەمئىي تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ـ دېگەن[3].

(تىرمىزى: 429)

2138 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَحِمَ اللهُ امْرَأً صَلى قَبْلَ الْعَصْرِ أَرْبَعًا.

2138 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەسىرنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە الله

---

[1] ھەيسەمى (3329): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بىشر ئىبنى ۋەلىد كىندىي ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، سەلبىي باھا بەرگەنلەرمۇ بولغان. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1133): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (353): ھەسەن، ـ دېگەن.

رەھمەت قىلسۇن!»[1]

(تىرمىزى: 430)

2139 - عن عبد الله بن عمرو بن العاص رفعه: "مَنْ صَلى أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ قَبْلَ العَصْرِ لَمْ تَمَسهُ النارُ".

2139 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەسىرنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، دوزاخقا كىرمەيدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 2601؛ «ئەلكەبىر»)

2140 - عَنْ أَبِي إِسْحَاقَ قَالَ رَأَيْتُ الْأَسْوَدَ وَمَسْرُوقًا شَهِدَا عَلَى عَائِشَةَ قَالَتْ مَا كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْتِينِي فِي يَوْمٍ بَعْدَ الْعَصْرِ إِلا صَلى رَكْعَتَيْنِ.

2140 ـ ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئەسۋەد ۋە مەسرۇق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئەسىردىن كېيىن مېنىڭ ھۇجرامغا كىرسىلا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ـ دېگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى.

(بۇخارى: 593)

2141 - وفي رواية: مَا تَرَكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ السجْدَتَيْنِ بَعْدَ الْعَصْرِ عِنْدِي قَط.

2141 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئەسىردىن كېيىن مېنىڭ ھۇجرامدا ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت نامىزىنى قەتئى تەرك ئەتمىگەن، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 591)

[1] ئەلبانى (354): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3334): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلكەرىم ئەبۇ ئۇمەييە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

2142 - عَنْ ذَكْوَانَ مَوْلَى عَائِشَةَ أَنَّهَا حَدَّثَتْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُصَلِّي بَعْدَ الْعَصْرِ وَيَنْهَى عَنْهَا وَيُوَاصِلُ وَيَنْهَى عَنْ الْوِصَالِ.

2142 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئازادگەردىسى زەكۋانغا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇيتتى، ئەمما باشقىلارنى توساتتى. ئۆزى نەپلە روزىنى (ئىپتار قىلماستىن) ئۇلاپ تۇتاتتى، ئەمما باشقىلارنى ئۇنداق قىلىشتىن توساتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1280)

2143 - عن أَبِي سَلَمَةَ أَنَّهُ سَأَلَ عَائِشَةَ عَنْ السَّجْدَتَيْنِ اللَّتَيْنِ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّيهِمَا بَعْدَ الْعَصْرِ فَقَالَتْ كَانَ يُصَلِّيهِمَا قَبْلَ الْعَصْرِ ثُمَّ إِنَّهُ شُغِلَ عَنْهُمَا أَوْ نَسِيَهُمَا فَصَلَّاهُمَا بَعْدَ الْعَصْرِ ثُمَّ أَثْبَتَهُمَا وَكَانَ إِذَا صَلَّى صَلَاةً أَثْبَتَهَا قَالَ يَحْيَى بْنُ أَيُّوبَ قَالَ إِسْمَعِيلُ تَعْنِي دَاوَمَ عَلَيْهَا.

2143 ـ ئەبۇ سەلەمە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسىردىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت نامىزى توغرىسىدا سورىغاندى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئەسرنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئوقۇيتتى. بىر كۈنى، مەشغۇل بولۇپ قېلىپ ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئەسىردىن كېيىن ئوقۇدى ۋە شۇندىن كېيىن داۋاملىق ئەسىردىن كېيىن ئوقۇيدىغان بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نامازنى باشلىسا، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇراتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 835)

2144 - عَنْ كُرَيْبٍ أَنَّ ابْنَ عَبَّاسٍ وَالْمِسْوَرَ بْنَ مَخْرَمَةَ وَعَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ أَزْهَرَ

[1] ئەلبانى (278): زەئىپ، ـ دېگەن.

رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ أَرْسَلُوهُ إِلَى عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا فَقَالُوا اقْرَأْ عَلَيْهَا السَّلَامَ مِنَّا جَمِيعًا وَسَلْهَا عَنْ الرَّكْعَتَيْنِ بَعْدَ صَلَاةِ الْعَصْرِ وَقُلْ لَهَا إِنَّا أُخْبِرْنَا عَنْكِ أَنَّكِ تُصَلِّينَهُمَا وَقَدْ بَلَغَنَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنْهَا وَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ وَكُنْتُ أَضْرِبُ النَّاسَ مَعَ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ عَنْهَا فَقَالَ كُرَيْبٌ فَدَخَلْتُ عَلَى عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا فَبَلَّغْتُهَا مَا أَرْسَلُونِي فَقَالَتْ سَلْ أُمَّ سَلَمَةَ فَخَرَجْتُ إِلَيْهِمْ فَأَخْبَرْتُهُمْ بِقَوْلِهَا فَرَدُّونِي إِلَى أُمِّ سَلَمَةَ بِمِثْلِ مَا أَرْسَلُونِي بِهِ إِلَى عَائِشَةَ فَقَالَتْ أُمُّ سَلَمَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَنْهَى عَنْهَا ثُمَّ رَأَيْتُهُ يُصَلِّيهِمَا حِينَ صَلَّى الْعَصْرَ ثُمَّ دَخَلَ عَلَيَّ وَعِنْدِي نِسْوَةٌ مِنْ بَنِي حَرَامٍ مِنْ الْأَنْصَارِ فَأَرْسَلْتُ إِلَيْهِ الْجَارِيَةَ فَقُلْتُ قُومِي بِجَنْبِهِ فَقُولِي لَهُ تَقُولُ لَكَ أُمُّ سَلَمَةَ يَا رَسُولَ اللَّهِ سَمِعْتُكَ تَنْهَى عَنْ هَاتَيْنِ وَأَرَاكَ تُصَلِّيهِمَا فَإِنْ أَشَارَ بِيَدِهِ فَاسْتَأْخِرِي عَنْهُ فَفَعَلَتْ الْجَارِيَةُ فَأَشَارَ بِيَدِهِ فَاسْتَأْخَرَتْ عَنْهُ فَلَمَّا انْصَرَفَ قَالَ يَا بِنْتَ أَبِي أُمَيَّةَ سَأَلْتِ عَنْ الرَّكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعَصْرِ وَإِنَّهُ أَتَانِي نَاسٌ مِنْ عَبْدِ الْقَيْسِ فَشَغَلُونِي عَنْ الرَّكْعَتَيْنِ اللَّتَيْنِ بَعْدَ الظُّهْرِ فَهُمَا هَاتَانِ.

2144 ـ كۇرەيب مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەزھەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار مېنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ:

ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىزدىن سالام ئېيتقىن، ئۇنىڭدىن ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز توغرىسىدا سورىغىن ۋە ئۇنىڭغا: بىز سىزنىڭ بۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىدۇق. ھالبۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن توسقان ئىكەن! ـ دېگىن، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇنىڭغا قوشۇپ:

— مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە جامائەتنى ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن چەكلەپ ئۇراتتىم، ـ دېدى.

كۇرەيب سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ

ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ بۇلارنى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىغىن! ـ دېدى. مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزىنى يەتكۈزدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مېنى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغان. ئەمما بىر كۈنى ئۇنىڭ ئەسىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، (مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ) ئىككى رەكئەت نامازغا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرامغا كىرگەندە، يېنىمدا ئەنسارلاردىن بەنى ھەرام قەبىلىسىلىك بىر قانچە ئايال بار ئىدى. مەن يېنىمدىكى بىر قىزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنلىكىمنى، ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن چەكلىگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا بۇيرىدىم ۋە:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مەقسەتنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ) ساڭا قولى بىلەن ئىشارەت قىلسا، كەينىڭگە قايتقىن! ـ دېدىم. ئۇ قىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن كەينىگە قايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئوقۇۋاتقان بۇ ئىككى رەكئەت) نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن:

ـ ئى ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ قىزى! ئەسىردىن كېيىن ئوقۇغان بۇ ئىككى رەكئەت ناماز توغرىسىدا سورىدىڭ، مېنىڭ يېنىمغا ئابدۇلقەيس قەبىلىسىدىن بىر توپ كىشى كەلگەنىدى. ئۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، پېشىننىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇيالماي قالغانىدىم. ھازىر ئوقۇغىنىم شۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئىدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1233)

2145 - عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ أَنَّهُ رَآهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ وَهُوَ خَلِيفَةٌ رَكَعَ بَعْدَ الْعَصْرِ رَكْعَتَيْنِ فَمَشَى إِلَيْهِ فَضَرَبَهُ بِالدِّرَّةِ وَهُوَ يُصَلِّي كَمَا هُوَ فَلَمَّا انْصَرَفَ قَالَ زَيْدٌ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَوَاللَّهِ لَا أَدَعُهُمَا أَبَدًا بَعْدَ أَنْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّيهِمَا قَالَ فَجَلَسَ إِلَيْهِ عُمَرُ وَقَالَ يَا زَيْدُ بْنَ خَالِدٍ لَوْلَا أَنِّي أَخْشَى أَنْ يَتَّخِذَهَا النَّاسُ سُلَّمًا إِلَى الصَّلَاةِ حَتَّى اللَّيْلِ لَمْ أَضْرِبْ فِيهِمَا.

2145 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەسىردىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى نامىزىنى تۈگەتمەستىنلا قامچا بىلەن ئۇردى. ئۇ نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن:

ـ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن، شۇڭا، الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنى ئۆلگىچە تەرك ئەتمەيمەن، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ:

ـ ئى زەيد ئىبنى خالىد! مەن كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ناماز ئارقىلىق كەچ كىرگۈچە ناماز ئوقۇشنى ئادەت قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام ئىدىم، بۇ ئىككى رەكئەت نامازدىن چەكلەپ، كىشىلەرنى قامچىلاپ يۈرمىگەن بولاتتىم، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 16588؛ «ئەلكەبىر»)

2146 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ رَبَاحٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَلَّى الْعَصْرَ فَقَامَ رَجُلٌ يُصَلِّي فَرَآهُ عُمَرُ فَقَالَ لَهُ اجْلِسْ فَإِنَّمَا هَلَكَ أَهْلُ الْكِتَابِ أَنَّهُ لَمْ يَكُنْ لِصَلَاتِهِمْ فَصْلٌ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَحْسَنَ ابْنُ الْخَطَّابِ.

2146 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى رەباھ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

[1] ھەيسەمى (3338): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر كىشى ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈپ:

—— ئولتۇر! ئەھلى كىتاب نامازلىرى ئارىسىدا پاسىل بولمىغانلىقتىن ھالاك بولدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىبنى خەتتاب ياخشى قىلدى، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 22611؛ مەۋسىلى)

2147 - عن الأزرق بن قيس نحوه: وأطلق الصلاة ولم يقيدها بالعصر.

2147 ـ ئەزرەق ئىبنى قەيسىنىڭ رىۋايىتىدە يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش بايان قىلىنغان ۋە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن» دېيىلمەستىن، «ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن»، ـ دەپ، ئەسىر نامىزىغا خاس قىلىنماستىن، ئومۇمىي شەكىلدە كەلگەن[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1007)

[①] ھەيسەمى (3398): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (215): زەئىپ، ـ دېگەن.

## شام، خۇپتەن ۋە جۈمەنىڭ سۈننىتى

2148 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كُنَّا بِالْمَدِينَةِ فَإِذَا أَذَّنَ الْمُؤَذِّنُ لِصَلَاةِ الْمَغْرِبِ ابْتَدَرُوا السَّوَارِيَ فَيَرْكَعُونَ رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ حَتَّى إِنَّ الرَّجُلَ الْغَرِيبَ لَيَدْخُلُ الْمَسْجِدَ فَيَحْسِبُ أَنَّ الصَّلَاةَ قَدْ صُلِّيَتْ مِنْ كَثْرَةِ مَنْ يُصَلِّيهِمَا.

2148 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مۇئەززىن ناماز شامغا ئەزان ئوقۇسا، مەسجىدتىكىلەرنىڭ ھەممىسى تۈۋرۈكلەرنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ، ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر شۇ چاغدا، مەسجىدكە سىرتتىن بىرەر يات كىشى كىرىپ قالسا، شامنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇۋاتقانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پەرز ئوقۇلۇپ بولغان ئوخشايدۇ، - دەپ قالاتتى.

(مۇسلىم: 837)

2149 - عَنْ مُخْتَارِ بْنِ فُلْفُلٍ قَالَ سَأَلْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ عَنْ التَّطَوُّعِ بَعْدَ الْعَصْرِ فَقَالَ كَانَ عُمَرُ يَضْرِبُ الْأَيْدِي عَلَى صَلَاةٍ بَعْدَ الْعَصْرِ وَكُنَّا نُصَلِّي عَلَى عَهْدِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَكْعَتَيْنِ بَعْدَ غُرُوبِ الشَّمْسِ قَبْلَ صَلَاةِ الْمَغْرِبِ فَقُلْتُ لَهُ أَكَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَلَّاهُمَا قَالَ كَانَ يَرَانَا نُصَلِّيهِمَا فَلَمْ يَأْمُرْنَا وَلَمْ يَنْهَنَا.

2149 - مۇختار ئىبنى فۇلفۇل مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەسىر نامىزىدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇش توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:

— ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇغانلارنىڭ قولىغا ئۇراتتى، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە شام نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن (كۈن پاتقاندىن كېيىن) ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتۇق، - دېدى. مەن:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇغانمۇ؟ - دەپ سورىسام، ئۇ:

- بىزنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىمىزنى كۆرەتتى، ئەمما بىزنى ئوقۇشقىمۇ بۇيرىمايتتى ھەم توسمايتتى، - دېدى.

(مۇسلىم: 836)

2150 - عَنْ عَبْد اللهِ الْمُزَنِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صَلوا قَبْلَ صَلَاةِ الْمَغْرِبِ قَالَ فِي الثالِثَةِ لِمَنْ شَاءَ كَرَاهِيَةَ أَنْ يَتخِذَهَا الناسُ سُنةً.

2150 - ئابدۇللاھ مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم: «شامنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇڭلار!» دېگەن، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۈچىنچى قېتىمدا: «خالىغانلار ئوقۇسۇن» دېگەن.

(بۇخارى: 1183)

2151 - عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتى مَسْجِدَ بَنِي عَبْدِ الْأَشْهَلِ فَصَلى فِيهِ الْمَغْرِبَ فَلَما قَضَوْا صَلَاتَهُمْ رَآهُمْ يُسَبحُونَ بَعْدَهَا فَقَالَ هَـذِهِ صَـلَاةُ الْبُيوتِ.

2151 - كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇلئەشھەل قەبىلىسىنىڭ مەسجىدىگە كېلىپ شامنى ئوقۇدى، نامازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ سۈننەت ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ، ئۆيدە ئوقۇلىدىغان ناماز» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1300)

2152 - عن مكحول: بلغ به النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال: من صـلى بعـد

[1] ئەلبانى (1155): ھەسەن، - دېگەن.

المغرب قبل أن يتكلم ركعتين، وفي رواية: أربع ركعات رفعت صلاته في عليين.

2152 ـ مەكھۇل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شامدىن كېيىن گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇپ ئىككى رەكئەت (يەنە بىر رىۋايەتتە: تۆت رەكئەت) ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى ئىللىييۇنغا (يەنى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلىنىدىغان دەپتەرگە) كۆتۈرۈلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2153 - حذيفة نحوه وزاد: عجلوا الركعتين بعد المغرب فإنهما يرفعان مع المكتوبة.

2153 ـ ھۇزەيفەنىڭ رىۋايىتىدە مۇنۇلار قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: «شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەتنى تېز ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئىككىسى پەرز ناماز بىلەن بىرگە ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2154 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَلى بَعْدَ الْمَغْرِبِ سِت رَكَعَاتٍ لَمْ يَتَكلمْ فِيمَا بَيْنَهُن بِسُوءٍ عُدِلْنَ لَهُ بِعِبَادَةِ ثِنْتَيْ عَشْرَةَ سَنَةً.

2154 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى شامدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇسا ۋە بۇ ئالتە رەكئەتنىڭ ئارىسىدا ھېچ بىر يامان گەپ قىلمىسا، ئۇ كىشىگە ئون ئىككى يىللىق ئىبادەتنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 435)

2156 - عن محمد بن عمار بن ياسر قال: حدثني أبي، عن جدي قال: رأيت عمار بن ياسر صلى بعد المغرب ست ركعات، فقلت: يا أبت، ما هذه الصلاة؟ فقال:

[1] ئەلبانى (66): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

رأيت حبيبي رسول الله صلى الله عليه وآله وسلم صلى بعد المغرب ست ركعات، وقال: ”من صلى بعد المغرب ست ركعات غفرت له ذنوبه، وإن كانت مثل زبد البحر“.

2156 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئەممار ئىبنى ياسىر مۇنداق دەيدۇ: مەن دادام ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ شامدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ دادا! بۇ قانداق ناماز؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـــ مەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ شامدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ئۇ: «كىمكى شامدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇسا، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(«ئەلسەغىر»: 900)

2157 - عَنْ شُرَيْحِ بْنِ هَانِئٍ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَ سَأَلْتُهَا عَـنْ صَـلَاةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ مَا صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعِشَاءَ قَط فَدَخَلَ عَلَي إلا صَلى أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ أَوْ سِت رَكَعَاتٍ وَلَقَدْ مُطِرْنَا مَرةً بِاللَيْلِ فَطَرَحْنَا لَهُ نِطَعًا فَكَأَني أَنظُرُ إِلَى ثُقْبٍ فِيهِ يَنْبُعُ الْمَاءُ مِنْهُ وَمَا رَأَيْتُهُ مُتقِيًا الْأَرْضَ بِشَيْءٍ مِنْ ثِيَابِهِ قَطّ.

2157 ـ شۇرەيھ ئىبنى ھانىئ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزى توغرىسىدا سورىغانىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ مېنىڭ يېنىمغا كىرسىلا، تۆت ياكى ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. بىر كېچىسى، يامغۇر يېغىپ كەتكەنىدى، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرىگە بىر پارچە تېرە سېلىپ بەردۇق. تېرىدىكى بىر تۆشۈكتىن سۇنىڭ بۇلدۇقلاپ چىققانلىقى تېخىچە كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ، پەيغەمبەر

① ھەيسەمى(3380): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۈچىلى كىتابىدا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى سالىھ ئىبنى قۇتن بۇخارى ئىسىملىك كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېيىننى لاي بولۇپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن يىغىۋالمىغانىدى، ـ دېدى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 1303)

2158 - عن البراء بن عازب عن النF صلى الله عليه وسلم قال من صلى قبل الظهر أربع ركعات كمن őجد ŏن من ليلته ومن صلاهن بعد العشاء كن كمثلهن من ليلة القدر.

2158 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئاشۇ كېچىسى تۆت رەكئەت تەھەججۇد ئوقۇغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ. كىمكى خۇپتەندىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، قەدىر كېچىسىدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ»②.

(«ئەلئەۋسەت»)

2159 - وله بضعف عن أنس مثله.

2159 ـ تەبەرانى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش مەزمۇندىكى ھەدىستىن يەنە بىرنى رىۋايەت قىلغان③.

2160 - وللكبير بضعف عن ابن عمر قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "من صلى العشاء في Pاعة، وصلى أربع ركعات قبل أن Ƹرج من المسجد، كان كعدل ليلة القدر".

2160 ـ تەبەرانى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

① ئەلبانى (285): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (3322): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ناھىز ئىبنى سالىم باھىلى ۋە باشقىلار بار. مەن ئۇلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدىم، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (3385): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «ئەلئەۋسەت» تە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ ئىيزار ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

مۇنداق دېگەن: «كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇپ بولۇپ، مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا، قەدىر كېچىسىدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ»[1].
(«ئەلكەبىر»)

2161 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ كَانَ مِنْكُمْ مُصَلِّيًا بَعْدَ الْجُمُعَةِ فَلْيُصَل أَرْبَعًا.

2161 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى جۈمەدىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولسا، تۆت رەكئەت ئوقۇسۇن».
(مۇسلىم: 881)

2162 - وفي رواية: قَالَ سُهَيْلٌ فَإِنْ عَجِلَ بِكَ شَيْءٌ فَصَل رَكْعَتَيْنِ فِي الْمَسْجِدِ وَرَكْعَتَيْنِ إِذَا رَجَعْتَ.

2162 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە سۇھەيل: بىرەر ئىشقا ئالدىراپ قالساڭ، ئىككى رەكئەتنى مەسجىدتە، ئىككى رەكئەتنى (ئۆيۈڭگە) قايتقاندا ئوقۇ! ـ دېدى.
(مۇسلىم: 881)

2163 - عَنْ نَافِعٍ أَن ابْنَ عُمَرَ رَأَى رَجُلًا يُصَلي رَكْعَتَيْنِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فِي مَقَامِهِ فَدَفَعَهُ وَقَالَ أَتُصَلي الْجُمُعَةَ أَرْبَعًا وَكَانَ عَبْدُ اللهِ يُصَلي يَوْمَ الْجُمُعَةِ رَكْعَتَيْنِ فِي بَيْتِهِ وَيَقُولُ هَكَذَا فَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2163 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۈمە كۈنى بىر كىشىنىڭ پەرزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى

[1] ھەيسەمى (3387): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ كىشىلەر بار. ـ دېگەن.

ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ جۇمەنى تۆت رەكئەت ئوقۇماقچىمۇسەن؟ ـ دەپ ئىتتىرىۋەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۇمە كۈنى (جۇمەدىن كېيىن) ئۆيىدە ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى ۋە:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان، ــ دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1127)

2164 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ كَانَ ابْنُ عُمَرَ يُطِيلُ الصَّلَاةَ قَبْلَ الْجُمُعَةِ وَيُصَلِّي بَعْدَهَا رَكْعَتَيْنِ فِي بَيْتِهِ وَيُحَدِّثُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.

2164 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۇمە كۈنى جۇمەدىن بۇرۇن ئۇزۇن (نەپلە) ناماز ئوقۇيتتى، جۇمەدىن كېيىن ئۆيىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى ۋە:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق قىلغان ئىدى، ـ دەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1128)

2165 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَ إِذَا كَانَ بِمَكَّةَ فَصَلَّى الْجُمُعَةَ تَقَدَّمَ فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ تَقَدَّمَ فَصَلَّى أَرْبَعًا وَإِذَا كَانَ بِالْمَدِينَةِ صَلَّى الْجُمُعَةَ ثُمَّ رَجَعَ إِلَى بَيْتِهِ فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ وَلَمْ يُصَلِّ فِي الْمَسْجِدِ فَقِيلَ لَهُ فَقَالَ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.

2165 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۇمە نامىزىنى مەككىدە ئوقۇسا، نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، سەل ئالدىغا يۆتكىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن يەنە ئالدىغىراق يۆتكىلىپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر مەدىنىدە ئوقۇسا، جۇمەدىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ، ئىككى رەكئەت نامازنى ئۆيىدە ئوقۇيتتى، مەسجىدتە ئوقۇمايتتى. ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سوئال سورالغاندا، ئۇ:

---

[1] ئەلبانى (997): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى(998): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1130)

[1] ئەلبانى (1000): سەھىھ ـ دېگەن.

## ۋىتىر ۋە چاشگاھ نامىزى

2166 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْوِتْرُ حَق فَمَنْ لَمْ يُوتِرْ فَلَيْسَ مِنا الْوِتْرُ حَق فَمَنْ لَمْ يُوتِرْ فَلَيْسَ مِنا الْوِتْرُ حَق فَمَنْ لَمْ يُوتِرْ فَلَيْسَ مِنا.

2166 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ۋىتىر نامىزى ھەقتۇر (يەنى ئوقۇلۇشقا تېگىشلىك نامازدۇر)، ۋىتىر ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس. ۋىتىر نامىزى ھەقتۇر، ۋىتىر ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس. ۋىتىر نامىزى ھەقتۇر، ۋىتىر ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1419)

2167 - عَنْ عَلِي قَالَ الْوِتْرُ لَيْسَ بِحَتْمٍ كَصَلَاتِكُمْ الْمَكْتُوبَةِ وَلَكِنْ سَن رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ إِن اللهَ وِتْرٌ يُحِب الْوِتْرَ فَأَوْتِرُوا يَا أَهْلَ الْقُرْآنِ.

2167 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ۋىتىر نامىزى بەش ۋاخ نامازدەك پەرز قىلىنغان ناماز ئەمەس. لېكىن ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئى قۇرئان ئەھلى! ۋىتىر (يەنى تاق ناماز) ئوقۇڭلار!» دېگەن تەلىماتى بىلەن سۈننەت قىلىنغان نامازدۇر[②].

(تىرمىزى: 453)

---

[①] ئەلبانى (309): زەئىپ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى(374): سەھىھ ـ دېگەن.

**2168 - عَنْ ابْنِ مُحَيْرِيزٍ أن رَجُلًا مِنْ بَنِي كِنَانَةَ يُدْعَى الْمَخْدَجِي سَمِعَ رَجُلًا بِالشامِ يُدْعَى أَبَا مُحَمدٍ يَقُولُ إن الْوِتْرَ وَاجِبٌ قَالَ الْمَخْدَجِي فَرُحْتُ إلَى عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ عُبَادَةُ كَذَبَ أَبُو مُحَمدٍ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ خَمْسُ صَلَوَاتٍ كَتَبَهُن اللهُ عَلَى الْعِبَادِ فَمَنْ جَاءَ بِهِن لَمْ يُضَيعْ مِنْهُن شَيْئًا اسْتِخْفَافًا بِحَقهِن كَانَ لَهُ عِنْدَ اللهِ عَهْدٌ أَنْ يُدْخِلَهُ الْجَنةَ وَمَنْ لَمْ يَأْتِ بِهِن فَلَيْسَ لَهُ عِنْدَ اللهِ عَهْدٌ إنْ شَاءَ عَذبَهُ وَإِنْ شَاءَ أَدْخَلَهُ الْجَنةَ.**

2168 ـ ئىبنى مۇھەيرىز مۇنداق دەيدۇ: كىنانە قەبىلىسىلىك مەخدەجى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى شام زېمىنىدىكى ئەبۇ مۇھەممەد دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشىنىڭ:

— ۋىتىر نامىزى ۋاجىپ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئەبۇ مۇھەممەد خاتالىشىپتۇ، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله بەندىلىرىگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى، كىمكى بۇ نامازلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى تولۇق بېرىپ جايىدا ئادا قىلسا، اللهنىڭ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش ۋەدىسى بار. بۇ نامازلارنى (جايىدا) ئادا قىلمىغان كىشىنى الله جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋەدە قىلمىدى. ئۇنداق كىشىنى الله خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا (گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپ) جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1420)

**2169 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ: اجْعَلُوا آخِرَ صَلَاتِكُمْ وِتْرًا فَإِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ بِهِ.**

2169 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كۈندىلىك نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىنى ۋىتىر نامىزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇڭلار، چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلىشقا

[1] ئەلبانى (1258): سەھىھ ـ دېگەن.

بۇيرىغان، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 472)

2170 - عَنْ أَبِي أَيوبَ الْأَنْصَارِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْوِتْرُ حَق عَلَى كُل مُسْلِمٍ فَمَنْ أَحَب أَنْ يُوتِرَ بِخَمْسٍ فَلْيَفْعَلْ وَمَنْ أَحَب أَنْ يُوتِرَ بِثَلَاثٍ فَلْيَفْعَلْ وَمَنْ أَحَب أَنْ يُوتِرَ بِوَاحِدَةٍ فَلْيَفْعَلْ.

2170 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ۋىتىر ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئوقۇشىغا تېگىشلىك نامازدۇر. ۋىتىرنى بەش رەكئەت ئوقۇشنى خالىغان كىشى بەش رەكئەت، ئۈچ رەكئەت ئوقۇشنى خالىغان كىشى ئۈچ رەكئەت، بىر رەكئەت ئوقۇشنى خالىغان كىشى بىر رەكئەت ئوقۇسۇن!»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 1422)

2171 - عَنْ أَبِي أَيوبَ قَالَ مَنْ شَاءَ أَوْتَرَ بِسَبْعٍ وَمَنْ شَاءَ أَوْتَرَ بِخَمْسٍ وَمَنْ شَاءَ أَوْتَرَ بِثَلَاثٍ وَمَنْ شَاءَ أَوْتَرَ بِوَاحِدَةٍ وَمَنْ شَاءَ أَوْمَأَ إِيمَاءً.

2171 ـ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ۋىتىرنى يەتتە رەكئەت ئوقۇشنى خالىغانلار يەتتە رەكئەت، بەش رەكئەت ئوقۇشنى خالىغانلار بەش رەكئەت، ئۈچ رەكئەت ئوقۇشنى خالىغانلار ئۈچ رەكئەت، بىر رەكئەت ئوقۇشنى خالىغانلار بىر رەكئەت، ئىشارەت بىلەن ئوقۇشنى خالىغانلار ئىشارەت بىلەن ئوقۇسۇن! ـ دېدى[2].

(نەسائى: 1713)

2172 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوتِرُ بِسَبْعٍ أَوْ بِخَمْسٍ لَا يَفْصِلُ بَيْنَهُن بِتَسْلِيمٍ.

---

[1] ئەلبانى (1260): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1616): سەنەدى سەھىھ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

2172 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى (ئارىسىنى سالام بىلەن ئايرىۋەتمەستىن) ئۇلاپ يەتتە رەكئەت ياكى بەش رەكئەت ئوقۇيتتى[①].
(نەسائى: 1715)

2173 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَيْسٍ قَالَ قُلْتُ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا بِكَمْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوتِرُ قَالَتْ كَانَ يُوتِرُ بِأَرْبَعٍ وَثَلَاثٍ وَسِت وَثَلَاثٍ وَثَمَانٍ وَثَلَاثٍ وَعَشْرٍ وَثَلَاثٍ وَلَمْ يَكُنْ يُوتِرُ بِأَنْقَصَ مِنْ سَبْعٍ وَلَا بِأَكْثَرَ مِنْ ثَلَاثَ عَشْرَةَ.

2173 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەيس مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى قانچە رەكئەت ئوقۇيتتى؟ ـ دەپ سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم تۆت رەكئەت ۋە ئۈچ رەكئەت قىلىپمۇ ئوقۇيتتى، ئالتە رەكئەت ۋە ئۈچ رەكئەت قىلىپمۇ ئوقۇيتتى، سەككىز رەكئەت ۋە ئۈچ رەكئەت قىلىپمۇ ئوقۇيتتى، ئون رەكئەت ۋە ئۈچ رەكئەت قىلىپمۇ ئوقۇيتتى. ئۇ ۋىتىرنى يەتتە رەكئەتتىن ئاز، ئون ئۈچ رەكئەتتىن كۆپ ئوقۇمايتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1362)

2174 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوتِرُ بِثَلَاثَ عَشْرَةَ رَكْعَةً فَلَما كَبِرَ وَضَعُفَ أَوْتَرَ بِسَبْعٍ.

2174ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى ئون ئۈچ رەكئەت ئوقۇيتتى، ياشىنىپ، تېنى ئاجىزلىشىپ قالغاندا يەتتە رەكئەت

[①] ئەلبانى (1618): سەھىھ ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (1214): سەھىھ ـ دېگەن.

ئوقۇغان[1].

(تىرمىزى: 457)

2175 - عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوتِرُ بِسَبْعٍ أَوْ بِخَمْسٍ لَا يَفْصِلُ بَيْنَهُن بِتَسْلِيمٍ وَلَا كَلَامٍ.

2175 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى (ئارىلىقىنى سالام ياكى سۆز بىلەن ئايرىۋەتمەستىن) ئۇلاپلا يەتتە رەكئەت ياكى بەش رەكئەت ئوقۇيتتى.

(ئىبنى ماجە: 1192)

2176 - عَنْ أَبِي مِجْلَزٍ قَالَ سَأَلْتُ ابْنَ عَباسٍ عَنْ الْوِتْرِ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ رَكْعَةٌ مِنْ آخِرِ الليْلِ وَسَأَلْتُ ابْنَ عُمَرَ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ رَكْعَةٌ مِنْ آخِرِ الليْلِ.

2176 ـ ئەبۇ مىجلەز مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ۋىتىر نامىزى توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ۋىتىر نامىزى كېچىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر رەكئەتتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن سورىسام، ئۇمۇ:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ۋىتىر نامىزى كېچىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر رەكئەتتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 753)

[1] ئەلبانى (379): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

2177 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن عُمَرَ قَالَ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةُ اللَّيْلِ مَثْنَى مَثْنَى فَإِذَا أَرَدْتَ أَنْ تَنْصَرِفَ فَارْكَعْ رَكْعَةً تُوتِرُ لَكَ مَا صَلَّيتَ.

2177 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچىدە ئوقۇلىدىغان ناماز ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ. (كېچە) نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولساڭ، ئوقۇغان نامازلىرىڭنىڭ ئاخىرى ۋىتىر بولۇشى ئۈچۈن بىر رەكئەت ناماز ئوقۇۋەت!»

(بۇخارى: 993)

2178 - عَنْ عَلِي قَالَ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوتِرُ بِثَلَاثٍ يَقْرَأُ فِيهِن بِتِسْعِ سُوَرٍ مِنْ الْمُفَصلِ يَقْرَأُ فِي كُل رَكْعَةٍ بِثَلَاثِ سُوَرٍ آخِرُهُن قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ.

2178 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى مۇفەسسەلدىن (قىسقا سۈرىلەردىن) توققۇز سۈرە بىلەن ئۈچ رەكئەت ئوقۇيتتى، ھەر رەكئەتتە ئۈچ سۈرە ئوقۇيتتى، ئۈچ سۈرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى: ﴿قُلْ هُـوَ اللـهُ أَحَـدٌ ﴾ (سۈرە ئىخلاس) بولاتتى[1].

(تىرمىزى: 460)

2179 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الْوِتْرِ بِسَـبحِ اسْمَ رَبكَ الْأَعْلَى وَقُلْ يَا أَيهَا الْكَافِرُونَ وَقُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ فِي رَكْعَةٍ رَكْعَةٍ.

2179 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇغاندا: ﴿سَبحِ اسْمَ رَبكَ الْأَعْلَى﴾، ﴿قُلْ يَا أَيهَا الْكَافِرُونَ﴾ ۋە: ﴿قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ﴾ قاتارلىق سۈرىلەرنى ھەر رەكئەتتە ئوقۇيتتى[2].

(تىرمىزى: 462)

[1] ئەلبانى (69): ئىنتايىن زەئىپ. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (383): سەھىھ. ـ دېگەن.

2180 - وله ولأبي داود عن عائشة نحوه وَفِي الثالِثَةِ بِقُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ وَالْمُعَوذَتَيْنِ.

2180 ـ تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇدنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: ئۈچىنچى رەكئەتتە سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنى ئوقۇيتتى، ـ دەپ بايان قىلىنغان[1].

(تىرمىزى: 463)

2181 - ولهما عَنْ أُبَي بْنِ كَعْبٍ نحو ذلك وفي آخره: وَيَقْنُتُ قَبْلَ الركُوعِ وَإِذَا فَرَغَ قَالَ عِنْدَ فَرَاغِهِ سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْقُدوسِ ثَلَاثَ مَراتٍ يُطِيلُ فِي آخِرِهِن.

2181 ـ تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇدنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئاخىرىدا: رۇكۇدىن ئىلگىرى دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيتتى، نامازنى تۈگەتكەندە، ئۈچ قېتىم: سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْقُدوس دەيتتى ۋە ئۈچىنچى قېتىمدا (ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ) سوزۇپ ئېيتاتتى، ـ دېيىلگەن[2].

(نەسائى: 1699)

2182 - عَنْ خَارِجَةَ بْنِ حُذَافَةَ قَالَ أَبو الْوَلِيدِ الْعَدَوِي خَرَجَ عَلَيْنا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن اللهَ عَز وَجَل قَدْ أَمدكُمْ بِصَلَاةٍ وَهِيَ خَيْرٌ لَكُمْ مِنْ حُمْرِ النعَمِ وَهِيَ الْوِتْرُ فَجَعَلَهَا لَكُمْ فِيمَا بَيْنَ الْعِشَاءِ إِلَى طُلُوعِ الْفَجْرِ.

2182 ـ خارىجە ئىبنى ھۇزافە ئەبۇلۋەلىد ئەدەۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا چىقىپ: «ﷲ سىلەرگە بىر نامازنى ئىنئام قىلدى، ئۇ ناماز سىلەر ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر، ئۇ بولسىمۇ ۋىتىر نامىزىدۇر. ﷲ سىلەرگە ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتىنى خۇپتەن بىلەن تاڭ سۈزۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا قىلىپ بېكىتىپ

---

[1] ئەلبانى (384): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1604): سەھىھ ـ دېگەن.

بەردى» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1418)

2183 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مِنْ كُلِّ اللَّيْلِ قَدْ أَوْتَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أولِ اللَّيْلِ وَأَوْسَطِهِ وَآخِرِهِ فَانْتَهَى وِتْرُهُ إِلَى السحَرِ.

2183 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ھەممە قىسمىدا، يەنى ئەۋۋىلىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئاخىرىسىدىمۇ ئوقۇغان، كېيىنكى كۈنلەردە سەھەر ۋاقتىدىلا ئوقۇغان.

(مۇسلىم: 745)

2184 - وفي رواية: فَانْتَهَى وِتْرُهُ حِينَ مَاتَ إِلَى السحَرِ.

2184 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىغا يېقىن مەزگىللەردە ۋىتىر نامىزىنى سەھەر ۋاقتىدىلا ئوقۇغان، ـ دەپ كەلگەن[2].

(تىرمىزى: 456)

2185 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ خَافَ أَنْ لَا يَقُومَ مِنْ آخِرِ اللَّيْلِ فَلْيُوتِرْ أَولَهُ وَمَنْ طَمِعَ أَنْ يَقُومَ آخِرَهُ فَلْيُوتِرْ آخِرَ اللَّيْلِ فَإِن صَلَاةَ آخِرِ اللَّيْلِ مَشْهُودَةٌ وَذَلِكَ أَفْضَلُ.

2185 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كېچىنىڭ ئاخىرىسىدا تۇرالماسلىقتىن قورقسا، ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىدا ئوقۇۋالسۇن. كىمكى كېچىدە ئويغىنىشقا ئىشەنچ قىلالىسا، ۋىترىنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇسۇن. ھەقىقەتەن كېچىنىڭ ئاخىرىدىكى ناماز پەرىشتىلەر ھازىر بولىدىغان

---

[1] ئەلبانى (308): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (378): سەھىھ ـ دېگەن.

نامازدۇر، شۇڭا بۇ ۋاقىتتىكى ناماز ئەۋزەلدۇر».

(مۇسلىم: 755)

2186 - عن عَبْد اللهِ بْن زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ نَامَ عَنْ وِتْرِهِ فَلْيُصَل إِذَا أَصْبَحَ.

2186 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى ئۇخلاپ قېلىپ، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇيالماي قالسا، تاڭ ئاتقاندا ئوقۇسۇن»[①].

(تىرمىزى: 466)

2187 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ نَامَ عَنْ الْوِتْرِ أَوْ نَسِيَهُ فَلْيُصَل إِذَا ذَكَرَ وَإِذَا اسْتَيْقَظَ.

2187 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۇخلاپ قېلىپ ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇيالماي قالسا، ئېسىگە كەلگەندە ياكى ئويغانغاندا ئوقۇسۇن»[②].

(تىرمىزى: 465)

2188 - عَنْ أَبِي جَمْرَةَ قَالَ سَأَلْتُ عَائِذَ بْنَ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أَصْحَابِ الشجَرَةِ هَلْ يُنْقَضُ الْوِتْرُ قَالَ إِذَا أَوْتَرْتَ مِنْ أَولِهِ فَلَا تُوتِرْ مِنْ آخِرِهِ.

2188 ـ ئەبۇ جەمرە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەينى چاغدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلغان

---

[①] ئەلبانى (387): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى(386): سەھىھ ـ دېگەن.

ساھابىلەردىن بىرى بولغان ئائىز ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

— (كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئوقۇغان) ۋىتىرنى بۇزۇۋېتىپ (تەھەججۇدتىن كېيىن قايتا ئوقۇشقا بولامدۇ)؟[①] - دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

— ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئوقۇغان بولساڭ، كېچىنىڭ ئاخىرىدا قايتا ئوقۇما! - دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 4176)

2189 - وزاد رزين: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يقُولُ: لا وِتْران في لَيْلَة.

2189 - يۇقىرىقى ھەدىسكە رەزىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر كېچىدە ئىككى قېتىم ۋىتىر ئوقۇلمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2190 - عَنْ نَافِعٍ أنهُ قَالَ كُنتُ مَعَ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ بِمَكةَ وَالسمَاءُ مُغِيمَةٌ فَخَشِيَ عَبْدُ اللهِ الصبْحَ فَأَوْتَرَ بِوَاحِدَةٍ ثُم انْكَشَفَ الْغَيْمُ فَرَأى أن عَلَيْهِ لَيْلًا فَشَفَعَ بِوَاحِدَةٍ ثُم صَلى بَعْدَ ذَلِكَ رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ فَلَما خَشِيَ الصبْحَ أَوْتَرَ بِوَاحِدَةٍ.

2190 - نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن مەككىدە بىرگە تۇردۇم، ھاۋا تۇتۇق ئىدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاڭ سۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بىر رەكئەت ۋىتىر ئوقۇۋالدى، ئاندىن ھاۋا سۈزۈلدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېخى تاڭ ئاتمىغانلىقىنى كۆردى - دە، يەنە بىر رەكئەت ئوقۇپ ئالدىنقى بىر رەكئەتنى جۈپ قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئىككى رەكئەت - ئىككى رەكئەتتىن (تەھەججۇد) ناماز ئوقۇدى. ئاندىن تاڭ سۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بىر رەكئەت ۋىتىر ئوقۇدى.

(مالىك: 275)

[①] يەنى: ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇخلىغان ئادەم كېچىدە قوپۇپ تەھەججۇد ئوقۇماقچى بولسا، تەھەججۇدنى باشلاشتىن بۇرۇن بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ، بۇرۇن ئوقۇغان ۋىتىرىسىنى جۈپ نامازغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ، تەھەججۇد ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ۋىتىرنى قايتا ئوقۇمدۇ؟ - دېمەكچى.

2191 - عَنْ أُم سَلَمَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي بَعْدَ الْوِتْرِ رَكْعَتيْنِ.

2191 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى رەكئەت (نەپلە) ناماز ئوقۇيتتى[①].

(تىرمىزى: 471)

2192 - عَنْ سَعْدِ بْنِ هِشَامٍ أَن عَائِشَةَ حَدثتْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ لَا يُسَلمُ فِي رَكْعَتي الْوِتْرِ.

2192 ـ سەئد ئىبنى ھىشام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىرنىڭ ئىككى رەكئىتىنى ئوقۇپ بولۇپ، (ئۈچىنچى رەكئەت بىلەن ئىككىنچى رەكئەت ئارىسىدىكى تەشەھھۇدتا) سالام بەرمەيتتى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[②].

(نەسائى: 1698)

2193 - وَعَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يُسَلمُ بَيْنَ الركْعَةِ وَالركْعَتيْنِ فِي الْوِتْرِ حَتى يَأْمُرَ بِبَعْضِ حَاجَتِهِ.

2193 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋىتىرنىڭ ئىككى رەكئىتى بىلەن ئۈچىنچى رەكئىتى ئارىسىدا سالام بېرىپ، قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ئىشى بولسا، ئۇنى قىلىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى.

(بۇخارى: 991)

2194 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ دِينَارٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ صَلَاةُ الْمَغْرِبِ وِتْرُ

---

[①] ئەلبانى (392): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (102): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

صَلَاةِ النهَارِ.

2194 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى دىناردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ناماز شامنى كۈندۈزنىڭ ۋىتىر نامىزى دەيتتى.

(مالىك: 278)

2195 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ إِنْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيَدَعُ الْعَمَلَ وَهُوَ يُحِب أَنْ يَعْمَلَ بِهِ خَشْيَةَ أَنْ يَعْمَلَ بِهِ الناسُ فَيُفْرَضَ عَلَيْهِمْ وَمَا سَبحَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُبْحَةَ الضحَى قَط وَإِني لَأُسَبحُهَا.

2195 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئىشنى قىلىشنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئۇ ئىشنى باشقىلارنىڭمۇ ئەگىشىپ قىلىپ، نەتىجىدە ئۇلارغا پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ ئىشنى قىلمايتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشگاھ نامىزىنى قەتئىي ئوقۇپ باقمىغان، لېكىن مەن ئوقۇيمەن.

(بۇخارى: 1128)

2196 - عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا قَالَتْ مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلى سُبْحَةَ الضحَى قَط وَإِني لَأُسَبحُهَا وَإِنْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيَدَعُ الْعَمَلَ وَهُوَ يُحِب أَنْ يَعْمَلَ بِهِ خَشْيَةَ أَنْ يَعْمَلَ بِهِ الناسُ فَيُفْرَضَ عَلَيْهِمْ.

2196 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇغانلىقىنى كۆرمىدىم، لېكىن مەن ئوقۇيمەن. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئىشنى قىلىشنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئۇ ئىشنى باشقىلارنىڭمۇ ئەگىشىپ قىلىپ، نەتىجىدە ئۇلارغا پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ ئىشنى قىلمايتتى.

(مۇسلىم: 718)

2197 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَقِيقٍ قَالَ قُلْتُ لِعَائِشَةَ أَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي صَلَاةَ الضحَى قَالَتْ لَا إِلا أَنْ يَجِيءَ مِنْ مَغِيبِهِ.

2197 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇمتى؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ياق، ئوقۇمايتتى. لېكىن سەپەردىن قايتقان ۋاقتتا ئوقۇيتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(نەسائى: 2184)

2198 - عن مُعَاذَةُ أَنهَا سَأَلَتْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا كَمْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي صَلَاةَ الضحَى قَالَتْ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ وَيَزِيدُ مَا شَاءَ.

2198 ـ مۇئازە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشگاھ نامىزىنى قانچە رەكئەت ئوقۇيتتى؟ ـ دەپ سورىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— (ئاساسەن) تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى، خالىسا، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئوقۇيتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 719)

2199 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كَانَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي الضحَى حَتى نَقُولَ لَا يَدَعُ وَيَدَعُهَا حَتى نَقُولَ لَا يُصَلي.

2199 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىسا، بىز بۇ نامازنى تەرك ئەتمەيدىكەن دەپ قالاتتۇق. بەزىدە پەقەتلا ئوقۇمايتتى، (بۇنىڭغا قاراپ) ئەمدى ئوقۇمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق[2].

(تىرمىزى: 477)

[1] ئەلبانى (2064): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (72): زەئىپ، ـ دېگەن.

2200 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى قَالَ مَا أَخْبَرَنِي أَحَدٌ أَنهُ رَأَى النبِي صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي الضحَى إِلا أُم هَانِئٍ فَإِنهَا حَدثَتْ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ دَخَلَ بَيْتَهَا يَوْمَ فَتْحِ مَكةَ فَصَلى ثَمَانِي رَكَعَاتٍ مَا رَأَيْتُهُ صَلى صَلَاةً قَط أَخَف مِنْهَا غَيْرَ أَنهُ كَانَ يُتِم الركُوعَ وَالسجُودَ.

2200 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇلەيلا مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا ھېچكىم ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنلىگىنى ئېيتىپ باقمىدى. ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يەڭگىل ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. لېكىن رۇكۇ ۋە سەجدىنى شۇنداق كامىل قىلغان ئىدى.

(مۇسلىم: 336)

2201 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَوْصَانِي خَلِيلِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِثَلَاثٍ بِصِـيَامِ ثَلَاثَةِ أَيامٍ مِنْ كُل شَهْرٍ وَرَكْعَتَيْ الضحَى وَأَنْ أُوتِرَ قَبْلَ أَنْ أَرْقُدَ.

2201 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ سىرداش دوستۇم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى: «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىتىر نامىزى ئوقۇش».

(مۇسلىم: 721)

2202 - ولمسلم وأبي داود والنسائي مثله عَنْ أَبِي الدرداء.

2202 ـ ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىلار ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلغان.

2203 - عَنْ الْقَاسِمِ الشيْبَانِي أَن زَيْدَ بْنَ أَرْقَمَ رَأَى قَوْمًا يُصَلونَ مِنْ الضحَى فَقَالَ

أَما لَقَدْ عَلِمُوا أَن الصلَاةَ فِي غَيْرِ هَذِهِ الساعَةِ أَفْضَلُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صَلَاةُ الْأَوابِينَ حِينَ تَرْمَ R̀ الْفِصَالُ.

2203 ـ قاسىم شەيبانى مۇنداق دەيدۇ: زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قانچە كىشىنىڭ چاشگاھ نامىزى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

ـ بۇلار بۇ نامازنىڭ ھازىردىن باشقا ۋاقىتتا ئوقۇلۇشىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: «اﷲ تائالاغا چىن دىلى بىلەن ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ نامىزى بوتىلاقلارنىڭ تۇيىقى (كۈن نۇرىدىن) قىزىپ كېتىدىغان ۋاقىتتادۇر».

(مۇسلىم: 748)

2204 - عَنْ أَبِي ذَر عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ يُصْبِحُ عَلَى كُل سُلَامَى مِنْ أَحَدِكُمْ صَدَقَةٌ فَكُل تَسْبِيحَةٍ صَدَقَةٌ وَكُل تَحْمِيدَةٍ صَدَقَةٌ وَكُل تَهْلِيلَةٍ صَدَقَةٌ وَكُل تَكْبِيرَةٍ صَدَقَةٌ وَأَمْرٌ بِالْمَعْرُوفِ صَدَقَةٌ وَنَهْيٌ عَنْ الْمُنْكَرِ صَدَقَةٌ وَيُجْزِئُ مِنْ ذَلِكَ رَكْعَتَانِ يَرْكَعُهُمَا مِنْ الضحَى.

2204 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر ئىنسان (ئۆز بەدىنىنىڭ) ھەر بىر ئۇگىسىگە ھەر سەھەر بىردىن سەدىقە بېرىشى ۋاجىپ بولىدۇ. تەسبىھ (سۇبھەناللاھ دېيىش)، تەھمىد (ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىش)، تەھلىل (لائىلاھە ئىللاللاھ دېيىش) ۋە تەكبىر (ئاللاھۇئەكبەر دېيىش)نىڭ ھەر بىرى بىردىن سەدىقىدۇر. ياخشى ئىشقا بۇيرۇش بىر سەدىقە، ياماندىن توسۇشمۇ بىر سەدىقىدۇر. ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇش يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە كۇپايە قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 720)

2205 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي

مِنْ الضحَى.

2205 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇيتتى[①].

(ئەھمەد: 684؛ مەۋسىلى)

2206 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِي قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَرِيةً فَغَنِمُوا وَأَسْرَعُوا الرجْعَةَ فَتحَدثَ الناسُ بِقُرْبِ مَغْزَاهُمْ وَكَثْرَةِ غَنِيمَتِهِمْ وَسُرْعَةِ رَجْعَتِهِمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أَدُلكُمْ عَلَى أَقْرَبَ مِنْهُ مَغْزًى وَأَكْثَرَ غَنِيمَةً وَأَوْشَكَ رَجْعَةً مَنْ تَوَضأَ ثُم غَدَا إِلَى الْمَسْجِدِ لِسُبْحَةِ الضحَى فَهُوَ أَقْرَبُ مَغْزًى وَأَكْثَرُ غَنِيمَةً وَأَوْشَكُ رَجْعَةً.

2206 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇن ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇلار دۈشمەننى ناھايىتى تېز مەغلۇپ قىلىپ، ئولجا بىلەن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئۇز ئارىلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلغان يېرىنىڭ يېقىنلىقى، ئالغان ئولجىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، شۇنداقلا تېز قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن ئۇرۇش مەيدانىغا، كۆپ غەنىمەتكە ۋە تېز قايتىپ كېلىشكە باشلاپ قويايمۇ؟ بىر ئادەم تاھارەت ئېلىپ، چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كەلسە، مانا بۇ، ئەڭ يېقىن ئۇرۇش مەيدانى، ئەڭ كۆپ ئولجا ئالغانلىق ۋە ئەڭ تېز قايتىپ كەلگەنلىكتۇر»[②].

(ئەھمەد: 6600؛ «ئەلكەبىر»)

---

[①] ھەيسەمى (3404): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3405): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە ئىبنى لەھىيئە ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالار بېرىلگەن. تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، چۈنكى ئۇ بۇ ھەدىسنى ئىبنى لەھىيئەنىڭ ئورنىغا ئىبنى ۋەھبتىن رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

2207 - عن عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ الْجُهَنِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللهَ عَز وَجَل يَقُولُ يَا ابْنَ آدَمَ اكْفِنِي أَولَ النهَارِ بِأَرْبَعِ رَكَعَاتٍ أَكْفِكَ بِهِن آخِرَ يَوْمِكَ.

2207 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللّٰه مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! ماڭا كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلساڭ، مەن شۇ تۆت رەكئەت نامازنىڭ سەۋەبىدىن سېنى كۈنۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىمەن»[①].

(ئەھمەد: 16939؛ مۇسلىم)

2208 - وله عن أبي الدرداء وأبي مرة الطائفي نحوه.

2208 ـ ئىمام ئەھمەد ئەبۇ دەردا بىلەن ئەبۇ مۇررە تائىفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلغان[②].

2209 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ أَوْ أَبِي ذَر عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ اللهِ عَز وَجَل أَنهُ قَالَ ابْنَ آدَمَ ارْكَعْ لِي مِنْ أَولِ النهَارِ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ أَكْفِكَ آخِرَهُ.

2209 ـ ئەبۇ دەردا ياكى ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللّٰه ئەززە ۋە جەللەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئادەم بالىسى! مەن ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇساڭ، مەن سېنى شۇ كۈندۈزنىڭ ئاخىرىغىچە قوغداشقا كېپىل بولىمەن»[③].

(تىرمىزى: 475)

[①] ھەيسەمى (3409): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3410): ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (395): سەھىھ ـ دېگەن.

2210 - وللكبير عَنْ ابن عمر والنواس بن سمعان نحوه.

2210 ـ تەبەرانىنىڭ: «ئەلكەبىر» ناملىق كىتابىدا، ئىبنى ئۆمەر ۋە نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشى رىۋايەت قىلىنغان[1].

2211 - عن ابن عمر، قال: قلت لأبي ذر: يا عماه أوصني، قال: سألته كما سألت رسول الله صلى الله عليه وسلم، فقال: "إن صليت الضحى ركعتين لم تكتب من الغافلين، وإن صليت أربعا كنت من العابدين، وإن صليت ستا لم يلحقك ذنب، وإن صليت ثمانيا كتبت من القانتين، وإن صليت اثنتي عشرة بنى لك بيت في الجنة، وما من يوم ولا ليلة ولا ساعة إلا و لله فيها صدقة يمن بها على من يشاء من عباده، وما من على عبد بمثل أن يلهمه ذكره".

2211 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ئى تاغا! ماڭا ۋەسىيەت قىلغىن! ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ مەنمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇشۇنداق دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:

ـــ ئەگەر سەن ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇساڭ، غاپىللاردىن يېزىلمايسەن. تۆت رەكئەت ئوقۇساڭ، ئابىدلارنىڭ قاتارىدىن يېزىلىسەن. ئالتە رەكئەت ئوقۇساڭ، ساڭا گۇناھ يېزىلمايدۇ. سەككىز رەكئەت ئوقۇساڭ، الله تائالانىڭ ئەمرىگە چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن يېزىلىسەن. ئون ئىككى رەكئەت ئوقۇساڭ، ساڭا جەننەتتە بىر ئۆي ياسىلىدۇ. الله تائالا ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي سەدىقە بېرىش ۋاجىپ. مانا بۇ سەدىقىنى بېرىشكە الله خالىغان بەندىسىنى نېسىپ قىلىدۇ. الله ئۆزىنى زىكىر قىلىشنى بىرەر

[1] ھەيسەمى (3412): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس كىشى بار، ـ دېگەن.

بەندىسىگە ئىلھام قىلسا، مانا بۇ تەكەددىشى يوق نېمەتتۇر[①].
(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2212 - وللكبير بلين عن أبي الدرداء نحوه مرفوعا.

2212 ـ «ئەلكەبىر» دە ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشى رىۋايەت قىلىنغان[②].

2213 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِذَا طَلَعَتِ الشَمْسُ مِنْ مَطْلِعِهَا كَهَيْأَتِهَا لِصَلَاةِ الْعَصْرِ حِينَ تَغْرُبُ مِنْ مَغْرِبِهَا، فَصَلى رَجُلٌ رَكْعَتَيْنِ بِأَرْبَعِ سَجَدَاتٍ كُتِبَ لَهُ أَجْرُ ذَلِكَ الْيَوْمِ"وَحَسِبْتُهُ قَالَ:"وَكَفرَ عَنْهُ خَطِيئَتَهُ وَإِثْمَهُ"، وَأَحْسِبُهُ قَالَ:"فَإِنْ مَاتَ مِنْ يَوْمِهِ دَخَلَ الْجَنةَ".

2213 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كۈن ئەسىر نامىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدىكىدەك چىققان ۋاقىتتا، بىر ئادەم ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ ئادەمگە شۇ كۈننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ». ئىسمىدە قېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «ئۇ ئادەمنىڭ خاتالىقى ۋە گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ۋە شۇ كۈندە ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەندەك قىلغان[③].
(«ئەلكەبىر»: 7790)

2214 - عن أنس بن مالك قال: "رأيت النF صلى الله عليه وسلم يصلي الضحى

---

[①] ھەيسەمى (3418): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھۈسەيىن ئىبنى ئەتا ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان. ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3419): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى يەئقۇب زەمئى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مەئىن ۋە ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، مەدىنىي ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (3411): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەيمۇن ئىبنى زەيد ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپرەك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ئىسىملىك كىشى ھەققىدە سەلبىيرەك سۆزلەرمۇ قىلىنغان. ـ دېگەن.

ست ركعات، فما تركتهن بعد“ قال اΣسن: ”وما تركتهن بعد“.

2214 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاشگاھ نامىزىنى ئالتە رەكئەت ئوقۇغانلىغىنى كۆردۈم. مەنمۇ شۇندىن كېيىن ئالتە رەكئەت ئوقۇشنى تەرك ئەتمىدىم. ھەسەن بەسرىي: مەنمۇ شۇندىن كېيىن ئالتە رەكئەت ئوقۇشنى تەرك ئەتمىدىم، ـ دېدى①.

(«ئەلئەۋسەت»: 1298)

2215 - عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان لا يترك الضـحى في السفر ولا غيره.

2215 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە بولسىمۇ چاشگاھ نامىزىنى تەرك ئەتمەيتتى②.

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2216 - عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: ”لا Şil3 على صلاة الضحى إلا أواب“.

2216 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چاشگاھ نامىزىنى پەقەت الله تائالانىڭ ئەمرىگە چىن دىلى بىلەن ئىتائەت قىلغۇچى كىشىلەرلا داۋاملىق ئوقۇيدۇ»③.

(«ئەلئەۋسەت»: 4322)

① ھەيسەمى (3422): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئىد ئىبنى مۇسلىمە ئۇمەۋىي ئىسىملىك بىرى بار. بۇخارى، ئىبنى مەئىن ۋە كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا سانىغان، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (1431): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۇسۇف ئىبنى خالىد سەمتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (3432): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىسىملىك ھەققىدە سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن بىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ بار، ـ دېگەن.

2217 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ حَافَظَ عَلَى شُفْعَةِ الضحَى غُفِرَ لَهُ ذُنُوبُهُ وَإِنْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْرِ.

2217 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇ ئادەمنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 476)

2218 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَلى الضحَى ثِنْتَيْ عَشْرَةَ رَكْعَةً بَنَى اللهُ لَهُ قَصْرًا مِنْ ذَهَبٍ فِي الْجَنةِ.

2218 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى چاشگاھ نامىزىنى ئون ئىككى رەكئەت ئوقۇسا، الله ئۇ ئادەمگە جەننەتتە ئالتۇندىن ساراي سالىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 473)

2219 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، وعُتْبَةَ بن عَبْدٍ، أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ، كَانَ يَقُولُ: "مَنْ صَلى الصبْحَ فِي مَسْجِدٍ جَمَاعَةً، ثُم مَكَثَ حَتى يُسَبحَ تَسْبِيحَةَ الضحَى، كَانَ لَهُ كَأَجْرِ حَاج وَمُعْتَمِرٍ تَام لَهُ حَجتُهُ وَعُمْرَتُهُ".

2219 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇتبە ئىبنى ئەبدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بامداد نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، ئاندىن چاشگاھ نامىزىنىمۇ مەسجىدتە ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈن مەسجىدتە ئولتۇرسا،

[1] ئەلبانى (71): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (70): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئۇنىڭغا كامىل ھەج ۋە ئۆمرە قىلغانلىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ[1].
(«ئەلكەبىر»: 7649)

[1] ھەيسەمى (16939): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھۋەز ئىبنى ھەكىم ئىسىملىك بىرى بار. ئەجەلى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپىنچە ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## مەسجىد ھەققى، ئىستىخارە، ھاجەت، تەسبىھ رەغائىب، ئۆيگە كىرىش ۋە سەپەردىن قايتىش نامازلىرى

2220 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا جَاءَ أَحَدُكُمْ الْمَسْجِدَ فَلْيَرْكَعْ رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ أَنْ يَجْلِسَ.

2220 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسجىدكە كىرگىنىڭلاردا، ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار!»[1]

(تىرمىزى: 316)

2221 - عَنْ عَمْرٍو سَمِعَ جَابِرًا قَالَ دَخَلَ رَجُلٌ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْطُبُ فَقَالَ أَصَلَّيْتَ قَالَ لَا قَالَ قُمْ فَصَل رَكْعَتَيْنِ.

2221 ـ ئەمر جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جۈمە كۈنى خۇتبە ئوقۇۋاتاتقاندا بىر كىشى مەسجىدكە كىرىپ ئولتۇردى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمدىن:

ـ ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قوپۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 931)

---

[1] ئەلبانى (261): سەھىھ ـ دېگەن.

2222 - وفي رواية: إِذَا جَاءَ أَحَدُكُمْ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَالْإِمَامُ يَخْطُبُ فَلْيَرْكَعْ رَكْعَتَيْنِ وَلْيَتَجَوَّزْ فِيهِمَا.

2222 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا مەسجىدكە كىرسەڭلار، يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار!» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 875)

2223 - عَنْ أَبِي سَعِيدِ بْنِ الْمُعَلَّى قَالَ كُنَّا نَغْدُو إِلَى السُّوقِ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَنَمُرُّ عَلَى الْمَسْجِدِ فَنُصَلِّي فِيهِ.

2223 ـ ئەبۇ سەئىد ئىبنى مۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بازارغا بارغىچە مەسجىدنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالساق، ئۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇيتتۇق[1].

(نەسائى: 732)

2224 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُعَلِّمُنَا الِاسْتِخَارَةَ فِي الْأُمُورِ كُلِّهَا كَمَا يُعَلِّمُنَا السُّورَةَ مِنْ الْقُرْآنِ يَقُولُ إِذَا هَمَّ أَحَدُكُمْ بِالْأَمْرِ فَلْيَرْكَعْ رَكْعَتَيْنِ مِنْ غَيْرِ الْفَرِيضَةِ ثُمَّ لِيَقُلْ اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلَا أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلَا أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ اللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هَذَا الْأَمْرَ خَيْرٌ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي أَوْ قَالَ عَاجِلِ أَمْرِي وَآجِلِهِ فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ وَإِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هَذَا الْأَمْرَ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي أَوْ قَالَ فِي عَاجِلِ أَمْرِي وَآجِلِهِ فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِي الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ أَرْضِنِي قَالَ وَيُسَمِّي حَاجَتَهُ.

2224 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممە ئىشتا ئىستىخارە

[1] ئەلبانى (29): زەئىپ، ـ دېگەن.

سىپىلىشىنى خۇددى قۇرئاندىن سۈرە ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىپ، مۇنداق تەلىم بېرەتتى:

«كىمكى بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن: ئى الله! ماڭا (بۇ ئىشتا) قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن، قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن، سېنىڭ بۈيۈك پەزلىڭدىن سورايمەن. چۈنكى سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەس. سەن ھەممىگە ئالىمسەن، مەن ئالىم ئەمەس ۋە سەن ھەممە غەيبلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ئى الله! ئەگەر (قىلماقچى بولغان) بۇ ئىش مەن ئۈچۈن دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا ۋە كەلگۈسىمدە ياخشى بولسا، ئۇ ئىشنى ماڭا تەقدىر قىلغىن ۋە ئاسانلاشتۇرغىن، ئاندىن ئۇ ئىشتا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىش ماڭا دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا ۋە كەلگۈسىمدە خەيرلىك بولمىسا، ئۇ ئىشنى مەندىن، مېنى ئۇ ئىشتىن قايتۇرۇپ، ياخشىلىق نەدە بولسا، شۇنى ماڭا تەقدىر قىلغىن، ئاندىن ماڭا رازىلىق ئاتا قىلغىن، ـ دەپ دۇئا قىلسۇن ۋە (بۇ ئىشتا) دېگەن يەردە قىلماقچى بولغان ئىشنى تىلغا ئېلىپ بايان قىلسۇن».

(بۇخارى: 1166)

2225 - عن أنس بن مالك قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "ما خاب من استخار، ولا ندم من استشار، ولا عال من اقتصد".

2225 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: ئىستىخارە سالغان كىشى زىيان تارتمايدۇ، مەسلىھەت سالغان كىشى پۇشايمان قىلمايدۇ ۋە تېجەشلىك كىشى نامراتلاشمايدۇ[①].

(«ئەلسەغىر»: 980؛ «ئەلئەۋسەت»)

2226 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَـنْ

[①] ھەيسەمى (3670): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

كَانَتْ لَهُ إِلَى اللهِ حَاجَةٌ أَوْ إِلَى أَحَدٍ مِنْ بَنِي آدَمَ فَلْيَتَوَضأْ فَلْيُحْسِنْ الْوُضُوءَ ثُـمَّ لِيُصَلِّ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ لِيُثْنِ عَلَى اللهِ وَلْيُصَل عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُمَّ لِيَقُلْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ الْحَلِيمُ الْكَرِيمُ سُبْحَانَ اللهِ رَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ أَسْأَلُكَ مُوجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَائِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالْغَنِيمَةَ مِنْ كُل بِر وَالسلَامَةَ مِنْ كُل إِثْمٍ لَا تَدَعْ لِي ذَنْبًا إِلا غَفَرْتَهُ وَلَا هَما إِلا فَرجْتَهُ وَلَا حَاجَةً هِيَ لَكَ رِضًا إِلا قَضَيْتَهَا يَا أَرْحَمَ الراحِمِينَ.

2226 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلارنىڭ الله تائالاغا ياكى بىرەر كىشىگە ھاجىتى چۈشسە، كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن. ئاندىن الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، پەيغەمبەر (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) گە دۇرۇت يوللىسۇن. ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە كەرەملىك الله تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسى الله بارلىق ئەيىب ـ نۇقساندىن پاكتۇر. بارلىق مەدھىيە مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى الله تائالاغا خاستۇر. ئى الله! سەندىن رەھمىتىڭنىڭ ۋەسىلىلىرىنى، مەغپىرىتىڭنىڭ سەۋەبلىرىنى، ھەر ياخشىلىقتا نېسىپ بولۇشىمنى ۋە ھەر گۇناھتىن سالامەت قېلىشىمنى سورايمەن. ئى الله! ھېچقانداق گۇناھىمنى قويماي كەچۈرگەيسەن، ھېچقانداق غەم ـ ئەندىشەمنى قويماي يوق قىلغايسەن ۋە سەن رازى بولىدىغان ھەر قانداق ھاجىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگەيسەن، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن»[1].

(تىرمىزى: 479)

2227 - وفي رواية: ثُمَّ يَسْأَلُ اللهَ مِنْ أَمْرِ الدنْيَا وَالْآخِرَةِ مَا شَاءَ فَإِنهُ يُقَدرُ.

2227 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئاندىن الله تائالادىن دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدىن خالىغىنىنى سورايدۇ، شۇنداق قىلسا، ئۇ

[1] ئەلبانى (73): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىش نىيسىپ قىلىنىدۇ[1].

(ئىبنى ماجە: 1384)

2228 - عن عثمان بن حنيف قال: ائْتِ الْمِيضَأَةَ فَتَوَضأْ، ثُم ائْتِ الْمَسْجِدَ فَصَل فِيهِ رَكْعَتَيْنِ، ثُم قُلْ: اللهُم إِني أَسْأَلُكَ وَأَتَوَجهُ إِلَيْكَ بِنَبِيِّنَا مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَبِيِّ الرحْمَةِ، يَا مُحَمدُ إِني أَتَوَجهُ بِكَ إِلَى رَبِّي فَيَقْضِي لِي حَاجَتِي وَتُذَكِّرُ حَاجَتَكَ.

2228 ـ ئوسمان ئىبنى ھەنىفتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبرىقنى ئېلىپ تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدكە كېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن: «ئى الله! رەھمەت پەيغەمبىرى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ، ساڭا يۈزلىنىمەن ۋە ھاجىتىمنى سەندىن سورايمەن، ئى مۇھەممەد! مەن سېنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ رەببىمگە يۈزلىنىمەن، رەببىم مېنىڭ ھاجىتىمنى راۋا قىلىپ بەرگەي» دەپ دۇئا قىل ۋە دۇئادا ھاجىتىڭنى تىلىغا ئال[2].

(«ئەلكەبىر»: 8311)

2229 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِلْعَباسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ يَا عَباسُ يَا عَماهُ أَلَا أُعْطِيكَ أَلَا أَمْنَحُكَ أَلَا أَحْبُوكَ أَلَا أَفْعَلُ بِكَ عَشْرَ خِصَالٍ إِذَا أَنتَ فَعَلْتَ ذَلِكَ غَفَرَ اللهُ لَكَ ذَنْبَكَ أَولَهُ وَآخِرَهُ قَدِيمَهُ وَحَدِيثَهُ خَطَأَهُ وَعَمْدَهُ صَغِيرَهُ وَكَبِيرَهُ سِرهُ وَعَلَانِيَتَهُ عَشْرَ خِصَالٍ أَنْ تُصَليَ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ تَقْرَأُ فِي كُل رَكْعَةٍ فَاتِحَةَ الْكِتَابِ وَسُورَةً فَإِذَا فَرَغْتَ مِنْ الْقِرَاءَةِ فِي أَولِ رَكْعَةٍ وَأَنتَ قَائِمٌ قُلْتَ سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ خَمْسَ عَشْرَةَ مَرةً ثُم تَرْكَعُ فَتَقُولُهَا وَأَنْتَ رَاكِعٌ عَشْرًا ثُم تَرْفَعُ رَأْسَكَ مِنْ الركُوعِ فَتَقُولُهَا عَشْرًا ثُم تَهْوِي سَاجِدًا فَتَقُولُهَا وَأَنتَ سَاجِدٌ عَشْرًا ثُم تَرْفَعُ رَأْسَكَ مِنْ السجُودِ فَتَقُولُهَا عَشْرًا ثُم تَسْجُدُ فَتَقُولُهَا عَشْرًا ثُم تَرْفَعُ رَأْسَكَ

[1] ئەلبانى (293): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3668): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەھىھ ياكى سەھىھ ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

فَتقُولُهَا عَشْرًا فَذَلِكَ خَمْسٌ وَسَبْعُونَ فِي كُل رَكْعَةٍ تَفْعَلُ ذَلِكَ فِي أَرْبَعِ رَكَعَاتٍ إِنْ اسْتَطَعْتَ أَنْ تُصَلِيَهَا فِي كُل يَوْمٍ مَرةً فَافْعَلْ فَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَفِي كُل جُمُعَةٍ مَرةً فَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَفِي كُل شَهْرٍ مَرةً فَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَفِي كُل سَنَةٍ مَرةً فَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَفِي عُمُرِكَ مَرةً.

2229 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبكە مۇنداق دېدى:

«ئى ئابباس! ئى تاغا! مەن ساڭا ئون خىسلەتنى ئۇسۇپلا بېرەيمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئون ئىشنى قىلساڭ، الله تائالا سېنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، كونا ۋە يېڭى، سەۋەنلىك ۋە قەستەن، كىچىك ۋە چوڭ، مەخپىي ۋە ئاشكارا گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئون خىسلەت بۇدۇر: ھەر رەكئەتتە سۈرە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ، جەمئىي تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن. بىرىنچى رەكئەتنىڭ قىرائىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆرە تۇرغان پېتى: سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ (الله تائالا بارلىق ئەيىب ـ نۇقساندىن پاكتۇر، پۈتۈن ھەمدۇسانا الله تائالاغىلا خاستۇر، الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله بۈيۈكتۇر)، ـ دېگەن زىكىرنى ئون بەش قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن رۇكۇ قىلىپ، رۇكۇدا ئۇ زىكىرنى يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن سەجدە قىلىسەن ۋە سەجدىدە يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن سەجدە قىلىپ، يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئون قېتىم ئوقۇيسەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ زىكىر ھەر رەكئەتتە يەتمىش بەش قېتىم ئوقۇلىدۇ. قالغان رەكئەتلەرنىمۇ مۇشۇنداق ئوقۇيسەن. ئەگەر ھەر كۈنى بىر قېتىم ئوقۇشقا ئىمكانىيىتىڭ بولسا ئوقۇغىن، ئۇنىڭغا ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، ھەر جۈمە بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، ئايدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، يىلدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، پۈتۈن ئۆمرۈڭدە بىر

قىيتىم بولسىمۇ ئوقۇغىن!»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 1297)

2230 - عَنْ أَبِي رَافِعٍ: فَقُلْ اللّهُ أَكْبَرُ وَالْحَمْدُ لِلّهِ وَسُبْحَانَ اللّهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللّهُ ... فَلَوْ كَانَتْ ذُنُوبُكَ مِثْلَ رَمْلِ عَالِجٍ لَغَفَرَهَا اللّهُ لَكَ.

2230 ـ ئەبۇرافىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئاباسقا: «اللّهُ أَكْبَرُ وَالْحَمْدُ لِلّهِ وَسُبْحَانَ اللّهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللّهُ (الله بۈيۈكتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا الله تائالاغىلا خاستۇر، الله بارلىق ئەيىب ـ نۇقسانىدىن پاكتۇر، الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)، ـ دېگەن زىكىرنى ئوقۇغىن. مۇشۇ زىكىرنى ئوقۇساڭ، گۇناھلىرىڭ قۇم دۆۋىسىدەك (كۆپ) بولسىمۇ، الله تائالا ھەممىنى كەچۈرىدۇ» دېگەن[2].

(تىرمىزى: 482)

2231 ـ أنس بن مالك - رضي الله عنه - : «أن رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- ذَكَرَ صلاةَ الرغائب - وهي أول ليلة Pعة من رجب - فصلى ما بين المغرب والعشاء ثنV عشرة ركعة بست تسليمات، كل ركعة بفاOة الكتاب مرة، والقَدْرِ ثلاثا، و: {قُل هو اللهُ أحد} ثنV عَشْرَةَ مَرة، فإذا فرغ من صلاته قال: اللهم صل على Tمد النF الأمي وعلى آله - بعدما يُسلم - سبعين مرة، ثم يسجد سجدة، ويقول في سجوده: سُبوح قُدوس رب الملائكة والروح سبعين مرة، ثم يرفع رأسه ويقول: رب اغْفِر وارْحَم وθاوَزْ عما تعلم، إنك أنت العلي الأعظم، وفي أخرى: الأعز الأكرم - سبعين مرة-، ثم يسجدُ ويقولُ مثل ما قال في السجدة الأولى، ثم يسأل الله - وهو ساجد- حاجَته، فإن الله لا يرد سائلَه». رواه رزين، واΣديث مطعون فيه.

2231 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

---

[1] ئەلبانى (1152): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (398): سەھىھ ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەغائىب[1] نامىزىنىڭ گېپىنى قىلىپ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىدا ئالتە سالام بىلەن ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئۇ كۈنى رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى جۈمە ئاخشىمى ئىدى. ھەر رەكئەتتە سۈرە پاتىھەنى بىر قېتىم، سۈرە قەدرىنى ئۈچ قېتىم، سۈرە ئىخلاسنى ئون ئىككى قېتىم ئوقۇدى. نامازنى ئوقۇپ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۇئانى يەتمىش قېتىم ئوقۇدى: ئى الله! ئۇممي پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا رەھمەت قىلغىن.

ئاندىن سەجدە قىلىپ، سەجدىدە: سُبوح قُدوس رب الملائكة والروح (ئى الله! سەن بارلىق ئەيىب - نۇقساندىن پاكسەن، ئۇلۇغسەن، پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىلنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، - دېگەن زىكرىنى يەتمىش قېتىم ئوقۇدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: رب اغْفِر وارْحَم وθاوَزْ عما تعلم، إنك أنت العلي الأعظم (ئى رەببىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن ۋە سەن بىلگەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى سەن ھەممىدىن ئۇلۇغسەن)، - دېگەن دۇئانى يەتمىش قېتىم ئوقۇدى. ئاندىن سەجدە قىلىپ، بىرىنچى سەجدىدە ئوقۇغان زىكرىنى قايتا ئوقۇپ، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ الله تائالادىن ھاجىتىنى تىلىدى. چۈنكى الله تائالا تىلىگەن كىشىنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان، بىراق ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان)

2232 - عن أنس بن مالك قال كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا نزل منزلا لم يرOل منه Gحى يودعه بركعتين.

2232 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەرگە چۈشسە، ئىككى

[1] رەغائىب - ئوقۇغان ئادەم كۆپ ساۋاپقا ئېرىشىدىغان ناماز دېگەن - بولىدۇ.

رەكئەت ناماز ئوقۇمىغىچە، ئۇ يەردىن ئايرىلمايتتى[1].

(مەۋسىلى: 4315؛ بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»)

2233 - وللكبير نحوه عن فضالة بن عبيد وزاد: أو دخل بيته.

2233 ـ «ئەلكەبىر» دە فەزالە ئىبنى ئۇبەيدتىن يۇقىرىقىنىڭ ئوخشىشى رىۋايەت قىلىنىپ: ياكى ئۆيگە كىرسە، ـ دېگەن جۈملە قوشۇپ بايان قىلىنغان[2].

(«ئەلكەبىر»: 300/18)

2234 - عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال إذا دخلت منزلك فصل ركعتين يمنعانك مدخل السوء وإذا خرجت من منزلك فصل ركعتين يمنعانك مخرج السوء.

2234 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيگە كىرگەندە، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، ئوقۇغان ئۇ ئىككى رەكئەت ناماز سېنى ئۆيۈڭگە كېلىدىغان يامانلىقتىن قوغدايدۇ. ئۆيدىن چىققان ۋاقتىڭمۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇساڭ، ئۇ ناماز سېنى سىرتتىن كېلىدىغان يامانلىقتىن قوغدايدۇ[3].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2235 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ كَعْبٍ قَالَ سَمِعْتُ كَعْبَ بْنَ مَالِكٍ قَالَ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَدِمَ مِنْ سَفَرٍ بَدَأَ بِالْمَسْجِدِ فَرَكَعَ فِيهِ رَكْعَتَيْنِ ثُم جَلَسَ لِلناسِ.

---

[1] ھەيسەمى (3682): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئوسمان ئىبنى سەئد ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ نەئىم ۋە ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3683): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋاقىدى ئىسىملىك بىرى بار. مۇسئەب زۇبەيرى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (3686): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

2235 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئۆزىنىڭ كەئب ئىبنى مالىكتىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئالدى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن جامائەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇراتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2773)

[1] ئەلبانى (2411): سەھىھ ـ دېگەن.

## تەھەججۇد نامىزى

2236 - عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ الْخَوْلَانِي عَنْ بِلَالٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ عَلَيْكُمْ بِقِيَامِ اللَّيْلِ فَإِنَهُ دَأبُ الصالِحِينَ قَبْلَكُمْ وَإِن قِيَامَ اللَّيْلِ قُرْبَةٌ إِلَى اللهِ وَمَنْهَاةٌ عَنْ الْإِثْمِ وَتَكْفِيرٌ لِلسيئاتِ وَمَطْرَدَةٌ لِلداءِ عَنْ الْجَسَدِ.

2236 ـ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تەھەججۇد ئوقۇشقا ئادەتلىنىڭلار، چۈنكى بۇ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن سالىھ كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر. كېچە نامىزى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، گۇناھتىن توسىدۇ، يامان قىلمىشلارنى ئۆچۈرىدۇ ۋە بەدەننى كېسەلدىن ساقلايدۇ[1]».

(تىرمىزى: 3539)

2237 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَامَ بِعَشْرِ آيَاتٍ لَمْ يُكْتَبْ مِنْ الْغَافِلِينَ وَمَنْ قَامَ بِمِائَةِ آيَةٍ كُتِبَ مِنْ الْقَانِتِينَ وَمَنْ قَامَ بِأَلْفِ آيَةٍ كُتِبَ مِنْ الْمُقَنْطِرِينَ.

2237 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم كېچىدە قوپۇپ ئون ئايەت بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا، ئۇ غاپىللار قاتارىغا يېزىلمايدۇ. يۈز ئايەت بىلەن تەھەججۇد

[1] ئەلبانى (709): زەئىپ، ـ دېگەن.

نامىزى ئوقۇسا، الله تائالانىڭ ئەمرىگە چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن يېزىلىدۇ، مىڭ ئايەت بىلەن ئوقۇسا، كۆپلەپ ئەجىرگە ئېرىشكۈچىلەر قاتارىدىن يېزىلىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1398)

2238 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ حُبْشِيٍّ الْخَثْعَمِيِّ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سُئِلَ أَيُّ الْأَعْمَالِ أَفْضَلُ قَالَ طُولُ الْقِيَامِ.

2238 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇبشىي خەسئەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورالغانىدى:

ـ كېچىدە قوپۇپ، قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز، ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1325)

2239 - عن زِيَادٍ هُوَ ابْنُ عِلَاقَةَ أَنَّهُ سَمِعَ الْمُغِيرَةَ يَقُولُ قَامَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى تَوَرَّمَتْ قَدَمَاهُ فَقِيلَ لَهُ غَفَرَ اللهُ لَكَ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ قَالَ أَفَلَا أَكُونُ عَبْدًا شَكُورًا.

2239 ـ مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، (قىيامدا بەك ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن) ھەتتا ئىككى پۇتى ئىششىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن:

ـ ئى الله تائالانىڭ ئەلچىسى! الله تائالا سىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرگەن تۇرسا (نېمە ئۇچۇن مۇنچىۋالا كۆپ ئىبادەت قىلىسەن)؟ ـ دەپ سورالدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىلەر قاتارىدىن بولمامدىم؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 4836)

[①] ئەلبانى (1246): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1176): سەھىھ ـ دېگەن.

2240 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُومُ مِنْ اللَّيْلِ حَتى تَتَفَطرَ قَدَمَاهُ فَقَالَتْ عَائِشَةُ لِمَ تَصْنَعُ هَذَا يَا رَسُولَ اللهِ وَقَدْ غَفَرَ اللهُ لَكَ مَا تَقَدمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخرَ قَالَ أَفَلَا أُحِب أَنْ أَكُونَ عَبْدًا شَكُورًا.

2240 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى قوپۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، (قىيامدا بەك ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن) ھەتتا ئىككى پۇتى يېرىلىپ كېتەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن، الله تائالا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرگەن تۇرسا؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن شۈكۈر قىلىدىغان قۇل بولۇشنى ياخشى كۆرسەم بولمامدۇ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 4837)

2241 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَحِمَ اللهُ رَجُلًا قَامَ مِنْ اللَّيْلِ فَصَلى ثُم أَيْقَظَ امْرَأَتَهُ فَصَلتْ فَإِنْ أَبَتْ نَضَحَ فِي وَجْهِهَا الْمَاءَ وَرَحِمَ اللهُ امْرَأَةً قَامَتْ مِنْ اللَّيْلِ فَصَلتْ ثُم أَيْقَظَتْ زَوْجَهَا فَصَلى فَإِنْ أَبَى نَضَحَتْ فِي وَجْهِهِ الْمَاءَ.

2241 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچىسى قوپۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان، ئاندىن ئايالىنى نامازغا ئويغاتقان، ئەگەر قوپقىلى ئۇنىمىسا، يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن. الله تائالا يەنە كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇغان، ئاندىن ئېرىنى نامازغا ئويغاتقان، ئەگەر قوپقىلى ئۇنىمىسا، يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان ئايالغا رەھمەت قىلسۇن»[1].

(نەسائى: 1610)

[1] ئەلبانى (1519): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

2242 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ وَأَبِي هُرَيْرَةَ قَالَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَيْقَظَ الرجُلُ أَهْلَهُ مِنْ اللَّيْلِ فَصَلَّيَا أَوْ صَلى رَكْعَتَيْنِ جَمِيعًا كُتِبَا فِي الذاكِرِينَ وَالذاكِرَاتِ.

2242 ـ ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەر كىشى كېچىسى ئايالىنى ئويغىتىپ، ئىككىسى ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇسا، ئۇلار زىكىر قىلىپ تۇرغۇچى ئەر ۋە زىكىر قىلىپ تۇرغۇچى ئاياللارنىڭ قاتارىدا يېزىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1309)

2243 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَانَ يُصَلي مِنْ اللَّيْلِ مَا شَاءَ اللهُ حَتى إِذَا كَانَ مِنْ آخِرِ اللَّيْلِ أَيْقَظَ أَهْلَهُ لِلصلَاةِ يَقُولُ لَهُمْ الصلَاةَ الصلَاةَ ثُم يَتْلُو هَذِهِ الْآيَةَ وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا لَا نَسْأَلُكَ رِزْقًا نَحْنُ نَرْزُقُكَ وَالْعَاقِبَةُ لِلتقْوَى.

2243 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، الله تائالا خالىغان مىقداردا (يەنى مەلۇم مىقداردا) تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى. كېچىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئائىلىسىنى نامازغا ئويغىتىپ: ناماز، ناماز! ـ دەيتتى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى: ﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن. سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز، ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾[2].

(مالىك: 261)

2244 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَعْقِدُ الشيْطَانُ عَلَى قَافِيَةِ رَأْسِ أَحَدِكُمْ إِذَا هُوَ نَامَ ثَلَاثَ عُقَدٍ يَضْرِبُ كُل عُقْدَةٍ عَلَيْكَ لَيْلٌ

[1] ئەلبانى (1161): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] سۈرە تاھا، 132 ـ ئايەت.

طَوِيلٌ فَارْقُدْ فَإِنْ اسْتَيْقَظَ فَذَكَرَ اللهَ انْحَلتْ عُقْدَةٌ فَإِنْ تَوَضأَ انْحَلتْ عُقْدَةٌ فَإِنْ صَلى انْحَلتْ عُقَدُهُ فَأَصْبَحَ نَشِيطًا طَيبَ النفْسِ وَإِلا أَصْبَحَ خَبِيثَ النفْسِ كَسْلَانَ.

2244 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار ئۇخلاپ قالغاندا، شەيتان ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۈچ چىگىك چىگىپ، ھەر بىر چىگىككە:

ـ كېچە تېخى ئۇزۇن، قېنىپ ئۇخلىۋالغىن، ـ دەپ پەپىلەپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ئويغىنىپ، الله تائالانى زىكىر قىلسا، بىر چىگىك يېشىلىپ كېتىدۇ. تاھارەت ئالسا، ئىككىنچى چىگىك يېشىلىپ كېتىدۇ. ناماز ئوقۇسا، ئۈچىنچى چىگىك يېشىلىپ، روھلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئېزىلەڭگۈ ۋە روھسىز ھالدا قوپىدۇ.

(بۇخارى: 1142)

2245 - عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ ذُكِرَ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ فَقِيلَ مَا زَالَ نَائِمًا حَتى أَصْبَحَ مَا قَامَ إِلَى الصلَاةِ فَقَالَ بَالَ الشيْطَانُ فِي أُذُنِهِ.

2245 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا بىر ئادەمنىڭ گېپى قىلىنىپ:

ـ ئۇ ئادەم كېچىچە ئۇخلاپ، نامازغىمۇ قوپماپتۇ، ـ دېيىلدى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قۇلىقىغا شەيتان سىيىپ قويۇپتۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1144)

2246 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ عَنْ رَجُلٍ عِنْدَهُ رِضًى أَخْبَرَهُ أَن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَخْبَرَتْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ امْرِئٍ تَكُونُ لَهُ صَلَاةٌ بِلَيْلٍ فَغَلَبَهُ عَلَيْهَا نَوْمٌ إِلا كَتَبَ اللهُ لَهُ أَجْرَ صَلَاتِهِ وَكَانَ نَوْمُهُ صَدَقَةً عَلَيْهِ.

2246 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچىسى ناماز ئوقۇۋاتقا ئادەتلەنگەن بىر ئادەم بىرەر كېچە ئويغىنالماي ئۇخلاپ قالغان بولسا، الله تائالا ئۇ ئادەمگە ناماز ئوقۇغاننىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ، ئۇيقۇسى ئۇ ئادەمگە سەدىقە بولىدۇ»[①].

(نەسائى: 1784)

2247 - عن مَسْرُوق قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَي الْعَمَلِ كَانَ أَحَب إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ الدائِمُ قَالَ قُلْتُ فَأَي حِينٍ كَانَ يَقُومُ قَالَتْ كَانَ يَقُومُ إِذَا سَمِعَ الصارِخَ.

2247 ـ مەسرۇق مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايسى ئەمەلنى بەك ياخشى كۆرەتتى؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ (ئاز بولسىمۇ) داۋاملاشقان ئەمەلنى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ كېچىسى قايسى ۋاقىتتا قوپاتتى؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا قوپاتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 6461)

2248 - عَنْ يَعْلَى بْنِ مَمْلَكٍ أَنهُ سَأَلَ أُم سَلَمَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ قِرَاءَةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَصَلَاتِهِ فَقَالَتْ مَا لَكُمْ وَصَلَاتَهُ كَانَ يُصَلي ثُم يَنَامُ قَدْرَ مَا صَلى ثُم يُصَلي قَدْرَ مَا نَامَ ثُم يَنَامُ قَدْرَ مَا صَلى حَتى يُصْبِحَ ثُم نَعَتَتْ قِرَاءَتَهُ فَإِذَا هِيَ تَنْعَتُ قِرَاءَةً مُفَسرَةً حَرْفًا حَرْفًا.

2248 ـ يەئلا ئىبنى مەملەك پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتى ۋە نامىزى ھەققىدە سورىغاندى، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى:

[①] ئەلبانى (1684): سەھىھ ـ دېگەن.

— نېمە ئۇچۇن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى سوراپ قالدىڭ؟ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇغانچىلىك ئۇخلايتتى. ئاندىن ئۇخلىغان ۋاقىتچىلىك ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇغان ۋاقىتچىلىك ئۇخلايتتى. تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر مۇشۇنداق داۋام قىلاتتى. ئۇ ئايەتلەرنى ئايرىم - ئايرىم، ھەرپمۇ ھەرپ ئوقۇيتتى[1].

(تىرمىزى: 2923)

2249 - عَنْ أَنسٍ قَالَ مَا كُنا نَشَاءُ أَنْ نَرَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي اللَّيْلِ مُصَلِّيًا إِلا رَأَيْنَاهُ وَلَا نَشَاءُ أَنْ نَرَاهُ نَائِمًا إِلا رَأَيْنَاهُ.

2249 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كېچىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆرەيلى دېسەك، ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆرەلەيتتۇق. ئۇخلاۋاتقان ھالدا كۆرەيلى دېسەكمۇ، ئۇخلاۋاتقان ھالدا كۆرەلەيتتۇق (يەنى نامازمۇ ئوقۇيتتى، ئۇيقۇسىنىمۇ ئۇخلايتتى)[2].

(نەسائى: 1627)

2250 - عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ صَلَيْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةً فَلَمْ يَزَلْ قَائِمًا حَتى هَمَمْتُ بِأَمْرِ سَوْءٍ قُلْنا وَمَا هَمَمْتَ قَالَ هَمَمْتُ أَنْ أَقْعُدَ وَأَذَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2250 - ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامدا بەكمۇ ئۇزۇن تۇردى، ھەتتا يامان ئىش قىلماقچى بولدۇم، - دېدى. بىز:

- نېمە يامان ئىش قىلماقچى بولغانىدىڭ؟ - دەپ سورىساق:

- مەن ئولتۇرىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى (قىيامدا) يالغۇز

---

[1] ئەلبانى (561): زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (1535): سەھىھ - دېگەن.

قويۇپ قويايمىكىن دېگەنىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.
(بۇخارى: 1135)

2251 - عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ صَلَّيْتُ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاتَ لَيْلَةٍ فَـ افْتَتَحَ الْبَقَرَةَ فَقُلْتُ يَرْكَعُ عِنْدَ الْمِائَةِ ثُمَّ مَضَى فَقُلْتُ يُصَلِّي بِهَا فِي رَكْعَةٍ فَمَضَى فَقُلْتُ يَرْكَعُ بِهَا ثُمَّ افْتَتَحَ النِّسَاءَ فَقَرَأَهَا ثُمَّ افْتَتَحَ آلَ عِمْرَانَ فَقَرَأَهَا يَقْرَأُ مُتَرَسِّلًا إِذَا مَرَّ بِآيَةٍ فِيهَا تَسْبِيحٌ سَبَّحَ وَإِذَا مَرَّ بِسُؤَالٍ سَأَلَ وَإِذَا مَرَّ بِتَعَوُّذٍ تَعَوَّذَ ثُمَّ رَكَعَ فَجَعَلَ يَقُولُ سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ فَكَانَ رُكُوعُهُ نَحْوًا مِنْ قِيَامِهِ ثُمَّ قَالَ سَمِعَ اللَّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ ثُمَّ قَامَ طَوِيلًا قَرِيبًا مِمَّا رَكَعَ ثُمَّ سَجَدَ فَقَالَ سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى فَكَانَ سُجُودُهُ قَرِيبًا مِنْ قِيَامِهِ.

2251 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇدۇم. سۈرە بەقەرەنى باشلىدى، يۈزىنچى ئايەتتە رۇكۇ قىلىدىغۇ دەپ ئويلىسام، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن سۈرە بەقەرەنى ئوقۇپ رۇكۇ قىلىدىغۇ دېسەم، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ، سۈرە نىسانى باشلىدى. ئۇنىمۇ تۈگىتىپ، ئالى ئىمراننى باشلاپ ئۇنىمۇ تۈگەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايەتلەرنى ئالدىرىماي (يەنى تەرتىل بىلەن) ئوقۇيتتى. تەسبىھ بار ئايەتتىن ئۆتسە، تەسبىھ ئېيتاتتى. ئىلتىجا بار ئايەتتىن ئۆتسە، ئىلتىجا قىلاتتى. پاناھ تەلەپ قىلىش ئايىتىدىن ئۆتسە، پاناھ تەلەپ قىلاتتى. ئاندىن رۇكۇ قىلىپ:

ـــ سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم (بۈيۈك رەببىم بارلىق ئەيىب - نۇقساندىن پاكتۇر) ــ دېگەن زىكىرنى باشلىدى ۋە رۇكۇدىمۇ خۇددى قىيامدا تۇرغاندەك ئۇزۇن تۇردى. ئاندىن:

ـ سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە (الله تائالا ئۆزىگە ھەمدى ئېيتقان كىشىنى ئاڭلايدۇ)، رەببەنا لەكەلھەمدۇ (ئى رەببىمىز! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر)، ـ دەپ رۇكۇدىن تۇردى. ئاندىن رۇكۇدا تۇرغاندەك (ئۇزۇن ۋاقىت) ئۆرە تۇردى. ئاندىن سەجدە قىلىپ:

ـ سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا (ئۇلۇغ رەببىم بارلىق ئەيىبتىن پاكتۇر)، ـ دېگەن زىكىرنى باشلىدى ۋە (سەجدىدە) خۇددى قىيامدا تۇرغاندەك ئۇزۇن

تۇردى.

(مۇسلىم: 772)

2252 - عَنْ كُرَيْبٍ مَوْلَى ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ ابْنَ عَبَّاسٍ أَخْبَرَهُ أَنَّهُ بَاتَ لَيْلَةً عِنْدَ مَيْمُونَةَ أُمِّ الْمُؤْمِنِينَ وَهِيَ خَالَتُهُ قَالَ فَاضْطَجَعْتُ فِي عَرْضِ الْوِسَادَةِ وَاضْطَجَعَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَهْلُهُ فِي طُولِهَا فَنَامَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى انْتَصَفَ اللَّيْلُ أَوْ قَبْلَهُ بِقَلِيلٍ أَوْ بَعْدَهُ بِقَلِيلٍ اسْتَيْقَظَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَجَعَلَ يَمْسَحُ النَّوْمَ عَنْ وَجْهِهِ بِيَدِهِ ثُمَّ قَرَأَ الْعَشْرَ الْآيَاتِ الْخَوَاتِمَ مِنْ سُورَةِ آلِ عِمْرَانَ ثُمَّ قَامَ إِلَى شَنٍّ مُعَلَّقَةٍ فَتَوَضَّأَ مِنْهَا فَأَحْسَنَ وُضُوءَهُ ثُمَّ قَامَ فَصَلَّى قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ فَقُمْتُ فَصَنَعْتُ مِثْلَ مَا صَنَعَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ ذَهَبْتُ فَقُمْتُ إِلَى جَنْبِهِ فَوَضَعَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَدَهُ الْيُمْنَى عَلَى رَأْسِي وَأَخَذَ بِأُذُنِي الْيُمْنَى يَفْتِلُهَا فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ أَوْتَرَ ثُمَّ اضْطَجَعَ حَتَّى جَاءَ الْمُؤَذِّنُ فَقَامَ فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ خَفِيفَتَيْنِ ثُمَّ خَرَجَ فَصَلَّى الصُّبْحَ.

2252 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئازادگەردىسى كۇرەيبكە ئۆزىنىڭ ھاماچىسى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: مەن (تۆشەكتە) توغرىسىغا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئائىلىسى ئۇزۇنىسىغا يېتىپ ئۇخلاپ قالدۇق. يېرىم كېچە بولغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزىنى ئۇۋۇلىغان پېتى ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن سۈرە ئال ئىمراننىڭ ئاخىرىدىكى ئون ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن ئېسىپ قويۇلغان تۇلۇمنى ئېلىپ، كامىل تاھارەت ئالدى. ئاندىن قوپۇپ نامازغا تۇردى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش قىلىپ، يېنىدا تۇردۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىنى بېشىمغا قويۇپ، ئوڭ قۇلىقىمنى سىلىدى. ئىككى ـ ئىككىدىن قىلىپ، جەمئىي ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئۇندىن كېيىن (بىر رەكئەت) ۋىتىر نامىزى ئوقۇپ

يېنىچىلاپ ياتتى. مۇئەززىن كەلگەندە قوپۇپ، يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن چىقىپ بامداد نامىزىنى ئوقۇدى.

(مۇسلىم: 763)

2253 - ومن رواياته: فَصَلَّى فِي تِلْكَ اللَّيْلَةِ ثَلَاثَ عَشْرَةَ رَكْعَةً ثُمَّ نَامَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى نَفَخَ وَكَانَ إِذَا نَامَ نَفَخَ ثُمَّ أَتَاهُ الْمُؤَذِّنُ فَخَرَجَ فَصَلَّى وَلَمْ يَتَوَضَّأْ.

2253 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ باشقا رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ كېچىسى ئون ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئۇخلاپ پۇشۇلداپ كەتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىسا، پۇشۇلدايتتى. مۇئەززىن كېلىۋىدى، چىقىپ نامازغا تۇردى، لېكىن تاھارەت ئالمىدى.

(مۇسلىم: 763)

2254 - ومنها: فَجَعَلْتُ إِذَا أَغْفَيْتُ يَأْخُذُ بِشَحْمَةِ أُذُنِي.

2254 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: (قولۇمدىن تۇتۇپ، ئوڭ تەرىپىگە ئۆتكۈزدى، شۇندىن كېيىن) ئۇگدەپ قالسام، قۇلىقىمنىڭ يۇمشىقىنى تۇتۇپ قوياتتى.

(مۇسلىم: 763)

2255 - عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ بِتُّ عِنْدَ خَالَتِي مَيْمُونَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَصَلَّى رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْعِشَاءَ ثُمَّ جَاءَ فَصَلَّى أَرْبَعًا ثُمَّ نَامَ ثُمَّ قَامَ فَصَلَّى أَرْبَعًا فَقَالَ نَامَ الْغُلَيِّمُ أَوْ كَلِمَةً نَحْوَهَا قَالَ فَجِئْتُ فَقُمْتُ عَنْ يَسَارِهِ فَجَعَلَنِي عَنْ يَمِينِهِ ثُمَّ صَلَّى خَمْسَ رَكَعَاتٍ ثُمَّ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ نَامَ حَتَّى سَمِعْتُ غَطِيطَهُ أَوْ خَطِيطَهُ ثُمَّ خَرَجَ إِلَى الصَّلَاةِ.

2255 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى، ھاممام مەيمۇنەنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئۇخلاپ قالدى. ئاندىن كېيىن قوپۇپ، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە:

ــ ئاۋۇ بالا ئۇخلاپ قالدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سول تەرىپىدە تۇرسام، (قولۇمدىن تۇتقان پېتى) ئوڭ تەرىپىگە ئۆتكۈزدى. ئاندىن بەش رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن يەنە ئىككى رەكئەت ئوقۇپ ئۇخلاپ قالدى. ھەتتا ئۇنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئاندىن كېيىن نامازغا چىقتى.

(ئەھمەد: 3160)

2256 - ومنها: فَصَلى رَكْعَتَيْنِ فَأَطَالَ فِيهِمَا الْقِيَامَ وَالركُوعَ وَالسجُودَ ثُم انْصَرَفَ فَنَامَ حَتى نَفَخَ ثُم فَعَلَ ذَلِكَ ثَلَاثَ مَراتٍ سِت رَكَعَاتٍ كُل ذَلِكَ يَسْتَاكُ وَيَتَوضأُ وَيَقْرَأُ هَؤُلَاءِ الْآيَاتِ ثُم أَوْتَرَ بِثَلَاثٍ فَأَذنَ الْمُؤَذنُ فَخَرَجَ إِلَى الصلَاةِ.

2256 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. نامازنىڭ قىيام، رۇكۇ ۋە سەجدىسىنى ئۇزۇن قىلدى. ئاندىن كېيىن پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ، بۇ ئىشنى ئالتە رەكئەتتە ئۈچ قېتىم قىلدى، ھەر قېتىمدا مىسۋاك ئىشلەتتى، تاھارەت ئالدى ۋە ئوخشاش ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئاندىن ئۈچ رەكئەت ۋىتىرنى ئوقۇپ بولۇشىغا ئەزان چىقتى، شۇنىڭ بىلەن، نامازغا چىقتى.

(مۇسلىم: 763)

2257 - ومنها: أنه قرأ الآيات حَتى بَلَغَ فَقِنَا عَذَابَ النارِ.

2257 ـ يەنە بەزى رىۋايەتلەردە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ئال ئىمراننىڭ: ﴿ئى الله! بىزنى دوزاخنىڭ ئازابىدىن

ساقلىغىن﴾[1] دېگەن ئايىتىگىچە ئوقۇدى، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 256)

2258 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ بِت عِنْدَ خَالَتِي مَيْمُونَةَ فَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَمَا أَمْسَى فَقَالَ أَصَلى الْغُلَامُ قَالُوا نَعَمْ فَاضْطَجَعَ حَتى إِذَا مَضَى مِنْ اللَّيْلِ مَا شَاءَ اللهُ قَامَ فَتَوَضأَ ثُم صَلى سَبْعًا أَوْ خَمْسًا أَوْتَرَ بِهِن لَمْ يُسَلمْ إِلا فِي آخِرِهِن.

2258 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن هاممامنىڭ قېشىدا قونۇپ قالغان ئىدىم. كەچتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ:

ـ بۇ بالا ناماز ئوقۇدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىچىلاپ ياتتى، كېچىدىن الله تائالا خالىغان مىقدار (يەنى مەلۇم مىقدار) ئۆتكەندە قوپۇپ تاھارەت ئالدى، ئاندىن يەتتە ياكى بەش رەكئەت ۋىتىر نامىزىنى ئۇلاپ ئوقۇدى، يەنى تاكى ناماز ئاخىرلاشقانغا قەدەر سالام بەرمىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1356)

2259 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ بِت عِنْدَ خَالَتِي مَيْمُونَةَ فَقَامَ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ يُصَلي مِنْ اللَّيْلِ فَصَلى ثَلَاثَ عَشْرَةَ رَكْعَةً مِنْهَا رَكْعَتَا الْفَجْرِ حَزَرْتُ قِيَامَهُ فِي كُـل رَكْعَةٍ بِقَدْرِ يَا أَيهَا الْمُزملُ.

2259 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن هاممام مەيمۇنەنىڭ قېشىدا يېتىپ قالدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە قوپۇپ، ئون ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇدى، بۇنىڭدىن ئىككىسى بامدادنىڭ سۈننىتى ئىدى. ئۇنىڭ ھەر رەكئەتتىكى قىيامى سۈرە مۇززەممىلنى ئوقۇپ بولغىچىلىك مىقداردا

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 16 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (1208): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇزۇن ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1365)

2260 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ حدثه في هذه القصة: فَقَامَ فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ حَتَّى صَلَّى ثَمَانِيَ رَكَعَاتٍ ثُمَّ أَوْتَرَ بِخَمْسٍ وَلَمْ يَجْلِسْ بَيْنَهُنَّ.

2260 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سەئىد ئىبنى جۇبەيرگە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوپۇپ ئىككى ـ ئىككىدىن جەمئىي سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن بەش رەكئەت ۋىتىر ئوقۇدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرمىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1357)

2261 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي مِنْ اللَّيْلِ ثَمَانَ رَكَعَاتٍ وَيُوتِرُ بِثَلَاثٍ وَيُصَلِّي رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ صَلَاةِ الْفَجْرِ.

2261 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئۈچ رەكئەت ۋىتىر ئوقۇيتتى ۋە بامداد نامىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكئەت ئوقۇيتتى[3].

(نەسائى: 1707)

2262 - عَنْ سَعْدِ بْنِ هِشَامٍ: سَأَلَ ابْنَ عَبَّاسٍ عَنْ وِتْرِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ أَلَا أُدُلُّكَ عَلَى أَعْلَمِ أَهْلِ الْأَرْضِ بِوِتْرِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ قَالَ عَائِشَةُ فَأْتِهَا فَاسْأَلْهَا ثُمَّ ائْتِنِي فَأَخْبِرْنِي بِرَدِّهَا عَلَيْكَ فَانْطَلَقْتُ إِلَيْهَا فَأَتَيْتُ عَلَى حَكِيمِ بْنِ أَفْلَحَ فَاسْتَلْحَقْتُهُ إِلَيْهَا فَقَالَ مَا أَنَا بِقَارِبِهَا لِأَنِّي نَهَيْتُهَا أَنْ تَقُولَ فِي هَاتَيْنِ الشِّيعَتَيْنِ شَيْئًا فَأَبَتْ فِيهِمَا إِلَّا مُضِيًّا قَالَ فَأَقْسَمْتُ عَلَيْهِ فَجَاءَ فَانْطَلَقْنَا إِلَى عَائِشَةَ

[1] ئەلبانى (1216): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1210): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1610): سەھىھ ـ دېگەن.

فَاسْتَأْذَنا عَلَيْهَا فَأَذِنَتْ لَنا فَدَخَلْنا عَلَيْهَا فَقَالَتْ أَحَكِيمٌ فَعَرَفَتْهُ فَقَالَ نَعَم فَقَالَتْ مَنْ مَعَكَ قَالَ سَعْدُ بْنُ هِشَامٍ قَالَتْ مَنْ هِشَامٌ قَالَ ابْنُ عَامِرٍ فَتَرحمَتْ عَلَيْهِ وَقَالَتْ خَيْرًا قَالَ قَتَادَةُ وَكَانَ أُصِيبَ يَوْمَ أُحُدٍ فَقُلْتُ يَا أُم الْمُؤْمِنِينَ أَنْبِئِينِي عَنْ خُلُقِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ أَلَسْتَ تَقْرَأُ الْقُرْآنَ قُلْتُ بَلَى قَالَتْ فَإِن خُلُقَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ الْقُرْآنَ قَالَ فَهَمَمْتُ أَنْ أَقُومَ وَلَا أَسْأَلَ أَحَدًا عَنْ شَيْءٍ حَتى أَمُوتَ ثُم بَدَا لِي فَقُلْتُ أَنْبِئِينِي عَنْ قِيَامِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ أَلَسْتَ تَقْرَأُ يَا أَيهَا الْمُزملُ قُلْتُ بَلَى قَالَتْ فَإِن اللهَ عَز وَجَل افْتَرَضَ قِيَامَ اللَيْلِ فِي أَولِ هَذِهِ السورَةِ فَقَامَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ حَوْلًا وَأَمْسَكَ اللهُ خَاتِمَتَهَا اثْنَيْ عَشَرَ شَهْرًا فِي السمَاءِ حَتى أَنْزَلَ اللهُ فِي آخِرِ هَذِهِ السورَةِ التخْفِيفَ فَصَارَ قِيَامُ اللَيْلِ تَطَوعًا بَعْدَ فَرِيضَةٍ قَالَ قُلْتُ يَا أُم الْمُؤْمِنِينَ أَنْبِئِينِي عَنْ وِتْرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ كُنا نُعِد لَهُ سِوَاكَهُ وَطَهُورَهُ فَيَبْعَثُهُ اللهُ مَا شَاءَ أَنْ يَبْعَثَهُ مِنْ اللَيْلِ فَيَتَسَوكُ وَيَتَوَضأُ وَيُصَلي تِسْعَ رَكَعَاتٍ لَا يَجْلِسُ فِيهَا إِلا فِي الثامِنَةِ فَيَذْكُرُ اللهَ وَيَحْمَدُهُ وَيَدْعُوهُ ثُم يَنْهَR وَلَا يُسَلمُ ثُم يَقُومُ فَيُصَلي التاسِعَةَ ثُم يَقْعُدُ فَيَذْكُرُ اللهَ وَيَحْمَدُهُ وَيَدْعُوهُ ثُم يُسَلمُ تَسْلِيمًا يُسْمِعُنَا ثُم يُصَلي رَكْعَتَيْنِ بَعْدَ مَا يُسَلمُ وَهُوَ قَاعِدٌ وَتِلْكَ إِحْدَى عَشْرَةَ رَكْعَةً يَا بُنَي فَلَما سَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَخَذَهُ اللحْمُ أَوْتَرَ بِسَبْعٍ وَصَنَعَ فِي الركْعَتَيْنِ مِثْلَ صَنِيعِهِ الْأَولِ فَتِلْكَ تِسْعٌ يَا بُنَي وَكَانَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا صَلى صَلَاةً أَحَب أَنْ يُدَاوِمَ عَلَيْهَا وَكَانَ إِذَا غَلَبَهُ نَوْمٌ أَوْ وَجَعٌ عَنْ قِيَامِ اللَيْلِ صَلى مِنْ النهَارِ ثِنْتَيْ عَشْرَةَ رَكْعَةً وَلَا أَعْلَمُ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ الْقُرْآنَ كُلهُ فِي لَيْلَةٍ وَلَا صَلى لَيْلَةً إِلَى الصبْحِ وَلَا صَامَ شَهْرًا كَامِلًا غَيْرَ رَمَضَانَ قَالَ فَانْطَلَقْتُ إِلَى ابْنِ عَباسٍ فَحَدثْتُهُ بِحَدِيثِهَا فَقَالَ صَدَقَتْ لَوْ كُنْتُ أَقْرَبُهَا أَوْ أَدْخُلُ عَلَيْهَا لَأَتَيْتُهَا حَتى تُشَافِهَنِي بِهِ قَالَ قُلْتُ لَوْ عَلِمْتُ أَنكَ لَا تَدْخُلُ عَلَيْهَا مَا حَدثْتُكَ حَدِيثَهَا.

2262 ـ سەئد ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىتىر نامىزى ھەققىدە سورىدىم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىتىر

نامىزىنى بەكرەك بىلىدىغان كىشىنى دەپ بېرەي، - دېدى. مەن:

- ئۇ كىم؟ - دېدىم. ئىبنى ئابباس:

- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سورىغىن، ئاندىن كېلىپ نېمە دېگەنلىكىنى ماڭا يەتكۈزگىن، - دېدى. مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ، ھەكىم ئىبنى ئەفلەھنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇنىڭدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا مەن بىلەن بىرگە بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ:

- مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بارمايمەن، چۈنكى مەن ئۇنى بۇ ئىككى گۇرۇھ ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشتىن توسسام، ئۇ ئۇنىماي ئۆز يولىدا مېڭىۋەردى، - دېدى. مەن:

- سەن مەن بىلەن بىرگە بارىسەن، - دەپ قەسەم قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ماقۇل بولدى. بىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ، رۇخسەت سورىدۇق، رۇخسەت بېرىلدى، كىردۇق. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— ھەكىممۇ سەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ھەكىمنى تونىغان ئىدى. ھەكىم:

- ھەئە. مەن، - دېدى.

- يېنىڭدىكى كىم؟

- سەئد ئىبنى ھىشام.

- ھىشام دېگەن كىم ئۇ؟

— ئامىرنىڭ ئوغلى، - دېيىشى بىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئامىرغا الله تائالادىن رەھمەت تىلىدى ۋە ياخشى گېپىنى قىلدى (قەتادە مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى ئامىر ئۇھۇد كۈنى شېھىد بولغان ئىدى)، ئاندىن مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى! سەن ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، - دېگەنىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- سەن قۇرئان ئوقۇمامسەن؟ - دېدى. مەن:

ــ ئوقۇيمەن، ـ دېدىم. ئائىشە:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى، ـ دېدى.

سەئد مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن، مەن ئورنۇمدىن تۇراي، تاكى ئۆلگىچە ھېچكىمدىن بىر نەرسە سورىماي، ـ دېگەنىدىم، بىراق ئەقلىمگە يەنە بىر سوئال كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن:

ـ ئى ئائىشە! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىدە ئوقۇيدىغان نامىزى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېگەنىدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ سەن: مۇززەممىل سۈرىسىنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئوقۇدۇم، ـ دېدىم. ئائىشە:

ــ اللە بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى بىر يىل بويىچە كېچىسى ناماز ئوقىدى. اللە تائالا بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىنى بىر يىلغىچە چۈشۈرمىدى. بىر يىلدىن كېيىن، كېچىلىك نامازنىڭ (تەھەججۇدنىڭ) يەڭگىللىتىلگەنلىكى توغرىسىدا بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئايەت چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇش پەرزدىن نەفلىگە ئايلاندى، ـ دېدى. ئاندىن مەن:

ـ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى! ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىتىر نامىزى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېدىم. ئائىشە:

ــ بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مىسۋاك ۋە تاھارەت سۈيى تەييارلاپ قوياتتۇق. اللە كېچىسى قوپۇشقا نېسىپ قىلغان ۋاقىتتا قوپۇپ، مىسۋاك قىلاتتى، تاھارەت ئالاتتى ۋە توققۇز رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. بۇ توققۇز رەكئەتنىڭ ئىچىدە پەقەت سەككىزىنچى رەكئەتتىلا تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ، اللە تائالاغا زىكىر، ھەمدى ئېيتاتتى ۋە دۇئا قىلاتتى، ئاندىن سالام بەرمەستىن قوپۇپ توققۇزىنچى رەكئەتنى ئوقۇيتتى. ئاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ، اللە تائالاغا

زىكىر، ھەمدى ئېيتاتتى ۋە دۇئا قىلاتتى. ئاندىن بىرگە ئاڭلىتىپ سالام بېرەتتى. ئۇندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئى ئوغلۇم! شۇنداق قىلىپ، جەمئى ئون بىر رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. يېشى چوڭىيىپ، بىر ئاز سەمرىپ قېلىشۇدى، ۋىتىر بىلەن يەتتە رەكئەت ئوقۇيدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ ئاخىرىدا ھېلىقى ئىككى رەكئەتنى بۇرۇنقىدەكلا ئوقۇيتتى. ئى ئوغلۇم! شۇنداق قىلىپ، بۇ ۋاقىتتا ئوقۇغان نامىزى جەمئى توققۇز رەكئەت بولاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نامازنى ئوقۇسا، ئۇنى شۇ پېتى داۋاملاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەگەر كېچىسى ئۇخلاپ قېلىپ ياكى مىجەزى بولماي قېلىپ كېچىدە نامازغا تۇرالماي قالسا، كۈندۈزى ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر كېچىدە قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغانلىقىنى، تاڭ ئاتقىچە ناماز ئوقۇغانلىقىنى ۋە رامىزاندىن باشقا ئايلاردا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتقانلىقىنى بىلمەيمەن، - دېدى.

سەئد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزلىرىنى دەپ بەرسەم، ئۇ:

— راست دەپتۇ، ئەگەر مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرەلىگەن بولسام، كىرىپ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايتتىم، - دېدى. مەن:

— ئەگەر سېنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بارالمايدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ساڭا دەپ بەرمىگەن بولاتتىم، - دېدىم.

(مۇسلىم: 736)

2263 - وفي رواية: قَالَتْ نِعْمَ الْمَرْءُ كَانَ عامر أُصِيبَ يوم أُحُدٍ.

2263 - يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: ئامىر ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى، ئۇ ئۇھۇد كۈنىدە شېھىد بولۇپ كەتكەن، - دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

(مۇسلىم: 736)

2264 - عَنْ الْأَسْوَدِ بْنِ يَزِيدَ أَنَّهُ دَخَلَ عَلَى عَائِشَةَ فَسَأَلَهَا عَنْ صَلَاةِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِاللَّيْلِ فَقَالَتْ كَانَ يُصَلِّي ثَلَاثَ عَشْرَةَ رَكْعَةً مِنْ اللَّيْلِ ثُمَّ إِنَّهُ صَلَّى إِحْدَى عَشْرَةَ رَكْعَةً وَتَرَكَ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ قُبِR صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ قُبِR وَهُوَ يُصَلِّي مِنْ اللَّيْلِ تِسْعَ رَكَعَاتٍ.

2264 ـ ئەسۋەد ئىبنى يەزىد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىدە ئوقۇيدىغان نامىزى توغرىسىدا سورىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە ئون ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، كېيىنچە ئون بىر رەكئەت ئوقۇيدىغان بولدى، ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كۈنلەردە توققۇز رەكئەت ئوقۇدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1363)

2265 - عَنْ عَلِيٍّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي مِنْ اللَّيْلِ سِتَّ عَشْرَةَ رَكْعَةً سِوَى الْمَكْتُوبَةِ.

2265 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى پەرزدىن باشقا ئون ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى[2].

(ئەھمەد: 1245)

2266 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا قَامَ أَحَدُكُمْ مِنْ اللَّيْلِ فَلْيَفْتَتِحْ صَلَاتَهُ بِرَكْعَتَيْنِ خَفِيفَتَيْنِ.

2266 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچىسى تەھەججۇدقا قوپساڭلار، نامىزىڭلارنى يەڭگىل ئىككى

[1] ئەلبانى (293): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3638): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئاتىسىنىڭ رىۋايەتلىرىدىن نەقىل قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

رەكئەت بىلەن باشلاڭلار».

(مۇسلىم: 768)

2267 - عن جابر، عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: لا تدعن صلاة الليل، ولو حلب شاة.

2267 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچە نامىزىنى تەرك ئەتمە! قوي ساغىدىغان ۋاقىتچىلىك (يەنى قىسقا) بولسىمۇ ئوقۇغىن»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

2268- عن سهل بن سعد قال: جاء جبريل إلى النبي صلى الله عليه وسلم، فقال: «يا محمدُ عِشْ ما شئتَ فإنك مَيت وأحببْ من شئت فإنك مُفَارِقُه واعمل ما شئتَ فإنك مُجْزَى به واعلم أن شرفَ المؤمن قيامُ الليل وعِزه استغناؤه عن الناس».

2268 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى مۇھەممەد! خالىغانچە ياشىۋال، چۈنكى سەن ئۆلۈپ كېتىسەن. خالىغىنىڭنى قىلىۋال، چۈنكى جازا ـ مۇكاپاتىڭ شۇ قىلغان ئىشىڭغا كۆرە بولىدۇ. خالىغان كىشى بىلەن دوست بولۇۋال، چۈنكى سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىسەن. بىلگىنكى، مۇئمىننىڭ شەرەپلىك بولۇشى كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشى بىلەن؛ ئىززەتلىك بولۇشى بولسا، كىشىلەرگە موھتاج بولماسلىقى بىلەندۇر، ـ دېدى[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[①] ھەيسەمى (3523): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەقىييە ئىبنى ۋەلىد ئىسىملىك بىرى بار. ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھالارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3529): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زافىر ئىبنى سۇلايمان ئىسىملىك بىرى بار. ئەھمەد، ئىبنى مەئىن ۋە ئەبۇ داۋۇد ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ئەدىي ۋە ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ھەققىدە شەنىگە داغ تەگكۈزمەيدىغان شەكىلدە سەلبىي باھا بەرگەن، ـ دېگەن.

2269 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن فُلَانًا يُصَلي بِالليْلِ فَإِذَا أَصْبَحَ سَرَقَ قَالَ إِنهُ سَيَنْهَاهُ مَا يَقُولُ.

2269 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ پالانى كىشى كېچىسى ناماز ئوقۇيدۇ، ئەمما كۈندۈزى ئوغرىلىق قىلىدۇ، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى (كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى) شۇ يامان ئىشتىن توسىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 9486؛ بەززار)

2270 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: لا تَأْذَنُ امْرَأَةٌ فِي بَيْتِ زَوْجِهَا إِلا بِإِذْنِهِ، وَلا تَقُومُ مِنْ فِرَاشِهَا فَتُصَلي تَطَوعًا إِلا بِإِذْنِهِ.

2270 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئاياللار ئۆيگە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنى ئەكىرمىسۇن، (كېچىسى) ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەفلە نامازغا تۇرۇۋالمىسۇن[2].

(«ئەلكەبىر»: 12144)

2271 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِآيَةٍ مِنْ الْقُرْآنِ لَيْلَةً.

2271 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېچىسى تەھەججۇد نامىزىدا بىر ئايەتنى (قايتا ـ قايتا) ئوقۇپ، نامازنى شۇ بىر ئايەت بىلەنلا تۈگەتكەن[3].

(تىرمىزى: 448)

[1] ھەيسەمى (3555): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3592): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (370): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

2272 - ولأحمد والبزار عن أبي ذر مثله مطولا وفيه: وَتِلْكَ الْآيَةُ إِنْ تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ وانه سأل النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عن ذلك قَالَ دَعَوْتُ لِأُمتِي قَالَ فَمَاذَا أُجِبْتَ أَوْ مَاذَا رُد عَلَيْكَ قَالَ أُجِبْتُ بِالذِي لَوْ اطلَعَ عَلَيْهِ كَثِيرٌ مِنْهُمْ طَلْعَةً تَرَكُوا الصلَاةَ قَالَ أَفَلَا أُبشرُ الناسَ قَالَ بَلَى فَانْطَلَقْتُ مُعْنِقًا قَرِيبًا مِنْ قَذْفَةٍ بِحَجَرٍ فَقَالَ عُمَرُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنكَ إِنْ تَبْعَثْ إِلَى الناسِ بِهَذَا نَكَلُوا عَنْ الْعِبَادَةِ فَنَادَى أَنْ ارْجِعْ فَرَجَعَ.

2272 ـ ئەھمەد ۋە بەززار ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇندا، لېكىن بۇنىڭدىن تەپسىلىيرەك بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەھەججۇد نامىزىدا قايتا ـ قايتا تەكرارلىغىنى: ﴿ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭ؛ ئەگەر مەغپىرەت قىلساڭ، سەن غالىبدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن﴾[1] دېگەن ئايەت ئىدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۈممىتىم ئۈچۈن دۇئا قىلدىم، ـ دېدى. مەن:

ـ دۇئايىڭنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دۇئايىم شۇنداق ئىجابەت قىلىندىكى، ئەگەر كىشىلەر ئۇنى بىلسە، ناماز ئوقۇمايدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇنداق بولسا، باشقىلارغا بېشارەت بەرمەيمۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇ ۋاقىتەك ئېتىلىپ يۈگۈرۈشۈمگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بۇنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلغىلى ئەۋەتسەڭ، كىشىلەر ئىبادەتتە سۇسلىشىۋالامدۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر

[1] سۈرە مائىدە، 118 ـ ئايەت.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— قايتىپ كەل! -دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن قايتىپ كەلدىم[1].

(ئەھمەد: 20984)

[1] ھەيسەمى (3645): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

## رامىزان كېچىلىرى (نامازغا) تۇرۇش، تەراۋى ئوقۇش ۋە باشقا مەسىلىلەر

2273 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُرَغبُ فِي قِيَامِ رَمَضَانَ مِنْ غَيْرِ أَنْ يَأْمُرَهُمْ فِيهِ بِعَزِيمَةٍ فَيَقُولُ مَنْ قَامَ رَمَضَانَ إِيمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدمَ مِنْ ذَنْبِهِ فَتُوفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالْأَمْرُ عَلَى ذَلِكَ ثُم كَانَ الْأَمْرُ عَلَى ذَلِكَ فِي خِلَافَةِ أَبِي بَكْرٍ وَصَدْرًا مِنْ خِلَافَةِ عُمَرَ عَلَى ذَلِكَ.

2273 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان كېچىسىدە (نەفلە نامازغا) تۇرۇشقا كەسكىن بۇيرىماستىن، رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيتتى: «كىمكى رامىزان كېچىسى اللهنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا (نامازغا) تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ». پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، تەراۋىھنى ئوقۇش ئىشى مۇشۇنداق (تەرغىب قىلىنىپ ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇلىدىغان) شەكىلدە ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىمۇ مۇشۇنداق بولغان.

(مۇسلىم: 759)

2274 - عَنْ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَقُولَن أَحَدُكُمْ إِني صُمْتُ رَمَضَانَ كُلهُ وَقُمْتُهُ كُلهُ فَلَا أَدْرِي أَكَرِهَ التزْكِيَةَ أَوْ قَالَ لَا بُد مِنْ نَوْمَةٍ أَوْ رَقْدَةٍ.

2274 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرگىز: رامىزاننىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتتۇم، ھەممە كېچىسى قوپۇپ ئىبادەت قىلدىم، ـ دېمەڭلار».

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزى ئارقىلىق بىراۋنىڭ ئۆز نەپسىنى ياخشى كۆرسىتىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدىمۇ ياكى ئازراق بولسىمۇ ئۇخلاش لازىم دېگەننى ئىپادىلىمەكچى بولدىمۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2415)

2275 - عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قالت: كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَجْتَهِدُ فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ مَا لَا يَجْتَهِدُ فِي غَيْرِهِ.

2275 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا (ئىبادەت قىلىشقا) ناھايىتى بەك غەيرەت كۆرسەتتى. ئەمما باشقا ۋاقىتلاردا (رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونىدىكىدەك) ئانچە بەك كۈچەپ كەتمەيتتى.

(مۇسلىم: 1175)

2276 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا دَخَلَ الْعَشْرُ أَحْيَا اللَّيْلَ وَأَيْقَظَ أَهْلَهُ وَجَد وَشَد الْمِئْزَرَ.

2276 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە، كېچىچە ئىبادەت قىلاتتى، ئائىلىسىنى (تەھەججۇد ئۈچۈن) ئويغىتاتتى ۋە ناھايىتى جىددى قارايتتى ھەم ئىشتان بېغىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلمايتتى).

(مۇسلىم: 1174)

---
[1] ئەلبانى (523): زەئىپ، ـ دېگەن.

2277 - عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ أَنَّهُ أَخْبَرَهُ أَنَّهُ سَأَلَ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا كَيْفَ كَانَتْ صَلَاةُ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي رَمَضَانَ فَقَالَتْ مَا كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَزِيدُ فِي رَمَضَانَ وَلَا فِي غَيْرِهِ عَلَى إِحْدَى عَشْرَةَ رَكْعَةً يُصَلِّي أَرْبَعًا فَلَا تَسَلْ عَنْ حُسْنِهِنَّ وَطُولِهِنَّ ثُمَّ يُصَلِّي أَرْبَعًا فَلَا تَسَلْ عَنْ حُسْنِهِنَّ وَطُولِهِنَّ ثُمَّ يُصَلِّي ثَلَاثًا قَالَتْ عَائِشَةُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَتَنَامُ قَبْلَ أَنْ تُوتِرَ فَقَالَ يَا عَائِشَةُ إِنَّ عَيْنَيَّ تَنَامَانِ وَلَا يَنَامُ قَلْبِي.

2277 ـ ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان ئېيىدىكى نامىزى قانداق ئىدى؟ ـ دەپ سورىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ۋە باشقا ۋاقىتلاردا ئون بىر رەكئەتتىن ئاشۇرمايتتى. ئاۋۋال تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى سەن ئۇ نامازنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى سورىمايلا قوي. ئاندىن يەنە تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى، بۇنىڭمۇ گۈزەللىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى سورىمايلا قوي. ئۇنىدىن كېيىن ئۈچ رەكئەت ئوقۇيتتى. مەن (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا):

ــ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! ۋىتىر ئوقۇماستىن ئۇخلامسەن؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ ئى ئائىشە! مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئۇخلىمايدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1148)

2278 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ احْتَجَرَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حُجَيْرَةً مُخَصَّفَةً أَوْ حَصِيرًا فَخَرَجَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُصَلِّي فِيهَا فَتَتَبَّعَ إِلَيْهِ رِجَالٌ وَجَاءُوا يُصَلُّونَ بِصَلَاتِهِ ثُمَّ جَاءُوا لَيْلَةً فَحَضَرُوا وَأَبْطَأَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْهُمْ فَلَمْ يَخْرُجْ إِلَيْهِمْ فَرَفَعُوا أَصْوَاتَهُمْ وَحَصَبُوا الْبَابَ فَخَرَجَ إِلَيْهِمْ مُغْضَبًا فَقَالَ

لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا زَالَ بِكُمْ صَنِيعُكُمْ حَتى ظَنَنْتُ أَنهُ سَيُكْتَبُ عَلَيْكُمْ فَعَلَيْكُمْ بِالصلَاةِ فِي بُيُوتِكُمْ فَإِن خَيْرَ صَلَاةِ الْمَرْءِ فِي بَيْتِهِ إِلا الصلَاةَ الْمَكْتُوبَةَ.

2278 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (رامىزاندا) خورما دەرىخىدىن ياكى بورىدىن ياسالغان كىچىك بىر ھۇجرا تۇتۇپ، (تەراۋى) نامىزىنى شۇ يەرگە چىقىپ ئوقۇغانىدى، كىشىلەرمۇ بىر-بىرلەپ ئەگىشىپ چىقىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغىلى تۇردى. ئۇلار بىر كېچىسى يەنە كېلىپ ھازىر بولۇۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقمىدى. ئۇلار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئىشىككە تاش ئاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خاپا بولغان ھالەتتە چىقىپ: «سىلەر بۇ شەكىلدە داۋام قىلىۋەرسەڭلار، (تەراۋى) نامىزى سىلەرگە پەرز بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلدىم. (تەراۋى) نامىزىنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار. چۈنكى پەرزدىن باشقا نامازنى ئۆيدە ئوقۇغان ئەۋزەل» دېدى.

(بۇخارى: 6113)

2279 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا أُنَاسٌ فِي رَمَضَانَ يُصَلونَ فِي نَاحِيَةِ الْمَسْجِدِ فَقَالَ مَا هَؤُلَاءِ فَقِيلَ هَؤُلَاءِ نَاسٌ لَيْسَ مَعَهُمْ قُرْآنٌ وَأُبَي بْنُ كَعْبٍ يُصَلي وَهُمْ يُصَلونَ بِصَلَاتِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَصَابُوا وَنِعْمَ مَا صَنَعُوا.

2279 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رامىزان ئېيى ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا چىقتى. بىر توپ جامائەت مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بۇلار قۇرئاننى ياد بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىكەن، شۇڭا ئۇبەي ئىبنى كەئبكە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ. ـ دېيىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ بۇلار توغرىسىنى تېپىپتۇ، ھەجەپمۇ ياخشى ئىش قىلىپتۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1377)

2280 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَبْدٍ الْقَارِي أَنهُ قَالَ خَرَجْتُ مَعَ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لَيْلَةً فِي رَمَضَانَ إِلَى الْمَسْجِدِ فَإِذَا الناسُ أَوْزَاعٌ مُتَفَرقُونَ يُصَلي الرجُلُ لِنَفْسِهِ وَيُصَلي الرجُلُ فَيُصَلي بِصَلَاتِهِ الرهْطُ فَقَالَ عُمَرُ إِني أَرَى لَوْ جَمَعْتُ هَؤُلَاءِ عَلَى قَارِئٍ وَاحِدٍ لَكَانَ أَمْثَلَ ثُم عَزَمَ فَجَمَعَهُمْ عَلَى أُبَي بْنِ كَعْبٍ ثُم خَرَجْتُ مَعَهُ لَيْلَةً أُخْرَى وَالناسُ يُصَلونَ بِصَلَاةِ قَارِئِهِمْ قَالَ عُمَرُ نِعْمَ الْبِدْعَةُ هَذِهِ وَالتِي يَنَامُونَ عَنْهَا أَفْضَلُ مِنْ التِي يَقُومُونَ يُرِيدُ آخِرَ الليْلِ وَكَانَ الناسُ يَقُومُونَ أَولَهُ.

2280 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇلقارى مۇنداق دەيدۇ: بىر رامىزان كېچىسى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەسجىدكە چىقتىم. ئادەملەر ئايرىم ـ ئايرىم، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ (يەنى بەزىلىرى يالغۇز، بەزىلىرى جامائەت بولۇپ) ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇلار ھەممىسى بىر قارىغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا ناھايىتى ياخشى بولغۇدەك، ـ دەپ ئويلىدى. كۆپ ئۆتمەي، رەسمىي قارار قىلىپ، ئۇلارنى يىغىپ، ئۇبەي ئىبنى كەئبنى ئۇلارغا ئىمام قىلىپ تەيىنلىدى. باشقا بىر كېچىسى، يەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مەسجىدكە چىقساق، جامائەت ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بۇنى كۆرۈپ): نېمىدېگەن ياخشى يېڭىلىق بۇ؟! ئەپسۇسكى، ھازىر ئۇخلاپ، كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ئەمەلى بۇلارنىڭكىدىن ئەۋزەلدۇر، ـ دېدى. چۈنكى جامائەت تېخى كېچىنىڭ باش قىسمىدىلا نامازغا تۇرۇۋالغانىدى.

(بۇخارى: 2010)

2281 - عَنْ السائِبِ بْنِ يَزِيدَ أَنهُ قَالَ أَمَرَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ أُبَي بْنَ كَعْبٍ وَتَمِيمًا

---

[1] ئەلبانى (294): زەئىپ، ـ دېگەن.

الدارِي أَنْ يَقُومَا لِلناسِ بِإِحْدَى عَشْرَةَ رَكْعَةً قَالَ وَقَدْ كَانَ الْقَارِئُ يَقْرَأُ بِالْمِئِينَ حَتى كُنا نَعْتَمِدُ عَلَى الْعِصِي مِنْ طُولِ الْقِيَامِ وَمَا كُنا نَنْصَرِفُ إِلا فِي فُرُوعِ الْفَجْرِ.

2281 ـ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەي ئىبنى كەئىب ۋە تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى كىشىلەرگە ئون بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئىمام (قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ) مىئىن[1] قىسمىدىن ئوقۇيتتى، بىز قىيامنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ھاسىغا تايىنىپمۇ قالاتتۇق ۋە ئۆيگە تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغاندا قايتاتتۇق.

(مالىك: 253)

2282 - عَنْ مَالِكٍ عَنْ يَزِيدَ بْنِ رُومَانَ أَنهُ قَالَ كَانَ الناسُ يَقُومُونَ فِي زَمَانِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فِي رَمَضَانَ بِثَلَاثٍ وَعِشْرِينَ رَكْعَةً.

2282 ـ مالىك يەزىد ئىبنى رۇماندىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كىشىلەر (تەراۋى نامىزىنى) يىگىرمە ئۈچ رەكئەت ئوقۇيتتى.

(مالىك: 254)

2283 - عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ قَالَ قُلْتُ لِجَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ أَكُنْتَ تُجَالِسُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نَعَمْ كَثِيرًا كَانَ لَا يَقُومُ مِنْ مُصَلاهُ الذِي يُصَلي فِيهِ الصبْحَ أَوْ الْغَدَاةَ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ فَإِذَا طَلَعَتْ الشمْسُ قَامَ وَكَانُوا يَتَحَدثُونَ فَيَأْخُذُونَ فِي أَمْرِ الْجَاهِلِيةِ فَيَضْحَكُونَ وَيَتَبَسمُ.

2283 ـ سىماك ئىبنى ھەرب مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى سەمۇرەدىن:

— سىلەر (نامازدىن كېيىن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇرامتىڭلار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ھەئە، كۆپ ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

[1] مىئىن: ئايەتلىرىنىڭ سانى ئىككى يۈزدىن يۇقىرى بولغان سۈرىلەرنىڭ ئومۇمى نامى.

كۈن چىققۇچە بامدات نامىزىنى ئوقۇغان يېرىدىن قوپمايتتى. كۈن چىققاندىن كېيىن قوپۇپ كېتەتتى. جامائەت (مەسجىدتە) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، - دېدى.

(مۇسلىم: 670)

2284 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَغْلِبَنكُمْ الْأَعْرَابُ عَلَى اسْمِ صَلَاتِكُمْ أَلَا إِنهَا الْعِشَاءُ وَهُمْ يُعْتِمُونَ بِالْإِبِلِ.

2284 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سەھرالىق ئەرەبلەر خۇپتەن نامىزىنىڭ ئىسمىدا سىلەردىن غالىب كەلمىسۇن. دىققەت قىلىڭلاركى، بۇ نامازنىڭ ئىسمى ئىشا (خۇپتەن) نامىزىدۇر. ئۇلار تۆگىلىرىنى ساغىمىز دەپ كېچىكىپ قالغاچقا، خۇپتەننى ئۆزلىرىنىڭ تەبىرى بويىچە ئەتەمە (كېچىكىش نامىزى) دەپ ئاتىۋالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(مۇسلىم: 644)

2285 - عن عَبْد اللهِ بْن بُرَيْدَةَ قَالَ حَدثَنِي عَبْدُ اللهِ بْنُ مُغَفلٍ الْمُزَنِي أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَغْلِبَنكُمْ الْأَعْرَابُ عَلَى اسْمِ صَلَاتِكُمْ الْمَغْرِبِ قَالَ الْأَعْرَابُ وَتَقُولُ هِيَ الْعِشَاءُ.

2285 - ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سەھرالىق ئەرەبلەر ناماز شامنىڭ ئىسمىنى: بۇ خۇپتەن نامىزىدۇر، - دەپ ئاتاپ، سىلەرنى ئېزىقتۇرۇۋەتمىسۇن، چۈنكى ئۇلار ناماز شامنى ئىشا (خۇپتەن) دەپ ئاتايدۇ» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

(بۇخارى: 563)

2286 - عَنْ أَبِي بَرْزَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَكْرَهُ النوْمَ قَبْلَ الْعِشَاءِ وَالْحَدِيثَ بَعْدَهَا.

2286 ـ ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن پاراڭلىششنى ياخشى كۆرمەيتتى.

(بۇخارى: 568)

2287 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْمُرُ مَعَ أَبِي بَكْرٍ فِي الْأَمْرِ مِنْ أَمْرِ الْمُسْلِمِينَ وَأَنَا مَعَهُمَا.

2287 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە پاراڭلىشاتتى، مەنمۇ ئۇلارغا ھەمسۆھبەت بولاتتىم[1].

(تىرمىزى: 169)

2288 - عَنْ سَالِمِ بْنِ أَبِي الْجَعْدِ قَالَ قَالَ رَجُلٌ قَالَ مِسْعَرٌ أُرَاهُ مِنْ خُزَاعَةَ لَيْتَنِي صَلَّيْتُ فَاسْتَرَحْتُ فَكَأَنهُمْ عَابُوا عَلَيْهِ ذَلِكَ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَا بِلَالُ أَقِمْ الصلَاةَ أَرِحْنَا بِهَا.

2288 ـ سالىم ئىبنى ئەبۇل جەئد مۇنداق دەيدۇ: خۇزائە قەبىلىسىلىك بىر كىشى:

ـ كاشكى ناماز ئوقۇپ، راھەتلەنگەن بولسام، ـ دېگەندى، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارىغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ئى بىلال! نامازغا تەكبىر ئوقۇپ بىزنى راھەتلەندۈرگىن! ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان

[1] ئەلبانى (143): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4985)

2289 - وفي رواية عن بعRض الأنصار رفعه: قُمْ يَا بِلَالُ فَأَرِحْنَا بِالصَّلَاةِ.

2289 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەنسارلاردىن بىرىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىلالغا: «ئى بىلال! قوپ، بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4986)

2290 - عَنْ أَبِي الْعَلَاءِ أَن عُثْمَانَ بْنَ أَبِي الْعَاصِ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن الشيْطَانَ قَدْ حَالَ بَيْنِي وَبَيْنَ صَلَاتِي وَقِرَاءَتِي يَلْبِسُهَا عَلَي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاكَ شَيْطَانٌ يُقَالُ لَهُ خَنْزَبٌ فَإِذَا أَحْسَسْتَهُ فَتَعَوذْ بِاللهِ مِنْهُ وَاتْفِلْ عَلَى يَسَارِكَ ثَلَاثًا قَالَ فَفَعَلْتُ ذَلِكَ فَأَذْهَبَهُ اللهُ عَني.

2290 ـ ئەبۇلئەلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! شەيتان مەن بىلەن نامىزىمنىڭ ئارىسىدا توسقۇنلۇق قىلىپ، قىرائىتىمدە مېنى شەككە سېلىپ قويىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ، خەنزەب دېيىلىدىغان شەيتاندۇر. سەن ئۇنى سەزسەڭ، ئۇنىڭ ۋەسۋەسە سېلىشىدىن ئاللاھقا سېغىنغىن ۋە سول تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرگىن، ـ دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇنداق قىلغان ئىدىم، ئاللاھ ئۇنى (يەنى شەكنى) كۆتۈرىۋەتتى.

(مۇسلىم: 2203)

2291 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ أَبِي الْعَاصِ قَالَ لَما اسْتَعْمَلَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ

---

[1] ئەلبانى (4171): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4172): سەھىھ ـ دېگەن.

وَسَلمَ عَلى الطائِفِ جَعَلَ يَعْرِضُ لِي شَيْءٌ فِي صَلَاتِي حَتى مَا أَدْرِي مَا أُصَلي فَلَما رَأَيْتُ ذَلِكَ رَحَلْتُ إِلى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ ابْنُ أَبِي الْعَاصِ قُلْتُ نَعَمْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ مَا جَاءَ بِكَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ عَرَضَ لِي شَيْءٌ فِي صَلَوَاتِي حَتى مَا أَدْرِي مَا أُصَلي قَالَ ذَاكَ الشيْطَانُ ادْنُهْ فَدَنَوْتُ مِنْهُ فَجَلَسْتُ عَلى صُدُورِ قَدَمَي قَالَ فَضَرَبَ صَدْرِي بِيَدِهِ وَتَفَلَ فِي فَمِي وَقَالَ اخْرُجْ عَدُو اللهِ فَفَعَلَ ذَلِكَ ثَلَاثَ مَراتٍ ثُم قَالَ الْحَقْ بِعَمَلِكَ قَالَ فَقَالَ عُثْمَانُ فَلَعَمْرِي مَا أَحْسِبُهُ خَالَطَنِي بَعْدُ.

2291 ـ ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى تائىفقا خىزمەتكە قويغان ۋاقىتتا، نامىزىمدا نېمىنى ئوقۇغانلىقىمنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە بىر ئىشلار بولاتتى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ئەبۇلئاسنىڭ ئوغلىمۇ، ـ دېدى، مەن:

ـ شۇنداق، ـ دېدىم.

ـ نېمە دەپ كەلدىڭ؟

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ماڭا نامازلىرىمدا نېمىنى ئوقۇغانلىغىمنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، ـ دېدىم.

ــ ئۇ شەيتاندۇر، ماڭا يېقىنلاشقىن، ـ دېدى، مەن يېقىنلىشىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن كۆكسۈمگە ئۇرۇپ، ئاغزىمغا سۈپلەپ قويدى ۋە:

ــ ئى اللهنىڭ دۈشمىنى، چىق! ــ دېدى. بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن:

ـ ئەمدى ئىشىڭغا قايتقىن! ـ دېدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ ئىش قايتا يۈز بەرمىدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3548)

[1] ئەلبانى (2858): سەھىھ ـ دېگەن.

2292 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلوا فِي بُيُوتِكُمْ لَا تَتخِذُوهَا قُبورًا.

2292 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆيۈڭلاردىمۇ ناماز ئوقۇڭلار، ئۆيىنى قەبرىستانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويماڭلار»[1].

(ئەھمەد: 6009؛ بەززار؛ «ئەلكەبىر»)

2293 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا، قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: مَنْ لَمْ تَنْهَهُ صَلَاتُهُ عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ، لَمْ يَزْدَدْ مِنَ اللهِ إِلا بُعْدًا.

2293 ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئوقۇغان نامىزى يامان ۋە ناچار ئىشلاردىن توسۇپ قالالمىغان كىشى اللهتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 11025)

2294 - قَالَ عَبْدُ اللهِ: "مَنْ لَمْ تَأْمُرْهُ صَلَاتُهُ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَهُ عَنِ الْمُنْكَرِ.

2294 ــ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسالمىسا (ئۇنى الله تائالادىن يىراقلاشتۇرىدۇ ــ خالاس)»[3].

(«ئەلكەبىر»: 8543)

[1] ھەيسەمى (3494): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3557): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ئىسىملىك ئىشەنچلىك كىشى بار. لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسى مۇدەللەستۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (3558): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

2295 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صَلَاةُ الْمَرْءِ فِي بَيْتِهِ أَفْضَلُ مِنْ صَلَاتِهِ فِي مَسْجِدِي هَذَا إِلا الْمَكْتُوبَةَ.

2295 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان (نەپلە، سۈننەت قاتارلىق) نامازلىرى مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇغان (نەپلە، سۈننەت) نامازلىرىدىن ئەۋزەلدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1044)

2296 ـ عبد الواحد رفعه قال: «صلاة الرجل في الفلاة إذا أتمها تضاعف على صلاته في الجماعة مثلها».

2296 ـ ئابدۇلۋاھىدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەمنىڭ چۆلدە كامىل ئوقۇغان بىر ۋاخ نامىزى، جامائەت بىلەن ئوقۇغان بىر ۋاخ نامىزىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ھېسابلىنىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2297 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ قَالَ مَنْ عَادَى لِي وَلِيا فَقَدْ آذَنْتُهُ بِالْحَرْبِ وَمَا تَقَربَ إِلَي عَبْدِي بِشَيْءٍ أَحَب إِلَي مِما افْتَرَضْتُ عَلَيْهِ وَمَا يَزَالُ عَبْدِي يَتَقَربُ إِلَي بِالنوَافِلِ حَتى أُحِبهُ فَإِذَا أَحْبَبْتُهُ كُنْتُ سَمْعَهُ الذِي يَسْمَعُ بِهِ وَبَصَرَهُ الذِي يُبْصِرُ بِهِ وَيَدَهُ التِي يَبْطِشُ بِهَا وَرِجْلَهُ التِي يَمْشِي بِهَا وَإِنْ سَأَلَنِي لَأُعْطِيَنهُ وَلَئِنْ اسْتَعَاذَنِي لَأُعِيذَنهُ وَمَا تَرَددْتُ عَنْ شَيْءٍ أَنَا فَاعِلُهُ تَرَددِي عَنْ نَفْسِ الْمُؤْمِنِ يَكْرَهُ الْمَوْتَ وَأَنَا أَكْرَهُ مَسَاءَتَهُ.

2297 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا مۇنداق دېدى: كىمكى مېنىڭ دوستۇمنى دۈشمەن تۇتسا،

[1] ئەلبانى (922): سەھىھ ـ دېگەن.

مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا پەرزلەرنى قىلىشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىشنى قىلىش بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەت بىلەنمۇ مەن ئۇنى دوست تۇتقانغا قەدەر داۋاملىق يېقىنلىشىدۇ. قاچانكى مەن ئۇنى دوست تۇتسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن. ماڭا سىغىنسا، ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن. مەن مۇئمىننىڭ جېنىنى ئېلىشتىن باشقا ھېچبىر ئىشتا تەرەددۇت قىلمايمەن. مۇئمىن بەندەم ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن بولسام، ئۇنىڭ خاپىلىقلىرىنى ياخشى كۆرمەيمەن».

(بۇخارى: 6502)

2298 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ حُبْشِي الْخَثْعَمِي أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُئِلَ أي الْأَعْمَالِ أَفْضَلُ قَالَ طُولُ الْقِيَامِ قِيلَ فَأي الصدَقَةِ أَفْضَلُ قَالَ جَهْدُ الْمُقِل قِيلَ فَأي الْهِجْرَةِ أَفْضَلُ قَالَ مَنْ هَجَرَ مَا حَرمَ اللهُ عَلَيْهِ قِيلَ فَأي الْجِهَادِ أَفْضَلُ قَالَ مَنْ جَاهَدَ الْمُشْرِكِينَ بِمَالِهِ وَنَفْسِهِ قِيلَ فَأي الْقَتْلِ أَشْرَفُ قَالَ مَنْ أُهَرِيقَ دَمُهُ وَعُقِرَ جَوَادُهُ.

2298 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇبشى خەسئەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— قايسى ئەمەل ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورالدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قىيامى ئۇزۇن بولغان ناماز، ـ دەپ جاۋاب بەردى. يەنە:

— قايسى سەدىقە ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورالدى.

ـ تۇرمۇشى ناچار ئادەمنىڭ سەدىقىسى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. يەنە:

ـ قايسى ھىجرەت ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورالدى.

ـ اللە تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى تەرك قىلىش، ـ دەپ جاۋاب بەردى. يەنە:

ـ قايسى جىھاد ئەڭ ئالىي؟ ـ دەپ سورالدى.

ـ پۇل ـ مېلى ۋە جېنى بىلەن بىۋاستە قىلىنغان جىھاد، ـ دېدى. يەنە:

ــ قايسى ئۆلۈم ئەڭ شەرەپلىك؟ ـ دەپ سورالدى.

ــ قېنى اللّٰه تائالا يولىدا ئېقىتىلىپ، ئېتى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئۆلۈمى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1449)

2299 - عَنْ حُرَيْثِ بْنِ قَبِيصَةَ قَالَ قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فَقُلْتُ اللَّهُمَّ يَسِّرْ لِي جَلِيسًا صَالِحًا قَالَ فَجَلَسْتُ إِلَى أَبِي هُرَيْرَةَ فَقُلْتُ إِنِّي سَأَلْتُ اللَّهَ أَنْ يَرْزُقَنِي جَلِيسًا صَالِحًا فَحَدِّثْنِي بِحَدِيثٍ سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَعَلَّ اللَّهَ أَنْ يَنْفَعَنِي بِهِ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ أَوَّلَ مَا يُحَاسَبُ بِهِ الْعَبْدُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ عَمَلِهِ صَلَاتُهُ فَإِنْ صَلُحَتْ فَقَدْ أَفْلَحَ وَأَنْجَحَ وَإِنْ فَسَدَتْ فَقَدْ خَابَ وَخَسِرَ فَإِنْ انْتَقَصَ مِنْ فَرِيضَتِهِ شَيْءٌ قَالَ الرَّبُّ عَزَّ وَجَلَّ انْظُرُوا هَلْ لِعَبْدِي مِنْ تَطَوُّعٍ فَيُكَمَّلَ بِهَا مَا انْتَقَصَ مِنْ الْفَرِيضَةِ ثُمَّ يَكُونُ سَائِرُ عَمَلِهِ عَلَى ذَلِكَ.

2299 ـ ھۇرەيس ئىبنى قەبىسە مۇنداق دەيدۇ: مەن مەدىنىگە كېلىپ:

ـ ئى اللّٰه! مېنى ياخشى سورۇنغا مۇيەسسەر قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدىم ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سورۇنىغا مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ئۇنىڭغا:

ـ مەن اللّٰه تائالادىن مېنى ياخشى سورۇنغا مۇيەسسەر قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدىم. اللّٰه مېنى سېنىڭ سورۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلدى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان ھەدىستىن بىرنى دەپ بەرگىن. اللّٰه تائالا بۇ ھەدىسنىڭ سەۋەبى بىلەن مېنى ياخشى ئىشقا نېسىپ قىلسا ئەجەپ ئەمەس، ـ دېدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

«قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرىنچى بولۇپ سورىلىدىغىنى نامازدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى كامىل بولغان

[1] ئەلبانى (1286): سەھىھ ـ دېگەن.

بولسا قوشۇلىدۇ ۋە نىجات تاپىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، پۇشايمان قىلىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ. ئەگەر پەرزدىن بىر نەرسە كېمىيىپ قالسا، الله تائالا: بەندەمنىڭ نەپلە ئىبادىتىگە قاراپ بېقىڭلار! ـ دەيدۇ. ئۇ بەندىنىڭ نەپلە ئىبادىتى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن پەرزدىن كېمىيىپ قالغان يەرلىرى تولۇقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەندىنىڭ قالغان ئەمەللىرىنىڭ سوراقى مۇشۇ رەۋىش بويىچە داۋاملىشىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 413)

[1] ئەلبانى (337): سەھىھ ـ دېگەن.

# جىنازا بۆلۈمى

## كېسەل، مۇسىبەت، كىچىك بالىلارنىڭ ئۆلۈمى، ۋابا كېسىلى ۋە بۇلارغا ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەر

2300 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ وَأَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُمَا سَمِعَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا يُصِيبُ الْمُؤْمِنَ مِنْ وَصَبٍ وَلَا نَصَبٍ وَلَا سَقَمٍ وَلَا حَزَنٍ حَتى الْهَم يُهَمهُ إِلا كُفرَ بِهِ مِنْ سَيئَاتِهِ.

2300ـ ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مۇئمىنگە ئاغرىق، چارچاش، كېسەللىك، قايغۇ ـ ھەسرەت، ھەتتا كىچىك بىر غەم يەتسە، شۇنىڭ بەدىلىگە الله تائالا ئۇ مۇئمىنىنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ». (مۇسلىم: 2573)

2301 - قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ دَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يُوعَكُ وَعْكًا شَدِيدًا فَمَسِسْتُهُ بِيَدِي فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنكَ لَتُوعَكُ وَعْكًا شَدِيدًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَجَلْ إِني أُوعَكُ كَمَا يُوعَكُ رَجُلَانِ مِنْكُمْ فَقُلْتُ ذَلِكَ أَن لَكَ أَجْرَيْنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَجَلْ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يُصِيبُهُ أَذًى مَرَضٌ فَمَا سِوَاهُ إِلا حَط اللهُ لَهُ سَيئَاتِهِ كَمَا تَحُط الشجَرَةُ وَرَقَهَا.

2301 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ

ناھايىتى ئاغرىپ يېتىپتۇ. قولۇمنى بەدىنىگە تەگكۈزۈپ بېقىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بەدىنىڭ بەك قىزىپ كېتىپتۇ، ـ دېسەم:

ـــ شۇنداق، مەن سىلەردىن ئىككى ئادەم ئاغرىغاندەك قىزىپ كەتتىم، ـ دېدى.

ـ ئۇنداق بولسا، ساڭا ئىككى ھەسسە ئەجىر بولىدىكەن، ـ دېسەم:

ـ شۇنداق. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا كېسەل، ياكى باشقا بىرەر ئەزىيەت يەتسە، ئاللاھ ئۇ مۇسۇلماننىڭ خاتالىقلىرىنى خۇددى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى تۆككەندەك تۆكىۋېتىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5660)

2302 - عن جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَى أُم السائِبِ أَوْ أُم الْمُسَيبِ فَقَالَ مَا لَكِ يَا أُم السائِبِ أَوْ يَا أُم الْمُسَيبِ تُزَفْزِفِينَ قَالَتْ الْحُمى لَا بَارَكَ اللهُ فِيهَا فَقَالَ لَا تَسُبي الْحُمى فَإِنهَا تُذْهِبُ خَطَايَا بَنِي آدَمَ كَمَا يُذْهِبُ الْكِيرُ خَبَثَ الْحَدِيدِ.

2302 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سائىب ياكى ئۇممۇ مۇسەييەبنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

ـ ئى ئۇممۇ سائىب (ياكى ئۇممۇ مۇسەييەب)! ساڭا نېمە بولدى، تىترەيسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:

ـــ بەزگەك بولۇپ قالدىم، ئاللاھ تائالا بۇ كېسەلنى ھېچ كىمگە كۆرسەتمىسۇن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بەزگەكنى تىللىما، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ خاتالىقلىرىنى خۇددى كۆرەك تۆمۈرنىڭ داتلىرىنى يوق قىلغاندەك يوق قىلىۋېتىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2575)

2303 عن- أبي هريرة - رضي الله عنه - أن رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- «عاد Ĩموما، فقال: أبْشِرْ، فإن الله تعالى يقول: هي ناري، أُسَلطُها على عبدي المؤمن، لتكون حَظهُ من النار».

2303 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزگەك كېسىلى بولۇپ قالغان بىر ئادەمنى يوقلاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن:

ــ (بۇ ھالىڭدىن) سۆيۈنگىن! چۈنكى الله تائالا: مەن بەزگەكنى مۇئمىن بەندەمنىڭ جەھەننەمدىكى نېسىۋىسىنىڭ بىر پارچىسى قىلدىم[1]، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2304 - عَنْ مَالِكٍ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن رَجُلًا جَاءَهُ الْمَوْتُ فِي زَمَانِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَجُلٌ هَنِيئًا لَهُ مَاتَ وَلَمْ يُبْتَلَ بِمَرَضٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيْحَكَ وَمَا يُدْرِيكَ لَوْ أَن اللهَ ابْتَلَاهُ بِمَرَضٍ يُكَفرُ بِهِ عَنْهُ مِنْ سَيئَاتِهِ.

2304 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر ئادەم ۋاپات بولغان ئىدى، يەنە بىر ئادەم:

ــ ئۇ نېمىدېگەن تەلەيلىك! ھېچقانداق ئاغرىق ـ سىلاقىنىڭ دەردىنى تارتمايلا ۋاپات بولدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ۋاي ساڭا! سەن نېمىنى بىلىسەن. الله ئۇ ئادەمنى كېسەل قىلغان بولسا، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى، ـ دېدى.

(مالىك: 1753)

2305 - وفي رواية وزاد: فَقَالَ إِن الْمُؤْمِنَ إِذَا أَصَابَهُ السقَمُ ثُم أَعْفَاهُ اللهُ مِنْهُ كَانَ كَفارَةً لِمَا مَضَى مِنْ ذُنُوبِهِ وَمَوْعِظَةً لَهُ فِيمَا يَسْتَقْبِلُ وَإِن الْمُنَافِقَ إِذَا مَرِضَ ثُم أُعْفِيَ كَانَ كَالْبَعِيرِ عَقَلَهُ أَهْلُهُ ثُم أَرْسَلُوهُ فَلَمْ يَدْرِ لِمَ عَقَلُوهُ وَلَمْ يَدْرِ لِمَ أَرْسَلُوهُ.

2305 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇلار قوشۇپ بايان قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

[1] يەنى مۇشۇ ئارقىلىق مۇئمىن بەندىنىڭ جەھەننەمدىكى نېسىۋىسى تۈگەيدۇ.

«مۆئمىن كېسەل بولۇپ، كېيىن الله ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسە، ئۆتۈپ كەتكەن گۇناھلىرىغا كەففارەت، كەلگۈسى ھاياتىغا ئىبرەت بولىدۇ. مۇناپىق كېسەل بولۇپ ساقايسا، ئىگىسى باشتا باغلاپ قويۇپ، كېيىن قويۇپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن باغلاپ، يەنە نېمە ئۈچۈن قويۇۋەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغان تۆگىگە ئوخشاپ قالىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3089)

2306 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ عِظَمُ الْجَزَاءِ مَعَ عِظَمِ الْبَلَاءِ وَإِن اللهَ إِذَا أَحَب قَوْمًا ابْتَلَاهُمْ فَمَنْ رَضِيَ فَلَهُ الرضَا وَمَنْ سَخِطَ فَلَهُ السخْطُ.

2306 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۈيۈك ئىنئام بۈيۈك بالايى - ئاپەت بىلەن بىللە بولىدۇ. الله بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇلارغا بالايى - ئاپەت بېرىدۇ. كىمكى بۇنىڭغا رازى بولسا، اللهمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. كىمكى بۇنىڭغا رازى بولمىسا، الله ئۇنىڭغا غەزەبلىنىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە:4031)

2307 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوَد أَهْلُ الْعَافِيَةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ حِينَ يُعْطَى أَهْلُ الْبَلَاءِ الثوَابَ لَوْ أَن جُلُودَهُمْ كَانَتْ قُرِضَتْ فِي الدنْيَا بِالْمَقَارِيضِ.

2307 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

«قىيامەت كۈنى، دۇنيادا مۇسىبەت يەتكەن كىشىلەرگە ساۋاب بېرىلگەندە، مۇسىبەت يەتمەي ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر: دۇنيادىكى چېغىمىزدا تېرىلىرىمىز قايچىلار بىلەن بولسىمۇ قىرقىلغان بولسىچۇ

[1] ئەلبانى (679): زەئىپ، - دېگەن.
[2] ئەلبانى (3256): ھەسەن، - دېگەن.

(يەنى قاتتىق ئازابقا قالغان بولساقچۇ)، - دەپ ئارزۇ قىلىشىپ كېتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2402)

2308 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يَزَالُ الْبَلَاءُ بِالْمُؤْمِنِ وَالْمُؤْمِنَةِ فِي نَفْسِهِ وَوَلَدِهِ وَمَالِهِ حَتى يَلْقَى اللهَ وَمَا عَلَيْهِ خَطِيئَةٌ.

2308 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

«مۇئمىن ئەر ۋە ئايالنىڭ نەپسىگە، بالا ـ ۋاقىسى ۋە پۇل ـ مېلىغا داۋاملىق مۇسىبەت يېتىپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇلار الله تائالا بىلەن ھېچقانداق گۇناھى يوق ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2399)

2309 - قَالَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ مَهْدِي السلمِي عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن الْعَبْدَ إِذَا سَبَقَتْ لَهُ مِنْ اللهِ مَنْزِلَةٌ لَمْ يَبْلُغْهَا بِعَمَلِهِ ابْتَلَاهُ اللهُ فِي جَسَدِهِ أَوْ فِي مَالِهِ أَوْ فِي وَلَدِهِ قَالَ أَبُو دَاوُد زَادَ ابْنُ نُفَيْلٍ ثُم صَبرَهُ عَلَى ذَلِكَ ثُم اتفَقَا حَتى يُبْلِغَهُ الْمَنْزِلَةَ التِي سَبَقَتْ لَهُ مِنْ اللهِ تَعَالَى.

2309 ـ ئىبراھىم ئىبنى مەھدى سەلەمى دادىسى ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله بىر بەندىگە بىر مەرتىۋە پۈتۈپ، ئۇ بەندە ئۇ مەرتىۋىگە ئەمەلى بىلەن يېتەلمىگەن بولسا، الله ئۇنىڭ بەدىنى ياكى پۇل ـ مېلى ۋەياكى ئائىلىسىگە بالا ـ قازا بېرىش بىلەن بىرگە، شۇ بالاغا تاقابىل تۇرغىدەك سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق، الله ئۇ

---

[1] ئەلبانى (1960): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1957): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

بەندىنى يۈتۈلگەن مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3090)

2310 - عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أي الناس أَشَد بَلَاءً قَالَ الْأَنْبِيَاءُ ثُم الْأَمْثَلُ فَالْأَمْثَلُ فَيُبْتَلَى الرجُلُ عَلَى حَسَبِ دِينِهِ فَإِنْ كَانَ دِينُهُ صُلْبًا اشْتَد بَلَاؤُهُ وَإِنْ كَانَ فِي دِينِهِ رِقةٌ ابْتُلِيَ عَلَى حَسَبِ دِينِهِ فَمَا يَبْرَحُ الْبَلَاءُ بِالْعَبْدِ حَتى يَتْرُكَهُ يَمْشِي عَلَى الْأَرْضِ مَا عَلَيْهِ خَطِيئَةٌ.

2310 ـ مۇسئەب ئىبنى سەئد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ قايسى كىشىلەرگە بالايى ـ ئاپەت بەك قاتتىق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ پەيغەمبەرلەر، ئۇنىدىن كېيىن قالغانلار مەرتىۋىسى بويىچە بولىدۇ. كىشى ئىمانىغا لايىق دەرىجىدە سىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى چىڭ بولسا، بالاسى قاتتىق بولىدۇ. ئىمانى سۇس بولسا، بالاسى يەڭگىل بولىدۇ. كىشىگە بالايى ـ ئاپەت داۋاملىق كېلىۋېرىپ، ئاخىرى بالايى ـ ئاپەت ئۇ كىشىنى گۇناھسىز ھالغا كەلتۈرىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 2398)

2311- أنس - رضي الله عنه - أن رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- قال: «إن الرب سُبحانه يقول: وعِزَّتي وجَلالي لا أخرِج أحَدا من الدنيا أريدُ أن أغفِرَ لَه حتى أستوْفيَ كل خطيئة في عُنقه بِسُقْم في بَدَنه، وإقتار في رِزْقه».

2311 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئىززىتىم ۋە ھۆرمىتىم بىلەن

[1] ئەلبانى (2649): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1956): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

قەسەمكى، مەن مەغپىرەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق كىشىنى، ئۇنىڭ پۈتۈن گۇناھىنى بەدىنىگە كېسەل بېرىش، رىزقىنى كېمەيتىش بىلەن تۈگەتمىگىچىلىك دۇنيادىن چىقارمايمەن».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2312- عن شقيق بن عبد الله - رحمه الله - قال: مَرِضَ عبدُ الله، فعدناه، فجعل يَبكي، فعوتب، فقال: إني لا أبكي لأجل المرض، لأني سمعتُ رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- يقول: «المرض كفارة». وإنما أبكي أنه أصابه على حال فترة، ولم يُصِبْه في حال اجتهاد، لأنه يُكتَب لِلْعبد من الأجر إذا مَرِض ما كان يُكتب له قبل أن يَمرض فَمَنَعَهُ منه المرض.

2312 ـ شەقىق مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئاغرىپ قالغان ئىدى، بىز يوقلاپ بارساق، يىغلىغىلى تۇرغانىدى، باشقىلار ئۇنىڭدىن نارازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ:

— مەن كېسەل بولغانلىقىم ئۈچۈن يىغلىمىدىم، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كېسەل گۇناھلارنى يوق قىلغۇچىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. مېنىڭ يىغلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ كېسەل ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنىڭ باردا (يەنى ئىبادەتتە ئاكتىپ ۋاقتىمدا) كەلمەي، ماغدۇرۇم قالمىغانلىقتىن (ئىبادەتتە زەئىپلىشىپ قالغان) ۋاقتىتا كەلدى. چۈنكى بەندە كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا، كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى قىلىپ كېلىۋاتقان ئەمەللىرىنى (كېسەل سەۋەبىدىن) قىلالمىغان بولسىمۇ، ساۋابى ساق ۋاقتىدا قىلغاندەكلا يېزىلىپ تۇرىدۇ، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2313 - عن أنس-رضي الله عنه- أن رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم-قال: «إنما المريض إذا مَرِض وصَح كالْبَرَدَةِ تقع من السماء في صَفَائها وخلوصها».

2313 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

«كېسەل بولۇپ، ساقايغان كىشى ئاسماندىن ياغقان سۈزۈك ۋە ساپ مۆلدۈرگە ئوخشايدۇ»[1].

(رەزىن، بەززار، «ئەلئەۋسەت»)

2314 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَتْ النسَاءُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَلَبَنَا عَلَيْكَ الرجَالُ فَاجْعَلْ لَنَا يَوْمًا مِنْ نَفْسِكَ فَوَعَدَهُن يَوْمًا لَقِيَهُن فِيهِ فَوَعَظَهُن وَأَمَرَهُن فَكَانَ فِيمَا قَالَ لَهُن مَا مِنْكُن امْرَأَةٌ تُقَدمُ ثَلَاثَةً مِنْ وَلَدِهَا إِلا كَانَ لَهَا حِجَابًا مِنْ النارِ فَقَالَتْ امْرَأَةٌ وَاثْنَيْنِ فَقَالَ وَاثْنَيْنِ.

2314 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاياللار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

- ئەرلەر (سەندىن ۋەز - نەسىھەت ئاڭلاشتا) بىزدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا بىز ئۇچۇن مەخسۇس بىر كۈن بېكىتىپ بەرگىن! - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەخسۇس بىر كۈننى بېكىتىپ، ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت، ئەمىر - پەرمانلارنى يەتكۈزەتتى. شۇ ۋەز - نەسىھەتلەرنىڭ بىرىدە:

- قايسى بىرىڭلارنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلار ئانىلىرى بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدا پەردە بولىدۇ، - دېدى. بىر ئايال:

- ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، شۇنداق بولىدۇ، - دېدى.

(بۇخارى: 102)

2315 - لرزين: إن السقْط لَمُحْبَنطِئًا عند باب الجنة، حتى يجيءَ أبواه.

2315 - رەزىن مۇنداق رىۋايەت قىلدى: چۈشۈپ كەتكەن بالا ئاتا - ئانىسى كەلگىچە، جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدا ساقلاپ تۇرىدۇ.

---

[1] ھەيسەمى (3807): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋەلىد ئىبنى مۇھەممەد مۇۋەقىرى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، - دېگەن.

2316 - عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن السقْطَ لَيُرَاغِمُ رَبهُ إِذَا أَدْخَلَ أَبَوَيْهِ النارَ فَيُقَالُ أَيهَا السقْطُ الْمُرَاغِمُ رَبهُ أَدْخِلْ أَبَوَيْكَ الْجَنةَ فَيَجُرهُمَا بِسَرَرِهِ حَتى يُدْخِلَهُمَا الْجَنةَ.

2316 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چۈشۈپ كەتكەن بالا ئاتا ـ ئانىسى دوزاخقا كىرىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، پەرۋەردىگارى بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن: ئى پەرۋەردىگارى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن چاچرانىدى![1] ئاتا ـ ئاناڭنى جەننەتكە ئەكىرىۋال، ـ دېيىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى كىندىكى بىلەن سۆرەپ، جەننەتكە ئەكىرىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 1608)

2317 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَدمَ ثَلَاثَةً لَمْ يَبْلُغُوا الْحُلُمَ كَانُوا لَهُ حِصْنًا حَصِينًا مِنْ النارِ قَالَ أَبُو ذَر قَدمْتُ اثْنَيْنِ قَالَ وَاثْنَيْنِ فَقَالَ أُبَي بْنُ كَعْبٍ سَيدُ الْقُراءِ قَدمْتُ وَاحِدًا قَالَ وَوَاحِدًا وَلَكِنْ إِنمَا ذَاكَ عِنْدَ الصدْمَةِ الْأُولَى.

2317 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمنىڭ ئۈچ بالىسى بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلار قىيامەتتە ئۇنى دوزاختىن توسىدىغان مۇستەھكەم قورغان بولىدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مېنىڭ ئىككى بالام شۇنداق بولدى، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبە سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىككىسى بولسىمۇ، شۇنداق بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇنىدىن كېيىن قارىلارنىڭ پېشىۋاسى ئۇبەي ئىبنى كەئب:

ــ مېنىڭمۇ بىرسى شۇنداق بولدى، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر

---

[1] چۈشۈپ كەتكەن بالا.

[2] ئەلبانى (353): زەئىپ، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىرسى بولسىمۇ، شۇنداق بولىدۇ. لېكىن مۇسىبەت كەلگەن چاغنىڭ ئۆزىدە سەۋر قىلالىشتا باغلىق، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1061)

2318 - عَنْ صَعْصَعَةَ بْنِ مُعَاوِيَةَ قَالَ لَقِيتُ أَبَا ذَرٍ قُلْتُ حَدِّثْنِي قَالَ نَعَمْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا مِنْ مُسْلِمَيْنِ يَمُوتُ بَيْنَهُمَا ثَلَاثَةُ أَوْلَادٍ لَمْ يَبْلُغُوا الْحِنْثَ إِلَّا غَفَرَ اللَّهُ لَهُمَا بِفَضْلِ رَحْمَتِهِ إِيَّاهُمْ.

2318 ـ سەئسەئە ئىبنى مۇئاۋىيە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

ـ ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن! ـ دېسەم، ئۇ ماقۇل بولۇپ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ئەر ـ خوتۇننىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، الله تائالا پەزلى ـ رەھمىتى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىۋېتىدۇ»[2].

(نەسائى: 1874)

2319 - عن ابْنَ عَبَّاسٍ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ كَانَ لَهُ فَرَطَانِ مِنْ أُمَّتِي أَدْخَلَهُ اللَّهُ بِهِمَا الْجَنَّةَ فَقَالَتْ عَائِشَةُ فَمَنْ كَانَ لَهُ فَرَطٌ مِنْ أُمَّتِكَ قَالَ وَمَنْ كَانَ لَهُ فَرَطٌ يَا مُوَفَّقَةُ قَالَتْ فَمَنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ فَرَطٌ مِنْ أُمَّتِكَ قَالَ فَأَنَا فَرَطٌ أُمَّتِي لَنْ يُصَابُوا بِمِثْلِي.

2319 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۈممىتىمدىن كىمنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى بالىسى بولسا، الله ئۇ كىشىنى شۇ ئىككى بالىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن

---

[1] ئەلبانى (179): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1768): سەھىھ ـ دېگەن.

جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ بىر بالىسى بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئائىشە! بىرسى بولسىمۇ، شۇنداق بولىدۇ، ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە:

ـ ئۈممىتىڭدىن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ھېچبىر بالىسى بولمىغانلارچۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلارغا مەن بار. چۈنكى ئۇلارغا مېنىڭ ئۆلۈمىمدىنمۇ ئارتۇق مۇسىبەت بولمايدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1062)

2320 - عن عبد الله بن مسعود قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: مَنْ مَاتَ لَهُ وَلَدٌ ذَكَرٌ أَوْ أُنثَى، سَلِمَ أَوْ لَمْ يُسَلِمْ، رَضِيَ أَوْ لَمْ يَرْضَ، صبر أو لم يصبر لَمْ يَكُنْ لَهُ ثَوَابٌ إلا الْجَنةَ.

2320 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشىنىڭ ئەركەك ياكى قىز بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، (بالىسى ئۆلگەن) ئۇ ئادەم كەلگەن بۇ مۇسىبەتكە رازى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، سەۋر قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر»[2].

(«ئەلكەبىر»: 10034؛ «ئەلئەۋسەت»)

2321 - عن أنس بن مالك، قال: وقف رسول الله صلى الله عليه وسلم على ƒلس ب‡ سلمة فقال: «يا ب‡ سلمة، ما الرقوب فيكمÝ» قالوا: الذي لا ولد له. قال: «بل هو الذي لا فرŕ له». قال: «ما المعدم فيكمÝ» قالوا: الذي لا مال له. قال: «بل هو

[1] ئەلبانى (180): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3998): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەمر ئىبنى خالىد ئەئشا ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

الذي يقدم وليس له عند الله خير».

2321 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى سەلەمە سورۇنىدا تۇرۇپ:

ــ ئى بەنى سەلەمە! ئاراڭلاردىن كىمنى رەقۇب (ئىز باسارى ياكى مىراسخورى يوق) دەپ قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ بالىسى يوق كىشىنى دەيمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، ئۆزىدىن بۇرۇن بالىسى ئۆلۈپ كەتمىگەن كىشىدۇر، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ ئاراڭلاردىن كىمنى مۇئدىم (ھېچنېمىسى يوق) دەپ قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ پۇل ـ مېلى يوق كىشىنى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، ئۆزىدىن بۇرۇن بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئەمما اللەنىڭ دەرگاھىدا ئۇ بالا ھېچ نېمىگە ئەسقاتمىغان كىشى مۇئدىم (ھېچنېمىسى يوق كىشى) دۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار)

2322 - عن سهل بن حنيف قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من لم يكن له منكم فرط لم يدخل الجنة إلا تصريدا قال يارسول الله ما لكلنا فرط قال أو ليس من فرط أحدكم أن يفقد أخاه المسلم.

2322 ـ سەھل ئىبنى ھەنىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇممىتىمدىن ئۆزىدىن بۇرۇن بالىسى ئۆلۈپ كەتمىگەن كىشىلەردىن جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ سانى بەكمۇ ئاز، ـ دېدى. بىر كىشى:

---

[1] ھەيسەمى (4001): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ھەممىمىزنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتمىگەن تۇرسا؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ مۇسۇلمان بۇرادىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، ئۆزىدىن بۇرۇن بالىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئوخشىمامدۇ؟ ـ دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

2323 - عَنِ ابْنِ عَبَاسٍ، قَالَ: لَمَا عُزِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِابْنَتِهِ رُقَيَةَ امْرَأَةِ عُثْمَانَ بن عَفانَ، قَالَ: الْحَمْدُ لِلهِ دَفْنُ الْبَنَاتِ مِنَ الْمُكْرَمَاتِ.

2323 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىزى رۇقىيەنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن تەزىيە بىلدۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۇ (رەسۇلۇللاھ): «ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا بولسۇنكى، (ئۆلۈپ كەتكەن) قىزلارنى دەپنە قىلىش كاتتا ساۋابلىق ئىشتۇر» دېدى[②].

(بەززار؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

2324 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَسِقْطٌ أُقَدِمُهُ بَيْنَ يَدَي أَحَب إِلَي مِنْ فَارِسٍ أُخَلِفُهُ خَلْفِي.

2324 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چۈشۈپ كەتكەن بالىنى ئۆزەمدىن بۇرۇن ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىش، مەن ئۈچۈن ئارقامدا ئاتلىق ئەسكەرنى قالدۇرۇپ قويۇشتىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر»[③].

(ئىبنى ماجە: 1607)

---

[①] ھەيسەمى (4005): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (4006): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئوسمان ئىبنى ئەتا خۇراسانى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (352): زەئىپ، ـ دېگەن.

2325 - عن أبي الدرداء قال ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم العافية وما أعد الله لصاحبها من جزيل الثواب إذا هو شكر وذكر البلاء وما أعد الله لصاحبه من جزيل الثواب إذا هو صبر فقال أبو الدرداء يارسول الله لان أعافي فاشكر أحب إلي من أن ابتلى فأصبر فقال رسول الله يحب معك العافية.

2325 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالامەتلىك ۋە ئۆزىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىگە شۈكرى قىلغان كىشىنىڭ بۈيۈك ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى؛ ئاندىن مۇسىبەت ۋە ئۇنىڭغا يولۇقۇپ سەۋر قىلغان كىشىنىڭ كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتى. مەن:

ـ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! سالامەت بولۇپ شۈكۈر قىلىش، مەن ئۈچۈن، مۇسىبەتكە گىرىپتار بولۇپ سەۋر قىلىشتىن سۆيۈملۈكرەك. ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اللەنىڭ ئەلچىسىمۇ ساڭا ئوخشاش سالامەتلىكنى سۆيىدۇ. ـ دېدى[1].

(«ئەلسەغىر»: 304)

2326 - عن البراء بن عازب قال: قال رسول الله صلى الله عليه وآله وسلم: «ما اختلج عرق ولا عين إلا بذنب، وما يدفع الله عنه أكثر».

2326 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر تومۇر ياكى كۆزنىڭ ئاغرىشى ئۆتكۈزۈلگەن بىر گۇناھنىڭ سەۋەبىدىندۇر. لېكىن الله تائالا ئۇنى ئەپۇ قىلىپ نۇرغۇن كېسەللەردىن ساقلايدۇ»[2].

(«ئەلسەغىر»)

---

[1] ھەيسەمى (3729): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۈچىلى كىتابىدا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى بەرا ئىبنى نەزر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3755): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەلت ئىبنى بەھرام ئىسىملىك ئىشەنچلىك بىرى بار. لېكىن ئۇ مۇرجىئە ئەقىدىسىدىكى قەۋمگە تەۋەدۇر. ـ دېگەن.

2327 - عن عمرو بن مرة قال لما أنزل الله عزوجل إن الله ليبتلي العبد وهو يحب يسمع تضرعه.

2327 ـ ئەمر ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا بەندىسىنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ، بەندىسىنىڭ ئۆزىگە يالۋۇرۇشلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن سۆزمۇ الله تائالا نازىل قىلغان ۋەھىيلەر قاتارىدىن ئىدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 1267)

2328 - عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يزال المليلة والصداع بالعبد والامة وإن عليهما من الخطايا مثل أحد فما يدعهما وعليهما مثقال خردلة.

2328 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەدەن قىزىش، باش ئاغرىش قاتارلىق ئاغرىق ـ سىلاقلار ئەر ـ ئاياللاردا داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇھۇد تېغىدەك چوڭ گۇناھى بولسىمۇ، ئەنە شۇ ئاغرىق ـ سىلاقلار سەۋەبىدىن ھەتتا تېرىقچىلىق خاتالىقىمۇ قالمايدۇ»[②].

(مەۋسىلى: 6150)

2329 - عن أبي الدرداء، رفعه: إن المؤمن إذا مرض لم يؤجر في مرضه ولكن يكفر الله عنه.

2329 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن كېسەل بولسا، كېسىلىگە ساۋاب بېرىلمەيدۇ. لېكىن، الله

---

[①] ھەيسەمى (3757): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3797): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئۇ مۇئمىنلىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

2330 ـ وله عن ابن مسعود مثله موقوفا.

2330 ـ تەبەرانى يەنە بىر رىۋايىتىدە ئىبنى مەسئۇدتىن يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى مەۋقۇف ھالەتتە رىۋايەت قىلغان[2].

(«ئەلكەبىر»: 8506)

2331 - عن عائشة قالت: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «ما ضرب على مؤمن عرق قط إلا حط الله عنه به خطيئة، وكتب له حسنة، ورفع له درجة».

2331 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«مۇئمىن ھەرقانداق كېسەلگە گىرىپتار بولسا، الله ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئەپۇ قىلىپ، بىر ساۋاب يازىدۇ ۋە بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

2332 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُصِيبُ الْمُؤْمِنَ شَوْكَةٌ فَمَا فَوْقَهَا إلا رَفَعَهُ اللهُ بِهَا دَرَجَةً وَحَط عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةً.

2332 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىننىڭ پۇتىغا تىكەن ياكى ئۇنىڭدىن يامانراق بىر نەرسە

---

[1] ھەيسەمى (3789): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەفس ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەبۇلقاسىم ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدىم، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3790): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (3816): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

كىرىپ كەتسە، الله ئۇ مۇئمىنىنى بىر دەرىجە كۆتۈرۈپ، بىر خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 965)

2333 - ولqlوسط والصغير بضعف: إلا كتب الله له عشر حسنات وكفر عنـه عشر سيئات ورفع له ŏا عشر درجات.

2333 ـ تەبەرانى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ داۋامىنى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «الله ئۇ مۇئمىنگە ئون ساۋاب يېزىپ، ئون خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئون دەرىجە كۆتۈرىدۇ»[2].

((«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

2334 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: يُؤْتَى بِالشهِيدِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيُنْصَبُ لِلْحِسَابِ، وَيُؤْتَى بِالْمُتَصَدقِ فَيُنْصَبُ لِلْحِسَابِ، ثُم يُؤْتَى بِأَهْلِ الْبلاءِ وَلا يُنْصَبُ لَهُمْ مِيزَانٌ، وَلا يُنْشَرُ لَهُمْ دِيوَانٌ، فَيُصَب عَلَيْهِمُ الأَجْرُ صَبا، حَتى إِن أَهْلَ الْعَافِيَـةِ لَيَتَمَنوْنَ فِي الْمَوْقِفِ أَن أَجْسَادَهُمْ قُرِضَتْ بِالْمَقَارِيR مِنْ حُسْنِ ثَوَابِ اللهِ لَهُمْ.

2334 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى شېھىد كەلتۈرۈلۈپ، ھېساب ئېلىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلىدۇ. سەدىقە بەرگەن كىشىمۇ كەلتۈرۈلۈپ تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن مۇسىبەتكە يولۇققانلار كەلتۈرۈلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى تارتىش ئۈچۈن تارازا قويۇلمايدۇ، ئەمەللىرى يېزىلغان كىتابلار كەلتۈرۈلمەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا ساۋاب سۇدەك تۆكۈلىدۇ. الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن مۇكاپاتىنىڭ ئېسىللىقىدىن، دۇنيادا ساغلام ياشىغان كىشىلەر ئۆز بەدەنلىرىنىڭ قايچىلار بىلەن بولسىمۇ قىرقىلغان

[1] ئەلبانى (771): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3815): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە روھ ئىبنى مۇساپىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

2335 - وله بضعف عن الحسن بن علي رفعه، وفي آخره: وَقَرَأَ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ [الزمر: 10]

2335 ـ تەبەرانى ھەسەن ئىبنى ئەلىدىن زەئىپ سەنەد بىلەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ ئاخىرىدا: ﴿پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ـ دېيىلگەن[3].

(«ئەلكەبىر»: 2760)

2336 - عن أبي عَسِيبٍ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ أَتَانِي جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السَلَام بِالْحُمَى وَالطَاعُونِ فَأَمْسَكْتُ الْحُمَى بِالْمَدِينَةِ وَأَرْسَلْتُ الطَاعُونَ إِلَى الشَامِ فَالطَاعُونُ شَهَادَةٌ لِأُمَتِي وَرَحْمَةٌ لَهُمْ وَرِجْسٌ عَلَى الْكَافِرِينَ.

2336 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازاتگەردىسى ئەبۇ ئەسىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يېنىمغا بەزگەك بىلەن ۋابانى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، بەزگەكنى مەدىنىدە ئېلىپ قېلىپ، ۋابانى شامغا ئەۋەتتىم. ۋابا ئۈممىتىم ئۈچۈن شاھادەت ۋە رەھمەت، كاپىرلار ئۈچۈن

[1] ھەيسەمى (3817): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەجائە ئىبنى زۇبەير ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، دارۇقۇتنى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[2] سۈرە زۇمەر، 10 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (3818): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئد ئىبنى تەرىف ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ئازابتۇر»[1].

(ئەھمەد: 20243؛ «ئەلكەبىر»)

2337 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الطاعُونِ فَأَخْبَرَنِي أَنهُ عَذَابٌ يَبْعَثُهُ اللهُ عَلَى مَنْ يَشَاءُ وَأَن اللهَ جَعَلَهُ رَحْمَةً لِلْمُؤْمِنِينَ لَيْسَ مِنْ أَحَدٍ يَقَعُ الطاعُونُ فَيَمْكُثُ فِي بَلَدِهِ صَابِرًا مُحْتَسِبًا يَعْلَمُ أَنهُ لَا يُصِيبُهُ إِلا مَا كَتَبَ اللهُ لَهُ إِلا كَانَ لَهُ مِثْلُ أَجْرِ شَهِيدٍ.

2337 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋابا كېسىلى توغرىسىدا سورىغانىدىم، مۇنداق دېدى:

«ۋابا كېسىلى الله خالىغان كىشىگە ئەۋەتىدىغان ئازابتۇر. لېكىن الله بۇنى مۇئمىنلەرگە رەھمەت قىلدى. بىر ئادەمگە ۋابا كېسىلى يەتسە، ئۇ ئادەم: الله نېمىنى پۈتسە، شۇ بولىدۇ، - دەپ سەۋر قىلىپ ۋە اللهتىن ئەجىر كۈتۈپ (ئۆزىگە ۋابا يەتكەن شۇ يۇرتتىن ئايرىلماي) تۇرسا، ئۇ ئادەمگە شېھىدنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ».

(بۇخارى: 3474)

2338 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ خَرَجَ إِلَى الشأْمِ حَتى إِذَا كَانَ بِسَرْغَ لَقِيَهُ أُمَرَاءُ الْأَجْنَادِ أَبُو عُبَيْدَةَ بْنُ الْجَراحِ وَأَصْحَابُهُ فَأَخْبَرُوهُ أَن الْوَبَاءَ قَدْ وَقَعَ بِأَرْضِ الشأْمِ قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَقَالَ عُمَرُ ادْعُ لِي الْمُهَاجِرِينَ الْأَولِينَ فَدَعَاهُمْ فَاسْتَشَارَهُمْ وَأَخْبَرَهُمْ أَن الْوَبَاءَ قَدْ وَقَعَ بِالشأْمِ فَاخْتَلَفُوا فَقَالَ بَعْضُهُمْ قَدْ خَرَجْتَ لِأَمْرٍ وَلَا نَرَى أَنْ تَرْجِعَ عَنْهُ وَقَالَ بَعْضُهُمْ مَعَكَ بَقِيةُ الناسِ وَأَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا نَرَى أَنْ تُقْدِمَهُمْ عَلَى هَذَا الْوَبَاءِ فَقَالَ ارْتَفِعُوا عَني ثُم قَالَ ادْعُوا لِي الْأَنْصَارَ فَدَعَوْتُهُمْ فَاسْتَشَارَهُمْ فَسَلَكُوا سَبِيلَ الْمُهَاجِرِينَ وَاخْتَلَفُوا كَاخْتِلَافِهِمْ فَقَالَ ارْتَفِعُوا عَني ثُم قَالَ ادْعُ لِي مَنْ كَانَ هَا هُنَا مِنْ مَشْيَخَةِ قُرَيْشٍ مِنْ مُهَاجِرَةِ الْفَتْحِ فَدَعَوْتُهُمْ فَلَمْ يَخْتَلِفْ

[1] ھەيسەمى (3853): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

مِنْهُمْ عَلَيْهِ رَجُلَانِ فَقَالُوا نَرَى أَنْ تَرْجِعَ بِالناسِ وَلَا تُقْدِمَهُمْ عَلَى هَذَا الْوَبَاءِ فَنَادَى عُمَرُ فِي الناسِ إِني مُصَبحٌ عَلَى Şَهْرٍ فَأَصْبِحُوا عَلَيْهِ قَالَ أَبُو عُبَيْدَةَ بْنُ الْجَراحِ أَفِرَارًا مِنْ قَدَرِ اللـهِ فَقَالَ عُمَرُ لَوْ غَيْرُكَ قَالَهَا يَا أَبَا عُبَيْدَةَ نَعَمْ نَفِر مِنْ قَدَرِ اللهِ إِلَى قَدَرِ اللهِ أَرَأَيْتَ لَوْ كَانَ لَكَ إِبِلٌ هَبَطَتْ وَادِيًا لَهُ عُدْوَتَانِ إِحْدَاهُمَا خَصِبَةٌ وَالْأُخْرَى جَدْبَةٌ أَلَيْسَ إِنْ رَعَيْـتَ الْخَصْـبَةَ رَعَيْتَهَا بِقَدَرِ اللهِ وَإِنْ رَعَيْتَ الْجَدْبَةَ رَعَيْتَهَا بِقَدَرِ اللهِ قَالَ فَجَاءَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَـوْفٍ وَكَانَ مُتَغَيبًا فِي بَعْRِ حَاجَتِهِ فَقَالَ إِن عِنْدِي فِي هَذَا عِلْمًا سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا سَمِعْتُمْ بِهِ بِأَرْضٍ فَلَا تَقْدُمُوا عَلَيْهِ وَإِذَا وَقَعَ بِأَرْضٍ وَأَنْتُمْ بِهَـا فَلَـا تَخْرُجُوا فِرَارًا مِنْهُ قَالَ فَحَمِدَ اللهَ عُمَرُ ثُم انْصَرَفَ.

2338 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا قاراپ يولغا چىقىپ، سەرغ دېگەن يەرگە كەلگەندە، (شامدىكى) قوشۇنلارنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قاتارلىق قوماندانلىرى ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا شامدا ۋابا كېسىلىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

ــ تۇنجى قېتىم ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنى چاقىرغىن! ــ دېدى. مەن ئۇلارنى چاقىردىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا شامدا ۋابا كېسىلىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، مەسلىھەت بېرىشىنى سورىدى. ئۇلار ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى. بەزىسى:

ــ مۇھىم ئىش ئۈچۈن چىقتىڭ، ئۇنداق بولغاندىكىن قايتىپ كېتىشىڭنى توغرا كۆرمەيمىز، ـ دېسە، يەنە بەزىلىرى:

ــــ يېنىڭدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ۋە باشقا كىشىلەر بار. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارنى بۇ ۋابا كېسىلىگە ئاپىرىشىڭنى توغرا كۆرمەيمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ھۇزۇرۇمدىن چىقىپ كېتىڭلار! ـ دېدى. ئاندىن كېيىن:

ـ ئەنسارلارنى چاقىر! ـ دېدى، چاقىردىم. ئۇلارغا مەسلىھەت سالدى، ئۇلارمۇ مۇھاجىرلاردەك ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بولدى. ئۆمەر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغىمۇ:

— ھۇزۇرۇمدىن چىقىپ كېتىڭلار! ـ دېدى. ئاندىن ماڭا: فەتىھ مۇھاجىرلىرى[1] بولغان قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بۇ يەردە بارلىرىنى چاقىر! — دېدى، چاقىردىم. ئۇلار ھېچقانداق ئىختىلاپلاشماستىن ھەممىسى بىردەك:

— كىشىلەرنى ۋاباغا باشلاپ بارماي، قايتىپ كېتىشىڭنى قوللايمىز، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە:

— مەن ئەتە ئەتىگەن قايتىماقچى، سىلەرمۇ قايتىشقا تەييارلىق قىلىڭلار! ـ دەپ جاكارلىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەرگە:

ـ سەن اللهنىڭ تەقدىرىدىن قېچىپ، قايتىپ كەتمەكچىمۇ؟ ـ دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ھەي ئەبۇ ئۇبەيدە! بۇ گەپنى سەندىن باشقا ئادەم دېگەن بولسا ـ ھە؟! شۇنداق، بىز اللهنىڭ تەقدىرىدىن اللهنىڭ تەقدىرىگە قاچماقچى. ئويلىنىپ باققىنكى، سېنىڭ تۆگىلىرىڭ بولسا ۋە سەن تۆگىلىرىڭ بىلەن بىر تەرىپى يېشىل، يەنە بىر تەرىپى قاقاس بىر جىلغىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى يېشىللىقتا باقساڭ، ئۇ اللهنىڭ تەقدىرى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇلارنى قاقاسلىقتا باقساڭ، ئۇمۇ اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن بولمامدۇ؟ ـ دېدى. شۇ ئەسنادا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيدا بولدى، ئۇ بىر ئىش بىلەن كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردە يوق ئىدى. ئۇ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ بۇ ئىشنى قانداق بىتەرەپ قىلىش ھەققىدە مەلۇماتىم بار. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەر بىر يەردە ۋابا كېسىلى پەيدا بوپتۇ دەپ ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە بارماڭلار. ئەگەر سىلەر تۇرۇۋاتقان يەردە ۋابا كېسىلى يۈز بەرسە، ۋابا كېسىلىدىن قېچىپ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، ـ

---

[1] مەككە فەتھى بولغان يىلى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالاغا ھەمدى ئېيتتى، ئاندىن مەدىنىگە قايتىپ كەتتى.

(بۇخارى: 5729)

2339 - عن عَامِرِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ أنهُ سَمِعَ أُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ يُحَدثُ سَعْدًا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَكَرَ الْوَجَعَ فَقَالَ رِجْزٌ أَوْ عَذَابٌ عُذبَ بِهِ بَعْضُ الْأُمَمِ ثُم بَقِيَ مِنْهُ بَقِيةٌ فَيَذْهَبُ الْمَرةَ وَيَأْتِي الْأُخْرَى فَمَنْ سَمِعَ بِهِ بِأَرْضٍ فَلَا يُقْدِمَن عَلَيْهِ وَمَنْ كَانَ بِأَرْضٍ وَقَعَ بِهَا فَلَا يَخْرُجْ فِرَارًا مِنْهُ.

2339 ـ ئامىر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەئدكە مۇنداق ھەدىس دەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ۋابا دېگەن) كېسەلنىڭ گېپىنى قىلىپ: «بۇ كېسەل بەزى مىللەتلەرگە بېرىلگەن جازا ياكى ئازابنىڭ قالدۇقى بولۇپ، بەزىدە كېتىپ، بەزىدە كېلىدۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن، بىر يەردە بۇ كېسەل پەيدا بوپتۇ دەپ ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە بارماڭلار. ئۆزەڭلار تۇرۇۋاتقان يەردە پەيدا بولسا، ئۇ كېسەلدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەڭلار!» دېدى.

(بۇخارى: 6974)

2340-عن أنس بن مالك- أنه سئل عن الطاعون؟ فقال: هو رحمةُ ربكم، ودعوةُ نبيكم حين سألَ ربه أن يرفع الْهرج عن أُمته، فمُنَعها، قال اللهم فبالطاعون والموت.

2340 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ۋابا كېسىلى توغرىسىدا سورالدى، ئۇ مۇنداق دېدى: ۋابا كېسىلى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بەرگەن رەھمىتى، شۇنداقلا، پەيغەمبىرىڭلار سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئاسىدۇر. ئۇ، پەرۋەردىگارىدىن ئۈممىتىنى پىتنە - پاسات ۋە ئۆز ئارا جەڭگى - جېدەلدىن ساقلىشىنى تىلىگەن ئىدى، پەرۋەردىگارى بۇ تىلەكنى قوبۇل قىلمىغاندا ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! ئۇنداقتا ۋابا ۋە ئۆلۈم بەرگىن!» دېگەنىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2341 ـ وفي رواية : اللهم طعْنا وطاعونا.

2341 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەرۋەردىگارىم! قىرغىنچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2342 - عن فَرْوَةَ بْنَ مُسَيْكٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَرْضٌ عِنْدَنَا يُقَالُ لَهَا أَرْضُ أَبْيَنَ هِيَ أَرْضُ رِيفِنَا وَمِيرَتِنَا وَإِنَهَا وَبِئَةٌ أَوْ قَالَ وَبَاؤُهَا شَدِيدٌ فَقَالَ النبِي دَعْهَا عَنْكَ فَإِن مِنْ الْقَرَفِ التلَفَ.

2342 ـ فەرۋە ئىبنى مۇسەيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىزنىڭ ئەبيەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېرىمىز بار. ئۇ يەر بىزنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ۋە جان باقىدىغان يېرىمىز. لېكىن ئۇ يەردە ۋابا كېسىلى بار (ياكى ۋابا كېسىلى كەڭ تارقالغان)، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ يەرگە بارما. چۈنكى بەزى كېسەل ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3923)

2343 - عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَاءُ أُمتِي بِالطعْنِ وَالطاعُونِ فَقِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا الطعْنُ قَدْ عَرَفْنَاهُ فَمَا الطاعُونُ قَالَ وَخْزُ أَعْدَائِكُمْ مِنْ الْجِن وَفِي كُلٍّ شُهَدَاءُ.

2343 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇممىتىم قىرغىنچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى سەۋەبىدىن تۈگەپ كېتىدۇ، ـ دېدى. بىر ئادەم:

ــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! قىرغىنچىلىقنىغۇ بىلىمىز. ۋابا دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[①] ئەلبانى (846): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

— ۋابا دېگەن، جىنىدىن بولغان دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ چېپىلىپ قويۇشىدۇر. بۇ ئىككىلىسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر شېھىد بولىدۇ، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 19034؛ تەبەرانى ۋە مەۋسىلى)

2344 - عن عائشة رفعته: أن النF صلى الله عليه وسلم قال وخزة تصيب أمـ Ɣ من أعدائهم الجن غدة كغدة الابل من أقام عليها كان مرابطا ومن أصيب به كان شهيدا ومن فَر منه كالفار من الزحف.

2344 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ۋابا ـ ئۈممىتىمگە جىنىدىن بولغان دۈشمەنلىرىنىڭ چېپىلىپ قويۇشىدىن ھاسىل بولغان، (تۆگە كېسەلىگە ئوخشاش) بىر كېسەلدۇر. كىمكى بۇ كېسەل پەيدا بولغان يەردە تۇرسا، جىھاد مەيدانىدا تۇرغاندەك بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولىدۇ. ئۇ يەردىن قاچسا، ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچقاندەك بولىدۇ»[②].

(ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان)

2345 - عَنْ سَمُرَةَ بن جُنْدُبٍ، أنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ، يَقُولُ: "لَيْسَ فِي الدنْيا حَسْرَةٌ إلا فِي ثَلاثٍ: رَجُلٍ كَانَ لَهُ سَقْيٌ، وَلَهُ سَانِيَةٌ يَسْقِي عَلَيْهَا أَرْضَهُ، فَلَمـا اشْتَد ӡمَأُ أَرْضِهِ، وَخَرَجَ ثِمَارُهَا مَاتَتْ سَانِيَتُهُ، فَيَجِدُ حَسْرَةً عَلَى سَانِيَتِهِ الذِي قَدْ عَلِمَـهُ السقْيَ أَنْ يَجِدَ مِثْلَهُ، وَيَجِدُ حَسْرَةً عَلَى ثَمَرَةِ أَرْضِهِ أَنْ تَفْسَدَ قَبْلَ أَنْ يُحِيلَ لَهَـا حِيلَـةً، وَرَجُلٍ كَانَ لَهُ فَرَسٌ جَوَادٌ فَلَقِيَ جَمْعًا مِنَ الْكُفارِ، فَلَما دَنَا بَعْضُهُمْ مِنْ بَعْȒٍ انْهَزَمَ أَعْدَاءُ اللهِ، فَسَبَقَ الرجُلُ عَلَى فَرَسِهِ، فَلَما كَرَبَ أَنْ يَلْحَقَ كُسِرَتْ بِهِ فَرَسُهُ، وَتُرِكَ قَائِمًا عِنْدَهُ،

---

[①] ھەيسەمى (3858): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەزى سەنەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. بۇنى يەنە بەززار، تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلامۇ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3868): تەبەرانىمۇ بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى «ئەلئەۋسەت» تە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، لېكىن ئۇنىڭ رىۋايىتىدە: «شۇ ۋابا كېسىلىگە سەۋر قىلغۇچى الله يولىدىكى ئۇرۇشتا بەرداشلىق بەرگەن كىشىگە ئوخشايدۇ» دېيىلگەن، ـ دېگەن.

يَجِدُ حَسْرَةً عَلَى فَرَسِهِ أَن لا يَجِدَ مِثْلَهُ، وَيَجِدُ حَسْرَةً عَلَى مَا فَاتَهُ مِنَ الظفَرِ الذِي كَانَ قَدْ أَشْرَفَ عَلَيْهِ، وَرَجُلٍ تَحْتَهُ امْرَأَةٌ قَدْ رَضِيَ هَيْأَتَهَا وَدِينَهَا، فَنفَسَتْ غُلامًا، فَمَاتَتْ بِنفَسِهِ، فَيَجِدُ حَسْرَةً عَلَى امْرَأَتِهِ يَظُن أَنهُ لَنْ يُصَادِفَ مِثْلَهَا، وَيَجِدُ حَسْرَةً عَلَى وَلَدِهَا يَخْشَى أَنْ يَهْلِكَ ضَيْعَةً قَبْلَ أَنْ يَجِدَ لَهُ مُرْضِعَةً

2345 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇنيادا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ھەسرەت ئىنساننى بەكمۇ ئازابلايدۇ: بىر ئادەمنىڭ سۇ توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تۆگىسى بار بولۇپ، يېرى تازا ئۇسساپ، ھوسۇل بېرىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئۇ تۆگىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم ئوخشىشىنى تاپالمايدىغان تۆگىسىگە ۋە تەدبىرىنى قىلىپ بولغۇچە زىيانغا ئۇچرايدىغان ھوسۇلىغا ھەسرەت چېكىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ يۈگۈرەك ئېتى بار بولۇپ، ئۇ ئېتىنى مىنىپ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. كاپىرلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ، قاچقىلى تۇرىدۇ، ئۇ ئادەم ئارقىدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا، ئېتى ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن تەڭدىشى يوق ئېتى ۋە قولدىن چىقىپ كەتكەن غەلىبە ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ دىيانەتلىك ۋە ئۆزىگە كۆرە گۈزەل بىر ئايالى بار بولۇپ، ئۇ ئايال بىر ئوغۇل تۇغۇپ، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئادەم ئۇ ئايالدەك بىر ئايال تاپالمايدىغانلىقىنى ۋە ئوغلىنىڭ باققۇچىسىز قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلىغىنىدا قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»؛ بەززار)

[1] ھەيسەمى (4007): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان. سەنەدلىرىدىن بىرى ھەسەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى سەئىد ئىبنى بەشىرنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بار. بەززارمۇ مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

## مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش ۋە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش

2346 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَتَى عَلَى امْرَأَةٍ تَبْكِي عَلَى صَبِيٍّ لَهَا فَقَالَ لَهَا اتَّقِي اللهَ وَاصْبِرِي فَقَالَتْ وَمَا تُبَالِي بِمُصِيبَتِي فَلَمَّا ذَهَبَ قِيلَ لَهَا إِنَّهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخَذَهَا مِثْلُ الْمَوْتِ فَأَتَتْ بَابَهُ فَلَمْ تَجِدْ عَلَى بَابِهِ بَوَّابِينَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ لَمْ أَعْرِفْكَ فَقَالَ إِنَّمَا الصَّبْرُ عِنْدَ أَوَّلِ صَدْمَةٍ.

2346 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلۈپ كەتكەن بالىسى ئۈچۈن يىغلاپ تۇرغان بىر ئايالنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- اللهتىن قورقىن ۋە سەۋر قىلغىن! - دېدى. ئۇ ئايال:

- ماڭا كەلگەن مۇسىبەتكە سېنىڭ پەرۋايىڭ يوقكى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايالغا:

- ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى، - دېيىلدى، خۇددى ئۆلۈكتەك جىمىپ كەتتى. كېيىن، ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى، ئۇ يەردە دەرۋازىغا قارايدىغان ھېچ بىر دەرۋازىۋەننى ئۇچراتمىدى. ئۇ ئايال:

- ئى اللهنىڭ رەسۇلى! (مېنى كەچۈرگىن) بايام سېنى تونۇماپتىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- سەۋر دېگەن قاتتىق مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بولىدۇ، - دېدى.

(مۇسلىم: 926)

2347 - وفي رواية: قَالَتْ إِلَيْكَ عَنِّي فَإِنَّكَ لَمْ تُصَبْ بِمُصِيبَتِي.

2347 - يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ ئايال پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: مەندىن يىراق تۇرغىن، چۈنكى ماڭا كەلگەن مۇسىبەت ساڭا كەلمىدى، - دېدى.

(بۇخارى: 1283)

2348 - عَنْ أُم سَلَمَةَ أَنها قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم يَقُولُ مَا مِنْ مُسْلِمٍ تُصِيبُه مُصِيبَةٌ فَيَقُولُ مَا أَمَرَه اللهُ إنا لِلهِ وَإِنا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ اللهُم أْجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي وَأَخْلِفْ لِي خَيْرًا مِنْهَا إلا أَخْلَفَ اللهُ لَهُ خَيْرًا مِنْهَا قَالَتْ فَلَما مَاتَ أَبُو سَلَمَةَ قُلْتُ أَي الْمُسْلِمِينَ خَيْرٌ مِنْ أَبِي سَلَمَةَ أَولُ بَيْتٍ هَاجَرَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ ثُم إِني قُلْتها فَأَخْلَفَ اللهُ لِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم قَالَتْ أَرْسَلَ إِلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم حَاطِبَ بْنَ أَبِي بَلْتَعَةَ يَخْطُبنِي لَهُ فَقُلْتُ إِن لِي بِنْتًا وَأَنا غَيُورٌ فَقَالَ أَما ابْنَتُهَا فَنَدْعُو اللهَ أَنْ يُغْنِيَها عَنْها وَأَدْعُو اللهَ أَنْ يَذْهَبَ بِالْغَيْرَةِ.

2348 - ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

«ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا اللەنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە: ﴿بىز ئەلۋەتتە اللەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللەنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز[1]﴾ دېگەن ئايەتنى ۋە: ئى الله ماڭا يەتكەن مۇسىبەتتە ماڭا ئەجىر بەر ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەر! — دېگەن دۇئانى ئوقۇسا، الله ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ».

ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: ئېرىم ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، مەن:

- قايسى مۇسۇلمان ئەبۇ سەلەمەدىن ياخشى؟ ئۇ، اللەنىڭ ئەلچىسىگە ھىجرەت قىلغان تۇنجى ئائىلىلىك تۇرسا؟ - دېدىم، ئاندىن يۇقىرىقى دۇئانى قىلدىم. الله ماڭا (ئەبۇ سەلەمەنىڭ ئورنىغا) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

[1] سۈرە بەقەرە، 156- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ئىدى، مەن:

ــ مېنىڭ قىزىم بار ۋە مەن بەك كۈنلەمچى ئايالمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قىز ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلىمىز، الله ئۇ قىزنى ئانىسىغا موھتاج بولۇشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۈندەشلىككە كەلسەك، مەن الله تائالاغا دۇئا قىلىمەن، الله ئۇنىڭدىن كۈندەشلىكنى كۆتۈرىۋېتىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 918)

2349 - عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ إِذَا مَاتَ وَلَدُ الْعَبْدِ قَالَ اللهُ لِمَلَائِكَتِهِ قَبَضْتُمْ وَلَدَ عَبْدِي فَيَقُولُونَ نَعَمْ فَيَقُولُ قَبَضْتُمْ ثَمَرَةَ فُؤَادِهِ فَيَقُولُونَ نَعَمْ فَيَقُولُ مَاذَا قَالَ عَبْدِي فَيَقُولُونَ حَمِدَكَ وَاسْتَرْجَعَ فَيَقُولُ اللهُ ابْنُوا لِعَبْدِي بَيْتًا فِي الْجَنةِ وَسَموهُ بَيْتَ الْحَمْدِ.

2349 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر بەندىنىڭ بالىسى ئۆلسە، الله پەرىشتىلەرگە:

ـ مېنىڭ بەندەمنىڭ بالىسىنى قەبزى روھ قىلدىڭلارمۇ؟ ـ دەيدۇ، پەرىشتىلەر:

ـ شۇنداق، ـ دېيىشىدۇ. الله يەنە:

ـ مېنىڭ بەندەمنىڭ يۈرەك پارىسىنى قەبزى روھ قىلدىڭلارمۇ؟ ـ دەيدۇ، پەرىشتىلەر:

ـ شۇنداق، ـ دېيىشىدۇ. الله:

ـ بەندەم نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر:

ـ ساڭا ھەمدى ئېيتتى ۋە: شۈبھىسىزكى، بىز اللهنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ـ دېگەن دۇئانى ئوقۇدى، ـ دەيدۇ. الله:

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇ بەندەمگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىڭلار ۋە ئۇ

ئۆيىنى ھەمدى ئۆيى دەپ ئاتاڭلار، ـ دەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1021)

2350 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَفَعَهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَقُولُ اللهُ عَـز وَجَل مَنْ أَذْهَبْتُ حَبِيبَتَيْهِ فَصَبَرَ وَاحْتَسَبَ لَمْ أَرْضَ لَهُ ثَوَابًا دُونَ الْجَنةِ.

2350 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە مۇنداق دەيدۇ: قايسىبىر بەندەمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىپ كەتسەم، ئۇ سەۋر قىلسا ۋە ساۋابىنى مەندىنلا كۈتسە، ئۇنىڭغا جەننەتتىن باشقا ساۋاب بېرىشكە رازى بولمايمەن»[2].

(تىرمىزى: 2401)

2351 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن اللهَ قَالَ إِذَا ابْتَلَيْتُ عَبْدِي بِحَبِيبَتَيْهِ فَصَبَرَ عَوضْتُهُ مِنْهُمَا الْجَنةَ يُرِيدُ عَيْنَيْهِ.

2351 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«اللە مۇنداق دېدى: بەندەمنىڭ ئىككى سۆيگىنىنى (كۆزلىرىنى) ئېلىپ كەتسەم ۋە ئۇ سەۋر قىلسا، ئۇ ئىككى سۆيگىنىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن».

(بۇخارى: 5653)

2352 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَقُولُ اللهُ تَعَـالَى مَا لِعَبْدِي الْمُؤْمِنِ عِنْدِي جَزَاءٌ إِذَا قَبَضْتُ صَفِيهُ مِنْ أَهْلِ الدنْيَا ثُم احْتَسَبَهُ إِلا الْجَنةُ.

2352 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (814): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1959): سەھىھ ـ دېگەن.

«الله مۇنداق دەيدۇ: مۇئمىن بەندەمنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاندىن ئۇ مەندىن ساۋاب كۈتۈپ سەۋر قىلسا، مەندىكى مۇكاپات پەقەتلا جەننەتتۇر».

(بۇخارى: 6424)

2353- عن عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللهَ لَا يَرْضَى لِعَبْدِهِ الْمُؤْمِنِ إِذَا ذَهَبَ بِصَفِيِّهِ مِنْ أَهْلِ الْأَرْضِ فَصَبَرَ وَاحْتَسَبَ وَقَالَ مَا أُمِرَ بِهِ بِثَوَابٍ دُونَ الْجَنَّةِ.

2353 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا زېمىن ئەھلىدىن مۇئمىن بەندىسىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئېلىپ كەتكەندە، ئۇ (مۇئمىن بەندىسى) سەۋر قىلىپ، ساۋابىنى الله تائالادىنلا كۈتسە ۋە بۇيرۇلغان دۇئانى ئوقۇسا، الله ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا مۇكاپاتقا رازى بولمايدۇ»[1].

(نەسائى: 1871)

2354 - عن عَطَاءُ بْنُ أَبِي رَبَاحٍ قَالَ قَالَ لِي ابْنُ عَبَّاسٍ أَلَا أُرِيكَ امْرَأَةً مِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ قُلْتُ بَلَى قَالَ هَذِهِ الْمَرْأَةُ السَّوْدَاءُ أَتَتْ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَتْ إِنِّي أُصْرَعُ وَإِنِّي أَتَكَشَّفُ فَادْعُ اللهَ لِي قَالَ إِنْ شِئْتِ صَبَرْتِ وَلَكِ الْجَنَّةُ وَإِنْ شِئْتِ دَعَوْتُ اللهَ أَنْ يُعَافِيَكِ فَقَالَتْ أَصْبِرُ فَقَالَتْ إِنِّي أَتَكَشَّفُ فَادْعُ اللهَ لِي أَنْ لَا أَتَكَشَّفَ فَدَعَا لَهَا.

2354 ـ ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

ـ ساڭا ئەھلى جەننەتتىن بولغان ئايالنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ھە، شۇنداق قىلغىنە، ـ دېدىم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

[1] ئەلبانى (1765): ھەسەن، ـ دېگەن.

مۇنداق دېدى:

ـ ئاۋۇ قارا ئايال شۇ. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ مېنىڭ تۇتقاق كېسەللىكىم بار، بەزىدە يىقىلىپ چۈشىمەن ۋە ئۇست ـ بېشىم ئېچىلىپ قالىدۇ. مەن ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر خالىساڭ سەۋر قىلغىن، ساڭا جەننەت بار. ئەگەر خالىساڭ، الله تائالاغا دۇئا قىلىمەن، ساقىيىپ قالىسەن، ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ـ ئۇنداق بولسا، سەۋر قىلاي. ئۇست ـ بېشىمنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلساڭ، ـ دېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلدى. (بۇخارى: 5652)

2355 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا مَرِضَ الْعَبْدُ بَعَثَ اللهُ تَعَالَى إِلَيْهِ مَلَكَيْنِ فَقَالَ انْظُرَا مَاذَا يَقُولُ لِعُوادِهِ فَإِنْ هُوَ إِذَا جَاءُوهُ حَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ رَفَعَا ذَلِكَ إِلَى اللهِ عَز وَجَل وَهُوَ أَعْلَمُ فَيَقُولُ لِعَبْدِي عَلَي إِنْ تَوَفيْتُهُ أَنْ أُدْخِلَهُ الْجَنةَ وَإِنْ أَنَا شَفَيْتُهُ أَنْ أُبْدِلَ لَهُ لَحْمًا خَيْرًا مِنْ لَحْمِهِ وَدَمًا خَيْرًا مِنْ دَمِهِ وَأَنْ أُكَفرَ عَنْهُ سَيئَاتِهِ.

2355 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم ئەتا ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر بەندە ئاغرىپ قالسا، الله ئۇنىڭغا ئىككى پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇ ئىككىسىگە:

ـ بەندەمنىڭ يوقلاپ كەلگۈچىلەرگە نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراڭلار! ـ دەيدۇ. كېسەلنى كۆرگىلى كەلگەنلەر كەلگەندە ئەگەر ئۇ، اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتسا، ئۇ ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى اللهقا يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بەندەمنى ۋاپات تاپتۇرسام، جەزمەن جەننەتكە ئەكىرىمەن. ئەگەر شىپالىق بەرسەم، بۇرۇنقى تېنىدىن ياخشى تەن ۋە بۇرۇنقى قېنىدىن

ياخشى قان بېرىمەن ھەم گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىمەن».

(مالىك: 1750)

2356 - عَنْ خَبابِ بْنِ الْأَرت قَالَ شَكَوْنا إِلى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ مُتَوسدٌ بُرْدَةً لَهُ فِي ظِل الْكَعْبَةِ فَقُلْنا أَلا تَسْتَنْصِرُ لَنا أَلا تَدْعُو لَنا فَقَالَ قَدْ كَانَ مَنْ قَبْلَكُمْ يُؤْخَذُ الرجُلُ فَيُحْفَرُ لَهُ فِي الْأَرْضِ فَيُجْعَلُ فِيهَا فَيُجَاءُ بِالْمِنْشَارِ فَيُوضَعُ عَلَى رَأْسِهِ فَيُجْعَلُ نِصْفَيْنِ وَيُمْشَطُ بِأَمْشَاطِ الْحَدِيدِ مَا دُونَ لَحْمِهِ وَعَظْمِهِ فَمَا يَصُدهُ ذَلِكَ عَنْ دِينِهِ وَاللهِ لَيَتِمن هَذَا الْأَمْرُ حَتى يَسِيرَ الراكِبُ مِنْ صَنْعَاءَ إِلَى حَضْرَمَوْتَ لَا يَخَافُ إِلا اللهَ وَالذئْبَ عَلَى غَنَمِهِ وَلَكِنكُمْ تَسْتَعْجِلُونَ.

2356ـ خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇملىرى ئۈستىدىن) شىكايەت قىلىپ كەلدۇق. ئۇ تونىنى ياستۇق قىلغان ھالدا، كەبىنىڭ سايىسىدا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

ــ بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىشنى تىلەپ، دۇئا قىلمامسەن؟! ـ دېدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن بىرەر مۇئمىن (كاپىرلار تەرىپىدىن) تۇتۇلسا، زېمىندا ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئورا كولىناتتى. ئاندىن ئۇ كىشى شۇ ئورىغا تىرىك كۆمۈلەتتى-دە، ھەرە كەلتۈرۈلۈپ بېشى ئىككى پارچە قىلىناتتى، تۆمۈر تاغاق بىلەن گۆشى ئۈستىخىنىدىن تاراپ ئېلىناتتى. ئەنە شۇنداق ئىشلارمۇ ئۇ ئادەمنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى. اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ دىن جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ. ھەتتا تېخى يولۇچى سەنئادىن ھەزرەمەۋتكە اللەتىن ۋە پادىسىنى بۆرە يەپ كېتىشتىن قورقۇشتىن باشقا ھېچنېمىدىن قورقماي بارالايدىغان زامانمۇ كېلىدۇ. لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر.

(بۇخارى: 6943)

2357 - عَنْ أَنسٍ قَالَ مَاتَ ابْنٌ لِأَبِي طَلْحَةَ مِنْ أُم سُلَيْمٍ فَقَالَتْ لِأَهْلِهَا لَا تُحَدثُوا أَبَا طَلْحَةَ بِابْنِهِ حَتى أَكُونَ أَنَا أُحَدثُهُ قَالَ فَجَاءَ فَقَربَتْ إِلَيْهِ عَشَاءً فَأَكَلَ وَشَرِبَ فَقَالَ ثُم

تَصَنعَتْ لَهُ أَحْسَنَ مَا كَانَ تَصنعُ قَبْلَ ذَلِكَ فَوَقَعَ بِهَا فَلَما رَأَتْ أَنه قَدْ شَبِعَ وَأَصَابَ مِنْهَا قَالَتْ يَا أَبَا طَلْحَةَ أَرَأَيْتَ لَوْ أَن قَوْمًا أَعَارُوا عَارِيَتَهُمْ أَهْلَ بَيْتٍ فَطَلَبُوا عَارِيَتَهُمْ أَلَهُمْ أَنْ يَمْنَعُوهُمْ قَالَ لَا قَالَتْ فَاحْتَسِبْ ابْنَكَ قَالَ فَغَضِبَ وَقَالَ تَرَكْتِنِي حَتى تَلَطخْتُ ثُم أَخْبَرْتِنِي بِابْنِي فَانْطَلَقَ حَتى أَتَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ بِمَا كَانَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَارَكَ اللهُ لَكُمَا فِي غَابِرِ لَيْلَتِكُمَا قَالَ فَحَمَلَتْ قَالَ فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ وَهِيَ مَعَهُ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَتَى الْمَدِينَةَ مِنْ سَفَرٍ لَا يَطْرُقُهَا طُرُوقًا فَدَنَوْا مِنْ الْمَدِينَةِ فَضَرَبَهَا الْمَخَاضُ فَاحْتُبِسَ عَلَيْهَا أَبُو طَلْحَةَ وَانْطَلَقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَقُولُ أَبُو طَلْحَةَ إِنكَ لَتَعْلَمُ يَا رَب إِنهُ يُعْجِبُنِي أَنْ أَخْرُجَ مَعَ رَسُولِكَ إِذَا خَرَجَ وَأَدْخُلَ مَعَهُ إِذَا دَخَلَ وَقَدْ احْتَبَسْتُ بِمَا تَرَى قَالَ تَقُولُ أُم سُلَيْمٍ يَا أَبَا طَلْحَةَ مَا أَجِدُ الذِي كُنْتُ أَجِدُ انْطَلِقْ فَانْطَلَقْنَا قَالَ وَضَرَبَهَا الْمَخَاضُ حِينَ قَدِمَا فَوَلَدَتْ غُلَامًا فَقَالَتْ لِي أُمي يَا أَنَسُ لَا يُرْضِعُهُ أَحَدٌ حَتى تَغْدُوَ بِهِ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما أَصْبَحَ احْتَمَلْتُهُ فَانْطَلَقْتُ بِهِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَصَادَفْتُهُ وَمَعَهُ مِيسَمٌ فَلَما رَآنِي قَالَ لَعَل أُم سُلَيْمٍ وَلَدَتْ قُلْتُ نَعَمْ فَوَضَعَ الْمِيسَمَ قَالَ وَجِئْتُ بِهِ فَوَضَعْتُهُ فِي حَجْرِهِ وَدَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَجْوَةٍ مِنْ عَجْوَةِ الْمَدِينَةِ فَلَاكَهَا فِي فِيهِ حَتى ذَابَتْ ثُم قَذَفَهَا فِي فِي الصبِي فَجَعَلَ الصبِي يَتَلَمظُهَا قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ انْظُرُوا إِلَى حُب الْأَنْصَارِ التمْرَ قَالَ فَمَسَحَ وَجْهَهُ وَسَماهُ عَبْدَ اللهِ.

2357 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۇممۇ سۇلەيمدىن بولغان ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇممۇ سۇلەيم ئائىلىسىگە:

ـ ئەبۇ تەلھەگە ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى مەندىن بۇرۇن دېمەڭلار! ـ دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھە قايتىپ كەلگەندە، ئۇممۇ سۇلەيم كەچلىك تاماق ئېلىپ كەلدى. ئەبۇ تەلھە يېدى، ئىچتى. ئاندىن ئۇممۇ سۇلەيم بۇرۇنقىدەك تازا چىرايلىق ياساندى. ئەبۇ تەلھە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولدى. ئۇممۇ سۇلەيم ئەبۇ تەلھەنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ، ئۇنىڭ نەپسى شەھۋىتىنى

قاندۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ـ ئى ئەبۇ تەلھە! بىر قەۋم بىر نەرسىنى بىر ئائىلىگە ئارىيەتكە بەرسە، ئۇندىن كېيىن ئۇ قەۋم ئۇلاردىن ھېلىقى نەرسىسىنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ توسۇش ھوقۇقى بولامدۇ؟ ئەبۇ تەلھە:

ـ ياق، بولمايدۇ، ـ دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم:

ـ ئۇنداق بولسا، ئوغلۇڭ ئۆلۈپ كەتتى. الله تائالادىن ئەجرىنى كۈت! ـ دېدى. ئەبۇ تەلھەنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ:

ـــ مېنى بۇلغاپ بولغىچە بىر نەرسە دېمەي، ئەمدى بولغاندا ئوغلۇمنىڭ خەۋىرىنى بېرىۋاتامسەن؟ ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله بۇ كېچەڭلارنى سىلەرگە مۇبارەك قىلسۇن! ـ دېدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ سۇلەيم شۇ كېچىدىكى مۇناسىۋەتتىن ھامىلدار بولغاندى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەرگە چىقتى، ئۇممۇ سۇلەيممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن قايتسا، مەدىنىگە كېچىسى كىرمەيتتى. ئۇلار مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ تولغىقى تۇتتى. ئەبۇ تەلھە تۇرۇپ قالدى (يەنى سەپەرداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى)، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قاراپ يولغا راۋان بولدى. ئەبۇ تەلھە:

ـ ئى الله! پەيغەمبىرىڭ نەگە چىقسا، بىللە چىقىشنى، نەگە كىرسە، بىرگە كىرىشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئەمما بۇ قېتىم بۇ يەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ـ دەپ دۇئا قىلدى. ئۇممۇ سۇلەيم:

ـ ئى ئەبۇ تەلھە! تولغىقىم توختاپ قالدى، ماڭايلى! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭدۇق. مەدىنىگە كەلگەندە، تولغاق يەنە تۇتتى، بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. ئانام ماڭا:

- ئى ئەنەس! بۇ بالىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاپارمىغىچە ھېچكىم ئېمىتمىسۇن! - دېدى. تاڭ ئاتقاندا، ئۇنى كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپاردىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدا داغمالنى تۇتۇپ تۇرغاندا بېرىپ قاپتىمەن، مېنى كۆرۈپ:

- ئۇمىمۇ سۇلەيم يەڭگىپتۇ - دە؟ - دېدى، مەن:

- ھەئە، - دېدىم. قولىدىكى داغمالنى قويدى. بوۋاقنى ئەكىلىپ قۇچىقىغا قويدۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ ئەجۋە خورمىسىدىن بىرنى ئەكەلتۈرۈپ، يۇمشاق چايناپ بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سالدى. بوۋاق ئۇ خورمىنى شورىغىلى تۇرىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ماۋۇ ئەنسارلارنىڭ خورمىنى ياخشى كۆرگەنلىكىگە قاراڭلار! - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋاقنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئابدۇللاھ» دەپ ئىسىم قويدى.

(مۇسلىم: 2144)

2358 - عَنْ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمَّدٍ أَنَّهُ قَالَ هَلَكَتْ امْرَأَةٌ لِي فَأَتَانِي مُحَمَّدُ بْنُ كَعْبٍ الْقُرَظِيُّ يُعَزِّينِي بِهَا فَقَالَ إِنَّهُ كَانَ فِي بَنِي إِسْرَائِيلَ رَجُلٌ فَقِيهٌ عَالِمٌ عَابِدٌ مُجْتَهِدٌ وَكَانَتْ لَهُ امْرَأَةٌ وَكَانَ بِهَا مُعْجَبًا وَلَهَا مُحِبًّا فَمَاتَتْ فَوَجَدَ عَلَيْهَا وَجْدًا شَدِيدًا وَلَقِيَ عَلَيْهَا أَسَفًا حَتَّى خَلَا فِي بَيْتٍ وَغَلَّقَ عَلَى نَفْسِهِ وَاحْتَجَبَ مِنْ النَّاسِ فَلَمْ يَكُنْ يَدْخُلُ عَلَيْهِ أَحَدٌ وَإِنَّ امْرَأَةً سَمِعَتْ بِهِ فَجَاءَتْهُ فَقَالَتْ إِنَّ لِي إِلَيْهِ حَاجَةً أَسْتَفْتِيهِ فِيهَا لَيْسَ يُجْزِينِي فِيهَا إِلَّا مُشَافَهَتُهُ فَذَهَبَ النَّاسُ وَلَزِمَتْ بَابَهُ وَقَالَتْ مَا لِي مِنْهُ بُدٌّ فَقَالَ لَهُ قَائِلٌ إِنَّ هَاهُنَا امْرَأَةً أَرَادَتْ أَنْ تَسْتَفْتِيَكَ وَقَالَتْ إِنْ أَرَدْتُ إِلَّا مُشَافَهَتَهُ وَقَدْ ذَهَبَ النَّاسُ وَهِيَ لَا تُفَارِقُ الْبَابَ فَقَالَ ائْذَنُوا لَهَا فَدَخَلَتْ عَلَيْهِ فَقَالَتْ إِنِّي جِئْتُكَ أَسْتَفْتِيكَ فِي أَمْرٍ قَالَ وَمَا هُوَ قَالَتْ إِنِّي اسْتَعَرْتُ مِنْ جَارَةٍ لِي حَلْيًا فَكُنْتُ أَلْبَسُهُ وَأُعِيرُهُ زَمَانًا ثُمَّ إِنَّهُمْ أَرْسَلُوا إِلَيَّ فِيهِ أَفَأُؤَدِّيهِ إِلَيْهِمْ فَقَالَ نَعَمْ وَاللَّهِ فَقَالَتْ إِنَّهُ قَدْ مَكَثَ عِنْدِي زَمَانًا فَقَالَ ذَلِكِ أَحَقُّ لِرَدِّكِ إِيَّاهُ إِلَيْهِمْ حِينَ أَعَارُوكِيهِ زَمَانًا فَقَالَتْ أَيْ يَرْحَمُكَ اللَّهُ أَفَتَأْسَفُ عَلَى مَا أَعَارَكَ اللَّهُ ثُمَّ أَخَذَهُ مِنْكَ وَهُوَ أَحَقُّ بِهِ

مِنْكَ فَأَبْصَرَ مَا كَانَ فِيهِ وَنَفَعَهُ اللهُ بِقَوْلِهَا.

2358 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئايالىم ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتتا، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى تەزىيەگە كېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ بۇرۇن بەنى ئىسرائىلدا بەك تىرىشىپ ئىبادەت قىلىدىغان، ئۆتكۈر پىكىرلىك ئالىم بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ بەك ياخشى كۆرىدىغان ئايالى بار ئىدى، ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئايالىغا بەك قايغۇردى ۋە ئەپسۇسلاندى. ئاخىرى، ئۇ ئادەم ئۆيىنى ئىچىدىن تاقاپ، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدىغان ۋە ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىغان بولۇۋالدى. بىر ئايال بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە كەلدى ۋە:

ـ مېنىڭ ئۇ ئادەمدىن يۈز تۇرانە تۇرۇپ پەتىۋا سورايدىغان مەسىلەم بار، ـ دېدى. باشقىلار كەتتى، لېكىن ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ قەتئىي كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قايتقىلى ئۇنىمىدى. بىر ئادەم بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى:

ـ بىر ئايال سەندىن پەتىۋا سورىغىلى كەپتۇ، ئۇ سەن بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشمەكچى ئىكەن. باشقىلار كەتتى، ئەمما ئۇ ئايال دەرۋازىدىن كەتكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ ئۇنداق بولسا، رۇخسەت بېرىڭلار! ـ دېدى. ئۇ ئايال كىرىپ:

ـ مەن بىر ئىش توغرىسىدا سەندىن پەتىۋا سوراپ كەلگەن ئىدىم، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ نېمە ئىش ئىدى؟ ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ــ مەن قوشنامدىن كېيىپ تۇرۇش ۋە باشقىلارغا بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېسىل كېيىملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرغانىدىم. ئۇلار ماڭا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشىم كېرەكمۇ؟ ـ دېدى، ئۇ ئادەم:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قايتۇرۇپ بېرىسەن، ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ـ ئۇ نەرسە مەندە بىر مۇددەت تۇرغان تۇرسا؟ ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ ئۇلار ئۇ نەرسىنى ساڭا مەلۇم ۋاقىتلىق ئارىيەتكە بەرگەنىكەن، قايتۇرۇپ بېرىشىڭ كېرەك، ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ــ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن. الله ساڭا ئارىيەتكە بەرگەن بىر نەرسىنى ئېلىپ كەتسە ۋە الله ئۇ نەرسىگە سەندىن بەك ھەقلىق تۇرسا، سەن قايغۇرۇپ، ھەسرەت چەكسەڭ بولامدۇ؟ ـ دېدى. ئۇ ئادەم بۇنىڭدىكى ھەقىقەتنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇ ئادەمنى بۇ ئايالنىڭ سۆزى بىلەن ھەققە مۇيەسسەر قىلدى.

(مالىك: 559)

2359 - عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَـا أَحَـدٌ أَصْبَرُ عَلَى أَذًى سَمِعَهُ مِنْ اللهِ يَدعُونَ لَهُ الْوَلَدَ ثُم يُعَافِيهِمْ وَيَرْزُقُهُمْ.

2359 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاڭلىغان ئەزىيەتكە الله تائالادىنمۇ بەكرەك سەۋر قىلىدىغان ھېچكىم يوق. چۈنكى ئىنسانلار: اللهنىڭ بالىسى بار، ـ دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، الله ئۇلارنىڭ تېنىنى ساغلام قىلىپ، رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ».

(بۇخارى: 7378)

2360 - عن ابن عباس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من أصيب بمصيبة في ماله أو جسده وكتمها ولم يشكها إلى الناس كان حقا على الله أن يغفر له.

2360 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەمنىڭ مېلى ياكى بەدىنىگە مۇسىبەت يەتسە، ئۇنى يوشۇرۇپ، ئادەملەرگە شىكايەت قىلمىسا، الله ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنى جەزمەن ئەپۇ قىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 11438؛ «ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (3951): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەقىييە ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار، ـ دېگەن.

2361 - عَنْ يَحْيَى بْنِ وَثَابٍ عَنْ شَيْخٍ مِنْ أَصْحَابِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمُسْلِمُ إِذَا كَانَ مُخَالِطًا الناسَ وَيَصْبِرُ عَلَى أَذَاهُمْ خَيْرٌ مِنْ الْمُسْلِمِ الذِي لَا يُخَالِطُ الناسَ وَلَا يَصْبِرُ عَلَى أَذَاهُمْ.

2361 ـ يەھيا ئىبنى ۋەسساب بىر مۆتىۋەر ساھابىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغان مۇسۇلمان، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلالمايدىغان مۇسۇلماندىن ياخشىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 2507)

2362 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمدِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِيُعَزِّ الْمُسْلِمِينَ فِي مَصَائِبِهِمْ الْمُصِيبَةُ بِي.

2362 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە مۇسىبەت يەتكەندە، مېنىڭ ئۆلۈمىم (نى ئويلاش) ئارقىلىق تەسەللىي تاپسۇن».

(مالىك: 557)

2363 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَتَمَنيَن أَحَدُكُمْ الْمَوْتَ مِنْ ضُر أَصَابَهُ فَإِنْ كَانَ لَا بُد فَاعِلًا فَلْيَقُلْ اللهُم أَحْيِنِي مَا كَانَتْ الْحَيَاةُ خَيْرًا لِي وَتَوَفنِي إِذَا كَانَتْ الْوَفَاةُ خَيْرًا لِي.

2363 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر ھەرگىز يەتكەن ئەزىيەتكە چىدىماي، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭلار. ئەگەر ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماقتىن باشقا چارە تاپالمىساڭلار، بۇ

[1] ئەلبانى (2035)؛ سەھىھ ـ دېگەن.

دۇئانى قىلىڭلار: ئى الله! ھاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر ئۆلۈم مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپتۇرغىن».

(بۇخارى: 5671)

2364 - عن أبي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَنْ يُدْخِلَ أَحَدًا عَمَلُهُ الْجَنةَ قَالُوا وَلَا أَنتَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لَا وَلَا أَنا إلا أَنْ يَتَغَمدَنِي اللهُ بِفَضْلٍ وَرَحْمَةٍ فَسَددُوا وَقَارِبُوا وَلَا يَتَمَنين أَحَدُكُمْ الْمَوْتَ إما مُحْسِنًا فَلَعَلهُ أَنْ يَزْدَادَ خَيْرًا وَإما مُسِيئًا فَلَعَلهُ أَنْ يَسْتَعْتِبَ.

2364 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىر ئادەمنى ئۇنىڭ ئەمەلى ھەرگىز جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەنمۇ شۇنداق، مېنىمۇ الله رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزمىسە، ھەرگىز ئەمەلىم جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ. شۇڭا (سۆز ـ ھەرىكىتىڭلاردا) دۇرۇس بولۇڭلار ۋە الله تائالاغا يېقىنلىشىشقا تىرىشىڭلار، ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭلار. چۈنكى ياخشى ئىش قىلىدىغان ئادەم، ياخشى ئىشنى تېخىمۇ كۆپ قىلىۋېلىشى مۇمكىن. يامان ئىش قىلىدىغان ئادەممۇ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ، تۆۋبە قىلىۋېلىشى مۇمكىن.

(بۇخارى: 5673)

## كېسەل يوقلاش

2365 - عَنْ عَلِي قَالَ مَا مِنْ رَجُلٍ يَعُودُ مَرِيضًا مُمْسِيًا إِلا خَرَجَ مَعَهُ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ يَسْتَغْفِرُونَ لَهُ حَتى يُصْبِحَ وَكَانَ لَهُ خَرِيفٌ فِي الْجَنةِ وَمَنْ أَتَاهُ مُصْبِحًا خَرَجَ مَعَهُ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ يَسْتَغْفِرُونَ لَهُ حَتى يُمْسِيَ وَكَانَ لَهُ خَرِيفٌ فِي الْجَنةِ.

2365 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق ئادەم بىر كېسەلنى كەچتە يوقلاپ بارسا، ئۇ ئادەم بىلەن يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىرگە بېرىپ، تاڭ ئاتقىچە ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدۇ ۋە جەننەتتە بىر ئۆي ياسىلىدۇ. ئەگەر ئەتىگەندە يوقلاپ بارسا، ئۇ ئادەم بىلەن يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىرگە چىقىپ، كەچ بولغىچە ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي ياسىلىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3098)

2366 - وللترمذي نحوه مرفوعا.

2366 ـ تىرمىزىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر ھەدىسنى سۆزلىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

2367 - عَنْ ثَوْبَانَ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ عَادَ مَرِيضًا لَمْ يَزَلْ فِي خُرْفَةِ الْجَنةِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا خُرْفَةُ الْجَنةِ قَالَ جَنَاهَا.

[1] ئەلبانى (2655): سەھىھ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (775): سەھىھ ـ دېگەن.

2367 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىمكى بىر كېسەل ئادەمنى يوقلىسا، ئۇ ئادەم داۋاملىق جەننەتنىڭ باغلىرى ئىچىدە بولىدۇ. ـ دېگەنىدى:

ــ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! جەننەتنىڭ باغلىرى دېگەن نېمە؟ ــ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جەننەتنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرىدۇر. ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2568)

2368 - عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَوَضـأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ وَعَادَ أَخَاهُ الْمُسْلِمَ مُحْتَسِبًا بُوعِدَ مِنْ جَهَنمَ مَسِيرَةَ سَبْعِينَ خَرِيفًا قُلْتُ يَا أَبَا حَمْزَةَ وَمَا الْخَرِيفُ قَالَ الْعَامُ.

2368 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كامىل تاھارەت ئېلىپ، ﷲ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا، ئۇ ئادەم دوزاختىن يەتمىش كۈز مۇساپە يىراق قىلىنىدۇ».

راۋى مۇنداق دەيدۇ: ئى ئەبۇ ھەمزە! كۈز دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ يىل، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3097)

2369 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ عَادَ مَرِيضًا أَوْ زَارَ أَخًا لَهُ فِي اللهِ نَادَاهُ مُنَادٍ أَنْ طِبْتَ وَطَابَ مَمْشَاكَ وَتَبوأْتَ مِنْ الْجَنةِ مَنْزِلًا.

[1] ئەلبانى (682): زەئىپ، ـ دېگەن.

2369 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر كېسەلنى ياكى قېرىندىشىنى اللە ئۈچۈن يوقلىسا، نىدا قىلغۇچىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: ساڭا مۇبارەك بولسۇن، قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن، جەننەتتىن بىر ئورۇن تۇتتۇڭ.ـ دەپ نىدا قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2008)

2370 - عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال ثلاث لا يعاد صاحبهن الرمد وصاحب الضرس وصاحب الدملة.

2370 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ خىل ئاغرىق بار بولۇپ، ئۇلارغا گىرىپتار بولغانلارنى يوقلاش ھاجەتسىز. ئۇلار: كۆز ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى ۋە يارا»[2].

(«ئەلئەۋسەت)

2371 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ عَادَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ وَجَعٍ كَانَ بِعَيْنِي.

2371 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كۆزۈم ئاغرىپ قالغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3102)

2372 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ عَادَ مَرِيضًا لَمْ يَحْضُرْ أَجَلُهُ فَقَالَ عِنْدَهُ سَبْعَ مِرَارٍ أَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيمَ رَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ أَنْ يَشْفِيَكَ إِلا

[1] ئەلبانى (1633): سەھىھ.ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3786): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىمە ئىبنى ئەلى خەشەنىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار.ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2659): ھەسەن.ـ دېگەن.

عَافَاهُ اللهُ مِنْ ذَلِكَ الْمَرَضِ.

2372 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم تېخى سەكراتقا چۈشمىگەن كېسەلنى يوقلاپ، ئۇ كېسەلنىڭ قېشىدا يەتتە قېتىم: بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ اللهتىن ساڭا شىپالىق بېرىشىنى تىلەيمەن، ـ دېسە، الله ئۇ ئادەمنى شۇ كېسەلدىن ساقايتىدۇ»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 3106)

2373 - عَنْ ابْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا جَاءَ الرجُلُ يَعُودُ مَرِيضًا فَلْيَقُلْ اللهُم اشْفِ عَبْدَكَ يَنْكَأُ لَكَ عَدُوا أَوْ يَمْشِي لَكَ إِلَى جَنَازَةٍ.

2373 ـ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم كېسەل يوقلاپ بارسا، بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: ئى الله! بەندەڭگە شىپالىق بەر، ئۇ دۈشمىنىڭگە قارشى تۇرىدۇ ياكى سەن ئۈچۈن جىنازا نامىزىغا بارىدۇ»②.

(ئەبۇ داۋۇد: 3107)

2374 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَمَامُ عِيَادَةِ الْمَرِيضِ أَنْ يَضَعَ أَحَدُكُمْ يَدَهُ عَلَى جَبْهَتِهِ أَوْ قَالَ عَلَى يَدِهِ فَيَسْأَلُهُ كَيْفَ هُوَ وَتَمَامُ تَحِياتِكُمْ بَيْنَكُمْ الْمُصَافَحَةُ.

2374 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قولۇڭلارنى كېسەلنىڭ پېشانىسىگە ياكى قولىغا قويۇپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىغاندىلا، كېسەلنى تولۇق يوقلىغان بولىسىلەر. قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىلا، ئاراڭلاردا كامىل سالاملاشقان بولىسىلەر»③.

① ئەلبانى (2663): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2664): سەھىھ ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (515): زەئىپ ـ دېگەن.

(تىرمىزى: 2731)

2375 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دَخَلْتُمْ عَلى الْمَرِيضِ فَنفسُوا لَهُ فِي أَجَلِهِ فَإِن ذَلِكَ لَا يَرُد شَيْئًا وَيُطَيبُ نَفْسَهُ.

2375 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېسەلنىڭ قېشىغا كىرسەڭلەر، ئۇنىڭغا ئەجىلى توغرىسىدا گۈزەل سۆزلەرنى قىلىڭلار. گەرچە بۇ (قىلىنغان سۆز) كېسەل كىشىنىڭ ئەجىلىدىن ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2087)

2376 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ غُلَامٌ يَهُودِي يَخْدُمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَرِضَ فَأَتَاهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعُودُهُ فَقَعَدَ عِنْدَ رَأْسِهِ فَقَالَ لَهُ أَسْلِمْ فَنَظَرَ إِلَى أَبِيهِ وَهُوَ عِنْدَهُ فَقَالَ لَهُ أَطِعْ أَبَا الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَسْلَمَ فَخَرَجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَقُولُ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي أَنْقَذَهُ مِنْ النارِ.

2376 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت قىلىدىغان بىر يەھۇدىي بالا بار ئىدى، ئۇ ئاغرىپ قالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ بالىنى يوقلاپ كېلىپ، بېشىدا ئولتۇرۇپ:

ـ مۇسۇلمان بولغىن! ـ دېدى. ئۇ بالا دادىسىغا قارىدى، دادىسى ئۇ بالىنىڭ يېنىدا ئىدى، دادىسى:

ـ ئەبۇ قاسىمغا (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە) بويسۇنغىن! ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالا مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ كېتىۋېتىپ:

ـ بۇ بالىنى دوزاختىن قۇتقۇزغان اللە تائالاغا ھەمدۇسانا بولسۇن! ـ دېدى.

[1] ئەلبانى (367): زەئىپ، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 1356)

2377 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَى أَعْرَابِي يَعُودُهُ قَالَ وَكَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دَخَلَ عَلَى مَرِيضٍ يَعُودُهُ قَالَ لَا بَأْسَ طَهُورٌ إِنْ شَاءَ اللهُ فَقَالَ لَهُ لَا بَأْسَ طَهُورٌ إِنْ شَاءَ اللهُ قَالَ قُلْت طَهُورٌ كَلا بَلْ هِيَ حُمى تَفُورُ أَوْ تَثُورُ عَلَى شَيْخٍ كَبِيرٍ تُزِيرُهُ الْقُبورَ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَعَمْ إِذًا.

2377 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەھرالىق بىر كىشىنى يوقلاپ باردى. ئۇ بىرەر كېسەلنى يوقلاپ بارسا: «ھېچ ۋەقەسى يوق، ئىنشائاللاھ، بۇ كېسەل سىنى گۇناھتىن پاكلايدۇ» دەيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سەھرالىق كىشىگىمۇ شۇنداق دېگەن ئىدى، ئۇ ئادەم:

ـ (ئۇ كېسەلنى) پاكلىغۇچى دەمسەن؟ ياق، بۇ دېگەن قىزىق بىر ئادەمگە توختىماي ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قەبرىگە يوللىماقچى بولۇۋاتقان بەزگەك كېسىلىدۇر. ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھە بوپتۇ، ئۇنداقتا سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن. ـ دېدى.

(بۇخارى: 3616)

2378 ـ عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ -رضي الله عنهما- قال: من السنة تخفيفُ الجلوس، وقلةُ الصخَب في العيادة عند المريض. قال: وقال رسولُ الله -صلى الله عليه وسلم- لما كثُـر لغَطُهم واختلافهم: «قُومُوا عني».

2378 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دەيـدۇ: كېسەل يوقلىغاندا، (كېسەلنىڭ قېشىدا) ئاز گەپ قىلىش ۋە ئۇزۇن ئولتۇرماسلىق سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاغرىپ قالغاندا، يوقلاپ كىرگەن كىشىلەر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ، تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ چىقىپ كېتىڭلار! ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

**2380 - عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يعاد المريR̀ الا بعد ثلاث.**

2380 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېسەل ئۈچ كۈندىن كېيىن يوقلىنىدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

**2381 - عن ابن عباس قال عيادة المريR̀ أول يوم سنة وبعد ذلك تطوع.**

2381 ـ ئىبنى ئاببās رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: كېسەلنى بىرىنچى كۈنى يوقلاش سۈننەت، ئۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە يوقلاش نەپلىدۇر[②].

(«ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەۋسەت» ۋە بەززار)

**2382 - عن عمرو بن حزم قال Sعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول من عاد مريضا فلا يزال في الرحمة Gح إذا قعد عنده استشفع فيها وإذا قام من عنده فلا يزال Eوض فيها Gح يرجع من حيث خرج.**

2382 ـ ئەمر ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«بىر ئادەم كېسەل يوقلىسا، ئۇ ئادەم داۋاملىق رەھمەتنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇ ئادەم كېسەلنىڭ قېشىدا ئولتۇرسا، كېسەلگە چۈشكەن رەھمەتكە شېرىك بولىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدىن قوپۇپ كەتسە، چىققان يېرىگە قايتقىچە رەھمەتنىڭ ئىچىدە بولىدۇ»[③].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

---

① ھەيسەمى (3760): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نەسر ئىبنى ھەممād ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار. كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ئەدىي: "گەرچە ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ بولسىمۇ، كىتابقا يېزىشقا بولىدۇ" دېدى، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (3763): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدلىرىنىڭ بىرىدە ئەلى ئىبنى ئۇرۋە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ۋە مەترۇك كىشى بار. يەنە بىرىدە نەزر ئەبۇ ئۆمەر ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن كىشى بار، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (3770): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

2383 - عَنْ مُعَاذِ بن جَبَلٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "خَمْسٌ مَنْ فَعَلَ وَاحِدَةً مِنْهُن كَانَ ضَامِنًا عَلَى اللهِ: مَنْ عَادَ مَرِيضًا، أَوْ خَرَجَ مَعَ جَنَازَةٍ، أَوْ خَرَجَ غَازِيًا، أَوْ دَخَلَ عَلَى إِمَامِهِ يُرِيدُ تَعْزِيرَهُ وَتَوْقِيرَهُ، أَوْ قَعَدَ فِي بَيْتِهِ فَسَلِمَ الناسُ مِنْهُ وَسَلِمَ مِنَ الناسِ".

2383 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇنداق بەش ئىش باركى، كىم ئۇ بەش ئىشتىن بىرنى قىلسا، الله ئۇ ئادەمنى قوغدايدۇ. ئۇ ئىشلار: كېسەل يوقلاش، جىنازىنى ئۇزىتىپ (قەبرە بېشىغا) چىقىش، جىھاد قىلىش، ئىززەت ـ ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئەمىرنى يوقلاش، (باشقىلارغا زىيىنىم يەتمىسۇن، ماڭىمۇ باشقىلارنىڭ زىيىنى يەتمىسۇن دەپ) ئۆيىدە ئولتۇرۇش»[①].

(«ئەلكەبىر»: 37/20)

2384 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ عَز وَجَل يَقُولُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يَا ابْنَ آدَمَ مَرِضْتُ فَلَمْ تَعُدْنِي قَالَ يَا رَب كَيْفَ أَعُودُكَ وَأَنْتَ رَب الْعَالَمِينَ قَالَ أَمَا عَلِمْتَ أَن عَبْدِي فُلَانًا مَرِضَ فَلَمْ تَعُدْهُ أَمَا عَلِمْتَ أَنكَ لَوْ عُدْتَهُ لَوَجَدْتَنِي عِنْدَهُ يَا ابْنَ آدَمَ اسْتَطْعَمْتُكَ فَلَمْ تُطْعِمْنِي قَالَ يَا رَب وَكَيْفَ أُطْعِمُكَ وَأَنْتَ رَب الْعَالَمِينَ قَالَ أَمَا عَلِمْتَ أَنهُ اسْتَطْعَمَكَ عَبْدِي فُلَانٌ فَلَمْ تُطْعِمْهُ أَمَا عَلِمْتَ أَنكَ لَوْ أَطْعَمْتَهُ لَوَجَدْتَ ذَلِكَ عِنْدِي يَا ابْنَ آدَمَ اسْتَسْقَيْتُكَ فَلَمْ تَسْقِنِي قَالَ يَا رَب كَيْفَ أَسْقِيكَ وَأَنْتَ رَب الْعَالَمِينَ قَالَ اسْتَسْقَاكَ عَبْدِي فُلَانٌ فَلَمْ تَسْقِهِ أَمَا إِنكَ لَوْ سَقَيْتَهُ وَجَدْتَ ذَلِكَ عِنْدِي.

2384 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، الله:

ـ ئى ئادەم ئوغلى! كېسەل بولۇپ قالسام، مېنى يوقلىمىدىڭغۇ؟ ـ

① ھەيسەمى (3784): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم:

- ئى رەببىم! سېنى قانداق يوقلايمەن، سەن پۈتكۈل كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ؟ - دەيدۇ. الله:

- پالانى بەندەمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ سەن ئۇنى يوقلىمىدىڭ، ئەگەر يوقلىغان بولساڭ، مېنى ئۇ بەندەمنىڭ قېشىدا تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمىدىڭمۇ؟ - دەيدۇ. ئاندىن:

- ئى ئادەم ئوغلى! مەن تائام تەلەپ قىلسام بەرمىدىڭغۇ؟ - دەيدۇ، ئۇ ئادەم:

- ئى رەببىم! مەن ساڭا قانداق تائام بېرىمەن، سەن پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى تۇرساڭ؟ - دەيدۇ. الله:

- بىلەمسەن، پالانى بەندەم سەندىن تائام تەلەپ قىلدى، لېكىن سەن ئۇنىڭغا تائام بەرمىدىڭ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا تائام بەرگەن بولساڭ، بۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ قېشىمدا تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمىدىڭمۇ؟ - دەيدۇ. ئاندىن:

- ئى ئادەم ئوغلى! مەن سەندىن سۇ تەلەپ قىلسام بەرمىدىڭغۇ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم:

- ئى رەببىم! مەن ساڭا قانداق سۇ بېرىمەن، سەن دېگەن پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ ئىگىسى تۇرساڭ؟ - دەيدۇ. الله:

- بىلەمسەن، پالانى بەندەم سەندىن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، سەن بەرمىدىڭ. ئەگەر ئۇنىڭغا سۇ بەرگەن بولساڭ، بۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ قېشىمدا تاپاتتىڭ، - دەيدۇ.

(مۇسلىم: 2569)

2385 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَادَ رَجُلًا فَقَالَ مَا تَشْـتَهي قَالَ أشْتَهي خُبْزَ بُر قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ كَانَ عِنْدَهُ خُبْزُ بُر فَلْيَبْعَثْ إلى أخِيهِ ثُم قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إذَا اشْتَهى مَرِيضُ أحَدِكُمْ شَيْئًا فَلْيُطْعِمْهُ.

2385 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى يوقلاپ:

ـ كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى:

ـ بۇغداي نېنىنى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىمدە بۇغداي نېنى بولسا، بۇ بۇرادىرىگە ئەۋەتسۇن! كېسەل كىشىنىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتسا، شۇنى بېرىڭلار! ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 1439)

2386 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ قَالَ لِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دَخَلْتَ عَلَى مَرِيضٍ فَمُرْهُ أَنْ يَدْعُوَ لَكَ فَإِن دُعَاءَهُ كَدُعَاءِ الْمَلَائِكَةِ.

2386 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىر كېسەلنى يوقلاپ كىرسەڭ، ئۇ كېسەلنىڭ ئۆزەڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلغىن، چۈنكى ئۇنىڭ دۇئاسى پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىغا ئوخشاشتۇر»[2].

(ئىبنى ماجە: 1441)

[1] ئەلبانى (304): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (306): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

## ئۆلۈمنىڭ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋاللىرى

2387 - عن يَحْيَى بْنُ عُمَارَةَ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيَّ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَقِّنُوا مَوْتَاكُمْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ.

2387 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەكراتتىكى ئادەمگە: ”لائىلاھە ئىللەللاھ“ نى تەلقىن قىلىڭلار».

(مۇسلىم: 916)

2388 - عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : وقولوا الثبات ولاقوة إلا بالله.

2388 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەكراتتىكى ئادەمگە: سەۋرلىك بول، سەۋرلىك بول، لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللابىللاھ ـ دەڭلار!»[1]

(«ئەلسەغىر»: 1119)

2389 - عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَعْفَرٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَقِّنُوا مَوْتَاكُمْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ الْحَلِيمُ الْكَرِيمُ سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ الْحَمْدُ لِلهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ لِلْأَحْيَاءِ قَالَ أَجْوَدُ وَأَجْوَدُ.

---

[1] ھەيسەمى (3913): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى سەھبان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

2389 ـ ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەكراتتىكى ئادەمگە: «ئۇلۇغ، كۆيۈمچان الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، بۈيۈك ئەرشىنىڭ ئىگىسى الله ھەر قانداق ئەيىبتىن پاكتۇر، ھەمدۇسانا پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى اللهقا خاستۇر» دەپ تەلقىن قىلىڭلار، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! بۇنى تىرىكلەرگىمۇ تەلقىن قىلىپ ئۆگەتسەكچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 1446)

2390 - عَنْ مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ قَالَ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اقْرَءُوا يس عَلَى مَوْتَاكُمْ.

2390 ـ مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن:

«ئۆلۈكلىرىڭلارغا سۈرە ياسىننى ئوقۇڭلار»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3121)

2391 - عَنْ الْعَلَاءِ بْنِ يَعْقُوبَ قَالَ أَخْبَرَنِي أَبِي أَنَّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَمْ تَرَوْا الْإِنْسَانَ إِذَا مَاتَ شَخَصَ بَصَرُهُ قَالُوا بَلَى قَالَ فَذَلِكَ حِينَ يَتْبَعُ بَصَرُهُ نَفْسَهُ.

2391 ـ ئەلا ئىبنى يەئقۇب دادىسىدىن خەۋەر قىلىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

[1] ئەلبانى (307): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (683): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ئىنسان ئۆلۈۋاتقاندا، ئاسمانغا قارايدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى، ساھابىلەر:

ـ شۇنداق، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ چۈنكى روھ تەندىن ئايرىلغاندا، كۆز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەنە شۇنداق قاراپ قالىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 921)

2392 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أَبِي سَلَمَةَ وَقَدْ شَق بَصَرُهُ فَأَغْمَضَهُ ثُم قَالَ إِن الروحَ إِذَا قُبِR تَبِعَهُ الْبَصَرُ فَضَج نَاسٌ مِنْ أَهْلِهِ فَقَالَ لَا تَدْعُوا عَلَى أَنفُسِكُمْ إِلا بِخَيْرٍ فَإِن الْمَلَائِكَةَ يُؤَمنُونَ عَلَى مَا تَقُولُونَ ثُم قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِأَبِي سَلَمَةَ وَارْفَعْ دَرَجَتَهُ فِي الْمَهْدِيينَ وَاخْلُفْهُ فِي عَقِبِهِ فِي الْغَابِرِينَ وَاغْفِرْ لَنَا وَلَـهُ يَـا رَب الْعَالَمِينَ وَافْسَحْ لَهُ فِي قَبْرِهِ وَنَورْ لَهُ فِيهِ.

2392 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا كىردى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالغان ئىدى، يۇمدۇردى. ئاندىن كېيىن: «روھ قەبزى قىلىنغاندا، كۆز ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ» دېدى، ئەبۇ سەلەمەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋارقىرىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆزەڭلارغا ياخشى دۇئا قىلىڭلار، چۈنكى پەرىشتىلەر نېمە دېسەڭلەر ئامىن دەيدۇ» دېدى. ئاندىن كېيىن: «ئى اﷲ! ئەبۇ سەلەمەنى مەغپىرەت قىل، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ھىدايەت تاپقانلار قاتارىدا يۇقىرى قىلغىن، ئۇنىڭ قېلىپ قالغان ئائىلىسىدىكىلەرگە كېپىللىك قىلغىن. بىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭرى ۋە نۇرلۇق قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

(مۇسلىم: 920)

2393 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا حُضِرَ الْمُؤْمِنُ أَتَتْـهُ مَلَائِكَةُ الرحْمَةِ بِحَرِيرَةٍ بَيْضَاءَ فَيَقُولُونَ اخْرُجِي رَاضِيَةً مَرْضِيا عَنْكِ إِلَى رَوْحِ اللهِ وَرَيْحَانٍ

وَرَب غَيْرِ غَضْبَانَ فَتَخْرُجُ كَأَطْيَبِ رِيحِ الْمِسْكِ حَتى أنهُ لَيُنَاوِلُهُ بَعْضُهُمْ بَعْضًا حَتى يَأْتُونَ بِهِ بَابَ السمَاءِ فَيَقُولُونَ مَا أَطْيَبَ هَذِهِ الريحَ الَتِي جَاءَتْكُمْ مِنْ الْأَرْضِ فَيَأْتُونَ بِهِ أَرْوَاحَ الْمُؤْمِنِينَ فَلَهُمْ أَشَد فَرَحًا بِهِ مِنْ أَحَدِكُمْ بِغَائِبِهِ يَقْدَمُ عَلَيْهِ فَيَسْأَلُونَهُ مَاذَا فَعَلَ فُلَانٌ مَاذَا فَعَلَ فُلَانٌ فَيَقُولُونَ دَعُوهُ فَإِنهُ كَانَ فِي غَم الدنْيَا فَإِذَا قَالَ أَمَا أَتَاكُمْ قَالُوا ذُهِبَ بِهِ إِلَى أُمهِ الْهَاوِيَةِ وَإِن الْكَافِرَ إِذَا احْتُضِرَ أَتَتْهُ مَلَائِكَةُ الْعَذَابِ بِمِسْحٍ فَيَقُولُونَ اخْرُجِي سَاخِطَةً مَسْخُوطًا عَلَيْكِ إِلَى عَذَابِ اللهِ عَز وَجَل فَتَخْرُجُ كَأَنْتَنِ رِيحِ جِيفَةٍ حَتى يَأْتُونَ بِهِ بَابَ الْأَرْضِ فَيَقُولُونَ مَا أَنْتَنَ هَذِهِ الريحَ حَتى يَأْتُونَ بِهِ أَرْوَاحَ الْكُفارِ.

2393 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن سەكراتقا چۈشسە، رەھمەت پەرىشتىلىرى ئاق يىپەك بىلەن كېلىپ: ئى جان! سەن اللهتىن، اللهمۇ سەندىن رازى بولغان ھالەتتە اللهنىڭ رەھمىتىگە، نېمىتىگە؛ غەزەب قىلمايدىغان رەببىڭگە چىققىن! ـ دەيدۇ. ئۇ جان ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك ئەڭ گۈزەل پۇراق بىلەن چىقىدۇ. پەرىشتىلەر بۇ جاننى بىر ـ بىرسىگە سۇنۇپ بەرگەن ھالدا، ئاسماننىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە: زېمىنىدىن سىلەرگە كەلتۈرۈلگەن بۇ پۇراق نېمىدېگەن خۇشبۇي، نېمىدېگەن يېقىملىق؟! ـ دېيىشىدۇ. ئاندىن ئۇنى مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرىنىڭ يېنىغا كىرگۈزىدۇ. مۇئمىن روھلار ئۇنى كۆرۈپ، خۇددى سىلەر يىراق تۇغقىنىڭلارنى كۆرۈپ خۇش بولغاندىنمۇ بەكرەك خۇش بولۇشىدۇ. ئاندىن ئۇ روھلار ئۇنىڭدىن: پالانى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ پۇكۇنى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. باشقا روھلار: ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قىلماڭلار، ئۇ دېگەن دۇنيانىڭ غېمى بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىدى، ـ دەيدۇ. يېڭى كەلگەن روھ: ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنىدىغۇ؟ سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلتۈرۈلمىدىمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ئۇنداقتا، ئۇ ھاۋىيە ئوتىغا ئېلىپ كېتىلىپتۇ، ـ دەيدۇ.

كاپىر سەكراتقا چۈشسە، ئازاب پەرىشتىلىرى قامچا بىلەن كېلىپ: ئى جان! غەزەپ قىلغۇچى ۋە غەزەپ قىلىنغۇچى بولغان ھالەتتە اللهنىڭ

ئازابىغا چىققىن! - دەيدۇ. ئۇ، تاپنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق پۇراق بىلەن چىقىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇ روھنى زېمىننىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە: نېمە دېگەن سېسىق پۇراق بۇ؟! - دېيىشىپ، ئۇنى كاپىرلارنىڭ روھلىرى بار يەرگە تاشلايدۇ»[1].

(نەسائى: 1833)

2394 - وزاد الكبير عن ابن عمرو بن العاص: إن المؤمن يؤمر بقبره فيوسع سبعين طولا وسبعين عرضا ويفرش ويطيب وينور وفيه باب إلى الجنة، وإن الكافر يضيق قبره ويملأ حيات كأعناق البخت، وترسل عليه ملائكة صم عمي معهم فطاطيس من حديد لا يبصرونه فيرحمونه ولا يسمعون صوته فيرحمونه، وفيه باب إلى النار، إذا نظر منه إلى مقعده من النار سأل الله أن يديم ذلك عليه فلا يصل إلى ما وراءه من النار.

2394 - تەبەرانى «ئەلكەبىر» دە ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن يۇقىرىقى ھەدىسكە مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلدى: «مۇئمىننىڭ قەبرىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، ئۇزۇنلىقى يەتمىش، كەڭلىكى يەتمىش گەز چوڭايتىلىدۇ، ئاندىن كۆرپە سېلىنىدۇ، خۇشپۇراق چېچىلىدۇ، نۇرلاندۇرۇلىدۇ ۋە جەننەت تەرەپتىن ئىشىك ئېچىلىدۇ. كاپىرنىڭ قەبرىسى تارايتىلىدۇ ۋە تۆگىنىڭ لوككىسىدەك چوڭلۇقتىكى يىلانلار بىلەن توشقۇزۇلىدۇ. ئاندىن قوللىرىدا بازغان تۇتقان پەرىشتىلەر كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى كور، قۇلىقى گاس بولغاچقا، كاپىرنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، رەھىم - شەپقەت دېگەننىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ قەبرىدە دوزاخ تەرەپكە ئېچىلغان بىر ئىشىك بار بولۇپ، كاپىر ئۇ يەردىن ئۆزىنىڭ دوزاختىكى جايىنى ھەر كۆرگەندە، اللهتىن قەبرە ئازابىنىڭ داۋاملىشىشىنى، قەبرە ئازابىدىن كېيىن كېلىدىغان بۇ دوزاخ ئازابىغا بېرىپ قالماسلىقنى تىلەيدۇ»[2].

---

[1] ئەلبانى (1729): سەھىھ - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3932): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر - دېگەن.

2395 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمُؤْمِنُ يَمُوتُ بِعَرَقِ الْجَبِينِ.

2395 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۆئمىن پېشانىسى تەرلىگەن ھالەتتە جان ئۈزىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 982)

2396 - عَنْ عُبَيْدِ بْنِ خَالِدٍ السلَمِي رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَرةً عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ مَرةً عَنْ عُبَيْدٍ قَالَ مَوْتُ الْفَجْـأَةِ أَخْـذَةُ أَسِفٍ ورحمة للمؤمنين.

2396 ـ ئۇبەيد ئىبنى خالىد سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۇيۇقسىز ئۆلۈم كاپىر ئۈچۈن ئازاب، مۆئمىن ئۈچۈن رەھمەتتۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3110)

2397 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ اسْتَعَاذَ مِنْ سَبْعِ مَوْتَاتٍ مَوْتِ الْفَجْأَةِ وَمِنْ لَدْغِ الْحَيةِ وَمِنْ السبُعِ وَمِنْ الْحَرَقِ وَمِنْ الْغَرَقِ وَمِنْ أَنْ يَخِر عَلَى شَيْءٍ أَوْ يَخِر عَلَيْهِ شَيْءٌ وَمِنْ الْقَتْلِ عِنْدَ فِرَارِ الزحْفِ.

2397 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق يەتتە تۈرلۈك ئۆلۈمدىن پاناھ تىلەپ دۇئا قىلغانىدى: تۇيۇقسىز ئۆلۈش، يىلان چېقىۋېلىش، يىرتقۇچ ھايۋانغا يەم بولۇش، كۆيۈپ ئۆلۈش، سۇدا بوغۇلۇپ ئۆلۈش، بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىپ ياكى بىر نەرسىنىڭ

[1] ئەلبانى (784): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2667): سەھىھ ـ دېگەن.

ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈش ۋە ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىپ ئۆلۈش[1].

(ئەھمەد: 6558؛ بەززار؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

2398 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَحَب لِقَاءَ اللهِ أَحَب اللهُ لِقَاءَهُ وَمَنْ كَرِهَ لِقَاءَ اللهِ كَرِهَ اللهُ لِقَاءَهُ فَقُلْتُ يَا نَبِي اللهِ أَكَرَاهِيَةُ الْمَوْتِ فَكُلنَا نَكْرَهُ الْمَوْتَ فَقَالَ لَيْسَ كَذَلِكِ وَلَكِن الْمُؤْمِنَ إِذَا بُشرَ بِرَحْمَةِ اللهِ وَرِضْوَانِهِ وَجَنتِهِ أَحَب لِقَاءَ اللهِ فَأَحَب اللهُ لِقَاءَهُ وَإِن الْكَافِرَ إِذَا بُشرَ بِعَذَابِ اللهِ وَسَخَطِهِ كَرِهَ لِقَاءَ اللهِ وَكَرِهَ اللهُ لِقَاءَهُ.

2398 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمكى الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، الله تائالامۇ ئۇ ئادەم بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىمكى الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرمىسە، الله تائالامۇ ئۇ ئادەم بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ـ دېدى. مەن (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا):

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمىسە دېمەكچىمۇ؟ ھېچبىرىمىز ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمەيمىز، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق ئەمەس، مۇئمىنگە (سەكراتتىكى ۋاقتىدا) الله تائالانىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننىتى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلسە، ئۇ الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، الله تائالامۇ ئۇ بەندە بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كاپىرغا (سەكراتتىكى ۋاقتىدا) الله تائالانىڭ ئازابى ۋە غەزىپى خەۋەر قىلىنسا، ئۇ الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى ياقتۇرمايدۇ، الله تائالامۇ ئۇ كاپىر بىلەن ئۇچرىشىشنى ياقتۇرمايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2684)

[1] ھەيسەمى (3884): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە سەلبىيرەك باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

2399 - وفي رواية: بعد كَرِهَ اللهُ لِقَاءَهُ: وَالْمَوْتُ قَبْلَ لِقَاءِ اللهِ.

2399 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «الله تائالا ئۇ كاپىر بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەندىن كېيىن: «الله بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن ئۆلۈم بار» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 2684)

2400 - وفي أخرى: قالت إِذَا شَخَصَ الْبَصَرُ وَحَشْرَجَ الصدْرُ وَاقْشَعَر الْجِلْدُ وَتَشَنجَتْ الْأَصَابِعُ فَعِنْدَ ذَلِكَ مَنْ أَحَب لِقَاءَ اللهِ أَحَب اللهُ لِقَاءَهُ وَمَنْ كَرِهَ لِقَاءَ اللهِ كَرِهَ اللهُ لِقَاءَهُ.

2400 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: كۆز يۇقىرىغا تىكىلگەن، نەپەس سىقىلغان، بەدەنگە تىترەك ئولاشقان ۋە بارماقلار يىغىلىپ قىلىشقا باشلىغاندا، ئەنە ئاشۇ چاغدا، كىمكى الله بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، اللهمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىمكى الله بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرمىسە، اللهمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2685)

2401 - عن حَيان أَبو النضْر قَالَ دَخَلْتُ مَعَ وَاثِلَةَ بْنِ الْأَسْقَعِ عَلَى أَبِي الْأَسْوَدِ الْجُرَشِي فِي مَرَضِهِ الذِي مَاتَ فِيهِ فَسَلمَ عَلَيْهِ وَجَلَسَ قَالَ فَأَخَذَ أَبو الْأَسْوَدِ يَمِينَ وَاثِلَةَ فَمَسَحَ بِهَا عَلَى عَيْنَيْهِ وَوَجْهِهِ لِبَيْعَتِهِ بِهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ وَاثِلَةُ وَاحِدَةٌ أَسْأَلُكَ عَنْهَا قَالَ وَمَا هِيَ قَالَ كَيْفَ ظَنكَ بِرَبكَ قَالَ فَقَالَ أَبو الْأَسْوَدِ وَأَشَارَ بِرَأْسِهِ أَيْ حَسَنٌ قَالَ وَاثِلَةُ أَبْشِرْ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قَالَ اللهُ عَز وَجَل أَنَا عِنْدَ ظَن عَبْدِي بِي فَلْيَظُن بِي مَا شَاءَ.

2401 ـ ھەييان ئەبۇ نەزر مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇل ئەسۋەد بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، شۇ كېسەلدىن قوپالماي ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە ئىككىمىز ئۇنى (شۇ كېسەلدە) يوقلاپ كىردۇق. ۋاسىلە ئەبۇل ئەسۋەدكە سالام قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەبۇل ئەسۋەد

ۋاسىلەنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئىككى كۆزىگە ۋە يۈزىگە سۈرتتى. چۈنكى ۋاسىلە بۇ قول بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان ئىدى. ۋاسىلە ئەبۇل ئەسۋەدكە:

ـ سەندىن سورايدىغان بىر مەسىلە بار، ـ دېدى، ئەبۇل ئەسۋەد:

ـ نېمە مەسىلە؟ ـ دېدى. ۋاسىلە:

ـ سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇڭ قانداقراق؟ ـ دېدى، ئەبۇل ئەسۋەد بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

ـ ياخشى، ـ دېدى. ۋاسىلە:

ـ ئۇنداق بولسا، ئۇمىدۋار بول! چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «اللہ مۇنداق دەيدۇ: بەندەم مېنىڭ بەندەمنى قانداق قىلىشىمنى ئويلىسا، مەن ئۇنى شۇنداق قىلىمەن. ئۇنداق بولغانىكەن، بەندەم مېنى خالىغان (ياخشى تىلەكلىرى بىلەن) ئويلىسۇن»[①].

(ئەھمەد: 15586؛ «ئەلئەۋسەت»)

2402 - عَنْ مَحْمُودِ بْنِ لَبِيدٍ أن النبي صلى الله عَلَيْهِ وَسلمَ قَالَ اثْنَتَانِ يَكْرَهُهُمَا ابْنُ آدَمَ الْمَوْتُ وَالْمَوْتُ خَيْرٌ لِلْمُؤْمِنِ مِنْ الْفِتْنَةِ وَيَكْرَهُ قِلةَ الْمَالِ وَقِلةُ الْمَالِ أَقَلُّ لِلْحِسَابِ.

2402 ـ مەھمۇد ئىبنى لەبىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلار مۇنداق ئىككى نەرسىنى ياقتۇرمايدۇ: بىرى، ئۆلۈم. لېكىن ئۆلۈم مۆئمىنگە نىسبەتەن پىتنىدىن ياخشىدۇر. يەنە بىرى، پۇل ـ مالنىڭ ئاز بولۇشى. لېكىن پۇل ـ مالنىڭ ئاز بولۇشى ئاسان ھېساب بېرىشكە پايدىلىق»[②].

(ئەھمەد: 23113)

---

[①] ھەيسەمى (3887): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (3904): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

2403 - عن عبدالله بن عمرو عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: تحفة المؤمن الموت.

2403 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۆئمىنگە بېرىلگەن ئەڭ قىممەتلىك سوغات ئۆلۈمدۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»)

2404 - عَنْ سَلْمَانَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ يَعُودُ رَجُلا مِنَ الأنصَارِ، فَلَما دَخَلَ عَلَيْهِ وَضَعَ يَدَهُ عَلَى جَبِينِهِ، فَقَالَ: كَيْفَ تَجِدُكَ؟ فَلَمْ يُحِرْ إِلَيْهِ شَيْئًا، فَقِيلَ: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنهُ عَنْكَ مَشْغُولٌ، فَقَالَ: خَلوا بَيْنِي وَبَيْنَهُ، فَخَرَجَ النسَاءُ مِنْ عِنْدِهِ، وَتَرَكُوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَرَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ، وَأَشَارَ الْمَرِيضُ أَنْ أَعِدْ يَدَكَ حَيْثُ كَانَتْ، ثُم نَادَى: يَا فُلانُ مَا تَجِدُ؟ قَالَ: أَجِدُ خَيْرًا، وَقَدْ حَضَرَنِي اثْنَانِ أَحَدُهُمَا أَسْوَدُ وَالآخَرُ أَبْيَضُ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أَيهُمَا أَقْرَبُ مِنْكَ؟ قَالَ: الأَسْوَدُ، قَالَ: إِن الْخَيْرَ قَلِيلٌ وَإِن الشر كَثِيرٌ، قَالَ: فَمَتعْنِي مِنْكَ يَا رَسُولَ اللهِ بِدَعْوَةٍ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "اللهُم اغْفِرِ الْكَثِيرَ وَأَنْمِ الْقَلِيلَ"، ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: مَا تَرَى؟ قَالَ: خَيْرًا بِأَبِي أَنْتَ وَأُمي، الْخَيْرُ يَنْمُو وَأَرَى الشر يَضْمَحِلُ، وَقَدِ اسْتَأْخَرَ مِني الأَسْوَدُ، قَالَ: أَي عَمَلِكَ كَانَ أَمْلَكُ بِكَ؟ قَالَ: كُنْتُ أَسْقِي الْمَاءَ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: اسْمَعْ يَا سَلْمَانُ هَلْ تُنْكِرُ مِني شَيْئًا؟ قَالَ: نَعَمْ بِأَبِي وَأُمي، قَدْ رَأَيْتُكَ فِي مَوَاطِنَ فَمَا رَأَيْتُكَ عَلَى مِثْلِ حَالِكَ الْيَوْمَ، قَالَ: إِني أَعْلَمُ مَا يَلْقَى، مَا مِنْهُ عِرْقٌ إِلا وَهُوَ الْمَوْتُ عَلَى حِدَتِهِ.

2404 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلاردىن بىر كىشىنى يوقلاپ باردى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، قولىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ:

ـ قانداقراق ئەھۋالىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى بىر نەرسە دەپ

---

[1] ھەيسەمى (3897): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

جاۋاب بەرمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭ زېھنى باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل، ـ دېيىلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، بۇ ئىككىمىزنى خالىي قويۇڭلار! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۇ ئادەم قولۇڭنى كۆتۈرمە دەپ ئىشارەت قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەي پالانى! نېمە كۆردۈڭ؟ ـ دەپ توۋلىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ياخشىلىق، ماڭا ئىككى نەرسە كەلدى، بىرسى قارا، يەنە بىرسى ئاق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلارنىڭ قايسىسى ساڭا يېقىنراق تۇردۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ـ قارىسى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا ياخشىلىق ئاز، يامانلىق كۆپ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ماڭا دۇئا قىلغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى الله! كۆپنى يوقىتىپ، ئازنى كۆپەيتكىن! ـ دېدى. ئاندىن كېيىن:

ـ ئەمدى قانداقراق؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ـ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، ياخشىلىقنىڭ كۆپىيىپ، يامانلىقنىڭ ئازلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى، قارا نەرسىنىڭ مەندىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەمدى قايسى ئەمەلىڭ ساڭا ئىگە چىقىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ مەن سۇ تارقىتاتتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى سەلمان! قۇلاق سالغىن! مەندە غەيرى بىر ئەھۋال كۆردۈڭمۇ؟ ـ دېدى. سەلمان:

ـ شۇنداق. ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، مەن سېنى جىق يەردە كۆرگەن بولسامۇ، بۇگۈنكىدەك هالدا كۆرمىگەنىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭدىن ئاققان تەرنىڭ ئۇ تارتىۋاتقان ئۆلۈم ئازابىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، ـ دېدى[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2405 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، يَقُولُ: إِن نَفْسَ الْمُؤْمِنِ يَخْرُجُ رَشْحًا، وَلا أُحِب مَوْتًا كَمَوْتِ الْحِمَارِ، قِيلَ: وَمَا مَوْتُ الْحِمَارِ؟ قَالَ: «موت الفجأة». قَالَ: رُوحُ الْكَافِرِ يَخْرُجُ مِنْ أَشْدَاقِهِ.

2405 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مۇئمىننىڭ روھى تەر بولۇپ چىقىدۇ، ئېشەكنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمەيمەن، ـ دېدى.

ـ ئېشەكنىڭ ئۆلۈمى قانداق؟ ـ دەپ سورالدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ تۇيۇقسىز كەلگەن ئۆلۈم، ـ دېدى، ئارقىدىنلا:

ــ كاپىرنىڭ روھى جاۋغايلىرىدىن چىقىدۇ، ــ دېگەننى قوشۇپ قويدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 10049؛ «ئەلئەۋسەت»)

2406 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: إِن لِلْمَوْتِ فَزَعًا، فَإِذَا أَتَى أَحَدَكُمْ وَفَاةُ أَخِيهِ، فَلْيَقُلْ: إِنا لِلهِ وَإِنا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ، وَإِنا إِلَى رَبنَا لَمُنْقَلِبُونَ، اللهُم اكْتُبْهُ فِي الْمُحْسِنِينَ، وَاجْعَلْ كِتَابَهُ فِي عِلِّيينَ، وَاخْلُفْ عَقِبَهُ فِي الآخِرِينَ، اللهُم لا تَحْرِمْنَا

[1] ھەيسەمى (3907): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3927): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھۇسام ئىبنى مەسەك ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

أَجْرَهُ، وَلاَ تَفْتِنا بَعْدَهُ.

2406 ـ ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆلۈم قورقۇنچلۇقتۇر. بىرىڭلارغا دوستىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلسە، بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: بىز اللهنىڭ ئىلكىدىدۇرمىز، يەنە اللهقا قايتىمىز ۋە چوقۇم پەرۋەردىگارىمىز تەرەپكە يۆتكىلىمىز. ئى الله! بۇ ئادەمنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا يازغىن، نامە ـ ئەمالىنى ئىللىييىندا قىلغىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا قالغان ئۇرۇق ـ ئەۋلادىغا ئۆزەڭ ئورۇنباسار بولغىن. ئى الله! ئۇنىڭ ئەجرىدىن بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن ۋە بىزنى ئۇنىڭدىن كېيىن پىتنە ـ پاساتقا قويمىغىن»[1].

(«ئەلكەبىر»: 12469)

2407 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ مَاتَ رَجُلٌ بِالْمَدِينَةِ مِمنْ وُلِدَ بِهَا فَصَلى عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ يَا لَيْتَهُ مَاتَ بِغَيْرِ مَوْلِدِهِ قَالُوا وَلِمَ ذَاكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ إِن الرجُلَ إِذَا مَاتَ بِغَيْرِ مَوْلِدِهِ قِيسَ لَهُ مِنْ مَوْلِدِهِ إِلَى مُنْقَطَعِ أَثَرِهِ فِي الْجَنةِ.

2407 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىدە تۇغۇلغانلاردىن بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. ئاندىن كېيىن:

ـ كاشكى بۇ ئادەم تۇغۇلغان يېرىدىن باشقا يەردە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ! ـ دېدى، ساھابىلەر:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ـ بىر ئادەم تۇغۇلغان يېرىدىن باشقا يەردە ئۆلسە، تۇغۇلغان يېرى بىلەن ئۆلگەن يېرىنىڭ ئارىلىقى ئۆلچىلىپ، جەننەتتە ئۇ ئادەمگە

[1] ھەيسەمى (3945): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قەيس ئىبنى رەبىئ ئەسەدىي ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭغا سەلبىيرەك باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

شۇنچىلىك يەر بېرىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1832)

2408 - عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَتَى تَنْقَطِعُ مَعْرِفَةُ الْعَبْدِ مِنْ الناسِ قَالَ إِذَا عَايَنَ.

2408 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ بەندىنىڭ ئادەملەرنى تونۇشى قايسى زاماندا ئۈزۈلىدۇ؟ ــ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۆلۈمنى ئاشكارا كۆرگەن ۋاقىتتا، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئىبنى ماجە: 1453)

---

[1] ئەلبانى (1728): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (312): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسەل بولۇشى، ۋاپات تېپىشى، يۇيۇلۇشى، كېپەنلىنىشى ۋە دەپنە قىلىنىشى

2409 - عن العباس بن عبدالمطلب قال رأيت في المنام كـأن الارض تـنزع إلى السماء بأشطان شداد فقصصت ذلك على رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال ذاك وفاة ابن أخيك.

2409 ـ ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن چۈشۈمدە زېمىننىڭ ئارقان بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ: «بۇ، قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ۋاپاتىدۇر» دېدى[1].

(بەززار: 844؛ «ئەلكەبىر»)

2410 - عَنْ الزهْري قَالَ عُرْوَةُ قَالَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي مَرَضِهِ الذِي مَاتَ فِيهِ يَا عَائِشَةُ مَا أَزَالُ أَجِدُ أَلَمَ الطعَامِ الذِي أَكَلْتُ بِخَيْبَرَ فَهَذَا أَوَانُ وَجَدْتُ انْقِطَاعَ أَبْهَرِي مِنْ ذَلِكَ السم.

2410 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تېپىش ئالدىدىكى كېسىلىدە: «ئى ئائىشە! خەيبەردە يېگەن (زەھەرلىك) تائامنىڭ تەسىرىنى ھازىرغا قەدەر سېزىۋاتىمەن، بۇ، تومۇرۇمنىڭ شۇ زەھەردىن ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان ۋاقتىدۇر» دېدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2411 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ رَجَعَ إِلَي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَـوْمٍ مِـنْ

---

[1] ھەيسەمى (14246): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

جَنَازَةٍ مِنْ الْبَقِيعِ فَوَجَدَنِي وَأَنَا أَجِدُ صُدَاعًا وَأَنَا أَقُولُ وَا رَأْسَاهُ قَالَ بَلْ أَنَا يَا عَائِشَةُ وَا رَأْسَاهُ قَالَ وَمَا ضَرَّكِ لَوْ مُتِّ قَبْلِي فَغَسَلْتُكِ وَكَفَّنْتُكِ وَصَلَّيْتُ عَلَيْكِ وَدَفَنْتُكِ فَقُلْتُ لَكَأَنِّي بِكَ وَاللَّهِ لَوْ فَعَلْتَ ذَلِكَ لَرَجَعْتَ إِلَى بَيْتِي فَعَرَّسْتَ فِيهِ بِبَعْضِ نِسَائِكَ قَالَتْ فَتَبَسَّمَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ بُدِئَ فِي وَجَعِهِ الَّذِي مَاتَ فِيهِ.

2411 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى بەقىئ مازارلىقىغا دەپنە قىلغاندىن كېيىن، قايتىپ كەلدى. مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ تۇراتتى.

ـ ۋاي بېشىمەي! ـ دەۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە ھۇجرامغا كىرىپ قېلىپ:

ـ ئى ئائىشە! سېنىڭ بېشىڭغا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ بېشىمغا ۋاي! سەن مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەڭ، ساڭا نېمە زىيىنى بار؟ چۈنكى مەن سېنى يۇيىمەن، كېپەنلەيمەن، نامىزىڭنى چۈشۈرىمەن ۋە دەپنە قىلىمەن، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە، سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە قايتىپ، باشقا ئاياللىرىڭ بىلەن بىللە بولارسەنمىكىن؟! ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي، كېسىلى قوزغىلىشقا باشلىدى ۋە شۇ كېسىلى سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

(دارىمى: 80)

2412 - عن عَائِشَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ لَمَّا ثَقُلَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَاشْتَدَّ بِهِ وَجَعُهُ اسْتَأْذَنَ أَزْوَاجَهُ أَنْ يُمَرَّضَ فِي بَيْتِي فَأَذِنَّ لَهُ فَخَرَجَ وَهُوَ بَيْنَ الرَّجُلَيْنِ تَخُطُّ رِجْلَاهُ فِي الْأَرْضِ بَيْنَ عَبَّاسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ وَبَيْنَ رَجُلٍ آخَرَ قَالَ عُبَيْدُ اللَّهِ فَأَخْبَرْتُ عَبْدَ اللَّهِ بِالَّذِي قَالَتْ عَائِشَةُ فَقَالَ لِي عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عَبَّاسٍ هَلْ تَدْرِي مَنْ الرَّجُلُ الْآخَرُ الَّذِي لَمْ تُسَمِّ عَائِشَةُ قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ هُوَ عَلِيُّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ وَكَانَتْ عَائِشَةُ زَوْجُ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تُحَدِّثُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمَّا دَخَلَ بَيْتِي وَاشْتَدَّ بِهِ وَجَعُهُ قَالَ هَرِيقُوا عَلَيَّ مِنْ سَبْعِ قِرَبٍ لَمْ تُحْلَلْ أَوْكِيَتُهُنَّ

لَعَلي أَعْهَدُ إِلَى الناسِ فَأَجْلَسْنَاهُ فِي مِخْضَبٍ لِحَفْصَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم طَفِقْنَا نَصُب عَلَيْهِ مِنْ تِلْكَ الْقِرَبِ حَتى طَفِقَ يُشِيرُ إِلَيْنَا بِيَدِهِ أَنْ قَدْ فَعَلْتُن قَالَتْ ثُم خَرَجَ إِلَى الناسِ فَصَلى بِهِمْ وَخَطَبَهُمْ.

3412 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەلى ئېغىرلاشقاندا، ئاياللىرىدىن ھاياتىنىڭ قالغان قىسمىنى مېنىڭ ھۇجرامدا ئۆتكۈزۈشى ھەققىدە رۇخسەت سورىدى، ئۇلار رۇخسەت بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئەر كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئىككى پۇتى يەرگە سۈرەلگەن ھالەتتە چىقتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى.

ئۇبەيدۇللاھ (راۋى) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بەرسەم، ئۇ:

ـ ئائىشە ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ياق، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئۇ كىشى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىدى، ـ دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرامغا كىرگەن ۋاقىتتا، ئاغرىقى بەك قاتتىق تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ:

ــ ئۈستۈمگە ئاغزى ئېچىلمىغان يەتتە تۇلۇمدىن سۇ تۆكۈڭلار، كىشىلەرگە چىقىپ ۋەسىيەت قىلىشىم مۇمكىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى يەنە بىر ئايالى ھەفسەنىڭ دېسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈستىگە تۇلۇمدىن سۇ قۇيۇشقا باشلىدۇق. ئاخىرى، قولى بىلەن (بولدى، توختىتىڭلار دېگەندەك) ئىشارەت قىلدى، ئاندىن جامائەتنىڭ قېشىغا چىقىپ ناماز ئوقۇدى ۋە خۇتبە سۆزلىدى.

(بۇخارى: 4442)

2413 - قَالَ الزهْرِي وَأَخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللهِ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُتْبَةَ أَن عَائِشَةَ أَخْبَرَتْهُ

قَالَتْ أَولُ مَا اشْتَكَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَيْتِ مَيْمُونَةَ فَاسْتَأْذَنَ أَزْوَاجَهُ.

2413 ـ ئۇبەيدۇللاھ مۇنداق دېدى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى مەيمۇنەنىڭ ھۇجرىسىدا باشلاندى، ئاندىن مېنىڭ ھۇجرامدا تۇرۇش ئۈچۈن ئاياللىرىدىن رۇخسەت سورىدى.

(مۇسلىم: 418)

2414 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُتْبَةَ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى عَائِشَةَ فَقُلْتُ أَلَا تُحَدِّثِينِي عَنْ مَرَضِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ بَلَى ثَقُلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَصَلى الناسُ قُلْنَا لَا هُمْ يَنْتَظِرُونَكَ قَالَ ضَعُوا لِي مَاءً فِي الْمِخْضَبِ قَالَتْ فَفَعَلْنَا فَاغْتَسَلَ فَذَهَبَ لِيَنُوءَ فَأُغْمِيَ عَلَيْهِ ثُم أَفَاقَ فَقَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَصَلى الناسُ قُلْنَا لَا هُمْ يَنْتَظِرُونَكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ ضَعُوا لِي مَاءً فِي الْمِخْضَبِ قَالَتْ فَقَعَدَ فَاغْتَسَلَ ثُم ذَهَبَ لِيَنُوءَ فَأُغْمِيَ عَلَيْهِ ثُم أَفَاقَ فَقَالَ أَصَلى الناسُ قُلْنَا لَا هُمْ يَنْتَظِرُونَكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ ضَعُوا لِي مَاءً فِي الْمِخْضَبِ فَقَعَدَ فَاغْتَسَلَ ثُم ذَهَبَ لِيَنُوءَ فَأُغْمِيَ عَلَيْهِ ثُم أَفَاقَ فَقَالَ أَصَلى الناسُ فَقُلْنَا لَا هُمْ يَنْتَظِرُونَكَ يَا رَسُولَ اللهِ وَالناسُ عُكُوفٌ فِي الْمَسْجِدِ يَنْتَظِرُونَ النبِي عَلَيْهِ السلَام لِصَلَاةِ الْعِشَاءِ الْآخِرَةِ فَأَرْسَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ بِأَنْ يُصَلِيَ بِالناسِ فَأَتَاهُ الرسُولُ فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْمُرُكَ أَنْ تُصَلِيَ بِالناسِ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ وَكَانَ رَجُلًا رَقِيقًا يَا عُمَرُ صَل بِالناسِ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ أَنتَ أَحَق بِذَلِكَ فَصَلى أَبُو بَكْرٍ تِلْكَ الْأَيامَ ثُم إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَدَ مِنْ نَفْسِهِ خِفةً فَخَرَجَ بَيْنَ رَجُلَيْنِ أَحَدُهُمَا الْعَباسُ لِصَلَاةِ الظهْرِ وَأَبُو بَكْرٍ يُصَلي بِالناسِ فَلَما رَآهُ أَبُو بَكْرٍ ذَهَبَ لِيَتَأَخرَ فَأَوْمَأَ إِلَيْهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِأَنْ لَا يَتَأَخرَ قَالَ أَجْلِسَانِي إِلَى جَنْبِهِ فَأَجْلَسَاهُ إِلَى جَنْبِ أَبِي بَكْرٍ قَالَ فَجَعَلَ أَبُو بَكْرٍ يُصَلي وَهُوَ يَأْتَم بِصَلَاةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالناسُ بِصَلَاةِ أَبِي بَكْرٍ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَاعِدٌ.

2414 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسەل بولغان

ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرسەڭ. ـ دېدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ بولدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندى. بىر كۈنى:

ـ جامائەت ناماز ئوقۇپ بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ـ ياق، ئۇلار سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، ـ دېدۇق. ئۇ:

ـ داسقا سۇ قۇيۇڭلار! ـ دېدى، سۇ قۇيدۇق. يۇيۇنۇپ بولۇپ، ئاستا ماڭماقچى بولدى، ئەمما ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندە، يەنە:

ـ جامائەت نامازنى ئوقۇپ بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ـ ياق، سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ـ دېدۇق.

ـ داسقا سۇ قۇيۇڭلار! ـ دېدى، سۇ قۇيدۇق. ئولتۇرۇپ يۇيۇنغاندىن كېيىن، ئاستا ماڭاي دېۋىدى، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندە:

ـ جامائەت نامازنى ئوقۇپ بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ـ ياق، سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، ـ دېدۇق. يەنە:

ـ داسقا سۇ قۇيۇڭلار! ـ دېدى، سۇ قۇيدۇق. ئولتۇرۇپ يۇيۇنغاندىن كېيىن ماڭاي دېۋىدى، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ھۇشىغا كەلگەندە، يەنە:

ـ جامائەت نامازنى ئوقۇپ بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ ياق، سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، ـ دېدۇق. جامائەت مەسجىدتە خۇپتەن نامىزى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ساقلاۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئادەم چىقاردى. ئۇ ئادەم ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزنى جامائەتكە ئىمام بولۇشقا بۇيرىدى، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى دىلى يۇمشاق ئادەم ئىدى، ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: سەن ئىمام بولغىن! ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بۇ ئىشقا سەن ھەقلىقسەن، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى شۇ كۈنلەردە نامازغا ئىمام بولدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم سەل ئوڭشىلىپ قالدى. ئىككى ئادەمنىڭ (بىرسى ئاbباس) ياردىمى بىلەن پېشىن نامىزىغا چىقتى. ئەبۇ بەكرى جامائەتكە (ئىمام بولۇپ) ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، ئارقىغا يانماقچى بولغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئارقىغا يانماسلىققا ئىشارەت قىلىپ، يېنىدىكى ئىككىيلەنگە:

ــ مېنى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇغۇزۇڭلار! ــ دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، جامائەت ئەبۇ بەكرىگە ئىقتىدا قىلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇدى.

(بۇخارى: 687)

2415 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَسْأَلُ فِي مَرَضِهِ الذِي مَاتَ فِيهِ يَقُولُ أَيْنَ أَنَا غَدًا أَيْنَ أَنَا غَدًا يُرِيدُ يَوْمَ عَائِشَةَ فَأَذِنَ لَهُ أَزْوَاجُهُ يَكُونُ حَيْثُ شَاءَ فَكَانَ فِي بَيْتِ عَائِشَةَ حَتى مَاتَ عِنْدَهَا قَالَتْ عَائِشَةُ فَمَاتَ فِي الْيَوْمِ الذِي كَانَ يَدُورُ عَلَيَ فِيهِ فِي بَيْتِي فَقَبَضَهُ اللهُ وَإِن رَأْسَهُ لَبَيْنَ نَحْرِي وَسَحْرِي وَخَالَطَ رِيقُهُ رِيقِي ثُم قَالَتْ دَخَلَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ وَمَعَهُ سِوَاكٌ يَسْتَن بِهِ فَنَظَرَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ لَهُ أَعْطِنِي هَذَا السوَاكَ يَا عَبْدَ الرحْمَنِ فَأَعْطَانِيهِ فَقَضِمْتُهُ ثُم مَضَغْتُهُ فَأَعْطَيْتُهُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَن بِهِ وَهُوَ مُسْتَنِدٌ إِلَى صَدْرِي.

2415 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بۇرۇنقى كېسىلىدە مېنىڭ ھۇجرامدا تۇرۇشنى ئىرادە قىلغان ھالدا، توختىماي:

ــ ئەتە نۆۋەت قايسىڭلاردا؟ ـ دەپ سورايتتى. ئاياللىرى ئۇنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ خالىغان يەردە تۇرۇشىغا رۇخسەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى ۋاپات

بولغىچە مېنىڭ ھۇجرامدا تۇردى. ئۇ مېنىڭ ھۇجرامدا ۋە مېنىڭ نۆۋىتىم كەلگەن كۈندە ۋاپات بولدى. الله ئۇنى قەبرى روھ قىلغاندا بېشىنى كۆكسۈمگە تايىۋالغان ئىدى. شۇ چاغدا تۇكۇرۇكى مېنىڭ تۇكۇرۇكىم بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. يەنى شۇ پەيتتە، قېرىندىشىم ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى كىردى، قولىدىكى مىسۋاكتا توختىماي چىشىنى مىسۋاكلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزىنى ئېچىپ، مىسۋاكقا قارىدى، مەن:

ــ ئى ئابدۇراھمان! مىسۋاكنى ماڭا بەرگىن! ــ دېدىم، ئۇ بەردى. مىسۋاكنى چىشلىرىم بىلەن ئاقلاپ يۇمشاتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەردىم. بېشىنى كۆكسۈمگە يۆلىگەن پېتى ئۇ مىسۋاك بىلەن چىشىنى مىسۋاكلىدى.

(بۇخارى: 4450)

2416 - ومنها: فَمَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَن اسْتِنَانًا قَط أَحْسَنَ مِنْهُ فَمَا عَدَا أَنْ فَرَغَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَفَعَ يَدَهُ أَوْ إِصْبَعَهُ ثُم قَالَ فِي الرفِيقِ الْأَعْلَى ثَلَاثًا ثُم قَضَى وَكَانَتْ تَقُولُ مَاتَ بَيْنَ حَاقِنَتِي وَذَاقِنَتِي.

2416 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىشلىرىنى ئۇنداق كۆڭۈل قويۇپ مىسۋاكلىغانلىقىنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇ مىسۋاك قىلىشنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، قولىنى ياكى بارمىقىنى كۆتۈرۈپ: «فىر رەفىقىلئەئلا (ئۈستۈنكى ھەمراھنى تاللايمەن)» نى ئۈچ قېتىم دېدى، ئاندىن جان ئۈزدى.

(بۇخارى: 4438)

417 - ومنها: فَجَعَلَ يُدْخِلُ يَدَيْهِ فِي الْمَاءِ فَيَمْسَحُ بِهِمَا وَجْهَهُ وَيَقُولُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ إِن لِلْمَوْتِ سَكَرَاتٍ.

2417 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى

قولىنى سۇغا تىقىپ يۈزىنى سىلايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «لائىلاھە ئىللەللاھ، ھەقىقەتەن ئۆلۈمنىڭ سەكراتى بار».

(بۇخارى: 6510)

2418 - عن عُرْوَةُ بن الزُبَيرِ إن عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ صَحِيحٌ يَقُولُ إنهُ لَمْ يُقبَضْ نَبِي قَط حَتى يَرَى مَقْعَدَهُ مِنْ الْجَنةِ ثُم يُحَيا أَوْ يُخَيرَ فَلَما اشْتَكَى وَحَضَرَهُ الْقَبْضُ وَرَأْسُهُ عَلَى فَخِذِ عَائِشَةَ غُشِيَ عَلَيْهِ فَلَما أَفَاقَ شَخَصَ بَصَرُهُ نَحْوَ سَقْفِ الْبَيْتِ ثُم قَالَ اللهُم فِي الرفِيقِ الْأَعْلَى فَقُلْتُ إِذًا لَا يُجَاوِرُنَا فَعَرَفْتُ أَنهُ حَدِيثُهُ الذِي كَانَ يُحَدثُنَا وَهُوَ صَحِيحٌ.

2418 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالامەت ۋاقتىدا: «ھەرقانداق پەيغەمبەر جەننەتتىكى جايىنى كۆرمەي تۇرۇپ قەبزى روھ قىلىنمايدۇ، جەننەتتىكى جايىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا (ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ بىرىنى) تاللاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ» دەيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. بېشى قۇچىقىمدا ئىدى، ھوشىدىن كەتتى. كۆپ ئۆتمەي ھوشىغا كېلىپ، ئۆينىڭ تورۇسىغا قارىدى. ئاندىن: «ئى الله! فىر رەفىقىلئەئلا» دېدى. مەن ئۇنىڭ ئەمدى بىزدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلدىم ۋە شۇندىلا ئۇنىڭ سالامەت ۋاقتىدا دەپ بەرگەن سۆزىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندىم.

(بۇخارى: 4437)

2419 - ومنها: فَسَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي مَرَضِهِ الذِي مَـاتَ فِيهِ وَأَخَذَتْهُ بُحةٌ يَقُولُ مَعَ الذِينَ أَنْعَمَ اللهُ عَلَيْهِمْ الْآيَةَ فَظَنَنْتُ أَنهُ خُيرَ.

2419 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەكراتتىكى ۋاقتىدا خىرقىراق ئاۋاز بىلەن: ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللهنىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن

ياخشى ھەمراھلار [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.
(بۇخارى: 4435)

2420 - ومنها: أنه يَقُولُ اللهُم اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَأَلْحِقْنِي بِالرفِيقِ الأعلى.

2420 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى الله! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ئۈستۈنكى ئالەمدىكىلەرگە قوشقىن» دەيتتى، ـ دېيىلگەن.
(بۇخارى: 4440)

2421 - وفي رواية أنه قال: اΣمد لله إنه لم يمت نƐ حǴ يؤمه رجل من أمته.

2421 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: «الله تائالاغا ھەمدۇسانا بولسۇنكى، ھېچبىر پەيغەمبەر (ھايات ۋاقتىدا) ئۆز ئۈممىتىدىن بىر كىشىنىڭ ئىمام بولغانلىقىنى كۆرمىگىچە ۋاپات بولمىغان»[2].
(«ئەلئەۋسەت»)

2422 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَما حُضِرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَفِي الْبَيْتِ رِجَالٌ فِيهِمْ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلُم أَكْتُبْ لَكُمْ كِتَابًا لَا تَضِلوا بَعْدَهُ فَقَالَ عُمَرُ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ غَلَبَ عَلَيْهِ الْوَجَعُ وَعِنْدَكُمْ الْقُرْآنُ حَسْبُنَا كِتَابُ اللهِ فَاخْتَلَفَ أَهْلُ الْبَيْتِ فَاخْتَصَمُوا مِنْهُمْ مَنْ يَقُولُ قَربُوا يَكْتُبْ لَكُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كِتَابًا لَنْ تَضِلوا بَعْدَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَقُولُ مَا قَالَ عُمَرُ فَلَما أَكْثَرُوا اللغْوَ وَالِاخْتِلَافَ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُومُوا قَالَ عُبَيْدُ اللهِ فَكَانَ ابْنُ عَباسٍ يَقُولُ إِن الرزِيةَ كُل الرزِيةِ مَا حَالَ بَيْنَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبَيْنَ أَنْ يَكْتُبَ لَهُمْ ذَلِكَ الْكِتَابَ مِنْ اخْتِلَافِهِمْ وَلَغَطِهِمْ.

---

[1] سۇرە نىسا، 69ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (14271): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئىسىملىك كىشىنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

2422 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتتا، يېنىدا بىر مۇنچە كىشى بار بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كېلىڭلار! مەن سىلەرگە بىر ۋەسىيەت يازدۇرايكى، بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال:

ــ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. قولىمىزدا قۇرئان بار، بىزگە شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىختىلاپقا چۈشۈپ، تالاش ـ تارتىش قىلىپ كەتتى. بەزىلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەسىيەت يازدۇرۇشنى، شۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتسا، بەزىلىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى ياقلايتتى. ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلغانسېرى، ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقا باشلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ چىقىپ كېتىڭلار! ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئۇ ۋەسىيەتنى يازدۇرماسلىقى (ھازىرقى كۈنلەردە يۈز بېرىۋاتقان پىتنە ـ پاساتلاردىنمۇ) ئېغىر مۇسىبەت ئىدى.

(بۇخارى: 5669)

2423 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنهُ قَالَ يَوْمُ الْخَمِيسِ وَمَا يَوْمُ الْخَمِيسِ ثُم بَكَى حَتى خَضَبَ دَمْعُهُ الْحَصْبَاءَ فَقَالَ اشْتَد بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَعُهُ يَوْمَ الْخَمِيسِ فَقَالَ ائْتُونِي بِكِتَابٍ أَكْتُبْ لَكُمْ كِتَابًا لَنْ تَضِلوا بَعْدَهُ أَبَدًا فَتَنَازَعُوا وَلَا يَنْبَغِي عِنْدَ نَبِي تَنَازُعٌ فَقَالُوا هَجَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ دَعُونِي فَالذِي أَنَا فِيهِ خَيْرٌ

مِما تَدْعُونِي إِلَيْهِ وَأَوْصَى عِنْدَ مَوْتِهِ بِثَلَاثٍ أَخْرِجُوا الْمُشْرِكِينَ مِنْ جَزِيرَةِ الْعَرَبِ وَأَجِيزُوا الْوَفْدَ بِنَحْوِ مَا كُنْتُ أُجِيزُهُمْ وَنَسِيتُ الثَالِثَةَ.

2423 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ ئاھ! شۇ پەيشەنبە كۈنى. نېمىدېگەن ئازابلىق پەيشەنبە ئىدى ھە؟! ـ دېدى ۋە يېشى شېغىل تاشلارغا تامچىلاپ چۈشكىچە يىغلىدى. ئاندىن ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى پەيشەنبە كۈنى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ كۈنى:

ـ ماڭا خەت يازغىدەك بىر نەرسە كەلتۈرۈڭلار، مەن سىلەرگە بىر ۋەسىيەت يازدۇرايكى، بۇندىن كېيىن مەڭگۈ ئازمايسىلەر، ـ دېدى. ئۇلار ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەرنىڭ قېشىدا تالاش ـ تارتىش قىلىش دۇرۇس ئەمەس ئىدى. بەزىلىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى بىھوش ھالدا جۆيلۈپ دېمىگەندۇ؟ ـ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭلار! مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم سىلەر تەلەپ قىلىۋاتقان (ۋەسىيەت يازدۇرۇشقا ئۇخشاش) ئىشلاردىن ياخشى» دېدى. ئاندىن ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇنداق ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى: «مۇشرىكلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىۋېتىڭلار. مەن ھەيئەت ۋە ئەلچىلەرنى ھەدىيەلەر بېرىپ قوبۇل قىلاتتىم، سىلەرمۇ ئۇلارغا شۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىڭلار». ئىبنى ئاببـاس: ئۈچىنچىسىنى ئۇنتۇپ قالدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3053)

2424 - عَنْ أَنسٍ قَالَ لَما ثَقُلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَعَلَ يَتَغَشاهُ فَقَالَتْ فَاطِمَةُ عَلَيْهَا السلَام وَا كَرْبَ أَبَاهُ فَقَالَ لَهَا لَيْسَ عَلَى أَبِيكِ كَرْبٌ بَعْدَ الْيَوْمِ فَلَما مَاتَ قَالَتْ يَا أَبَتَاهُ أَجَابَ رَبا دَعَاهُ يَا أَبَتَاهْ مَنْ جَنةُ الْفِرْدَوْسِ مَأْوَاهْ يَا أَبَتَاهْ إِلَى جِبْرِيلَ نَنْعَاهْ فَلَما

دُفِنَ قَالَتْ فَاطِمَةُ عَلَيْهَا السلَام يَا أَنَسُ أَطَابَتْ أَنْفُسُكُمْ أَنْ تَحْثُوا عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ التُرَابَ.

2424 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ھوشىدىن كېتىشكە باشلىغاندا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ۋاي دادام! نېمە ئازابلارنى چېكىۋاتىدىغانسەن؟ ـ دەپ يىغلىغىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ داداڭغا بۈگۈندىن تارتىپ ئازاب يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ۋاي پەرۋەردىگارىنىڭ چاقىرىقىغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ كەتكەن دادام! ۋاي ئاخىرقى تۇرالغۇسى پىردەۋس جەننىتى بولغان دادام! نالە ـ پەريادىمىزنى جىبرىئىلغا يەتكۈزىمىز دادام! ـ دەپ ئاھ ئۇرۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپنە قىلىنىپ بولغاندا:

ـ ئى ئەنەس! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاپ كۆمۈشكە كۆڭلۈڭلار قانداق ئۇنىدى؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 4462)

2425 - عَنْ هِشَامِ بْنِ زَيْدٍ قَالَ سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ مَر أَبُو بَكْرٍ وَالْعَباسُ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا بِمَجْلِسٍ مِنْ مَجَالِسِ الْأَنْصَارِ وَهُمْ يَبْكُونَ فَقَالَ مَا يُبْكِيكُمْ قَالُوا ذَكَرْنَا مَجْلِسَ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنا فَدَخَلَ عَلَى النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ بِذَلِكَ قَالَ فَخَرَجَ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ عَصَبَ عَلَى رَأْسِهِ حَاشِيَةَ بُرْدٍ قَالَ فَصَعِدَ الْمِنْبَرَ وَلَمْ يَصْعَدْهُ بَعْدَ ذَلِكَ الْيَوْمِ فَحَمِدَ اللَّهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ ثُم قَالَ أُوصِيكُمْ بِالْأَنْصَارِ فَإِنهُمْ كَرِشِي وَعَيْبَتِي وَقَدْ قَضَوْا الذِي عَلَيْهِمْ وَبَقِيَ الذِي لَهُمْ فَاقْبَلُوا مِنْ مُحْسِنِهِمْ وَتَجَاوَزُوا عَنْ مُسِيئِهِمْ.

2425 ـ ھىشام ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

ئەبۇ بەكرى بىلەن ئابباس ئىككىسى ئەنسارلارنىڭ سورۇنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يىغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەبۇ بەكرى:

ــ نېمىگە يىغلايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزگە دەۋەت قىلىپ بېرىدىغان سورۇنىنى ئەسلەپ يىغلاۋاتىمىز، ـ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ، بۇ ئەھۋالنى ئېيتتى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى تاڭغان ھالدا چىقىپ، مۇنبەرگە چىقتى (بۇ ئۇنىڭ مۇنبەرگە ئاخىرقى قېتىم چىقىشى ئىدى). الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: «ئەنسارىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ جامائەتىم ۋە سىرداش دوستلىرىمدۇر. ئۇلار ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولدى. ئەمما ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات تېخى بېرىلمىدى. ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشىنى قوبۇل قىلىڭلار. يامان ئىش قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئۆتۈپ كېتىڭلار!» دەپ نەسىھەت قىلدى.

(بۇخارى: 3799)

2426- عن جعفر بن محمد بن علي - رضي الله عنه - «أن رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- تُوفي يوم الاثنين، فلم يُغَسل إلى آخر يوم الثلاثاء، فغُسلَ من بئر غَرْس كانت لسعدِ بن خيثمةَ، كان رسولُ الله -صلى الله عليه وسلم- يشربُ منها، ولِيَ غَسلَ سِفْلَته علي، وغُسلَ في قميص، عليٌّ يَغْسِلُ وأُسامة- وقيل: رجل من الأنصار - يَصُب الماءَ، والفَضلُ مُحْتَضِنُهُ إذ يغسِلُ علي سِفْلَته، والفضل يقول: أرِحني أرِحني، أرِحني، قطعتَ وَتِيْني، أرى شيئا ينزل علي، وكُفنَ في ثلاثة أثواب: ثوبين صُحارِيين، وبُرد حِبَرة، وصلى الناسُ عليه بغير إمام، تُصَلي زُمرة وتخرُجُ، وهو في موضعه، فلما فرغوا نادي عمر بن الخطاب: خَلوا الجنازة وأهلَها، وكانت عائشةُ بعدُ تقول: لو استقبلتُ من أمري ما استدبرتُ ما غَسلَهُ إلا نساؤه».

2426 ـ جەئـفەر ئـىبنـى مـۇھەممەد ئـىبنـى ئەلـى مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم دۈشـەنبە كـۈنى ۋاپـات بولغـان ئـىدى، سەيشەنبە كۈنى كـەچتە، سەئد ئـىبنى خەيسـەمەنىڭ غەرس دېگەن قۇدۇقـنـىـڭ سـۈيى بـىـلەن يۇيۇلـدى. پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم بـۇ قۇدۇقـنـىـڭ سـۈيـدىن ئـىچەتتى. ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ تـۆۋەن تەرىپـىنـى (كۆينـىكى بـىـلەن قوشـۇپ) يـۇدى، ئۇسامە ئۇنىڭغا سـۇ قويـۇپ بېرەتتى (يەنە بـىـر ھەدىسـتە ئەنسارلاردىن بىرىنـىـڭ سـۇ قۇيـۇپ بەرگەنلىكى رىـۋايەت قىلىنغـان). فەزل رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـۇ شـۇ يەردە بولـۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ تـۆۋەن تەرىپىنى يۇغان ۋاقـىتتا، فەزل (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) قۇچىقىغا ئېلىپ تۇراتتى. ھېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، پـات ـ پـات: ماڭا ئـازراق ئـارام بەرگـىن، ئـازراق ئـارام بەرگـىن، تومـۇرلىرىمنى ئۈزۈۋېتەي دېدىڭ، ئۈستۈمگە بىر نەرسە چۈشۈۋاتقاندەك (ئېغىرلىق) ھېس قىلىـۋاتىمەن، ـ دەپ قويـاتتى. پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئـۈچ كـىيىم بىلەن كېپەنلەندى، ئىككىسى قىزغۇچ توپا رەڭ، بىرى يوللۇق يەكتەك ئىدى. جامائەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ نامىزىنى ئىمامسىز ئوقـۇدى. بىـر گـۇرۇھ نامـاز ئوقـۇپ چىقسـا، يەنە بـىـر گـۇرۇھ كىرەتتى. پەيغەمبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئـۆز جايـىدا ئـىدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كـېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ جىنـازا بـىـلەن ئائىلىسـىنى خالـىي قويـۇڭلار! ــ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (كېيىن) مۇنداق دەيدۇ:

ـــ ئەگەر شـۇ چاغـدا ھـازىرقى ئەقلىم بولغـان بولسـا، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ مېيىتىنى ئاياللىرىغا يۇيغۇزغـان بولاتتىم.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2427 - عَنْ عَامِرٍ قَالَ غَسلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلِي وَالْفَضْلُ

وَأُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ وَهُمْ أَدْخَلُوهُ قَبْرَهُ. قَالَ وَحَدثَنِى مُرَحبٌ أَوِ ابْنُ أَبِى مُرَحبٍ أَنهُمْ أَدْخَلُوا مَعَهُمْ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ عَوْفٍ فَلَما فَرَغَ عَلِى قَالَ إِنمَا يَلِى الرجُلَ أَهْلُهُ.

2427 ـ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەلى، فەزل ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد ئۈچى يۇيۇپ، يەرلىككە قويغانىدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مېيىتكە ئۇنىڭ ئەھلى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3209)

2428 - عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَنَا مُت فَاغْسِلُونِي بِسَبْعِ قِرَبٍ مِنْ بِئْرِي بِئْرِ غَرْسٍ.

2428 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېيىتىمنى (مېنىڭ قۇدۇقۇم بولغان) غەرس قۇدۇقىنىڭ سۈيىدىن يەتتە تۇلۇم سۇ بىلەن يۇيۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان[2].

(ئىبنى ماجە: 1468)

2429 - عن عَائِشَةَ قالت: لَما أَرَادُوا غَسْلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا وَاللهِ مَا نَدْرِي أَنُجَرِدُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ ثِيَابِهِ كَمَا نُجَرِدُ مَوْتَانَا أَمْ نَغْسِلُهُ وَعَلَيْهِ ثِيَابُهُ فَلَما اخْتَلَفُوا أَلْقَى اللهُ عَلَيْهِمُ النوْمَ حَتى مَا مِنْهُمْ رَجُلٌ إِلا وَذَقْنُهُ فِي صَدْرِهِ ثُم كَلمَهُمْ مُكَلمٌ مِنْ نَاحِيَةِ الْبَيْتِ لَا يَدْرُونَ مَنْ هُوَ أَنْ اغْسِلُوا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيْهِ ثِيَابُهُ فَقَامُوا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَغَسَلُوهُ وَعَلَيْهِ قَمِيصُهُ يَصُبونَ الْمَاءَ فَوْقَ الْقَمِيصِ وَيُدَلكُونَهُ بِالْقَمِيصِ دُونَ أَيْدِيهِمْ.

2429 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېيىتىنى يۇيىدىغان ۋاقىتتا:

[1] ئەلبانى (2748): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (317): زەئىپ ـ دېگەن.

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى باشقا مېيىتلارغا ئوخشاش يالىڭاچلاپ يۇيامدۇق ياكى كىيىم بىلەنلا يۇيامدۇق؟ بۇنى بىلەلمىدۇق، ـ دېيىشتى ۋە بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقاندا، الله ئۇلارنى مۈگدەتتى، ھەممىسىنىڭ ئېڭەكلىرى مەيدىسىگىچە ساڭگىلاپ كەتتى. ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ناتونۇش بىرەيلەن ئۇلارغا:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كىيىمى بىلەن يۇيۇڭلار! ــ دەپ خىتاب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئويغۇلىرىدىن ئويغىنىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كىيىمى بىلەن يۇدى. سۇنى كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە قۇيۇپ، كۆڭلەك بىلەن قوشۇپ ئۇۋۇلىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3141)

2430 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كُفِنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي ثَلَاثَةِ أَثْوَابٍ نَجْرَانِيةٍ الْحُلةُ ثَوْبَانِ وَقَمِيصُهُ الذِي مَاتَ فِيهِ.

2430 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجراندا توقۇلغان ئۈچ قۇر كىيىم بىلەن كېپەنلەندى، ئۇنىڭ ئىككىسى بىر يۇرۇش كىيىم، يەنە بىرى جان ئۈزگەن چاغدا ئۈستىدە بار بولغان كۆينىكى ئىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3153)

2431 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ أُدْرِجَ رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- فِى حُلةٍ يَمَنِيةٍ كَانَتْ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِى بَكْرٍ ثُم نُزِعَتْ عَنْهُ وَكُفنَ فِى ثَلاَثَةِ أَثْوَابٍ سُحُولٍ يَمَانِيةٍ لَيْسَ فِيهَا عِمَامَةٌ وَلاَ قَمِيصٌ فَرَفَعَ عَبْدُ اللهِ الْحُلةَ فَقَالَ أُكَفنُ فِيهَا. ثُم قَالَ لَمْ يُكَفنْ فِيهَا رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- وَأُكَفنُ فِيهَا. فَتَصَدقَ بِهَا.

2431 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

---

[1] ئەلبانى (2693): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (688): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرىنىڭ يەمەندە تىكىلگەن كىيىمى كىيدۈرۈلۈپ، كېيىن سالدۇرۇلدى. ئاندىن يەمەننىڭ ئۈچ پارچە ئاق رەڭلىك رەختى بىلەن كېپەنلەندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەللە ۋە كۆينەك يوق ئىدى. ئابدۇللاھ ھېلىقى كىيىمنى قولىغا ئېلىپ:

ـ بۇنىڭدا مەن كېپەنلىنىمەن، ـ دېدى. كۆپ ئۆتمەيلا:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېپەنلەنمىگەن كىيىمدە مەن كېپەنلىنەمتىم، ـ دەپ، ئۇ كىيىمنى سەدىقە قىلىۋەتتى.

(مۇسلىم: 941)

2432 - قال عَبْدُ اللهِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ: لَوْ رَضِيَهَا اللهُ عَز وَجَل لِنَبِيهِ لَكَفَنَهُ فِيهَا فَبَاعَهَا وَتَصَدقَ بِثَمَنِهَا.

2432 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئابدۇللاھنىڭ: ئەگەر الله پەيغەمبىرىنى بۇ كىيىمدە كېپەنلەشكە رازى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلغان بولاتتى، ـ دەپ، ئۇ كىيىمنى سېتىپ پۇلىنى سەدىقە قىلىۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

(مۇسلىم: 941)

2433 - وفي أخرى: أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ تُوُفيَ سُجيَ بِبُـرْدٍ حِبَرَةٍ.

2433 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوللۇق يەكتەك بىلەن كېپەنلەندى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 5814)

2434 - وفي أخرى: فَذَكَرُوا لِعَائِشَةَ قَوْلَهُمْ فِي ثَوْبَيْنِ وَبُرْدٍ حِبَرَةٍ فَقَالَتْ قَدْ أُتِـيَ بِالْبُرْدِ وَلَكِنهُمْ رَدوهُ وَلَمْ يُكَفنُوهُ فِيهِ.

2434 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: كىشىلەر ساھابىلەرنىڭ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قۇر كىيىم ۋە بىر دانە يوللۇق

يەكتەك بىلەن كېپەنلەنگەن، ـ دېگەن سۆزلىرىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا يەتكۈزىۋىدى، ئۇ: يوللۇق يەكتەك كەلتۈرۈلگەنىدى، لېكىن ئۇ قايتۇرىۋېتىلگەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن كېپەنلەنمىگەن، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 996)

2435 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَما قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اخْتَلَفُوا فِي دَفْنِهِ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَيْئًا مَا نَسِيتُهُ قَالَ مَا قَبَضَ اللهُ نَبِيا إِلا فِي الْمَوْضِعِ الذِي يُحِب أَنْ يُدْفَنَ فِيهِ ادْفِنُوهُ فِي مَوْضِعِ فِرَاشِهِ.

2435 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دەپنە قىلىدىغان يەر ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقانىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھەقتە بىر ھەدىس ئاڭلىغان، مەن ئۇنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. ئۇ: «الله تائالا ھەرقانداق پەيغەمبەرنى نەدە دەپنە قىلىنىشىنى ياخشى كۆرسە، شۇ يەردە قەبزى روھ قىلىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياتقان يېرىگە دەپنە قىلايلى! ـ دېدى.[②]

(تىرمىزى: 1018)

2436 - ولمالك فيما بلغه نحوه، وفيه: فَقَالَ نَاسٌ يُدْفَنُ عِنْدَ الْمِنْبَرِ وَقَالَ آخَرُونَ يُدْفَنُ بِالْبَقِيعِ.

2436 ـ مالىكمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان ۋە ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: بەزىلەر:

ـ مۇنبەرنىڭ ئاستىغا دەپنە قىلىنسۇن! ـ دېسە، يەنە بەزىلەر: بەقىئ مازارلىقىغا دەپنە قىلىنسۇن! ـ دېيىشەتتى.

---

[①] ئەلبانى (794): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (812): سەھىھ ـ دېگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

2437 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ قَالَ كَانَ بِالْمَدِينَةِ رَجُلَانِ أَحَدُهُمَا يَلْحَدُ وَالْآخَرُ لَا يَلْحَدُ فَقَالُوا أَيُّهُمَا جَاءَ أَوَّلُ عَمِلَ عَمَلَهُ فَجَاءَ الَّذِي يَلْحَدُ فَلَحَدَ لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

2437 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەدىنىدە گۆر كولايدىغان ئىككى ئادەم بار بولۇپ، بىرسى گۆرنى لەھەت[1] قىلىپ كولايتتى، يەنە بىرى لەھەت قىلمايتتى. ساھابىلەر:

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى بۇرۇن كەلسە، شۇ كولىسۇن، ـ دېيىشتى. بىردەمدىن كېيىن، لەھەت كولايدىغىنى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۆرى لەھەت قىلىپ كولاندى.

(مالىك: 544)

2438 - عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ أَنَّ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقَّاصٍ قَالَ فِي مَرَضِهِ الَّذِي هَلَكَ فِيهِ الْحَدُوا لِي لَحْدًا وَانْصِبُوا عَلَيَّ اللَّبِنَ نَصْبًا كَمَا صُنِعَ بِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

2438 ـ ئامىر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس مۇنداق دەيدۇ: دادام سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتتىكى ۋاقتىدا:

ــ مېنىڭ گۆرۈمنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭكىدەك لەھەت قىلىپ كولاڭلار ۋە لەھەتنىڭ ئېغىزىنى كېسەك تىكلەپ ئېتىڭلار، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 966)

2439 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ جُعِلَ تَحْتَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ دُفِنَ قَطِيفَةٌ حَمْرَاءُ.

[1] قەبرىنىڭ ئىچكى قىسمى، جەسەت قويۇلىدىغان جاي، ئىچ گۆر.

2439 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاستىغا (قەبرىدە) بىر دانە قىزىل مەخمەل تون قويۇلدى[1].

(نەسائى: 2012)

2440 - عن جَعْفَرَ بْنَ مُحَمدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ الذِي أَلْحَدَ قَبْرَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبو طَلْحَةَ وَالذِي أَلْقَى الْقَطِيفَةَ تَحْتَهُ شُقْرَانُ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2440ـ جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى لەھەت قىلىپ كولىغان كىشى ئەبۇ تەلھە بولۇپ، ئاستىغا مەخمەل تون قويغان كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى شۇقران ئىدى[2].

(تىرمىزى: 1047)

2441 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَما أَرَادُوا أَنْ يَحْفِرُوا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثُوا إِلَى أَبِي عُبَيْدَةَ بْنِ الْجَراحِ وَكَانَ يَضْرَحُ كَضَرِيحِ أَهْلِ مَكةَ وَبَعَثُوا إِلَى أَبِي طَلْحَةَ وَكَانَ هُوَ الذِي يَحْفِرُ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ وَكَانَ يَلْحَدُ فَبَعَثُوا إِلَيْهِمَا رَسُولَيْنِ وَقَالُوا اللهُم خِرْ لِرَسُولِكَ فَوَجَدُوا أَبَا طَلْحَةَ فَجِيءَ بِهِ وَلَمْ يُوجَدْ أَبو عُبَيْدَةَ فَلَحَدَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَلَما فَرَغُوا مِنْ جِهَازِهِ يَوْمَ الثلَاثَاءِ وُضِعَ عَلَى سَرِيرِهِ فِي بَيْتِهِ ثُم دَخَلَ الناسُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْسَالًا يُصَلونَ عَلَيْهِ حَتى إِذَا فَرَغُوا أَدْخَلُوا النسَاءَ حَتى إِذَا فَرَغُوا أَدْخَلُوا الصبْيَانَ وَلَمْ يَؤُم الناسَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَدٌ لَقَدْ اخْتَلَفَ الْمُسْلِمُونَ فِي الْمَكَانِ الذِي يُحْفَرُ لَهُ فَقَالَ قَائِلُونَ يُدْفَنُ فِي مَسْجِدِهِ وَقَالَ قَائِلُونَ يُدْفَنُ مَعَ أَصْحَابِهِ فَقَالَ أَبو بَكْرٍ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

[1] ئەلبانى (1901): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (837): سەھىھ ـ دېگەن.

يَقُولُ مَا قُبِRَ نَبِي إِلَا دُفِنَ حَيْثُ يُقْبRَ قَالَ فَرَفَعُوا فِرَاشَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الذِي تُوُفيَ عَلَيْهِ فَحَفَرُوا لَهُ ثُم دُفِنَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَطَ اللَيْلِ مِنْ لَيْلَةِ الْأَرْبِعَاءِ وَنَزَلَ فِي حُفْرَتِهِ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ وَالْفَضْلُ بْنُ الْعَباسِ وَقُثَمُ أَخُوهُ وَشُقْرَانُ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ أَوْسُ بْنُ خَوْلِي وَهُوَ أَبو لَيْلَى لِعَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنْشُدُكَ اللهَ وَحَظنَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَهُ عَلِي انْزِلْ وَكَانَ شُقْرَانُ مَوْلَاهُ أَخَذَ قَطِيفَةً كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَلْبَسُهَا فَدَفَنَهَا فِي الْقَبْرِ وَقَالَ وَاللهِ لَا يَلْبَسُهَا أَحَدٌ بَعْدَكَ أَبَدًا فَدُفِنَتْ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2441 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەرلىكى كولىنىدىغان ۋاقىتتا، ساھابىلەر ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھقا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ قەبرىنى مەككە ئەھلىگە ئوخشاش تۈز كولايتتى. ساھابىلار ئەبۇ تەلھەنىڭ قېشىغىمۇ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ مەدىنە خەلقىگە قەبرە كولايتتى. ساھابىلار ئۇ ئىككىسىگە ئىككى ئەلچى ئەۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ئى الله! رەسۇلۇڭ ئۈچۈن ياخشىسىنى تاللىغىن! ــ دەپ دۇئا قىلىشتى. كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇ تەلھەنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئەبۇ ئۇبەيدە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى لەھەت قىلىپ كولاندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېيىتى سەيشەنبە كۈنى يۇيۇپ ـ كېپەنلىنىپ، ھۇجرىسىدىكى كارىۋىتىغا قويۇلدى. جامائەت گۇرۇپپا ـ گۇرۇپپا بولۇپ كىرىپ، ناماز ئوقۇدى. ئەرلەردىن كېيىن ئاياللار، ئۇلاردىن كېيىن كىچىك بالىلار كىردى. ھېچكىم ئۇلارغا ئىمام بولمىدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قەيەرگە دەپنە قىلىش توغرىسىدا ئىختىلاپ چىقتى. بەزىلەر:

ــ مەسجىدكە دەپنە قىلىمىز، ـ دېسە، يەنە بەزىلىرى:

ــ ساھابىلىرى نەگە دەپنە قىلىنغان بولسا، شۇ يەرگە دەپنە قىلىمىز، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر قانداق

پەيغەمبەر قەبرى روھ قىلىنغان يەرگە دەپنە قىلىنغان» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېيىتى يۆتكىلىپ، جان ئۈزگەن يېرىگە قەبرە كولاندى ۋە چارشەنبە كىرگەن كېچىسى يېرىم كېچىدە دەپنە قىلىندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىگە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، فەزل ئىبنى ئاببااس، ئۇنىڭ قېرىندىشى قەسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى شۇقران قاتارلىقلار چۈشكەن ئىدى. شۇ ئارىدا ئەۋس ئىبنى خەۋلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا: قەبرىگە مېنىڭمۇ چۈشۈشۈم ئۈچۈن ئىجازەت بېرىشىڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن، ـ دېدى. ئەلى: ھە، چۈشكىن، ـ دېدى. شۇقران پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىدىغان مەخمەل توننى بىللە دەپنە قىلدى ۋە: اللہ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن كېيىن بۇ توننى ھېچكىم كىيمىسۇن! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تون پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە دەپنە قىلىندى[①].

(ئىبنى ماجە: 1628)

2442 - عَنْ الْقَاسِمِ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى عَائِشَةَ فَقُلْتُ يَا أُمَّهْ اكْشِفِي لِي عَنْ قَبْرِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَصَاحِبَيْهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَكَشَفَتْ لِي عَنْ ثَلَاثَةِ قُبُورٍ لَا مُشْرِفَةٍ وَلَا لَاطِئَةٍ مَبْطُوحَةٍ بِبَطْحَاءِ الْعَرْصَةِ الْحَمْرَاءِ.

2442 ـ قاسىم مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـ ئى ئانا! ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئىككى ھەمراھىنىڭ قەبرىسىنى كۆرسەتكىن! ـ دېدىم. ماڭا ئۈچ قەبرىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئۈچ قەبرە (يەردىن) ئېگىزمۇ ئەمەس، پەسمۇ ئەمەس بولۇپ، ئەتراپى ۋە ئۈستى قىزىل تۈپراقنىڭ شېغىل تاشلىرى بىلەن ئورالغان

[①] ئەلبانى (359): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3220)

2443- وزاد رزين في روايته: «رسول الله -صلى الله عليه وسلم- مُقَدَّمَ القبلـة، وأبو بكر خَلْفَهُ، رأسهُ عند منكبي رسول الله، وطالت رجلاه أسفل، وعُمر خلف أبي بكر على تلك الرتبة».

2443 ـ رەزىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىبلە تەرەپتە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا، بېشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە، ئىككى پۇتى پەس تەرەپكە ئۇزارتىلغان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا، يۇقىرىقى شەكىلدە ئىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2444 - عَنْ أبي بَكْرِ بْنُ عَيَاشٍ عَنْ سُفْيَانَ التمار أَنَهُ حَدثَهُ أَنَهُ رَأَى قَبْرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُسَنمًا.

2444 ـ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەيياش سۇفيان تەمماردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى يەردىن سەل ئېگىز ھالەتتە كۆرگەنىدىم.

(بۇخارى: 1390)

2445- عَنْ عروة -رضي الله عنه- : «أنه لما سَقَطَ حَائطُ حُجْرَةِ قبرِ رسـولِ الله -صلى الله عليه وسلم- في زَمَان الوليد أَخَذَ في بِنَائِهِ، فَبَدَتْ لهُم قَدَمٌ، فَفَزِعُوا، وظَنوا أنها قَدَمُ رَسولِ الله -صلى الله عليه وسلم-، فما وجدوا أحدا يعلم ذلك، حتى قال لهم عروةُ: والله، ما هي قَدَمُ رسول الله -صلى الله عليه وسلم-، وَمَا هي إلا قَدَمُ عُمَرَ».

---

[1] ئەلبانى (705): زەئىپ ـ دېگەن.

2445 ـ ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: ۋەلىدنىڭ زامانىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنىڭ ھۇجرا تېمى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، قايتا ياساۋاتقاندا بىر پۇت ئېچىلىپ قېلىپ ئىشلەۋاتقانلار قورقۇشۇپ كەتتى. ئۇلار بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتى ئوخشايدۇ دەپ قالغان ئىدى. بۇنى بىلىدىغان ھېچكىمنى تاپالمىدى، ئاخىرى ئۇرۋە:

ــ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتى ئەمەس، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پۇتى، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2446 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ عَبْدِ الْعَزِيزِ قَالَ لَمَّا كَانَ أَيَّامُ الْحَرَّةِ لَمْ يُؤَذَّنْ فِي مَسْجِدِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثَلَاثًا وَلَمْ يُقَمْ وَلَمْ يَبْرَحْ سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيَّبِ مِنْ الْمَسْجِدِ وَكَانَ لَا يَعْرِفُ وَقْتَ الصَّلَاةِ إِلَّا بِهَمْهَمَةٍ يَسْمَعُهَا مِنْ قَبْرِ النَّبِيِّ.

2446 ـ سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: ھەررە ۋەقەسى بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدە ئۈچ كۈن ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇلمىدى. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مەسجىدتىن قەتئىي ئايرىلمىدى. ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى تەرەپتىن كېلىدىغان ئاۋازدىن بىلەتتى.

(دارىمى: 93)

2447 - عَنْ نُبَيْهِ بْنِ وَهْبٍ أَنَّ كَعْبًا دَخَلَ عَلَى عَائِشَةَ فَذَكَرُوا رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ كَعْبٌ مَا مِنْ يَوْمٍ يَطْلُعُ إِلَّا نَزَلَ سَبْعُونَ أَلْفًا مِنْ الْمَلَائِكَةِ حَتَّى يَحُفُّوا بِقَبْرِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَضْرِبُونَ بِأَجْنِحَتِهِمْ وَيُصَلُّونَ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى إِذَا أَمْسَوْا عَرَجُوا وَهَبَطَ مِثْلُهُمْ فَصَنَعُوا مِثْلَ ذَلِكَ حَتَّى إِذَا انْشَقَّتْ عَنْهُ الْأَرْضُ خَرَجَ فِي سَبْعِينَ أَلْفًا مِنْ الْمَلَائِكَةِ يَزِفُّونَهُ.

2447 ـ نۇبەيھ ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ قېشىغا كىرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ گېپىنى قىلىشتى. كەئب مۇنداق دېدى:

ـ ھەر كۈنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە چۈشۈپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى قورشاپ قاناتلىرىنى ئۇرۇپ دۇرۇت ئېيتىدۇ. كەچ بولغاندا، ئاسمان تەرەپكە ئۆرلەپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەنە ئوخشاش پەرىشتىلەر چۈشۈپ، ئۇلارمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئىشنى قىلىدۇ. (بۇ ئىش تاكى قىيامەتكىچىلىك داۋاملىشىپ) زېمىن يېرىلغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يەتمىش مىڭ پەرىشتىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەبرىسىدىن چىقىدۇ.

(دارىمى: 94)

2448 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: إِن ِللهِ مَلاَئِكَةً سَياحِينَ ِفي الأَرْضِ يُبَلغُونِي عَنْ أُمتِي السلاَمَ. قَالَ: وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: حَيَاتِي خَيْرٌ لَكُمْ تُحَدثُونَ وَنُحَدثُ لَكُمْ، وَوَفَاتِي خَيْرٌ لَكُمْ تُعْرَضُ عَلَي أَعْمَـالُكُمْ، فَمَـا رَأَيْتُ مِنَ خَيْرٍ حَمِدْتُ اللهَ عَلَيْهِ، وَمَا رَأَيتُ مِنَ شَر اسْتَغْفَرْتُ اللهَ لَكُمْ.

2448 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ ساياھەت قىلىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ماڭا ئۇممىتىمنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن:

«ھاياتىم سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. (چۈنكى) سىلەر (ماڭا ئەھۋاللىرىڭلارنى) سۆزلەيسىلەر، مېنىڭ ئەھۋالىممۇ سىلەرگە دېيىلىدۇ. مېنىڭ ۋاپاتىممۇ سىلەرگە ياخشىدۇر، (چۈنكى) سىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭلار ماڭا كۆرسىتىلىپ تۇرىدۇ. ياخشى ئىشنى كۆرسەم، اللهقا ھەمدى ئېيتىمەن. يامان ئىشنى كۆرسەم، سىلەر ئۈچۈن

ئاللاھقا ئىستىغپار ئېيتىمەن»[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2449 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: نُعِيَ إِلَيْنَا حَبِيبُنَا وَنَبِيُّنَا بِأَبِي هُوَ وَنَفْسِي لَهُ الْفِدَاءُ قَبْلَ مَوْتِهِ بِسِتٍّ، فَلَمَّا دَنَا الْفِرَاقُ جَمَعَنَا فِي بَيْتِ أُمِّنَا عَائِشَةَ فَنَظَرَ إِلَيْنَا فَدَمَعَتْ عَيْنَاهُ، ثُمَّ قَالَ: مَرْحَبًا بِكُمْ وَحَيَّاكُمُ اللهُ، حَفِظَكُمُ اللهُ، آوَاكُمُ اللهُ، نَصَرَكُمُ اللهُ، رَفَعَكُمُ اللهُ، هَدَاكُمُ اللهُ، رَزَقَكُمُ اللهُ، وَفَّقَكُمُ اللهُ، سَلَّمَكُمُ اللهُ، قَبِلَكُمُ اللهُ، أُوصِيكُمْ بِتَقْوَى اللهِ، وَأُوصِي اللهَ بِكُمْ وَأَسْتَخْلِفُهُ عَلَيْكُمْ إِنِّي لَكُمْ نَذِيرٌ مُبِينٌ، أَنْ لاَ تَعْلُوا عَلَى اللهِ فِي عِبَادِهِ وَبِلاَدِهِ، فَإِنَّ اللهَ قَالَ لِي وَلَكُمْ: ﴿تِلْكَ الدَّارُ الْآخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لاَ يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِي الْأَرْضِ وَلاَ فَسَادًا وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾، ثُمَّ قَالَ: ﴿أَلَيْسَ فِي جَهَنَّمَ مَثْوًى لِلْمُتَكَبِّرِينَ﴾، ثُمَّ قَالَ: قَدْ دَنَا الْأَجَلُ وَالْمُنْقَلَبُ إِلَى اللهِ، وَإِلَى سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى، وَإِلَى جَنَّةِ الْمَأْوَى، وَالْكَأْسِ الْأَوْفَى وَالرَّفِيقِ الْأَعْلَى، أَحْسَبُهُ فَقُلْنَا: يَا نَبِيَّ اللهِ، فَمَنْ يُغَسِّلُكَ إِذَنْ؟ قَالَ: رِجَالُ أَهْلِ بَيْتِي الْأَدْنَى فَالْأَدْنَى، قُلْنَا: فَفِيمَا نُكَفِّنُكَ؟ قَالَ: فِي ثِيَابِي هَذِهِ إِنْ شِئْتُمْ، أَوْ فِي حُلَّةٍ يَمَنِيَّةٍ، أَوْ فِي بَيَاضِ مِصْرَ قَالَ: قُلْنَا: فَمَنْ يُصَلِّي عَلَيْكَ مِنَّا؟ فَبَكَيْنَا وَبَكَى، وَقَالَ: مَهْلاً غَفَرَ اللهُ لَكُمْ وَجَزَاكُمْ عَنْ نَبِيِّكُمْ خَيْرًا، إِذَا غَسَّلْتُمُونِي ثُمَّ وَضَعْتُمُونِي عَلَى سَرِيرِي فِي بَيْتِي هَذَا عَلَى شَفِيرِ قَبْرِي فَاخْرُجُوا عَنِّي سَاعَةً، فَإِنَّ أَوَّلَ مَنْ يُصَلِّي عَلَيَّ خَلِيلِي وَجَلِيسِي جِبْرِيلُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، ثُمَّ مِيكَائِيلُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، ثُمَّ إِسْرَافِيلُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، ثُمَّ مَلَكُ الْمَوْتِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَعَ جُنُودِهِ، ثُمَّ الْمَلاَئِكَةُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِمْ بِأَجْمَعِهَا، ثُمَّ ادْخُلُوا عَلَيَّ فَوْجًا فَصَلُّوا عَلَيَّ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا وَلاَ تُؤْذُونِي بِبَاكِيَةٍ أَحْسَبُهُ قَالَ: وَلاَ صَارِخَةٍ وَلاَ رَانَّةٍ، وَلْيَبْدَأْ بِالصَّلاَةِ عَلَيَّ رِجَالُ أَهْلِ بَيْتِي، ثُمَّ أَنْتُمْ بَعْدُ، وَاقْرَءُوا أَنْفُسَكُمْ مِنِّي السَّلاَمَ، وَمَنْ غَابَ مِنْ إِخْوَانِي فَأَبْلِغُوهُ مِنِّي السَّلاَمَ، وَمَنْ دَخَلَ مَعَكُمْ فِي دِينِكُمْ بَعْدِي فَإِنِّي أُشْهِدُكُمْ أَنِّي أَقْرَأُ السَّلاَمَ أَحْسَبُهُ، قَالَ: عَلَيَّ وَعَلَى كُلِّ مَنْ تَابَعَنِي عَلَى دِينِي مِنْ يَوْمِي إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ، قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم فَمَنْ يُدْخِلُكَ قَبْرَكَ مِنَّا؟ قَالَ:

---

[1] ھەيسەمى (14250): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

رِجَالُ أَهْلِ بَيْتِي مَعَ مَلاَئِكَةٍ كَثِيرَةٍ يَرَوْنَكُمْ مِنْ حَيْثُ لاَ تَرَوْنَهُمْ.

2449 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: دوستىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭغا ئاتىمىز ۋە جېنىمىز پىدا بولسۇن!) ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى بىزگە ئۆلۈپ كېتىشتىن ئالتە كۈن بۇرۇن ئۆزى بىلدۈردى. ئايرىلىش يېقىنلىشىۋىدى، بىزنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا توپلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قاراپ ئىككى كۆزىدىن ياش ئېقىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن:

ــ سىلەرگە مەرھابا! الله سىلەرنى ياشاتسۇن، ساقلىسۇن، ياخشى ئورۇن بەرسۇن، ياردەم قىلسۇن، مەرتىۋەڭلەرنى يۇقىرى قىلسۇن، ھىدايەت قىلسۇن، رىزىق بەرسۇن، تەۋپىق بەرسۇن، سالامەت قىلسۇن ۋە قوبۇل قىلسۇن. مەن سىلەرنى اللهقا تەقۋا بولۇشقا ۋەسىيەت قىلىمەن، اللهتىن سىلەرنى تەقۋالىققا مۇيەسسەر قىلىشىنى تىلەيمەن ۋە سىلەرنى اللهقا ئامانەت قويىمەن. مەن سىلەرنى اللهقا تەكەببۇرلۇق قىلىپ، اللهنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ۋە شەھەرلىرىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن. چۈنكى الله ماڭا ۋە سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾[1]. ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قىيامەت كۈنى اللهقا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يۈزلىرىنى قاپقارا كۆرىسەن، جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەرگە ئورۇن يوقمۇ؟﴾[2]

ئەجەل يېقىنلاشتى، اللهنىڭ دەرگاھىغا، سىدرەتۇلمۇنتەھاغا، نازۇ نېمەتلىك جەننەتكە، ئىچىملىكلەر تولۇپ تاشقان ماكانغا، ئۈستۈنكى ئالەمگە يۆتكىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن، ـ دېدى. بىز:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئۇنداقتا سېنى كىم يۇيىدۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] سۈرە قەسەس، 83 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر، 60 ـ ئايەت.

ـ ئائىلەمنىڭ ئەرلىرىدىن ماڭا ئەڭ يېقىنلىرى، ـ دېدى. بىز:

ـــ سېنى نېمىدە كېپەنلەيمىز؟ ـ دەپ سورىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر خالىساڭلار، مېنىڭ بۇ كىيىمىم بىلەن ياكى يەمەن تونى بىلەن ۋە ياكى مۇزەر دېگەن يەرنىڭ ئاق رەختى بىلەن كېپەنلەڭلار، ـ دېدى.

ـــ نامىزىڭنى كىم (ئىمام بولۇپ) چۈشۈرىدۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق ۋە يىغلاپ كەتتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ يىغلاپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى:

ـــ توختاڭلار! اللە سىلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن ۋە پەيغەمبىرىڭلاردىن سىلەرگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن. سىلەر مېنى يۇيۇپ، بۇ ھۇجرىدىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ، بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭلار. چۈنكى مېنىڭ نامىزىمنى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇيدىغىنى مېنىڭ سىرداش دوستۇم ۋە سۆھبەتدىشىم جىبرىئىلدۇر. ئاندىن كېيىن مىكائىل، ئاندىن كېيىن ئىسرافىل، ئاندىن كېيىن ئەزرائىل (ھەمراھلىرى بىلەن)، ئاندىن كېيىن قالغان پەرىشتىلەر كېلىپ، نامىزىمنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن، سىلەر گۇرۇھ ـ گۇرۇھ ھالدا كىرىپ نامىزىمنى ئوقۇڭلار ۋە ماڭا سالام بېرىڭلار. ئاياللار ماڭا ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئازار بەرمىسۇن. قوشاق قېتىپ يىغا ـ زار قىلغان ئاياللارنى يېقىنلاشتۇرماڭلار. نامازنى ئائىلەمنىڭ ئەرلىرى باشلىسۇن، ئاندىن كېيىن سىلەر ئوقۇڭلار. مەندىن سىلەرگە سالاملار بولسۇن، بۇ يەرگە كېلەلمىگەن بۇرادەرلىرىمگىمۇ سالىمىمنى يەتكۈزۈڭلار. مەندىن كېيىن بۇ دىنغا كىرگەنلەرگىمۇ سالىمىمنى يەتكۈزۈڭلار. سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلاركى، بۈگۈندىن تارتىپ تاكى قىيامەتكىچە ماڭا ئەگىشىپ بۇ دىنغا كىرگەنلەرگە سالام يوللايمەن. بىز:

ـــ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! سېنى قەبرەڭگە كىم قويىدۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئائىلەمنىڭ ئەرلىرى نۇرغۇنلىغان پەرىشتىلەر بىلەن بىللە قويىدۇ. ئۇلار سىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمما سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، ـ دېدى[1].

(بەززار: 847؛ «ئەلئەۋسەت»)

2450 - عن عائشة قالت ما مات رسول الله صلى الله عليه وسلم إلا مـن ذات الجنب.

2450 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا كېسەلدىن ئەمەس، بەلكى ئۆپكە ياللۇغى كېسىلىدىن ۋاپات بولدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ مەۋسىلى)

2451 - عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ أُبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بَعْدَ وَفَاةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِعُمَرَ انْطَلِقْ بِنا إِلى أُم أيمن نَزُورُهَا كَمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَزُورُهَا فَلَما انْتَهَيْنا إِلَيْهَا بَكَتْ فَقَالَا لَهَا مَا يُبْكِيكِ مَا عِنْدَ اللهِ خَيْرٌ لِرَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ مَا أُبْكِي أَنْ لَا أَكُونَ أَعْلَمُ أَن مَا عِنْدَ اللهِ خَيْرٌ لِرَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَكِنْ أُبكِي أَن الْوَحْيَ قَدْ انْقَطَعَ مِنْ السمَاءِ فَهَيجَتْهُمَا عَلَى الْبُكَاءِ فَجَعَلَا يَبْكِيَانِ مَعَهَا.

2451 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ماڭ، ئۇممۇ ئەيمەننى يوقلاپ كېلەيلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇ ئايالنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى، ـ دېدى. بىز ئۇممۇ ئەيمەننىڭ قېشىغا كېلىۋىدۇق، ئۇ ئايال يىغلاپ كەتتى. ئۇ

[1] ھەيسەمى (14251): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى سەمۇرە ئەھمەستىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر. تەبەرانىمۇ مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14259): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭغا ھەرخىل باھالار بېرىلگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئىككىسى ئۇمۇ ئەيمەنگە:

ـ نېمىشقا يىغلايسەن؟ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر ياخشىغۇ؟ ـ دېدى، ئۇ ئايال:

ــــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەرنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەي يىغلىغىنىم يوق. مەن ئاسمان تەرەپتىن كېلىدىغان ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا يىغلاۋاتىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسىمۇ بىرگە يىغلاپ كەتتى.

(مۇسلىم: 2454)

## مۇندەرىجە


**ھەدىسلەر توپلىمى ........................................ 1**

بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە ............................................................................ 3

مەسجىدلەر........................................................................ 9

نامازنىڭ شەرتلىرى: قىبلىگە يۈزلىنىش، تاھارەت ۋە سەترى ئەۋرەت ..... 53

نامازنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى ۋە ئەركانلىرى ........................... 79

بەش ۋاقىت نامازدا قىرائەت ............................................ 97

دۇئايى قۇنۇت، رۇكۇ ۋە سەجدە ........................................ 137

نامازدا ئولتۇرۇش، تەشەھھۇد ۋە سالام ............................ 163

نامازدا قىلىش چەكلەنگەن ۋە جائىز بولغان ئىشلار.............. 187

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش، مەسجىدلەرگە بېرىش ۋە ناماز ۋاقتىغا ئىنتىزار بولۇشنىڭ پەزىلەتلىرى...................................... 225

جامائەت نامىزى، ئىمام ۋە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمى ... 241

سەپ تۈزۈشنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىڭ شەرتلىرى............................................................................ 271

سەھۋەنلىك، تىلاۋەت ۋە شۈكۈر سەجدىلىرى توغرىسىدا............... 289

جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ ئۆزرىسىز كىشىلەرگە پەرزلىكى، جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىش ۋە ئۇندىن باشقا پائالىيەتلەرنىڭ بايانى ..... 319

جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى، ئەزىنى، خۇتبىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ................................................................................ 339

مۇساپىر نامىزى ۋە نامازنى جەمئى قىلىش (يەنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش)369

خەۋپ نامىزى........................................................................ 387

ئىككى ھېيت نامىزى ............................................................ 405

كۈن تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز........................................ 427

سۇ تىلەش نامىزى ................................................................ 441

سۈننەت نامازلار ................................................................. 453

بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى ........................................ 459

پېشىن ۋە ئەسىرنىڭ سۈننىتى ..................................................... 471
شام، خۇپتەن ۋە جۈمەنىڭ سۈننىتى ................................................... 483
ۋىتىر ۋە چاشگاھ نامىزى........................................................................ 491
مەسجىد ھەققى، ئىستىخارە، ھاجەت، تەسبىھ، رەغائىب، ئۆيگە كىرىش ۋە
سەپەردىن قايتىش نامازلىرى.............................................................. 513
تەھەججۇد نامىزى ............................................................................. 523
رامىزان كېچىلىرى (نامازغا) تۇرۇش، تەراۋى ئوقۇش ۋە باشقا مەسىلىلەر545
**جىنازا بۆلۈمى ............................................. 561**
كېسەل، مۇسىبەت، كىچىك بالىلارنىڭ ئۆلۈمى، ۋابا كېسىلى ۋە بۇلارغا
ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەر........................................................................ 561
مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش ۋە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش.................................... 587
كېسەل يوقلاش ........................................................................................ 601
ئۆلۈمنىڭ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋاللىرى ........................................... 611
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسەل بولۇشى، ۋاپات
تېپىشى، يۇيۇلۇشى، كېپەنلىنىشى ۋە دەپنە قىلىنىشى.............................. 625